
# ئىسكەندەرنامە

(2)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## ئىككىنچى جىلد

قىرىق ئالتىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق باتۇرلارنىڭ بەدەخشانغا ئەلچىلىككە ماڭغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەفتە دەربەندكە يېتىپ كەلگەنلىكى ........................ 461
قىرىق يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ مۇھەممەد شىرزادقا ياردەم بەرگىلى كەلگەنلىكى، ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ ئادىلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ............ 470
قىرىق سەككىزىنچى قىسسە، رۇستەم بىلەن ئىسفەندىيارنىڭ ساھىبقىران بىلەن يەتتىنچى تاغ ئېغىزىدا جەڭ قىلغانلىقى، مۇھەممەد شىرزادنىڭ باتۇرلار بىلەن كەلگەنلىكى ...... 483
قىرىق توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەرجانە جادۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، مەرجان شاھنىڭ ئىسكەندەر ساھىبقىراندىن شىكەست تاپقانلىقى ........................................ 497
ئەللىكىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ تەكاۋەندىگە بېرىپ خىسرەۋخان تەكاۋەندى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ........ 520
ئەللىك بىرىنچى قىسسە، ساھىبقىران — ئىسكەندەرنىڭ بەلخ تەرەپكە ماڭغانلىقى .................................. 535
ئەللىك ئىككىنچى قىسسە، گۇلدۇرماما جادۇنىڭ جادۇگەرلىك قىلغانلىقى، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ پاراكەندە بولغانلىقى، ئابدۇلھېمىدنىڭ سەبۇكتېگىننىڭ قىزى شەھربانۇنىڭ بېغىغا بارغانلىقى.................................. 546

ئەللىك ئۈچىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ سەبۇكتېگىننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قوراللىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ............................ 556
ئەللىك تۆتىنچى قىسسە، شەھرىبانۇنىڭ مەرجان ئەييارنى ئابدۇلھېمىدنى ئوغرىلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى، مەرجان ئەييارنىڭ ئابدۇلھېمىدنى ئوغرىلاپ، شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى ............................ 563
ئەللىك بەشىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ قىزى سەكىنە بانۇنىڭ شەھىرى تەبرىزدىن بەلخ مەملىكىتى تەرەپكە ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ............................ 568
ئەللىك ئالتىنچى قىسسە، مەرجان ئەييارنىڭ ئازغۇنلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئابدۇلھېمىدنى ئوغرىلاپ شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ بارغانلىقى ............................ 580
ئەللىك يەتتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇپ شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ بارغانلىقى ............................ 585
ئەللىك سەككىزىنچى قىسسە، يېشىل تونلۇق نىقابدار بىلەن تەھماسەبنىڭ مەيداندا كېلىشكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ سەبۇكتېگىن بىلەن سۈلھى قىلىشقانلىقى............ 593

## ئۈچىنچى جىلد

ئەللىك توققۇزىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزادنىڭ سەلسالخان شەھىرى تەرەپكە ئەلچىلىككە بارغانلىقى ھەم سەلسالخاننىڭ قېشىغا بارغانلىقى ............................ 598
ئاتمىشىنچى قىسسە، فەرىدۇن سانىنىڭ تاجىكەند شەھىرىدە ئەفراسىياب بىلەن جەڭ قىلىپ زەخمدار بولغانلىقى ... 618
ئاتمىش بىرىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ دەمامە

جادۇنىڭ سېھرى بىلەن كور بولغانلىقى ............... 624
ئاتمىش ئىككىنچى قىسسە، ئابدۇلھېمىدنىڭ مەھراب شاھنىڭ
قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، مەھراب شاھنىڭ ئابدۇلھېمىدنى
زالىم سەلسالخانغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ................ 629
ئاتمىش ئۈچىنچى قىسسە، مۆھتەر نەسىمنىڭ شەمامەنىڭ يۈرەك
ۋە جىگىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ۋە باشقا پالۋان-
لارنىڭ كۆزىگە سۈرتۈپ، كۆزىنى روشەن قىلغانلىقى... 641
ئاتمىش تۆتىنچى قىسسە، تەمغاچخان بىن سەلسالخاننىڭ
مەيداندارلىق قىلىپ فەرىدۇن ساننىڭ قولىدا ئېتىقادىنى
توغرىلىغانلىقى ................................ 652
ئاتمىش بەشىنچى قىسسە، مۆھتەر نەسىمنىڭ ئەفراسىياب غارىغا
بېرىپ ئېلىسىنىڭ ساندۇقىغا كىرىپ قالغانلىقى ...... 655
ئاتمىش ئالتىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەھلى
سەلسال شەھىرىگە كەلگەنلىكى، پىيادىنىڭ مەيداندا مەيداندارلىق
قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ......................... 665
ئاتمىش يەتتىنچى قىسسە، يەزەكنىڭ نىجات تاپقانلىقى،
شەمسىيەنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ................. 684
ئاتمىش سەككىزىنچى قىسسە، سەلسالخاننىڭ كۆھقاپقا بېرىپ
ھەزار داستاننى ئېلىپ كەلگەنلىكى، ھەزار داستاننىڭ
ئىسكەندەرنى بەنتكە تارتىپ، ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە
قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ تەختىدە ئولتۇرغانلىقى ......... 393
ئاتمىش توققۇزىنچى قىسسە، زەرىنتەن دىۋىنىڭ ئابدۇلھېمىدنى
خەلخالنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئابدۇلھېمىدنىڭ گۈلرىز
تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........... 719
يەتمىشىنچى قىسسە، يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ئىسكەندەرنىڭ
قەزاۋۇ قەدەر باياۋانىدىن ئۆتۈپ، سىپاھ ۋە لەشكەرلىرى
بىلەن ھىندىستان مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى، دەمامە
جادۇنىڭ شاگىرتى ئەرقەمە جادۇنىڭ ئۇلارنىڭ يولىغا تىلسىم

باغلىغانلىقى ........................................ 747
يەتمىش بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەرىدۇننىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرغانلىقى، مۇھەممەد شىرزادنىڭ پەرزەنتىنىڭ قىزى مىھرىنزاتقا ئاشىق بولغانلىقى...... ........................................ 763
يەتمىش ئىككىنچى قىسسە، ئەيانان دىۋىنىڭ فەرىدۇننى تاغقا ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئەمىرخاننىڭ مۇھەممەد شىرزاد بىلەن تېپىشقانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر.............. 778
يەتمىش ئۈچىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ سەرەنداب مەملىكىتىگە بارغانلىقى، سەرەندابتا ئەيانانىنىڭ مەيداندارلىق قىلغانلىقى ........................................ 789
يەتمىش تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھلىرىغا بارغانلىقى ... 802
يەتمىش بەشىنچى قىسسە، تۇرنىڭ بارگاھتىن چىقىپ سۇلتان كۆھىنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى ................ 808
يەتمىش ئالتىنچى قىسسە، مەشكىن شىكەرلەب ئەييارنىڭ مۇھتەر نەسىم ئەييار بىلەن ئەييارلىق قىلىشقانلىقى ... 814
يەتمىش يەتتىنچى قىسسە، مەشكىن شىكەرلەبنىڭ ئاتەش ئەفرۇز بىلەن ئېلىشقانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ھەرراس دىۋىنىڭ غارىغا بېرىپ دىلاۋەر ۋە جاۋاھىرلارنى قۇتقۇزۇپ كەلگەنلىكى، مەشكىن شىكەرلەب بىلەن شەبرەڭنىڭ قاچقانلىقى ................ 830
يەتمىش سەككىزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ مەشكىن شىكەرلەبنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىزى فىتنەنىڭ نەسىمنى قۇتقۇزغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................ 832
يەتمىش توققۇزىنچى قىسسە، ئەجۇزەھ سېھىرگەرنىڭ بەھزاد دىۋىزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، جەزابەر ئادىنىڭ سۇلتان كۆھقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن سۇلتان كۆھىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................................ 867

سەكسىنىنچى قىسسە، يېشىل كىيىملىك نىقابدار بىلەن فەرۇز-
نىڭ سۇدىن چىقىپ، ئۇنىڭ نام نەسەبىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقى،
ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانلىقى ......... 886
سەكسەن بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەرۇزنىڭ مۇقاتەس
جىلغىسىغا بارغانلىقى، پىللىق تەلۋەزادىنىڭ مەيداندارلىق
قىلغانلىقى، نەۋفىل قاتارلىق پالۋانلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدا
زەخمدار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر............ 896
سەكسەن ئىككىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تاغ يولى مۇقاتەس
جىلغىسىغا يېتىپ بېرىپ، گەرشاسەبىنىڭ ئالتۇن ماللىرىنى
قولغا كەلتۈرگەنلىكى ............................ 920
سەكسەن ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان ئەسفەرلەئىلەخەفتاننىڭ
ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ............................ 924
سەكسەن تۆتىنچى قىسسە، سۇلتان ئەسفەرلەئىلەخەفتاننىڭ
نەزەرگەردە بولغانلىقى ............................ 926
سەكسەن بەشىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ كېمىدە
ئولتۇرغانلىقى، نەسىمنىڭ كېمىگە كىرمىگەنلىكى، ئەمىرنىڭ
ئۇنى ھىيلە بىلەن كېمىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى، كېمىنىڭ قاينام
گىرداپقا كىرىپ قالغانلىقى.................. 929
سەكسەن ئالتىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ سۇدىن چىقىپ
قەھرۇشنى تاياق بىلەن ئۇرغانلىقى، ئاندىن كېيىن ئاشكارا
بولغانلىقى .................................... 938
سەكسەن يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ بەلاش
شەھىرىگە كەلگەنلىكى .......................... 945
سەكسەن سەككىزىنچى قىسسە، فەرھەڭنىڭ دەريادىن
چىققانلىقى، سەھل زەنگىنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ سەھلنى ئۆز
ئېتىقادىغا بويسۇندۇرغانلىقى، ئۇ يەردىن شەھرى ئەندۇلۇسقا
بېرىپ، لەئىلان شاھنىڭ قىزى سەرۇنازبانۇغا ئاشىق بولغانلىقى
ۋە تىلسىمات بىنەپشەگە بارغانلىقى .............. 965

سەكسەن توققۇزىنچى قىسسە، نەۋزەر ھارامزادىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى، قارا كىيىملىك نىقابدارنىڭ يۈز مىڭ كىشى بىلەن كەلگەنلىكى، ئىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ فەرھەڭ ئىكەنلىكىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى ............................................ 990
ئىزاھاتلار ............. ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق 1010

# 2 ـ جىلد

جلد ۲

## قىرىق ئالتىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق باتۇرلارنىڭ بەدەخشانغا ئەلچىلىككە ماڭغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەفتە دەربەند [1] كە يېتىپ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئىككىنچى جىلدنىڭ دانىشمەن ساھىبىنىڭ رىۋايىتىدىن مەلۇم بولسۇنكى، شۇ چاغدا سۇلتان ساھىبقىران ئىسكەندەر بىن داراب بىن بەھمەن بىن ئىسفەندىيار بىن كەشتاسەب بىن لىھراسىب بىن ئەۋرەند شاھ بىن كەيكاۋۇس بىن كەيقىباد بىن ھوۋشەڭ[80] بىن ھوشەڭ بىن تەھماسەب بىن فەرىدۇن بىن جەمشىد بىن زابىل، بابىل ۋە سەقلاپنىڭ ئەمىرلىكىدىن قۇتۇلۇپ نەۋفىلگە:

— ياخشى سائەتتە شاھانە تەختنى بەداخشان تەرەپكە يۆتكەپ ماڭسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ تۆگىگە شاھانە بارگاھنى يۈكلەپ ئون ئىككى مىڭ نەيزىۋاز ئەرەب بىلەن يولغا چىقتى. ئەتىسى ساھىبقىران ئاتقا مىنىپ ئابدۇلھېمىد ۋە باتۇلار بىلەن زابىل ۋە باشقا دۆلەتلەرگە قاراپ راۋان بولدى.

نەۋفىل تۆت مەنزىلنى مېڭىپ چېدىر ۋە بارگاھنى تىكىپ چۈشكىن قىلدى. لەشكەرلەر ھەر كۈنى ئارقا - ئارقىدىن

---

ھەفتە دەربەند — 1) يەتتە (خەتەرلىك) تاغ ئېغىزى. 2) تاغدىن ئۆتىدىغان يولنىڭ كىرىش ئېغىزى. 3) تاقاق، جىلغا، تۇساق.

كېلىپ، چۈشكۈن قىلىپ، ئۆز چېدىرىدا ئارام ئالدى. تۆتىنچى كۈنى‌جاھاننىڭ پاناھى يېتىپ كېلىپ بارگاھى جەمشىددە ئارام ئالدى. ئىككى كۈن ئۇ يەردە تۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى زامانىنىڭ ھېكىمىگە:

— مەرجان شاھقا ئەۋەتىش ئۈچۈن نامە پۈتسۇنكى: «ھەر ۋاقىت تۈيۈق يولدىن قايتىپ، ئېتىقادىنى توغرا قىلسا ناھايىتى ئوبدان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سېنى يەر بىلەن يەكسان.» دەپ بۇيرۇپ نامە پۈتتۈردى. ئاندىن كېيىن نامىغا مۆھۈرىنى بېسىپ ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بىر باتۇرنىڭ مەرجان شاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن قورقمايدىغان، بۇ نامىنى مەرجان شاھقا يەتكۈزۈپ جاۋاپ ئېلىپ كېلىشىنى خالايمەن، — دېگەن ئىدى، شۇ زامان نەۋرىسى تاغلىق مۇھەممەد شىرزاد ئورنىدىن تۇرۇپ قەددىنى رۇسلاپ:

— پەرماندارمەن. ئەگەر، ئەمر ئالى بولسا بۇ خىزمەتنى مەن بىجا كەلتۈرسەم، — دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي باتۇر، ئۆزەڭگە ئاگاھ بولغىن، ئاڭلىشىمچە بەداخشانغىچە بولغان يول ئارىلىقىدا يەتتە تاغ ئېغىزى بارمىش، ئاۋۋالقى تاغ ئېغىزىدا بىر كۆۋرۈك بارمىش ئەگەر ئۇن كىشى ئۇ تەرەپتە تۇرۇۋالسا پادىشاھلارنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتەلمەيمىش، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— شەھريار، «ھەر قانچە زور ئىت بولسىمۇ شىرغا باراۋەر بولالماس» شۇ تاپتا مەن سىزنىڭ بەخت ئىقبالىڭىز ئۈچۈن بارىمەن. ئىشنىڭ ئاقىبىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئەرز قىلغان ئىدى، ئىسكەندەر:

— مەن بىر ئەييارنىڭ، مەرجان شاھنىڭ ئالىمىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئاسمىنىغا ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ، تاشلىسا ئۇنىڭغا ئون ئىككى تۈمەن ئالتۇن بېرىمەن، — دېگەن ئىدى، مۇھتەر

نەسىم:
— ھەمىشە ئاسان پايدىنى سول قول تەرەپتىكىلەر ئالىدۇ، مۇھەممەد شىرزاد ئىسكەندەرنىڭ سول قول تەرەپتىكى باتۇرلاردىن ئىدى. بەرق فەرەڭى بارسۇن، ئەگەر ئىنئام كۆپ بولغان بولسا مەن بارغان بولاتتىم، — دېدى. بەرق فەرەڭى ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي ئەدەپلىك رەئىس، مەنمۇ سەندىن كەم ئەمەس، مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن، — دېدى. ساھىبقىران بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— ئون ئىككى مىڭ تۇمەن ئالتۇننى بەرقنىڭ نامىدا بېرىمەن. بىر تىل خەت يېزىڭلار، — دەپ ئەمر قىلدى.
يەنە:
— بۇ سەپەردە بىر باتۇر پەرزەندىم مۇھەممەتكە ھەمراھ بولۇپ بارسۇن، — دېگەن ئىدى، فەرەڭ دىۋزاد جايىدىن قوزغىلىپ:
— شەھرىيار، بۇ خىزمەتنى قۇللارچە بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى.
ئىسكەندەر:
— يەنە بىر باتۇر فەرھەڭگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن بىرگە بارسۇن، — دېگەن ئىدى، ھەرزۇم نەۋجەۋان ئورنىدىن تۇرۇپ:
— بۇ خىزمەتنى مەن بىجا كەلتۈرسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.
ساھىبقىران ھەرزۇمغا ئاپىرىن ئوقۇدى. بەرق فەرەڭى تاشقىرى چىقىپ سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ساھىبقىران ئۇلارغا چېدىر، جاۋاھىر قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەۋەتتى. مۇھەممەد شىرزاد جاھان شاھنىڭ بارگاھىغا كىرىپ دۇئا تەلەپ قىلغان ئىدى، ساھىبقىران:
— سىزگە ئاسايىشلىق ھەمراھ بولسۇن، سىزنى تەڭرىمگە

تاپشۇردۇم، ــ دېدى. ئون تۆت ئەيیار بەرقنىڭ شاگىرتى ئىدى. بەرق ئۇلارنى كەينىگە سېلىپ تاشقىرى چىقتى. ئۇلار كېچىنى دالىدا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مۇھەممەد شىرزاد ئاتقا مىنىپ باتۇرلار بىلەن يولغا چىقتى. مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ بەدەخشاننىڭ تاغ ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغا كەلدى. بۇ چاغدا مەرجان شاھقا ئىسكەندەر تەرەپنىڭ خەۋىرى يەتتى. مەرخان شاھنىڭ ئەتارۇد ئىسىملىك ۋەزىرى بار ئىدى، ئۇنى چاقىرىپ:

ــ ئىسكەندەر ئەلچىسىنى دەرگاھىمىزغا ئەۋەتىپتۇ، ئەرزى نېمىكىن؟ ــ دېگەن ئىدى، ئەتارۇد ۋەرىز:

ــ ئۇ كېلىشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەلچى ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىدىندۇر. ئۇلۇغلۇق قۇرالى بىلەن ئەھۋال بىلگىلى كەلگەندۇر. يەتتە باتۇرنى يەتتە تاغ ئېغىزىنى ساقلاشقا بۇيرۇڭ، ئۇلاردىن خەۋەردار بولسۇن ئوبدان مەسلىھەتلىشىڭ، سەركەردىلەرنىڭ ھەر بىرسى مىڭدىن ئەيیارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىپ تاغ ئېغىزلىرىنى ساقلىسۇن. تۆت جىننى بۇيرۇڭ، ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلسۇن. ئەگەر ئىسكەندەر پەرمانىڭىزنى تۇتسا تولا ئوبدان، ئەگەر پەرمانىڭىزنى تۇتمىسا، غەزەپ ئوتى بىلەن كۆيدۇرۇڭ، ــ دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:

ــ قەتران زەنگى، چۇمۇلىدەك تۆت مىڭ زەنگى لەشكىرى بىلەن بىرىنچى تاغ ئېغىزىنى ساقلىسۇن، كۆۋرۈكنىڭ بېشىنى ئەلبەتتە ئوبدان مۇھاپىزەت قىلسۇن. يەنە قەتران بۇخاريي تۆت مىڭ زەنگى بىلەن ئىككىنچى تاغ ئېغىزىنى ساقلىسۇن. جەمشىد تۆمۈرچى ۋە ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق باتۇر بەدەخشانى ئۈچىنچى تاغ ئېغىزىنى ساقلىسۇن، ــ دەپ بۇيرۇدى. ھەر بىر تاغ ئېغىزىغا بىر سەردارنى تەيىنلىدى. ئەفراسىياب ۋە رۇستەم قاتارلىقلار تاغ ئېغىزىدىن قايتىپ كەتكەن ئىدى. يەنە يەتتە سەردار ئەھرەمەن ، مەرخ، بەھرام، كەيۋان ۋە تۇرخان سەمەرقەندى

قاتارلىقلارنى ھەر بىرىنى ئون مىڭدىن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر بىلەن يەتتىنچى تاغ ئېغىزىغا ئەۋەتتى.

ئەگەر سەردارلار ئاجىزلىق قىلىپ يېڭىلىپ قالسا بۇلارغا ياردەمدە بولماقچى بولدى. بۇلار ئايرىم - ئايرىم لەشكەرلىرى بىلەن راۋان بولدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھەممەد شىرزاد بىرىنچى تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەن ئىدى، ئەييارلار:

— قوشۇنلار تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپتۇ، جەڭ قىلىشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى مەرجانشاھقا يەتكۈزدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەگەر بۇ يەردە لەشكەر بولمىغان بولسا ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنى شاتىر (يەلتاپان) ئېلىپ بېرىپ، مەرجان شاھتىن جاۋاپنى ئېلىپ قايتساقلا بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن بىز بىر مۇنچە قوشۇن بىلەن بۇ يەرگە كەلدۇق. ئەمدى بۇ تاغ ئېغىزلىرىنى شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئالساق بولغىدەك، — دەپ تاغ ئېغىزىدىكى تۇساققا قاراپ ماڭدى. قەتران بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئالدىنى تۇسىدى. ئۇ قولىغا گۇرزە كىرانىنى ئېلىپ، مۇھەممەد شىرزادنىڭ بېشىغا ئۇردى. مۇھەممەد شىرزاد دۇبۇلغىنى تۇتۇپ بەرگەن ئىدى، قەتران يەنە گۇرزىگە ئۇردى. شىرزاد ھالاكىتىگە تەن بەرمەي قايتۇرۇپ شەمشەر ئۇرغان ئىدى، شەمشەر ئۇمۇدنىڭ ئاستىغا تېگىپ، گۇرزىنىڭ كاللىسى كېسىلىپ، قەترانىڭ ئېتىنىڭ كاللىسىغا تېگىپ، ئاتنىڭ مېڭىسى چوۋۇلدى. قەتران ئات بىلەن تەڭ يىقىلدى. قەتران جايىدىن قوپۇپ مۇھەممەد شىرزاد تەرەپكە يۈگۈردى. مۇھەممەد شىرزاد سالمىنى چىقىرىپ ئەتراپىغا تاشلىدى. قەتران سالمىنى بىلىدىن خەنجەر ئېلىپ چاپتى، سالما پارە - پارە بولۇپ، ئاتنىڭ زورىدىن مۇھەممەد شىرزاد ئاتنىڭ يالىغا چۈشۈپ قالدى. قەتران چاپسانلىق بىلەن ئاتقا مىنگەن

ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد ئاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مەھكەم ئولتۇردى. قەتران مۇھەممەد شىرزادنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، ئىگىز كۆتەرگەن ئىدى شىرزاد قەتراننىڭ قولىغا كۈچ بىلەن ئۇرىۋىدى، قەتراننىڭ قولى سۇندى. مۇھەممەد شىرزاد ئېتىغا مىنىپ، ئاتنى ئۇ يارىماسنىڭ ئېتىغا يەتكۈزۈپ، ئۇ يارىماسنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ ئىگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى. لەشكەرلەر قوزغىلىپ كەتتى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭ قىلدى. قەتران قۇتۇلۇپ قالدى. ھەر بىرى ئۆزىنىڭ ئەلىمى ئاستىغا كەلدى. قەتران مەسلىھەتچى ئەييارنى مەرجان شاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ جەڭنىڭ جەريانىنى مەرجان شاھقا بايان قىلدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى كېچىنىڭ ھامىسىدا ئۆي جابدۇقلىرىنى قويۇپ ئاتقا مىنىپ كۆۋرۈك تەرەپكە راۋان بولدى. بەدەخشاننىڭ لەشكەرلىرى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ كېلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن ئالتە مىڭ كىشى پىيادە بولۇپ ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى تاققا چىقتى. مۇھەممەد شىرزاد ئالتە مىڭ قوشۇن بىلەن ئاتلىنىپ كۆۋرۈك تەرەپكە ماڭدى.

قەتران ساراسىمىگە چۈشتى. مۇھەممەد شىرزاد قەتراننىڭ ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئېقىنغا تاشلىغان ئىدى، زەنگىلەردىن دات ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى. باتۇرلار زەربە بىلەن زەنگىلەرنى ھالاك قىلدى. باتۇرلار ھەر قانداق كىشىنى ئۆلتۈرسە ئەييارلار دەريا ئېقىنىغا تاشلايتتى. كۈن تولۇق چىققىچە يۈز يىگىرمە كىشى كۆۋرۈكتىن (سالامەت) قېچىپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قورال ـ ياراقلارنى ئېلىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. مۇھەممەد شىرزاد مىڭ ئوق ئاتقۇچى

بىلەن كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا، كىشىلەر كۆۋرۈكنى ئىشغال قىلىۋالمىسۇن، — دەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، باتۇرلىرى بىلەن تاغ ئېغىزىدىكى ئىككىنچى تۇساققا قەدەم قويدى. شۇ چاغدا بۇ خەۋەر جەمشىدكە يەتكەن ئىدى، ئۇنىڭغا قاتتىق مالال كېلىپ تاغ ئېغىزىدىكى تۇساقنى مۇستەھكەملىدى.

مۇھەممەد شىرزاد تاغ ئېغىزىدىكى تۇساققا يېتىپ كەلدى.

ئىككىنچى تۇساق تىكەنلىك قورشاۋنىڭ ئىچىدە ئىدى. قارىماققا ئۆتۈش خېلى تەستەك قىلاتتى. شىرزاد ھەرۇم بىلەن فەرھەتكە قاراپ:

— ھەر بىرىڭلار تۆت مىڭ كىشىنى باشلاپ تاغ باغرىغا بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىڭلار، — دېگەن ئىدى، ئۇلار تاغقا قاراپ ئاتلاندى. تاغنىڭ باغرىدا قاتتىق جەڭ بولدى. ھەرۇم نەۋجەۋان ئۆزىنى لەشكەر دېڭىزىغا ئاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن فەرھەڭ باتۇر تىغنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى لەشكەرلەرگە ئۇردى. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى چۇمۇلىلەر توپىدەك بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. جەمشىد شىرزادنىڭ ئالدىنى توسىدى. مۇھەممەد شىرزاد ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ تۇۋرۈكى ئىدى. ئۇ جەمشىد تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ، بىر - بىرىگە روبرو بولدى. ئاپتاپ تەلئەتلىك كۈندۈز، كېچىدەك قاراڭغۇلاشتى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئىككى تەرەپ باتۇرلىرى تىركەشتى، ئەمما ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى جەمشىدنىڭ لەشكەرلىرىنى جايىدىن قوزغىۋېتىشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. قايتىش ناغرىسى چېلىندى. ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن قولىنى يىغدى. مۇھەممەد شىرزاد ئۆز چېدىرىغا داخىل بولدى. بۇ چاغدا بەرق فەرەڭى مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي سەردار، ئۆزەڭنى ۋە مېنى بۇ بىكارچىلارنىڭ ئارىسىدا ئاۋارە قىلمىغىن. ئۆزەڭنىڭ ئابرويىنى

چۈشۈرۈۋالسەن، سەن مەندەك قىلىشنى خالىساڭلا پادىشاھنىڭ
ئالدىدا ئولتۇرالايسەن، ئون ئىككى ئاتلىقنى قولۇڭدا تۇتۇپسەن،
لېكىن ھەرۋەم نەۋجەۋان، فەرھەڭدەك باتۇرلار بىلەن بۇ
تىكەنلىك قورغاننى ئالالمايسەن، مەن تاڭلا ئوڭ تەرەپكە قانداق
جاۋاپ ئېيتىمەن، — دېدى مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەي بەرق، سەن سول قولنىڭ شەمشىرى ئوڭ قولنىڭ
شەمشىرىدىن بەلەن ئىكەنلىكىنى بىلىسەن، ھەر قانداق جايدا
ئىشنى شەمشەر بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، بىرەر
چارە تەدبىر بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېگەن ئىدى
بەرق:

— تاڭلا بۇ تاغدىكى تۇساقتىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى توساققا
يېتىپ بارىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش لازىمدۇر، —
دېگەن ئىدى مۇھەممەد شىرزاد كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۈچىنچى توساقنىمۇ ئىسكەندەرنىڭ بەخت ئىقبالى
بىلەن ئالغىلى بولۇر، — دېدى. بەرق فەرەڭى تاشقىرى چىقىپ
ئون تۆت ئەييارنى ئېلىپ تاغدىكى بىرىنچى تۇساققا ئېرىپ يەتتە
ئەييارنى ئوڭ تەرەپكە، يەتتە ئەييارنى سول تەرەپكە ئەۋەتىپ،
ئۆزى تاغ ئېغىزى تەرەپكە ماڭماقچى بولۇپ:

— ئۇ يەردىكى قۇرۇق ياغاخ، دەرەخ، قۇرۇق ئوت -
چۆپلەرگە ئوت يېقىۋېتىپ ئاندىن تاغدىن چۈشۈڭلار، — دېدى.
ئۇلار ئىككى تەرەپتىن يۇقىرى چىقىپ ئوتۇن ياغاچلارغا ئوت
ياقتى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر لەشكەرلىرى تەرەپتىن قاتتىق شامال
چىقتى ئوت ئۈچقۇنلىرى ھەممە تەرەپكە تۇتۇشۇپ يالقۇنلاپ ئەۋج
ئالدى. بۇنىڭدىن جەمشىد خەۋەردار بولۇپ جايىدىن
قوزغالماقچى بولغان ئىدى، تۆت تەرەپتىكى ئوت توختىماقتا يوق
شامالدا تېخىمۇ ئۆلغايدى. جەمشىد ئاتقا مىنىپ ئوتقا قاراپ

چاپتۇردى. ئاتنىڭ بەدىنى ئوتتا كۆيدى. ئەللىك مىڭ پىيادىدىن تۆت يۈز كىشى تىرىك چىقتى. قالغانلىرى دوزاختا كۆيگەندەك كۆيۈپ كەتتى.

ئەتىسى پالۋانلار تىكەنلىك تۇساقتا قاراپ تۇردى. جەمشىد كۆيۈك بىلەن شاپۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. شاپۇر تەشۋىشلىنىپ:

— ئاتلىقلار، ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ ماڭسۇن، — دېگەن ئىدى، بۇنىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنلىرى خەۋەردار بولۇپ ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. ئىككى قوشۇن روبرو كېلىپ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ جەڭ قىلدى. جەڭدە ھەرۇم شاپۇرنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ دۈشمەننىڭ ئىككى قولى بىلەن ئەمرگە شەمشەر ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋارقىراپ ھەيۋە قىلغان ئىدى، شاپۇر ئەمىردىن قول يىغىپ قاچماقچى بولدى. ھەرۇم نەۋجەۋان شاپۇرنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ « يا پىرىم مەدەت» دەپ يەرگە تاشلىدى ۋە دەرھال گۈرزى بىلەن ئۇ ئازغۇننىڭ قولىغا ئۇردى.

يەنە بىر تەرەپتە فەرھەڭ دۈشمەن شىرغا ئوخشاش بەدەخشان لەشكەرلىرىدىن روپا قاتارلىقلارنى ئالدىغا سېلىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەممەد شىرزاد لەشكەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئازغۇنلار لەشكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇساقتىن ئۆتۈپ، مىڭ كىشىنى ئۇ تۇساقتا تۇرغۇزدى. بىر يەل تاپان ئەييارنى ئۈچ تۇساقنى ئالغانلىق توغرىسىدىكى نامە بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئاندىن جەمشىد بىلەن شاپۇرنى ئۈچ مىڭ ئاتلىق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ماڭدۇردى. ئۆزى توققۇز مىڭ كىشى بىلەن تۆتىنچى تۇساققا قاراپ ماڭدى. مۇھەممەد

شىرزاد ئازغۇنلارنى ئۆلتۈرۈپ تۆتىنچى تۇساققا يېتىپ باردى.

بۇ خەۋەر زەنگى قەترانغا يەتكەندە ئۇ تۇساقلارنى مۇستەھكەملىدى. ئەتىسى مۇھەممەد شىرزاد بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. زەنگى قەترانىنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى كېلىپ كۆپ ئۆلتۈرگىچە ئۇرۇشتى. لېكىن غەلىبە نۇسرىتى ھېچقايسى تەرەپتە بولمىدى. كەچ بولغاندا قوشۇنلار ئارامگاھىغا ياندى.

ئەتىسى ئەھرەمەن ئاتقا مىنىپ زەنگى قەترانغا ياردەم بېرىشكە يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنىمۇ ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى كۆپ ئۆلتۈرگىچە تىركىشىپ كەچتە ئۆز ئارامگاھىغا چۈشتى. بىر ھەپتە تاغ ئېغىزىدا شۇ تەرىقىدە جەڭ بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## قىرىق يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ مۇھەممەد شىرزادقا ياردەم بەرگىلى كەلگەنلىكى، ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ ئادى[1] لار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ئىلگىرىكى قىسسىمىزدىن مەلۇمكى، يەلتاپان ئەييار، غەلىبە نامىسىنى ئەسىرلەر بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ساھىبقىران ئارستو بىلەن ئەلۋەس بوۋايغا قاراپ:

---

[1] ئادى — ياۋايى، دۈشمەن، ياۋۇز، تاجاۋۇزچى.

— مەن مۇھەممەد شىرزادنىڭ ھالسىرىغانلىقىنى بىلىمەن، ھازىر توققۇز يۈز مىڭ ئازغۇن تاغ ئېغىزىدىكى تۇساقنى ئىگىلەپ تۇرۇپتۇ، — دېگەن ئىدى، ئارستو بىلەن ئەلۋەس:

— دەرھال بۇ يەردىن كۆچەيلى. ئۇ كۆۋرۈكتە ئۇلۇغ سۇ بار ئۇ يەرگە بېرىپ ئورۇنلىشايلى. ئىككى ئاتلىق باتۇر يىگىرمە مىڭ كىشى بىلەن ئۇلارغا ياردەمگە بارسۇن، — دېدى.

ئىسكەندەر كۆچۈپ كۆۋرۈككە بېرىپ چۈشكۈن قىلىپ ئورۇنلاشتى. ساھىبقىران باتۇرلاردىن بىرىنى بۇيرىغان ئىدى، جەمشىد بىلەن شاپۇرنى ئېلىپ كەلدى. ساھىبقىران، مەرجان شاھنىڭ قوشۇنى بىلەن دەسمايىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىغان ئىدى، جەمشىد:

— ئاۋۋال، تەڭرىتا بارەك ھېكمىتى بىلەن يەتتە پەلەكنى پەيدا قىلىپتۇ. ئاسماننىڭ، تەرتىبى بىلەن بىر فەرسەڭ زېمىن ئۈستىدە قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنى مەۋجۇت ئېتىپتۇ، ئۇلار يورۇقلۇق تارقىتىدۇ ھەر بىر ئاسماندا ئون ئىككى مىڭ يۇلتۇزلارنى پەيدا قىلىپتۇ. ئاسمانلار مۇئەككەلى مەرجان جادۇنىڭ مەشۇقىدۇر. ئۇ مەرجان جادۇ بىلەن ھەر كېچىسى يەتتىنچى پەلەككە بارىدۇ. پەلەكنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايرىپ بېرىدۇ، تۆت جىنى ئۇنىڭ پەرماندارىدۇر. ھەر قانداق كىشىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىسا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتمۇ قارا زەڭگىلەردىن مىڭلىغان لەشكىرى بار. جاۋاھىرلىرىمۇ ھېسابسىز، قەيتاس شاھ بىلەن قەيھاس شاھ ئۇنىڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىندۇر. ئەگەر، خۇداۋەند[1] پەرمان قىلسا ئۇلار ھەممىسى كېلىپ ئالدىنقى كۈنى شىكەستە يىگەن لەشكەرلىرىنى

---

①خۇداۋەند — ئىگە، ھۆمۈمران، ھاكىم، ئىگىلىك قىلغۇچى خوجايىن.

تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئون ئىككى مىڭ سەردار، ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، مەرجان شاھتىن مىڭ ھەسسە قۇدرەتلىكتۇر. ئۇلارنىڭ قۇراللىنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بەس.

ئىسكەندەر دەرھال سەئىدان دىۋىزاد بىلەن سام جەندەپۇش جىن كىيىمى كىيگەن سامنى، ئەلۋەس بىلەن ئوغلى ئىسھاقنى ئوتتۇزمىڭ ئاتلىق بىلەن مۇھەممەد شىرزادقا ياردەمگە ئەۋەتتى.

ئۇ تەرەپتە مۇھەممەد شىرزاد ئۇ بى ئەۋلىيانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن يەتتە كۈن جەڭ قىلدى. سەككىزىنچى كۈنى مەيدان ئاجايىپ قىزىپ كەتتى. ئەفراسىياب بەدەخشانى ئەللىك مىڭ لەشكىرى بىلەن كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە ئوق ياغدۇردى. ئارىلىق بەك يېقىن بولغاچقا ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە شىكەستە يېتىپ پاراكەندە بولۇپ كەتتى. سام جەندەپۇش، سەئىدان، ئىسھاقلار يېتىپ كېلىپ قوشۇننىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغاندا تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن قايتتى. ئەمما مۇھەممەد شىرزاد ناھايىتى تىت - تىت بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا كەھەڭ كەلدى. بەرق فەرەڭى مۇھەممەد شىرزادنىڭ دىلغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي پەھلىۋان، ئۇلار جەمئىي ئون سەككىز يۈز مىڭ ئازغۇن ئىكەن، سەن مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى زەربە يېدىڭ، لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى شېھىت بولدى، يەنە ياردەمگە لەشكەر كەلمىسە ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىمىز، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە، ئەفراسىياب بەدەخشانى مەرجان شاھنىڭ ئاتىسىنىڭ سىڭلىسىنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ، بەلاشۇرنى ئودا ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن مەرجان شاھنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، زەڭگىلەرنىڭ دەشتىگە قەيھاس بىلەن قەيتاسنى قوشۇن

بىلەن يېتىپ كەلسۇنكى، مەن بۇنداق باتۇرلار (ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنى دېمەكچى) نى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن بۇگۈن كۆردۈم بۇلارنىڭ جاراسىنى پەقەت قەيتاس بىلەن قەيھاسلا بېرەلەيدۇ، — دېگەن ئىدى، بۇ خەۋەر مەرجان شاھقا يەتتى. بۇ چاغدا مەرجان شاھ بەلاشۇر ئەييارنى زەنگىلەرنىڭ دەشتىگە ماڭدۇردى. ئۇ يەردە ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.

ئەفراسىياب جەندەپۇش ناھايىتى ئازابلىنىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا يېتىپ كەلدى. كەركىدانلىق ئادىلارنى پىيادە قىلغۇچى سام يۇنانى خېچىرىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەيزە بىلەن ئەفراسىيابنىڭ نەيزىسىگە ئۇردى. ئۇ يارىماسمۇ سامنىڭ نەيزىسىگە نەيزە ئۇرۇپ، مەردانلىق بىلەن سوغىسىنى بەردى. سام، ئەفراسىيابنىڭ باتۇرلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چارىسىنى نەيزە بىلەن قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، قولىغا گۇرزەكىرانىنى ئېلىپ ئەفراسىيابنىڭ قېشىغا باردى. ئۇنىڭ يوغان ئۇمۇدى ئەفراسىيابنىڭ دۇبۇلغۇسىنىڭ قۇببىسىغا شۇنداق تەككەن ئىدى، ئەفراسىيابنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. ئەفراسىيابنىڭ ئېتى ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىۋالدى. ئەفراسىياب باشقا ئاتقا مىنىپ سامغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. ئۇ شىر ئۈۋلىغۇچى ھەم ئەفراسىيابقا قارىمۇ قارشى تۇردى. شۇ تاپتا رۇستەم بەدەخشانى (بەدەخشان باتۇرى) ئەفراسىيابنىڭ ئۇدۇلىدا پەيدا بولۇپ قوشۇن بىلەن ئۆزىنى ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە ئۇردى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى ھەم مەيدانغا باستۇرۇپ كېلىپ، چاپ - چاپقا چۈشتى.

قىسسە، ئۇ كۈنى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى كۈن ئولتۇرغىچە ئالەمنى - مالەم قىلدى. كۈن ئولتۇرغاندا تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنىپ باتۇرلار بارگاھقا كېلىپ ئارام ئالدى.

مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەي باتۇرلار، بىز بۇ چوڭ ھەم مۇستەھكەم غارنى باتۇرلار بىلەن سەركەردىلەردىن ئالتە نەپەر ئادەم كىلىپمۇ ئون كۈنگىچە ئاماللىنى قىلالمىدۇق، — دېگەن ئىدى، بەرق فەرەڭى:

— ئۇ يەرنى ئون يىلغىچىمۇ ئالغىلى بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزادقا بۇ سۆز قاتتىق ئېغىر كەلدى، — بولغاي:

— ئەي بەرق فەرەڭى، ئەگەر بىزگە يامان نام قالسا ساڭا ھەم شۇنداق بولىدىغۇ. سەن ئۆزەڭنى نەسىم بىلەن تەڭ كۆرسەن. ئەگەر، نەسىم بۇ يەردە بولغان بولسا، ئۇ تۇساقنىڭ ئاماللىنى ئاللىمۇ قاچان قىلغان بولاتتۇق، — دېدى.

بەرق كۈلۈپ:

— پەھلىۋان، بىلىشىڭ لازىمكى، مەن ئۇبدانراق ئەللىك مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن جەڭ قىلىشنى خالايمەن، ھازىر مېنىڭ قىلىچىمنىڭ ئاۋازىغا ئاگاھ بولغىن، — دەپ تاشقىرى چىقىپ، ئون تۆت ئەييارنى ئېلىپ تاغ ئېغىزىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئېغىزغا باردى خەنجەر بىلەن ئاچچىقىدا نەچچە ئاتنىڭ قۇرسىقىنى يېرىۋەتتى. ئاتلار دۈپۈرلىشىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. بەرق فەرەڭى ژارقىراپ يۈرۈپ ئاتلارنىڭ قۇرساقلىرىنى يېرىۋېتىپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېچىسى رۇستەم بىلەن ئەفراسىياب بۇزەنى شۇنداق ئىچىشتىكى، دوست بىلەن دۈشمەننى پەرىق ئېتەلمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچراشقانلىكى كىشىلەرنى شەمشەرنىڭ زەربى بىلەن قەلەمچە قىلدى. تاڭ يورىغىچە ئەييارلارغا راھەت مۇھۇرسىنى باستى. مۇھەممەد شىرزاد باتۇرلىرى بىلەن ئاتلاندى. ئاتمىش مىڭچە ئازغۇنلار تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى. رۇستەم بىلەن ئەفراسىياب زەربە يەپ تاغ ئېغىزىدىكى تۇساقنى بىكارلىۋەتتى.

باتۇرلار تۇساقنى ئېگىللىدى. مۇھەممەد شىرزاد ئىككى نەپەر ئەييارنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا تاغ ئېغىزىدىكى تۇساقنىڭ بىكار قىلىنغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. جاھان پاناھى تۇر بىلەن ھەربىدارنى ئەللىك مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئالدى بىلەن ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىنى تىكىشنى بۇيرۇدى. نەۋفىل شاھانە بارگاھنى كۆۋرۈك تەرەپكە يۆتكەپ بېرىپ تىكتى.

رۇستەم بىلەن ئەفراسىياب ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىلەر بىلەن يەنە بىر تۇساق پەيدا قىلدى. بەرق فەرەڭى ئۇلارنىڭ ئىسكەندەر ئەھلىگە:

— سىلەرنىڭ بۇ قوشۇنغا تەڭ كېلىشكە قۇربىتىڭلار يەتمەيدۇ، — ئەڭ ياخشىسى تىركەشمەڭلار، — دېگەن ۋەس - ۋەسە خەۋىرىنى يەتكۈزگەن ئىدى مۇھەممەد شىرزاد ئەفراسىيابقا:

— سىلەر بەش يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن جەڭ قىلدىڭلار، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن نامىنى مەرجان شاھقا يەتكۈزۈپ بېرىپ، جاۋاپ ئېلىپ قايتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، ئەتىلا تاڭ ئاتقاندا ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن تۇساقتىن ئۆتىمىز. ئەگەر قارشىلىق قىلساڭلارمۇ پايدىسى يوق. لەشكىرىڭلارنىڭ كۆپلىكى بىلەن مەغرۇرلانماڭلار، ئەگەر سىلەر جەڭ قىلساڭلار يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئىسكەندەر لەشكىرىڭلارنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. مەرد بولساڭلار شۇ چاغدا قارشىلىق كۆرسىتىڭلار، چۈنكى شەھريار بىزگە، كىشىلەر سىلەر بىلەن جەڭ قىلمىسا كارىڭلار بولمىسۇن، دەپ بۇيرىغان. ئەگەر كىشىلەر بىز بىلەن جەڭ قىلمىسا بىزنىڭ ئۇلار بىلەن كارىمىز يوق. ئەگەر جەڭ قىلساڭلار جېنىمىز تېنىمىزدىلا بولسا ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز. ئۆزەڭلارنى بىرئاز بىلسەڭلار بولارمىكىن، بولسا شۇنداق

قىلىڭلار» ، — دەپ نامە پۈتۈپ مۆھۈر بېسىپ بەرق فەرەڭدىن ئەۋەتتى.

بەرق ئۇلارغا يېتىپ بارغاندا، رۇستەم بىلەن ئەفراسىياب مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. بەرق نامىنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلار نامىنى ئوقۇپ پىكىرلىشىۋاتقاندا مەرجان شاھنىڭ چوڭ ئوغلى ياقۇت شاھ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەفراسىيابتىن ئەھۋال سورىغان ئىدى ۋەقەنى بايان قىلدى. ياقۇت شاھ:

— ئويلاپ بېقىڭلار، ھېچقانداق كىشى ئەلچىنى جازالىمايدۇ. ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىشمايمىز، ئەلچى قايتسۇن. ئۆزىنىڭ پاناھلىقىنى تىلەپ ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ يانسۇن، بىزنىڭ ئەلچى بىلەن كارىمىز يوق، — دېدى. بەرق فەرەڭگە قايتىپ كېلىپ ئىشتىكەنلىرىنى بايان قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد ئىسھاق بىلەن سامغا:

— سىزلەر مەن قايتىپ كەلگىچە مۇشۇ تۇساقتا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

ئەتىسى مۇھەممەد شىرزاد ھەرۇم نەۋجەۋان بىلەن فەرھەڭنى ئېلىپ ئاتلىق راۋان بولدى. تۇر بىلەن ھەربدارلار يارەنلارنىڭ يېنىدا قاراپ قالدى.

ياقۇت شاھ رۇستەم بىلەن ئەفراسىيابقا:

— مەن يېتىپ كەلگىچە سىزلەر ئۆز ھالىڭلار بىلەن بولۇڭلار، مەن يەنە بىر تەرەپتە شەھەرگە كىرىپ ئانامغا ئەتە خەۋەر بېرەي، — دەپ باشقا بىر يول بىلەن شەھەرگە راۋان بولدى.

مەرجان شاھ ئەھرەمەن جادۇ بىلەن ئولتۇرۇپ بىرلىكتە تەدبىر ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. ياقۇت شاھ يېتىپ كېلىپ:

— ئەي ئانا، «تەدبىرىڭنى ئۆزەڭ قىلغىن، تەغدىرنى

تەڭرى قىلسۇن»، ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى كەلدى. كىشى بۇيرۇسىڭىز ئالدىغا چىقسۇن. چۈنكى «كىشى شەھەرگە كىرسە ئىززەت بىلەن ئولتۇرغۇزغىن»، دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ، ئۇنىڭغا نېمىنى بىلسىڭىز شۇنىڭ جاۋابىنى ئېيتىڭ، ئەمما پادىشاھلىقنىڭ كەچۈرمىشىنى، ئۆزەڭنىڭ تەدبىرى قىلمىغىن، ئەمىسە ئەلچى سېنىڭ ئابرۇيىڭنى قىلمايدۇ، — دېدى. مەرجان شاھ:

— ئەتارۇد، سىلەر ئۇلۇغلار بىلەن ئەلچىنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، — دېدى. ئۇ تەرەپتە مۇھەممەد شىرزاد دوستلىرى بىلەن شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىپ بۇيرىغان ئىدى، چېدىرنى تىكتى. لەشكەرلەر بۇيرۇق بەرگەن ئىدى، ئارامگاھلاردا ئارام ئالدى. ئۆزى فەرھەڭ باتۇر، ھەرۇم نەۋجەۋان ۋە يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن شەھەرگە كىردى.

ئەتارۇد ۋەزىر مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق ئەلچىلەرنى باشلاپ بارگاھقا يۈز كەلتۈردى. ئۇلار بارگاھنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىپ پىيادە بولۇپ مەرجان شاھ تەرەپكە ماڭدى. مەرجان شاھنىڭ كۆزى مۇھەممەد شىرزاتقا چۈشۈپ ئەتارۇد ۋەزىرگە:

بەندەزادىلىرىمنى (مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق ئەلچىلەرنى دېمەكچى) كەلتۈرگىن، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەي، — دېگەن ئىدى، ئەتارۇد ئۇلارنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

مۇھەممەد شىرزاد بىلەن بۇرادەرلىرى پەرۋەردىگارىنىڭ نامى بىلەن سالام قىلدى. ئەمما بۇ قىلىق مەرجان شاھقا يارىماي:

— سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردىن باشقا ھېچ نەرسەڭلەر يوق، — دېگەن ئىدى، مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەي مەرجان شاھ، بىئەدەپ. بۇ يەردە تۇرۇپ بۇنداق مۇخالىف سۆزنى قىلمىغىن، ساھىبقىراننىڭ بېشى بىلەن قەسەم

قىلىمەنكى، يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق سۆزنى قىلساڭ، ئۆزەڭنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزەڭ تۆككەن بولىسەن. يەنە شۇنداق سۆزنى ئاغزىڭغا ئالساڭ، بېشىڭنىڭ كاسىسى تاشقا تېگىدۇ، — دېدى. مەرجان شاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى. باتۇرلار ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. مۇھەممەد شىرزاد:

— تۇرغىن، ساھىبقىراننىڭ نامىسىگە تەزىم قىلغىن، ئالتۇن جاۋاھىرلارنى كەلتۈرۈپ نامىنىڭ تۆپىسىدىن چاچقۇ قىلغىن ئاندىن ساھىبقىراننىڭ نامىسىنى قولۇڭغا بېرىمەن، ئوقۇپ جاۋابىنى بەرگىن، كەتكەيمىز، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد نامىنى تومدىن چىقىرىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئەتارۇدنىڭ قولىغا بەرگەن ئىدى، ئالتۇن جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كېلىپ نامىنىڭ تۆپىدىن چاچقۇ قىلدى. ئاندىن نامىنى ئوقۇدى. نامىنىڭ مەزمۇنى مەلۇم بولدى.

نامە مەرجان شاھقا جەڭ بايرىقىدەك كۆرۈندى. نامىنى ئېلىپ يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتكۈسى كەلدى - يۇ يەنە ئورنىدا ئولتۇرۇۋالدى. مۇھەممەد شىرزاد ئورنىدىن تۇرۇپ مەرجان شاھقا:

— ئەي مەرد ساڭا نېمە بولدى. نېمە ئۈچۈن ساھىبقىراننىڭ نامىسىگە ئەدەبسىزلىك قىلىسەن، — دەپ ۋارقىرىغان ئىدى، مەرجان شاھنىڭ بارگاھىنىڭ رەئىسلىرىدىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ جەنجەر تارتىپ:

— ئەي ئەلچى، سەن نېمە ئۈچۈن خۇداۋەندگە بىئەدەپلىك قىلىسەن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، خەنجەرنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، قولىنى ئارقىسىغا تولغاپ قۇلاق تۈۋىگە شۇنداق بىر شاپىلاق ئۇرغان ئىدى، يەرگە يۇمىلاپ خۇددى تۇلۇمدەك چۈشتى. بۇ بارگاھقا قاتتىق زەربە بولدى. قەھرىمان بەدەخشانى باتۇرلارنىڭ تۆرتكىسى بىلەن ئورنىدىن تۇردى، فەرھەڭ بىلەن ھەرۇم قاتارلىق تۆت نەپەر باتۇر ئۇلارنى

بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەرجان شاھنىڭ بىساتىنىڭ ئۈستىگە شۇنداق ئۇرغان ئىدى، ئون يىل ئۆتكەن ئۆلۈكتەك چوۋۇلۇپ كەتتى.

بارگاھ ئەھلى قوزغالدى. باتۇرلار تاشقىرىغا چىقتى. مەرجان شاھ:

— ھېچكىمگە يول قويماڭلار، — دېگەن ئىدى، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى.

مۇھەممەد شىرزاد دوستلىرى بىلەن ئاتلاندى. بەرق فەرەڭى خەنجەر تارتىپ ئەييارلار بىلەن ئالدىدا مېڭىپ دەرازىغا يېتىپ بېرىپ، تاشقىرىغا چىقىۋالدى. ئازغۇنلار قوشۇنى تاشقىرى چىقىپ تۇتۇشماقچى بولدى. بەرق فەرەڭى مۆڭگۈز زىۋانۇكىنى پۈفلىگەن ئىدى، مۆڭگۈزدىن ياسالغان زىۋانۇك ئاۋازى ئىسكەندەرنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار ئات چاپتۇرۇپ شەھەرگە قاراپ جەڭگە ئاتلاندى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئوت يالقۇنى قومۇشلۇققا چۈشكەندەك مەيدانغا چۈشۈپ ئازغۇنلارغا ئوت تۇتاشقاندەك تۇتۇشتى. ئازغۇن ئەھرەمەننىڭ لەشكەرلىرىنى نەيزە ۋە شەمشەر ئوتى بىلەن كۆيدۈردى. باتۇرلار كۆن ئولتۇرغىچە ئامال تاپالماي تاغ تەرەپكە قاراپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار پىيادە بولۇپ تاغقا ياماشتى. سىرتتىكى ئۇلۇغ جەڭنىڭ خەۋىرى مەرجان شاھقا يەتكەن ئىدى، ئۇ غەزەپلىنىپ:

— سىلەر بۇ جەڭگە يېقىن يولۇقماڭلار، سىلەر ئون ئىككى مىڭ كىشىنى قولغا چۈشۈرەلمەي تۇرۇپ، مېنىڭ بەندىچىلىكىمنى قانداقمۇ قىلاسىلەر، — دېگەن ئىدى، ئۇلار:

— ئەلۋەتتە، بۇ تەقدىرنى ئۆزىڭىز قىلىسىز، — دېدى.

مەرجان شاھ:

— بۈگۈن كېچە تەقدىر قىلىمەن، تاڭلا ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈسىلەر، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھەممەد شىرزاد:

— ئەي بەرق، فەرەڭلەرنى ئاتەشبازلىقتا ئۇستا، دەپ ئىشىتتىم، بۇگۈن كېچە كۈن چىققىچە ئۇلار ئاتەشبازلىق قىلىدىكەن. بېرىپ ئاتەشبازلىق ئەسۋابىنى بىر تاماشا قىلىپ كەلمەيلىمۇ، — دېگەن ئىدى. بەرق:

— سىز قاچانلا بولمىسۇن ئاتەشبازلىق خىراجىتىنى ماڭا قىلىڭ، سىزلەرگە ھەرگىز زىيان يەتكۈزمەيمەن، بۇگۈن كېچە ئاتەش پەرەسلىك تۇتۇننى چىقىرىمەن، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزادنىڭ مىڭ تۈمەن دىنار قىممىتىدە ئالماس بىسلىق خەنجىرى بار ئىدى، بىلىدىن تارتىپ ئېلىپ:

— ساھىبقىراننىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلمەنكى، خەنجەرنى ساڭا ھەدىيە قىلىپ بېرىمەن، سېنىڭ خاس خەنجىرىڭ بولسۇن، — دەپ خەنجەرنى بەرقنىڭ قولىغە بەردى.

بەرق بۇنداق ياخشى ئىلتىپاتنى كۆرۈپ:

— مەن باردىم، ئاتەشبازلىقنىڭ تاماشاسىنى قىلىڭلار، — دەپ شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سېھرىگەرلىك بىلەن شەھەرگە داخىل بولدى. بەرق شەھەرنىڭ مەركىزىگە يېتىپ باردى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى تۆپىسىگە تۆت مىڭ قىزىل لەۋھە ئاسقان ئىكەن، مەشئەللەر يۇلتۇزدەك يورۇپ چاقناپ تۇراتتى. بەرق خۇداۋەندىنىڭ ئاسمانىغا بېرىشنىڭ پىكرىدە ئىدى، بەرق خۇداۋەندىنىڭ ھەق ئەھرەمەن جادۇ بىلەن ئىككى كىشىنى شاراپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى كۆردى. مەرجان شاھ:

— ئەي مەھبۇب، بۇگۈن كېچە ئەيش - ئىشرەتسىز ئىززەت ئابروي بولمايدۇ، مەن سىزنى شاراپنى كۆتۈرۈڭ دەيمەن، — دېگەن ئىدى، ئەھرەمەن:

— چاتاق يوق، — دېدى. مەرجان شاھ:

— بىر كىشى شاراپ ئەكەلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى،

بەرق فەرەڭى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. خىزمەتكار شاراپنى شارابداندىن ئېلىپ ياندى. بەرق فەرەڭى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ سالمىنى تاشلاپ تارتقان ئىدى، ئۇ جان تەسلىم قىلدى. ئۇنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، يۈزىگە مۇقاۋە چاپلاپ (نىقاپ) شىشىنى كۆتۈرۈپ مەرجان شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. مەرجان شاھ شاتىر بىلەن تەختنىڭ تۆپىدە ئولتۇردى. ئەھرەمەن ئىسىم ئەزەمنى ئوقۇۋىدى زېمىندىكى تەختى كۆتۈرۈلۈپ يەتتىنچى پەلەككە چىقتى. بەرق تەختلەرنىڭ ياقۇتتىن ياسالغانلىقىنى كۆرۈپ بۇلارنىڭ سېھرىنىڭ ئەسرىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما تاج - تەختنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا جەۋاھىر تىل ئاجىزلىق قىلاتتى دەستىلىك ئالماس خەنجەرنىڭ تىغى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قىممەت باھالىق ئالتۇن - مەرۋايىتتىن ئىكەنلىكىنى، بىراق پادىشاھنىڭلا سېھرىدىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەرق جامنى ئايلاندۇرۇپ ئۇلارغا تۇتتى.

قىسسە، بەرق فەرەڭى مەرجان جادو بىلەن خىزمەتكارلار سەردارى ۋە مەرجان شاھنى بىھوش قىلىپ، ئاۋۋال مەرجان شاھنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈردى. ئالدىدا بىر ئاز كېرەكلىك نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇنى ئېلىپ بىرىنچى پەلەكتىكى مەرجان جادۇنىڭ شاگىرتلىرىغا بەردى، ئۇلارغا:

— مېنى ئاسماندىن يەرگە يەتكۈزۈشىڭلارنى مەلىكە بۇيرىدى. مەن بېرىپ خۇداۋەندىنىڭ ساندۇقچىسىنى كەلتۈرىمەن. مېنى يەنە ئاسمانغا چىقىرىڭلار، — دېگەن ئىدى شاگىرتلىرىدىن بىرسى خەت پۈتۈلگەن لەۋھەنى بەرقنىڭ بويىنىغا باغلاپ:

— كۆزۈڭنى يۇمغىن، ھەرگىز ئاچمىغىن بۇ يەردىن زېمىنغا يېتىپ بارىسەن. چىقىدىغان ۋاقتىڭدا لەۋھەنى ھەركەتلەندۈرسەڭ پەلەككە يېتىپ چىقىسەن، — دېدى. بەرق

خۇشال بولۇپ، نازۇ ـ ناۋات كەلتۈرۈپ مەرجاننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار يەپ بىھۇش بولدى.

تاڭ ئېتىش ئالدىدا بەرق فەرەگى بىرىنچى پەلەككە ئوت ياقتى. ئاندىن لەۋھەنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئۆزىنى زېمىنگە يەتكۈزدى. شامال ئۇنىڭغا مەدەتتە بولغاندەك، ئوت گۈكىرەپ ئۇلغايدى. ئوت ئىككىنچى پەلەككە يەتتى. ئاندىن كېيىن ئۈچىنچى پەلەككە يەتتى. تۆتىنچى پەلەك كۈن چىقىدىغان جاي ئىدى. كۈن چىقىدىغان ۋاقىتتا ئوت تۇتاشتى. ئوت بىرىنچى پەلەككە تۇتاشقاندا مەرجان جادۇ ھوشىغا كەلدى. ئۇ دەرھال مەرجان شاھنى ئېلىپ تاشقىرى چىقتى. ئوت يەتتە پەلەكنىڭ ھەممىسىنى قاپلىغان ئىدى. ئىككى مىڭ نەپەر جادۇگەر مۇللا ـ ئالىم كىشىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك كۆيۈپ كەتتى. قالغانلىرى تاشقىرىغا قاچتى. مۇھەممەد شىرزاد بۇرادەرلىرى بىلەن ئاتەش پەرەسلىكنىڭ تاماشاسىنى قىلدى. پەلەكتە ئوت بىر كېچە كۈندۈز كۆيدى. بەرق بۇرادەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار خۇشال بولدى. مەرجان شاھنىڭ ئوغلى غەزەپلىنىپ يەنە بىر دەرۋازا بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ، ئۈچ يۈز مىڭ ئاتلىق بىلەن تاغقا قاراپ ماڭدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇرادەرلىرى بىلەن تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى تۇسىدى. ئۇلارنى تۈركانىلار[1] ھەر تەرەپتىن تىرىپىرەن قىلدى. مەيداننى ئىسكەندەرنىڭ شەھمەت بولغان لەشكەرلىرى تۇشقۇزۇۋەتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنى ئىستىكامغا يۇشۇرۇندى. ئىستىكاملار تۈركانىلارغا يېقىن بولغاچقا، ئۇلار ئىستىكامنى ئالماقچى بولدى. خونخورلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىككى تەرەپتىن رەڭگا ـ رەڭ ئەلەملەر پەيدا بولۇپ، ئوڭ قول تەرەپتىن تىللا رەڭلىك كىيىم كىيگەن

[1] تۈركانە ـ تۈركلەرچە، تۈركلەرنىڭكىدەك، تۈركىي.

نىقابدار، سول قول تەرەپتىن ئالماس رەڭلىك كىيىم كىيگەن نىقابدار يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ئۇ ئازغۇنلارغا ئۇردى.

قىسسە، كۈن ئولتۇرغىچە ئۇر چاپ قىلىشتى. جاھان لەرزىگە كەلدى. كۈن ئولتۇرغاندا ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن قول ئۈزۈپ خىيمە - چېدىرلىرىغا قايتتى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇلىرى ئۆز ئىستىكاملىرىغا بېرىپ ئارام ئالدى. ئون ئىككى كۈن مۇشۇنداق جەڭ بولدى.

## قىرىق سەككىزىنچى قىسسە، رۇستەم بىلەن ئىسفەندىيارنىڭ ساھىبقىران بىلەن يەتتىنچى تاغ ئېغىزىدا جەڭ قىلغانلىقى، مۇھەممەد شىرزادنىڭ باتۇرلار بىلەن كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئۇ تەرەپتە ساھىبقىران:

— كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىن ھەرىكەتلىنىپ، تاغ ئېغىزىدىن ئۆتسۇن دەپ. . . ، ئەمىر قىلغان ئىدى لەشكەرلەر يەتتىنچى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتتى. ئىسھاق، تۇر سانى (ئىككىنچى)، سام، تۇر ۋە ھەرىدارلار ئۇ يەردە ئىدى. ئەتىسى قۇياش نۇرىنى سېخىلىك بىلەن ئېگىزلىككە چىقىپ زېمىنغا ھۆزۈرىنى بەرگەندە جاراڭلىق دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. ئەمىرخان تاغ يۆتكەر پەلەكنى ئايلانغۇچى قەلئەدار ئەمىر قىلغان ئىدى ئەللىك مىڭ ئاتلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بانۇ زابىلىستان زابىلىنىڭ قوشۇنى، كابىلىستان كابىلىنىڭ قوشۇنىنى بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ئاندىن كېيىن فەرھەڭ پادىشاھلىرى، ئۇنىڭ ئارقىدىن ئەلۋەس بوۋاي ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئابدۇلھېمىد سانسىز لەشكەر بىلەن ئاتلاندى.

يەنە بىر كۈنى ساھىبقىران بارگاھىنى قوزغىدى. ئىسكەندەرنى ئۆمرالىرىدىن ئەمىرخان نۇرغۇن لەشكەر بىلەن مەرجانشاھنىڭ تۇساقلىرىغا ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى. خۇداۋەند تىرىك قالغان يۈز مىڭ كىشى بىلەن ئىسكەندەرگە قارشى ئاتلاندى. ئەمىرخان ئېغىزغا يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ رۇستەم بىلەن ئەفراسىيابقا، ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى تاغ ئېغىزىدىن ئەۋەتتى، دەپ خەۋەر يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ تىرىك قالغان يۈز مىڭ لەشكىرى بىلەن ئاتلىنىپ ئىسكەندەر تەرەپكە ماڭدى. لەشكەرلەرنىڭ ۋە چاڭ - توزان ئاۋازىغا قوشۇلغان ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى پەلەككە يەتتى.

ئەمىرخان بىلەن بۇرادەرلىرى تەۋەككۈل سەپىرىنى ئىخلاسىنىڭ بېشىغا قويۇپ، ئۆزىنى ئازغۇنلار قوشۇنىنىڭ قىبلىسىگە ئاتتى. كەسكىن جەڭ بولدى. مەيداندا بانۇ زابىلىستان نامايان بولۇپ ئازغۇنلار لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئەلۋەس بوۋاي فەرھەڭ پادىشاھلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى مەرجان شاھ خۇداۋەندىنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇردى. ئازغۇنلار «ئەلئامان» ساداسىنى ياڭرىتىپ جايىدىن قوزغالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ياقۇت شاھ ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسىدى.

قىسسە، كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ چاپ چاپتا بولدى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنغان ئىدى، ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرى تاغ ئېتىكىگە قايتتى. خۇداۋەند (ئىگىلىك تالاشقۇچى، خۇدالىق دەۋاسى قىلغۇچى) مەرجان شاھنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئارامگاھقا ياندى. نىقابدارنىڭ قوشۇنى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭراپ تۇردى. تاغ باغرىدىن بەرقىنىڭ مۇڭگۇز زىۋانوكى

ياڭرىدى. مەرجان شاھنىڭ ۋەزىرى ئەتارۇد:

— بۇ ئىككى نىقابدارنىڭ چارىسىنى قىلىش ئاسان، سىز ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ چارىسىنى قىلىڭ، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:

— بۈگۈن ۋە ياكى ئاتلا، قەيەس بىلەن قەھتاس زەڭگى، يەنە بىر تەرەپتىن نەمرۇد ئادى يەتتە بۇرادىرى بىلەن يەنە شەمۇد ئادى روينتەن كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، — دېدى. ئەتارود ۋەزىر مۇندىن ئىلگىرىمۇ مەرجان شاھنىڭ خۇدالىقىغا ئىشەنمەي يۈرەتتى. ئۇ كۈنى ئەتارۇد ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خاتىرىنى جەم قىلىپ، بۇنىڭ خۇدالىقىنى ئىنكار قىلىپ دىلىدا ئېتىقادىنى توغرىلاپ ئىستىغبار ئېيتتى.

قىسسە، تۈن نىسبى بولدى. خىسرەۋخاۋەرى[1] نىڭ كۆز يېشى تەڭرى تېغىنىڭ خۇشاللىق تۈسىمىسى بىلەن توختىدى.

كۈن چىقىش ۋاقتىدا، ساھىبقىراننىڭ ئىقبال يۇلتۇزى، يەتتە ئىقلىمنىڭ تاغلىرىدا نامايان بولدى. ئەمىرخان بۇرادەرلىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى. جاھان پاناھىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھى جەمشىدكە كەلتۈردى. ئەمىرخان ئەمىرگە جەڭنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى.

ئىسكەندەر نەسىمنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

— بوۋا، مەدەت بېرىڭ، پەرزەندىم مۇھەممەد شىرزادتىن خەۋەر ئالالمىدىم، خەۋىرىنى بەرگىن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم قوبۇل قىلىپ، قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ كۆزىگە قويۇپ تاشقىرىغا چىقتى. شەبەرەڭ، گۈلبار ئىراقى، دەۋران مەرد زابىلى، گۈلۋى كۆھستا، ئىسفەندىيار مازەندەرانى، كەھەڭ ئەدەنى، ھەندان ھەمەدانى ۋە ئەبۇلفەتتەھنى چاقىرىپ:

---

① خاۋەرى — كۈنچىقىش تەرەپتىكى، شەرقلىق (ئادەم).

— بېشىڭلاردىن ئۆرگۈلەي، سىلەر ھەممىڭلار ئوردىدا تۇرۇڭلار. باشقا ھېچقانداق ئىش قىلماڭلار. يەنە تاڭلا زەنگىلەرنى تۇتۇمىز، دەپ سىلەرمۇ چىقىپ كېتىپ قالماڭلار. چۈنكى مەن بۇ قېتىمقى سەپەردە ھېچنەرسىنى قولغا چۈشۈرەلمىدىم. بەرق فەرەڭى شۇ تاپتا يۈز مىڭ تۈمەننى قولغا كەلتۈردى. مەن دېگەن ئىسكەندەرنىڭ دانىشمەن ئەييارىدۇرمەن. بۇ قېتىم مەن ئىسكەندەرنىڭ ھېكمىي بىلەن دىلاۋۇرلىرىنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىمەن، — دېگەن ئىدى، ئۇلار تەڭرى ـ تائالانىڭ پەزلى بىلەن، خاتىرىڭىز جەم بولسۇن، قەيەرگە، نېمە ئىش قىلىشنى خالاپ بارسىڭىز بېرىۋىرىڭ، — دېدى.

نەسىم تاشقىرىغا چىقىپ كېچىدە مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئوردىسىغا باردى. باتۇرلار نەسىمنى كۆرۈپ نەسىم ئۇلارنى كۆرۈپ ئەھۋالىشىپ خۇشال بولدى. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە، كېچە ئۆزۈن، مەرجان شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويسام بولغۇدەك، دەپ مەرجان شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئاندىن كېيىن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا بارماقچى بولدى. نەسىم سول تەرەپتىن شەھەرگە يېقىن بېرىپ، خەندەكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۆمۈلەپ مېڭىپ سېپىلغا يېتىپ باردى. سېپىلغا ئارغامچا تاشلاپ يۇقىرىغا چىقىپ بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ جام چېقىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. نەسىم ئۇ يەرنى ساقلاۋاتقان ساراي ياساۋۇللىرىنىڭ يېنىغا بىر مۇنچە دورا بىھوش قويۇلغان كۆمەچكىنى قويۇپ قويغان ئىدى. جام چېقىشىۋاتقانلار ئۇنى كۆرۈپ يەپ تاشلىدى. بىر ئازدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇپ يېقىلدى. نەسىم شۇ چاغدا سېپىلدىن چۈشۈپ شەھەرگە كىردى. ئۇ مەرجان شاھنىڭ سىياسەت چىقىرىدىغان خانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا مەرجان شاھ ئۆز ئۆممەتلىرى بىلەن تەقدىرى ئۈستىدە

مۇزاكىرەلەشمەكتە ئىدى. نەسىم بىر چەتتە تۇردى. شۇ ئەسنادا بەلاشور كېلىپ مەرجان شاھنىڭ ئالدىدا يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ:
— خۇداۋەند ساڭا خوشخەۋەر بولسۇنكى، نەمرۇد ئادى، قەيتاس ۋە قەيھاس زەنگى ئۈچ كۈندىن كېيىن تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:
— ئەي ئوردامنىڭ شەيتىنى، بۇ خوش خەۋەرنىڭ سۈيۈنچىسىگە نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرىمەن، — دېدى. بەلاشور:
— نەسىم ئەييارنى تۇتۇپ قولغا كەلتۈرۈشۈمگە تەخىر قىلغىن. باشقىلاردىن ئۇ خۇددى شەيتانغا ئوخشاش ھەممە جايدا ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ھەر قانداق جايدا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم چاقىرسا، چاقىرغان ھامان، ئۇ جايدا ھازىر بولارمىش، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:
— ئۇنداق بولسا بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى تۆت قېتىم چاقىردۇق، بېرىپ قاراپ باققىن مېنىڭ بەندىلىرىمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىمىكىن، — دېدى. بەلاشور ئايلىنىپ يۈرۈپ نەسىم بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ قالدى. بەلاشور نەۋكەردەك بىر غۇلامنى كۆردى. ئۇ دەرۋىشلەردەك ياسانغان ئىدى، بەلاشور ئۇنىڭغا قاراپ، ئۆز ئۆزىگە:
— بۇ جەزمەن نەسىم بولۇشى مۇمكىن، — دەپ نەسىمگە قارىدى:
لېكىن بوۋاينىڭ قېشىدىن سۆز قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. سەپنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ دەرۋازىۋەنگە:
— دەرۋازىنى ئەتكىن، — دېگەن ئىدى، دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى مەھكەم ئەتتى. بەلاشور قايتىپ كېلىپ، نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى خېچىرىنىڭ ئۈستىگە ئالماقچى بولدى. نەسىم ئولتۇرۇپ، بىردەمدىلا خالايىقنىڭ پۇتىنىڭ ئارىسىدىن تاشقىرىغا چىقىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى. دەرۋازىنىڭ تاقاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. بەلاشور بىر

نەچچىسى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇ دەرتمەننى تۇتۇپ مەرجان شاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۇردى. مەرجان شاھ:

— بۇ قارا غۇلام كىم بولىدۇ؟ بەلاشور:

— بۇ نەسىم بولىدۇ. مەرجان شاھ:

— بىز نەسىمنى ئاق خەلق دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. نېمە ئۇچۇن بۇ قارا بولۇپ قالىدۇ؟ بەلاشور:

— ئەي خۇداۋەند، ھەر قانداق كىشى پەرمانسىزلىق قىلسا، يۈزى قارا بولىدۇ، — دېگەن ئىدى، نەسىم بۇ سۆزنى ئىشتىپ دىلى سۇنغاندەك بولدى. ئۇ:

— ئەي خۇداۋەند سېنىڭ شۇ ئەقلىڭگە ھەيرانمەن، مەندەك قارا غۇلامنى نېمە قىلارسەن، شۇنداق مېنى نەسىم ئەييار دەيدۇ، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:

— بىزلەر ئالەمنىڭ خۇداسى شۇنداقلا ئالەمنى ياراتقان بىز، ئەييارلارنىڭ ھەممىسىنى بىز تونۇيمىز، — دېدى. نەسىم بوۋاي ئۆزىنىڭ يەتتىنچى قاپقاقا چۈشكەنلىكىنى، ئەگەر زىيادە سۆز قىلسا، قىينىلىدىغانلىقىنى بىلىپ سۆز قىلمىدى. بەلاشور قەپەزنى ئېلىپ كېلىپ، نەسىمنى سولاپ بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى.

بىر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى مەرجان شاھنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. ئۇلار، مەيدانغا ئاۋال كىم چۈشەركىن، دەپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئىدى. تۈركانىيلارنىڭ سېپىدىن رۇستەم بەدەخشانى، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن سامنىڭ ئوغلى فەرىدۇن ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا بېرىپ رۇستەمنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار قولىغا شەمشەر ئېلىپ بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. ئالاھەزەل ئىككى يۈز شەمشەر چېقىم بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. بۇ ئىشلار ياقۇت شاھنىڭ مىجەزىگە ئېغىر كېلىپ

ئىشارەت قىلىۋىدى تۈرك [81] قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئىستىكامىنىڭ ئىچىگىچە يېقىنلىشىپ كەلدى. تۈركىستانىنىڭ مەرگەن چەۋاندازلىرى ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى مەيدانغا قاراپ ئاتلاندى.

قىسسە، كۈن ئولتۇرغىچە ئۇر چاپ، ئۇر چاپ بولۇپ ئاخىرى غەلىبە نۇسرىتى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى تەرەپكە چۈشتى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى كېلىپ: ئابدۇلھېمىد يوق، — دەپ، خەۋەر قىلغان ئىدى ئەمىر[1]:

— ئۇردىغا بارماي، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈڭلار، — دەپ. ئەمر[2] قىلدى. ئەييارلار تۆت تەرەپكە چىقىپ سۈبھى يورىغىچە ئىزدىدى. بىراق شاھزادىنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىدى.

ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا مۇھەممەد شىرزاد تەرەپتىن مۇھتەر نەسىم تۇتۇلۇپ قالدى، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ۋەقەسى مۇنداق بولغان ئىدى. مەرجان جادۇ شۇ كۈنى ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا تېگىش قىلدى. ئۇ كۈنى مەرجانە جادۇ جەڭگە كىرىپ، ئابدۇلھېمىدنىڭ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، باتۇرلارنى يەر چىشلىتىپ قەلەمچە قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئات بىلەن ئۇنىڭغا يېتىشىپ بېرىپ ئۇنى تاغدىكى سېھىر بىلەن باغقا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە مۇھەممەد شىرزاد، ئىسكەندەر تاغ ئېغىزىدىن توققۇز يۈز مىڭ لەشكىرى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ياقۇت شاھنىڭ ئون ئىككى مىڭ ئەييارى ئۇنىڭ ئالدىنى تۇسۇپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى ئىشىتىپ، باتۇرلارغا:

— ئەمدى بۇ جايدا توختىساق بولمايدۇ، تاڭلا ئاتلىنىپ بۇ ئازغۇنلارنىڭ ئالدىدىن كېتەيلى، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا

---

[1] ئەمىر - بۇيرۇق بەرگۈچى، ھۆكۈمدار، باشلىق، پادىشاھ، خان.

[2] ئەمر - بۇيرۇق، ئەمر قىلىش، بىر ئىشقا بۇيرۇش.

بارايلى، — دەپ ئەتىسى قورال - ياراقلارنى ئېلىپ مىڭ ئاتلىق ئازغۇنلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئىسكەندەر تەرەپكە كەلدى ۋە ئۆزى تۆت تەرەپتىن بەدەخشان قوشۇنىغا قاراپ كەلدى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئۇرۇشۇپ ئىككىلا تەرەپ ئېغىر ھالسىرىدى. مەغلۇبىيەت بەدەخشان تۈركلىرىگە يۈزلەنگەندە ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بارگاھىنى خەندەك تۆۋىگە يۆتكەپ ئۇ يەردىن يەنە قايتىپ ئالدىنقىلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. كۈن ئولتۇرغاندا ئىسكەندەر باتۇرلىرىغا يېتىشىپ باردى. ئەتىسى كەيۋان شۇكۇھ شاھنىڭ ئوردىسىغا باردى. ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىدە شەرەپكە مۇيەسسەر بولدى. كەيۋان شۇكۇھ شاھى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ بېشانىسىگە سۆيدى. بەرق:

— ئەي شەھريار، مەنكى قولۇڭ سوغۇق تۆمۈرنى سوقمايمەن، جەڭ قىلىشنى كۈتۈپمۇ تۇرمايمەن، بىرىنى نىسۋېمنى ئېلىۋالاي، سەۋەبسىز مېڭىشنىڭ نېمە پايدىسى بار، — دېدى. ئارستو:

— ئەي مۆھتەر بەرق، بىز كىچە ياكى كۈندۈزى بولسۇن بۇنى ئاشكارا قىلمايمىز. ئىش قىلىپ بىر كۈنى بەدەخشانغا بېرىشنىڭ ئىرادىسىنى قىلدۇق. ئەلۋەتتە. ئاي سائەتنى مەن بىلسەم بولمايدۇ. ئەمما ئاشكارا قىلمايمەن، ھازىر مۆھتەر نەسىم قىرىق كۈن بولدى قەپەزدە سولاق تۇرىدۇ. مۇندىن كېيىن ئۆز ئىشىڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار. ئابدۇلھېمىدنى جادۇ ئېلىپ كەتتى. تاكى جادۇگەرنىڭ ئىلاجىنى قىلمىغىچە ئۇ قۇتۇلالمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ تۇرۇۋاتقان بۇ ماكان شەھەرگە تۆت پەرسەخ كېلىدۇ ساھىبقىراننىڭ يەنىلا ھەرىكەت قىلمىقى زۆرۈردۇر. لېكىن ئۇ تاغ ئېغىزى قولدا دەپ ھەرىكەت قىلمايۋاتىدۇ. ئۇ يەردە بابىللىقلارنىڭ ھەممە نەرسىسى بار، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي ھېكىم، ھازىرقى ئالتە ئاي ۋاقىتنى بىزنىڭ ئىختىيارىمىزغا بەرگىن. بۇنى مەنلا بىلىپ قالاي. ماڭىدىغان ۋاقىتتا تېزدىن مەجلىس تۈزۈپ، مېنىڭمۇ ۋاختىنى بۇرۇنىراق خەۋەر قىلايلى، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە قەيتاس بىلەن قەيھاس زەنگىلەر مەرجان شاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ بارگاھىغا باشلىدى. توت مىڭ زەنگى ئۇ تاغ - دەشتىگە ئورۇنلاشتى. قەيھاس بىلەن قەيتاسلار كېلىپ تەختنىڭ ئىككى تەرەپىدە ئولتۇردى. مەرجان شاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ياقۇت بىلەن ئالماس ھەم كەلدى. بۇ چاغدا مەرجان جادۇ مېھرىبانلىق بىلەن تەزىم قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي مەرجان شاھ، ھازىر ھايا كۆتۈرۈلدى. مەي قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە شۈكرى دەيلى، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ يەنە قانداق خۇشاللىقى بار، ھازىرغىچە مەلۇم بولمىدى. ئۇلارغا تېخى جازا بەرمىدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى بار ئىكەن. ئۇنى باغ تەرەپكە ئاپىرىپ قويدۇم، ئەگەر ماقۇل بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كەلسەم، — دېگەن ئىدى، قەيھاس:

— مېنىڭ ئەييارلىق ۋە جادۇگەرلىك بىلەن خۇشۇم يوق. مەسلىھەت قىلىشنى نىيەت قىلمەنكى، مەيداندا بىرەر ئىش قىلالىسا، مەرد دېگەن شۇ دەپ، زەنگىلەرگە مەسلىھەت تەرىقىسىدە سۆز ئاچتى. ئەتىسى قەيھاس:

— بۈگۈن مېنىڭ نامىمدا جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىغا چالسۇن، — دېگەن ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپتىن دۇمباقنى شادىيانىغا چالدى.

قەيھاس يەتتە يۈز پاتمان گۈرزىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئارقىسىدىن ئۆزى مەيدانغا كىرىپ ۋارقىرىغان ئىدى، زېمىن لەرزىگە كەلدى. ئىسكەندەر ئۇ ھەيۋەتلىك دىۋىنى

كۆرۈپ ئەقلى - ھوشى كاللىسىدىن كەتتى. قەيھاس:

— خۇداۋەند مەندەك ئاجايىپ مەخلۇقاتنى يارىتىپسەن. نۇسرەت بەرگىن، — دەپ مۇناجەت قىلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى.

ئىسكەندەر:

— ھەر قاندان كىشى بۇ دېۋىنىڭ مەيدانىغا مارمىسۇن، ئەگەر بارسا، ئۆزىگە ئېھتىيات قىلسۇن، — دېدى.

سەئىدان دېۋىزاد رۇخسەت ئېلىپ ئېتىغا ھاي بېرىپ، قولىغا گۈرزىنى ئېلىپ مەيدانغا كىردى - دە ئۇ دېۋىنىڭ بېشىغا گۈرز ئۇرغان ئىدى. ئاۋازى ئىككى قوشۇننىڭ قولىقىغا ئاڭلاندى.. قەيھاسقا بۇ گۈرزىنىڭ تېگىش ناھايىتى خوش ياقتى. ئۇ:

— بېشىمغا گۈرزىنى ئون ئىككى مەرتەم ئۇرغىن. بېشىم قىچىشىپ كەتتى، — دەپ، سەئىدانغا يۈز كەلتۈرۈپ، سەئىدانىڭ ئېتىنىڭ بىلىگە گۈرزى ئۇرغان ئىدى، ئېتى يېقىلىپ ياتتى. سەئىدان يەرگە چۈشۈپ شەمشەر ئالدى. قەيھاس سەئىداننىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ:

سەئىدان تەرەپكە ئاتقان ئىدى. ئات سەئىداننىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ يەرگە چۈشتى. سەئىدان قەددىنى رۇسلاپ بولغىچە، قەيھاس سەئىداننىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ، يەردىن ئېلىپ قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ مەرجان شاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ:

— بۇنى ساقلاپ قويۇڭ، ئادەم گۆشى يېمىگىلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان ئىدى، مەن قالغانلارنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ مەيدانغا كەلدى. باتۇرلار بىر - بىرلەپ كېلىپ ھەممىسى قەيھاسنىڭ قولىغا چۈشتى. كۈن ئولتۇردى. ئەمىرخاننىڭ پالۋانلىرىنىڭ كۆپى قولغا چۈشتى. دۇمباقچى تىنچلىق دۇمبىقى چالغان ئىدى، ھەر ئىككى تەرەپ بارگاھىغا قايتىپ كەلدى. مەرجان شاھ قەيھاسنى ئىززەت بىلەن بارگاھقا ئېلىپ كەلدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھتەر بەرق:

— بۈگۈن كېچە شەھەرگە بېرىپ مۆھتەر نەسىمنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي، — دېگەن ئىدى، ئارستو:

— ھازىر ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ مەرجان شاھنىڭ بارگاھىدا پولات قەپەزدە ئىسقىلىق. سەن ياخشىسى بۇ يەردىكىلەرنىڭ پىكرىنى قىلغىن، نۇرغۇن كىشى قولغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنى قۇتقۇزۇشمۇ بىر ئىش. سەن نەسىمنى قويۇپ ئۆزەڭگە پەخەس بولغىن. بەلاشۇرنىڭ ھازىر نەسىم بىلەن كارى يوق بولۇپ قالدى، — دېدى. بەرق چىقىپ لەشكەرلەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندى.

يەنە بىر كۈنى قەيھاس مەيدانغا كېلىپ، كۈن ئولتۇرغىچە مەيداندىن ئون ئىككى باتۇرنى باغلاپ ئېلىپ چىقتى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىندى. پالۋانلار جەڭدىن قول يىغدى.

شۇ كېچىسى قەيھاس: ئۆز ئۆزىگە:

— مەن بۇ دىيارغا ئوينىغىلى كەلمىدىم. تاڭلا توققۇز يۈز مىڭ ئاتلىق زەڭگى بىر تەرەپتىن مەيدانغا باستۇرۇپ كىرىدۇ، بۇ لەشكەرلەر بىر كىشىنى قاچۇرۇپ قويمىسۇن، — دېدى.

تاڭ ئاتتى. جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. دەشت يۈزىدە سەپ تۈزۈلدى. قەيھاس مەيدانغا كەلدى. بۇ تەرەپتىن ئىسكەندەر مەيدانغا كىرىپ خېلى ئۇزاق ۋاقىت قاتتىق ئېلىشتى. بۇ چاغدا زەڭگى لەشكەرلىرى بەدەخشانى رۇستەم، ئىسفەندىيار، ئەفراسىياب، بەھمەن، مەررىخ، زۇھەل ۋە باشقا سەردارلار تۆت تەرەپتىن ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە تېگىش قىلدى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى چۈمۈلە تۆپىدەك قوشۇن پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە ئۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى مەرجاندەك چېچىۋەتتى. نۇرغۇن لەشكەرلەر شېھىت بولدى. ئىسكەندەر قاتتىق ئاھ ئۇردى. ھەممە لەشكەر جەڭدىن قولىنى يىغدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى تاغ ئۈستىگە چېكىندى. لەشكەرلەر تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن

ئىدى، بەدەخشان ئەسكەرلىرى ئۆز ئوردىسىغا قايتتى.

مەرجان شاھ خۇشال بولۇپ زەنگىلەر بىلەن ئادىلارغا تون كىيگۈزدى. مەرجان شاھ يېنىدىكى ئادىلارغا قاراپ:

— سىزلەرگە نېمە مەنسەپ بەرسەم بولىدۇ؟ پەيغەمبەرلىك مەنسىۋى سىزلەرگە كىچىكلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزلەرنى ئۆزەمنىڭ خۇداۋەندىلىقىغا شېرىك قىلدىم، — دېگەن ئىدى، قەيھاس:

ئەي مەرجان شاھ، بىلىشىڭ لازىمكى، بىز زەنگىلەر توققۇز يۈز مىڭ تاغ، چۆل جەزىرىدە ئولتۇرۇشلۇق. ھەرگىز سىزنىڭ خۇداۋەندىلىكىڭىزگە قايىل ئەمەسدۇرمىز، ھازىر ھەم قايىل ئەمەسمىز، قانداق قىلىپ ساڭا بەندىچىلىك قىلىمىز. سەن قايسى ھالىڭغا خۇدالىق داۋاسى قىلىسەن، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى بەرق ساقال بۇرۇتىڭنى چۇشۇرۇپ، يەتتە قات ئاسمانىڭغا ئوت قويۇۋەتتى. بۇ ئىشلارنى پەقەت ئادەتتىكى جادۇلارلا قىلدى. ئەمدى ئون كۈن خودالىق دەۋاسى قىلمىساڭ بىز ساڭا ياردەم بېرىمىز. ئەگەر بىھۇدە سۆز قىلىشنى توختاتمىساڭ بىز كېتىپ قالىمىز، ئىسكەندەر بىلەن ئۆزەڭ قارشىلاشقىن، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:

— ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنى دىيارىمدىن قوغلىۋېتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭ خۇدالىقىمنى بىلگىن، ئەگەر خۇدالىقىمنى بىلدۇرسەم، مېنىڭ بەندەم بولۇڭلار. ئەگەر بىلدۇرەلمىسەم مېنىڭ دۇشمىنىم بولۇڭلار، — دەپ ئىشنى شۇ بويىچە مۇقەررەر قىلدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بارگاھقا كېلىپ ئارستوغا:

— ئەي ھېكىم، ھازىر ئەھۋالنى ماڭا ئېيتىدىغان زامان بولدى. ئەھۋالنى ئېيتسىڭىز تەدبىر قىلساق، — دېگەن ئىدى ئارستو:

— ھازىرچە چارىسىنى قىلغىلى بولمايدۇ. خالىساڭ

بۇيرۇغىنىكى، خەزىنىنى، ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقى، نەفەر جەمشىدى① قاتارلىق ئۇلۇغلارنىڭ مال مۈلۈكلىرىنى ۋە جىددىردىكى لەشكەرلەرنىڭ پۇل - مال، قوراللىرىنى تاغقا ئېلىپ كەتسۇن. تاڭلا لەشكەرلەرگە چوڭ بالايى - ئاپەت يېتىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— تاڭلا بىز تەرەپكە ئۆلۈم - يېتىم يېتىدىغان بولسا، تۆت يۈز باتۇر - ئابدۇلھېمىد پالۋانزادە تۇتۇلۇپ قالغان، بۇ جايدا باتۇرلاردىن پەقەت زابىللىق بانۇ خانىم، فەرھەڭ، ھەرۇم ۋە مۇھەممەد شىرزادلار قېلىپتۇ، بىھودە جەڭ قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار، — دېدى.

ئارستو:

— ئەگەر ئۇلار بىزلەرنى ئۆلتۈرۈپ تەڭ - يېرىم قىلسا بىزلەرمۇ ئۇلارنى مەيداندا تەڭ - يېرىم قىلىپ قويىمىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— نېمىنى خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ، — دېدى.

ئارستو لەشكەرلەرنى ساقلاشنىڭ قائىدىسىنى ئوبدان بىلەتتى. دەرھال ھەممىسى قەسىر - سارايلارنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ تىكتى.

ئەتىسى قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئاۋازى چىقتى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ نامدار سەردارلىرى كېپەن كىيىپ، بىر سىقىمدىن تۇپىنى ياقىسىغا قويۇشقا باشلىدى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندە كۆزىدىن ياش ئاقتى. بەس،

قالغانلار باتۇرلار بىلەن تاغدىن چۈشتى. سەپ تۈزۈلدى. قەيھاس ساتۇرنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چۈشكەن ئىدى ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئالدىنى تۇسىدى. بانۇ زابىلىستان قەيھاسنىڭ ساراسىمىنى

①نەفەر جەمشىد. (1 دۈشمەن بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن خەلق تەرىپىدىن يىغىلغان كىشىلەر، ئەسكەر.

2) نېپىز، نەي ساداسى.

ئالدى. فەرھەڭ باتۇر ئەفراسىيابنىڭ ئالدىدا تۇردى. مۇھەممەد شېرزاد رۇستەمنىڭ ئالدىدا، ھەروم قىران يىگىت ياقۇتنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. ھەممە تەرەپتىن زەنگى رۇيلار قوشۇنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ چاغدا خەتەرلىك تاغ سەئىد ئون مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ زەنگىلەرنىڭ قوشۇنىغا ئۆزىنى ئۇردى. يورۇق جاھان كېچىدەك قاراڭغۇ بولدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالماسقا زور ئاۋارىچىلىق پەيدا بولدى. فەرەڭنىڭ باتۇرلىرى تاغقا چىقماقچى بولغان ئىدى، ئەلۋەس بوۋاي ئالدىنى توسۇۋالدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىن ئىككى نىقابدار ئەللىك مىڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ئازغۇن - مەرجان شاھنىڭ قوشۇنىغا ئۇرغان ئىدى، تۇرك لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغۇلۇپ كەتتى. ئىسكەندەر ئۇ دىۋىلەر بىلەن كۆن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى، ئەمما دۈشمىنىگە ۋەھىمە پەيدا قىلالمىدى. ئىككى تەرەپتىن جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ پالۋانلار جەڭدىن قايتىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالتە ئايغىچە جەڭ بولدى. تۆت مىڭ تۆت يۈز باتۇرنى جادۇ ئېلىپ كېتىپ قاماپ قويدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ تاغدا قەپەزدىكى قۇشتەك مۇساپىر بولۇپ تۇردى. جادۇدىن قورقۇپ دىلغۇللۇقتا ئارام ئالالمىدى. ئىككى نىقابدارمۇ ئىسكەندەرگە مەدادارلىق بولۇش يۈزىسىدىن تاغدا ئەلەم تاتماقتا ئىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## قىرىق توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، مەرجانە جادۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، مەرجان شاھنىڭ ئىسكەندەر ساھىبقىراندىن شىكەست تاپقانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر لەشكەرلىرى ئالتە ئاي بۇ تاغنىڭ باغرىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ، بەزىدە ئاچلىقتىن گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى ئارستو:

— يەنە يەتتە كۈندىن كېيىن بۇ تاغدىن چۈشىمىز. ئىسكەندەرنىڭ بەخت قۇشى قەيەردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا نەسىمۇ قەيەردىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. مەرجان شاھ قىرىق كۈندىن كېيىن قولغا چۈشىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن ياقۇت شاھ بىز بىلەن جەڭ قىلىدۇ. قەيھاس بىلەن قەيتاسنىڭ ئەسلى تىلسىملىقتۇر. ئۇلار ساھىبقىراننىڭ قولىدا سۇنىدۇ، — دېگەن ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ دىلى ئايدەك يورۇپ ئارستونىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىمنى قەيەردە ئۇزۇنغىچە سولاپ قويدى.

بىر كېچىسى نەسىم ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ، مەن بۇ قەيەردە ئۆلىدىغان چېغىمبار، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرگۈزۈۋالماقچى بولدى. شۇ تاپتا تاڭ ئاتتى. نەسىم: بۇيۇم بىتاپ بولدى، دەپ كۆپ نالە - پەريات قىلدى.

كېچىسى يالغاندىن ئۆلۈۋالدى. تاڭ ئاتقاندا قاراۋۇللار قەپەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بوۋاينىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قەپەزدىن چىقاردى.

بۇ چاغدا مەرجان شاھ تاشقىرىدىن ئوردىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئىدى، ئۇ قاراۋۇللارنىڭ توپلىشىپ ھەزىل[①] قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى قاراۋۇللار:

— مۇھتەر نەسىم ئۆلۈپتۇ، — دېگەن ئىدى، مەرجان شاھ:

— نەسىمگە ئەسلىدە بۇنىڭدىن زىيادە ئۆمۈر تەقدىر قىلىنمىغان ئىدىم، — دېدى.

بۇ يەردىكىلەر بۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. يىراقتىن بەلاشۇر پەيدا بولدى.

مەرجان شاھ:

— بەلاشۇر كېلىۋاتىدۇ، نەسىمنى ئۇ كۆرۈپ باقسۇن تىنلا ئۆلۈپتىمۇ، — يوق - دېگەن ئىدى، نەسىم ڭلىدە، ئەگەر مۇھتەر بەلاشۇر كەلسە، بېشىمغا بالا كىنى شۇ دەپ جايىدىن قوپۇپ قېچىپ كەتتى، — «تۇتقىن» «تۇتقىن» ، — دېگەن چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. نەسىم ھەر بىر كىشىنىڭ قېشىغا كەلسە، تۇتقىن، دەپ ۋارقىرايتتى. شۇنداق قىلىپ نەسىم جامائەت ئارىسىدىن چىقىپ مۇنچىنىڭ خارابىسىغا كىرىۋالدى. بۇ چاغدا بەلاشۇر قاراۋۇللارنىڭ يېنىغا كېلىپ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، قولىنى پېشانىسىگە ئۇرۇپ:

— ئەي خوداۋەند، ساقلىغىنى چۈشۈرمىگىنىگە رازى بولغىن، ئەگەر مەن نەسىمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام، سەللە

---

①ھەزىل - چاقچاق، چىقىشىش، ئويۇن.

زۇرۇر بولمدۇ. سەللە بولسىلا ماڭا ئازار بەرمەيدۇ، — دېدى.

قىسسە، نەسىم بوۋاي ئۇ كۈنى كېچىسى مۇنچىنىڭ خارابىسىدا بولدى. يېرىم كېچىدە تاشقىرىغا چىقىپ ئۆزىنى بەلاشۇرنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزدى. بەلاشۇر تۆت كوچىدا ئىدى. نەسىم ئەييارلىق قوراللىرىنى ئېلىپ ئۆزىنى مۇكەممەل قوراللاندۇرۇپ، يەتمىش مىسقال بېھوش دورىسىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ كونا مۇنچىخانىغا باردى. بۇ چاغدا تاڭ ئاتتى. مەرجان شاھ شەھەردىن لەشكەرلەرنىڭ قېشىغا چىقتى. نەسىم مۇلازىملار قاتارىغا كىرىپ شەھەردىن چىقىپ قەيھاس زەنگىنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇ يەردە ئىككى زەنگى ئوتتۇرىدا ئاتقا مىنىپ، باشقىلار پىيادە تاغ ئۈستىدە قاپقان قۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. مۇھتەر دەۋران ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا باردى. بەرق فەرەڭى ئالدىدا ھەر تەرەپكە پەرۋاسىز قاراپ تۇرغان ئىدى. نەسىم ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ:

— ئالتە ئاي بولۇپتۇ ساھىبقىران تاغدا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يەپ ياشاپتۇ. سەن شۇنداق پەرۋاسىزلىق قىلساڭ بولامدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىمنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ نەسىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. جەڭ دۇمبىقىنى سوققان ئىدى. قەيھاس:

— ئەي مەرجان شاھ، خۇداپەرەسلەر بۇگۈن تىرىلىپتۇ. ئەمدى تەدبىر قىلىدىغان چاغ بولغاندۇ، — دېدى. مەرجان شاھ:

— ھېلىقى شەيتاننى تۇتۇپ، قەپەزگە سولاپ قويغان ئىدى، ئۆلگەن ئىكەن ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ دىلىم كۆيدى. ئۇنى تىرىلدۈرگەن ئىدىم. ئۇ شەيتان قېچىپ كەتتى. قارىغاندا ئۇ خۇدا پەرەسلەرنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپتۇ. مېنىڭ كارامىتىم شۇكى، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىمەن، — دېدى. بەس،

جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. قەيھاس:

— ئەي مەرجان شاھ، ماڭا مەلۇم بولدىكى، خۇدا پەرەسلەرنىڭ ئەسلى ئەقلى يوق ئىكەن. بىر پىيادە ئەييار ئىمىگە كار كېلىدۇ، ئۇلار شۇ بىر پىيادە ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئەگەر ئەييارنىڭ قولىدىن ئىش كەلسە، مېنىڭ جايىمنى قوزغاپ باقسۇن قېنى، — دېدى. ئۇ مەرجان شاھقا بۇ سۆزنى قىلغاندا مەرد زابىلمۇ بۇ جايدا بار ئىدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئىشتىپ بوۋاي (نەسىم) غا خەۋەر بەردى. نەسىم ھېچقانداق سۆز قىلمىدى. ئەمما قەيھاس بىلەن قەيتاس ئىرادە بىلەن تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقتى. نىقاپدارلار تاغدىن چۈشۈپ مەيدانغا كەلدى. ئادىلار نىقاپدارلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. رۇستەم بىلەن ئىسفەندىيار تاغ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. ھەممە تەرەپتە ئۆز خىلى بىلەن جەڭ باشلاندى. نەسىم رۇستەمنىڭ جەڭگە جىددەلگە قارىماي تاغقا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يوغان بىر تاشنى پالاقتا سېلىپ، رۇستەمنىڭ بېشىغا ئاتقان ئىدى تاش رۇستەمنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ پېشانىسى يارىلاندى. ئۇنىڭ كەينىگە يېقىلىپ چۈشۈپ بىئارام بولغانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئون ئىككى پالاق تاش بىلەن ئون ئىككىسىنىڭ مېڭىسىنى چۈۋۈۋەتتى. بەدەخشاننىڭ قالغان لەشكەرلىرى ئارقىسىغا ياندى.

ئۇ تەرەپتىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن تۆت تاشنى ئەفراسيابنىڭ بېشىغا ئاتقان ئىدى ئەفراسياب ھوشىدىن كەتتى.

تۈركانىيلار ئۇنى ئات ئۈستىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. نەسىم كۇمۇشخانە تەرەپتىن قاراۋۇللارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۇمۇشخانىگە يېتىپ بارغان ئىدى، ئىسفەندىيار بىلەن ياقۇت ئىبن مەرجانى كۇمۇشخانىگە يېقىن كېلىپ قالغان ئىكەن، دەۋران بوۋاي سەئد تاغلىققا قاراپ:

— ئەي قاراۋۇللارنىڭ سەردارى، سەندە غورور دېگەن نەرسە بارمۇ، تاغدا دەرەخ يوپۇرمىقىنى يەيسەن، ئەمدى

ئوتتۇرىدا قاراپ تۇرىسەنغۇ؟ مۇنداق پاششانىڭ نېمە پايدىسى بار، بارغىن ئىسفەندىيارنىڭ كاللىسىنى پالتاڭ بىلەن يارغىن. ئەگەر ئۇنىمىساڭ خەنجەر بىلەن سېنىڭ قورسىقىڭنى يارىمەن، — دېگەن ئىدى. خەتەرلىك تاغ سەئد غەيرەتكە كېلىپ ئىسفەندىيار تەرەپكە قاراپ:

— ئەي قارام تۈرك مەرد بولساڭ بۇ قورالنى قولۇمدىن تارتىپ ئالغىن، — دېدى. ئىسفەندىيار ئۆزىنى ئۇ دۈشمەنكە ئۇرغان ئىدى سەئدنىڭ پالتىسى بېشىغا تۇت ئىلىك ئورناشتى. ئاندىن كېيىن سەئد ئىسفەندىيارنىڭ مۇلازىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى يۈز مۇلازىمنى ھالاك قىلدى. ھەممە تەرەپتە مەغلۇبىيەت تۈركانىيلار تەرەپكە يۈزلەندى. تۈركانىيلارنىڭ لەشكەرلىرى تاغدىن پەسكە چۈشتى بۇ تۇپىلاڭدا بىر نىقاپدار ئاشكارە بولدى. نەسىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي شەھريار، ئەمدى ئادىلارغا نۇسرەت ئاتا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ۋاقتى ئۆزۈن قالمىدى، — دېگەن ئىدى، نىقاپدار باتۇرلىرى بىلەن ئادىلار تەرەپكە ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى ئەندىشە قىلماي شەمشەر تارتىپ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنى مارجاننى چاچقاندەك چېچىۋەتتى.

— ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدىن «يەكدۇق» دېگەن سادا ياڭرىدى. كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا تىنچلىق دۇمبىقىنى چېلىپ ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ مەيدانىدىن ياندى.

پادىشاھ چېدىرىنى تاغدىن يۆتكەپ چۈشۈپ تۈۋەنگە تىكتى. كېچىسى ئىسكەندەرنىڭ ھېكىمى بىلەن زابىلنىڭ بانۇسى كۆزەتچىلىككە چىقتى. نەسىم بارگاھى جەمشىدگە كەلدى. تۆت مىڭ تۆت يۈز قىرىق تۆت تەخت ـ سەندەل ئورۇندۇقلارنىڭ خالى تۇرغانلىقىنى كۆردى. غەزەپتىن ئۇنىڭ ئاتەش ئوتى يالقۇنلىدى.

نەسىم :

— ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەرجان جادۇنىڭ بېشىنى ئۇتقا تاشلىماي يانمايمەن، — دەپ، ئىسكەندەردىن دۇئا تەلەپ قىلدى. ئاندىن تاشقىرىغا چىقىپ بەرق فەرەڭنى چاقىرتىپ:

— مېنى ئۈچ كۈن كۈتۈڭلار، — دەپ كېتىپ قالدى.

ئۇ ئەتراپنى ئايلىنىپ ئاخىرى گېزەندە مەرجان جادۇنىڭ ئوردىسىغا باردى. مەرجان جادۇ مەرجان شاھ بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئولتۇرۇپ:

— تاڭلا سولاقتىكى باتۇرلارنى قەتلى قىلىمىز، — دېيىشتى. يەنە: «بېرىپ ئىسكەندەرنى ئېلىپ كېلىڭ ئوردىنى كۆيدۈرۈڭ» دەپ سۆزلىشىۋاتقان ئىدى دەۋران بوۋاي بۇ سۆزنى ئىشتىپ غەزەپلىنىپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى. جادۇ قوپۇپ تاغ تەرەپكە پەرۋاز قىلدى. نەسىم ھەم ئۇنىڭ قانىتىنىڭ سايىسىدا يوگۈرۈپ تاغقا يېتىپ باردى. مەرجان تاغقا يېتىپ بارغان ئىدى مولازىملار ئالدىغا چىقتى. مەرجان باغقا كىرىپ ئولتۇردى ۋە:

— تاڭلا بۇ خۇدا پەرەسلەرنى ئولتۇرۇپ بېشىنى مەيدانغا ئېسىڭلار، - دېگەن ئىدى جادۇلار خوش بولۇپ:

— بۇ خۇدا پەرەسلەرنى بېقىشتىن قۇتۇلدۇق، — دېيىشتى.

مۇھتەر نەسىم بىر تاشنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ نەپەسمۇ ئالماي تۇردى. تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشتى. جادۇلار ھەر بىرسى بىردىن خالى جايغا بېرىپ ئارام ئالدى. نەسىم دەۋران تاشقىرىغا چىقتى. بىر قېرى جادۇ باغنىڭ ئىشكىدە يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى ئۇنى بىھوش قىلىپ، بىر چەتكە ئېلىپ بېرىپ كىكىرتىكىنى سىققان ئىدى جان تەسلىم قىلدى. ئۇنى بىر يەرگە كۆمۈۋېتىپ، ئۆزىنى ئۇ قېرىنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ، ئۇنىڭ لىباسىنى كىيىپ، يوشۇرۇنىپ كېلىپ باغنىڭ ئىشىكىدە ياتتى.

تاڭ ئاتتى. مەرجان جادۇ تاشقىرىغا چىقىپ بۇۋايغا:
— مەن خۇداۋەندىنىڭ ئوردىسىغا بارىمەن. سەن بۇ يەردە مېنىڭ ئورنۇمدا ۋەكىلىم بولۇپ ئولتۇرغىن. باغنىڭ ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى ساڭا تاپشۇرىمەن. ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىككى يۈز جاللات ئەۋەتسەم، باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن، — دەپ قەغەزگە بىر ئىسىم پۈتۈپ نەسىمنىڭ قولىغا بەردى ۋە:
— بۇ ئىسىمنى ئوقۇساڭ، باغنىڭ قاراڭغۇلىقى بىر تەرەپ بولىدۇ. ئاندىن خۇدا پەرەسلەرنى كۆرىسەن، سەن ئۇلارغا مېنى مەلىكە بۇيرىدى، سىزلەرنى باغدىن ئېلىپ چىقىمەن دەپ جاللاتلارغا ئېلىپ چىقىپ بەرگىن، جاللاتلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى تاشلىسۇن. ئۆزەڭ جادۇلارنى ئېلىپ مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن، — دېدى.
بوۋاي ئاچقۇچنى ئالدى. مەرجان جادۇ مەرجانە شاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ پەرۋاز قىلىپ كەتتى. ئۇ ئوردىغا بېرىپ:
— ئىككى يۈز جاللاتنى ئەۋەتكىن. مېنىڭ شاگىرتىم ئۇ يەردە، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلەرنى دەپ قويدۇم، شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ، — دەپ مەرجان شاھقا ئەھۋالنى بايان قىلدى.
مەرجان شاھ شۇ سائەتتە ئىككى يۈز نەپەر سەردار جەۋاھىر قوراللار بىلەن قوراللىنىپ ئارغىماق ئاتلارغا مىنىپ راۋان بولدى.
ئۇ تەرەپتە دەرۋان بوۋاي، جادۇلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر تەرەپكە خىزمەتكە بۇيرۇپ، باغنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىسىمنى ئوقۇغان ئىدى باغ روشەن بولدى. باتۇرلار بىر - بىرىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ - سانا ئېيتتى.
ئابدۇلھېمىد:
— ئەي قېرى جادۇ، بۇگۈن ۋە ياكى تاڭلا بۇ تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى مۇھتەر نەسىم كېلىپ، سىنى ئوتتا كۆيدۇرىدۇ، — دېگەن ئىدى مۇھتەر نەسىم كۈلۈپ:

— شەھريار، مۆھتەر نەسىم كەلدى. پەرۋەردىگار خالىسا جادۇنى ئۇردىغا ئېلىپ بېرىپ ئىككى پاتمان گۆگگۇرت بىلەن قانداق ئوت قويارمەن، — دېدى. بۇرادەرلىرى نەسىمنى تۇتتى. نەسىم:

— سىزلەر بىر تەرەپتە تۇرۇڭلار. مەن مەجلىس ئاچىمەن. نېمىنى دېسەم شۇنداق قىلىڭلار، — دېگەن ئىدى ھەممىسى قوبۇل قىلدى. نەسىم چىقىپ جادۇلارغا:

— مەن بۇگۇن كېچە بەدەخشاندىن كېلىدىغان باتۇرلارغا زىياپەت قىلىپ بېرىمەن. ئىككى يۈز قىزنى ئۇلارغا ھەمرا قىلىپ بەرسەم مۇڭدىشىپ - ئىشرەت قىلىشسۇن. سىزلەر ئۇزۇڭلەرنى قىز سۈرىتىدە قىلىڭلار. بۇ باغدىكى قەسىرنىڭ ئىچىنى زىننەت بېرىڭلار. شاراپ، زاكوسكا، جاملارنى دەرھال تەييار قىلىڭلار. سىلەرنى ھەم مەقسەتلىرىڭلارغا يەتكۈزىمەن، — دېگەن ئىدى، جادۇلار بۇ ئىلتىپاتقا خوش بولۇپ تېرىسىگە سىغماي كەتتى.

ئۇلار قەسىرگە زىننەت بېرىپ، بەزىلىرى سازەندىلىككە مەشغۇل بولدى. يەنە بەزىلىرى ئۆزىنى سېھىر بىلەن بىر زىبا تەلئەت گۈزەل قىز قىلىپ بېزىدى. بۇنداق گۈزەل قىزنى ھېچقانداق كۆز كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

شۇ چاغدا بەدەخشاننىڭ ئۇلۇغلىرى يېتىپ كەلدى. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ باغقا ئېلىپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ:

— يەرگە چۈشسۇنگە، قۇللىرىغا بىر سائەت مېھمان بولسىلا، مەلىكە مېنىڭ سىزلەرگە خىزمەت قىلىشىمنى تاپشۇرغان ئىدى، — دېگەن ئىدى، ئۇلار پىيادە بولۇپ قەسىرگە داخىل بولدى. ئۇلار بۇ قەسىردە ئۇ ھۆرلەرنى كۆرۈپ دىلى ئىسىدىن چىقىپ كەتتى. بوۋاي ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ:

— بەلباغلىرىڭلارنى يېشىۋېتىپ، قىزلار بىلەن مەي

ئىچىپ ئەيش - ئىشرەتتە ئولتۇرۇڭلار، ھاۋا ئىسسىق راھەتلىنىپ ئولتۇرۇڭلار، - دېگەن ئىدى، ئۇلار كېيىملىرىنى سېلىپ كۆڭۈل ئىچىپ ئولتۇردى. نەسىم بۇلارنىڭ قوراللىرىنى جادۇلارغا بېرىپ، ئۆزى تاشقىرىغا چىقىپ، ھەممە كېنىزەكلەرنى سەردارلارنىڭ قېشىغا كىرگۈزگەن ئىدى. ھەر بىربەدەخشان باتۇرى بىردىن قىزنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەسىم قەسىردىن چۈشۈپ، تۆت يۈز باتۇرغا شەمشەر بېرىپ قەسىرگە كىرگۈزۈۋەتكەن ئىدى جاللاتلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن يەڭگىللەتتى.

بىر سائەتتە ئىككى يۈز سەردار، تۆت يۈز جادۇنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلار قەسىردىن چىقىپ، جاللادلارنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، پىيادىلەر بىلەن تاغ باغرىغا يېتىپ باردى. ئەمما نەچچە نەپەر جادۇ قېچىپ بېرىپ بۇ خەۋەرنى مەرجان شاھقا يەتكۈزدى. دەرۋەقە مەرجان شاھ ئەبدۇلقەھار دىۋنىڭ غارىغا كەتكەن ئىدى. مەرجان شاھ ئەبدۇلقەھار بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. شۇ چاغدا مەرجان شاھ بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلانلىرىدىن ياقۇت بىلەن ئالماسنى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىلاجىنى قىلماقچى بولدى. ئەمما مۇھتەر نەسىم ئىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ مۇڭگۈز زىۋانوكىنى ئوقياغا قويۇپ ئاتتى. زىۋانوكنىڭ ئاۋازى تاغ - باياۋانغا يەتتى. زىۋانوكنىڭ ئاۋازى بەرق فەرەڭنىڭ قولىقىغا يەتكەن ئىدى ئۇ:

سۇتتەك تولغان ئاي ۋاقتىدا كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ مەغلۇبىيەت
زۇۋالىنى سۈبھى قىلىپ يورۇتۇپ، ئىسكەندەرنىڭ غەلبىسى
يېقىنلاشتى، — دەپ ۋارقىرىدى.

باتۇرلار قوشۇنى بىلەن كەينى - كەينىدىن زىۋانوك ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. بەرق ئۆزىمۇ يېتىپ باردى.

ئىسكەندەر ھەم ھەۋەسلىنىپ ئاتقا مىنىپ ئاتلاندى. نىقابدارمۇ ئاتلاندى. شۇ چاغدا ئالماس بىلەن ياقۇتنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ جەڭ قىلدى. ئىسكەندەر بىلەن نىقابدار يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى ياقۇت بىلەن ئالماسنىڭ لەشكىرىگە ئۇردى. تۆركانىيلارغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولۇپ مەغلۇبىيەت ئۇلارغا بولدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى خۇشاللىق بىلەن بارگاھقا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر تەزىم قىلىپ شۇكرانە رەھمىتىنى ئېيتتى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەسىم، سەن ئوردىدا بولمىساڭ بولمايدىكەن، سەن ئوردىدا بولمىغانلىقىڭ ئۈچۈن تولا تەڭلىك تارتتۇق، — دېگەن ئىدى نەسىم:

— ساھىبقىران، ئەگەر سەن ھەممە ئىشقا باش بولساڭ، نېمە ئۈچۈن نەۋكەرىڭگە دىنار بەرمەيسەن، ئەگەر مەن مۇھتاجلىق بولمىسام نېمە ئۈچۈن ئۇ ئازغۇنلارنىڭ شەھرىگە بېرىپ تۇتۇلۇشقا رازى بولىمەن. ئالتە ئاي قەپەزدە ياتتىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي بوۋا، ھېلىقى ئۈچ نىقابدارنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىساڭ. بىزگە خەۋەر بەرگىن. ساڭا ئون ئىككى مىڭ تۈمەن بېرىمەن، — دېگەن ئىدى نەسىم سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئالتە ئاي قەپەزدە ياتتىم، پىقىرلىق سەۋەبىدىن نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ساقىلىنى چۇشۇردۇم. يەنە بۇتخانىلارنى تالان — تاراج قىلدىم، دۆلەرنىڭ گەدەنلىرىدىن تەۋ قلارنى① ئالدىم. پادىشاھلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ يالىڭاچ قويدۇم. زىياپەتلەردە سورۇن ئىگىسى بولدۇم، لېكىن مۇلازىملىرىنىڭ ئالتە ئايلىق قەرزى تېخى كەردىنىمدە تۇرۇپتۇ. ئۇلارغا ئىككى

---

①تەۋق — مارجان، مۇنچاق، بويۇنغا ئاسىدىغان باغ، گۇناھكارلارنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان ھالقا.

يۈز تۈمەن قەرزنى بېرىمەن ـ دېگەن ئىدى بۆرادەرلىرى كۆلۈپ كەتتى. نەسىم نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. لېكىن نەسىم نىقابدارلارنىڭ ئوردىسىغا بارغاندا نىقابدار ئۆز دىيارىغا قايتىپ كېتىپ قالغان ئىكەن. نەسىم كېلىپ ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلغان ئىدى ئىسكەندەر پەرىشان بولدى. چۈنكى ئۇ باتۇرلار جادۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئىسكەندەر:

— مەرجان جادۇنى كىم ئېلىپ كېلىپ ئوتتا كۆيدۈرسە، ھەر بىرىمىز بىر مىڭ تۈمەندىن بېرەيلى، — دېگەن ئىدى، ئەتراپىتىكىلەر بۇ قارارغا ماقۇل بولدى. نەسىم ھەم قوبۇل قىلدى.

ئۇ تەرەپتە مەرجان شاھ پەرىشان بولۇپ ئولتۇرغان ئىدى مەرجانە جادۇ كەلدى. قالغان جادۇلاردىن خەۋەر يوق ئىدى. سۆزلىشىشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئەھۋال سورىدى. مەرجان شاھ ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ قوتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، جادۇلارنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، سەردارلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلىپ:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى نەسىم ئەيياردىن بولغان، — دېدى. مەرجان جادۇنىڭ كۆڭلى تەشۋىشلىنىپ:

— نەسىمنى بېسىپ چۈشمىسەم ئارام ئالمايمەن، — دەپ قەسەم قىلىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇ قوش سۆرىتىدە بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. دەرۋەقە نەسىم، بارگاھنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، جادۇگەرنىڭ ئىشنى سۆزلەۋاتاتتى مەرجان نەسىمنى تۇنۇپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ نەسىمنى ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، نەسىمنى تۇتتۇم، ئېلىپ بېرىپ ئوتتا پۇچۇلايمەن، — دەپ كەتتى. مەرجان جادۇ نەسىمنى ئېلىپ ئەبدۇلقەھارنىڭ غارىغا ئېلىپ بېرىپ يەردە قويدى. ئەبدۇلقەھار:

— بۇ كىم؟ - دەپ سورىغان ئىدى. مەرجان:
— بۇ، نەسىم ئەييار دېگەن شۇ، دىۋە بىلەن جادۇلارنىڭ دۈشمىنى، — دېدى. ئابدۇلقەھار كۈلۈپ:
— ئەي كۈچۈكۈم، ئەگەر بۇ كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممىسى پولات بىلەن ئالتۇن بولسىمۇ، مېنىڭ بىر تال مويۇمنى كەم قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ پوت - قولىنى يېشىڭلار مەن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن، سەن تاماشا قىلغىن، — دېدى. مەرجان:
— سەن ئۆز جېنىڭغا ۋە ماڭىمۇ دۈشمەن ئىكەنسەن، — دېگەن ئىدى ئەبدۇلقاھار ئالدىغا كېلىپ نەسىمنى يېشىپ:
— ئەي ئادىمىزات، كەلگىن، مەن بىلەن جەڭ قىلغىن، — دېدى. نەسىم دىۋىنىڭ پۇتىنى ئۆپۈپ تۇرۇپ:
— ئەي دىۋىلەرنىڭ پادىشاھى، سېنىڭ بېشىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە قۇشقاچنىمۇ ئۆلتۈرۈپ باقمىغانمەن، — ئۆزگىلەر يالغان ئېيتىپتۇ دىۋە بىلەن جادۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋەت لازىم. مەن قايسى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن دىۋە بىلەن جادۇلارنى ئۆلتۈرىمەن. مەن بىر ناخشا - ئېيتىپ ساز چالغۇچى سەنئەتكار بولىمەن. مەن نەسىم ئەييار ئەمەس. مەن ئادەتتىكى بىر كىشى، — دېگەن ئىدى. دىۋە:
— ئۇزۇن مۇددەت بولۇپتۇ. غاردىن تاشقىرىغا چىقماي دىلىم تولا تەڭ بولۇپتۇ. مەن ئۈچۈن بىر ئاز غەزەلخانلىق قىلغىن، — دېگەن ئىدى، بوۋاي يەتتە تارلىق سازنى ئېلىپ شۇنداق چالغان ئىدى. ئەبدۇلقەھارنىڭ ھالى باشقىچە بولۇپ، خۇددى تاشلار تاغدىن يەرگە چۈشكەندەك بولدى. نەسىم مۇشۇنداق تەرتىپ بىلەن چالدى. ئەمما مەرجان جادۇ بوگۈن كېچە، دىۋىلەر ئۇخلىغاندا نەسىمنى، — كۆيدۈرىمەن دېگەن خىيالدا ئىدى. ئەگەر دىۋىلەر ئۇخلاپ قالسا، نەسىمنىڭ ئۆزىنى

ئۇنقا تاشلايدىغانلىقى نەسىمگىمۇ ئاپتاپتەك روشەن ئىدى. نەسىم:

— پادىشاھىم، مېنىڭ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى. دىۋە:

— قورسىقىڭ ئاچقان بولسا، بولۇڭدا ھەر خىل تائاملار تەييار، قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنى يېگىن، — دېدى. نەسىم غارغا كىرىپ گۈللۈك رەختىن قىلىنغان داستىخاننى ئاچتى. ئۇنىڭدا تۈرلۈك تائاملار بار ئىكەن. نەسىم تائامغا بىھوش دورىسىنى ئارلاشتۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ قولىنى يۇيدى. كەچ بولدى. دىۋە داستىخاننى ئېلىپ چىقىپ تائام يېيىش ئۈچۈن يايدى. مەرجانغا:

— ئەي مەھبۇبەم، ماڭا زىياپەتچىلىك قىلىڭ. بىللە يەيلى، — دېگەن ئىدى مەرجان يىمەكلىككە باھانە قىلىپ، رەھمەت سىز يەڭ مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى. نەسىم:

— مەلىكە، سىزدىن تەكەللۇپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مەلىكىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە جاھاندا سىزدىن باشقا جانانىسى يوق، — دەپ شوقلۇق بىلەن مەرجاننىڭ قولىنى تائامغا تارتىپ، مەرجاننى تائامنىڭ قېشىدا ئولتۇرغۇزدى. مەرجان نەسىمنىڭ يالۋۇرۇشى بىلەن نازكەشلىنىپ بىر ئاز تائام يېدى. بىر ئازدىن كېيىن مەرجان تائامدا بىھوش دورىسى بارلىقىنى بىلىپ، ئىسمى ئەزەم[1] نى ئوقۇپ ئۆزىگە دەممە قىلىپ يەردىن كۆتۈرۈلدى. نەسىم:

— مەلىكىنىڭ سىزدىن دىلى لال بوپتۇ. سىزنى بۇ يەردە ئولتۇرسۇن، — دەيدۇ، دەپ نەسىم جادۇنى بويىنىغا سىرتماق تاشلاپ، ئالدىغا تارتقان ئىدى. جادۇ سىرتماققا چۈشۈپ بىھوش

---

① ئىسمى ئەزەم – ئۇلۇغلارنىڭ نامى بىلەن ئوقۇلىدىغان دۇرۇد.

بولدى. دىۋە ھەرىكەتلەنگەن ئىدى. ئۇمۇ بىھوش بولدى. نەسىم جادۇنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن باغلاپ قويدى. دىۋىنىڭ بويىنىدىكى چەمبەرەكتىن تۇتۇپ تاشقىرىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. يەنە غارغا كىرىپ شامنى ياندۇرۇپ نۇرغۇن، ئالتۇن - جاۋاھىرلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بوۋاي تاشقىرىغا چىقىپ غارنىڭ ئىشىكىنى تاش دۆۋىلەپ مەھكەم ئەتتى. ئوتۇن يىغىپ ئوت يېقىپ دىۋىنى ئوتقا تاشلىدى. مەرجان جادۇ ھالسىز ھالدا كەلگەن ئىدى دىمىقىغا بىھوش دورىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ بېرىپ، گۇلدەستىگە پۈركۈپ ئۈستىگە يۇدۇپ، يېرىم كېچىدە ئوردىغا ئېلىپ كەلدى.

ئوردا ئۇلۇغلىرى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، نەسىمگە ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى بەردى. مەرجاننى تاغ باغرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىككى پاتمان پارتلاتقۇچ دورىنى مەقئەد يولىغا تاياق بىلەن ئىتىرىپ، قورسىقىغىچە تىقىپ، قورسىقىنى پارتلاتقۇچ دورىسى بىلەن تولدۇرۇپ، مەقئەد يولىدىكى پىلتىغا ئوت ياققان ئىدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئوت مەقئەد ۋە ئاغزىدىن چىقىشقا باشلىدى. جادۇنىڭ مەقئەد ۋە ئاغزىدىن ئوت چىقىپ، دورا پارتلاپ جادۇنى ھاۋاغا ئېلىپ چىقىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى.

خالايىق «بۇ قانداق ئوتتۇ» دەپ ھەيران قالدى. شۇ چاغدا نەسىم غەلىبە خەۋىرىنى يۇقىرى ئاۋازدا جاكارلىدى. بەلاشۇر ئوردىغا كېلىپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي خۇداۋەند مەرجان جادۇنى نەسىم ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، ئەبدۇلقەھھار دىۋىنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. ئوت تاغقا كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۇ ئەبدۇلقاھار دىۋىنى كۆيدۈرگەن ئوت ئىكەن، — دەپ پەرىشان بولغان ئىدى. مەرجان شاھمۇ چوڭقۇر ئاھ ئۇردى. قەيتاس بىلەن قەيھاسقا بۇ خەۋەر يەتكەن ئىدى ئۇلار مەرجان شاھنىڭ قېشىغا كېلىپ دىلدارلىق قىلدى. ۋە شۇ زامان دۇمبىقىنى چالدى. ئەتىسى يەتتە ئىقلىمنىڭ

پادشاھى ئىسكەندەر ئارستوننىڭ سۆزى بىلەن تەختتىن چۈشۈپ ئېتىنى مىندى ۋە:
— ئەي باتۇرلار، بۈگۈن شۇنداق كۈنكى، ئۆتكەن قېتىمقى ئىنتىقامنى ئازغۇنلاردىن ئېلىڭلار، ھازىرغىچە ئۇ جادۇنىڭ سەۋەبىدىن بىزنى نەس باسقان ئىدى. ھازىر نەسىمنىڭ دۆلىتىدىن جادۇلار ئۆلدى، — دېدى.
ئۇ تەرەپتە قەيھاس بىلەن قەيياس مەيدانغا كىرىپ ۋارقىرىغان ئىدى فەرھەڭ بىلەن مۇھەممەد شىرزاد:
— شەھريار، قەيھاس بىلەن قەيتاسنىڭ مەيدانىنى بىزگە قويۇپ بەرسىڭىز ئامالىنى بىز قىلساق، — دەپ ئەرز قىلغان ئىدى ئىسكەندەر:
— ھېكىم، قەيھاس بىلەن قەيتاس تىلسىملىق، ئۇلارنىڭ تىلسىمى ئىسكەندەرنىڭ قولىدا، ئۇ مېنىڭ ئەۋلادىمنىڭ قولىدا سۇنۇدۇ، — دەپ ئابدۇلھېمىدنى:
— قەيتاسنىڭ ئالدىغا بارسۇن، — دەپ بۇيرۇپ ئۆزى قەيھاس تەرەپكە باردى. فەرھەڭ دىۋزادنى زەنگىلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرىدى. مۇھەممەد شىرزاد بىلەن ئەمىرخاننى ئادىلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرىدى. ئىسھاق بىن ئەلۋەسنى تۇر باتۇر، ۋە سام جەندە پۇشنى ياقۇت ئىبىن مەرجان شاھنىڭ ئالدىغا بېرىشقا پەرمان قىلدى. فەروز ئەلجانان، بەھزاد دىۋزاد، خىسرەۋ گۈلرىز، ئەزەنفەر قاتارلىق بۇرادەر زادىلەرنى ئەمىرخان رۇستەم بىلەن ئەفراسيابنىڭ ئالدىغا، سەئىدان دىۋزاد بىلەن فەرىدۇن شاھنى مەرجان شاھنىڭ ئالدىغا بۇيرىدى. غايەت زور لەشكەرلەر قوزغۇلۇپ جەڭ قاينىمى ئۆلغايدى. ئۇ ياۋۇزلارنىڭ سېپى بۇزۇلدى. ئۇ كۈنى يۈز مىڭ ياۋۇز ھالاك بولدى. قالغانلىرى قېچىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن زەنگىلەر مەغلۇپ بولۇپ قىرىق مىڭ زەنگى تىرىك تۇتۇلدى. قالغانلىرى يارىدار بولۇپ قېچىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە باتۇرلار ياقۇت ، ئالماس ۋە مەرجان شاھنىڭ ئابدۇلھېمىد بىلەن بىرلىكتە كۈن ئولتۇرغىچە ئۇ ئىككى زەنگى بىلەن تۇتۇشتى. كۈن ئولتۇرغاندا، ئىسكەندەر پەرۋەردىگارنىڭ مىڭ بىر ئىسمىنى ياد قىلىپ شەمشەر بىلەن زەنگىلەرنىڭ قورسىقىنى ياردى. ئابدۇلھېمىد كۈنىنىڭ ئاخىرىدا شەمشەر بىلەن ئۇ زەنگىنىڭ پۇتىغا چېپىپ يىقىتتى. شەمشەر بىلەن بېشىغا ئۇرغان ئىدى. مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى. جېنىنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. ئىسكەندەر ئابدۇلھېمىد بىلەن مەيداندىن چىقتى. باتۇرلار جەڭدىن قايتىپ كېلىپ، ساھىبقىران ئالدىدا باش قويۇپ ئايىقىغا يىقىلدى. ساھىبقىران ھەممىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ھەممىسىگە زىياپەت بەردى.

ئۇ تەرەپتە مەرجان شاھ بارگاھقا كېلىپ ئۇلۇغلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلغان ئىدى مەسلىھەتى پىشمىدى. مەرجان شاھ قوپۇپ خىلۋەتخانىگە كىرىپ بەھۇزۇر ئوسۇرۇپ ئارام ئالدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەر تەرەپتىن مۇسەخخەر قىلىنغاچقا، كۆڭۈل ئىزھارى دۇئاسىنى ئوقۇغان ئىدى بىر جىنى ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇ:

ئەي پادشاھ، جىنلار بۈگۈن كېچە ئىسكەندەرنى مېنىڭ ئۈچۈن پالان تاغدىكى بىر تۇپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ يەردە بىر بۇلاق بار ئۇنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارساڭلار مەن ئىسكەندەرنى پەرزەندلىرىم بىلەن بېرىپ شۇ يەردە پەرمانىمدىن ئۆتكۈزەي، ئىسكەندەرنى مەن ئېيتقاندەك قىلساڭلار، — دېگەن ئىدى جىنلارنىڭ تۆت پادشاھى قوبۇل قىلىپ تاشقىرىغا چىقتى.

ئۇ تەرەپتە ئارستو:

. بۈگۈن كېچىدىن ئەتىگىچە ئىسكەندەرگە زور قىرغىنچىلىقنىڭ ئېھتىمالى بار، ئەييارلار ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئوبدان خەۋەردار بولۇڭلار، — دەپ بىشارەت بەردى. نەسىم، ساھىبقىراننى ئېلىپ ئۆزىنىڭ چېدىرىغا كېلىپ

چىدىرنىڭ ئىچىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بىر قۇدۇق قېزىپ، ئەتراپىغا تەخت قويىدى، ئۆزى بەرق فەرەڭى بىلەن چىدىرنىڭ ئىچىدە قالغان ئەييارلار چىدىرنىڭ تېشىغا ئورۇنلاشتى. كېچىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئۆتكەندە جىنلار كەلدى. ئەييارلارنى ئەپسۇن ئوقۇپ بىھوش قىلىپ ئىسكەندەرنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ دەرەخنىڭ ئاستىغا ئەكىلىپ، مەرجان شاھ دېگەن جايدا قويىدى.

تاڭ ئاتتى. باتۇرلار چىدىرغا كەلدى. نەسىمنىڭ چىدىردا يەتمىش ئەييار بىلەن بىھوش ياتقانلىقنى كۆردى. ئارستو، ئىسكەندەرنى جىنلار ئېلىپ كەتكەنلىكىنى؛ جىنلار ئەييارلارغا ئەفسۇن ئوقۇغانلىقنى بىلىپ، ئۇمۇ ئىسىم ئەزەمنى ئوقۇپ ئەييارلارغا دەمىدە قىلغان ئىدى ئەييارلار ھوشىغا كېلىپ قوپتى. نەسىم پەرياد ـ پىغان قىلغان ئىدى، ئارستو:

— پەرياد قىلىپ يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق. ئىسكەندەر ئۆلارنىڭ ئىشىنى خوپ كۆرمىسىلا بولغىنى شۇ، — دېگەن ئىدى، نەسىم ئوردىنى دىۋانىلاردەك يەتتە قېتىم ئايلىنىپ قانات قىلىۋىدى يۈزى ئەشۇ ئازغۇنلار تەرەپكە قارىدى. ئۇ تەرەپتە كۈن چىقىدىغان ۋاقىتتا مەرجان شاھ ئوغلانلىرى، ئەتارود ۋەزىر قاتارلىق بىر قانچە سەردارلىرى بىلەن تاغدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى. جىنلار ئىسكەندەرنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— مېنى بۇ ماكانغا كىم ئېلىپ كەلدى؟ — دېگەن ئىدى، جىنلار:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن تامام ئالەمنى خاراپ قىلدىڭ. ئەمدى خۇداۋەند بىلەن جەڭ قىلىنغىلى كەلگەن ئىكەنسەن. بىز سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى.

ئىسكەندەر:

— سىزلەر ئادىمىزاتقا ئوخشايدىكەنسىزلەر، ئەمما ئەقىلسىز ئىكەنسىزلەر، خۇداۋەند دېگەن ھەممە جايدىن ئاگاھ

بولۇش لازىم. ھازىر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى نېمە دەپ بىلىسىلەر؟ — دېگەن ئىدى، جىنلار:

— بىز سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن باشقىسىنى پەيغەمبەر دەپ بىلمەيمىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىزدە بىر بەدنىيەت ئازغۇن بار ئىدى. ئۇ دائىم خۇدالىق داۋاسى قىلاتتى. ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇ ئازغۇننىڭ پەيغەمبىرى ئىدى. خۇدا دېگەن مۇقەددەستۇر مەڭگۈلۈكتۇر. ئۇ زاۋال تاپمايدۇ، — دېگەن ئىدى. يەنە مەرجان شاھ خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسىدۇر، — دېگەن ئىدى جىنلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ راست ئېيتقانلىقىنى بىلدى. ئەتارود ۋەزىرمۇ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى. مەرجان شاھ ۋەزىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەبلەندى. ئەتارود ئەگەر بۇ يەردىن تىرىك ئوردىغا بارسام مېنى ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ بىلىپ، جىنلارغا قاراپ:

— ئەي جىنلار، سىزلەر باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدۇڭلار. بۇ گۇمان خالايىقنىڭ دىلىدىن چىقىپ كەتسۇن، ئەي جىنلارنىڭ پادشاھى ئاۋۋال ئىسكەندەرنى ئۇ دەرەخكە باغلاڭلار. مەرجان شاھ ئوق ئاتسۇن. ئەگەر ئىسكەندەرگە ئوق ئۆتسە مەرجان شاھ بەرھەقدۇر. ئەگەر كار قىلمىسا، ئىسكەندەرنىڭ تەڭرىسى بەرھەقتۇر، ئاندىن كېيىن مەرجان شاھنى دەرەخكە باغلىساڭلار ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ئوق ئاتسۇن ئوق ئۆتسە ئىسكەندەرنىڭ تەڭرىسى راست، — دېگەن ئىدى جىنلارنىڭ پادشاھلىرى قوبۇل قىلدى.

ئىسكەندەرنى دەرەخكە باغلىدى. مەرجان شاھ ئۈچ تال ئوق ئاتقان ئىدى. ئىسكەندەرگە پەقەت تەسىر قىلمىدى. جىنلار ئىسكەندەرنى دەرەختىن بوشۇتۇپ پۈتىغا سۆيدى. ئاندىن مەرجان شاھنى تۇتۇپ دەرەخكە باغلاپ ئوقيانى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا بەردى.

مەرجان شاھنىڭ ئۇلۇغلىرى:
— ئەگەر سەن خۇدا بولساڭ، ئوق ئۇتمەسلىككە تەقدىر قىلغىن، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مەرجان شاھنىڭ ئەقلى ھوشى كاللىسىدىن كەتتى. ئىسكەندەر بىر تال ئوق ئېتىپ مەرجان شاھنى دەرەخكە مىقلاپ قويدى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر مەرجان شاھنىڭ پەرزەنتلىرىگە قاراپ:
— ئەمدى پەرۋەردىگارنى تونىدىڭلارمۇ، ياكى سىلەرگە تونىتىمەنمۇ، — دېدى.
بۇ ئەھۋالدا مۇھەر نەسىم يېقىن كېلىپ:
— ئەي ساھىبقىران، قورقمىغىن. مەن كەلدىم، — دېگەن ئىدى، ساھىبقىران كۈلۈپ كەتتى ۋە:
— ئەي جان بوۋا، كەلگىن ئەمدى بۇلارنى كۆرگىن، ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ يېگانە ئىكەنلىكىگە چىن پۈتۈپتىمۇ، - دېدى.
نەسىم خەنجەرنى ئېلىپ ئالدىغا بېرىپ:
— ئەي بەدەخشاننىڭ باتۇرلىرى پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلدىڭلار. ئەمدى نېمە دەيسىلەر، — دېگەن ئىدى ئالدى بىلەن جىننىڭ پادىشاھلىرى ئىمان ئېيتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. ئاندىن كېيىن ياقۇت، ئالماس ، رۇستەم، ئەفراسىياب ئىسفەندىيار، مۇرىخ، بەھمەن، رۇھەل، بەھراملار ئېتىقادىنى توغرىلىدى. نەسىم تاغ تەرەپكە بېرىپ زىۋانوكنى چىقىرىتىپ چالغان ئىدى ئاۋازى جەزىرە ۋە تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئارستو بۇنى ئىشتىپ خۇشاللىقىدىن كۇلاھىنى ئاسمانغا ئاتتى ۋە ئېتىغا مىنىپ زىۋانوك ساداسى ئاڭلانغان تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇردا ئەھلىدىن چوڭ - كىچىك ئاتلىق پىيادىلەر ئارستونىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بەدەخشانلىق تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. شۇ ئەسنادا ئارستو يېتىپ كېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا

يىقىلدى. ئاندىن كېيىن ئابدۇلھېمىد بىلەن مۇھەممەد شىرزاد ئەمىرخان قاتارلىق باتۇرلار "پۇش - پۇش" دەپ تاغدىكى قەلئەگە كېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. شەھەر خەلقى، نېمە ۋەقە بولغاندۇ، ھەممە تاغدىكى قەلئەگە كېتىپ بارىدۇ، دېيىشىپ ھەيرەتتە قالدى. ئۇ تەرەپتە ساھىبقىران بەدەخشاننىڭ پادىشاھلىقىنى ياقۇت شاھنىڭ ئىلكىگە تاپشۇردى. ياقۇت شاھ:

— پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدىن كەتمەي خىزمەتكارلىقلىرىنى قىلسام، پەرماندارلىقىنى بۇرادەرلىرىمگە تەيىن قىلغان بولسىلا، — دەپ ئەرز قىلغان ئىدى ساھىبقىراننىڭ پەرمانى بىلەن ئالماس بەدەخشاننىڭ پادىشاھى بولدى. ئىسكەندەر جىنلارنىڭ پادىشاھىغا تولا مېھرىبانلىقلارنى قىلدى. جىنلارنىڭ پادشاھى ھەم ئىسكەندەرگە:

— ھەر ۋاقىت خالىسىڭىز، جىنلار ھازىر بولسۇن، — دەپ نىشان بەردى. ئىسكەندەر جىنلارنىڭ پادشاھىغا رۇخسەت بەرگەن ئىدى ئۇز ماكانىغا كەتتى. ئىسكەندەر تاغدىن چۈشۈپ بەدەخشاننىڭ سەردارلىرى بىلەن ئوردىغا داخىل بولۇپ بىر كېچە كۈندۈز زىياپەتتە ئولتۇردى. بەدەخشان سەردارلىرىغا شاھانە تون بېرىپ ئۇلارنى شەھەرگە ئەۋەتتى. ياقۇت شاھ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا قالدى. ئالماس شاھ ئۆز شەھىرىدە شەھەر خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلاشقا دەۋەت قىلدى. ھەممە خالايىق مەرجان مەلئۇننىڭ مەبۇدىنى دىلىدىن چىقىرىپ ئىسكەندەرنىڭ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. شەھەردە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ساھىبقىراننى تەكلىپ قىلدى. ساھىبقىران ئاتقا مىنىپ شەھەرگە داخىل بولدى. مەرجان شاھنىڭ بارگاھىدا ئارام ئالدى. ئۇلۇغلار خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىغا باغلاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېھماندارلىق قىلدى. ئىسكەندەر ھەم مەرجان شاھنىڭ خوتۇن بالىلىرىغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. ئۇلار ھەم كەلىمە ئېيتىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ياقۇت شاھ:

— ئۈچ كىچە - كۈندۈز بۇرادەرلىرىمگە مېھمان بولدىڭلار. ئەمدى يەنە يەتتە كېچە - كۈندۈز پېقىر قۇللىرىغا مېھمان بولسىلا، — دەپ جەننەتكە بارساق، ئۇ جاي بەك ھاۋالىق ھەم ئازادە دەپ ئەرز قىلغان ئىدى ساھىبقىران ھەم جەننەتنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئون ئىككى مىڭ باتۇر بىلەن ھۆكما ۋە ئەييارلار بىھىشتى - ئىرەم باغقا داخىل بولدى. ساھىبقىران ئاجايىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى جايىدا تاماشا قىلدى. بەزىسى سىھىرنىڭ ئەسىرىدىن ۋە بەزىسى ھەقىقىي ئۆزىدىن ئىدى. ئون ئىككى مىڭ ھۆر قىز ھەر بىرسى گۈزەل مەست خوش خۇمالىق ئىدى. بىھىش - ئىرەمنىڭ ئەتراپى تىللا ۋە جاۋاھىردىن ئىدى. ئىرەم باغىنىڭ ھۆرلىرى تىللا ۋە جەۋاھىرلاردەك پاكىزە تەلئەتلىك ئىدى. ئىرەم باغىنىڭ چوڭلىقى تۆت فەرسەڭ ئەتراپىدا ئىدى.

تۆت فەرسەڭنىڭ ئىچىدە قەسىرلەر بار ئىدى. ساھىبقىران قەسىردە ئارام ئالدى. يەتتە كېچە - كۈندۈز ۋاقىت ئەيشى - ئىشارەت بىلەن ئۆتتى. نەسىم مۇنداق ھۆزۈر جايىنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ سەمىگە:

— ئەگەر ئىجازەت بولسا، مەرجان شاھنىڭ قىزى زىبى جاھاننى سىزگە توي قىلساق، ئەتارودنىڭ قىزىمۇ زىبى جاھاندىن كەم ئەمەس ئىكەن، ئۇنى ئابدۇلھېمىدقا توي قىلساق قالغانلىرىنى ھەر بىر باتۇرغا بىردىن جۈپ قىلساق، — دەپ ئەرز قىلغان ئىدى. ساھىبقىران كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي بوۋا، ھەر قانداق ئىش قىلسىڭىز، بىز ماقۇل كۆرىمىز، — دېدى. ئىسكەندەردىن ئون ئىككى مىڭ تۈمەنگە بىر ئات ئېلىپ، زىبى جاھاننى ئىسكەندەرگە ساتتى. ئابدۇلھېمىد تۆت مىڭ تۈمەن، باشقا باتۇرلاردىن ھەر بىرسىدىن مىڭ تۈمەن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ توينى قىلدى.

ئەللىك ھۆرنى ئەييارلارغا نىكاھلاپ بەردى. شۇ چاغدا

بەلاشور بارگاھتا پەيدا بولدى. بۇۋاي ئۇنىڭ يۈزىگە سۆيۈپ:

— قەيەردە ئىدىڭ؟ — دېگەن ئىدى. بەلاشور:

— نەچچە كۈن بولدى. خۇداۋەندىنىڭ دۆلىتى، بىر بەندىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كەلدىم. ئاندىن كېيىن ئالدىلىرىغا كەلدىم، — دېدى. نەسىم:

— ئۇ دۆلەت قانداق قىلىپ قولۇڭغا كەلدى، — دېگەن ئىدى بەلاشور:

ئەبدۇلقەھارنىڭ غارىغا بارغان ئىدىم. ئۇنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. غارنىڭ ئىشىكىنى تاش بىلەن ئېتىپ مۆھۈر بېسىپ قويغان ئىكەن، — دېدى. نەسىم قولى بىلەن بەلاشورنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ:

— ئەي بەدبەخ، ناھايىتى ياخشى دۆلەتنى قولغا كەلتۈرۈپسىز. ئەسلىدە مەن ئەبدۇلقاھار دىۋنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، ماللىرىنى كۆرۈپ ھېساپلاپ، ئىشىككە تاش دۆۋىلەپ ئېتىپ مۆھۈر بېسىپ قويغان تۇرسام، مېنىڭ مېلىمنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كېتىسەن، — دېگەن ئىدى. بەلاشور:

— مەن بىلمەيمەن، ئەگەر مېنى قىما - چىما قىلىۋەتسىمۇ بىر دىنارنىمۇ بەرمەيمەن، دەرھال ھېساۋىنى قىلىپ كۆرسەتكىن، ھەممىسى قانچىلىك بولىدۇ. ساڭا نەۋكەر بولىمەن. ھەر ئايلىق ۋەزىپەمنى ھېساپلاپ، نەچچە يىللىق ھېسابىنى قىلغىن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي قېرى بەدبەخ، مەن بەدەخشاندىن نەۋكەر ئالمايمەن، — دېگەن ئىدى بەلاشور:

— مەنمۇ خىزمەت قىلمايمەن. دەپ بېرىپ بەرق فەرەڭنىڭ قولىنى سۆيۈپ، بەرق فەرەڭنىڭ مۇلازىم بولدى. نەسىم:

— مېنىڭ ماللىرىمنى دەرھال كەلتۈر، — دېگەن ئىدى بەلاشور كۈلۈپ:

— نەسىم بوۋا، مەنكــــى بەندە ئۇنداق ئوغرىلاردىن ئەمەسمەن، — دېدى. يەنە بىرى شوكى، بۇ تاغلار مېنىڭ، سېنىڭ ۋىلايىتىڭ ئەرەبىستاندۇر. بەدەخشان مېنىڭ جايىم، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ نەسىمنىڭ غەزەپ قازىنى قايناپ تاشتى. ئىسكەندەر بىلەن بۇرادەرلەر كۈلۈۋېدى، نەسىمنىڭ غەزىپى تېشىپ نەچچە ئايلىنىپ كەتتى. بەلاشۇر:

— جان بوۋا، ئەرزىمەيدۇ. بۇلار ھەم بەندە، مەن بىلەن سىزمۇ ئوخشاششلا بەندە بىر سەپتەدۇرمىز. بۇگۈن مەن بەندە ئابرويۇمنى تۆكتۈم. شۇنى بىلگىنكى، مېنىڭ بىر قىزىم بار. ئۇ يالغۇز بىر قىز. ھەم سۆزۈك، كۆكســى يۇمران ھەم دومبىلاق، شەھلا يۈزى بەئەينى جاھان نۇرىدىن بىــشارەت بېرىدۇ. ئۇنىڭدەكتىن يەنە بىرسىنىڭ بولۇشىنى ئىلاھدىن باشقا ھېچقانداق بەندە كۆرمىگەندۇ ياكى بىلمەيدۇ. ئۇنى كۆرگەنلەرلا ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. چىلىشىش ۋە ئېلىشىش بۇلاقلىرىدا يۈز مەجنۇننى ھەسرەت دىغىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. زىبالىق قەدىمى يۇمران كۆكسىنى جىلۋىلەندۇرۇپ يۈز فەرھاتنى يەرگە يىقىتىدۇ. يۇسۇف قەسرىنى زىندان كامىرىغا ئايلاندۇرىدۇ، — دەپ تەرىپلىگەن ئىدى، نەسىــم كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بولۇپ قالدى ۋە:

— ئەي بەلاشۇر، ئىككىمىز ھەمكارلىشايلى، سەن جىن قىزىڭنىڭ تەرىپىنى كۆپ قىلدىڭ. ياتلارغا بەرسەڭ ئۇنىــڭ قەددىرىنى بىلمەيدۇ. ھەر قانداق نەرسىنى خالىساڭ، مەندىن ئالغىن قىزىڭنى ماڭا بەرگىن، — دېدى. بەلاشۇر:

— ئەي نەسىم، تولا يېلىنىپ كەتتىڭ. مەن سۆزۈمنىڭ ھەممىنى قىلدىم. قىز مەن دېگەن يەرگە كېلىدۇ. ئاخىرى مەن شۇ يەرگە بارىمەن. مالنىڭ ھەممىسنى ئەبدۇلقەھارنىڭ غارىدىن ئالغان تىللا بىلەن جاۋاھىرنى جاھان زىبانىڭ جابدۇقىغا خىراج قىلدىم، لېكىن تېخى ئاز كەلدى، — دېگەن ئىدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئىشتىپ، خۇشال بولۇپ بەلاشۇرنىڭ چاپىنىنىــڭ پېشىنى تۇتۇپ قىزغا خالاپ - خالىماي دېگەندەك ئەقــدە

باغلىدى. بەلاشۇر قىزىنى نەسىمنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ھەممە باتۇرلار قىرىق كېچە - كۈندۈز بېھىش ئېرەم باغدا ئەيش - ئىشارەت قىلدى. ئاندىن كېيىن شەھەرگە كەلدى. قىزلارنى ئاتىسىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئىسكەندەر بىر مەزگىل بەدەخشان شەھىرىدە تۇردى. ئاندىن كېيىن تەكاۋەندىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. زابىلىستان بانۇمى:

— شەھريار، ئەلۋەتتە بەلەخ شەھرىگە بېرىپ سەبۇكتىكىن [82] نى ئىتائىتىڭىزگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن باشقا مەملىكەتلەرگە بارسىڭىزمۇ بولار، — دېگەن ئىدى ساھىبقىران: ئالدى بىلەن سەبۇكتىكىننىڭ قولىغا ھالقا سالسام، بولغىدەك، — دەپ نەۋفىلگە:

— شاھ بارگاھىنى تەكاۋەندىگە ئېلىپ بارغىن، — دەپ پەرمان قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## ئەللىكىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ تەكاۋەندىگە بېرىپ، خىسرەۋخان تەكاۋەندى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى بەدەخشاننى غەلىبە بىلەن ئالغاندىن كېيىن شاھ بارگاھىنى ئون ئىككى مىڭ نەيزەۋاز ئەرەب بىلەن نەۋفىلنى تەكاۋەندىگە راۋان قىلدى.

ئەتىسى نەۋفىلنىڭ ئارقىسىدىن فەرھەڭ دېۋزاد ئەللىك مىڭ ئاتلىق قىزىل تاغلىق ئەدەنى بىلەن ماڭدى. سەردارلار بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن راۋان بولدى. يەتتىنچى كۈنى ساھىبقىران قوزغالدى. بۇ چاغدا بۇ خەۋەر خىسرەۋخان

تەكاۋەندى (تەكاۋەندىنىڭ پادشاھى) گە يەتكەن ئىدى ئۇ سەركەردىلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي سەركەردىلەر، ئاۋۋالقى كۈنلەردە بەدەخشانغا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ بارغان ئىدى. ئەگەر مەن بولغان بولسام ئىسكەندەرنىڭ ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلغان بولاتتىم. ھالا بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان مەرد يوق، ئىسكەندەر مېنىڭ ئۈستۈمگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. نۆۋەت بىزگە كەلدى دېگەن گەپ، — دېگەن ئىدى. سەردارلار:

— ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىش ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز، چۈنكى ئۇ مەرجان شاھ بىلەن ئوغلانلىرى ۋە قەيپاس، قەيتاس ئەبدۇلقەھار دىۋە، ئەھرە مەن، جادۇ ۋە باشقا باتۇرلارمۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىدى. بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشمىز ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، — دېدى.

بۇ چاغدا شاپۇر تەكاۋەندى كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى سورىغان ئىدى ئۇردا ئۇلۇغلىرى ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.شاپۇر:

— ئازغىنە باتۇرلار بىلەن مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ قىلىشنى مەن خالىمايمەن ياكى مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، لېكىن ھەر كېچىسى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ باتۇرلىرىنى ئېلىپ كېلىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى. كېچە بولدى. شاپۇر شەھەردىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇ يۈز ئەييارنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋالدى. ئۇ ئەييارلارنى ھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۆزى لەشكەرلەر چېدىرىغا كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ نامە پۈتتىكى، «بۇ نامە مۆھتەر نەسىمگە تەگسۇن» دەپ تاشقىرىغا چىقتى. شاپۇرنىڭ مۇلازىملىرى ئەييارلاردىن يۈز نەپەرنى بىھوش قىلىپ كۆتۈرۈپ خىسرەۋخاننىڭ ئوردىسىغا بەدەر تىكىۋەتتى. خىسرووۋخان ئىسكەندەر يېتىپ كەلگىچە ئىسكەندەرنىڭ كۆچمىنى تالان ـ تاراج

قىلىشنى توغرا كۆرۈپ خىسرەۋخان يۈز ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن ئاتلىنىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە قاراپ ماڭدى. نەۋفىل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ باتۇرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ سەپ تۈزۈدى. غايەت زور لەشكەرلەر ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ جەڭگە ئاتلاندى. جەڭ ئەسناسىدا، نەۋفىل خىسرەۋخاننىڭ ساراسىمنى ئالدى. نەۋفىل نەيزىسىنى خىسرەۋخاننىڭ كۆكرىكىگە ئۇرغان ئىدى خىسرەۋخان نەۋفىلگە يېقىنلىشىپ كېلىپ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلاپ پۇت - قولىنى باغلاپ لەشكەرلەرگە تاپشۇردى. ئەرەبلەر تەڭ كېلەلمەي قېچىشقا باشلىدى. خىسرەۋخان نەۋفىلنىڭ بارگاھى تەرەپكە قەدەم قويدى. بارگاھنى ئالماقچى بولغان ئىدى تاغ يۈتكەر فەرھەڭ دىۋىزاد لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى تۇركانىيلارغا ئۇردى. فەرھەڭ دىۋىزاد خىسرەۋخانغا گۇرزى ئۇردى. فەرھەڭ خىسرەۋخاننىڭ كۆزىگە بىر باتۇر دىۋەدەك كۆرۈندى. خىسرەۋخان باشقا تەرەپكە ئېتىنى چاپتۇردى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا تىچلىق دۇمبىقى چېلىنىپ ھەر ئىككى قوشۇن ئارامگاھىغا ياندى.

خىسرەۋخان شەھەرگە كېلىپ چۈشتى. فەرھەڭ تۈن قاراۋۇل ئەييارى زابىلنى چاقىرىپ:

— بېشىڭدىن ئۆرگىلەي، ئۇ قەدىرسىز ئەرەبنى بۈگۈن كېچە بېرىپ ئېلىپ كەلسەڭ، خەۋەر پاش بولۇپ قالمىسۇن. ئۇن تۈمەن ئىنئام بېرىمەن، — دېگەن ئىدى تۈن قاراۋۇلى زابىل كۈلۈپ:

— ئەگەر خاتالاشمىسام، سىز ھاتام تايىنىڭ خانىسىدىن ئىكەنسىز. بۇنداق قىلمىغىن، تاڭلا، مەن مەرتلىك بىلەن شاپۇر تەكاۋەندنىڭ جېڭىگە بارىمەن. مەن ئۇن تۈمەنگە رازى بولمايمەن، — دېدى. فەرھەڭ ئۇنداق بولمىسا نەۋفىل ئۆلسە

خوش بولامسەن، — دېدى.

فەرھەك يەنە كەھەكە ئەدەننى قىچقىرىپ:

— نەۋفىلنى ئېلىپ كەلگىن، ساھىبقىراندىن ئون تۈمەن ئېلىپ بېرەي، — دېگەن ئىدى. كەھەكە ئەدەنى:

— ئۇستاز ماڭا «نېسىگە سودا قىلمىغىن، ئەگەر ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن نېسىگە سودا قىلساڭ، خوتۇن كىشى بىلەن سودا قىلغىن، ئەگەر پۇلنى بەرمىسە، ئېلىشقا كۈچۈڭ يېتىدۇ، لېكىن بۇ بەندىنىڭ ساڭا كۈچى يەتمەيدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى. ماڭا تۈمەننى نەق بېرىڭ، زىيادىسىنىمۇ ئالمايمەن، — دېدى. فەرھەك:

— قويۇڭلار، سىلەر بىئەدەبلىك بىلەن دادلىنىپ ئەرزىمەس سۆزلەرنى قىلىپ كەتتىڭلار. قالغىنىنى ئىسكەندەر كېلىپ ئاجىرىتۇر، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە خىسرەۋخان قەلئەسىنى مۇستەھكەملىدى. سەردارلار ئارقا - ئارقىدىن كەلگىلى تۇردى. يەتتىنچى كۈنى ئىسكەندەر - ساھىبقىران يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن نەۋفىل ئۈچۈن تولا پەرىشان بولدى. ئىسكەندەر نەۋفىلنى قەدىناس ھېسابلايتتى. ئىسكەندەر نەسىمگە قاراپ:

— نەۋفىل ئۈچۈن غەيرەتتىن باشقىسى غەيرىدۇر. ئۇ ئەرەب سەنمۇ ئەرەب مىڭ تۈمەن ئالتۇن بېرىمەن، نەۋفىلنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى نەسىم بەرق فەرەڭگىنى چاقىرىپ:

— ئەي بەرق، مەن نەۋفىلنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مىڭ تۈمەن ئالدىم. ساڭا بەش يۈز تۈمەن بېرىمەن. نەۋفىلنى كەلتۈرسەن، — دېگەن ئىدى، بەرق:

— ئەي نەسىم، مەن ھەمىشە سەندىن باج ئالىمەنمۇ. ھازىر سەن بەش يۈزنى بەرسەڭ مەن قاچان ساڭا باج بېرىمەن، — دېدى. يەنە بەرق بۇگۈن كېچە خىسرەۋخانىنىڭ

ئۇردىسىغا بارساڭ شاپۇر سېنى تۇتۇۋالىدۇ. تاڭلا، مەن ئىككى مىڭ تۇمەن ئېلىپ سېنى ۋە نەۋقىلنى قۇتقۇزىمەن، — دېگەن ئىدى نەسىم غەزەبلىنىپ:

— ئەي بەدبەخ قەرەڭگى، مەن نەۋقىل بىلەن ئوخشاش، مەن ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام، مېنى قۇتقازساڭ مىڭ تۇمەننى مەندىن ئالغىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن سېنى مىڭ تاياق ئۇرىمەن، — دەپ شەھەرگە راۋان بولدى. نەسىم تەكاۋەندىنىڭ سېپىلى تۈۋىگە بېرىپ، سېپىلغا ئارغامچا تاشلاپ يۇقىرىغا چىقتى. سېپىلدىن شەھەرگە چۈشۈپ تۆت كوچىغا كەلدى. ئۇ يەردە يۈز دانە مەشئەلنىڭ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتى. نەسىمنىڭ ئاياق ئاۋازى شاپۇرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. نەسىم يەنە بىر تەرەپتىن تۆت كوچىغا كېلىپ پالاقتا تاش سېلىپ ئاتقان ئىدى مەشئەلنىڭ ئوتى چاچراپ ئەييارلارنىڭ كىيىملىرىگە چۈشتى. ئەييارلار ئوتنى ئۇچۇرۇشقا كىرىشتى. نەسىم ئالدىغا بېرىپ، شاپۇرنىڭ ئەييارلىق ئەسۋابىنى ئېلىپ بىر تەرەپكە كەتتى. بۇ چاغدا شاپۇر بۇ يەرگە كېلىپ ئەييارلىق ئەسۋابىنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، مۇلازىملىرىدىن ئەھۋالنى سورىدى. ئەييارلار جەرياننى بايان قىلدى. شاپۇر دەرھال زىندان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شاپۇر زىندانغا كېلىپ نەۋقىلنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ چاغدا نەسىم بىر جايغا كېلىپ بىر قانچە قاراۋۇللارنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نەۋقىلنىڭ شۇ جايدا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۆيىنىڭ كەينى تەرىپىدىن كېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ ئاندىن پەسكە چۈشتى. ئېھتىياتسىزلىقتىن نەسىمنىڭ پۇتى تېيىلىپ كېتىپ ئاۋاز چىقىپ كەتتى. شاپۇر بۇنى تۇيۇپ قېلىپ نەسىمنى تۇتۇۋالدى. مۇلازىملىرىغا:

— بۇ قېرى ئوغرىنى باغلاڭلار، — دېگەن ئىدى باغلىدى. شاپۇر:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، مېنى بەدەخشاننىڭ بەلاشۇر ئەيياربغا ئوخشاتتىڭمۇ؟ ھازىر مېنىڭ يېنىمدىن قوتۇلساڭ، قالتىس مەرد ئىكەن دەيمەن، — دېدى. نەسىم:
— ئەي بەدبەخ، بۈگۈن كېچە سېنىڭ قولۇڭغا چۈشۈپ قالدىم. ئەگەر قوتۇلۇپ قالسام بېشىڭغا شۇنداق بەلايى - ئاپەت كەلتۈرىمەنكى، «ئۆزەڭ تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» بولىسەن، — دېدى. شاپۇر كۈلۈپ تۇرۇپ:
— بۈگۈن كېچە سەن مېنىڭ قولۇمغا چۈشتۈڭ، ئەگەر تاڭلا تىرىك بولساڭ، قولۇڭدىن نېمە كەلسە، شۇنى قىلغىن، — دەپ نەسىمنىڭ پۇت - قولىغا زەنجىر - كىشەن سېلىپ زىندانغا سولاپ قويدى.
بىر كۈن ئۆتتى. ئەتىسى نەسىمنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىق خەۋىرى ئىسكەندەرگە يەتتى. باتۇرلارنى بۇيرۇغان ئىدى، باتۇرلار قەلئەگە بېرىپ ھەممە تەرەپتىن - سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراۋۇللارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. شۇنچە ئۇرۇشقان بولسىمۇ لېكىن ھېچقانداق مەقسەد ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇلار كۈن ئولتۇرغاندا بارگاھقا قايتىپ كەلدى. ساھىبقىران بەرقنى چاقىرتىپ:
— سىلەردە ئارنومۇس دېگەن يوق ئىكەن. نەسىم ئۇ ئازغۇنلارنىڭ زىندانىدا ياتسا ئۇنى قۇتقۇزايمۇ دېمەيسىلەر، — دېگەن ئىدى بەرق فەرەڭگى:
— شەھريار، قۇللىرى تۆت كېچە - كۈندۈز بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۈگۈن كېچە شاپۇرنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز تۇتۇلۇپ قالسىز دېسەم، بوۋاي سەن ئۇن ئىككى تۈمەننى ساھىبقىراندىن ئېلىپ، مېنى ۋە نەۋقىلنى سولاقتىن قۇتقازغىن، دېگەن ئىدى، — دېدى. ساھىبقىران:
— سەنمۇ نەسىمگە ئوخشاش تاماخور بولۇپ قاپسەن، لېكىن بۇ قېتىم كۆپ تاما قىلمىغىن نەسىمنى قۇتقۇزۇپ

ئېلىپ كەلەڭ نەسىم نېمە دېسە شۇنى ساڭا بېرەي، — دېگەن ئىدى. بەرق ئەييار قوبۇل قىلىپ سايىۋەننى بېشىغا تارتىپ راۋان بولدى. ئۇ شەھەرگە كىرىپ، بىر دالدىدا بېشىنى قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇردى. دەرۋەقە شاپۇر ئۇ جايدىن تاشقىرىغا چىقىپ بىپەرۋالىقتىن ئۇنى ئىت دەپ بېشىغا تەپكەن ئىدى. بەرق چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، شاپۇرنىڭ پۇتىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى. شاپۇر قاراپ ئاجايىپ بىر ئىتنى كۆردى. ئىت ھەممە جەھەتتىن يېتىلگەن ئىكەن. بۇنداق ئىتنى ھەر يىلى فەرەڭنىڭ سودىگەرلىرى ئېلىپ كېلىپ بايلارغا نۇرغۇن پۇلغا ساتاتتى. شاپۇر خام - خىياللىق بىلەن بىر ئاز نان ئېلىپ كېلىپ، ناننى ئىتنىڭ ئالدىغا ئۆرلىتىپ تاشلىغان ئىدى بەرق ئىتتەك ئېگىز سەكرەپ، ناننى ھاۋادىن تۇتۇۋېلىپ، ئىككى قولىنىڭ ئارىسىدا قويۇپ يېدى. ئۇ خۇددى يەتتە پۇشتىدىن ئىت بولۇپ تۇرۇلۇپ كەلگەندەك شۇ تەرىقىدە ماھىرلىق بىلەن ناننى يېگەن ئىدىكى، شاپۇر ئىتقا بىر ئاز ئامراق بولۇپ قالدى. سىرتماق تاشلىغان ئىدى. ئىت بىر ئاز غىڭشىپ توختاپ قالدى. شاپۇر ئۇنى زوق - شوخ بىلەن تۆت كوچىغا ئېلىپ كېلىپ دوستلىرىغا:

— بۇ ئىت ئادەم چىشلەيدىكەن، ھەر قانداق چاغدا قاۋىسا، ئوغرى كېلىپتۇ، دەپ بىلىڭلار، — دەپ شاپۇر ئىتنى زەنجىردىن بوشىتىپ زىنداننىڭ قېشىغا كېلىپ قاراۋۇللارغا، ئاگاھ بولۇڭلار، — دەپ تۆت كوچىغا كەلدى. يەنە:

— بۇ فەرەڭنىڭ ئىتىنى زىندان بېشىغا باغلاپ قويسا قاراۋۇللۇققا لايىق ئىكەن، — دەپ، بەرقنى زىنداننىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ بېرىپ قوزۇق قېقىپ باغلاپ قويدى. بەرق شۇنداق سەۋر قىلدىكى، قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالدى. ئاندىن قوپۇپ ھەممىنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاپ زىندانغا كىرىپ،

نەسىم بىلەن نەۋفەلنى قۇتقۇزۇپ، [1] ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ، ياتقان يېرىگە كېلىپ قاۋىغىلى تۇردى. ئىتنىڭ ئاۋازى شاپۇرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. شاپۇر ئورنىدىن دەرھال قوپۇپ زىندانىنىڭ ئىشىكىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. فەرەڭنىڭ ئىتى سەكرەپ ئېتىلىپ قاۋاۋاتقان ئىدى. شاپۇر ئالدىغا كېلىپ، ئون ئىككى قاراۋۇلنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا بولغانلىقىنى كۆردى. زىندانغا بارغان ئىدى نەۋفەل بىلەن نەسىمنى كۆرمىدى. ئۇ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ، بەرقىنىڭ زەنجىرىدىن يېتىلەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ مۇلازىمىغا:

— بۇ ئىتنى ئوبدان بېقىڭلار، مېنىڭ ئۆيۈمگە قاراۋۇللۇق قىلىشقا لايىق ئىكەن، — دەپ تاشقىرىغا چىقتى.

ئۇ تەرەپتىن نەسىم بىلەن نەۋفەل ئوردىغا بېرىپ بولغان ئىشنى بايان قىلدى. بەس، نەسىم:

— ئەي ساھىبقىران، مەن قولغا چۈشۈپ قالغاندا بەرق فەرەڭگى سىزدىن قانچىلىك ھەق ئالىدىغان بولۇپ، بىزنى قۇتقازدى، — دېگەن ئىدى ئىسكەندەر:

— نەسىم نېمىنى دېسە شۇنى بېرىشكە كېلىشكەن، — دېدى. نەسىم:

— ئۇ بەدبەختكە ئون ئىككى مىڭ تۈمەندىن زىيادەرەك بېرىڭ، — دېگەن ئىدى، ئىسكەندەر:

— بەرق ئۆزى ئىككى مىڭ تۈمەنگە رازى بولدى. مەن قوبۇل قىلمىغان ئىدىم، ئەمدى ئون ئىككى تۈمەن بېرىش لازىم بولدى، — دېدى. نەسىم:

— مەن باشقا ئىشنى ئۇقمايمەن، بىراق فەرەڭنىڭ ئىتى

---

① ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ بېتىنىڭ ئوڭ چېتىدە، ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى بىر سانتىمېتىر ئەتراپىدا بىر بۇد بېشى سىزىلغان.

شاپۇرنىڭ قولىغا چۈشتى. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويىماي قويىماس. ئەگەر فەرەڭنىڭ ئېتى سالامەت قايتىپ كەلسە، ھەر قانداق نەرسىنى تەلەپ قىلسا، بېرىڭ، — دېدى. ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. ئۇ تەرەپتە خىسرەۋخان شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىغا:

— شەھەردە قاچانغىچە قامىلىپ ياتىمىز. چارىسى شۇكى، چىقىپ جەڭ قىلىش، — دېدى. شاپۇر:

— چىقىپ جەڭ قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق. مەن ھەر كېچىسى بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن ئىككىسىنى ئېلىپ كېلەي، ئەگەر پۇرسەت تاپسام ئىسكەندەرنى ھەم ئېلىپ كېلەي، ئۇلارنى تاغدىكى غارغا قاماي، شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىڭ، — دېدى. خىسرەۋخان:

— ئەي شاپۇر، باتۇرلارنى قاچان ئېلىپ كەلسەڭ، شۇ چاغدا ھەر بىرسى ئۈچۈن، ساڭا بىر تومەن بېرەي، — دېدى. شاپۇر كېلىپ تەييارلانغان بىر ئاز لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىشقا بەل باغلىدى. ئۇ كېچىدىن ئىككى تەك - تەك ئۆتكەندە شەھەردىن چىقىپ راۋان بولدى. بەرق شاپۇرنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بارىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى باغلاپ قويغان قوزۇقنى يۇلۇۋېتىپ شاپۇرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ تېزلىكتە ئوردىغا يېتىپ بېرىپ بارگاھى جەمشىدكە كىرىپ، نەسىمنىڭ قولىنى چىشلىدى. بىر ئاز شوخلۇق قىلىپ ئەركىلىدى. ئەمما كۆزى بارگاھنىڭ تېشىدا ئىدى. نەسىم ئۇنىڭ بىر ئىشتىن تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭدىن ئىشارەت بىلەن سورىغان ئىدى بەرق ئىشارەت بىلەن شاپۇرنىڭ ئوردىغا كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. نەسىم چىقىپ ھەممە يەرنى ئايلىنىپ خەۋەر ئالدى. ئەمما شاپۇر كېلىپ ئابدۇلھېمدنىڭ چېدىرىنىڭ پەردىسىدىن تۆشۈك ئاچتى. بۇ چاغدا بوۋاي يېتىپ كېلىپ، شاپۇرغا ۋارقىرىغان ئىدى شاپۇر قولىغا خەنجەر ئېلىپ نەسىمگە قاراپ ئېتىلدى. نەسىم ھەم خەنجەر

ئېلىپ شاپۇرغا يۈز كەلتۈردى. نەسىم شاپۇرنىڭ مىسران خەنجىرىنىڭ چاقماقتەك ھالىتىنى كۆرۈپ شاپۇرنىڭ خەنجىرىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەرقىنىڭ قولىقىغا يەتتى. ئۇ، بۇ يەرگە يۈگۈرۈپ كېلىپ شاپۇرغا ۋارقىرىدى. شاپۇر بۇلارنىڭ ئىككى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپكە بەدەر قېچىپ كەتتى. نەسىم ئارقىسىدىن قوغلىدى. لېكىن يۈتتۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئەمىر بەرىققە ئۇن ئىككى مىڭ تۈمەن بەردى.

يەنە بىر كۈنى باتۇرلار تاغدىكى ئوتلاقتا شىكار قىلىش ئۈچۈن ماڭدى. ساھىبقىرانمۇ باردى. شىكار قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر كېيىك كۆرۈندى. ساھىبقىران ئۇ كېيىكنى قوغلاپ ماڭدى. نەسىم ئات بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. بىر مۇنچە يول ماڭغاندىن كېيىن بىر باغ كۆرۈندى. كېيىك ئۇ باغقا كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەر بىلەن بوۋاي (نەسىم) بۇ باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. بۇ يەردە نۇرغۇن غۇلاملار ۋە ساراي خوجايىنى تۇراتتى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى ۋە:

— بۇ كىمنىڭ بېغى؟ دەپ سورىدى. غۇلاملار:

— بۇ باغ خىسرەۋخاننىڭ قىزىنىڭ بېغى، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ يەرگە كەلگەن كۈنى خىسرەۋخان قورال - سايمان ئامبىرى بىلەن ھەرىمنى[①] بۇ جايغا ئەۋەتكەن ئىدى.

خىسرەۋخاننىڭ قورقۇپ ئۇلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتتۈەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭا ئۇلار رەھىم قىلىپ نەسىمگە:

— ساراي ئىگىسىدىن زۇۋانىمىزنى بىلىدىغانلارنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەن ئىدى، نەسىم بېرىپ ساراي خوجايىنىنى

①ھەرىمى ـ 1) ئۆز ئەھلىدىن بولمىغان كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان خاس جاي. 2) خوتۇن، خاس خوتۇن.

ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— باغقا بېرىپ، بانۇغا «ئىسكەندەر بۇ يەرگە كېلىپتۇ، سىزلەرنىڭ قورقۇپ، بۇ يەرگە قېچىپ كەلگەنلىكىڭىزلەرنى بىلىپ سىزلەرنىڭ ھالىڭىزلاردىن خەۋەر ئالغىدەك»، ئۇ «مەن ئىسكەندەر بولىمەن، تەڭرىمگە قەسەم قىلىمەنكى، مەن قايسى كۈنى پۈتۈمنى ئۆزەڭگىگە قويغان بولسام تا ھازىرغىچە ھېچقانداق كىشىنىڭ نۇمۇسىنى تۆكىدىغان ئىشنى قىلمىدىم. ئەگەر خىسرەۋخان زېمىنىنىڭ ئاستىدا بولسىمۇ ۋە ياكى زېمىنىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇنى تۇتۇپ، پادىشاھلىقنى ئۆزىگە بېرىمەن ۋە مەن بۇ يەردىن كېتىمەن. پەقەت خىسرەۋ مېنى تاج تەخت ئاتا قىلغۇچى، — دەپ ئاتايدۇ. خاتىرجەم بولسۇن مەندىن ئۇنىڭغا قىلچىلىك زەرەر يەتمەيدۇ» دەپ ئېيتقىن دېدى. خوجا سارايۋەن باغقا كىرىپ بانۇغا خەۋەر ئېيتتى. بۇ چاغدا بانۇ ھەرەمگاھتا بولۇپ:

— ئۇنى دەرھال قەسرىگە تەكلىپ قىلىڭ، — دەپ ئەۋەتىپ ئالدىغا چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ساراي خوجايىنى كېلىپ:

— ئەي ساھىبقىران، ھەرەم خانىمى سىزنى باغنىڭ قەسرىدە بىر ئاز ئارام سالسا، — دەپ تەكلىپ قىلدى. ھاۋا ئىسسىق لايىقىدا بولمىسىمۇ خىزمىتىدە بولسام، — دەيدۇ. ئۇ يەنە:

— ئەي يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى، ئۇلۇغلىرىدىن ھېچنەرسە كەم بولماس. ئەمما بۇ مۇشۇ سەۋەبتىن پىقىرلارغا باشلامچىلىق قىلىشىنىڭ ئامالى بولىدۇ، — دېگەن ئىدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئېشىتىپ خۇرسەن بولدى ۋە نەسىمگە:

— سەن ئالدىدا ماڭغىن، تەكاۋەندىنىڭ بانۇسى بىزنى مېھماندارلىققا تەكلىپ قىلىپتۇ، — دەپ ئىككەيلەن باغقا داخىل بولدى. ھەرەم بانۇمى تەكەللۇپ رەسمىيىتىنى بىجا كەلتۈردى.

ساھىبقىران بانۇنىڭ بۇنچىلىك تەكەللۇپ ئېھسانلىرى ئالدىدا ئىزا تارتىپ ئۆزىنى شەرمەندە ھېس قىلدى. ئەمما خىسرەۋخاننىڭ قىزى خۇرشىد بانۇنىڭ ساھىبقىران - ئىسكەندەرگە كۆزى چۈشۈپ ئىشقى ئوقى دىلىغا تەگدى. ئۇ ئىنىك ئانىسىغا:

— ئەي ئانا، ئۆزەكىنىڭ ئىشىنى قىلغىن، ئىسكەندەر مېنى كۆرسە شۇنداق ناز قىلايلى، مېنىڭ ئىشقىمدا ئاشىق بىقارار بولسۇن. سەن ئامالىنى قىلغىن. ئۇ ماڭا بىر قارىغان ھامان، ئاشىق ئۇتى دىلىغا تۇتاشسۇن. مەن ساڭا مىڭ تۈمەن بېرەي، — دېگەن ئىدى، ئىنىك ئانا:

— ئىسكەندەر ئىنساندۇر، — دېدى ۋە يەنە:

— ماڭا بىر دانە جاۋاھىر بەگىن، — دېدى. خۇرشىد بانۇ بىر دانە ياقۇت بەردى. ئىنىك ئانا، ئۇ ياقۇتنى ئىسكەندەرگە ئاتقان ئىدى ئىسكەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ راۋاقتىن قۇياش چىققاندەك بىر نۇرانىنى كۆرۈپ دەرھال دىلىنى بەردى. رەڭگى - روھى لالەروي بولدى. نەسىم:

— ئەي شەھريار، ساڭا نېمە بولدى. ئەھۋالىڭىز ئۆزگىچىغۇ؟، — دېگەن ئىدى ئىسكەندەر نەسىمگە ئەھۋالنى ئېيتتى. نەسىم:

— شەھريار، بۇ ئەلۋەتتە خىسرەۋخاننىڭ قىزىدۇر. ئۇنى ھازىرلا ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلەي، — دەپ، بوۋاي ھەرەمنىڭ بانۇمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ھەرەم بانۇمى، مەن بۇ جايغا بىكار كەلمىدىم. دەرھال مەلىكىنى ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا چىقارسىڭىز، ئىسكەندەر سىزدىن خوش بولۇپ يانسا، — دېگەن ئىدى. بانۇ:

— مۇددىئايىڭلار نېمە؟ نەسىم:

— ئىسكەندەرنىڭ سىزلەرگە كۈيئوغۇل بولسام دېگەن مۇددىئاسى بار، بۇنى دۆلەت ئۇچۇن شەرەپ، دەپ بىلسىلىرى،

قوبۇل قىلغايلا، — دېدى. ھەرەم خانىمى خۇشۋاق بولۇپ:

— مۇبارەك بولسۇن، قوبۇل قىلدىم، — دېدى. نەسىم:

— ئەرزىمەيدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر بىر ئىككى قېتىم خۇرشىد بانۇغا قاراپلا، تەقدىرگە پۈتۈلگەن كۈنى يەنە كېلىدۇ، — دېدى. بانۇ ھەرەمگە كىرىپ ئىنىنىك ئانىغا:

— بىر ئىككى قېتىم ئارتۇق قاراش گۈزەللەرگە ھالالدۇر، — دەپ ياندى. نەسىم ئىسكەندەرنى ئېلىپ راۋاقتا چىققان ئىدى خۇرشىد بانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئىسكەندەر يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. لېكىن خۇرشىد بانۇغا سۆز قىلىشقا ھايالىقتا ئۇيالدى. نەسىمگە ئىشارەت قىلغان ئىدى، بوۋاي پەلەنپەيدىن تۆۋەنگە تولۇمدەك يۇمىلىنىپ چۈشۈپ ئۆلۈكتەك بولىۋالدى. كېنىزەكلەر:

— ئىسكەندەرنىڭ خىزمەتكارى راۋاقتىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلدى، — دەپ ۋاقىرىغان ئىدى ھەرەم خانىمى — ئىنىنىك ئانا ۋە كېنىزەكلەر راۋاقتىن چۈشۈپ نەسىمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلاشتى. ئىسكەندەر، خۇرشىد بانۇ بىلەن راۋاقتا قالدى. ئۇلار خىلۋەتتە قېلىپ كۆڭۈل رىشتىلىرىنى لەۋلىرى بىلەن ئىزھار قىلىشتى. خۇرشىد بانۇ:

— ئەي ئەزىز يار، ئەپسۇسكى نەسىم ئۆلۈپتۇ، — دېگەن ئىدى ئىسكەندەر كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي نازىنىن، نەسىم ئۆلگەن بولسا بەزمە قىلىمىز، نەسىم مەندىن مىڭ تۈمەننى ئالمىغىچە كۆزىنى ئاچمايدۇ. تۇرۇڭ ئۇنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆرۈڭ، — دەپ قەسىردىن پەسكە چۈشتى. ئىسكەندەر نەسىمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بوۋا، ۋاقىت قىس، تۇرغىن كېتەيلى. باتۇرلار ئەنسىرەپ كېتىدۇ، — دېگەن ئىدى نەسىم خامۇش ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىنىنىك ئانىنىڭ يېنىدىن ئەسۋابىنى ئېلىپ:

— مەن ئەسۋابنى دوست تۇتاتتىم، — دەپ بازار تەرەپ

بىلەن بەدەر كەتتى. كېنىزەكلەر ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئىسكەندەر خۇرشىد بانۇ بىلەن يەنە تەنها قالدى. بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى قىلىشتى.

ئەسىم كۈن ئولتۇرىدىغان ۋاقىتتا باغقا كەلدى. ئىسكەندەر بىلەن ئەسىم خۇرشىد بانۇ بىلەن خوشلىشىپ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتىن خىسرەۋخان ئۇمرالىرىغا:

— بىز قاچانغىچە قەلئەنى ساقلاپ ياتىمىز. مەيدانغا بېرىپ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلايلى. بېشىمىزغا نىمە ئىش كىلىدىغانلىقىنى كۆرەيلى، — دېدى.

جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرىدى. ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭرىدى.

ئەتىسى شەھەرنىڭ دارۋازىسى ئېچىلدى. لەشكەرلەر «پوچ - پوچ» ، — دەپ بىر دەشتىگە چىقىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. خىسرەۋخان مەيدانغا كىرىپ شاپۇرغا:

— ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئېيتقىن، ئىسكەندەر بۈگۈن يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىقىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مەيدانغا كەلسۇن، مېنى يىقىتسا غۇلاملىق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالىمەن. ئەگەر مەن ئىسكەندەرنى تۇتسام، ئىسكەندەر مېنىڭ شەھىرىمدىن ئۈمىد كۈتمەي قايسى يول بىلەن كەلگەن بولسا، تۈركىستان ۋىلايىتى بىلەن كارى بولماي قايتىپ كەتسۇن، — دېگەن ئىدى شاپۇر ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىتكەنلىرىنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر:

— تولا ئوبدان گەپ بولۇپتۇ، — دەپ ئېتىنى دېۋىتىپ خىسرەۋخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئۇرۇشتى. زامان روشەن بولدى. ئۇلار كۈن ئولتۇرغىچە قاتتىق ئېلىشتى. كۈن زۇلماتقا يەتكەندە ھەممىسى ئارامگاھىغا قايتتى.

ئەتىسى ئۇ ئىككى پادىشاھ يەنە مەيدانغا كەلدى. ئىسكەندەر بىلەن خىسرەۋخاننىڭ ئارىسىدا بىر ئاز ئارىلىق بار ئىدى.

خىسرەۋخان ئوقنى ئوقياغا قويۇپ ئىسكەندەر تەرەپكە ئاتتى. ساھىبقىران ئوقنى بوشقا كەتتۈردى. خىسرەۋخان كەينى ـ كەيندىن ئون ئىككى تال ئوق ئاتتى. بىراق ئىسكەندەرگە كار قىلمىدى. ئىسكەندەر خىسرەۋخانغا يېتىشىپ بېرىپ ئېتىنى قويۇپ بېرىپ خىسرەۋخاننى كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ: «قىلغان ئەھدەڭ ئىسىمدە، ئەقىدە قىلغىچە مەجبۇرلايمەن» دەپ، ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇۋېدى نەسىم بىلەن مۇلكى ھىرمان يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەرگە هاي بەردى. ئىسكەندەر خىسرەۋخاننى بەھزادقا تاپشۇردى. بەھزاد دىۋانە خىسرەۋخاننى كۆتۈرۈپ ئەلەم قىلىپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر مەيداندىن چىقىپ بارگاھقا كېلىپ تەختتە ئولتۇرۇپ، خىسرەۋخاننى هازىر قىلىشقا ئەمر قىلدى. بەھزاد خىسرەۋخاننى ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر شاھانە تون ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ، توننى خىسرەۋخانغا كىيدۈردى ۋە خىسرەۋخانغا قاراپ:

— شەھەرگە بېرىپ خالايىققا دىلدارلىق قىلىڭ، تەكاۋەندە شەھىرىنى سىزگە تاپشۇردۇم، — دېگەن ئىدى خىسرەۋخان ئىسكەندەر ئولتۇرغان تەختنىڭ پۇتلىرىنى سۆيدى. ئاندىن تاشقىرى چىقتى. ئاتقا مىنىپ نەسىم بىلەن شەھەرگە كەلدى. خىسرەۋخان ئۆز بارگاھىغا كىرىپ:

— ئەي نەسىم، بۈگۈن كېچە بىزگە مېھمان بولۇڭ، — دەپ شۇ ئاخشىمى نەسىمگە بەزمە قىلىپ بەردى. ئەتىسى خىسرەۋخان سوغات تەييارلىقىنى قىلدى. نەسىمگە ئون ئىككى تۈمەن ئاخچە ئىنئام قىلدى. ئاندىن كېيىن خىسرەۋخان شەھەردىن چىقىپ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ساھىبقىراننى باتۇرلار ۋە پادىشاھلار بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز مېھمىنىم بولسىلا، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. خىسرەۋخان شەھەرگە كىرىپ دەرۋازىغىچە پايانداز سالدى. ساھىبقىران ئىتتىغا مىنىپ چاڭ-توزان پەيدا قىلىپ ھەيۋەت بىلەن شەھەرگە يېتىپ كەلدى. تەكاۋەندىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە باشلاپ كەلدى. ساھىبقىران خىسرەۋخانىنىڭ بارگاھىدا قارار تاپتى.

خىسرەۋخان خەزىنىدىكى ئالۋانىنىڭ تىزىملىكىنى شەھرىيارنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى. ئىسكەندەر:

— ھەممىسىنى سىزگە قالدۇردۇم، — دېدى. ساھىبقىران شەھەردە يەتتە كېچە - كۈندۈز تۇرۇپ، ھەممىسىنى ئۆز ئىتىقادىغا كىرگۈزدى. ئاندىن كېيىن نەسىمگە ئىشارەت قىلدى. نەسىم خىسرەۋخانىنىڭ قۇلىقىغا:

— ئىسكەندەر ئىرادە بىلەن قىز تۇتىدۇ، — دېگەنىدى، خىسرەۋخان تولا خۇشال بولۇپ تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. قىرىق كېچە - كۈندۈز بەزمە قىلىپ چىرايلىق توي قىلىپ خۇرشىد بانۇنى ئىسكەندەرگە قوشۇپ قويدى. ساھىبقىران ئۇ دىلىستانىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى. ئاندىن كېيىن بۇيرۇغانىدى، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ بەلخ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

## ئەللىك بىرىنچى قىسسە، ساھىبقىران-ئىسكەندەرنىڭ بەلخ تەرەپكە ماڭغانلىقى

ئەلقىسسە، ھەيرانلىق دىيارنىڭ قوماندانلىرى، سەرگەردانلىق تەختىنىڭ غەزەلخانلىرى بۇ قىسسىنى مۇنداق

رىۋايەت قىلىدۇ، تاجى سۇلتانى:

— نەۋفىل شاھانە بارگاھنى بەلخ تەرەپكە ئېلىپ بارسۇن، — دەپ بۇيرۇغانىدى، نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ نەيزىۋاز ئەرەب بىلەن شاھانە بارگاھنى ئېلىپ بەلخ تەرەپكە راۋان بولدى. لەشكەرلەر دەريا دولقۇنىدەك ئارقا - ئارقىدىن يۈرۈپ كەتتى. ساھىبقىران ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلاندى. خىسرەۋخان:

— كەمىنە تۇتقۇندا تەخت ئاتىسىغا ھەمراھ بولۇپ ھۇزۇرلىرىدا مۇلازىم بولۇپ بارسام. شافۇر ھەم مۇھتەر نەسىمگە مۇلازىم بولسام، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ساھىبقىران قوبۇل قىلدى. خىسرەۋخان ئون ئىككى مىڭ تەكاۋەندىنىڭ لەشكىرى بىلەن قۇتلۇق پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا راۋان بولدى.

بۇ چاغدا بەلخ شاھى سەبۇكتېگىنگە، ئىسكەندەر بەلخكە يۈرۈش قىپتۇ، دېگەن خەۋەر يەتكەنىدى. سەبۇكتېگىن ئەتراپىدىكى لەشكەرلەرنى توپلاپ، توققۇز يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن قاراخانغا:

— شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئالسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. ئۇ تەرەپتە نەۋفىل يولنى مول يۈرۈپ بەلخنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ چۈشتى. چېدىر ۋە ئارامگاھنى تىكتى. بەلخ تەرەپتىن قاراخان سەركەردىلىرى ئۈچ يۈزمىڭ تۈرك بىلەن كېلىپ نەۋفىل تەرەپكە ماڭغانىدى، نەۋفىل چۇقان - سۈرەن بىلەن قوزغالدى. ئىككى قوشۇن ھۇجۇمغا ئۆتتى. كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. ئەرەب (نەۋفىل) لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. قاراخانلار بارگاھنى ئېلىپ بەلخ تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد يېتىپ كېلىپ، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قوشۇننى جەڭگىۋارلاشتۇرۇپ، مىڭ كىشى بىلەن قاراخاننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، شەھەرگە ئىككى پەرسەخ ئارىلىق قالغاندا قاراخاننىڭ تۈرك لەشكەرلىرىگە يېتىشىپ باردى. ئۇ چېدىر تىكىپ، چېدىردا جەڭسازلىق قىلىپ

تۇراتتى. بىر تەرەپتىن ئاق كىيىملىك نىقابدار يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن كېلىپ تۈركانىيلارغا ئۆزىنى ئۇردى. تۈركانىيلار مەغلۇپ بولۇپ، پاراكەندە بولۇپ شەھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. نىقابدار جەزىرىنىڭ بىر تەرىپىگە چېدىر ۋە ئارامگاھ تىكىپ چۈشتى. ئابدۇلھېمىد شاھ قەسرىنى ھەم ئۇ جايغا يېقىن قىلىپ تىكتى. نىقابدار مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن يەنە بىر كۈنى ئابدۇلھېمىد تەرەپكە كېلىپ، ئۇ تەرەپتە تۈركانىيلارنى مەغلۇپ قىلدى. قاراخان شەھەرگە كىرىپ، سەرگۈزەشتىنى سەبۇكتېگىنگە ئېيتقاندى. بۇ چاغدا مەھمۇد خىسرەۋ بىلەن سەبۇكتېگىننىڭ باتۇرلىرى كېلىپ قاراخانغا:

— شەھەردىكى قوشۇننى توپلاپ پادشاھ بىلەن ئارقىسىدىن چىقسۇن، — دەپ ئۆزى ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن ئابدۇلھېمىدقا يۈز كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد بارگاھنى تىكىپ چۈشكەندى. ئارقىسىدىن قالغان لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى. يەنە بىر كۈنى فەرھەڭ يېتىپ كەلدى. ئۇ تەرەپتە مەھمۇد بىن سەبۇكتېگىن كېلىپ سەپ تۈزدى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي تۈركلەر، ئاڭلاپ قويۇش، مەن بىر كۈن سىلەر تۈركلەر بىلەن، بىر كۈن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىمەن. بۈگۈن سىلەر بىلەن جەڭ قىلىش نۆۋىتى، — دېگەندى، مەھمۇد بىن سەبۇكتېگىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ نىقابدارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزىدىن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. مەھمۇد سەبۇكتېگىن قولىغا ئۇمۇت ئېلىپ ئۆزەڭگىدە ئولتۇرۇپ نىقابدارغا ئۇرغانىدى، ئات ئۆزىنى ئوڭشىيالماي بېلى سۇندى. نىقابدار چەبدەسلىك بىلەن يەرگە چۈشۈپ، مەھمۇد سەبۇكتېگىننىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. مەھمۇد ئاتتىن ئاجراپ نىقابدارنىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ ئېلىشتى. ئۇلار

تاكى كۆن ئۆلتۈرغىچە ئېلىشتى. كۆن ئۆلتۈرغاندا ئىككىسى بىر- بىرىدىن ئايرىلىپ ئارامگاھىغا ياندى. كېچىسى سەبۇكتېگىن سانسىز لەشكەر بىلەن نىقابدارنىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. نىقابدار بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ دەرھال تەھەماسەبنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مەن خەۋەر قىلغان ھامان، قوشۇن بىلەن دەرھال ئۆزىڭىزنى بۇ جايغا كەلتۈرۈڭ. ئىسكەندەر، بىنىنى قىلقۇس تەكاۋەندىدىن بۇ تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنى كۆتۈپ تۇرغانىدىم. ھازىرچە ئىسكەندەرنى ئۆتتۈرىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى. مەن شەرت قىلدىمكى، خىسرەۋنىڭ ھەمشىرىسى- قىزىمنى سىزگە بېرەي، دۆلىتىمگە شېرىك قىلاي» دەپ نامە پۈتۈپ، شۇ كېچىسى نامىنى ئەۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئەمىر قىلغانىدى، جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە كەلتۈرۈپ ئىسكەندەرنى جەڭگە چاقىردى. بۇ تەرەپتە ئابدۇلھېمىد جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا سەپ تۈزۈپ خىسرەۋ بىنىنى سەبۇكتېگىن مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن جەڭ قىلغۇچى باتۇرلاردىن خىسرەۋخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا باردى. سەبۇكتېگىن خىسرەۋخاننىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن يۇلۇۋالدى-دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، خىسرەۋخاننىڭ كەمەر زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا تۈرك لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ ئىسكەندەر لەشكىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئابدۇلھېمىد ئەمىر قىلغانىدى، لەشكەرلەر جەڭ مەيدانىغا يۈزلەندى. سەبۇكتېگىن مەھمۇد ۋە قاراخان بىلەن مەيدانغا يۈزلەندى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن نىقابدار ئۆزىنى سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ شەمشەر بىلەن بېشىغا ئۇردى. سەبۇكتېگىن ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا ئالغانىدى، نىقابدارنىڭ شەمشىرى ئېگەرگە تېگىپ ئېگەرنى پارە - پارە قىلدى. سەبۇكتېگىن شەمشەرنى ئېلىپ نىقابدارنىڭ ئېتىغا

ئۇرغانىدى، ئات پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. ئىككى تەرەپتىن ئات كەلتۈرۈلدى. ئۇلار يەنە ئېلىشتى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، بەھزادخان ئەللىك مىڭ لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. قارشى تەرەپتىن ساھىبقىرانمۇ سانسىز لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى شۇنداق جەڭ بولدىكى، زاماننىڭ كۆزى بۇنداق جەڭنى كۆرمىگەندۇر. كۈن ئولتۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ تىنچلىق دۇمبىقىنى چېلىپ ئارامگاھقا ياندى. جەڭ ئون كۈن توختىدى. ئەمما تەھماسەبنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى سەبۇكتېگىنگە يەتكەندە بېشارەت دۇمبىقىنى چالدى.

يەنە بىر كۈنى جەڭنى باھانە قىلىپ سەپ تۈزۈشتى. بۇ چاغدا قاراخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. گەردوست قەلئەدار ئابدۇللا مۇبارەك، نەفىل بىننى ھامان بىر ـ بىرلەپ بېرىپ، قاراخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. سام جەندىپۇش غەزەپلىنىپ قوشۇنىغا قاراپ:

— بۇ ئەرەبلەر مەيدانغا كىرىپ ھەممىسى قولىغا چۈشتى، — دەپ قاراخاننىڭ ئالدىنى توسقانىدى، ئېتى مۇدۇرلۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى. سام جەندىپۇش ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزىنى رۇسلاپ، قاراخاننىڭ بويىنىغا سىرتماق تاشلاپ يىقىتىپ، ئۇنى پىيادىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇ پالۋان ئىگىسى يوق مەيداندا قۇرۇق قول يېنىپ چىقتى. فەرىدۇن شاھ ئاھ ئۇرۇپ ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق بىلەن مەيدانغا باستۇرۇپ كەلدى. خىسرەۋ سەبۇكتېگىن ھەرىكەتلىنىپ بۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەمىرخان، مۇھەممەد شىرزاد فەرىدۇن شاھنىڭ رۇخسىتى بىلەن مەيدانغا يۈزلەندى.

ئەلقىسسە، تامام لەشكەرلەر بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر سەبۇكتېگىن تەرەپكە ئېتىنى چاپتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن تەھماسەب يېتىپ كەلدى. ئۇ جەڭ قىلىپ يۈرۈپ

ئىسكەندەرنىڭ تاجىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەردار ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزۈپ شەمشەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، ئىسكەندەر فىلقۇس شەمشىرى بىلەن تەھماسەبنىڭ تىغىنىڭ ئاستىغا ئۇردى. تەھماسەبنىڭ شەمشىرى سۇندى. ساھىبقىران قول ئۇزىتىپ تەھماسەبنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ كۆچىگەنىدى، كەمەر زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ تەھماسەب قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئىككى قوشۇن ئىككى دەريا مەۋج ئۇرغاندەك جەڭ قىلدى. تىنچلىق دۇمبىقى چېلىنغانىدى، ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئارامگاھىغا قايتىشتى. سەبۇكتېگىن تەھماسەبكە زىياپەت بېرىپ، مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئەمما نەسىم ئەرەبنىڭ باتۇرلىرى ئۈچۈن باش قاتۇردى. چۈنكى سام ھەم تۇتقۇندا ئىدى. ئۇلارغا نىجاتلىق بېرىشنى خالىماي، ئەگەر بارسام تۈركلەر تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويىمىسۇن، دەپ ئولتۇراتتى. ئۇ كېچىسى فەرىدۇن شاھ نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي بوۋا، ھازىر مىڭ تومەن بايلىقىم بار، ئۇنى سىزنىڭ خەزىنىڭىزگە تاپشۇراي، سامنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز. ئۇلار ئەرەبلەرگە بەندەپلىك قىپتۇ، — دېگەنىدى، نەسىم:

— يۈزىڭىز ئۈچۈن بارىمەن. ئىشىم ئوڭغا تارتسا ئۇنى كەلتۇرىمەن، — دەپ ئوردىدىن چىقتى. ئۇ تەرەپتە، سەبۇكتېگىن سولاقتىكىلەرنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. تەھماسەبنىڭ كۆزى باتۇرلارغا چۈشۈپ، بىر - بىرلەپ ئېتىنى سوراپ، ھەر بىرىنىڭ ئېتىنى چاقىردى. تەھماسەب سامغا قاراپ:

— بۇلار ئەرەبلەر ئىكەن. قورسىقى ئاچ بولسا ھەرقانداق كىشىگە مۇلازىم بولۇشنى خالايدۇ. لېكىن سىلەر بۇلارغا ئوخشاش ئەمەس، نېمە ئۈچۈن ھېكىم زامانغا ئىتائەت

قىلىسىلەر؟ — دېگەنىدى، سام:

— ئەي تۇرك، مەن بۇگۈن ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلدىم. تاڭلا سەن ئىتائەت قىلارسەن، — دېدى. تەھماسەب:

— ئىسكەندەرنى بۇگۈن كۆردۈم. تاڭلا مەيداندا سىرتماق بىلەن تۇتىمەن، — دېدى. سام:

— ھازىر ئەھۋال مۇشۇنداق، ئەگەر جېنىم سالامەت تەندە بولىدۇن دېسەڭ، ئىككىنچىلەپ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىغا كىرمىگىن، ئەگەر نىقابدارنىڭ شەمشىرىگە داخىل بولۇپ قالساڭ، بىر زەربە بىلەن ئىتىڭ بىلەن تۆت پارچە بولىسەن. ئەگەر مۇھتەر مۇلكى ھېرماننىڭ قولىغا چۈشسەڭ، ئۇ ئۇستا پالۋاندۇر. ئۇ سېنى بۆزنى يىرتقاندەك يىرتىپ تاشلايدۇ. ئەگەر سەئىداننىڭ گۇرزىسىنىڭ ئاستىغا داخىل بولساڭ ياكى فەرەڭنىڭ شەمشىرى ۋە ياكى زابىل بانۇنىڭ شەمشىرىنىڭ ئاستىغا كەلسەڭ، يۈز جېنىڭ بولسىمۇ بىرى ساق قالمايدۇ. ئەي تەھماسەب، ئەگەر ئىسكەندەرنىڭ تامام باتۇرلىرىنىڭ ئىتىنى ئىبىتسام يۈرىكىڭ سۇ بولىدۇ. ئەگەر ئەمىرخان، مەھمۇد شىرزاد ۋە تۇرمەس، مازەندەرانى ھەم ھەرۋەم نەۋجەۋانلارغا داخىل بولساڭ، قۇتۇلمىقىڭ تېخى تەس. ئەگەر مەرد بولساڭ، تاڭلا مەيدانغا كەلگىن، مەيداندىن سالامەت يانغىنىڭنى بىر كۆرەي، — دېگەن ئىدى. تەھماسەب كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي بۇرادەر، سەن ھازىر مېنىڭ قولۇمدا، نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن ئەتە جەڭ قىلىسەن؟ — دېدى. سام:

— تەقدىر ئىلاھى خالىسا، يېرىم كېچە بولماي مەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بارىمەن. تاڭلا مەيداندا بولسۇن، — دېدى. بۇ سۆزدىن كېيىن سەبۇكتېگىن:

— تۇتقۇندىكى يۈز كىشىنى ھەمراھ قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ مەيدانغا سالسۇن، — دېگەنىدى، نەسىم

چېدىرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كېچىسى زابىل بانۇ تاشقىرىغا چىققاندى. نەسىم ئەھۋالنى زابىل بانۇغا ئېيتتى. بانۇ ئاتقا مىنىپ شەھەرگە ماڭدى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئۇ تەرەپتە سەبۇكتېگىنىنىڭ ئەۋلادى يۈز كىشى بىلەن سولاقتىكىلەرنى زەنجىر بىلەن باغلاپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بانۇغا ئۇچرىدى، بانۇ باغلاقتىكى پالۋانلارنى سەبۇكتېگىنىنىڭ پالۋانلىرىنىڭ قولىدىن خالاس قىلدى. سەبۇكتېگىنىنىڭ نەۋكەرلىرى قاچقاندى، نەسىم سىرتماقنى ئۇلارنىڭ بېشىغا تاشلىدى. نەۋكەر بېشى ئات بىلەن يەرگە يىقىلدى. نەسىم بېرىپ مەھكەم بېسىپ، ئارغامچا بىلەن پۇت - قولىنى باغلىدى. باتۇرلارنى سولاقتىن قۇتقۇزدى. سامىنىڭ زەنجىرىنى سەبۇكتېگىنىنىڭ نەۋكەرلىرىنىڭ بويىنىغا سالدى. باتۇرلار ھەر بىرسى بىردىن ئاتقا مىنىپ ئۇلارنى ئاتقا ئارتىپ كەتتى. ئەمما تۈرك پالۋانلىرىدىن بىرسىنىڭ ئېتى ئاقساق ئىدى، ئۇ ئارقىسىدا قالدى. ئۇ جەڭنىڭ دۇمباق ئاۋازىنى ئىشىتىپ:

— خالايىق، لەشكەرلەر بىلەن شەھەرگە بېرىڭلار. شەھەرنى ئېلىڭلار، پالۋانلارنى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى ئەسىر قىلدى، ئىمكان بار شەھەرنى ئالايلى، — دەپ خەۋەر بەرگەندى، تەھماسەب بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ ئېتىغا مىنىپ شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. لەشكەرلىرى ئارقىسىدىن ئاتلاندى. ئوردا خالىي قالدى. ئۇ تەرەپتە نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. مۇھەممەد شىرزاد، فەرھەڭ بىلەن بەھزاد، ھەرۇم نەۋجەۋان بۇ تۆت سەردار تۆت مىڭ ئاتلىق زەربدارلار بىلەن تەھماسەبنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئاتلاندى. شۇ كېچە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. كېچىدە تۈركلەر بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. تاڭ ئاتتى. سەبۇكتېگىن

تەھماسەب بىلەن شەھەرگە باردى. شەھەردە ھېچقانداق كىشىنى كۆرمىدى. ئۇلار بۇ يەردە كىچىلىك ھۇجۇمنىڭ جەريانىنى ئىشىتتى. تەھماسەب غىزەپلىنىپ ئىتتىغا مىنىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سام قىلغان ۋەدىسى بويىچە مەيدانغا كىرىپ، تەھماسەبنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى.

تۈركلەر ئۆز قائىدىسى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ مەيدانغا باستۇرۇپ كەلدى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلدى. بۇ چاغدا بىر نىقابدار پەيدا بولۇپ مەيدانغا كىرىپ جەڭ قىلدى. تۈركانىيلار زەربىگە ئۇچراپ قانچە ئۆلسىمۇ ئەمما جەڭدىن يانمايتتى. كۈن ئولتۇرغىچە شۇنداق ئېلىشتى. كۈن ئولتۇرغاندا قوشۇنلار تىنچلىق دۇمبىقىنى چېلىپ ئارامگاھلارغا قايتىشتى. جەڭ نەچچە كۈن توختاپ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشتى[①]. كېچىدە ئىسكەندەر:

— ئەي باتۇرلار، ھازىر جەڭ توختىدى. تاڭلا شىكارغا بارايلى، — دېدى.

ئەلقىسسە، تاڭ ئاتتى. باتۇرلار ئاتقا مىنىپ شىكارغا راۋان بولدى. ئىرادە بىلەن نىقابدار ھەم ئۇ كۈنى شىكارغا بېرىپ، ئورمانلىقتا شىكار قىلىپ يۈرگەنىدى، بىر چاغدا ئەمىرخان يېتىپ كېلىپ ئوق تەگكەن كېيىكنى كۆردى. سالما تاشلاپ كېيىكنى تۇتتى. بۇ چاغدا نىقابدار ئەمىرخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەمىرخانغا:

— ئەي باتۇر، ئۇۋلانغان كېيىكنى قويۇپ بەرگىن. سەن

---

① ئەسلى قوليازمىنىڭ مۇشۇ بېتىنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەنكى قىسمىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 10 سانتىمېتر، ئېنىنىڭ كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىر ئەتراپىدا بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن، ئوڭ قولىدا شەمشەر تۇتقان، بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «تەھماسەب» دېگەن خەت يېزىلغان بىر چەۋەندازنىڭ رەسىمى سىزىلغان.

ئۇنى تۇتقان ئەمەس، — دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئەمىرخان:

— ئەي مەرد، سەن شىرلارنىڭ ئۇۋىسىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چۇۋۇپسەن، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلىۋاتىسەن، ھازىر بۇ يەردە كىشى يوق، بىز ئېلىشىپ باقايلى، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى كۆرەي، — دېدى. نىقابدار قوبۇل قىلىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. شۇ ئەسنادا ئىسكەندەر يېتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تولا ھەسرەتلەندى. چۈنكى نىقابدار ئىسكەندەر بىلەن دىدارلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئەمىرخان، قولۇڭنى يىغقىن، — دېدى.

ئەمىرخان قولىنى يىغدى. نىقابدار:

— ئەي ساھىبقىران، ئەمىرخاننىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى ئىدىم يول قويمىدىڭ، ئۇ ئۆزىگە تولا بەك ئىشىنىدىكەن — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي بۇرادىرىم، تاڭلا، قاراخاننىڭ مەيدانىغا چۈشىدىغان كۈن ئىكەن. ئەگەر مەرد بولسىڭىز قاراخاننىڭ ئەدىپىنى بېرىڭ، — دېگەنىدى، ئەمىرخان:

— تاڭلا مەيدانغا چۈشىدىغان كۈنۈم. ھېچقانداق كىشى مەيدانغا چۈشمىسۇن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى ئۆتتى. كېچە بولدى. سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىدىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ئىسكەندەر ئەمىر قىلغانىدى. جەڭ دۇمبىقىنى سوقتى. نىقابدارنىڭ قوشۇنىدىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلا ـ. شۇ چاغدا تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تۈزدى.

قاراخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. نىقابدار كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ نەيزىۋازلىق

قىلىشتى. نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولماي، قولىغا يانى ئېلىپ، ھەر بىرى يۈز ئاتمىش تالدىن ئوق ئاتتى. يەنە مۇرادى ھاسىل بولمىدى. قاراخان قولىغا شەمشەر ئېلىپ نىقابدارنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، نىقابدار قولىنى ئۇزىتىپ، غەزەپ بىلەن شەمشەرنى تارتىۋېلىپ، قاراخانغا — باتۇرنىڭ شەمشىرىنى تېتىپ باققىن، — دەپ ئۇردى. قاراخان بېشىغا قالقان تۇتتى. نىقابدار يەنە شەمشەر ئۇرغانىدى، قاراخاننىڭ بېشىغا ئىككىلىك پاتتى. سەئىد تۇرغانلارغا:

— نىقابدار مەيداندىن چىقىپ كەتمىسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى. تۇرغانلار مەيدانغا تۆكۈلدى. ئىسكەندەر:

— بۇرادەرلەر، نىقابدارغا مەدەت بېرىڭلار، — دېگەنىدى، فەرىدۇن سانى، ئابدۇلھېمىد، ئەمىرخان ۋە باشقا باتۇرلار نىقابدارنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئابدۇلھېمىد ئىككى قولى بىلەن تىغ ئۇراتتى. بۇ چاغدا نىقابدار مەيداندىن چىقىپ كەتتى. بىر تۈرك مەيدانغا كىرگەنىدى، بۇ تەرەپتىن سەئىدان مەيدانغا چۈشتى. ئەلقىسسە، قىيامەت ئاشكارا بولدى. سەئىدان شۇ ھالدا ئۆزىنى تۈركانىيلارنىڭ ئەلەمدارىغا يەتكۈزۈپ، ئەلەمدارنى ئەلەم بىلەن تەڭ يىقىتتى. تۈركانىيلار زەربە يەپ بەلخ تەرەپكە بەدەر كەتتى. ئۇ تەرەپتە سەئىدان تۈركىستاننىڭ ۋالىيسىغا:

— سىلەر ئىسكەندەرنىڭ دۆلەت ئىقبالى بىلەن باراۋەر بولالمايسىلەر، — دېگەنىدى. سەبۇكتېگىن شۇبۇ مەزمۇندا قىتا [83] (خىتاي) نىڭ بانۇسىغا نامە ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلاردىن نېمە جاۋاب بولاركىن، دەپ سۆزلەۋاتاتتى. لەيىن يەلتاپان بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ:

— شەھرىيار، خۇش خەۋەر، شەمامە جادۇ سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزغا كېلىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، سەبۇكتېگىن خۇشال بولۇپ، بارگاھتىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، بىر قارا كىيىملىككە كۆزى چۈشتى. مۇلازىم:

— بۇ مەلىكە قىتا ئىكەن، — دېگەنىدى، پادىشاھ تولا مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەي مەلىكە، دەرگاھىمىزغا كەلدىڭىز. نېمە قىلماق لازىم؟ — دېدى. گۆلدۈر جادۇ:

— مېنىڭ كەلگىنىمنى كىشى بىلمىسۇن، پاش قىلماڭلار، پەرمان قىلسىڭىز، پىيادىڭىزدىن بىرى بىر چىلاپچە، بىر ئوتقاش ۋە يەلپۈگۈچ - سۈپۈرگە ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە يېقىن يەردىكى تاغقا بارسۇن. مەن ئۈچ كۈن قار ياغدۇرىمەن. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا ھۇجۇم قىلىشقا سىز تەييار بولۇڭ. كىم قاردىن قېچىپ تاشقىرىغا چىقسا، خەۋەردار بولۇڭ، قەتل قىلىنسۇن، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## ئەللىك ئىككىنچى قىسسە، گۆلدۈرماما جادۇنىڭ جادۇگەرلىك قىلغانلىقى، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ پاراكەندە بولغانلىقى، ئابدۇلھېمىدنىڭ سەبۇكتېگىنىنىڭ قىزى شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا بارغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقلچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، يەلتاپان لەيس جادۇنىڭ ئەمرى بىلەن چىلاپچە، يەلپۈگۈچ، سۈپۈرگە، ئوت ۋە مەش ئېلىپ، گۆلدۈرماما جادۇ بىلەن تاغقا چىقتى. گۆلدۈرماما جادۇ جادۇلارنى ئوتۇن يىغىشقا، لەيسنى ئوت قالاشقا بۇيرۇدى. ئۆزى سۇغا سۈپۈرگىنى چىلاپ ئوتقا

سەپكەنندى، تۇتۇن ھاۋاغا ئۆرلەپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە سۈرۈلدى. ئۇ تەرەپتە، ئىسكەندەر سەردارلىرى بىلەن بارگاھتا ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە قار ياغقىلى تۇردى. قار يېغىپ چېدىرنىڭ ئارقىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:

— بۇنىڭغا سىزنىڭ نېمە ئىلاجىڭىز بار؟ — دېگەنندى، ئارستو:

— ئوردىدا تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، — دېدى. ئارستو ئىسكەندەر بىلەن فەرىدۇن سانى ئاتقا مىنىپ ئوردىدىن چىقتى. قالغان سەردارلار ھەر تەرەپكە كەتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇلار كەتكەن جايلىرىدىن بىردىن - ئىككىدىن جەم بولدى. پەقەت ئابدۇلھېمىدلا يوق ئىدى. ئابدۇلھېمىد ئېتىغا مىنىپ مېڭىپ، سۇبھى ۋاقتىدا بىر ئېگىزلىككە يېتىپ باردى. ئېگىزلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر باغ كۆرۈندى. ئۇ بىتاپلىقتىن ئېتىنى ئۇ باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ چاپتۇردى. باغنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە، ئىشىك ئېچىلىپ بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇ باغۋەن بوۋاي ئىدى. باغۋەننىڭ قولىدا كەتمەن بولۇپ، باغدىن تاشقىرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ كۆزى ئابدۇلھېمىدقا چۈشتى. بوۋاي ئابدۇلھېمىدنىڭ ياۋداق ئاتقا مىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، نېمە كىشى سەن؟ — دەپ سورىدى. ئابدۇلھېمىد:

— مەن سودىگەر ئىدىم، قاراقچىلار قوغلاپ كەلدى. مەن ئۇلارنى ئالداپ ئۆزۈمنى بۇ ئاتقا يەتكۈزۈپ جېنىمنى قۇتقۇزدۇم، — دېگەنندى. بوۋاي:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ ئوغلۇم يوق، ئەگەر ماڭا ئوغۇل بولساڭ، باغۋەنچىلىكنى ئۆگەتسەم بۇ باغدا سەبۇكتېگىننىڭ قىزىنىڭ خىزمىتىگە مەشغۇل بولساڭ. بۇ باغ سەبۇكتېگىننىڭ قىزىغا تەئەللۇق، — دېدى. ئابدۇلھېمىد بۇنى ئاڭلاپ ئاتتىن

چۈشتى. بوۋاي ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىنى تۇتۇپ، دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەي پەرزەنتىم، بۇ يەردە ئولتۇرغىن. مەن ئىشلەمچىلەرنى باشلاپ كەلسەم، بۇ يەرنى چېپىپ ئاغدۇرسۇن، — دەپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئابدۇلھېمىد كەتمەننى ئېلىپ ئۇ يەرنى چېپىپ بوشاتتى. بوۋاي يېتىپ كېلىپ، ئابدۇلھېمىدنىڭ بىر پارچە يەرنى ئاغدۇرۇپ بوشىتىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بوۋاي ئابدۇلھېمىدنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، قولىنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. غىزا ھازىرلاپ ئىككىسى بىرلىكتە غىزالاندى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي ئاتا، ئەگەر بىر ئوتلام مەي بولغان بولسا، ۋاقىت كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بولاتتى، — دېدى. بوۋاينىڭ مەيپۇرۇش دوستى بار ئىدى، ئۇنىڭكىگە بېرىپ بىر كومزەك مەي كەلتۈرۈپ بەردى. شاھزادە بىر قەدەھنى ئۆزى ئىچىپ، يەنە بىر قەدەھنى بوۋايغا قويۇپ بەردى. ھەر ئىككىسى بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشتى. بوۋاي:

— ئەي پەرزەنتىم، باغقا بارايلى، گۈل ئۈزگىن، بىر دەستە گۈل تىزىپ شەھرىبانۇغا ئېلىپ بارايلى. ئەلۋەتتە خۇش بولار، — دېدى. ئىككىسى بىرلىكتە باغقا باردى. باغۋەن گۈل ئۈزدى. ئابدۇلھېمىد باغۋەننى بىخۇت قىلىپ بىر دەستە گۈلدىن چىرايلىق خەت تىزىپ سېۋەتكە سېلىپ قويدى. باغۋەن بوۋاي سېۋەتنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ قەسرىگە بېرىپ تۇرغاندى. كېنىزەكلەر شەھرىبانۇغا:

— باغۋەن گۈل كەلتۈرۈپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

قىز:

— قايسى مەرد باغۋەن قەسرگە داخىل بولدى؟ — دېدى. باغۋەن سېۋەتنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندى، كېنىزەكلەر گۈلنى مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويدى. مەلىكە گۈلنى

قولىغا ئالدى. توساتتىن گۈلدەستىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈلدىن تىزىلغان خەت مەلىكىنىڭ قولىغا چىقتى. مەلىكە قاراپ گۈلدىن رۇبائىي پۈتۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ رۇبائىي مۇنداق ئىدى:

ئەي مەھبۇبگۈل بىيىت سەرەخ شىكەفتە رۇيەن،
رەي مەھبۇبگۈل بىنەفشە ئەيىد بۇ يەن.
مەن ھەمموز دور دوئاكوي يىتىمۋاج،
مەھبۇبكە سەفىدگەرە دەج.

شەھربانۇ بۇ گۈلدەستىگە قاراپ:

— ئەي بوۋاي بۇگۈن بۇ گۈلدەستىنى كىم تىزدى؟ — دېگەنىدى. باغۋەن:

— ئەي مەلىكە، مەن تىزدىم، — دېدى. مەلىكە:

— ئەي كېنىزەك، بۇ باغۋەننى تۈتۈپ قەسىرنىڭ ئىشكىگە ئېسىڭلار، — دېدى. كېنىزەكلەر:

— ئەي باغۋەن، يەنە بىر قېتىم بىر دەستە گۈلنى مۇشۇ تەرتىپتە تىزغىن، — دېگەنىدى، باغۋەن تىزالمىدى. كېنىزەكلەر باغۋەننى دارغا ئاسقىلى كەلگەنىدى، باغۋەن:

— ئەي مەلىكەم، مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ نېمە ئۈچۈن مېنى دارغا ئاسىسىلەر؟ — دېدى. مەلىكە:

— بۇنىڭدىن يامان گۇناھ بولامدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ماڭا يالغان سۆزلەيسەن؟ راستىنى ئېيتقىن، ئەگەر راستىنى ئېيتمىساڭ، ئاتامنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سېنى ئېسىپ ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. باغۋەن:

— راستلىقى شۇكى، بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بۇ شەھەردىن كەتكەن. ئۇ شەھەردە توي قىلىپ بىر ئوغۇل تېپىپتۇ، ھالا ئۇ بۇرادىرىم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ئوغلى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بەلخقە كېلىپ، تۈنۈگۈن سوراپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. بۇگۈن ئۆزۈمنىڭ

جاھىللىقىدىن گۈلزارلىقتا ئېلىپ كەلگەنىدىم، بۇ دەستە گۈلنى ئۇ تىزىپتۇ. پەرمان مەلىكىدىن چىقىدۇ، — دېگەنىدى، شەھرىبانۇ:

— بارغىن، ئۇ يىگىتنى ھازىر قىلغىن، كۆرەي، — دېدى. باغۋەن ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي پەرزەنتىم، مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىلى ئاز قالدىڭ، قوپقىن، مەلىكە سېنى چاقىرىدۇ. مەن سېنى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى دەپ ئەھۋال بايان قىلدىم. سەن بۇندىن بۆلەك سۆز قىلمىغىن، — دەپ ئابدۇلھېمىدنى قەسىرگە باشلاپ باردى. شۇ چاغدا يىراقتىن مەلىكىنىڭ كۆزى ئابدۇلھېمىدقا چۈشۈپ، ئۇنىڭ بويى بىلەن جامالىنى كۆرۈپ ئابدۇلھېمىدنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. مىڭ دىلى بىلەن جامالىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. شاھزادە ھەم نازىنىننى كۆرۈپ، تەقدىرنىڭ كۆلپىتىدىن ئۇستى - بېشىدىكى لاينى ئېلىپ تاشلاپ لەئلىنىڭ لېۋىگە چاپلاشتى. «غۇنچىنىڭ بەرگىدە ھەرنىڭ دىلى خۇن بوپتۇ» دېگەندەك، شاھزادە مەلىكىنى كۆرگەن ھامان دىلىنى قولىدىن بېرىپ ئاشىق بولدى. قىز:

— ئەي باغۋەن، بۇ يەردە ئېلىشىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا، ئالدىڭىزدىكى بۇتنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇڭ. ھازىر سىزنى خىزمەتكە بۇيرۇساق زۇلۇم بولىدۇ. باغۋەنلىكنى ئوغلىڭىز بىلەن سىزگە بەردۇق، — دېگەنىدى، باغۋەن دۇئا قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇلھېمىد قالدى. قىز ئابدۇلھېمىدنى ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەي يىگىت، مەي ئىچەمسىز؟ — دېگەنىدى. ئابدۇلھېمىد:

— بۇندىن ئىلگىرى مەي ئىچەتتىم. ھازىر مەلىكىنىڭ ھۇزۇرىدا مەي ئىچىشكە ھەددىم ئەمەس، — دېدى. شەھرىبانۇ مەينى ئېلىپ جامغا قۇيۇپ ئۆزى ئىچتى. يەنە بىر جامنى

ئابدۇلھېمىدقا تۇتتى. شۇ چاغدا ھەر ئىككى قەدەھتە مېھىر رىشتىسى پەيدا بولدى. ئابدۇلھېمىد كۇلاھنى بېشىدىن ئېلىپ تىزىدا قويدى. ئۇ ئىسكەندەر زىياپەتتە ئولتۇرغاندەك ئولتۇردى. قىز ئابدۇلھېمىدنىڭ ئولتۇرۇش - قوپۇشىغا قاراپ، بۇ ئوغۇلنىڭ باغۋەنىنىڭ ئوغلى ئەمەسلىكىنى بىلىپ:

— ئەي يىگىت، دىنىڭ بىلەن قائىدەڭنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە خىزمىتىڭنى راست ئېيتقىن، سەن كىم بولىسەن؟ مەندىن قورقمىغىن، مەندىن ئۇچۇق - ئاشكارا كىشى يوق، — دېگەندى، ئابدۇلھېمىد:

— سەن كىم؟ مەن سەندىن قورقمايمەن. مەن ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى. ئېتىم ئابدۇلھېمىد بولىدۇ، — دەپ گۇلدۇرمامىلىق جادۇنىڭ جادۇ قىلغان ئىشلىرىنىڭ جەريانىنى بايان قىلدى. ئۆزىنىڭ بۇياققا كەلگەنلىكىنىڭ جەريانىنى چۈشەندۈردى. شەھربانۇ خۇشال بولۇپ، جايىدىن قوپۇپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن قايتا كۆرۈشتى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەمدى ئىسكەندەردىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

ئىسكەندەر ئۇ كېچىسى چېدىردىن سىرتقا چىقىپ ئاتقا مىنىپ، نەسىمنى ئاتنىڭ ئالدىغا سېلىپ كېتىپ باراتتى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى تاغ باغرىغا چۈشتى. ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئوت قالاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي دەۋران بوۋا، بۇ ئوت ئاجايىپ ئۇلۇغ كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ تاغقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار ئوتقا يېقىن بېرىپ، ئۇ يەردە بىر جادۇگەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بىردەم- بىردەم سۇپۇرگىنى سۇغا ئۇرۇپ ئوتقا چاچاتتى. ئوت ئۆرلەپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئىس - تۈتەك باراتتى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ئوقدانىدىن ئوقنى ئېلىپ، كىرىچ كامانغا قويۇپ، ئۇ جادۇنى نىشانقىلىپ ئاتقاندى، ئوق

جادۇنىڭ كەينىدىن تېگىپ كۆكرىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. جادۇنىڭ يېنىدا تۇرغان نەۋكەر نەيزە بىلەن ئۇرماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەنىدى، ئىسكەندەر ئۇنى ھەم ئوق بىلەن يىقىتتى. لەيس بۇنى كۆرۈپ قاچماقچى بولدى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتۇپ باغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەسىم، سەن تاغ باغرىغا بېرىپ سەردارلارغا ئېيتقىن، دەرھال ئۆزىنى ئوردىغا يەتكۈزسۇن، تۇركانىيلار ئوردىغا كېلىپ قالمىسۇن، — دېدى. نەسىم لەيسنى باغلىغان ئارغامچىنى ئىسكەندەرنىڭ ئۆچىسىغا باغلىدى. نەسىم قىزىلتاغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئەمما لەيس ھارامزادە ئارغامچىنى چىشى بىلەن يېشىپ، ئىسكەندەرگە قاراپ:

— قىتا ئۆلكىسىنىڭ خانىمىنى خاتا ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى مەن بېرىپ تۇركانىيلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئورداڭغا بېرىپ تالان - تاراج قىلدۇرىمەن، — دەپ قېچىپ كەتتى.

ئىسكەندەر ئوردىغا كەلدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئوردىنى تۇركلەر تالان - تاراج قىلىۋەتكەنىدى. لەيس قولىنى يېشىپ قېچىپ سەبۇكتېگىنىنىڭ بارگاھىغا بېرىپ:

— ئەي خاقان، ئىسكەندەر گۇلدۇرماما جادۇنى ئۆلتۈردى. شاگىرتى نەسىمنى لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئەگەر سىز لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئوردىنى تالان - تاراج قىلسىڭىز تازا پەيتىدۇر. ئىسكەندەر قورال - ياراغلارنى جەملەپ قويغانىكەن، — دېدى. تەھماسەب مەجلىستە ئولتۇراتتى. ئۇ:

— ئەي سەبۇكتېگىن، جادۇگەرنى جادۇ قىلىشقا ئەۋەتىپ ئىسكەندەرگە زەربە بەردىڭ، زۇلۇم قىلدىڭ، بىز نېمە ئۈچۈن كەلدۇق؟ ئىسكەندەرنىڭ نىيىتىنى بىزگە دېۋىدىڭ، بىز بىلەكنىڭ كۈچى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ چارىسىنى قىلماقچى

ئىدۇق. بىراق سەن بالدۇرلا جادۇگەر بىلەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلدىڭ، — دېگەنىدى، سەبۇكتېگىن:

— ئەي باتۇر، هازىر دەل ۋاقتى بولدى. تۇرغىن، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بارايلى، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنى پاراكەندە قىلايلى، — دېدى. تەهماسەب:

— ئۇنداق قىلىش نامەردلىك. سەۋر قىل. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى جەم بولسۇن، دۈشمەننىڭ مال - دۇنياسىنى نامەردلىك بىلەن ئالغان مەردنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى. سەبۇكتېگىن تەهماسەبنىڭ يۇقىرىقى ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى توققۇز يۈز مىڭدىن كۆپ لەشكەرنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. ئىسكەندەر يالغۇز غىلاپىدىن تىغنى چىقىرىپ، ئۆزىنى تۈرك لەشكەرلىرىگە ئۇردى. تۈركانىيلار ئوردىنى تالان - تاراج قىلىشقا باشلىدى. تۈركلەر ھەرەم تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، ئىسكەندەر قارشى تەرەپ ئەمىر ھەرەمنى ئوتقاش بىلەن كۆيدۈرۈۋېتمەكچى بولدى، دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىم سەردارلار ئارىسىغا يېتىپ كېلىپ مەشھۇر باتۇرلاردىن فەرىدۇن، سەئدان، فەرھەڭ، بەھرام فەلەڭ پۇش، ئەمىرخان، نىقابدار ۋە باشقا باتۇرلار بىلەن ئوردىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنى تۈركانىيلارنىڭ ئالدىغا ئۇردى. بۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ھالەت ئاشكارا بولدى. ئىسكەندەرنىڭ بىر قىسىم باتۇرلىرى جەڭ كۈنى ھەر بىرى ئۆز خىلى بىلەن ئېلىشتى. ئىسكەندەرنىڭ ئون ئىككى مىڭ لەشكىرى تۈركانىيلارنىڭ توققۇز يۈز مىڭ لەشكىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. ئاقىۋەت تۈركانىيلارنىڭ لەشكەرلىرى غالىپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۇردى. ئىسكەندەرنىڭ خەزىنە، تۇرار جاي، قورال - ياراغلىرىنى تۈركلەر تارتىۋالدى. تۈركلەرنىڭ چەۋەندازلىرى كامىنىنى

ئىسكەندەر تەرەپكە قاراتتى. بىر تۇرك ئوقنى شۇنداق ئاتتىكى، ئوق ھەتتا پەرۋەردىگارنىڭ شەپقىتى بىلەن ئىسكەندەر كىيگەن ئالتۇن تاجدىن ئۆتكەن بولسىمۇ بەدىنىگە ھېچقانداق زەرەر يەتمىدى. لېكىن ئوقنىڭ زەربىسىدە ئېتى يىقىلدى. ئىسكەندەر پىيادە بولۇپ قالدى. ئىسكەندەر تۇركلەرنىڭ ئالدىدا ئاتسىز قالدى. نەچچە مىڭ تۇرك ئىسكەندەرنى تۇتۇش ئۈچۈن قەست قىلدى. مۇھتەر نەسىم بۇ ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇردى. نەسىم بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ:

— ئەي پەرۋەردىگار، پادىشاھ پاناھنى قۇللۇقتا قېلىشنى لايىق كۆرمىگىن. ئىسكەندەردەك پادىشاھلار جاھاننى زۇلمەتتىن پاك ئېتىقادى بىلەن يورىتىدۇ. ئۇ غەيرىي مەزھەبتىكىلەرنىڭ قولىدا قالمىسۇن، — دەيتتى. مۇھتەر نەسىم ئېخچىلا مۇناجاتتا ئىدى.

بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، ئىككى تۇغ - ئەلەم ئارىسىدا ئون ئىككى مىڭ كىشى پەيدا بولدى. نەسىم ئۇلار ئۆز مەزھىبىدىكى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئىسكەندەر بىلەن نەسىمنىڭ كۆزى شىر باش مازەندەران، رۇستەم داستان، تۇرلارغا چۈشتى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرنىڭ قولىنى سۆيدى. تۇر ھەم نەسىمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ:

— ئەي مۇھتەر دەۋران، بۇ نېمە چۇقان - سۈرەن؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلدى. تۇر باتۇر خەنجەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن ئۆزىنى تۇركلەرگە ئۇردى. شۇ ئەسنادا تۇرنىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى. تۇر دەرھال ئايغىنى ئۈزەڭگىدىن بوشىتىپ،

كەركىدانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ساھىبقىران، بۇنى مىنىۋېلىڭ، تۇرنىڭ كۆزى كور بولسۇن. سىزنى بۇ ھالەتتە كۆرمىسۇن، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر قاراپ، تۇرنى كۆرۈپ:

— ئەي تۇر، قىيامەت كۈنى يۈزۈڭ ئاق بولسۇن، ئەجەب ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭ، — دېدى. تۇر كەركىداننى تارتىپ ئىسكەندەرنى مىنگۈزدى. تۇر ئۆزى بىر تۇركنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئېتىنى ئالدى، ئىسكەندەر ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەي تۇر، سەن يەنىلا ئۆز كەركىدانىڭنى مىنگىن، — دەپ كەركىداندىن چۈشۈپ ئاتقا مىندى. تۇر كەركىدانغا مىندى. ئىسكەندەر:

— ئەي تۇر، مېنىڭ ئارقامدىن يۈر. دۈشمەننى ئارىدىن كەتكۈزەيلى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئاخىرى تۈركانىيلار كۆپ بولغانلىقتىن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. كېچە بولدى. ئىككى تەرەپ قوشۇنى بىر-بىرىدىن كېچە بىلەن كۈندۈزدەك ئايرىلدى. ئىسكەندەر شاھ بارگاھىنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. سەبۇكتېگىن دۈشمەنلەر گۇمانلانمىسۇن، دەپ چەۋەندانلارغا:

— ئىسكەندەرگە نامەردلىك بىلەن زەربە بەرمەيمىز. بۇيرۇق: جەڭ دۇمبىقىنى چالسۇن. مەن مەردلىك بىلەن ئىسكەندەرنى بۇ ئارىدىن سۈرگۈن قىلاي، بۇ ۋەقە داستانلاردا تىلغا ئېلىنسۇن، — دېدى. بۇ قىسسىنى كېيىنكى قىسسىمىزدە ئىشىتكەيسىز.

## ئەللىك ئۈچىنچى قىسسە، شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ سەبۇكتېگىننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قوراللىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر نەقىل قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇلھېمىد شەھرىبانۇنىڭ بىغىدا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل ئىدى. شەھرىبانۇنىڭ بىر ئەيىيارى بار ئىدى، ئۇنى مەرجان دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى. شەھرىبانۇ ئۇنىڭدىن ئاتىسىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مەرجان ئەيىيار:

— ئەي مەلىكە، ئاگاھ بولۇڭ، گۇلدۇرماما جادۇنى ئىسكەندەر شاگىرتى بىلەن ئۆلتۈرگەنىكەن، ئاتىڭىز لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنى تالان - تاراج قىلىپ، خەزىنە بىلەن مال - دۇنياسىنى تارتىۋالدى. ئىسكەندەرنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ ئارىدىن قايتۇردى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىمى ھىندىستانغا ئەلچىلىككە بارغانىكەن، ئۇ كېچىكىپ كېلىپ، ئاتىڭىزنىڭ لەشكەرلىرىبىلەن تالاش قىلىپ، ئاخىرى ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى. يەتتە دانە كامان بىلەن يايلاق ئاتىڭىزنىڭ قولىغا كەلدى. كامانلارنى بارگاھقا ئېلىپ كېلىپ قوراللارنى ساندۇق بىلەن قويۇپتۇ. بۇنىڭ شەرتى

شۇكى، ھەر قانداق كىشى ئۇ يەتتە كاماننى تارتىپ كىرەلىسە، ئۇ كاماننى ساندۇق بىلەن شۇ كىشىگە بېرىدىكەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد بۇ سۆزنى ئىشتىپ دىلىغا ئوت چۈشتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، بۇ مەردلىكتىن ئەمەستۇر، بۇۋاي دۈشمەنلەر بىلەن شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپ تۇرسۇن، شۇنداق بولغاندىلا ھۆرمەتلىك بولىدۇ دەپ قويۇپ، سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ كاماننى تارتىپ قورالنى ئېلىپ كېتەي دەپ ئويلىدى ۋە:

— ئەي مەلىكە، بىر قۇر كىيىم بەرگىن. مەن ئۈچۈن ئات ھازىرلىسۇن، ئاتامنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلەي، — دېگەندى، شەھربانۇ:

— ئەي باتۇر، ئۇنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئىسكەندەر شۇنچە لەشكەر بىلەن ئاتامغا تەڭ كېلەلمەپتۇ. سىز تەنھا بېرىپ نېمە ئىش قىلالايسىز؟ — دېگەندى. ئابدۇلھېمىد غەزەپلىنىپ، شەھربانۇغا:

— سىز ئىشتىمىدىڭىزمىكىن، ئۇلۇغلار مۇنداق ئېيتقانىكەن: «ئىرادىلىك ئالىدۇ، ئىرادىسىز قالىدۇ.»

ئەلقىسسە، شەھربانۇ ئابدۇلھېمىد ئۈچۈن ئات بىلەن قورال كەلتۈردى. ئابدۇلھېمىد شەھربانۇ بىلەن ۋەدىلىشىپ، ئاتقا مىنىپ تۈركانىيلار ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ بارگاھقا يېقىن كېلىپ، مۆھتەر نەسىمنىڭ سودىگەر سۈرىتىدە جاسۇسلۇققا كەلگەنلىكىنى كۆردى. نەسىم ئابدۇلھېمىدنى كۆرۈپ، شۇ مەملىكەت تىلى① بىلەن:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ۋاقىتقىچە قەيەردە يۈردىڭىز؟ دېدى. ئابدۇلھېمىد نەسىمگە ئاداۋەت كۆزى بىلەن قاراپ ئاتتىن

---

① شۇ مەملىكەت تىلى — تۈرك تىلى.

چۈشتى. نەسىم ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى. ئابدۇلھېمىد بارگاھقا كىرىپ سالام قىلدى. لېكىن ھېچقانداق كىشىدىن جاۋاب سالام ئىشىتمىدى. بارگاھقا قاراپ بىر گۇناھكارنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى سام مۇناستىر[1] دەپ ئاتايتتى. ئابدۇلھېمىد ئۇ تەرەپكە بېرىپ:

— ئەي باتۇر، تەختتىن تېز قوپقىن. مەن ئولتۇراي، ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئاندىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغىن، — دېگەنىدى. سام بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي سەرگەردان، سەن بۇ بارگاھتا مەندىن ئاجىزراق كىشىنى تاپىمدىڭمۇ؟ — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— سېنى ھەممىدىن شىجائەتلىكرەك كۆردۈم. شۇ جەھەتتىن سېنى قوپقۇزۇپ تەختتە ئولتۇراي دەيمەن، — دېدى.

سام قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئابدۇلھېمىد تەرەپكە كەلدى. شاھزادە قول ئۇزىتىپ، سامنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى تۇتۇۋېلىپ، خەنجەرنى تارتىۋېلىپ بىر تەرەپكە تاشلىۋەتتى. ئاندىن گەدىنىگە بىر مۇشت ئۇرغانىدى، سام يىقىلدى. ئابدۇلھېمىد تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. سەبۇكتېگىن:

— ئەي بىئەدەپ، پادشاھلارنىڭ بارگاھىغا كىرىپ باقمىغانىكەنسەن، شۇڭا مۇشۇنداق بىئەدەپلىك قىلىۋاتىسەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— مەن بۇ بارگاھتا پادشاھ كۆرمىدىم، ئۆز ھۆرمىتىمنى ساقلايمەن، قايسى پادشاھنىڭ قائىدىسىكەن بارگاھقا كىرىپ سالام قىلسا جاۋاب سالام قايتۇرمايدىغان ۋە ئورۇن كۆرسەتمەيدىغان؟! شۇڭا بىئەدەپلىك قىلدىم، ئۆزۈمگە ئورۇن

---

② مۇناستىر — 1) دىنىنىڭ بىرەر دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنەك ۋە ھاياتنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماق. 2) ئىبادەتخانا. 3) راھىب.

تاپتىم، — دېدى. سەبۇكتېگىن:

— بۇنداق بىئەدەپلىك قىلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئاڭلىشىمچە، نەچچە كامالنى بارگاھقا ئاستۇرۇپسىلەر. ھەرقانداق كىشى ئۇ كامانلارنى تارتىپ كېرەلىسە، ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇش ئەسۋابلىرىنى ئالىدىكەن دەپ ئاڭلاپ ئۇ كامالنى تارتىپ، پادىشاھتىن قالغان ئۇرۇش ئەسۋابلىرىغا ئېرىشىمەن دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى. سەبۇكتېگىن:

— شۇنداق، ئەگەر كامالنى تارتىپ كېرەلمىسەڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېگەنىدى، ئابدۇلھېمىد قوبۇل قىلدى. ئابدۇلھېمىد ئاۋۋال ئۆزىنىڭ كامالنى ئېلىپ كۈچەپ تارتتى. ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ، ئەسۋابلارنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئاتقا مىنىپ:

— ئەي خەۋەرچىلەر، بۇ ۋەقەدىن خەۋىرىمىز يوق دەپ يۈرمەڭلار. ئەگەر سۆزۈڭلار بولسا كېلىڭلار، — دېگەنىدى، بىرسىمۇ رەت قىلمىدى. ئابدۇلھېمىد ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئىسكەندەر ئابدۇلھېمىدنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. نەسىم ئابدۇلھېمىدنىڭ شىجائىتىنى ئىسكەندەرگە نەقىل قىلدى. فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ يىلاندەك تولغىنىپ ئۆزىگە: ئابدۇلھېمىد بۇ ئىشنى قىپتۇ، بۇنىڭ بىلەن قىيامەتكىچە باتۇرلارچە سۆزلىشىمەن: مەن ئابدۇلھېمىدتىن كەم ئەمەس، نېمە ئۈچۈن سەبۇكتېگىننىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئۆز كامانىمنى تارتىپ، ئۇرۇش كىيىمىنى كىيىپ، ئۆزۈمنىڭ نامىنى باتۇرلارنىڭ ئارقىسىغا چىقارمايمەن؟ دەپ قەددىنى رۇسلىدى. ئىسكەندەر فەرىدۇننىڭ نېمە خىيال بىلەن قوزغالغانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي پەرزەنتىم، سەبۇكتېگىننىڭ بارگاھىغا بېرىپ

ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە تاشلىمىغىن. ئابدۇلھېمىد سەبۇكتېگىننىڭ بارگاھىغا بارغاندا، ھېچقانداق كىشى ئۇنى تونۇمايتتى. شۇڭا ھېچكىم قول تەگكۈزمىگەن. ھازىرقى ئەھۋالدا تۈركانىيلار بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى . سەن ھەرىنىڭ ئۆۋسىنى خاراب قىلماقچى. ئۆزۈڭگە نەيزە ئۇرغىنىڭ ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۆلتۈرگىن. بۇ ئەھۋالدا بىزنىڭ دىلىمىزغا داغ چۈشۈرمىگىن، — دېگەندى، فەرىدۇن نائىلاج ئۆلتۈردى.

ئەلقىسسە، ئۇ كېچىسى تەھماسەبنىڭ ئەمرى بىلەن جەڭ دۇمبىقى تۈركانىيلارنىڭ ئوردىسىدىن ياڭرىدى. ئىسكەندەر ھەم ئەمىر قىلغاندى، دۇمباقنى شادىيانىگە چالدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزدى. تەھماسەبنىڭ ھارۋىسىنى مەيدانغا ئېلىپ كىردى. تەھماسەب كەركىدانغا مىنىپ مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئىجازەت ئېلىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كېلىپ، تەھماسەبنىڭ ئالدىنى توسىدى. ھەر ئىككىسى نەيزىۋازلىق قىلىشقا مەشغۇل بولدى. نەيزىدىن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. تەھماسەب ھارۋىسىدىن ساتورنى ئېلىپ ئابدۇلھېمىدقا ھەملە قىلدى. بۇ ھۇجۇمدا شاھزادە بېشىغا قالقان تۇتقانىدى، تەھماسەب يېتىپ كېلىپ كۈچى بىلەن ئابدۇلھېمىدنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. ساتور قالقاننى ئىككى پارە قىلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك ئۇرۇندى. بۇ چاغدا شاھزادە قارشى تەرەپنىڭ شەمشىرىنى شەمشەر بىلەن ئۇرۇپ توسىدى. تەھماسەبنىڭ ئېتىنىڭ ئېتىكلىكىدىن شەمشەر ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇلھېمىد ئۆزىنىڭ بېشىنى مەھكەم تېڭىپ، شەمشەر ئېلىپ تەھما سەبكە قاراپ ماڭدى. تەھماسەب ئابدۇلھېمىدنى بىر ئاز يارىلىنىش بىلەن يارىسىنى تېڭىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئەتراپىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. ھەر ۋاقىت يېڭى بىلەن قاننى سۈرتەتتى. ئۇ تەھماسەبكە:

— بۇ تىغنى قولۇمدىن ئالغىن، — دەپ ۋارقىرىدى. تەھماسەب ھەم قالقان تۇتقانىدى، ئابدۇلھېمىد تەھماسەبنىڭ قوببىسىگە ئۇردى. قالقان ئىككى پارە بولدى. تەھماسەب ئابدۇلھېمىدنىڭ يەنە خەنجەر ئۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى دەرھال ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. تىغ قالقاندىن ئۆتۈپ ئاتنىڭ بوينىنى كەستى. تەھماسەب ئات بىلەن يىقىلدى. ئىسكەندەر ئەييارلارغا ۋارقىرىغانىدى، ئەييارلار مەيدانغا كىرىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئېتىنى ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر ئارىستونى بۇيرۇغانىدى، ئابدۇلھېمىدنىڭ يارىسىنى تاڭدى. كېچە فەرىدۇن ئابدۇلھېمىدقا ئوخشاش كۈچ كۆرسىتەي، دەپ خىيال قىلىپ ئەييارى ئاتەش ئەفرۇزنى چاقىرىپ:

— ئەي سەركەردە، بۇ كېچە تۇركلەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئاتەش ئەفرۇز:

— ھەر قاچان پەرمان قىلسىڭىز پەرمانداردۇرمەن، — دېدى. فەرىدۇن ئاتقا مىنىپ ئاتەش ئەفرۇز بىلەن تۇركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇلار ناغرىخانىغا يېتىپ باردى. فەرىدۇن ئاتەش ئەفرۇزغا:

— دەرھال تۇگە ھازىرلىغىن، — دەپ ناغرىخانىغا قەدەم قويۇپ ناغرىنى كۆتۈردى. ناغرىچى:

— ئەي مەرد، دۇمباقنى كۆتۈرۈپلا ماڭىدىغان قانداق كىشى سەن؟ — دېگەنىدى، فەرىدۇن:

— خاپا بولمىغىن، خاپا بولساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى. دۇمباقچى قولىغا تىغنى ئېلىپ فەرىدۇنغا ھەملە قىلدى. شاھزادە يەتتە تال تاسمىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغانىدى، دۇمباقچىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى. دۇمباقچىنىڭ ھەمراھلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە قاچتى. فەرىدۇن دۇمباقنى ئالدى. ئەفرۇزنىڭ ئات

بىلەن تۆگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شاھزادە دۇمباقنى تۆگىگە يۈكلىدى. تاسمىنى ئەفرۇزغا بېرىپ:

— ئۇ تۆگىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ دۇمباقنى سوقۇپ ماڭغىن، ئۇلار، فەرىدۇن دۇمباقنى ئاپتۇ، بىز بۇنىڭ ئامالىنى قىلىمىز دېيىشسۇن، — دېدى.

ئاتەش ئەفرۇز دۇمباقنى سوقۇپ ئېلىپ كەتتى. بىر تۈرك پادشاھقا:

— بىر باتۇر كېلىپ دۇمباقنى ئېلىپ كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزگەندى. قەسىردىكى قەھاس خان دەرھال ئاتقا مىنىپ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئۇ فەرىدۇنغا يېتىشىپ بېرىپ فەرىدۇنغا:

— توختا! — دەپ ۋارقىرىغانىدى، فەرىدۇن شاھ توختىدى. قەھاس خان:

— يانغىن، نامەرد ئوغرى ئىكەنسەن، — دېگەنىدى.

فەرىدۇن:

— نامەردلەر دەپ تۈركانىيلارنى ئېيتىدۇ. مەن ئاتامنىڭ دۇمبىقىنى ئالدىم. سەن ئوغرىلىغانىدىڭ، — دېدى. قەھاس خان غىلاپىدىن شەمشەرنى چىقىرىپ فەرىدۇنغا:

— بۇ تىغنى تۇتقىن، — دېدى. فەرىدۇن دۇبۇلغىنىڭ ئارقىسى بىلەن قەھاسنى ئۇرغانىدى، قەھاسنىڭ تىغى سۇنۇپ كەتتى. فەرىدۇن قولىنى ئۇزىتىپ قەھاسنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى، ئاندىن يەرگە چۈشۈپ پۇت - قولىنى باغلاپ، ئالدىغا سېلىپ ئاتىسى تەرەپكە راۋان بولدى.

شاھزادە فەرىدۇن ئوردىغا كەلدى. دۇمباق بىلەن قەھاسنى ئاتىسىنىڭ ئالدىدا قويدى. ئىسكەندەر ئەمىر قىلغانىدى، قەھاس خاننى باغلىدى. ۋالىي تۈركانىيغا بۇ خەۋەر يەتكەندە غەزەپلىنىپ جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا ئەمىر قىلدى. جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چالدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ

تۈزدى. تۈركانىيلار تەرەپتىن تەھماسەب مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن فەرىدۇن سانى ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ تەھماسەبنىڭ ئالدىنى توسۇپ، نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. ئۇلار ئون ئىككى مەرتىۋە نەيزىۋازلىق قىلىشتى. فەرىدۇن تەھماسەبنىڭ نەيزىسىنى سۇندۇردى. تەھماسەب ساتورنى ئېلىپ فەرىدۇنغا ھەملە قىلغانىدى، فەرىدۇن بېشىغا قالقان تۇتتى. تەھماسەب ساتورنى ئۇردى. فەرىدۇن چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ يالىغا ئۆزىنى ئالدى. ساتور ئاتنىڭ بېشىغا تېگىپ ئاتنىڭ بېشى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىن يەرگە چۈشتى. فەرىدۇن ھەم يەرگە يىقىلدى. تەھماسەب دەرھال سىرتماق تاشلىغانىدى. فەرىدۇننىڭ بېشىغا چۈشتى. كېيىنگە تارتماقچى بولغاندا فەرىدۇن قوزغىلىپ سىرتماقنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئىسكەندەر پالۋان بۇيرۇغانىدى، فەرىدۇننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. تەھماسەب ھەم تۈركانىيلار بارگاھقا ياندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئەللىك تۆتىنچى قىسسە، شەھرىبانۇنىڭ مەرجان ئەييارنى ئابدۇلھەمىدنى ئوغرىلاپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكى، مەرجان ئەييارنىڭ ئابدۇلھەمىدنى ئوغرىلاپ، شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا شەھرىبانۇ ئابدۇلھەمىدنىڭ ياردار بولغانلىقىدىن خەۋەر

تېپىپ مەرجان ئەييارغا:
— ئەي مۇھتەر، مەن ئىزدىگەن ئابدۇلھېمىد يارىدار بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن دىلىم يارىلاندى. ئۇنىڭ يارىسى بەلكىم ئۇزاقتا ساقىيىدۇ. ئۇ ساقايغىچە كۈتۈپ تۇرۇشقا تاقىتىم يوق. بۈگۈن كېچە بېرىپ ئابدۇلھېمىدنى ئېلىپ كەلسەڭ، — دېدى. مەرجان قولىنى كۆزىگە قويدى. ئەييارلىقىنىڭ تەرەققىيسى شۇ ئىدى. مەرجان ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يۈزلەندى. ئابدۇلھېمىدنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ تۇردى. ئابدۇلھېمىدنىڭ كۆزى دىلخۇمارنىڭ سايىسىگە چۈشۈپ، ئۇنى چاقىرىپ شەھرىبانۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، مەرجان:
— ئەي شاھزادە، شەھرىبانۇ پىراقىڭىزدا ھالاك بولغۇدەك بولدى. بىقارارلىقىدىن مېنى ئەۋەتتى. سىزنى ئۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسام، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:
— تەقدىر ئىلاھى بىلىدۇ، مېنىڭ دىلىم بىلەن جېنىم شەھرىبانۇنىڭ قېشىدا. ئەمما ئاتقا مىنەلمەيمەن، ساھىبقىراندىن ئىجازەت ئالماي بارالمايمەن، — دېگەنىدى، مەرجان شاھزادىنىڭ ئۆز خۇشلۇقى بىلەن بارمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ، نەچچە قوبۇز يېمىش كەلتۈرۈپ:
— يەپ بېقىڭ، شەھرىبانۇ سىزگە ئەۋەتتى، — دەپ بەرگەنىدى، ئابدۇلھېمىد يېمىشنى يېدى، ئازراق ئۆتكەندە ئابدۇلھېمىد بىھوش بولدى. مەرجان ئۇنى پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ باغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئابدۇلھېمىدنى باغقا ئېلىپ كىرىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ئابدۇلھېمىد كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى باغدا كۆردى. ئۇ كېچىسى بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق سۆھبەتلەشتى. تاڭ ئاتقاندا شەھرىبانۇ كىشى ئەۋەتىپ، شەھرى بەلختىن تېۋىپ كەلتۈردى. پەردە تارتىپ ئۆزى پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:
— ئەي تېۋىپ، بۇ مېنىڭ خىزمەتچىم بولىدۇ. بۇنى

يارەندەك بىلىمەن. ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بېرىپ يارىدار بولغانىكەن، ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر دەرھال ساقايسا، سىنى ھازىرلا باي قىلىۋېتىمەن، — دېگەنىدى، تېۋىپ دورا تېگىپ بولۇپ ئۆز ئىشىغا ياندى.

ئىسكەندەر تەرەپتە تاڭ ئاتتى. بۇگۈن كېچە ئەييار كېلىپ ئابدۇلھېمىدنى ئېلىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. ساھىبقىران بۇنى ئاڭلاپ پەرىشان بولدى. ئابدۇلھېمىدنى بۇگۈن كېچە ئەييار كېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر سەبۇكتېگىنگە يەتكەنىدى، سەلسالخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد [84]:

— ئەگەر ئابدۇلھېمىدقا دۈشمەن قەست قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە بۇ يەرگە ئۆزىنى ياكى بېشىنى ئېلىپ كەلگەن بولاتتى. ئۇنى دوستى يارىسىغا دورا تېگىپ ساقايتىقىلى ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دەپ بەلخ تېۋىپلىرىنى جەم قىلىپ:

— بۇگۈن كېچە بىراۋ ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئەگەر سىلەردىن بىرەرسىڭلارنى دورا تېگىشقا چاقىرسا، ماڭا خەۋەر بېرىڭلار، — دېدى. ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا بېرىپ يارىسىغا دورا تاڭغان ھېلىقى تېۋىپمۇ بۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ ئالدىغا كېلىپ:

— شاھزادىدىن قورقىمەن، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ مېنى خاتىرجەم قىلسىڭىز، ماڭا ئەڭگۈشتەرنى بەرسىڭىز، ئۇنى ئامانەت تۇتۇپ، ئاندىن مەخپىيەتلىكنى بايان قىلسام، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، شاھزادە ئەڭگۈشتەرنى تېۋىپقا بەردى. تېۋىپ ھارامزادە:

— ئەي شاھزادە، سېنىڭ جاۋاھىرىڭنىڭ ساراي خوجايىنى سەھەر ۋاقتىدا كېلىپ، مەلىكە سىزنى چاقىرتىۋاتىدۇ دەپ مېنى قەسىرگە ئېلىپ باردى. بېرىپ بىر ياش يىگىتنى كۆردۈم، ئىززەت - ئىكرام بىلەن يېتىپتۇ. بېشىدا يارىسى بار ئىكەن.

مەلىكە تولا مېھربانلىق قىلدى. قارىسام زەخمىنى تېڭىپتۇ. مۇنداق ئەمەل بەلخىنىڭ تېۋىپلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئىسكەندەرنىڭ تېۋىپلىرىنىڭ ئىشى دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېگەنىدى. مەھمۇد سەبۇكتېگىن:

— تېۋىپنىڭ ئىشىدىن گۇمان قىلماڭ، ئۇ ئوغۇل ئابدۇلھېمىد بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. بۇ سۆزنى ئىشىتىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ دىمىقىدىن تۈتۈن ئۆرلىدى. ئۈچ مىڭ يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ كەتمەن ۋە پارتلاتقۇچ دورىلار بىلەن شەھرىبانۇنىڭ قەسرىنى ۋەيران قىلىشقا يۈزلەندى. شۇ چاغدا مەرجان ئەييار ئۆردىدا ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، دەرھال بېرىپ ئۆزىنى باغقا يەتكۈزۈپ:

— ئەي مەلىكە، ئۆز پىكرىڭنى قىلغىن. بۈرادىرىڭ سېنى ئۆلتۈرگىلى شەھەردىن چىقتى، — دەپ سۆزىنى بايان قىلغانىدى، شەھرىبانۇ خىيالغا پېتىپ باغۋەننى، چاقىرىپ:

— ئەي باغۋەن، ئون ئالتە ياشلىق بىمار ئوغۇلدىن بىرنى دەرھال كەلتۈرگىن، مەن سېنى پۇل - مالغا ئىگە قىلىمەن، — دېگەنىدى، باغۋەن ئون ئالتە ياشلىق بىر كېسەل ئوغۇلنى كەلتۈردى. دەرھال بىھوش دورىسىنى بېرىپ تىغ بىلەن بېشىنى تۆت ئىلىك زەخىم قىلىپ، قېنىنى پاكلاپ كېكىردىكىنى سىققانىدى. ئۇنىڭ جېنى چىقتى. ئابدۇلھېمىدنىڭ دورىسىدىن بىر پارچىنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ زەخمىگە تېڭىپ شاھزادىنىڭ ئورنىدا ياتقۇزدى. ئابدۇلھېمىدنى يەرنىڭ ئاستىدىكى ئۆيگە پىنھان قىلدى. بىر نەچچە ھېيلىنى باغۋەنگە ئۆگەتتى. ئۆزى قەسىردە ئولتۇردى. باغۋەن كۆكرىكىنى تويا قىلىپ، باغنىڭ ئىشىكىدە ئاھ ئۇرۇپ، داد-

پەرياد قىلىپ تۇپراققا يۇمىلاندى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. باغۋەننى، كۆرۈپ ئاھ ـ نالىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، باغۋەن:

ـــ مېنىڭ ئون ئالتە ياشلىق بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىگە يەتكۈزۈپ بەرگىن دەپ يېمىش بەرگەنىدىم، يولدا ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى بېشىغا ئۇرۇپ زەخمىلەندۈرگەنىكەن، مەن ئوغلۇمنى باغقا ئېلىپ كەلدىم، جانابىڭىز مېنىڭ ھالىمغا رەھىم قىلىپ، بەلختىن تېۋىپ كەلتۈرۈپ زەخمىگە دورا تاڭغانىدى، ئوغلۇم شۇ زەخىم بىلەن بۈگۈن ۋاپات بولدى. قازالىقى بىلەن پۈتۈم سۇندى، ـــ دېدى. سۇلتان مەھمۇد بۇ سۆزنى ئىشتىپ گۆلدەك ئېچىلدى. ئاندىن لەشكەرنى بەلخقە ياندۇردى. ئۆزى باغقا داخىل بولدى. شەھربانۇغا:

ـــ بۇرادىرىڭىز كەلدى، ـــ دەپ خەۋەر بەرگەنىدى، شەھربانۇ ئالدىغا چىقىپ:

ـــ ئەجەب ئىش، ھەمشىرىڭىزنى يوقلاش بىلەن باشلامچىلىق قىلدىڭىز، ـــ دېگەنىدى، سۇلتان مەھمۇد ئۆزىگە، ئەجەب ئىش، ئۇ ھارامزادە مېنى قوزغاپ شۇنداق ھەمشىرىنى نابۇت قىلماقچىكەن، دېدى. شەھربانۇ بۇرادىرىنى باشلاپ ئۇ ئوغۇلنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. سۇلتان مەھمۇد باغۋەنگە رەھىم قىلىپ، ئۇ باغۋەنگە «تەزىيىگە سەرپ قىلغىن» دەپ ئون تۈمەن بەردى. باغۋەن شاھزادىگە دۇئا قىلدى. ئۇ ئوغۇلنى ئېلىپ چىقىپ دەپنە قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ھەمشىرىنىڭ قېشىدىن ياندى. ئاندىن كېيىن شەھربانۇ ئابدۇلھېمىدنى ئېلىپ چىقىپ ئىشرەتتە ئولتۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## ئەللىك بەشىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ قىزى سەكىنە بانۇنىڭ شەھرى تەبرىزدىن بەلخ مەملىكىتى تەرەپكە ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، بۇ خۇشاللىق ھاياتنى رىۋايەت قىلغۇچى رىۋايەتچىلەر بۇ داستاننى مۇنداق رىۋايەت قىپتۇ. ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ شەھرىدە يېڭىدىن ئوتقا چوقۇنغان ئەردەك بىر قىزى بار ئىدى، ئىسمى سەكىنە ئىدى. ئۇ قىز شۇ چاغدا ئون تۆت ياشقا كىرگەنىدى. قىز:

— مەن شەھەردىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىنىڭ قىزى، — دەپ دىنسىزلىق قىلاتتى. بىر كۈنى تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىغا:

— ئەي ئاتا، نىمە ئۈچۈن ئانامنىڭ قېشىغا كەلمەيسىز. ئانام ياش تۇرسا؟ — دېگەنىدى، تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى:

— ئەي پەرزەنتىم، سىزنىڭ ئانىڭىز مېنىڭ قىزىم بولىدۇ. سىز مېنىڭ نەۋرەم بولىسىز، — دېدى. قىز:

— مېنىڭ ئاتام كىم؟ قەيەردە؟ — دېدى.

— ئاتىڭىز يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى ساھىبقىران ئىسكەندەر بولىدۇ. شەھرى بەلخنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن بەلخ مەملىكىتىگە ئاتلاندى، — دېگەنىدى، سەكىنە بانۇ:

— لەشكەرنى جابدۇڭ، بېرىپ كۆرەيلى، — دېدى. تۆت

كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى:

— پات پۇرسەتتە ئىسكەندەر بۇ يەرگە قەدەم قويىدۇ. بېرىشىنىڭ لازىمى يوق، — دېدى. سەكىنە بانۇ:

— ئەگەر سىز بارمىسىڭىز، ئۆزۈم تەنها بارىمەن، — دېدى تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى ناچار بولغان ھالدا لەشكەرنىڭ سانىنى ئېلىپ، ئون يەتتە مىڭ شەمشەرۋاز بىلەن سەكىنە بانۇنى باشلاپ ماڭدى. سەكىنە بانۇ يۈزىگە نىقاب تارتتى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىمۇ يۈزىگە نىقاب تارتىپ، چۆل - باياۋاندىكى يوللار بىلەن تۈركىستانغا يۈزلەندى. ئۇ تەرەپتە سەبۇكتېگىن تاھىر تىرئەنداز[1] غا:

— ئىسكەندەرنىڭ خەزىنە، دەپىنە - دۇنياسىنى شەھەرگە ئېلىپ بارىمەن. سىز بىلەن بۇ يەردە ئولتۇرۇش ياخشى ئەمەس. بىر باتۇر خەزىنىنى ئېلىپ، ئوغلۇم سۇلتان مەھمۇدقا يەتكۈزۈپ بەرسۇن، — دېدى. بىرئاز تەييارلىق قىلدى، ئاندىن تاھىرتىرئەنداز:

— ئەگەر ئەمىر ئالىي بولسىلا، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرسەم، — دېگەنىدى، سەبۇكتېگىن ئىسكەندەرنىڭ قورالىنى تاھىرتىرئەندازنىڭ قولىغا بەردى. تاھىرتىرئەنداز مىڭ باتۇر بىلەن جەمشىد بارگاھىنى يۈكلەپ، شەھىرى بەلخكە راۋان بولدى. بۇلار يولدا يۈرسۇن. ئەمدى مەلىكە سەكىنەدىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى پالۋانلارنى ئېلىپ شەھىرى بەلخنىڭ چېتىگە كەلگەندە، بىر دېھقاننى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئۇ سېپىلى كۆرۈنۈۋاتقان قايسى شەھەر؟ — دەپ سورىغانىدى، دېھقان:

---

① تىرئەنداز — ئوق ئاتقۇچى، ئوقياچى، ئوقچى.

— بۇ شەھىرى بەلخ، — دېدى. سەكىنە بانۇ:
— ئىسكەندەردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دېدى. دېھقان:
— سەبۇكتېگىن ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلدى. گۇلدۇرماما جادۇ كېلىپ سېھرى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز قار ياغدۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى پاراكەندە قىلدى. ئىسكەندەر ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن قېچىپ قىزىلتاغدا ماكان تۇتتى. ئاخىرىدا ئىسكەندەر گۇلدۇرماما جادۇنى ئۆلتۇردى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ قورال ۋە ماللىرىنى سەبۇكتېگىن تارتىۋالدى. ھازىر تۈركىنىڭ ۋالىيسى توققۇز يۈز مىڭ لەشكەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا ئىسكەندەرنى ئوسال قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن ياكى ئەتە ئىسكەندەرگە شىكەستە بېرىدۇ، — دېگەندى، سەكىنە بانۇ بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئاھ ئۇردى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى:
— ئەي مەلىكە، بۇ يەردىن يانايلى، تېزدىن قايتايلى، — دېدى. سەكىنە بانۇ:
— ئەي بۇزرۇكۋار، ئاتام مۇشۇنداق چاغدا مەن ئون يەتتە مىڭ كىشى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ يەنە قايتىمەنمۇ. ئەلۋەتتە ئاتامنىڭ ئالدىغا بارىمەن، ئاتام ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولىۋاتىدۇ، — دەپ قىزىلتاغنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ قارارگاھىغا قاراپ ماڭدى. سۇلتان مەھمۇدقا سۇبھى ۋاقتىدا، نەچچە نىقابدار لەشكەر بىلەن كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە — قىزىلتاغقا قاراپ ماڭدى، دەپ سەبۇكتېگىندىن خەۋەر يەتكەندى.
— مېنى قاچان چاقىرسا شۇ چاغدا لەشكەرلەر بىلەن ئىسكەندەرگە زەربە بېرىمەن، — دەپ سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇز مىڭ كىشىنى باشلاپ قاراخان بىلەن قىزىلتاغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەمما سەكىنە بانۇ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئاتىسىنىڭ

ئوردىسىغا خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن جاسۇس ئەۋەتكەنىدى. جاسۇس قايتىپ كېلىپ: ئىسكەندەر سەبۇكتېگىن بىلەن كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئېلىشىپتۇ، ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدىكى خەزىنىلەرنى تۇركلەر تالان - تاراج قىلىپتۇ، سەبۇكتېگىن خەزىنىلەرنى بەلخكە ئېلىپ كېلىپ، ئوغلى سۇلتان مەھمۇدقا تىلسىم قىلغىلى ئەۋەتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. سەكىنە بانۇ تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىغا قاراپ:

— ئابدۇلھېمىد مۇشۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە كەپتۇ، — دەپ ئىشارەت قىلغانىدى، لەشكەرلەر ئاتقا مىندى. ئۇلار ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تاھىرتىرئەندازغا يېتىشىپ بېرىپ:

— ياپىرىم مەدەت، — دەپ بۇ يەردىكى تۇرك لەشكەرلىرىگە تېگىش قىلدى. توقۇنۇش ئارىلىقىدا، سەكىنە بانۇ ئۆزىنى تاھىرغا يەتكۈزۈپ شەمشەر ئۇرماقچى بولۇپ:

— بۇ تىغنى ئالغىن، — دېدى. تاھىر بېشىغا قالقان تۇتقانىدى، سەكىنە بانۇ قالقاننىڭ قۇببىسىگە تىغ ئۇردى. قالقان ئىككى پارە بولۇپ، تاھىرنىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك ئورنىدى. تاھىر قولى بىلەن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ بەدەر كەتتى. تاھىرنىڭ لەشكەرلىرى پاراكەندە بولدى. سەكىنە بانۇ بارگاھنىڭ خەزىنىسىنى ئىگىلىدى. ئاندىن بىر تەرەپكە چۈشۈپ ئارام ئالدى. ئۇلارنىڭ بىر تەرىپىدە تاغ بار ئىدى. تاغ باغرىغا چېدىر ۋە ئارامگاھ تىكتى.

تاڭ ئاتتى. سەكىنە بانۇ مېڭىشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىدى، بەلخ تەرەپتىن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئاۋۋال قاراخان مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي نامسىز نىقابدار، تاھىردىن قورالنى تارتىۋالدىڭ. مەرد بولساڭ مەيدانغا كىرگىن، — دەپ ۋارقىرىغانىدى، سەكىنە بانۇ مەيدانغا كىرىپ قاراخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ ھەملە قىلدى. قاراخان بېشىغا

قالقان تۇتتى. سەكىنە شەمشەرنى قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇرغانىدى، شەمشەر قالقاندىن ئۆتۈپ، قاراخاننىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك پېتىپ قالدى. تۇركلەر ئات سېلىپ كىرىپ، مەيداندىن قاراخاننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. كۈن ئولتۇرغاندا، ھەر قايسى تەرەپ ئۆز ئارامگاھىغا يېنىپ كەتتى. ئەتىسى بەلخ تەرەپتىن سەكەندىدان ھارامزادە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى.

سەكىنە بانۇ مەيدانغا كىرمەكچى بولدى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى:

— بۈگۈن مەن مەيدانغا چۈشىمەن، — دەپ مەيدانغا كىرىپ، سەكەندىداننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولۇپ، مۇرادى ھاسىل بولمىدى. سەكەندىدان شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ۋارقىرىغانىدى، تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى بېشىغا قالقان تۇتتى. سەكەندىدان قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇرغانىدى، قالقان بىلەن دۇبۇلغىنى ئىككى پارە قىلىپ شەمشەر بېشىغا ئۈچ ئىلىك ئورنىدى. چەۋەندازلار ئات سېلىپ كىلىپ تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچىنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. سەكىنە بانۇ مەيدانغا كىرىپ سەكەندىداننىڭ ئالدىنى توسقانىدى، ئۇ ھارامزادە ئالدى بىلەن سەكىنە بانۇغا ھەملە قىلدى. سەكىنە بانۇ قالقان تۇتتى. سەكەندەندان شەمشەر بىلەن ئۇرغانىدى، قالقان ئىككى پارە بولدى. شەمشەر دوبۇلغىدىن ئۆتۈپ بانۇنىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك ئورنىدى. مەلىكە مەلىكىنىڭ كۇلاھى بېشىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەلىكە بانۇنىڭ چېچى كۇلاھىنىڭ ئاستىدىن يەرگە تۆكۈلدى. تۇركانىيلار بۇنىڭ بىر مەزلۇمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشتى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇركانىيلارغا ھەيۋە قىلغانىدى، چەۋەندازلار مەيدانغا باستۇرۇپ كىلىپ جەڭنى ئاخىرلاشتۇردى. سەكىنە بانۇ ئاتنىڭ

بويىندىن ئالتۇن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ، تاشنى تېگىپ شەمشەرنى تارتىپ سەكەنداندانىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. بۇ ئارىلىقتا سۇلتان مەھمۇد پىلغا مىنىپ يېتىپ كەلدى . سەكىنە بانۇ:

— سەكەنداندانى مېنى زەخىم قىلدى. بۇ يىگىت بۇلارنىڭ پادىشاھى، ئۇنى زەخىملەندۇرەي، — دەپ بەلخ شاھزادىسى مەھمۇدقا شەمشەر ئۇرۇشنى ئويلىدى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدنىڭ كۆز ئالدىدا سەكىنە بانۇنىڭ قۇياشتەك يۈزى نامايان بولدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ كۆزى مەجنۇنغا (سەكىنەگە) چۈشۈپ ئاشىق - بىقارار بولدى. سەكىنە بانۇ شەمشەر ئۇرماقچى بولغانىدى، سۇلتان مەھمۇد پىلدىن چۈشۈپ قاچتى. چەۋەندازلار سەكىنە بانۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭدىن ئاجراپ ئارامگاھىغا قايتىپ كەلدى. كەچ بولدى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى سەكىنە بانۇغا قاراپ:

— ئەي مەلىكە، مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلىقىڭىزدا تۇتۇڭ دېسەم ئۇنىمىدىڭىز، ئىش بۇ يەرگە يەتتى. ئەمدى ئاتىڭىزغا نامە ئەۋەتىڭ، بۇ لەشكەرنىڭ ئىلاجىنى قىلسۇن، — دېگەنىدى، سەكىنە:

— ئاتام ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ناچار ھالدا تۇرۇپتۇ. مەن يەنە ئاۋارە قىلىشنى خالىمايمەن. تەقدىر ئىلاھى نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا شۇنى كۆرەرمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كېچىسى تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى خۇپىيانە ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا نامە ئەۋەتتى. ئەمما سەكىنەنىڭ جادۇسى مەرجان ئەييار شەھربانۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئابدۇلھېمىد سەكىنە بانۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ:

— ھازىر قانداق قىلىش كېرەك؟ سەكىنە بانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بانۇنى بۇ بالادىن قۇتقۇزاي، — دېدى. شەھربانۇ

ئابدۇلھېمىدنىڭ مەيدانغا بېرىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ھەرەمخانىلىرىدىن قىرىق كىشىنى تاللاپ، ئابدۇلھېمىدنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ ئىشقا قەدەم قويدى. شەھرىبانۇ مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ۋارقىراپ تۈركلەرگە ئۆزىنى ئۇردى. شۇ مەيداندا ئابدۇلھېمىد سۇلتان مەھمۇدقا روبىرو بولۇپ:

— ئەي تۈركلەرنىڭ قارام سەردارى، تۇرغىن، مەن كەلدىم، — دېدى. بەلخ شاھزادىسى مەھمۇد ئابدۇلھېمىدقا قارشى تىغ كۆتۈردى. ئابدۇلھېمىد بېشىغا قالقان تۇتتى. تىغ قالقاندىن ئۆتۈپ ئابدۇلھېمىدنىڭ بېشىغا زەخىم يەتتى. شۇ چاغدا زەخىم تاڭغۇچى تېۋىپ بار ئىدى. ئابدۇلھېمىد ئىككى قېتىملىق زەخىمنىڭ زەربىسىدە بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى چەۋەندازلارغا:

— ئابدۇلھېمىدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىڭلار، — دەپ ۋارقىرىغانىدى، چەۋەندازلار مەيدىنغا باستۇرۇپ كىرىپ ئابدۇلھېمىدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. شەھرىبانۇ شۇ چاغدا ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن بۇ قوۋمنىڭ ھالاكىتىنى كۆتۈپ تۇراتتى. سۇلتان مەھمۇد خۇن ئالغۇچى شەمشەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، شەھرىبانۇغا شەمشەر ھەملە قىلدى. شەھرىبانۇ بېشىغا قالقان تۇتتى. مەھمۇد شەمشەر بىلەن قۇۋۋىسىگە ئۇرغانىدى، شەمشەر قالقان بىلەن دۇبۇلغىدىن ئۆتۈپ، بانۇنىڭ بېشىنىڭ كاسىسىغا ئىككى ئىلىك ئورنىدى. مەزلۇمنىڭ چېچى كۇلاھىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ قالدى. تۈركانىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. سۇلتان مەھمۇد:

— ئاجايىپ ئىش، بۇ نىقابدارلارنىڭ ھەممىسى مەزلۇم ئىكەن، — دېدى. تۆت كوچىدىكى ئوتقا چوقۇنغۇچى بۇيرۇغانىدى، شەھرىبانۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇنى سەكىنە بانۇنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ ياتقۇزدى. شۇ ئەسنادا

كىيابانۇ ئىسكەندەر تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي تۈرك، سەرگەردانلارنىڭ سەردارى. سەن نېمە ئۈچۈن جاھان پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ ئالدىنى توسۇيسەن؟ — دېدى.

— سۇلتان مەھمۇد قانغا بويىغۇچى شەمشەرنى كىيابانۇغا ئۇردى. ئۇ داڭدار مەزلۇم سۇلتان مەھمۇدنىڭ شەمشەر تۇتقان قولىنى تۇتۇپ، ئۆتكۈر شەمشەرنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى ۋە دەرھال كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، ئېلىنىڭ تەختىدىن تارتىپ ئېلىپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن چەبدەسلىك بىلەن قولىنى باغلاپ ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە ئەۋەتتى. تۈركانىيلارنىڭ شاھزادىسى ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن، قالغانلىرى پاراكەندە بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. كىيابانۇ تۈركانىيلارنىڭ چېدىرىغا چۈشۈپ ئارام ئالدى. شەھرىبانۇ كىيابانۇغا:

— مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇمنىڭ ئورنى يوق. مۇبادا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، — دەپ ئاتقا مىنگەندى، كىيابانۇ:

— مەن سىزنى تەنھا يولغا سېلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن. مېنىڭ مەسلىھەتىم، سىزنى مەن باغقا بىللە ئاپىرىپ قوياي، — دەپ ئىككىسى شەھرىبانۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. كىيابانۇ يېنىشقا تەمشەلگەندى. شەھرىبانۇ كىيابانۇنىڭ ئېتىكىدىن تۇتۇپ:

— بۇ يەرگە ئەمدى كەلدىڭىز، سىزگە پەرۋەردىگارنىڭ ئېتى بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، مەن قۇلىڭىز خىزمىتىڭىزدە بولسام، — دېگەندى، كىيابانۇ خالار - خالىماس شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا كىرىپ، مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئامان

قالغان قاچقۇنلىرى سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلغانىدى، خاقان غەزەپلىنىپ:

— بىر باتۇرنى ئەۋەتسەك، ئۇ چەۋەندازلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ فەرامۇزنىڭ قولىنى باغلاپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلتۇرسۇن، — دېگەنىدى. تەھماسەپ:

— بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۇرەي، — دېدى. تۈركلەرنىڭ ۋالىيسى ئىجازەت بەرگەنىدى، تەھماسەپ تۆت مىڭ كىشى بىلەن بۇ ئىشقا يۈزلەندى. بارگاھنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى. ئۇ كېچىسى ئابدۇلھېمىد ئوتقا چوقۇنغۇچىغا:

— كىيابانۇ دوستۇم شەھربانۇنىڭ بېغىدىن قايتىپ كەلمىدى. مەن ياربدار بولدۇم. بۇ قوراللارنى بۈگۈن كېچە تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقايلى، — دەپ، قوراللارنى تاغقا ئېلىپ چىقتى. تاڭ ئاتتى. تەھماسەپ تاغقا قاراپ جەڭگە ئاتلاندى. ئابدۇلھېمىد باشلامچى بولۇپ تاغدىن چۈشۈپ، تەھماسەپكە روبىرو بولدى. تەھماسەپكە شەمشەر ئۇرغانىدى، تەھماسەپ چاققانلىق بىلەن ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن قولىنى باغلاپ، بىر باتۇر ئارقىلىق تۈركلەر ۋالىيسىغا ئەۋەتىپ بەردى.

كىيابانۇ شەھربانۇنىڭ بېغىدىن يېنىپ كېلىپ بۇ ھالەتنى كۆردى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ تەھماسەپنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار ئېلىشىشتىن كېيىن كىيابانۇ تەھماسەپنىڭ قولىدا يارىلاندى. ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ ئىشى تەڭ بولدى. بۇ چاغدا يېشىل تونلۇق نىقابلىق ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ، تەھماسەپنى كۆرۈپ:

— ئەي نامەرد، نېمە ئۈچۈن بولغۇسى شاھ بىلەن جېدەل قىلىسەن؟ مەن سەن بىلەن مەيداندا ئېلىشىمەن، — دەپ مەيدانغا قاراپ ۋارقىرىدى. تەھماسەپ ساتورنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ھەملە قىلدى. نىقابدار قول ئۇزىتىپ ئۇنىڭ قولىنى

تۇتۇۋېلىپ، غەزەپ بىلەن ساتورنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. يەنە بىر قولى بىلەن كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. نىقابدار تەھماسەپنى ئۆزىنىڭ پىيادىسىگە تاپشۇردى. ئۇ پىيادە تەھماسەپنى باغلاپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاق كىيىملىك نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ، سەبۇكتېگىننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئۇردى. ئۇ تۈرك لەشكەرلىرىنى بىر سائەت ئىچىدە تىرىپىرەن قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ مال - مۈلۈك، قورالللىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

ئىسكەندەر تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى مەيداندىن ياندى. سەكىنە بانۇ ئۆز جايىدا تۇرمىدى. يېشىل كىيىملىك نىقابدار، ئوتقا چوقۇنغۇچىغا شەمشەر بىلەن ھەملە قىلىپ:

— ساڭا ئىسكەندەر قىزىمنى تۈركىستانغا ئېلىپ بارغىن، — دېگەنىدى، ھازىر تۈركلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، — دېدى. ئوتقا چوقۇنغۇچى ئارقىغا يېنىپ، ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا باردى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ تەبرىز تەرەپكە كەتتى. ئۇ تەرەپتە، سەبۇكتېگىن بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇغانىدى، جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئىسكەندەر ھەم ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چېلىشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزدى. تۈركانىيلارنىڭ سىپىدىن قارا كەسكىن بۇخارا جار سېلىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. تەمھالخان قورۇق دەردارى ئىسكەندەردىن ئىجازەت ئېلىپ، مەيدانغا كىرىپ قاراكەسكىن بۇخارىنىڭ ئالدىنى توسىدى. ھەر ئىككىسى نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. تەمھالخان پىيادە بولۇپ قاراكەسكىننىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ نەيزىسى بىلەن كۆكرىكىگە ئۇرغانىدى، ئارقىسىدىن چىقتى. ئەتراپتىكى چەۋەندازلار بۇنىڭدىن خەۋەر

ئالغۇچە جېنى چىقىپ كەتتى. سەبۇكتېگىن تۈركانىيلارغا ئىشارەت قىلغانىدى، تۈركانىيلار مەيدانغا باستۇرۇپ كەلدى.
ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ سەركەردىلىرى تەمھالخان بىلەن بىرلىكتە جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. لېكىن ئۇلار قاتتىق شىكەستە يېدى. بۇ چاغدا جەزىرە تەرەپتىن يېشىل كىيىملىك نىقابدار لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىپ، مەغلۇپ بولغان ئاجىزلارنى كۆرۈپ، تەھماسەبنى تىزلاندۇرۇپ، مۇلازىملىرىغا تاپشۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ، ئۆزى جەڭگە مەشغۇل بولدى. ئارقىسىدىن ئاق كىيىملىك نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى تۈركانىيلارنىڭ لەشكەرلەرگە ئۇردى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نىقابدار ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، قورال بىلەن ماللىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۆز ئىشىغا ماڭدى. كەچ كىرگەندە لەشكەرلەر ئارامگاھىغا ياندى. سەبۇكتېگىن:
— ئەي باتۇرلار، پەرزەنتىم سۇلتان مەھمۇد كىيابانۇنىڭ قولىدا. ئۇ بۇ چاغقىچە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەلمەپتۇ، — دەپ لەيس ئەييارنى چاقىرىپ:
— سەن بېرىپ كىيابانۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ كەلگىن، — دېگەنىدى. لەيس ئەييار دەرھال مېڭىپ بىر چېدىرغا يېتىپ باردى. چېدىرنىڭ شام - چىراغلىرىنى كۆردى. ئۇ يەرگە يېقىن بېرىپ كىيابانۇنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىپ كېلىپ سەبۇكتېگىنگە خەۋەر بەردى. سەبۇكتېگىن قاراخانىنى سەككىز مىڭ كىشى بىلەن بۇيرۇدى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم جاسۇسلۇققا كەلگەنىدى. نەسىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىسكەندەرگە خەۋەر بەردى. ئىسكەندەر ئەمىر قىلغانىدى، بىر باتۇر لەشكەرلىرى بىلەن بېرىپ قاراخانىنىڭ ئىلاجىنى قىلماقچى بولدى. فەرھەڭ باتۇر:
— شەھرىيار، كىيابانۇ مېنىڭ ئانام بولىدۇ. ئالدىغا مەن

بارسام، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ئىسكەندەر ئىجازەت بەردى. فەرھەدى تۆت مىڭ داڭدار لەشكەر بىلەن ئۇ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە كىيابانۇ ئۆزىنىڭ چېدىرىدا ئولتۇرغانىدى. قاراخان ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئۇردى. كىيابانۇ بېشى يارىلانغان بولسىمۇ غەزەپتە ئاتقا مىندى. شۇ چاغدا فەرھەدى يېتىپ كېلىپ تۇركانىيلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. قاراخان ھۇجۇمغا ئۆتتى. فەرھەدى قولىنى ئۇزىتىپ قاراخاننىڭ تىغ تۇتقان قولىنى تۇتۇپ، غەزەپ بىلەن تىغنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولغانىدى. قاراخان:

— ئەي باتۇر، ھەر قانداق كىشى بىراۋنى كۆتۈرسە زېمىنغا ئۇرمايدۇ، مېنى‌يەردە قويغىن. مەن خىزمىتىڭنى قىلاي، — دېگەنىدى، فەرھەدى قاراخاننى يەردە قويدى. قاراخان كەلىمە ئېيتىپ راستچىللىق بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. فەرھەدى قاراخاننى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئىشارەت قىلغانىدى، قاراخان ئۇنىڭ تۇرقىغا دىققەت قىلدى. قاراخان ئالدىغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— شەھرىيار، مېنىڭ ئەسۋابلىرىم تۇركانىيلارنىڭ ئوردىسىدا قالدى. ئالىيلىرىدىن ئەمىر بولسا، ئەسۋابلىرىمنى ئېلىپ كەلسەم، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. قاراخان تۇركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا باردى. لەشكەرلەرنى چاقىرىپ:

— ئەي دوستلار، قېرىنداشلىرىم، مەن ئېتىقادىمنى توغرىلىدىم. ھەرقايسىڭلار ئېتىقادىڭلارنى توغرىلاشنى ئىرادە قىلساڭلار، مەن بىللە بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىڭلار. ھەممە كىشى ئازغۇنلۇقتا يۈرگەندۇق، ئىرادەڭلار بارلار ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا، شاراپەتلىك بولىسىلەر، — دېگەنىدى. ئۇلار:

— ئەي باتۇر، تىرىك بېشىمىز سىزنىڭ ئايىغىڭىزدا، پەرمانىڭىزنى تۇتىمىز، — دېدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى غەمدە

ئىدى، خالاس بولدى. قاراخان بارگاھ ۋە بىساتلىرىنى ئېلىپ ساھىبقىرانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئەمدى بانۇ قىسسىسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئەللىك ئالتىنچى قىسسە، مەرجان ئەييارنىڭ ئازغۇنلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئابدۇلھېمىدنى ئوغرىلاپ، شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ بارغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ كېچىسى سەبۇكتېگىن لەيس ئەييارنى تەھماسەبنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى. شەھرىبانۇ مەرجان ئەييارنى ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى. ھاسىلكالام شۇكى، لەيس ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، خۇش پۇراق بىھوش دورىسى سېلىنغان سۇنى كۆتۈرۈپ، سارايۋەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۇنى ئۇلارغا بەرگەنىدى، سارايۋەنلەر سۇنى ئىچىپ دەرھال بىھوش بولدى. لەيس تەھماسەبنى ئوغرىلاپ، تۇركانىيلارنىڭ ۋالىيسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. سەبۇكتېگىن لەيسقا نۇرغۇن ئىنئام بەردى. ئەمما مەرجان ئەييار تۇركلەرنىڭ بارگاھىغا بېرىپ دورىنى بىر قېرى كەمپىرگە بېرىپ:

— ئەي ئانا، بۇ ئالدىڭدىكى ھالۋىنى ئوراپ، زىندان تەرەپكە ئېلىپ بېرىڭ، — دەپ سۆزىنى توگەتتى. ئۇ كەمپىر ھالۋىنى ئېلىپ زىندانغا باردى. مەرجان ئارقىسىدىن بېرىپ، كەمپىرگە نەچچە تىللا بەردى. زىندانغا قارىغۇچى گوندىپايلار:

— ئەي كەمپىر، بۇ ھالۋىنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېگەندى، كەمپىر:

— ئەي ھۆرمەتلىكلەر، بىر ئوغلۇم بار ئىدى، ۋاپات بولغىلى ئۈچ كۈن بولدى. بۇ ھالۋىنى نەزىر ئېشى قىلىپ ئېلىپ كەلدىم. غېرىپ - مۇساپىرلار يېسىمۇ ئوغلۇمغا رەھمەت قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى. قاراۋۇللار:

— كۆرۈپ باقايلى، قانداق ھالۋىكىن، يەپ باقايلى، پەرزەنتىڭنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلايلى، كەمبەغەللەر ھوزۇرىڭىزدا مەمنۇن بولسۇن، — دېگەندى، كەمپىر ھەممىنى پاسىبانلارنىڭ ئالدىدا قويدى. ھەر بىرسى ئاز - ئازدىن يەپ، بىردەمدىن كېيىن ھەممىسى بىھوش بولدى. مەرجان يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، سولاقخانىغا بېرىپ ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇپ، توركانىيلارنىڭ ئوردىسىدىن ئېلىپ چىقتى. ئۇنى كۆتۈرۈپ بىرئاز ماڭغانىدى، مەرجاننىڭ پۇتىدا ماغدۇر قالمىدى. شاھزادىنى يەردە قويدى. تاڭ ئاتقاندا شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئوردا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مەرجان ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار بىر تۆپىلىككە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە شاھزادە ئېتىنىڭ ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى، ئېتىنىڭ ئېگەرلىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئابدۇلھېمىد بېرىپ سەكىنە بانۇنىڭ زەخىملىنىپ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆردى. ئابدۇلھېمىد ئۇنى كۆرۈپ ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈندى. مەرجان بىر ئاز قەنتنى ئېلىپ سۇدا ئېرىتىپ، سەكىنە بانۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تامىقىغا تېمىتقانىدى، سەكىنە بانۇ كەچ كىرگەندە ئاندىن كۆزى ئېچىلدى.

ئۇ تەرەپتە، «ئەييارلار كېلىپ ئابدۇلھېمىدنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر كېلىش بىلەن لەيس سەبۇكتېگىنگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن راۋان بولدى. ئۇ بىر دەشتكە كېلىپ بىر ئات بىلەن ئادەمنى كۆردى. سەپسېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ

ئابدۇلھېمىد بىلەن مەرجان ئەييار ئىككەنلىكىنى تونىدى. لەيس يېقىن كەلدى. ئابدۇلھېمىد مەرجانغا:

— سەن دەرھال بېرىپ شەھربيارغا ئېيتىپ، ئات ئېلىپ كەلگىن، مەن سەكىنە بانۇ بىلەن ئاستا مېڭىپ تۇراي، — دېدى. مەرجان باغقا قاراپ كەتتى. شاھزادە سەكىنە بانۇنى ئاتقا مىندۇرۇپ، ئۆزى ئارقىسىغا مىنىپ راۋان بولدى. شۇ چاغدا لەيس ئەييار سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ:

— شەھربيار، مەن ئابدۇلھېمىدنى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى ئوغرىلىغان دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۆز قىزىڭىزنىڭ ئەييارى مەرجان ئوغرىلىغانىكەن، — دېدى. سەبۇكتېگىن غەزەپلىنىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق سۆز قىلىسەن؟ — دېدى. لەيس بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلدى. سەبۇكتېگىننىڭ ئىچىدە ئەجدىھا رۇستەم ئىسىملىك بىر ئەييار بار ئىدى، ئۇنى تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن ئابدۇلھېمىدنى تۇتۇپ كەلگىلى ئەۋەتتى. لەيس ئالدىدا ماڭدى. بۇ چاغدا شاھزادە ئابدۇلھېمىد يولدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئارقىسىدىن بىر توپ تۈركانىيلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. لەيس ئەييار ئۇلارغا قاراپ، مەرجان ئەييارنى كۆرەلمىدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ:

— ئەمدى سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىدا يالغانچى بولدۇم، قانداق قىلارمەن؟ — دەپ ئويلىدى. شاھزادە سەكىنە بانۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ پىيادە قېلىپ، ئۆزى قولىغا تىغ ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى. ھەر تەرەپتىن تۈركانىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى يىراق قىلاتتى. ئەمما مەرجان جادۇ شەھربانۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلغانىدى، شەھربانۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ، مەرجان بىللە بىلەن ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇلار بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. شەھربانۇ پىكىر دەرياسىغا چۈشۈپ قەسىرگە قايتتى. ئاندىن ئۇ دەرھال

ئورنىدىن قوزغىلىپ، مەرجاننىڭ بېشىنى نەچچە يەردىن جاراھەت قىلىپ قولىنى باغلىدى. ئوردا سارايۋەنلىرى مەرجاننى بويىندىن باغلاپ، زەنجىرنى تۇتۇپ يېتىلەپ شاھزادىنى تاپتۇرۇشقا ماڭدى.

ئۇ تەرەپتە ئابدۇلھېمىد ئىلىشىشتا ئىدى، مەيداندا سەكىنە بانۇ بېشىغا قالقان تۇتۇپ قولىغا قىلىچ ئېلىپ، شاھزادىنىڭ جېڭىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. توساتتىن بىر ئەييار سەكىنە بانۇنى كۆرۈپ ئۇنى توندى ـ دە، شاھزادىنى تاشلاپ:

— ئىسكەندەرنىڭ قىزىنىڭ بېشىنى سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپ خەنجەرنى سەكىنە بانۇغا ئۇردى. سەكىنە بانۇ شەمشەر بىلەن ئەييارنىڭ بېلىگە ئۇرغانىدى، ئەييار ئىككى پارە بولدى. بۇ چاغدا تۈركانىيلار ئارىسىغا غۇلغۇلا چۈشۈپ:

— ئىسكەندەرنىڭ قىزى زەئىپلىكتە ئەييارنى ئۆلتۈردى. ئۇ ھەقىقەتەن قالتىسكەن، — دېيىشتى. شۇ ئەسنادا شەھربانۇ يېتىپ كېلىپ لەيسقا غەزەپ قىلىپ:

— ئەي ھارامزادە، مەن ساڭا بىر ئەييار بەرگىن، مېنىڭ خىزمىتىمدە بولسۇن، دېگەنىدىم، سەن ماڭا خۇدا پەرەسنى بېرىپسەن، سەن ماڭا مۇشۇنداقمۇ مۇئامىلە قىلامسەن؟ — دېگەنىدى، لەيس مەلىكىگە قاراپ:

— مەرجاننىڭ يامانلىقىنى ئەمدى بىلدىم. بۇ پىتنىلەرنى شۇ پەيدا قىلدى، — دېدى. شەھربانۇ:

— ئەي يارىماسلار، سۇبھىدىن بۇ چاغقىچە تۆت مىڭ كىشى بىلەن بىر كىشىنى تۇتالماپسىلەر، — دېدى. شەھربانۇ خەنجىرىنى لەيسقا بېرىپ ئۆزى ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— بۇگۈنكى بۇ مەيداندا بىردىنلا كۆڭلۈمگە بىر مىكىر كەلدى. ئەگەر شۇنداق بولمىغان بولسا، ئىش ئۇزاققا سوزۇلاتتى، — دېدى. ئابدۇلھېمىد شۇ چاغدا، شەھربانۇ

بىلەن جەڭ قىلغان قولىنى باغلاقتا تۇتۇپ بەردى. شەھرىبانۇ شاھزادىنىڭ قولىنى باغلاپ سەكنە بانۇنى ئاتقا مىندۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ ماڭدى. لەيس تۇركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، مۇبادا سەيياد ئەييار بولغان بولسا، ئىشلار باشقىچە بولاتتىمىكىن، — دەپ تۇرۇشىغا، شەھرىبانۇ ئۆز ئايىغى بىلەن سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى. سەبۇكتېگىن بۇنىڭدىن رازىمەنلىك بىلەن خۇشال بولدى. شەھرىبانۇ كېلىپ ئاتىسىنىڭ پۇتىنى ئۆپۈپ تۇرۇپ:

— شەھرىيار، گۇناھ قىلدىم. ئەگەر لەيستە گۇناھ بولسا، ئۇنى مەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بولاي. ئۇ ماڭا خىزمىتىمگە بىر ئەييار بەردىم دەپ مەرجاننى ئەۋەتكەنىكەن. مەرجان خۇداپەرەس ئىكەن، ئاخىرى ئۇ بۇ پىتنىلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇ پىتنە قىلغاندا مەن باشلامچى بوپتىمەن. ھالا بۇگۈن ئۇنى چېكەتكەدەك يارىلاندۇردۇم. ئالدىلىرىغا خىزمەت قىلاي دەپ كەلدىم. يەنە يولدا لەيسنى كۆردۈم. ئۇ تۇت مىڭ كىشى بىلەن ئابدۇلھېمىدنى تالىشىۋاتقانىكەن. ئابدۇلھېمىدنى باغلاپ ئېلىپ كەلدىم. ئەي ئاتا، ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئىسكەندەرنىڭ قىزىنى قولىڭىزغا بەرسەم، ئىختىيار قىلغان ۋاقتىڭىزدا ھۇزۇرىڭىزغا كەلتۈرسەم. ئابدۇلھېمىدنى دارغا تارتىپ، پارە - پارە قىلسام، — دېگەنىدى. سەبۇكتېگىن:

— ئەي پەرزەنتىم، بۇرادىرىڭ ئىسكەندەرنىڭ قولىدا، ئەگەر ئابدۇلھېمىدنى ئۆلتۈرسەم، سۇلتان مەھمۇدنى ئىسكەندەر ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق بولسا، ئۇنى زىنداندا ساقلىساق بولۇر، — دېدى. شەھرىبانۇ:

— ئەمما مەرجان ناپاكنىڭ ئۈستىدىن قانداق ئەمىر قىلارسىز؟ — دېگەنىدى، سەبۇكتېگىن:

— مەرجاننى ئۆلتۈرسەڭ، بەزىلەر خۇشال بولىدۇ. ئەمما

ئۇ ساڭا كۆپ خىزمەت قىلدى، ئۇنى ساڭا بەردىم، — دېدى.
شەھرىبانۇ ئاتىسى بىلەن ۋەدىلىشىپ، سەكىنە بانۇ بىلەن مەرجاننى ئېلىپ تاغقا راۋان بولدى. سەبۇكتېگىن ئابدۇلھېمىدنى تۆمۈر ھالقىلىق زەنجىر بىلەن باغلاپ، پاسىبانلارغا تاپشۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئەللىك يەتتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ سەبۇكتېگىننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇپ، شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا ئېلىپ بارغانلىقى

ئەلقىسسە رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ساھىبقىران ئابدۇلھېمىد ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ، بارگاھتا ئولتۇرۇپ مۇلازىمىنى چاقىرىپ:
— بىر باتۇرنى ئەۋەتسەڭ، ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇپ كەلسە، — دېگەنىدى. شۇ چاغدا نەسىم كېلىپ:
— ئەگەر ئىجازەت بولسا، قۇللىرى بۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىمگە ئىجازەت بەردى. نەسىم ئەييارلىق قىلىپ، تۈركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. نەسىم ئوردىغا يېتىپ بېرىپ، لەيس ئەييارنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. تۆت يۈز چەۋەنداز ئەييار پەرمانىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. نەسىم سەۋر قىلىپ تۇردى. لەيس تەختتىن چۈشۈپ سەبۇكتېگىننىڭ خانىسىغا راۋان بولدى. ئەييارلار سولاقخانىغا قاراۋۇللۇق قىلىشقا تۇردى. مۇھتەر

نەسىم ئىككى شىشە شارابنى كۆتۈرۈپ ئەييارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، سىلەرگە خۇش خەۋەر، پادىشاھ بۇ ئىككى شىشىدىكى شارابنى ئۆز زىياپىتىدىن سىلەرگە ئەۋەتتى. ئەمما سولاقتىكىلەردىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار. مۇبادا ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى كېلىپ، سىلەرنى غەپلەتتە قويۇپ توساتتىن ھۇجۇم قىلمىسۇن، — دېگەندى، ئەييارلار خۇشال بولۇپ مەي ئىچىشكە كىرىشتى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇش بولدى. نەسىم سولاقخانىغا كىرىپ ئابدۇلھېمىدنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ:

— ئەي شاھزادە، تېز مېڭىڭ، بوۋىڭىزنىڭ ئالدىغا بېرىڭ. سىز ئۇچۇن ئالەمنىڭ پاناھى تولا پەرىشان بولۇۋاتىدۇ، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي بوۋا، مەن ئات بىلەن قورالسىز ئوردىغا بارالمايمەن، — دېدى. نەسىم بېرىپ ئات بىلەن قورال ئوغرىلاپ كەلدى. نەسىم:

— ئۇ تەرەپكە دەرھال مېڭىڭ، — دېگەندى.

ئابدۇلھېمىد:

— مەن ھەممىنى ھالاك قىلمىغىچە ئوردىغا بارمايمەن، — دەپ باغ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نەسىم بۇ ۋەقەنى مەلۇم قىلغىلى ئوردا تەرەپكە قاراپ كەتتى. نەسىم ئوردىنىڭ چېتىگە بېرىپ فەرىدۇننى كۆردى. فەرىدۇن نەسىمگە قاراپ:

— ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزغىلى بېرىپ پۇرسەت تاپالمىدىڭىزمۇ؟ — دېگەندى، نەسىم:

— مەن ئەقىلسىز كېچىدىن سۇبھىگىچە جاپا تارتىپ ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزسام، ئۇ ئات بىلەن ئەسۋابىم بولمىسا ئوردىغا بارمايمەن، دېدى. ئات بىلەن قورال - ياراغ كەلتۈرۈپ بەرگەندىم، ئاتقا مىنىپ سەبۇكتېبىگىننىڭ قىزىنىڭ

بېغىغا قاراپ كەتتى، — دېدى. فەرىدۇن:
— ئەي بوۋاي، ئابدۇلھېمىد دىۋانە بوپتۇ، يول باشلىغىن، مەن بېرىپ ئابدۇلھېمىدقا ياردەم بېرەي، — دېدى. نەسىم فەرىدۇننىڭ ئېتىنىڭ ئالدىدا شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى، مەلىكىگە خەۋەر بەرگەنىدى، گۈزەل مەلىكە باغدىن يالىڭاچ بەدىنىگە شايىنى ئوراپلا ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئابدۇلھېمىدتىن زىنداننىڭ ئازاب ئەھۋالىنى سورىدى. شۇ ئەسنادا ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىندىشى فەرىدۇن باغقا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئابدۇلھېمىدنى كۆرۈپ ئىككى-ئۈچ قامچا ئۇرغانىدى، بۇ ئىش ئابدۇلھېمىدقا بەك ئېغىر كەلدى. شەھرىبانۇ فەرىدۇنغا:
— شاھزادە، نېمە ۋەقە بولدى؟ مېنىڭ بېغىمدا نېمانچە ئەدەپسىزلىك قىلىسىز؟ ھەر قانچە بولساممۇ، بۇ كەمىنە قۇللىرى بۈيۈك ئوردىلىرىنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغان تۇرسام، — دەپ فەرىدۇن بىلەن ئابدۇلھېمىدنى باغقا ئېلىپ كىرىپ، زىياپەت بەردى. سەكىنە بانۇ ھەم زىياپەتكە كىرىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. لەيس ئەييار بۇ ۋاقىتتا شەھرىبانۇنىڭ بېغىغا داخىل بولۇپ كىرمەكچى بولغانىدى، ساراي خوجايىنلىرى رۇخسەت قىلمىدى. لەيس بۇ ئەھۋالدىن گۇمانلىنىپ، دەرەخ يېنىغا بېرىپ ئارغامچا تاشلىغانىدى، ئارغامچا شاخقا باغلاندى. شۇنىڭ بىلەن باغقا كىردى. لەيس باغدىكىلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنى دەرھال سەبۇكتېگىننىڭ قېشىغا يەتكۈزۈپ، بۇ خەۋەرنى سەبۇكتېگىنگە يەتكۈزگەنىدى، سەبۇكتېگىن دەرغەزەپ بولۇپ، لەيسنى ئون مىڭ كىشى بىلەن ئابدۇلھېمىدنى تۇتۇشقا ئەۋەتتى. ئەمما مەرجان بۇ چاغدا مۇھىم بىر ئىش بىلەن تۈركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى شەھرىبانۇغا خەۋەر قىلىپ كەلدى. شەھرىبانۇ مىكىر دەرياسىغا

چۈشۈپ خەتەر مەنزىلىگە يەتتى. دەرھال شاھزادىلەرنىڭ پىيالىسىگە بىھوش دورىسىنى قوشۇپ بەردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندى، پەرىدۇن ئۆزىدە بىخۇتلۇق ئەسىرىنى سېزىپ قېلىپ نەسىمنىڭ قولىقىغا:

— جېنىم بوۋا، مەن ئۆزۈمدە بىخۇتلۇقنىڭ ئەسىرىنى سەزدىم، شۇ تاپتا سەندە بۇ ئەھۋال يۈز بەردىمۇ؟ — دېگەنىدى، نەسىم:

— مەن ھەم بۇ دىۋانىنىڭ، دۈشمەننىڭ قىزىغا ئىشقىۋازلىق قىلىپ ئاخىرى زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەنىدىم، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— بوۋا، راست ئېيتتىڭىز، مەن ھەم ئۆزۈمدە بىھوشلۇقنىڭ ئەسىرىنى سېزىۋاتىمەن، — دەپ پىچىرلىشىپ، شەھربانۇغا قاراپ:

— ئەي شېرىن سۆزلۈك، ئاي يۈزلۈك بانۇم، بۇ بىزگە كۆرسەتكەن قانداق مۇھەببەتنىڭ نەشتىرى؟ بىزگە كۆرسەتكەن دوستلۇقۇڭدىن يۈز ئۆرۈپ، دۈشمەنلىك قىلدىڭمۇ؟ — دېگەنىدى، شەھربانۇ:

— ئەي شاھزادە، ئەلۋەتتە بۇ، قولىنىڭ سىزنىڭ مۇلازىملىقىڭىزغا ۋاپاسىزلىقى ساختا بولغۇسى. ئەي باتۇر، ئاتام مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەردار بوپتۇ. شۇڭا مەن بىر ھىيلە-مىكىرنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. ئەگەر مۇنداق قىلمىسام ئۆزۈڭ مۇددەت تىنچسىزلىق بولۇپ توختىمايدۇ، — دەپ سۆزلەۋاتاتتى، رەقىبلىرى بىھوش بولدى. شەھربانۇ مۇلازىمىغا ئىشارەت قىلغانىدى، ئۇلارنى باغلاپ ئىككى ھارۋا ھازىرلاپ، ھارۋىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سەككىنە بانۇنى ساندۇقتا سېلىپ، يەنە بىر ھارۋىدا ئۆزى يۈزىگە نىقاب تارتىپ ئولتۇرۇپ، نەچچە چەۋەندازى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا راۋان بولدى. شەھربانۇ ئوردىغا يېتىپ بېرىپ، ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ پۈتىغا

سۆيدى.

سەبۆكتېگىن قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن شەھربانۇنىڭ كۆكرىكىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. ئۇنىڭ دەشنامى دەل بولدى. شەھربانۇ:

— ئەي ئاتا، نېمە بولۇپ ئەرز قىلىسىز؟ مەن ھېچ ئىش قىلمىدىم. پەقەت دۈشمەنلەرنى باغلاپ ھوزۇرىڭىزغا كەلتۈردۈم. ئەي ئاتا، ئەگەر ئىشىمدا قەترە خاتالىق بولغان بولسا، ھۆكۈم سىزدىندۇر. مەن قەسرىدە ئۇلتۇرغانىدىم، فەرىدۇن بىلەن ئابدۇلھېمىد نەسىملەرنىڭ قەسرىگە كىرگەنلىكىنى كۆردۈم، — دېدى. يەنە:

— ئۇلار بىز سەكىنە بانۇنى ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى. مەن فەرىدۇن بىلەن ئابدۇلھېمىدقا تەڭ كېلەلمەيمەن ھەم سىزنىڭ ئىجازىتىڭىز بولماي تۇرۇپ، سەكىنە بانۇنى بۇلارغا بەرگىلى بولمايدۇ. ھېچقانداق چارە تاپالماي، ئاخىرى بۇلارغا مۇھەببەت قىلغان بولۇپ، شارابقا بىھوش دورىسى قوشۇپ، ئۇلارنى بىھوش قىلىپ ئېلىپ كەلدىم، — دېگەندى، سەبۆكتېگىن:

— ئېلىپ كىرىڭلار، كۆرەيلى، — دېدى. شەھربانۇ ھارۋىنى كەلتۈردى. سەبۆكتېگىن شاھزادىلەرنى كۆرۈپ، شەھربانۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ۋە:

— ئەي جېنىم پەرزەنتىم، دۈشمەنلەر سىزنىڭ ھەققىڭىزدە سۆز تارقاتتى، — دېگەندى. شەھربانۇ:

— ئەي ئاتا، قايسى پىتنىچى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى؟ — دېدى. سەبۆكتېگىن:

— لەيس ئەييار كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى، — دېدى. شەھربانۇ:

— لەيس ھارامزادە مېنىڭ دۈشمىنىم. ئەلۋەتتە لەيسقا سىياسەت قىلىمەن، — دېدى. تۇركانىيلارنىڭ شاھى خۇشال

بولۇپ، ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى شىكارغا راۋان بولدى. بەرق فەرەڭ تۇركانىيلارنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، تۇركانىيلارنىڭ ساراسىمىدە بولۇپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىرسىدىن:

— سىلەرگە نېمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ سورىغانىدى، ئۇ تۈرك:

— ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى، بىز هارۋىنى ئېلىپ كېتىپ بارىمىز، — دېدى. بەرق بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭدى. ئۇ هارۋىغا يېتىپ بېرىپ، سەكىنە بانۇنىڭ ساندۇقىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولدى. ئۇ كۆڭلىدە باتۇرلۇق كۆرسەتسەم، دەيتتى.

توساتتىن ئىت تېرىسى كىيگەن بىر پىيادە بىر تەرەپتىن قويۇندەك پەيدا بولۇپ:

— مەن ئىسكەندەرگە چوقۇنىمەن. مەن ئەڭ يېقىن خىزمەتكارى بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. بەرق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، غەيرەت قىلىپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ، ئۆزىنى ئۇ پىيادىدىن ئۈستۈن تۇتۇپ، تۇركانىيلار بىلەن ئېلىشتى. ئۇ پىيادە باتۇر ئۆزىنى سەكىنە بانۇنىڭ ساندۇقىغا يەتكۈزۈپ، ساندۇقنى هارۋىدىن ئېلىپ گىلەم - پەردىگە ئوراپ كۆتۈرۈپ، بەرقىنىڭ ئارقىسىدىن تۇركانىيلار بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشتى. ئۇ تەرەپتە بۇ خەۋەر ئىسكەندەرگە يەتتى. ئىسكەندەر:

— ئاتنى كەلتۈرۈڭلار، — دەپ ئەمىر قىلىپ ئېتىنى ئېگەرلەتكەنىدى، ئارستو:

— شەھرىيار، نېمىنى ئىرادە قىلدىڭىز؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ئارستو، سورىمىغىن، غەمكىن بولىسەن، مېنىڭ جىگەر گۆشۈمنى تۇتۇپتۇ. بۇندىن كېيىن ماڭا تىرىكلىكنىڭ

نېمە كېرىكى، — دېگەننىدى، باشقا سەردارلار ئۈندىمىدى.
ئىسكەندەر ئاتقا مىندى. سەئدان بىن سانىغا:
— ئەي شاھزادە، مەن كەلگۈچە مېنىڭ ئورنۇمدا تەختتە
ئولتۇرغىن، — دېگەننىدى، سەئدان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى.
فەرھەڭ باتۇر كېلىپ:
— شەھرىيار، ھۇزۇرىڭىزغا بېرىشنى خالايمەن، —
دېگەننىدى، ئىسكەندەر:
— ئەي پەرزەنتىم، كىيابانۇنىڭ يارىسى تېخى
ساقىيالمىدى. سىز مەن كەلگىچە سەئدانىنىڭ يېنىدا بولۇڭ، —
دېدى ۋە تۈركلەر تەرەپكە يۈزلەندى. يالغۇز ئىسكەندەردىنلا
«ياپىرىم مەدەت» دېگەن سادا كۆتۈرۈلدى. پىيادىلەردىن بەرقلا
ھايات قالدى. ئەمىر زەپەر قوپچۇپ، ئوتلۇق خەنجىرىنى ئېلىپ
قان چاچرىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۈركلەرنىڭ ئەمىرىنىڭ
قورشاۋىدىن بۆسۈپ چىقتى. ئىسكەندەر ئۆزىنى ھارۋىغا
يەتكۈزدى. ئىسكەندەر سەكىنە بانۇ سېلىنغان ساندۇقنى
كۆتۈرگەن پالۋاننى كۆردى. ئۇ ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ئالدىغا
كەلدى. ئىسكەندەر ساندۇقنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئېگەرنىڭ
ئۈستىگە قويۇپ بىر قولى بىلەن ساندۇقنى، يەنە بىر قولى بىلەن
تىغنى ئويىنىتىپ ماڭدى. تۈركلەر ئۇنىڭغا ھەملە قىلدى. تۈرك
چەۋاندازلىرى ئوق ئۈزگەننىدى، ئوقنىڭ زەخمى بىلەن
ئىسكەندەرنىڭ ئېتى يىقىلدى. ئىسكەندەر پىيادە قالدى. بەرق
ئات بىلەن ساندۇقنى ئۆزىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ
ئارقىسىدىن خەۋەر ئېلىپ يۈردى. بۇ خەۋەر كىيابانۇغا
يەتكەننىدى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئوتتۇز مىڭ
كىشىنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن ياردەم بېرىشكە يۈزلەندى. فەرھەڭ
ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ئېتىنى توختىتىپ:
— ئەي شەھرىيار، ئاتقا مىنىڭ، قوللىرى ئېتىنى ئۆزۈم
ئۇچۇن پىدا قىلاي، — دېگەننىدى، ئىسكەندەر ئاتقا مىندى.

ساندۇقنى ئالدىدا تۇتۇپ جەڭگە ئاتلاندى. فەرھەڭمۇ بىر تۇركنى ئىتىدىن چۈشۈرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىتىغا مىنىپ ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن جەڭگە ئاتلاندى. بۇ ئىشتىن ئەمىرخان خەۋەردار بولۇپ، تۇر سانى، سام، فەرىدۇن، بەھزاد دىۋىيوز، ئىسھاق بىن ئەلۋەس ئۇزىنى بۇ يەرگە يەتكۈزدى. تۇركلەرنىڭ ئوردىسى خالىي قالدى. ئوردا بازىرىدا ھېچقانداق كىشى قالمىدى. بۇ خەۋەر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىكى سەئدان دىۋىزاد، مۇھەممەدشىرزات، خىسرەۋخان، فەرەڭ ۋە باشقا باتۇرلارغا يەتكەندە، ئۇلار تەڭلا كېلىپ، تۇركلەرنىڭ ئوردىسىنى تالان - تاراج قىلايلى دەپ راۋان بولدى. ئۇلار تۇركلەرنىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كەلدى. ئازغىنە ئوردا بازار ئەھلىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلەتتى؟

ئەلقىسسە، باتۇرلار غالىب كېلىپ، تۇركانىيلارنىڭ تامام ماللىرىنى، خەزىنە، دەپىنە دۇنيالىرىنى ئىختىيارىغا ئالدى. ئاندىن ئوردىغا ياندى. بۇ خەۋەر شىكارگاھتىكى سەبۇكتېگىنگە يەتتى. ئۇ ئۇزىنى بۇ مەيدانغا يەتكۈزدى. تۇركانىيلار سەبۇكتېگىننى كۆرۈپ باتۇرلارچە چاپ - چاپقا كىردى. يېشىل كىيىملىك نىقابدار ئۇزىنى هارۋىغا يەتكۈزۈپ شاھزادىلەرنى قۇتقۇزدى. ئىككى شاھزادە تۇركلەرنىڭ ئىتىغا مىنىپ بىر ئاتنى ئېلىپ ماڭدى. فەرىدۇن ئۇزىنى تۇركلەرنىڭ تۇغدارىغا يەتكۈزدى. شەمشەر بىلەن تۇغنى تۇغدار بىلەن تەڭ قەلەمچە قىلدى. سەبۇكتېگىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىتىنى ياندۇرۇپ، بەدەر كەتمەكچى بولغانىدى، تۇركانىيلار سەبۇكتېگىننىڭ مەيداندىن قول ئۇزگەنلىكىنى كۆرۈپ پىتىراپ كەتتى. ئىسكەندەر غەلىبە بىلەن ئوردىغا ياندى. مۇھەممەدشىرزاد بىلەن سەئدان بۇ قېتىمقى جەڭدىن خەۋەر تېپىپ پالۋانلارغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ھەممە مال - مۈلۈكلەرنى قاراخانغا سوۋغا قىلدى. ئەمىر قىلغانىدى، ئوردىنى ئالتۇن

تاغدىن[85] كۆچۈرۈپ، شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن ئېلىپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردى. سەبۇكتېگىن بۇيرۇغانىدى، دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە سەبۇكتېگىن ئۈچۈن چېدىر تىكتى. ئىككى ئوردا شۇنداق ئورۇنلاشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئەللىك سەككىزىنچى قىسسە، يېشىل تونلۇق نىقابدار بىلەن تەھماسەبنىڭ مەيداندا كېلىشكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ سەبۇكتېگىن بىلەن سۈلھى قىلىشقانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ داستاننىڭ ئىككىنچى جىلدىنىڭ رىۋايەتچىلىرى مەزكۇر داستاننى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ئىسكەندەر ئۇ كېچىدە جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا ئەمر قىلغانىدى، دۇمباقچىلار جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. سەبۇكتېگىن ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. تەھماسەب سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، بۈگۈن ئىسكەندەر بىلەن مەيداندا ئۆزۈم ئېلىشىمەن، ئەگەر مەيداندىن سالامەت يانسام، نىيىتىمىز توغرىدۇر. ئەگەر ھالاك بولسام، تەدبىرىمىز خاتادۇر، — دېدى. سەبۇكتېگىن:

— ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلمىغىن، — دېدى.

ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىككى ھارۋىنىڭ مەيدانغا كىرگەنلىكىنى كۆردى. ئارقىدىن تەھماسەب كەركىدانغا مىنىپ كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر:

— بىر پالۋاننىڭ تەھماسەبنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىشىنى خالايمەن، — دېگەندى، فەرھەڭ ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. بۇ چاغدا تۇساتتىنلا يېشىل تونلۇق نىقابدار مەيدانغا كىرگەندى، تەھماسەب كەركىداندىن چۈشۈپ، نىقابدارنىڭ ئۆزەڭگىسىنى سۆيۈپ:

— ئەي باتۇر، باتۇرلارغا نىشان كېرەك. قۇللىرى سىلىنىڭ بىر قېتىم يۈزلىرىنى قىلدىم. ھازىر سىلىنىڭ ئەھدىلىرىدىن چىقالمايمەن، — دېگەندى، نىقابدار:

— ئەي باتۇر، بىر قېتىم مەيداندا ئېلىشىش بىلەن ئاچكۆزلۈك قىلدىم دەيسىز. مۇنچە ئەقىل بىلەن ئۇستا زەرگەر بولۇشقا ئەرزىيدىكەنسىز، خۇدا پەرەسلىكنى نېمە ئۈچۈن مۇۋاپىق كۆرمەيسىلەر؟ كېلىڭ، ئېتىقادىڭىزنى توغرىلاپ گۇمراھلىق يولىدىن يېنىڭ، سىزنى ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باراي، — دېدى. تۆت يۈز قىرىق سەركەردە بىر-بىرىدىن ئەرز قىلىشتى. تەھماسەب:

— سىز كىم؟ سىزنىڭ قولىڭىزدىن مۇنچە ئىشلار كېلىدىكىنە، — دېگەندى، نىقابدار قۇلىقىغا مەخپىي سۆز قىلدى. تەھماسەب ئۇنىڭ نام - نەسەبىنى بىلدى. ئەمما ئەتراپىدىكىلەر خەۋەرسىز قالدى. تەھماسەب ئۇنىڭ ئايىغىنى ئۆپۈپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى ھەمدە نىقابدار بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىسكەندەر نىقابدارغا مېھرىبانلىق قىلىپ تون بىلەن تۆھپە ئىنئام قىلدى.

ئۇ تەرەپتە تەھماسەبنىڭ بۇرادىرى تۇرخان سەبۇكتېگىنگە:

— شەھرىيار، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مەيدانغا بېرىپ بۇرادەرلىرىمنى تەلەپ قىلىپ، نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلەي، — دېگەندى، سەبۇكتېگىن ئىجازەت بەردى. تۇرخان مەيدانغا كىرىپ:

— بۇرادەر تەھماسەب مېنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن، —

دېگەندى، تەھماسەب ۋەكىل بولۇپ مەيدانغا كەلدى. ھەر بىرسى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. تەھماسەب:

— ئەي بۇرادەرلەر، بۇ ۋاقىتقىچە زالالەتتە يۈرۈپتىمەن «ئېتىقادىڭ توغرا بولسا ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن»، كەلگىن، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بارايلى، قولىنى سۆيۈپ سۇلھى قىلىشايلى، ئۇنداق بولمىسا، نىقابدار يەنە پالۋان تەلەپ قىلىپ قان تۆكۈش قىلىدۇ، مەن سەندىن چوڭ، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقايلى، — دېدى. تەھماسەبنىڭ سۆزى بۇ تۈركانىيلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى يورۇتتى. تۇرخان ئۇيۇشۇش ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ سۇلھىدە بولدى. ئوچۇق - ئاشكارا تون تەقدىم قىلىشتى. سەبۇكتېگىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ:

— بۇلار ئىككىسى لەشكەرلىرىمىنىڭ سەرخىلى ئىدى. ئەمدى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنى قايىل قىلالايدىغان باتۇر يوق، — دېيىشتى.

ئەلقىسسە، كېچە بولدى. سەبۇكتېگىن غەم ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى. تېگىن ئالەمنىڭ چۈشىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ بېشى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

— ئەي سەبۇكتېگىن، تەڭرىنىڭ بەندىلىرىنى مۇنداق ئۆلتۈرمىگىن. سەن ئىسكەندەرگە تەڭ بولالايسەن، لېكىن بىلىشىڭ كېرەككى، ئىسكەندەر پەيغەمبەر ئەسلى، ئۇنىڭ بىلەن ئىش سۇلھى قىلىش ئارقىلىق پۈتىدۇ، — دەپ ئېيتتى. يەنە ئېنىق قىلىپ: — قىزىڭ شەھرىبانۇنى ئابدۇلھېمىدقا نىكاھ ئوقۇپ توي قىلىپ بەرگىن، سەكىنە بانۇنى سۇلتان مەھمۇدقا توي - تۆكۈن ئالى قىلغىن، — دەپ قويۇپ ئالدىدىن غايىب بولدى. سەبۇكتېگىن ئويغىنىپ قوپسا ئەتراپىنى خۇش پۇراق بىر ئالغانىدى، تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر شەھەرگە كىرىشكە ئەمىر قىلغانىدى، دەرۋازا ئېچىلغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر بىر نەچچە چەۋەنداز بىلەن سەبۇكتېگىننىڭ ئالدىغا كېلىپ

سۇلھىدە بولدى. بۇ ئىككى خان تاجىلار خۇشال بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ بېشىغا شاھلىق تاجىسىنى كىيدۈرۈشتى. زىنداندىن سۇلتان (تېگىن) مەھمۇدنى ئېلىپ كېلىپ تون كىيدۈردى. توي تەييارلىقىنى قىلىپ، شەھرىبانۇنى ئابدۇلھېمىدقا، سەكىنە بانۇنى سۇلتان مەھمۇدقا توي ئالى قىلىپ بەردى. ئىسكەندەر بەلخنى سەبۇكتېگىنگە بەردى. بۇ سۇلھىدىن بەندىلەرنىڭ بېشى تېنىدە قېلىپ، ھەممىسى خۇشال - خۇرام بولۇشتى.



# 3 ـ جلد

# ئەللىك توققۇزىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزادىنىڭ سەلسالخان شەھىرى تەرەپكە ئەلچىلىككە بارغانلىقى ۋە سەلسالخانىنىڭ قېشىغا بارغانلىقى

ئەلقىسسە، مەزكۇر داستانىنىڭ ئۈچىنچى جىلدىنىڭ رىۋايەتچىسى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر تۈركىستان ئۆلكىسىنى سۇلھى ئۇسۇلى بىلەن تەسىر دائىرىسىگە كەلتۈردى. بىر كۈنى بارگاھتا ھەممە باتۇرلار جەم بولۇپ ئولتۇرغانىدى، شاھ جاھانگىر سەبۇكتېگىنگە قاراپ:

— تۈركىستاندىن خاتىرجەم بولدۇم. ئەمدى شەھىرى قىتانىڭ ئىرادىسىنى قىلىمەن، قىتا شەھىرى تەرەپكە يۈزلەنسەك، — دېدى. سەبۇكتېگىن:

— ئەي شەھرىيار، بۇ نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ، شەھىرى قىتا شۇنداق جايكى، ئۇنى ئۇنداق ئاسان مۇسەخخەر قىلغىلى بولمايدۇ. شەھىرى قىتاغا بېرىش ئۈچۈن يەتتە توسۇقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەمزات ئۇ تەرەپكە قەدەم قويسىلا قورقۇنچ ۋەھىمىسىگە چۈشىدۇ. قىتا شەھىرى جىن - ئالۋاستىلار ماكانىدۇر، ھازازۇل - جىنلارنىڭ ئەۋلادى شۇ جايدىدۇر. ئەفراسىيابنىڭ غارىمۇ شۇ زېمىندادۇر. شەمامە ۋە دەمامە جادۇلار ئەفراسىيابنىڭ غارىدادۇر. تۆت يۈز شاھزادە شەمامە ۋە دەمامەنىڭ خىزمىتىدە سېھىرگەرلىك ئىلمىدىن دەرس

ئوقۇيدۇ. شەھىرىقىتانىڭ يەتتە يۈز دەرۋازىسى بار. ھەر بىر دەرۋازىدا يەتتە يۈز مەھەللە، ھەر بىر مەھەللىدە يەتتە يۈز پالۋان يىگىتلەر بار. قىتا شەھىرىنىڭ خانى قىتا شەھىرىنىڭ ئادەملىرىنى مېنىڭ قۇللىرىم، دەپ بىلىدۇ. پادىشاھنى سەلسال خان دەپ ئاتايدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مېنىڭ شەھىرى سەلسالغا بارماي چارەم يوق. مەن دۇنيادارمەن. كۆڭلۈم جاھانگىرلىكنى ئىختىيار قىلىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن بىر مەكتۇپ پۈتۈڭلار، نامە بىقەرار مەزمۇنلۇق بولسۇن، — دېدى. مەكتۇپ تەييار بولدى.

ئىسكەندەر مەكتۇپنى ئارستۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، مۆھۈر بېسىپ ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن بىر باتۇرنىڭ بۇ نامىنى ئېلىپ، شەھىرى سەلسالغا بېرىپ، سەلسالنىڭ سەلتەنىتىدىن قورقماي، نامىنى سەلسال خانغا بېرىپ، نامىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشىنى خالايمەن، — دېدى. پالۋانلار ئارىسىدىن مۇھەممەد شىرزاد قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— ئالىي ئەمىر بولسا، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى.

ئىسكەندەر مۇھەممەد شىرزادقا ئىجازەت بېرىپ:

— ئەي مۇھەممەد شىرزاد، نەچچە مىڭ كىشىنى ھەمراھ قىلىپ بېرەي، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— شەھرىيار، مەن جەڭگە بارمايمەن، پەقەت ماڭا يۈز پالۋان بولسا كۇپايە، — دېدى. ئىسكەندەر:

— سەبۇكتېگىن بابا سەلسالخاننىڭ مەرتىۋىسىنى تونۇشتۇردى. سىزنى بەك ياساندۇرۇپ يولغا سېلىشىمىز زۆرۈركەن، — دېدى.

تەييارلار، شاتۇرلار ۋە ياساۋۇللار، نەقچىلەر (سودىگەر-لەر) بولۇپ، يەتتە مىڭ دىلاۋەرنى تاللاپ، چىرايلىق

ياساندۇرۇپ مۇھەممەد شىرزادقا تاپشۇردى. مۇھتەر نەسىم ۋە بەرقنى يۈز ئەييار بىلەن ئەلچىنىڭ ئالدىدا سەلسالخانىنىڭ شەھىرىگە بېرىشقا رۇخسەت بەردى. ئۇلار سەلسالخانىنىڭ شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار خانبالىققا يېتىپ بېرىپ، خانبالىقنى تاماشا قىلىپ يەتتە دەرۋازىغا يەتتى. ئۇ دەرۋازىلاردىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى. ئۇ شەھەر شۇنداق گۈزەل بېزەلگەنىكەن. مۇھتەر نەسىم بەرققا قاراپ:

— ئەي بۇرادەر، مېنىڭ ۋە سىزنىڭ بۇ شەھەردە ئەييارلىق قىلمىقىمىز يوق گەپكەن. ئەڭ ياخشىسى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ ھەر تەرەپنى ئايلىنايلى، كەچ بولغاندا تۆت كوچىغا بارايلى، شۇ جايدىكى دۇكاندا جەم بولايلى، — دەپ ۋەدىلىشىپ ئايرىلىشتى. بەرق فەرەڭ بىر ئاز يول يۈرۈپ زەرگەرلەر بازىرىغا يەتتى. بىر زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كىردى، بىر دەللال بىرمۇنچە كېنىزەكلەر بىلەن ئولتۇرغان زەرگەرگە:

— مەلىكە بۇيرۇتقان ھالقىغا بەكمۇ زوقلاندىم. فىرۇزىڭىز[1] بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. زەرگەر:

— تەڭرى ئۆزى گۇۋاھدۇركى، مەن بىر كەمبەغەل زەرگەر، يەنە كېلىپ مەن زىيادە ئالدىرايمەن، — دېدى. بەرق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر خالىي جايغا بېرىپ، ئۆزىنى سودىگەر سۈرىتىدە قىلىپ، يەنە زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا كىردى. زەرگەرگە كەمتەرلىك قىلىپ:

— ئەي ئۇستا، مەندە بىر ئاز فىرۇزە بار، سېتىۋالامسىز؟ — دېدى. زەرگەر:

— پادىشاھنىڭ قىزىغا ھالقا سوقۇۋاتىمەن، ئىككى ئاي بولدى، تۈرۈپتۇ، ماڭا يەنە ئىككى ياخشى فىرۇزە لازىم ئىدى. ھازىر بىكار بولۇپ قالدىم، ياخشى فىرۇزە بولسا كۆرۈپ

---

① فىرۇزە — كۆكۈمتۈل رەڭلىك تاش.

باقاي، — دېدى.

بەرق قولىنى قوينىغا سېلىپ قۇتىنى چىقىرىپ زەرگەرنىڭ قولىغا بەردى. زەرگەر قۇتىنى ئاچتى. بەش دانە ئېسىل فىرۇزە بار ئىكەن، ئېلىپ يېنىدا ئولتۇرغان ئىنىكئانىنىڭ قولىغا بەردى. ئىنىكئانا ئۇنىڭغا قاراپ خۇشال بولغان هالدا:

— ئەي خوجايىن، كەلگىن، سېنى شاهنىڭ هەرىمىگە ئېلىپ باراي ياكى ئۇ فىرۇزىنىڭ دانىسىنى باهاسىغا چىقىرىپ ساتقىن، — دېدى. ئىنىكئانا بىلەن بەرق شاهنىڭ هەرىمىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئوردىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئىنىكئانا كىرىپ شاهقا:

— بىر سودىگەر خوجايىن فىرۇزە ساتقىلى كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىپ، سودىگەرگە ئىشارەت قىلدى. ئايۋاننىڭ سۇپىسىغا بىسات سېلىپ بەرقنى ئولتۇرغۇزدى. مەلىكە پەردىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ بەرقنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دىلى كۆيدى. بىر كۆرۈپلا بەرققا ئاشىق بولدى. بەرقنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئۆز ئىختىيارى قولدىن كەتتى. بانۇ:

— ئەي خوجايىن، بۇ فىرۇزىنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى. بەرق:

— مەلىكىنىڭ ئۆمرى - ئىقبالى ئۇزۇن بولسۇن. مەن بۇ فىرۇزىلەرنى نىشاپۇر [86] دىن ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز، نام - شەرىپىڭىزنى بىلگۈم كېلۇر، — دېدى. بۇ ۋاقىتتا مەلىكە دىل - خەستىنى ئالىلىقاچان ئىختىياردىن كەتكۈزۈپ قويغانىدى. مەلىكە بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى قولىغا ئېلىپ، ئىنىكئانىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى. ئىنىكئانا بەرققا قاراپ «مەلىكىنىڭ ئىسمى شەمسىيە بانۇدۇر» دېدى. ئاندىن مەلىكىگە قاراپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، مەلىكە شەمسىيە بانۇ:

— ئەي ئىنىكئانا، بۇ خوجايىن مېنى ئۆزىگە مەپتۇن

قىلدى، مەن ئەپسۇسلانماقتىمەنكى، بۇخوجايىنىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈۋاتقانلىقىمنى ئۇ خوجايىن بىلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ پەردىنى ئوتتۇرىمىزدىن تېز ئېلىۋېتىڭ، ماڭا دەرد بولمىغاي،— دېدى. ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ بۇ ئىشىدىن بىرئاز تەئەججۇپلەندى، لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلمىدى. شۇ زامان پەردىنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتتى. بەرقىنىڭ كۆزى مەلىكىنىڭ جامالىغا چۈشتى. بەرق ئۇنى بىر كۆرۈپلا دىلى ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ تورۇپلا قالدى.

مەلىكە:

— ئەي خوجايىن، يەنە فىرۇزىڭىز بارمۇ؟— دېدى.

بەرق:

— ھەئە، بار، ئۆيۈمدە بۇنىڭدىنمۇ ئېسىللىرى بار،— دېدى. شەمسىيە بانۇ:

— ئەي خوجايىن، بۇ فىرۇزىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۆيۈڭدىكى فىرۇزىلەرنىڭ ھەممىنى ئېلىپ كەلگىن، ھەممىسىنىڭ قىممىتىدە نەق بېرىمەن،— دېدى.

بەرق:

— مەنكى قۇللىرى بۇ فىرۇزىلەرنى مەلىكىگە سوۋغا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، بۇنىڭ پۇلىنى ئالمايمەن. ئەتە قالغان دانىلىرىنى ئېلىپ كەلسەم، يارىغىنىنى ئېلىڭ،— دېدى.

بەرق شەمسىيە بانۇ بىلەن خوشلىشىپ تاشقىرىغا چىقتى. ئەمما مۇھتەر نەسىم ئۇ تەرەپتە شەھەرنى سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ بىر كىشىدىن:

— سەلسالخان نەدە؟— دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— سەلسالخان گاھى ئەفراسىياب غارىغا بارىدۇ. گاھى ھازازۇل غارىغا بارىدۇ. ئىككى ئاي ئانىسى دەمامەنىڭ غارىدا تۇرىدۇ. گاھى ھارۇس ۋە مەھنازنىڭ قېشىدا بولىدۇ. كۆپىنچە

ۋاقىتلاردا شەھەردە بولىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئۇ ھازىر نەدە؟ — دېدى.

— ئانىسى دەمامەنىڭ قېشىدىكى ئەفراسىياپ غارىدا، — دېدى ئۇ كىشى.

— ئەفراسىياب غارىغا قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى نەسىم.

— سەن ئۇ غارنىڭ ئادەملىرى بىلەن دوست بولۇشساڭ بارغىلى بولىدۇ. غار ئادەملىرىنىڭ ياردىمى بولماي ئۇ يەرگە بارغىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ كىشى ۋە يەنە، — ھازازۇل غارىغا ھېچ كىشى بارالىغان ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ جەد - جەددەھلىرى ئۇ يەرنىڭ خوجايىنىدۇر. ھەرقانداق ئادەمزات ئۇ جايغا بېرىپ باقمىغان، — دېدى مۇھتەر ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن غارغا بېرىپ، سەلسالىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولسام بولغۇدەك، دەپ ئۇ كىشىدىن غارنىڭ بەلگىسىنى سورىدى ۋە غارنىڭ بەلگىسىنى ئوبدان ئۇقۇۋېلىپ غار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. نەسىم شەھەرگە كەلدى. بۇ يەردە بىر كېيىكنى كۆردى، ئۇ سۈتتىنمۇ ئاقراق ئىدى. مۇھتەر دەۋران ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ئوقنى كېيىككە ئاتتى. ئوق كېيىكنىڭ يوتىسىغا سانجىلدى. كېيىك ئوق بىلەن ئۆزىنى بىر جىراغا تاشلىدى. نەسىم كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ جىراغا كىردى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ كۆزى بىر غارغا چۈشتى. ئۇ غارنىڭ ئىشىكىگە تاش دۆۋىلەنگەنىدى. نەسىم تاشلارنى بىر تەرەپكە تاشلىۋېتىپ غارغا كىردى. غارنىڭ ئىچىدە يەنە بىر غار كۆرۈندى. ئاۋۋال بىرىنچى غارغا كىردى. قارىسا يەتمىش كۈپ خىسرەۋانە ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغانىدى. ئىككىنچى غارنىڭ سۇپىسىدا ئالتۇندىن كىسەك قويۇلغانىدى. ھەر كۈپنىڭ ئاغزى كىسەك ئالتۇن بىلەن يېپىلغان. غارنىڭ ئىچى گۆھەر - چىراغلار بىلەن يورۇتۇلغانىدى. غارنىڭ

يورۇقلۇقى شۇ گۆھەرلەرنىڭ نۇرىدىن ھاسىل بولغانىدى. مۇھتەر دەۋران بۇلارنى كۆرۈپ تەقدىر ئىلاھىغا شۇكرى قىلىپ، خەزىنە تاپقىنىنى ياخشىلىقتىن بىشارەت دەپ بىلىپ، ئۇ غاردىن چىقىپ غارنىڭ ئىشىكىنى بۇرۇنقىدەك تاشلار بىلەن مەھكەم ئېتىپ قويۇپ كەتتى.

ئەتىسى بەرق جاۋاھىرنى باھانە قىلىپ شەمسىيە بانۇنىڭ ھەرىمىگە يەنە كەلدى. شەمسىيە بانۇ بەرقنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بەرقنى باشلاپ تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. مەي ئىچىپ بىرئاز پەيزى بولغاندىن كېيىن، شەمسىيە بانۇ بەرققا قاراپ:

— ئەي ئەزىز يار، ئەقىدىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئېيتقىنكى، نەسەبىڭ كىمگە يېتىدۇ؟ — دېدى. بەرق:

— بىلگىنكى، مەن فەرەڭ پادىشاھىنىڭ ئوغلى بولىمەن. مېنىڭ ئېتىم بەرق فەرەڭدۇر. ئالەم پاناھ ئىسكەندەرنىڭ يولباشچىسى، — دېدى. شەمسىيە بانۇ:

— مېنىڭ ئانامۇ سەلسالخانىنىڭ خانىشىدۇر. پادشاھلىققا شېرىكتۇر، ئانام مېنى قاچان ئىسكەندەرنىڭ بۇ باتۇرىغا بېرەر، — دېگەنىدى. بەرق:

— ئەي نازىنىن، غەم يېمىگىن، ئىسكەندەرنىڭ بەخت - ئىقبالى بىلەن مۇبارەك قەدىمى بۇ يەرگە يېتىدۇ. شەمامە ۋە دەمامەنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىپ، سەلسالنىڭ پادشاھلىقىغا شىكەستە بېرىمىز، شۇ چاغدا تەقدىر ئىلاھىنىڭ رەھمىتى بىلەن قولۇمنى بويىنىڭىزغا سالىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، شەمسىيە بانۇ بەرق بىلەن خوشلاشتى. بەرق بىر دېھقاننىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇ يەردىن نەسىمنى ئېلىپ، مۇھەممەد شىرزاد تەرەپكە بېرىپ ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇيرۇق قىلىۋىدى، ئوردا نەۋكەرلىرى دەريانىڭ قىرغىقى بىلەن مېڭىپ نەسىم ۋە بەرق ماڭغان يول

بىلەن ئالدىنقى توسۇققا يەتتى. سەلسالخانغا:
— ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى سىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتتى. سەلسالخان سەييار ئەژدەر چەشمە ئىسىملىك سەردارغا:
— ھەممىمىز ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقايلى، — دەپ ئىشارەت قىلدى. يولباشچى مۇھەممەد شىرزادقا:
— سەلسالخان سىزنىڭ ئالدىڭىزغاكېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر بەردى. مۇھەممەد شىرزاد:
— ھېچكىم كۆرۈنمىسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. سەلسالخان مۇھەممەد شىرزادنىڭ بارگاھىغا يېقىن كەلدى. ھېچكىشى كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: مېنىڭ كېلىشىمنى بىلسىمۇ، ئەمما ئەلچى خەۋەر بەرمىگەندەك قىلىدۇ، دەپ ئوردىغا كەلدى. ئوردىدا ھېچكىشى كۆرۈنمىدى. تا چېدىرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئىشىك ئاغىچىسى، سەئدان ئۇنى كىرگۈزمىدى:
— ئەي ئەدەپسىز، بىئەقىل، سەن بۇ يەرنى كارۋان سارىيى دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ دېگەن بارگاھ. بارگاھقا شۇنداقلا كىرمەكچىمۇ سەن؟ يوق، سېنى ئۇ يەردىكى كارۋان سارىيىغا ئېلىپ باراي، — دېدى. بۇ چاغدا سەييار ئوڭايسىزلىنىپ سەۋرقىلىشتىن باشقا ئىلاج تاپالماي تۇردى. سەئدان بارگاھتىن چىقىپ، سەييارنى بارگاھقا باشلاپ كىردى. سەييار مۇھەممەد شىرزادقا قاراپ، بۇت پەرەسلەرنىڭ رەسمى بويىچە سالام قىلغانىدى، سەئدان جاۋاب سالام بەرمىدى ۋە ئولتۇرۇشقا جايمۇ كۆرسەتمىدى. بۇ چاغدا سەييار دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ:
— ئەي ئىرانلىق بېخىل، مېنى سەييار ئەژدەر چەشمە دەپ ئاتايدۇ. خان تەرەپتىن كەلدىم. سېنى ئىززىتىڭ بىلەن

شەھەرگە باشلاپ كىرمەكچىمەن، شۇ مۇددىئادا ئوردائىغا كەلدىم. ھېچكىشى ئالدىمغا چىقمىغاچقا، مېنى ئۇ ياساۋۇل توختاتتى. سالام قىلدىم، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. مۇنداق قىلىقسىز غۇرۇرىڭنى كاللاڭدىن يىراق قىلمىسام بولمىغىدەك، شۇنىڭ ئۈچۈن كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد جاۋاب بەرمىدى. سەيياد يېقىن كەلدى. شىرزادنىڭ باتۇرلىرى كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى تارتىۋېلىپ چۆرۈپ تاشلىدى. سەييادنىڭ بېشىغا مۇشت بىلەن شۇنداق ئۇرغانىدى، بېشىنىڭ ئارقا تەرىپى يېرىلدى. ئاندىن پۇتىدىن تۇتۇپ، بارگاھنىڭ تاشقىرىغا تاشلىدى. سەييادنىڭ ئادەملىرى ئۇنى كۆرۈپ قاچتى. مۇھەممەد شىرزاد ئىشارەت قىلىۋىدى، ئوردىنى يەتتە توسۇقتىن ئۆتكۈزۈپ شەھەرگە يېقىن ئېلىپ باردى. شەھەر خەلقىنىڭ بىر تەرەپكە سالمىلارنى كۆمۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇھەممەد شىرزاد:

— بۇ يەرگە سالما كۆمۈشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. خالايىق:

— سەلسال پادشاھ بولغان ئىككى يۈز يىلدىن بۇيان، بۇ چۆل - جەزىرىنى ئېچىپ گۈل - گىياھلىق، ئېپار پۇراقلىق، سەبزە زارلىق[1] قىپتۇ، ئېرەم باغلىرىدا، تاغلىرىدا كېيىكلەر ماكان تۇتۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېيىكلەر كىندىك - ئېپار تاشلاپتۇ. سەلسالخان پىچاق بىلەن كېيىكلەرنىڭ ئېپار كىندىكىنى كېسىپتۇ. ئۇلار پادشاھقىلا خاس ئىدى. ئۇ ئېپار كىندىكنى سودىگەرلەر سېتىۋاپتۇ. ئاڭلىشىمىزچە، كېيىك ئۆزى تاشلىغان كىندىك - ئېپارلىرىنى قار - يامغۇرلار كۆمۈۋېتىپتۇ، بىز شۇنىڭ قەستىدە سىلەردىن ھەزەر قىلىپ بۇ يەرگە سالما كۆمۈۋاتىمىز، — دەپ رىۋايەت

---

① سەبزە — بېسىل، ئوت - چۆپ.

قىلغانىدى. مۇھەممەد شىرزاد:
— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە شىكار قىلغان ياخشىكەن، — دەپ خەنجەر بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ، ئېتىنى مىنىپ سەلسالنىڭ غەرب دەرگاھىدا شىكار قىلىشقا ماڭدى. ھەممىسى شىكار قىلىشقا مەشغۇل بولدى. نۇرغۇن كېيىكلەرنى ئوۋ قىلدى. ئەمما سەيياد ئەژدەر چەشمىنىڭ مۇلازىملىرى قېچىپ بېرىپ، سەلسالخانغا سەييادنىڭ ئوسال بولغان خەۋىرىنى يەتكۈزدى. سەلسال:
— بىر پالۋان لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇ ئەقىلسىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. سەلسالخاننىڭ زال ئىبنى سەلسال ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى، ئۇ قوبۇل قىلىپ ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن يولغا چىقتى. مۇھەممەد شىرزاد شىكاردىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئالدى تەرەپتىن زال ئىبنى سەلسال يېتىپ كەلدى. ئۇ باغلاق ياتقان كېيىكنى كۆرۈپ مۇھەممەد شىرزادقا:
— ئەي سەرگەردان، شۇنچىلىك قىلغىنىڭ بولارمىكىن، ئەيمەنمەستىن ئاتامنىڭ خاس شىكارلىرى بولغان ئىپار چاچىدىغان كېيىكلەرنى نابۇت قىپسەن، — دەپ شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ مۇھەممەد شىرزادقا ھەملە قىلىشقا باشلىدى.

مۇھەممەد شىرزاد چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ خەنجەرنى تارتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ شەمشىرىنى زالنىڭ كاللىسىغا ئۇرماقچى بولغاندا، بېشىغا قالقان تۇتتى. شىرزاد ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىنى خالىي كۆرۈپ، خەنجەر بىلەن شۇنداق ئۇرغانىدى. زال ئىككى پارە بولدى. زالنىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ جەڭدە شىكەستە تاپتى. ئاخىر زال قوشۇنى مۇھەممەد شىرزادقا تەڭ كېلەلمەي قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋالدىن سەلسالخان خەۋەر تاپقاندىن كېيىن:

— ئۇ ئەقىلسىزلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، جاۋابىمنى بېرىپ ياندۇراي، — دېدى. ئەرچەك ۋەزىر مۇھەممەد شىرزادنىڭ چېدىرىغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ئورنىڭدىن تۇرغىن، سەلسالخاننىڭ قېشىغا بارايلى، نامىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ بۇ ۋىلايەتتىن كەتكىن، ھېلىمۇ كۆپ پىتنە پەيدا قىلدىڭ، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد نەسىم ۋە ئەرچەك ۋەزىر بىلەن سەلسالنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدى. بىرىنچى دەرۋازىغا كەلگەندە ئەرچەك ۋەزىر پىيادە بولۇپ:

— ئەي پالۋان، ئاتتىن چۈشۈڭ، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد پىيادە بولدى. يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ بارگاھقا يېتىپ كەلدى. پىيادە بولۇپ ئەرچەك ۋەزىر ۋە نەسىملەرمۇ ئوردىغا كىردى. ئۇلار ئۆز رەسىم - قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. ھېچكىشى جاۋاب سالام بەرمىدى. مۇھەممەد شىرزاد سەلسالخان تەختىنىڭ پەلەمپىيدە سەكەنداننى كۆردى. سەكەنداننىڭ ۋەقەسى خۇددى سەبۇكتېگىن ۋەقەسىگە ئوخشاش ۋەقە بولۇپ، سەكەندان ھارامزادە ئەينى ۋاقىتتا شەھەرگە قېچىپ كەتكەندى. ھالبۇكى، مۇھەممەد شىرزاد سەكەنداننىڭ بۇيەردە ھەممىدىن يۇقىرى ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ھارامزادە، تەختتىن چۈشكىن، مەن بىردەم ئولتۇراي، نامىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېتىمەن، تەخت يەنە ئۆزۈڭگە قالىدۇ، — دېدى. سەكەندان:

— ئەي ئەقىلسىز، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمنى بىلمەيسەن، شۇڭا مېنى تەختتىن قوپ دەۋاتامسەن؟ — دەپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ مۇھەممەد شىرزادقا ئېتىلدى. مۇھەممەد جەبدەسلىك بىلەن قولىنى كۆتۈرۈپ، مۇشتىنى تۈگۈپ ئۇنىڭغا روبىرو بولدى. مۇھەممەد

شىرزادنىڭ مۇشتى تۇيۇقسىز سەكەندانداننىڭ گۆزەل تومۇرىغا تېگىپ ئۇنى بىھۇش قىلىپ شۇ زامان يىقىتتى. مۇھەممەد شىرزاد سەكەندانداننىڭ جايىدا قارار ئالدى. سەلسالخان مۇھەممەد شىرزادنىڭ باتۇرلىقىغا ھەيران قالدى ۋە:

— ئەي يىگىت، نامىنى بەرگىن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— نامىنىڭ ئۈستىدىن چاچقۇ قىلىش ئۈچۈن ئالتۇن كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. سەلسال ئالتۇن - كۈمۈش كەلتۈرۈپ نامىنىڭ ئۈستىدىن چاچتى. مۇھەممەد شىرزاد نامىنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ سەلسالغا بەردى. سەلسال ئۇنى ئەرچەك ۋەزىرگە بەردى. ئەرچەك ۋەزىر نامىنى تەخت ئۈستىدە تۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

## نامە

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم (ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن). ئاۋۋال ھېچقانداق شېرىكى يوق ئۇ زات خالايىقنى ياراتقۇچى، ئۇ پەرىشتىلەرنىڭ ئىگىسى، ئۇ ئاي بىلەن كۈننى ياراتتى، ئۇ ئاسماننى تۈۋرۈكسىز ياراتتى. ئىككىنچى پەيغەمبەرلەرنىڭ نامى بىلەن، بولۇپمۇ ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن، ئۈچىنچى مەنكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندۇرمەن. مېنىڭ نامەمدىن نامىم يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئەي سەلسال ئىبنى زال، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، بۇ كۈندە بەخت تاجى مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئۈستىدە چۆگىلەۋاتىدۇ. بويسۇندۇرۇش، غالىبىيەت ۋە نۇسرەت ماڭا خىزمەتكاردۇر. ئەي سەلسال، سەن خاتا يولدىن يېنىپ، ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، شەھىرى قىتانى ماڭا قارام قىلغىن. ئەگەر رەت قىلساڭ مەرزۇق فەرەڭ، فەرىدۇن شاھ يەمەنى،

سەئىد ۋە ئەفراسىيابلارنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەندەك، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ ئاشۇ دەھشەتلىك كۈنلەرنى كەلتۈرىمەن. نامە تامام ۋەسسالام». سەلسالخان نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئىسكەندەر كىچىك بالىنى قورقۇتقاندەك قورقۇتۇپتۇ، دەپ قول سۇنۇپ نامىنى ئەرچەكنىڭ قولىدىن ئېلىپ كۆرۈپ بېقىپ، يەنە ئەرچەك ۋەزىرگە بېرىپ:

— پارە- پارە قىل، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ چاغدا قولىغا تىغنى ئېلىپ نامىنى ئەرچەك ۋەزىرنىڭ قولىدىن ئېلىپ بەلدەمچىسىگە سالدى ۋە:

— ئەي ئەقىلسىز ئازغۇن، نامىنىڭ جاۋابىنى بەرگىن، — دېدى. سەلسال:

— نامىنىڭ جاۋابى جەڭدۇر — ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت بەك كەم ئەقىللىق قىلمىسۇن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد چىقىپ ئۆز ئوردىسىغا بېرىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، دەرھال بارگاھنى سەلسالنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ تىكتى. ئۇ تەرەپتە سەكەنداندان ھوشىغا كېلىپ ئەتراپقا قارىغانىدى، ئۇ يەردە ئەلچى كۆرۈنمىدى. سەلسالخاندىن:

— ئەلچى نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىۋىدى. سەلسال:

— ئەي پالۋان، مەن ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىنىڭ قولىقىغا قۇللۇق ھالقىسىنى سالىمەن دەپ بەك لاپ ئۇراتتىڭ، بىر مۇشت بىلەن ھۇشۇڭدىن كەتتىڭ، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى. سەكەنداندان:

— ئەگەر ئىجازەت بولسا ئۇنى ئارقىدىن بېرىپ بوينىدىن باغلاپ ئېلىپ كەلسەم، — دېدى. سەلسال ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئۇ ھارامزادە ئون مىڭ كىشى بىلەن مۇھەممەد شىرزاد تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مۇھەممەد شىرزادقا:

— سەكەنداندان ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ سىز

بىلەن جەڭ قىلغىلى كېلىشىپتىمىز، — دەپ خەۋەر يەتتى. ئۇنى ئاڭلاپ مۇھەممەد شىرزاد بارگاھنى كۆچۈرۈپ توسۇقلاردىن ئۆتۈپ كەڭ سەھراغا كېلىپ چۈشتى. شۇ چاغدا سەكەنداندانمۇ يېتىپ كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپ سۈرەن - چۇقان بىلەن مەيدانغا كىردى. سەكەنداندان:

— ئەي مۇھەممەد، سەلسالنىڭ بارگاھىدا جان تومۇرغا بىر مۇشت ئۇرۇپ ئالدىمدىن قېچىپ كېتىپسەن، سەن بىلمەيسەنكى، سەن مېنىڭ قولۇمدىن جېنىڭنى ساق - سالامەت ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد سەكەنداندانىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزىۋازلىقتىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇمۇت ئۇردى. ئاخىرى ئۇلار ئۇمۇتنى تاشلاپ، شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىشتى. سەكەنداندان چەبدەسلىك بىلەن شەمشەر ئۇرغانىدى، مۇھەممەد شىرزاد قالقان تۇتتى. قالقان ئىككى پارە بولۇپ شەمشەر مۇھەممەدنىڭ بېشىغا ئىككىلىك قادالدى. سەكەنداندانىنىڭ ئېتى شىرزادنىڭ ئالدىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. مۇھەممەد شىرزاد يېنىدىن قېرىن ياغلىقىنى ئېلىپ بېشىنى مەھكەم تاڭدى - دە، شەمشەرنى ئېلىپ سەكەنداندانغا شەمشەر ئۇردى ۋە:

— ئەي هارامزادە، پەخەس بول، — دېدى. سەكەنداندان مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئۆز يارىسىنى تېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەمما قان بېشىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ئېقىۋاتقان قاننى بىردەم - بىردەم يېڭى بىلەن ئېرتىپ تۇراتتى. سەكەنداندان بېشىغا قالقان تارتىۋالغانىدى. مۇھەممەد ئۇنىڭ قوبىسىگە شەمشەر ئۇردى. سەكەنداندانىنىڭ قالقىنىنى پارە - پارە بولۇپ بېشىغا تۆت بارماق مىقدارى ئورۇندى. سەلسالخان لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ مەيدانغا كىرىپ سەكەنداندانىنى مۇھاپىزەت قىلدى. مۇھەممەدنىڭ لەشكەرلىرى

ھەم قوزغىلىپ مەيدانغا چۈشتى. مۇھەممەدنىڭ لەشكەرلىرى جەڭدە شىكەستە تېپىپ مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندى، بۇ چاغدا تۈركىستان تەرەپتىن توپا - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، بىر يېشىل تونلۇق نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن كېلىپ دوست - دۈشمەننى ئايرىپ، ئۆزىنى سەلسال لەشكىرىگە ئۇردى. سەلسال لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قېچىپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاسما كۆۋرۈكلەرنى تارتىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا نەسىم بىلەن بەرق ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ مۇھەممەد شىرزادنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى. پالۋانلار لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مۇھەممەد شىرزادقا ياردەم بەرگىلى بارماقچى بولدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئۈچ مىڭ باتۇر بىلەن سەلسالخان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سەلسالخانغا ئەلچى: مۇھەممەد سەكەندانىنى قاتتىق زەخىملەندۈرۈپ شىكەستە بەردى، دەپ خەۋەر بەردى. سەلسال لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ ئانىسى دەمامەنى خەۋەردار قىلغانىدى، ئانىسى سەلسالنى غارغا چاقىرىپ كەلدى. دەمامە:

— ئەي ئوغلۇم، مەن مەھناز بىلەن ھارۋەسىدىن ئىسكەندەر سەلسالنىڭ شەھىرىنى بويسۇندۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئەمما بۇ بىر بۇزۇقلۇقنىڭ باشلىنىشى. شۇنداقتىمۇ مەن بىر پىكىرنى ئويلاپ قالدىم، — دەپ ئەمىر قىلدى. دەمامە بىر ئادەم كاللىسىنى كەلتۈرۈپ بىر نەچچە تال مىخنى ئۇنىڭ كۆزىگە قاقتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تىلسىم باغلىدى. ئۆزىنىڭ ھەمشىرىسى شەمامەگە:

— ئىسكەندەرنى قارىغۇ قىلىشنى ئويلاپ، بۇ تىلسىمنىڭ بىر ئۇچىنى سىزنىڭ دىلىڭىزغا باغلىدىم. سىز ھاياتلا بولسىڭىز، ئىسكەندەرنىڭ كۆزى روشەن بولمايدۇ، — دېدى. ئۇ يەنە:

— ئاندىن كېيىن بىر تاۋۇتنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ

بۇيرۇدى. مۇلازىملار تاۋۇتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار سېھىرلەنگەن كاللىنى تاۋۇتقا قويدى. دەمامە تاۋۇتنى ئىسرىقداپ، ئاندىن ھەمشىرىسى شەمامەگە بېرىپ:
— بۇ تاۋۇتنى ئېلىپ بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ يولىدا تىلسىم بىلەن بىر مەدرىسە سالغىن، بۇ تاۋۇتنى ئۇنىڭ ئىچىگە قويغىن. بىر كىشىنى ئۇ جايدا ئولتۇرغۇزۇپ تەلىم بەرگىن. ھەرقانداق كىشى، بۇ نېمە جاي دەپ سورىسا، بۇ ۋەھىمىلىك جاي، ئەفراسىيابنىڭ جايىدۇر دەپ جاۋاب بەرسۇن، — دېدى.
ئەلقىسسە، ئابدۇلھېمىد دەريانىڭ ياقىسىدىكى قۇرۇق يول بىلەن ماڭماي كېمىگە چۈشۈپ، لەشكەرلىرى بىلەن ئىككى كۈن يول يۈردى. ئۈچىنچى كۈنى تەتۈر شامال چىقىپ كېمىنى جەزىرىگە يېقىن ئاپىرىپ قويدى. ئابدۇلھېمىد كېمىدىن چىقىپ، يارەنلەرگە: سىلەر كېمىنىڭ يەلكىنىنى تاشلاپ تۇرۇڭلار. مەن بۇ جەزىرىگە كىرىپ باقاي، بىز چۈشۈشكە لايىق جاي بارمۇ - يوق، جەزىرىگە بېرىپ ئوبدان مېۋە ۋە سۇ تاپاي، دەپ ماڭدى. كېمىدە قالغان كىشىلەر ھاۋادا بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر دىۋە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دىۋە:
— ئەي ئادەمزات، تۆت يۈز يىلدىن بۇيان مەندىن قورقۇپ بۇ ماكانغا ئادەمزاتلار كېلىپ باقمىغان، سىلەرنىڭ مېنىڭ ماكانىمنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشقا نېمە ھەددىڭلار؟! — دەپ ۋارقىراپ كېلىپ كېمىنى كۆمتۈرۈپ غەرق قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ كۆزى ئابدۇلھېمىدقا چۈشۈپ نەرە تارتتى. ئابدۇلھېمىد كۆردىكى، بىر زەفىراندەك دىۋە تۇراتتى. ئۇنى زەرىنتەن (ئالتۇن تەن) دىۋە دەپ ئاتايتتى. دىۋە:
— ئەي ئادەمزات، مېنىڭ مەنزىلىمگە كېلىپ، ئوبدان قىپسەن، مەن ئادەم گۆشى كاۋىپى يېمىگىلى ئۇزۇن زامان بولدى، — دەپ ئابدۇلھېمىدقا قاراپ ھەملە قىلدى. ئابدۇلھېمىد ھەم دىۋىنىڭ بوينىغا قول سالدى. دىۋە:

— ئەي ئادەمزات، ئادەملىرىڭنىڭ تەگدىن تولىسىنى تامامەن غەرق قىلدىم، سەن يالغۇز قالدىڭ، سەن نېمە قىلارسەن؟ — دېدى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قۇدرەت - كامالى بىلەن زەرىنتەننى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن مەيدىسىگە چىقىپ خەنجەرنى كانىيىغا قويدى. دىۋە ئاجىزلىق قىلىپ:

— ئەي دىلاۋەر، ماڭا ياخشىلىق قىلغىن، مەن تىرىك بولسام، ساڭا كۆپ مەنپەئەت يېتىدۇ، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، قىيامەتكىچە بۇ جەزىرىدىن چىقالماي پۇشايمان يەيسەن، ئەگەر ئۆلتۈرمىسەڭ، خالىغان يېرىڭگە ئېلىپ باراي، ئىختىيارىڭدا بولاي، سېنىڭ قۇلۇڭ بولاي، — دېدى. ئابدۇلھېمىد دىۋىنىڭ سۆزىگە ئىشەندى. دىۋىنىڭ مەيدىسىدىن قوپۇپ باغلاپ بوينىغا مىنىپ، مېنى قىتا دەشتىگە يەتكۈز، دېدى. دىۋە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ سائەتتىن كېيىن يەرگە چۈشتى. بۇ جاي تۈركىستان بىلەن قىتانىڭ ئارىسى ئىدى. دىۋە ئابدۇلھېمىدنى تاغنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئابدۇلھېمىد:

— بۇ دەشت قىتا ئەمەس. نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ يەردە قويىسەن؟ — دېدى. دىۋە غەلۋە قىلىپ:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. سەن بۇ يەردە بىردەم ساقلاپ تۇرغىن. مەن بۇ تاغدا ئوۋ ئوۋلاپ كېلىپ، قورسىقىمنى تويغۇزۇپ ئاندىن خىزمىتىڭنى قىلاي، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي ھارامزادە، بىكار گەپنى قوي، مېنىڭ قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن، سېنى ئوۋ قىلىشقا قويۇۋېتىپ سېنى نەدىن تاپىمەن؟ — دېدى. دىۋىنىڭ نوقتىسىنى چىڭىتىپ ئۇنى يېتىلەپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە باردى. ئۇ يەردە چېدىر، ساراي پەردىلىرى تىكىلگەن بىر دەشت كۆرۈندى. بارلىق كېنىزەك ۋە خوجىلار چېدىرغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئابدۇلھېمىدقا چۈشتى، ئۇلار ھەيرانلىق ئىلكىدە «ھاي - ھۇي»

قىلىشتى. ئۇلارنىڭ مەلىكىسى مەريەم بانۇ ئىسىملىك قىز ئىدى. ئۇ يۈزىنى چېدىردىن چىقاردى. ئۇنىڭ كۆزى ئابدۇلھېمىدقا چۈشتى، ئابدۇلھېمىد ئۇ مەلىكىگە قارىدى. كۆڭلىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا بەردى. ئاشىق - بىقارار بولدى. ئۇ قىز ھەم ئابدۇلھېمىدقا ئاشىق - بىقارار بولدى. مەلىكە:

— ئەي يىگىت، قەيەردىن كەلدىڭىز؟ بۇ دۈزنى قانداق باغلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن سودىگەر ئىدىم، دوستلىرىم بىلەن دەريانىڭ قىرغىقىغا چۈشكەندۇق، شۇ چاغ بۇ دىۋە كېلىپ دوستلىرىمنى دەرياغا غەرق قىلىپ، مېنىڭ بىلەن چېلىشتى، مەن غالىب كېلىپ ئۇنى تۇتتۇم، ئۆلتۈرەي دېسەم ئۇ خەيرلىكنى تىلەپ مېنىڭ دىلىمنى يۇمشاتتى. خەيرلىك قىل، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ ئېلىپ باراي دېدى. ئۇنىڭغا رەھىم قىلدىم. ئالدى بىلەن مېنى قىتا مەملىكىتىگە يەتكۈزگىن، دېگەنىدىم. ھارامزادە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ماڭا، قورسىقىم بەك ئاچتى، شىكار قىلسام، دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، بىللە شىكار قىلاي دەپ بۇ جايغا كېلىپ قالدۇق، مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ، — دېدى. قىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي يىگىت، كەمىنىڭىزنىڭ بارگاھىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز، خىزمەتكارلىق قىلاي، — دېدى.

ئابدۇلھېمىد دىۋىنى چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە مەھكەم باغلىدى. قىز ئابدۇلھېمىدنى چېدىرغا باشلاپ كىرىپ، مۇلازىملىرىغا:

— داستىخان كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار تائام يېيىشتى. مەريەم بانۇ مەي كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. داستىخان سېلىندى، مەي كەلتۈرۈلدى. سۆھبەت باشلاندى. بۇ چاغدا

ئابدۇلھەمىد:

— ئەي نازىنىن، مەن ئۆز ھالىمنى ئېيتتىم، سىز بايان قىلىڭ، بۇ دەشتكە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ — دېدى. مەريەم بانۇ:

— ئەي يىگىت، بىلگىنكى، بۇ ئۆلكە خوز گەرجىستاندۇر. مېنىڭ ئاتام خوزغا پادشاھتۇر. پادشاھ خوزى يەنە خوز پادشاھى دەپ ئاتايدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— مەزھىبىڭىز نېمە؟ — دېدى. مەريەم بانۇ:

— ئاتەشپەرەسلىكتۇر (ئوتقا چوقۇنۇش)، — دېدى.

شاھزادە:

— ئەگەر ئەقىدىڭىزدىن يېنىپ، ئېتىقادىڭىزنى توغرىلىسىڭىز، مەن خىزمىتىڭىزدە بولارمەن، ئەگەر مۇشۇ مەزھەبتە بولسىڭىز مەن كېتىمەن، — دېدى. مەريەم بانۇ:

— نېمە دېسىڭىز قوبۇل قىلاي، — دەپ ئىخلاس بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئۇلار شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. كەچ كىرىپ ئۇيقۇغا كەتتى. زەرىنتەن دېۋە باغلاقنى بوشاتتى. دېۋە قانداق قىلىپ نەۋجەۋانى بۇ يىگىتنى تۇتارمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا مەريەم بانۇ غۇسلى قىلىش ئۈچۈن سۇغا موھتاج بولۇپ چېدىردىن چىقتى. ئۇ دېۋىنىڭ كۆزى مەريەم بانۇغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ مەريەم بانۇنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ پەلەككە ئۆرلەپ ئۆز ماكانى تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ چاغدا شاھزادە بىدار بولۇپ چېدىردىن تاشقىرى چىقىپ، ئەتراپ ـ ئالەمگە قارىدى. ھاۋا ئۇچۇق ئىدى. پەلەكتە كېتىپ بارغان دېۋىنى كۆردى. ئۇ ھېچ چارە قىلالمىدى. شاھزادە شاھزادىلىك تونىنى تاشلاپ ئۇ نازىنىننىڭ پىراقىدا

قەلەندەر بولدى. باياۋانغا قاراپ ماڭدى. ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى سەكەنداندىن ئىشىتىڭ. سەكەنداندان دەرۋازا ئىچىگە قىچىپ كىرىۋېلىپ خەندەكتىن ئاسما كۆۋرۈكلەرنى ئېلىۋېتىپ بەدەر كەتتى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ يەردە تۇرۇشنى خالىماي ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە ماڭدى. ئۇ يولدا كېتىپ بارغاندا بىر مۇنچە كېنىزەكلەر ۋە خوجايىنلارنى كۆردى. ئۇ ساراي خوجايىنلىرى ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاۋاتاتتى. مۇھەممەد شىرزارد:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ئابدۇلھېمىدنىڭ قەدىمى بىزنىڭ دىيارىمىزغا يەتكەندە، مەريەم بانۇ ئۇ ئارالغا بېرىپ تۇرغانىدى، ئابدۇلھېمىد زەرىنتەن دىۋىنى باغلاپ بۇ يەرگە كەلدى. بىز ئېھتىرام بىلەن ئۇنى كۈتۈۋالدۇق. كېچە بولغاندا ئۇ دىۋە پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەدەر كەتتى. ئابدۇلھېمىد ھەم سەرگەردان بولۇپ، قەلەندەرانە كىيىمنى كىيىپ ئارقىسىدىن باياۋانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ ئىسكەندەرگە نامە ئەۋەتتى. ئىسكەندەر سەردارلىرى بىلەن بارگاھتا ئولتۇرغانىدى. مۇھەممەد شىرزادنىڭ نامىسى يەتتى. ئىسكەندەر نامىنى ئوقۇغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ:

— ئىككى باتۇر مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئالدىغا بارسۇن. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئابدۇلھېمىدتىن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. فەرىدۇن سانى:

— ئەگەر ئەمىردىن ئەمىر ئالىي بولسا، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى. ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى.

شاھزادە فەرىدۇن مىڭ كىشى بىلەن يولغا راۋان بولدى. بۇ قىسسىنى كېيىنكى بابتا ئىشىتكەيسىز.

## ئاتمىشىنچى قىسسە، فەرىدۇن سانىنىڭ تاجىكەند [87] شەھىرىدە ئەفراسىياب بىلەن جەڭ قىلىپ زەخىمدار بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ئالدىنقى جىلدىمىزدىكى قىسسىدىن مەلۇمكى، ھوشەڭنىڭ نەۋرىلىرىدىن تاجىكەند شەھىرىنىڭ ھاكىمى بار ئىدى. ھاكىمنىڭ بىر قىزى ۋە بىر ئوغلى بار ئىدى. ئوغلىنىڭ ئىسمى ئەفراسىياب، قىزنىڭ ئىسمى مېھرى ئەنگىز ئىدى. بۇلار پۇشتىدىن - پۇشتىغا دۈشمەنلىرىگە ھالقا سالاتتى.

ئەفراسىياب ۋە مېھرى ئەنگىز بەك باتۇر ئىدى. بىر كۈنى ئەفراسىياب بوۋىسىنىڭ خەزىنىسىگە باردى. ئۇ يەردە بىر ساندۇقتا قويۇلغان شەمشەرنى كۆردى.

— بۇ نېمە شەمشەر؟— دەپ سورىدى. خەزىنىچى:

— بۇ شەمشەر شۇنداق شەمشەركى، بوۋىڭىز ئۆز ۋاقتىدا زالنىڭ ئوغلى رۇستەمنىڭ بېشىغا ئۇرۇش ئۈچۈن مىسقال زەھەردە سۇغۇرغان شەمشەردۇر،— دېدى. ئەفراسىياب:

— بۇ شەمشەر ماڭا لازىمدۇر. بۇ زاماننىڭ ئەفراسىيابى مەندۇرمەن. ھازىر ئىسكەندەر مۈلۈكىمىزگە قەدەم قويۇپتىمىش. بۇ شەمشەر بىلەن ئىسكەندەر ۋە ئىسكەندەرنىڭ

ئەۋلادىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن،ــ دېدى. شۇ چاغدا فەرىدۇن
سانى تاجىكەند ئەتراپىــغا يېتىــپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەر
ئەفراسىيابنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئەفراسىياب لەشكەر جەم قىلىشقا
مەشغۇل بولۇپ، ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن فەرىدۇن سانىنىڭ
ئالدىغا چىقىپ سەپ تارتتى. ئېتىنى مەيدانغا قارىتىپ:
ــ ئەي ئىسكەندەر، سەن تاجىكەندنىڭ ئىگىســى يوق
دېدىڭمۇ؟ ئەگەر باتۇر بولساڭ مەيدانغا كەلگــىن، ــ دەپ
ۋارقىرىدى. فەرىدۇن سانى ئەفراسىيابنىڭ سۆزىنــى ئاڭلاپ
مەيدانغا كىردى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. ئۇلارنىڭ
نەيزىدىن مۇرادى هاسىل بولمىدى. ئەفراسىياب نەيزىنى تاشلاپ،
شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ فەرىدۇنغا هۇجۇم قىــلدى.
فەرىدۇن بېشىغا قالقان تۇتقانىدى، ئەفراسىياب سانى شەمشەرنى
قالقانغا ئۇردى. سەمشەر قالقاندىن ئۆتۈپ فەرىدۇننىڭ بېشىغا
ئىككى ئىلىك كىردى. فەرىدۇننىڭ بېشىغا ئاتەش قويۇلغاندەك،
ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا ئاجىز بولۇپ ئات ئۈستىدىن يەرگە
يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىدىن قان ئاقتــى.
ئەفراسىياب ئۇنى باغلاپ ئەتراپتىكىلەرگە:
ــ تارتىــڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى، ئاندىن ئۆزىنــى
فەرىدۇننىــڭ لەشكەرلــىرىگە قاراپ ئۇردى. شۇ ئەسنادا
ئەفراسىيابنىڭ سىڭلىسى مېھرى ئەنگىز تۆت مىڭ كىشى بىلەن
يېتىپ كېلىپ فەرىدۇننى كۆرۈپ:
ــ بۇ كىم؟ ــ دەپ سورىدى. نەۋكەرلەر:
ــ بۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى فەرىدىندۇر. بۇنى ئــاكىڭىــز
ئــەفراسىــياب زەخــمدار قىلدى، ــ دېدى. مېھرى ئەنگىــز
فەرىدۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا رەهمى كېلىپ مۇلازىمغا:
ــ ئۇنى دەشتىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تــاغقــا ئېلىــپ
بېرىڭلار، ــ دېدى. نەۋكەرلەر ئۇنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ
بىسات سالدۇرۇپ ياتقۇزدى. يارىسىغا مەلھەم قويۇپ تاڭدى.

مىھرى ئەنگىز تاغنىڭ ئەتراپىغا تاشلارنى تىزىپ ئىستىھكام ياساپ، ئۆزى جەڭگە تەييار بولۇپ ئولتۇردى. ئەفراسىيابقا مىھرى ئەنگىز ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى فەرىدۇننى تاغقا ئېلىپ چىقىپ سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييار بولدى، دېگەن خەۋەر يەتتى. ئەفراسىياب تاغنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ مۇلازىمىغا:

— مىھرى ئەنگىز كەلسۇن، دەيدىغان بىر - ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار، — دېدى.

مىھرى ئەنگىز سەردارلىرى بىلەن تاغنىڭ ئېتىكىگە كېلىپ:

— ئەي ئاكا، نېمە ئىش؟ — دېدى. ئەفراسىياب:

— ئەي سىڭلىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ بۇ ياققا چۈشۈپ ماڭا ھەمكارلاشقىن، دۈشمەننى ئارىدىن يوقىتايلى، — دېدى. مىھرى ئەنگىز:

— ئەي ئاكا، مۇنداق سۆزنى قىلما. مەن ئىسكەندەرنىڭ ئوغلىنى سېنىڭ قولۇڭغا بەرمەيمەن، ئىسكەندەر ئۇلۇغ پادىشاھدۇر. ئۇنىڭ پەرزەنتىگە ياخشىلىق لايىقتۇر. ئەگەر ئىسكەندەر غەلىبە قىلسا، بىزگىمۇ ياخشىلىق قىلىدۇ، — دېدى. ئەفراسىياب:

— ئەي سىڭلىم، سېنىڭ مۇنداق ئىش بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، — دېگەندى، مىھرى ئەنگىز:

— ئەي ئاكا، ئۆزۈڭنىڭ ئىززىتىنى ساقلىغىن، مەن تىرىكلا بولسام، ئىسكەندەرنىڭ ئوغلىنى ساڭا بەرمەيمەن، — دېدى. ئەفراسىياب ئېتىنى ئۇرۇپ:

— ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرە قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. مىھرى ئەنگىز ھەم بۇيرۇق قىلىپ، تاغدىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ياغدۇردى. مىھرى ئەنگىز يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ نۇسرەت ۋە زەپەر تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا دەشت تەرەپتىن يەتتە بۇرجەكلىك ئەلەم كۆرۈندى. ئەلەمنىڭ ئاستىدا قامەتلىك بىرسى

مەيدە ئۆلتۈراتتى. ئۇ سەئدان ئىدى. ئاتەش ئەفرۇز سەئداننى كۆردى. ئۇ تەختتە ئۆلتۈرغان مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئالدىغا كېلىپ خەۋەر قىلغانىدى مۇھەممەد شىرزاد ئاتقا مىنىپ:

— مەن ياردار، بۇ ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق، — دەپ ئۇ ئازغۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەفراسىياب تاغدىن ئۆتۈپ بەختكە قارشى سەئدانغا يېتىشىۋېلىپ شەمشەرنى سەئدانغا ئۇردى. سەئدان قالقان بىلەن توسىدى. ئەفراسىياب ئۇنىڭ قالقىنىنىڭ قوببىسىگە يەنە بىر شەمشەر ئۇرغانىدى، شەمشەر قالقاندىن ئۆتۈپ سەئداننىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك كىرىپ كەتتى. سەئدان ھوشىدىن كەتتى. ئاتەش ئەفرۇز ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنى ئېگەردىن يۇلۇپ مەيداندىن ئېلىپ كەتتى. ئەفراسىياب ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ نىشانىنى تاغقا قاراتتى. ئەمدى بىر نەچچە ئېغىز سۆزنى ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى ئابدۇلھېمىدتىن ئىشىتىڭ.

مەلۇمكى، مەريەم بانۇنىڭ پىراقىدا ئابدۇلھېمىد قەلەندەر بولۇپ باياۋانغا قەدەم قويۇپ بىر جاڭگالغا يەتتى. ئۇ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە غەم بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ چاغدا بۇ يەردىن زەرىنتەن دىۋە ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. كۆزى تاسادىپىي ئابدۇلھېمىدقا چۈشتى. ئۇنى ئۇيقۇدا كۆرۈپ ھاۋادىن چۈشۈپ كۆتۈرەي دەپ قولىنى سۇنۇشىشا، ئابدۇلھېمىد ئويغىنىپ دىۋىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى شۇنداق ئۇردىكى، دىۋە يىقىلىپ چۈشتى. ئابدۇلھېمىد دىۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خەنجەرنى ئۇنىڭ كانىيىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ھارامزادە، ئەمدى بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى. زەرىنتەن نالە - زار قىلىپ:

— ئەي باتۇر، بۇ قېتىممۇ ماڭا ياخشىلىق قىلغىن، ساڭا خىزمەت كۆرسىتىپ مەشۇقۇڭنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىمەن، — دېدى. شاھزادە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ھىممەت قىلىپ

گۇناھىدىن ئۆتۈپ:
— ئەي ھارامزادە، مېنى مەشۇقۇمنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزگىن، ئاندىن سېنى قويۇپ بېرىمەن، — دېدى ۋە دىۋىگە مىنىپ پەلەككە ئۆرلىدى. بىر جايغا يېتىپ بارغاندا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تاغ ئۈستىگە قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نۇرغۇن لەشكەر سايىۋەننىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغانىكەن. ئابدۇلھېمىد ئۇنى كۆرۈپ دىۋىگە:
— مېنى بۇ يەردە قوي، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەي، — دېدى. دىۋە سايىۋەن تەرەپكە كەلدى. ئابدۇلھېمىد سايىۋەننىڭ ئىچىگە كىرىپ بىر كىشىنىڭ زەخمدار بولۇپ ياش - كۆزى ئىششىق ياتقانلىقىنى كۆردى. ئابدۇلھېمىد:
— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ يەردىكى نەۋكەرلەردىن بىرى:
— ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى، ئىسمى فەرىدۇن، — دېدى.
ئابدۇلھېمىد بۇ سۆزنى ئىشىتىپ چوڭقۇر ئاھ ئۇردى، دەرھال فەرىدۇننىڭ يۈزىنى ئېچىپ، بېشىنى تىزىغا ئېلىپ يىغلىدى. ياش فەرىدۇننىڭ يۈزىگە تامدى. فەرىدۇن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ئابدۇلھېمىدنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. فەرىدۇن:
— ئەي بۇرادەر، ئوبدان ۋاقىتتا كەلدىڭ. مەن زەھەر بىلەن سۇغۇرۇلغان تىغدا زەخىملەندىم، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن، سەن بىر ئاز ساقلاپ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى مۇسۇلمانلار تەرىقىسىدە دەپنە قىلغىن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد سايىۋەندىن چىقىپ دىۋىنىڭ مۈڭگۈزىنى پىچاق بىلەن قىرىۋېلىپ كىرىپ:
— بۇ جاراھەتكە پايدا قىلىدۇ، — دەپ فەرىدۇننىڭ جاراھىتىگە سالدى. فەرىدۇن ئازراق ئۇخلىغاندەك قىلدى. ئىششىقى ياندى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەن خۇشال بولدى.

كەچقۇرۇن مېھرى ئەنگىز سايىۋەندىن تاشقىرى چىققانىدى، ئۇ ھارامزادە زەرىنتەن دىۋە مېھرى ئەنگىزنى كۆرۈپ:

— ئەي مەلىكە، مېنىڭ مۇڭگۇزۇم قانداق خاسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆردۈڭمۇ؟ مەشۇقۇڭ ساقايدى، كەلگىن، مېنى باغلاقتىن بوشىتىپ قويغىن. مۇڭگۇزۇمدىن يەنە بىر ئاز بېرەي، ھەر قانداق كىشى زەخىملەنسە، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دېدى. مۇشۇ جەھەتتىن ئاياللارنىڭ ئەقلى قىسقىدۇركى، مېھرى ئەنگىز ئۇ دىۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر قولىنى بوشاتتى. ئۇ مەلئۇن يەنە بىر قولىنى ئۆزى بوشىتىپ مېھرى ئەنگىزنــــى تۇتۇپ پەلەككە ئۆرلــــدى. شۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد سايىۋەندىن چىققانىدى، مېھرى ئەنگىز:

— ئەي شاھزادە، مېنى دىۋە ئېلىپ قاچتى، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئابدۇلھېمىد بىلەن فەرىدۇن يۈز پەرىشانلىق بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى. ئەتىسى سۇبھى ۋاقتىدا ئەفراسىيابقا:

— سىڭلىڭىزنى دىۋە ئېلىپ كەتتى، — دېگەن خەۋەر يەتتى. ئەفراسىياب دەرغەزەپ بولۇپ تاغنــــى مۇشتلــــدى. ئابدۇلھېمىد ئاتلىنىپ تاغدىن چۈشۈپ:

— ئەي ئەفراسىياب، ئەگەر مەرد بولساڭ سەردارى يوق لەشكەر بىلەن مۇنداق تالاش قىلما، — دېدى. ئەفراسىياب دەرغەزەپ بولۇپ زەھەر بىلەن سۇغىرىلغان شەمشەرنى ئېلىپ ئابدۇلھېمىدكە ئۇردى. شاھزادە ئەفراسىيابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تىغنى قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىدى. ئاتەش ئەفرۇز كېلىپ ئۇ تىغنى ئېلىپ يوشۇرۇپ قويدى. شاھزادە ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن پۇت - قولىنى باغلاپ فەرىدۇنغا تاپشۇردى. ئابدۇلھېمىد:

— مەن زەرىنتەننى تۇتۇپ فەرىدۇننى ۋە مەھبۇبەمنى قۇتۇلدۇرمىسام مۇرادىم ھاسىل بولمايدۇ، — دەپ يەنە ئىشق قەلەندەرى بولۇپ باياۋانغا قەدەم قويدى. ئۇ تەرەپتە فەرىدۇن

بىلەن تاجىكەند شەھىرىنىڭ شاھزادىسى تاجىكەندى بىلەن يولغا چىقىپ، ئىسكەندەر — ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر ھەم ئۇلار بىلەن راۋان بولدى. بۇ خەۋەر مۇھەممەد شىرزادقا يەتتى. شاھزادە كېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەفراسىيابنى بۇياققا كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. ئۇنى كەلتۈردى. ئۇنىڭغا، ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارىنى مەدھىيىلەپ ئىمان ئېيتقىن، يەنە تاجىكەندكە پادشاھ قىلىمەن، — دېدى ئەفراسىياب:

— مېنى ئابدۇلھېمىد مەردلىك بىلەن تۇتتى. مەن ئۇنىڭ مۇلازىمىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مەن ئابدۇلھېمىدنىڭ دىدارىنى كۆرمىدىم. سەن ئېتىقادىڭنى توغرىلا، بولمىسا ئابدۇلھېمىد كېلىپ سەندىن رازى بولمىسا، نېمە بولساڭ بولغىن، — دېدى.

ئەفراسىياب كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەم خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئاتمىش بىرىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ دەمامە جادۇنىڭ سېھرى بىلەن كور بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ئاۋۋالقى قىسسىمىزدىن مەلۇمكى، دەمامە جادۇ ھەمشىرە - تۇغقىنى شەمامە جادۇ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ يولىغا بىر مەدرىسىنى سېھىر بىلەن بەرپا قىلدى. شەمامەنىڭ

بىرمۇنچە ئادەملىرى تۈركىستانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ بېرىپ، سەھرى بىلەن مەدرىسە بەرپا قىلىپ، گۈمبەز ياساپ، بىر قەبرى كىشىنى ئۇ مەدرىسىگە قارايدىغان شەيخ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. بىرمۇنچە سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇپ، ئۆزى دەمامەنىڭ قېشىغا باردى. بۇ تەرەپتىن ئىسكەندەر تاجىكەندنى ئۆزىگە قارام قىلىپ:

— ئوردىنى قىتا تەرەپكە يۆتكەڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. نەۋفىل بارگاھلارنى قىتا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئىسكەندەر ئۈچ كۈندىن كېيىن نەۋفىلنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ھېلىقى مەدرىسىگە يەتتى. ئۇ يەردە بارگاھى جەمشىدنى تىكتى. ساھىبقىراننىڭ تەختتە ئولتۇردى. ئەتىسى ساھىبقىران ھېلىقى مەدرىسىگە چۇشۇپ، ئىككى نەيزىۋازنى ئۇ يەرنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار:

— شەھرىيار، ئۇ ئەفراسىيابنىڭ مەقبەرىسى ئىكەن، بىر شەيخ مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىدا ئولتۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— ئەفراسىياب بولسا بىر ئالىي پادشاھ، بىز ئۇنىڭ مەقبەرىسىگە كىرىپ دۇئا بىلەن روھىنى خۇش قىلىشىمىز لازىم، — دېدى. سەردارلار قوشۇلدى. ئەتىسى ئىسكەندەر ۋە ئارستو ھۆكۈما ۋە نامدار سەركەردىلەر بىلەن مەدرىسىگە داخىل بولدى. مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ھېلىقى شەيختىن سورىغاندى. شەيخ:

— بۇ جاي ئەفراسىيابنىڭ مەقبەرىسىدۇر، — دېدى.

ئىسكەندەر مەدرىسىگە كىرىپ، بىر گۈمبەزنىڭ يۇقىرىسىغا قارىغاندى، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ئارستو، نېمە ئۈچۈنكى مېنىڭ كۆزۈم كۆرمەيۋاتىدۇ، — دېدى. — ئارستو مەنمۇ ھەم شۇنداق

بولدۇم دېدى. يېنىدىكىلەر بىزمۇ كور بولدۇق، كۆزى ساق بىر كىشى بىزنى يېتىلىسۇن، دېدى. بىر نەيزىۋاز كېلىپ باشقا يەرگە قارىماي، ئىسكەندەرنىڭ قولىنى يېتىلىدى. باشقىلار بىر - بىرىنى تۇتۇشۇپ، كەينى - كەينىدىن يېتىلىشىپ گۈمبەز ئىچىدىن چىقتى. ئاندىن مەدرىسىدىن چىقىپ ئوردىغا كېلىشتى. ئىسكەندەرنىڭ كور بولغان خەۋىرى سەلسالخانغا يەتتى. سەلسال:

— سەردار ۋە لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئىسكەندەرنى ۋە مال - مۈلكىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. ئۇ يەردە سەكەنداندان بار ئىدى. ئۇ:

— ئەگەر ئالىي بۇيرۇقلىرى بولسا، بېرىپ بۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرسەم، — دېدى.

ئەلقىسسە، سەكەنداندانغا زىنفەم ھۇن، ھۇشەڭ ئوغلى تەمغاچخان ئاتلىق ئاتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قوشۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. ئەمدى مۇھتەر دەۋران نەسىمدىن نەچچەكەلىمە ئىشتەيلى.

ئۇ مەدرىسىنىڭ تىلسىمىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى مەدرىسىگە يەتكۈزدى. ئۇ كېلىپ ئالدى بىلەن شەيختىن:

— بۇ نىمە جاي؟ — دەپ سورىدى. شەيخ:

— بۇ ئەفراسيابنىڭ مەقبەرىسى، — دېدى. نەسىم:

— ئەفراسيابنىڭ مەقبەرىسي سەلسالخان دىياردا ئەمەس ئىدىغۇ؟ — دېدى. شەيخ:

— پادىشاھلار دۈشمەنلەر ئۇنىڭ جەسىتىگە زىيانكەشلىك قىلمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى تاپالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرگە مەخپىي قىلغان، — دېدى. نەسىم يېنىدىن بادام، قەنت - پېچىنە ۋە يېمىش چىقىرىپ شەيخنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— ئەي بوۋاي، كەچۈرۈڭ، مەن سىزگە بادام ۋە

قەنتلەرنى بېرەي، تېتىپ بېقىڭ، — دېدى. شەيخ ئۇلارنى يەپ بىر ئازدىن كېيىن هوشىدىن كەتتى. نەسىم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ، بىر دەرەخقە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ هوشىغا كەلتۈرۈپ ئۇرغىلى تۇردى. ئۇ قېرى:

— ئەي بۇرادەر، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىز؟ — دېدى. نەسىم:

— سەندىن سۆز سورىسام نېمە ئۈچۈن راستى بىلەن جاۋاب ئېيتمايسەن؟ مەن شۇنداق ئۇرىمەنكى، هالاك بولىسەن، — دېدى. ئۇ قېرى:

— قولۇڭنى يىغقىن، راستىنى ئېيتاي، — دېدى. نەسىم ئۇرۇشتىن توختىدى. ئۇ قېرى:

— دەمامە جادۇ بۇ تىلسىمنى هەمشىرىسى شەمامە جادۇنىڭ دىلىغا باغلاپ، سېهرى بىلەن تىلسىم قىلدى، — دەپ ئەهۋالنى بايان قىلدى.

نەسىم ئۇ قېرىنى قويۇپ بەردى. ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەهۋالنى ئېيتتى. ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:

— بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ هەرگىز روشەن بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولدى، — دېگەنىدى. ئارستو:

— ئىلاهىمىز هەممىدىن ئۇلۇغدۇر. ئەلۋەتتە ئىلاجى بولۇپ قالار. بۇ بالادىن خالاس بولارمىز، ئىنشائاللا، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم بۇ بالا - قازانىڭ بىرەر ئامالى بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە تاشقىرىغا چىقتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى سەكەندان زىنفەم هۆن، تەمغاچخان بىلەن سەلسال ئاتمىش مىڭ كىشى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ قارشىغا كېلىپ بارگاھ تىكىپ جەڭ تەييارلىقىدا بولدى.

ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ناهايىتى پەرىشان بولدى. ئىسكەندەرنىڭ هۆكۈمالىرى ۋە سەردارلىرى بىزنىڭ كۆزىمىز ساق، هايات تۇرۇپ دۈشمەننىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول

قويمايمىز، — دېدى.

ئەتىسى سەكەنداندان هارامزادە مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، باتۇرلىرىڭ بولسا ئەۋەتكىن، بۈگۈن سېنىڭ پادشاھلىقىڭغا خاتىمە بېرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئىسكەندەر قوشۇنىدىن خىسرەۋخان فەرەڭ ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، سەكەندانداننىڭ ياقىسىدىن ئالدى. بۇ ئېلىشىشتا خىسرەۋخان فەرەڭ بۇ هارامزادىنىڭ قولىدا يارىدار بولدى. ئارقىدىن خىسرەۋ شەرافكەن مەيدانغا كىرىپ ئۇمۇ زەخىملەندى. ئەزەنفەر كىيارۇدى مەيدانغا كىرىپ، كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشىپ، ئاخىرى يارىلاندى. ئۇ كېچىسى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆڭلى ناهايىتى پەرىشان بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى زىنغەم هۇن شام مەيدانغا كىردى، ئۇ تەرەپتىن ئالماس قۇرئەنداز[1] مەيدانغا كىرىپ، كۆپ ئېلىشىپ ئاخىر يارىدار بولدى. چەۋەندازلاردىن بەزىسى شېهىت بولدى. بەزىسى يارىدار بولدى. يەنە كەچ بولدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بەك غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئەتىسى تەهماسەب تۇرك خوجەندى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ئوردىدا بۇ ئازغۇنلارغا تەڭ كەلگۈدەك ئادەم قالماپتۇ، مەسلىھەتىم شۇكى، بارگاھنى تاغقا ئېلىپ چىقىپ تىكسەك. بۇ ئىشلارنىڭ ئامالى بولۇپ قالار، — دېدى.

ئىسكەندەر:

— بولىدۇ. بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ، — دېدى. تەهماسەب بۇيرۇق قىلدى. ئۇ كېچىسى ھەممىنى تاغقا ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر تەهماسەبكە:

---

[1] قۇرئەنداز — پالچى، پال باققۇچى.

— ئەي ئوغلۇم، سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆرەي دېسەم كۆزۈم كور بولۇپ قالدى. ئەمدى لەشكەرلەرنىڭ سەردارى سىزدۇرسىز. قانداق قىلسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## ئاتمىش ئىككىنچى قىسسە، ئابدۇلھېمىدنىڭ مەھراب شاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، مەھراب شاھنىڭ ئابدۇلھېمىدنى زالىم سەلسالخانغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئاۋۋالقى قىسسىلىرىمىزدىن مەلۇمكى، ئابدۇلھېمىد قەلەندەر ھالەتتە ئايلىنىپ بىر دەريا بويىغا كەلدى. دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە لەشكەرلەر چېدىر تىككەندى. ئابدۇلھېمىد ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر كىشىدىن:

— بۇ نېمە لەشكەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— بۇ لەشكەرلەر شاھزادە خانبالىقنىڭ لەشكىرىدۇر. ئۇنىڭ پادىشاھىنى مەھراب شاھ دەپ ئاتايدۇ. مەھراب شاھ ئىسكەندەر تاجىكەند ئۆلكىسىگە كەپتۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال بۇ لەشكىرى بىلەن سەلسال تەرەپكە ياردەم بېرىشكە تەييارلانماقتا، سىز كىم بولىسىز؟ نەگە بارىسىز؟ — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— مەن سودىگەر ئىدىم. بىرمۇنچە بۇلاڭچىلار كېلىپ باشقا ھەمراھلىرىمنى ۋە ماللىرىمنى بۇلاپ - تالاپ كەتتى، پەرزەنتلىرىمنى ئۆلتۈردى. مەن ئۇلارنىڭ پىراقىدا قەلەندەر

بولدۇم، — دېگەنىدى. ئۇ جامائەت شاھزادىگە قاراپ، ئۇنىڭ بېلىدىكى خەنجەرنى كۆردى. ئۇلار شاھزادىنىڭ خەنجىرىگە ئوخشاش يەنە بىر خەنجەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ، سودىگەردە مۇنداق خەنجەر بولمايدۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئادەتتىكى ئادەم بولمىسا كېرەك، دەپ گۇمانلىنىپ:

— سىز ئۆمرىڭىزدە پەرىشانلىق ئىچىدە مەي ئىچىپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئىچكەن، ئىچكەن. قايسى كۈنى قەلەندەر بولدۇم، شۇندىن بۇيان مەي ئىچمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار ئابدۇلھېمىدنى گەپكە سېلىپ:

— بىز سىزگە قەسەم بېرىمىزكى، سىز ئەسلى نەسەبىڭىزنى راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بەرسىڭىز، بىزدىن قورقماڭ، بىزدىن سىزگە ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدۇ، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— مەن نېمە ئۈچۈن سىلەردىن قورقىمەن. مەن ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى. بەندىدىن قورقمايمەن؟ ئىسمىم ئابدۇلھېمىدتۇر. مەنشاھ خورنىڭ قىزىغا ئاشىقتۇرمەن. ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈپ بىللە بولغانىدىم. زەررىنتەن ئاتلىق بىر دېۋە ئۇ قىزنى ئېلىپ قاچتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ قەلەندەر بولۇپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى. ئۇلار شاھزادىنىڭ بۇ كەچۈرمىشىنى ئاڭلاپ، شاھزادىدىن ئاگاھ بولدى. كەچ بولغاندا شاھزادىگە بىھوش قىلىدىغان دورىنى مەيگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ پۇت-قولىنى باغلاپ، مەھراب شاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈردى. مەھراب شاھ ئۇنىڭغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى. بۇ چاغدا مەھراب شاھنىڭ ۋەزىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ئەرز قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ يىگىتنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلساق دېيىشىم شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇ ئىسكەندەرنىڭ

نەۋرىسىدۇر. مەسلىھەتىم شۇكى، ئۇنى سەلسالخانىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، — دېدى، مەھراب شاھقا بۇ مەسلىھەت پىسەنت بولۇپ، ئۇنى زەنجىر بىلەن باغلاپ ھارۋىغا سېلىپ سەلسالخانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇ خەۋەر سەلسالخانغا يەتكەندە، يۇرت ئەھلىنى ئالدىغا چىقىپ تاماشا قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ چاغدا نەسىم بىلەن بەرق ئەييارلار ئۇلارنىڭ ئوردىسىدا ئىدى. ئۇلار خالايىقلارنىڭ دۇكانلىرىنى تاقاپ شادلىق كۈلكىلىرى بىلەن كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. نەسىم بىر كىشىدىن:

— بۇ شەھەر خەلقى يۈگۈرۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ، نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— مەھراب شاھ ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى سەلسالخانغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. كىشىلەرنى شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنى تاماشا قىلسۇن دەيدۇ، — دېدى.

نەسىم بىلەن بەرق شەھەردىن چىقىپ ئۇ يەرگە باردى. ئابدۇلھېمىدنى ھارۋىدا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ياش ئاقتى.

ئەلقىسسە، ئۇنى سەلسالخانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىردى. سەلسالخان ئۇنى كۆرۈپ، دەرغەزەپ بولۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. جاللات ئابدۇلھېمىدنى خۇددى سوغا چۈشكەن چاشقاندەك تىترەپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ، قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ھۆكۈم ئىجرا قىلىدىغان مەيداندا ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغدا جاللات تىغنى قولىغا ئالغانىدى، نەسىم بىلەن بەرق ساراسىمىگە چۈشتى.

نەسىم بۇ قىيىن ئەھۋالدا پالاخمانغا[1]تاشنى قويۇپ جاللاتقا ئاتقانىدى، تاش جاللاتنىڭ مېڭىسىگە تەگدى. مەيدان خەلقى

---

① پالاخمان — پالاقمان، پالاقتا تاش سېلىپ ئاتىدىغان قورال.

ھەيران قالدى، ئۇ ئىشنى كىم قىلدى؟ بۇ تاش قايسى تەرەپتىن كەلدى، دېيىشتى. ئارقىدىن كەلگەن نەچچە جاللاتنىڭمۇ قولى سۇندى. سەلسالنىڭ ئەييارى يەزەك:

— شەھرىيار، بۇنداق ئىش - ئەمەلنى پەقەت ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىلا قىلالايدۇ. ئەگەر بۈگۈن ئۇلار بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرسا، ھەممە ئەييارلارنى ھالاك قىلىدۇ، — دېدى.

سەلسالنىڭ بىر ئەقىللىق ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ پادشاھىغا:

— بۈگۈنكى سورۇندا ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى باردەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ نەۋرىسىنى بىز تۇتۇپ قالساق ئەپلەشمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. مۇبادا بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزدىن بىرەرسى ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئىسكەندەر ھەم شۇنداق قىلىشى مۇمكىن، قىساسقا قالىمىز، ۋاقتى - سائىتى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتىنى بىر تەرەپ قىلساق، ئۇ يىگىتنىڭ ئىشى ئاساندۇر، — دېدى.

سەلسالخان ۋەزىرىنىڭ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىلىپ ھۆكۈم قىلىپ:

— يەزەك ئابدۇلھېمىدنى ئوبدان ساقلىسۇن، — دېدى. يەزەك ئابدۇلھېمىدنى قەپەزگە سولاپ، گۈندىپاي ھارۋىسىغا سېلىپ تۆت كوچىغا ئېلىپ كېلىپ ئاستى. تۆت يۈز ئەييارنى پاسىبانلىققا قويدى. نەسىم بىلەن بەرق ئۇ كېچىسى ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزماقچى بولدى. لېكىن دەماللىققا ئىش ئەپلەشمىدى. بەرق فەرەڭ نەسىمگە قاراپ:

— بۇرادەر، بۇ ئەلگە ئەلچىلىككە كەلگەندە شاھنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدىم. ئۇ قىز ھەم ماڭا ئاشىق - بىقارار بولدى. يۈر، ئۇ قىزنىڭ قەسرىگە بارايلى. قىزنىڭ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشىمىزغا ياردىمى تېگىپ قالار، — دەپ باغقا راۋان

بولدى. ئۇلار باغقا باردى. بەرق بىلەن قىز ئۇچراشتى. شەمسىيە بانۇ بەرقنى كۆردى. نەسىمنى ھەم چاقىردى. ئۇلار شەمسىيە بانۇغا شاھزادە ۋە ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. شەمسىيە بانۇ:

— دەمامە سېھرلىك ئىلمى بىلەن ئىسكەندەرنى كور قىلدى. ئۇنى تەھقىق قىلماق لازىمدۇر. ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىش مەن ئۈچۈن ئاساندۇر، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى نەسىم ئابدۇلھېمىدنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا ماڭدى. مۇھتەر نەسىم كەتكەندىن كېيىن، شەمسىيە بانۇ سورۇن تۈزۈپ بەرق بىلەن مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن بەرق مەلىكىدىن تىلسىمنىڭ سىرىنى سوراپ:

— ئەي بانۇ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ ئىسكەندەر ۋە سەردارلارنىڭ كۆزى كور بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەب نېمە؟ ئەمدى بىز مەي ئىچمەيلى، ئىنساب قىلىڭ، — دېدى. شەمسىيە بانۇ:

— ئەي فەرەڭى، خاتىرجەم بولغىن، ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتى ۋە كۆزى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن روشەن بولۇر، — دېدى. بۇ ۋاقىتتا بىر زەنانە لىباس ئېلىپ كېلىپ بەرققا كىيدۈردى. ئۇلار تۆت كېنىزەك بىلەن ئەفراسىياب غارىغا باردى. مەلىكە غارغا كىرىپ شەمامەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. شەمامە شەمسىيە بانۇنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تۇۋەنچىلىك بىلەن ئۇزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى ۋە:

— ئۇزۇن بولدى مېنى كۆرگىلى كەلمىدىڭىز ياكى مەندىن كۆڭۈلسىز قېلىپ رەنجىپ يۈردىڭىزمۇ؟ — دېدى. شەمسىيە بانۇ يۈزىنى ئېچىپ:

— ئەي بانۇ، مەن سىزدىن بىر سائەت جۇدا بولسام ياشىيالمايمەن، ئەگەر شۇنداق سېھرىڭىز بولمىسا ئىسكەندەر

تامام ئەل - يۇرتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلاتتى، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى. شەمامە:

— ئەي شەمسىيە بانۇ، ئىسكەندەر بىلەن سەردارلىرىنى كور قىلدىم. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئەمدى ھەرگىز روشەن بولمايدۇ، — دېدى. شەمسىيە بانۇ:

— ئەي بانۇ، ماڭا ئېيتىپ بەرسىڭىز، دىلىمنىڭ زۇلمەتخانىسى نۇرلانسۇن، كۆزنى كور قىلىش ۋە روشەن قىلىشنىڭ سېھرى نېمىدىندۇر؟ — دېدى. شەمامە:

— ئەي شەمسىيە بانۇ، بىر جەزىرە باركى، ئۇ جەزىرىنى تاپماق ئاسان ئەمەس، ئەمما ئۇ جەزىرىدە بىر بۇلاق بار. ئۇ بۇلاقتا بىر ئاق بېلىق بار. ئۇ بېلىق ھەر كۈنى بىر قېتىم سۇدىن لەھزە[1] كۆرۈنىدۇ. بۇ بېلىقنىڭ بويىندا مارجان بار. ئەگەر بېلىقنى ئۆلتۈرسە، بېلىقنىڭ قورسىقىدا گۆشكە ئوخشاش ئاچقۇچ بار. ئۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ بۇلاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر ئاق تاش بار جايغا بېرىپ، ئۇ تاشنى بىر تەرەپكە ئېلىۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر لەخمە نامايان بولىدۇ. ئۇ لەخمىگە كىرسە، ئۇ يەردە بىر ساندۇق بار. ئاچقۇچنى ساندۇقنىڭ قۇلۇپىغا سېلىپ ساندۇقنى ئاچقاندا، ساندۇقتا بىر ئارغامچا بار. ئۇ ئارغامچىنى ئېلىپ مېنىڭ بوينۇمغا سالغاندا مېنى ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ يەرگە تېخى ھېچقانداق مەخلۇق بېرىپ باققان ئەمەس، ھېچقانداق مەخلۇق ئۇ يەرگە بارالمايدۇ. تۆت يۈز يىلدىن بۇيان زەرىنتەن دىۋە بۇ جەزىرىدە ماكان تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ، ئۇ دىۋىنىڭ يېنىغا ھېچقانداق مەخلۇق بارالمايدۇ، — دېدى. شەمسىيە بانۇ بۇنى ئاڭلاپ شەمامەنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئايىغىنى ئۆپۈپ:

— لات سىزدىن خوش بولۇپ قالسۇن، مېنى كارامەت

---

[1] لەھزە — كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت.

خوش قىلدىڭىز، — دەپ شەمامە بىلەن خوشلىشىپ، بەرق ۋە كېنىزەكلىرى بار جايغا چىقىپ باغقا قاراپ ماڭدى. كەچ بولدى. مۇھتەر بەرق شەمسىيە بانۇدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئىجازەت بېرىڭ، ئابدۇلھېمىدنى قوتقۇزۇشقا قەدەم قويسام، چۈنكى ئۇ جەزىرىنى ئابدۇلھېمىد بىلىدۇ. ئابدۇلھېمىد بولمىسا زەرىنتەن دىۋىنى تۇتقىلى بولمايدۇ، — دېدى. شەمسىيە:

— ئەي فەرەڭى، ئابدۇلھېمىدنى قۇتقۇزۇش مەن ئۈچۈن ئاسان، — دەپ بەرق فەرەڭنى ئېسىل لىباس بىلەن ئايالچە كىيىندۈرۈپ، بېشىغا چادىرشەپ[①] پۈركەپ، يەنە بىر چۈمبەلنى ھىيلىگەر مومايغا پۈركەپ، مۇنچىدا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، مۇنچا تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار تۆت كوچىغا بېرىپ يەزەكنى كۆردى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغانىكەن. ئەتراپىدا تۆت يۈز ئەيىارى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇ چاغدا يەزەكنىڭ كۆزى يىراقتىن شەمسىيە بانۇغا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، شەمسىيە بانۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. شەمسىيە بانۇ ئارقىغا قاراپ:

— ئەي يەزەك، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئارقامدىن ماڭىسىز؟ — دېگەنىدى. يەزەك:

— ئەي جانان، سىزنىڭ جامالىڭىزغا ئاشىقتۇرمەن، — دېدى. شەمسىيەبانۇ:

— ئەگەر خالىسىڭىز، بۇلارنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەتسىڭىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، يەزەك بۇ يەرنى خالىي قىلدى. شەمسىيە كېلىپ ئولتۇردى. يەزەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا، قولىنى شەمسىيەنىڭ بويىنىغا سالدى. شەمسىيە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ:

---

② چادىرشەپ — ئەدىيال، كىرلىك، سالدىر شاپ، چايشاپ.

— ئەي مۇھتەر، ئالدىرىما مەن سېنىڭدۇرمەن، ئەمما بۇنداق سۆيۈشنىڭ پەيزىسى يوقتۇر. خالىساڭ جام بىلەن مەي كەلتۈر، نەچچە جام مەي ئىچەيلى، ئارىمىزدىن هايا ـ نومۇس كۆتۈرۈلسۇن، — دېدى. يەزەك جايىدىن دەرھال تۇرۇپ:

— بۇ سۆزىڭىزگە جېنىم بىلەن مىننەتدارمەن، — دەپ قەسرىنىڭ تەكچىسىدىن مەي ئېلىپ كېلىپ، ئۆزى ساقى بولدى. شەمسىيە:

— ئەي سەردار، بۇ جايدا مەن تۇرۇپ سەن ساقى بولساڭ قانداق بولىدۇ، ساقىلىق ماڭا لايىق، — دېدى.

يەزەك مەينى شەمسىيە بانۇنىڭ قولىغا بەردى. شەمسىيە بانۇ جامدىكى مەينى ئايلاندۇرۇپ يەنە يەزەككە بېرىپ، يەنە بىر جامغا چاقىقانلىق بىلەن دورا بىهوشنى سالدى. ئۇ هارامزادە شەمسىيە بانۇنىڭ جامالىغا شۇنداق بىتاقەت بولۇپ تۇردىكى، ئەگەر خەنجەر ئۇرسىمۇ تۇيمايتتى. مەي نەچچە جام ئىچىلىپ بولدى. مەيگە سالغان دورا يەزەكنى بىهوش قىلدى.

بۇ چاغدا بەرق كېلىپ ئابدۇلھېمىدنى قەپەزدىن قۇتقۇزۇپ باغقا باردى. بەرق بىلەن ئابدۇلھېمىد شەمسىيە بانۇدىن ئايرىلىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ، كېمە، تېپىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ زەرىنتەنىنىڭ ماكانىغا راۋان بولدى. بۇلار زەرىنتەنىنىڭ ماكانىغا يېتىپ كەلدى. كېمىچى:

— ئەي يىگىتلەر، توققۇز يۈز يىلدىن بۇيان بۇ جەزىرىدە دىۋە بولغانلىقتىن، بۇ يەرگە كىشىلەر كەلگەن ئەمەس. بۇ يەرگە بارماقچى بولغانلىق ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنىڭ خۇنىنى تۆككەنگە باراۋەردۇر، — دېدى. شاهزادە:

— ئۇ دىۋىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى. كېمىچى:

— ئۇ دىۋىنى زەرىنتەن دىۋە دەپ ئاتايدۇ، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— بۇ يەرگە كېلىشىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئابدۇلھېمىد:

ئۇ يەرگە بېرىپ دىۋىنى كۆرگەندە ۋارقىرايمەن. ئىككىنچى قېتىم ۋارقىرىغان ۋاقتىم دىۋە بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىم بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىغان ۋاقتىم دىۋىنى يىقىتقان ۋاقتىم بولىدۇ. ئەگەر ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرالمىسام دىۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىڭلار. ئاندىن سىلەر لەڭگەرنى تارتىپ كېمىنى ھەيدەپ كېتىڭلار، — دېدى. ئابدۇلھېمىد بەرق فەرەڭنى ھەمراھ قىلىپ ئۇ يەرگە ماڭدى. ئۇلار بىر توپ دەرەخ تۈۋىگە كەلگەندە، غايىبتىن بىر ئاۋاز شاھزادىگە ئاڭلاندى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. ئۇ مېھرى ئەنگىز بىلەن مەريەم بانۇنى كۆردى. ئۇ ئىككىسى بىر يەردە ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلدى. بىردىنلا زەرىنتەنىنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ:

— ئەي، ئەقىلدىن ئازغان، نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن قولۇڭنى يىغمايسەن، ئەمدى بۇ يەردە بېشىڭغا نېمە كۈنلەرنى كەلتۈرىمەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد ۋارقىراپ، دىۋە بىلەن قاتتىق چېلىشتى، ئىككىنچى قېتىم ۋارقىراپ قاتتىق ئېلىشىشتىن كېيىن ئاخىرى ئۇ دىۋىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە ئۇردى. ئۈچىنچى قېتىم ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا دىۋە زارلاندى. شاھزادە قارا يۈزنىڭ بوغۇزىغا خەنجەر قويدى. بۇ چاغدا ئۇ قارا يۈز نالە - پەرياد قىلىپ:

— ئەي پالۋان، بۇ نۆۋەت ھەم رەھىم قىلغىن. ھەر ئىككى مۈڭگۈزۈمنى ساڭا بەردىم، — دەپ يالۋۇردى. شاھزادىنىڭ شەپقىتى ئۇنىڭغا يار بولدى. ئۆلتۈرمەي، ئۇنىڭ بويىندىن باغلاپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى بەرققا بەردى. ئۇلار كېمىچىنىڭ ئالدىغا يېنىپ كەلدى. بانۇلار ئۇ دىۋىنى باغلاقلىق ھالدا كۆرۈپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ

مۇبارەكلىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى بېلىق بۇلاقتا پەيدا بولۇپ، سۇ يۈزىدە كۆرۈندى. شاھزادە بىر ئوق بىلەن ئۇنى تىنىقتىن توختاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئاچقۇچنى چىقاردى. ئاچقۇچنى بەرقىنىڭ قولىغا بەردى. ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋىدى، ئاستىدا بىر لەخمە نامايان بولدى. بەرق ئۇ لەخمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ساندۇقنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى، ئاچقۇچنى قولۇپقا سالدى، ساندۇقنى ئېچىپ ئارغامچىنى بېلىگە باغلىدى. شاھزادە:

— كېمىگە بارايلى. سىز زەرىنتەننىڭ يەنە بىر مۆڭگۈزىنى كېسىپ ئېلىڭكى، ئۇنىڭ دىۋىلەر ئارىسىدا بېشى پەس بولسۇن، — دېدى. بەرق فەرەڭ يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ دىۋىنىڭ مۆڭگۈزىنى كېسىۋالدى. ئابدۇلھېمىد نازىنىن قىزلار بىلەن كېمىدە ئولتۇردى. ئۇلار شۇنداق كېتىۋاتقاندا، دىۋە باغلىغان ئارغامچىنى بەرقىنىڭ پۇتىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىپ پەلەككە ئۆرلەپ:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسى، سەن مېنىڭدىن قولۇڭنى يىغقىن. مەن كۇھىقاپقا بېرىپ، ھەزار داستان دىۋىنى ئېلىپ كېلىپ بېشىڭغا توپا قۇيىمەن، — دەپ پەرۋاز قىلىپ كەتتى. شاھزادە نازىنىن ۋە بەرق بىلەن كېمىدە ئولتۇرۇپ راۋان بولدى. ئۇلار قىرغاققا يەتتى. ئۇلار شەمسىيەنىڭ بېغىغا باردى. ئۇ يەردە نەسىم بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ خۇشال بولدى. ئاندىن كېيىن شەمسىيە بەرققا نىقاب تارتتۇرۇپ، ئىككى كېنىزەك بىلەن ئەفراسيابنىڭ غارىغا باردى. غارنىڭ ساھىبلىرىنىڭ كۆزى شەمسىيەگە چۈشۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئىختىيارسىزلىق بىلەن غارغا باشلاپ كىردى. ئۇلار شەمامەنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئولتۇردى. بانۇ ئۇ كۈنى سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. كەچ بولدى. ھەر قايسى ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىپ باردى. بەرق شەمسىيە بانۇ بىلەن خەيرلىشىپ

شەمامەنىڭ ياتقان جايىغا يېتىپ كېلىپ، ھەممىسىنىڭ ئۇيقۇدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئون ئىككى مىسقال دورا بىھوشنى شەمامەنىڭ دىمىغىغا قۇيغانىدى، ئۇ بىھوش بولدى. بەرق ئارغامچىنى بېلىدىن يېشىپ، شەمامەنىڭ بوينىغا سېلىپ سىققانىدى، ئۇ كۇلۇمسىرەپ جان بەردى. ئاندىن خەنجەرنى كەمىرىدىن ئېلىپ قورسىقىنى يېرىپ، يۈرىكى ۋە جىگىرىنى ئېلىپ بىر پارچە لاتىغا يۆگەپ، دەرھال يېنىدىن قەغەز ئېلىپ نامە پۈتتۈردى. نامە: «ئەي دانىشمەنلەر، بۇ كىشىگە يول بولسۇنكى، جەڭگى - جېدەل سەۋەبىدىن سۇلتان يېنىدىن مېنىڭ قېشىمغا نامە كەلتۈردى. نامىنىڭ جاۋابىنى بېرىپ ياندۇردۇم» دەپ يېزىلغان بولۇپ، شەمامەنىڭ مۆھۈرىنى ئېلىپ نامىگە بېسىپ، نامىنى يەڭ خالتىسىغا سېلىپ چىقىپ دانىشمەننىڭ يېنىغا كەلدى. غار ئەتراپىدىكىلەر نامىنى كۆرۈپ، نامىگە تاۋاپ قىلىپ يول بەردى. بەرق فەرەڭ شەمسىيە بانۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي مەلىكە، پەرۋەردىگارنىڭ مەدىتى بىلەن شەمامەنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، يۈرىكى بىلەن جىگىرىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېگەنىدى، شەمسىيە بانۇ:

— ئەي فەرەڭگى، بۇ يەردىن چاپسان قاچقىن، تاڭ ئاتسا مېنىڭ جادۇلىرىم شەمامەنىڭ قاتىلىنى ئىزدەپ بۇ يەرنى پاراكەندە قىلمىسۇن. چۈنكى ئۇلار بۇ ئىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ماڭدى، — دېدى.

بەرق دەرھال چىقىپ، تاڭ ئاتقىچە بۇ يەردىن تاغقا، چىقىپ بىر تاشنىڭ ئارقىسىدا ياتتى. بۇرادەرلىرى شەمامەنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قىيا - چىيا قىلىشتى. شەمسىيە شەمامەنىڭ جەسىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ كۆرۈپ سۈكۈتتە تۇردى. بۇ ۋەقە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى. نەسىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆز -

ئۆزىگە، بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ؟ بەرقنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ دەپ غارغا يېتىپ باردى. نەسىم ئۇ يەردىكى ئىزغا قاراپ ئۇنى تونۇدى. ئۇ ئىزنى بېسىپ تاغقا چىقتى. بىرمۇنچە يول مېڭىپ، بەرقنى بىر تاشنىڭ ئارقىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدىن تاپتى. بەرق مۇھتەر نەسىمنى كۆرۈپ جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— بابا مەن شۇنداق كارامىتىمنى كۆرسەتتىم، — دەپ بىلىدىن يۈرەك ۋە جىگەر ئورالغان ماتانى چىقىرىپ نەسىمگە بەردى. ئۇنىڭغا:

— ئەي سەردار، دەرھال يۈرەك بىلەن جىگەرنى ئېلىپ ئىسكەندەرگە يەتكۈزۈڭ، كۆزىگە سۈركىسۇن، — دېدى.

نەسىم ئۇنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا راۋان بولدى. بەرق ھەم يول يۈرۈپ شەمسىيە بانۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئەمما ئۇ تەرەپتە دەمامە جادۇ شەمامەنىڭ قامەتلىك جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ، تاۋۇتنى مەخمەل بىلەن يېپىپ، ساھىر[1] لارنى ھەر تەرەپكە ئەۋەتىپ، شەمامەنىڭ قاتىلىنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارغا:

— ھەر قانداق جايدا بولسا ئىزدەپ تېپىپ، مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار. قاتىلىنى شەمامەنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. ئۇ يەنە شاگىرتى ئالماسقا:

— شەمامەنىڭ قاتىلىنى تېپىپ كېلىش، ئاندىن كېيىن جەسەتنى دەپنە قىلىمەن، — دەپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىشقا بۇيرۇدى. ئالماس قۇيۇن سۈرەتلىك بولۇپ پەلەككە ئۆرلىدى. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

---

① ساھىر — سېھىرچى جادۇگەر، كۆز باغلىغۇچى، كېچىدە ئۇخلىماي ئويغاق تۇرغۇچى.

## ئاتمىش ئۈچىنچى قىسسە، مۆھتەر نەسىمنىڭ شەمامەنىڭ يۈرەك ۋە جىگىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ كۆزىگە سۈرتۈپ، كۆزىنى روشەن قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ئاۋۋالقى قىسسىلىرىمىزدىن مەلۇم بولسۇنكى، سەكەنداندان جەڭ قىلىش ئۈچۈن تاغقا قەدەم قويدى. تەھماسەپ يۈقىرىدىن لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ سەكەنداندانىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىشقا ئاتلاندى. سەكەنداندان زوراۋانلىق قىلغىلى تۇردى. بۇ چاغدا ئەلچى، ھەزىلكەش، ناخشىچى، مۆھتەر نەيرەڭۋاز، ئەييار نەسىم ئەفراسىياب غارىدا ئىدى. ئەفراسىياب غارى بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقى يۈز فەرسەڭ يول ئىدى. نەسىم بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ تاغقا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا تەھماسەبنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشتى. ئۇ نەسىمگە:

— ئەي مۆھتەر دەۋران، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ —

دېدى. نەسىم:

— ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن، — دەپ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بارگاھقا كەلدى. ئۇ ئارستوننىڭ شاگىرتىنى چاقىرىپ،

پىيالە ھازىر قىلدى. ئۇ يۈرەك بىلەن جىگەرنى پىيالىگە قويۇپ، مىلنى① ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ، ئارستو ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ كۆزىگە تارتتى. نەچچە تامچە، سۇ كۆزىدىن تېمىپ تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەممىنىڭ كۆزى روشەن بولدى. ساھىبقىران پەرمان قىلغانىدى، ھەممە سەركەردىلەر مۇكەممەل ۋە پۇختا تەييارلىنىپ ئازغۇنلار لەشكەرلىرىگە قاراپ ئاتلاندى. سەكەندانداننىڭ لەشكەرلىرىنى ماكانلىرىدىن قوغلاپ، چۆل - جەزىرە ئىچىدە پاراكەندە قىلدى. ساھىبقىران بارگاھنى تاغدىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇ ئازغۇنلار ئوردىسىنىڭ قارشىشغا تىكىشكە ئەمىر قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئەلتۆكۈس روشەن بولدى. ئەقلى تېخىمۇ زىيادىلەشتى. ھەممە خەلق خۇش بولۇپ، نەسىمگە تەھسىن - ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئۇ چاغدا ئالماس جادۇ بۇ يەردە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەلۇم بولدىكى، شەمامەنىڭ قاتىلى نەسىم ئىكەن دەپ بىلدى. ئۇ بۈركۈت سۈرىتىدە بولۇپ نەسىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. نەسىمنى دەمامەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ يەردە قويدى. ئۇ دەمامەگە:

— ئەي بانۇ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بارغانىدىم، ئىسكەندەرنىڭ ۋە باشقا پالۋانلارنىڭ كۆزى روشەن بوپتۇ. شەمامەنىڭ قاتىلىنى تېپىپ كەلتۈردۈم، — دېدى. دەمامە نەسىمگە ھەيۋە قىلىپ:

— غارغا نېمە ئۈچۈن كىردىڭ؟ شەمامەنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ ساڭا غارغا كىرىشنىڭ يولىنى كىم كۆرسەتتى؟ — دېدى. نەسىم ئۇلارغا:

— ئەقلىڭلارغا بارىكاللا. جاھاننىڭ سىرلىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن مەن چىقالمايمەن. مەن بىر ئاجىز كىشى

---

① مىل — كۆزگە سۈرمە تارتىدىغان سۈرمە چۆپ.

قانداقسىگە ئۇ ئىشىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەن؟ مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى. شاگىرتىڭىز ئالماس مېنى ھېچ سەۋەبسىزلا تۇتۇپ بۇ يەرگە كەلتۈردى، — دېدى. دەمامە غەزەپ بىلەن ئالماسقا قارىدى ۋە، زەنجىر بىلەن ئالماسنى ئۇرغانىدى ئۇ يەرگە يىقىلدى. دەمامە قاراپ:

— مەن سېنى شەمامەنىڭ قاتىلىنى ئېلىپ كەلگىن دېسەم، نېمە ئۈچۈن بۇ بىچارىنى ئېلىپ كېلىسەن؟ — دېدى. ئاندىن يەزەكنى چاقىرىشقا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدى. يەزەك كېلىپ نەسىمنى كۆرۈپ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي بانۇ، بۇ كىشىنى نەسىم ئەييار دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ ئىرانلىق سەردارلىرى ئىچىدە ئۇ ھەممىنىڭ ئالدى. بۇ ئەييار بۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەنىكەن. ئەگەر شەمامەنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلسە مۇشۇ كىشى ئۆلتۈرىدۇ، باشقا كىشىدە مۇنداق جۈرئەت يوق، — دېدى.

دەمامە بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، مۇشتىنى تۈگۈپ نەسىمنىڭ گەدىنىگە قاتتىق ئۇردى ۋە:

— مېنىڭ قېشىمدا نېمە ئۈچۈن يالغان سۆزلەيسەن؟ — دېدى.

نەسىم ئۇلارنىڭ مەقسىتى مېنى ئۆلتۈرۈش ئىكەن دەپ بىلدى. لېكىن ئۇ ئۆلۈمگە تەن بەردى. ئۇ ئۆلۈك قىياپىتىدە بولىۋالدى. دەمامە يەزەككە قاراپ:

— بۇ كاززاپ، ھېچقانچە جازاغا ئۇچرىمايلا بىر شاپىلاق بىلەن ئۆلدى، — دېدى. يەزەك:

— بۇ ھارامزادە ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ قۇتۇلماقچى، ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، مەنكى بۇ بەندە نەسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرسەم، — دېدى. دەمامە نەسىمنى يەزەككە تاپشۇردى.

يەزەك ئىسكەنجىدە قىسىپ، قىينايدىغان ئەسۋابلىرى بىلەن

نەسىمنى قاتتىق قىيناپ ئىمكانى بولسىلا ئۇردى. نەسىم ناھايىتى چىداملىق ئىدى. ئۇ مىدىرلىماي جىم ياتتى.

سەلسالخان ئەھلىگە دەمامە شەمامەنىڭ قاتىلىنى تېپىپ، ئۇنى قاتتىق قىيناپ جازالاپ، قىساسىنى ئاپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىغا يەتتى. شۇ تاپتا بۇ يەردە بەرق فەرەڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە: شەمامەنىڭ قاتىلى مەن ئىدىم. قايسى بىچارە بۇ تۆھمەتكە قالغاندۇر؟ دەپ ئەفراسىياب غارىغا قاراپ ماڭدى. بەرق غارغا بېرىپ، نەسىمنى قىسماقتا قىسىپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەتتە ئاھ ئۇردى. ئۇلار نەسىمنى قىيناپ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىققان قانلارنى ئىچىشتى. ئاخىرى ئۇلار بۇنىڭدىن سەسكەندى. يەزەك يەنە قىينىدى. دەمامە نەسىمنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ رەھىمى كېلىپ:

— ئەي يەزەك، بۇ بىچارە ئۆلۈكنى ئۇرۇپ مۇنداق قىيناشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ، يەزەكنى ئۇرۇپ بارگاھىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاندىن نەسىمنى پۇتىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ چۆلگە تاشلىدى. بەرق بۇلارغا سەۋر قىلىپ تۇردى. ئۇ كۈنى كەچ بولدى. بەرق ئۆز - ئۆزىگە: بىكاردىن-بىكار نەسىمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بولدۇم، ئەمدى بولسىمۇ ئۇنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باراي، دېدى. ئاندىن نەسىمنى ئوبدان تۇزەشتۇرۇپ كۆتۈرۈپ باغقا ئېلىپ كەلدى. نەسىمنى يەرگە قويۇپ، كىيىملىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلىدى. ئابدۇلھېمىد نەسىمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۇمۇ بېشىدىن كۇلاھىنى ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپ يىغلىدى. شۇ ئەسنادا نەسىمدە تىنىق پەيدا بولدى. ئۇلار قاراپ ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىن ئۈمىد بارلىقىنى بىلىپ، دەرھال قەنت شەربىتىنى ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. مۇھەتەر دەۋران ئاخىرى ھوشىغا كەلدى. ئەمما ئولتۇرغىدەك مادارى يوق ئىدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي بانۇ، شەھەرگە بىر كىشى ئەۋەتىپ، تېۋىپ ھازىر قىلسىڭىز، نەسىمنىڭ زەخىمىگە مەلھەم قويسۇن، — دېدى. شەمسىيە كىشى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن تېۋىپقا خىراجەت ئەۋەتتى. بارغان كىشى بىر ئۇستا تېۋىپنى چاقىرىپ كەلدى. شەمسىيە بانۇ تېۋىپقا:

— بۇ مېنىڭ غۇلامىم ئىدى. بىر خىزمەت بىلەن ئوردىغا ئەۋەتكەنىدىم. زەخىملىنىپتۇ، تېزرەك ساقايتساڭ، سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، — دېدى.

— بۇنداق زەخىملەنگەن كىشىنى كۆرمىگەنىدىم، — دېدى تېۋىپ ۋە يەنە كۆڭلىدە، بانۇنىڭ غۇلامىنى ھېچكىشى بۇنداق زەخىملەندۈرۈشكە پېتىنالماس، دەپ جاراھىتىگە دورا چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە ساھىبقىران يەنە بىر كۈنى جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇرۇپ سەپ تۈزدى. قارشى تەرەپتىن سەكەنداندان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن مۇھەممەد شىرزاد جاھاننى تىترىتىپ سەكەنداندانىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەڭ ئاخىرىدا مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئېتى مەيداندىن چىقىپ كەتتى. مۇھەممەدنىڭ ئېتىنىڭ ھەممە يېرى قانغا بويالغانىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. سەكەنداندان يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. فەرىدۇن سانى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ سەكەندەندانىنىڭ ئالدىنى توسىدى. فەرىدۇن سانى ھەم ئاسماندىن چۈشكەندەك ئاتتىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. سەكەنداندان يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ كۈنى مۇشۇ تەرىقىدە كەچ بولدى. ئىككى تەرەپتىن جەڭدىن چېكىنىش دۇمبىقى چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز بارگاھىغا قايتتى. پالۋانلار:

— بۇ باتۇر نەچچە پالۋاننى نابۇت قىلدى. ئەمدى كىملەر ئۇ مەلئۇننىڭ قولىغا چۈشەر؟ دېدى. بۇ ۋاقىتتا تەمھالخان خىللانغان پالۋانلار بىلەن تۆت مىڭ كىشىنى باشلاپ مەيدانغا

باردى. ئۇنىڭ ئالدىدا بىر سىپاھدار بولۇپ:
— ئەي تەمھالخان، ئەگەر مەرد بولساڭ، لەشكەرلەر ئارىسىدىن چىققىن، بىر -بىردىن ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى. تەمھالخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئۇ سىپاھدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىر چەتكە چىقىپ كەتتى. زەربىدارلار سەردارى تەمھالخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. تەمھالخاندىن ھېچ ئەسىر قالمىدى. بۇ خەۋەر ئىسكەندەرگە يەتتى. شۇ ئەسنادا سەكەنداندان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ئەفراسىياب سانى ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ، سەكەندانغا روبىرو بولدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا ھاۋادا بىر قول پەيدا بولۇپ ئەفراسىيابنىڭ كانىيىنى تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ:
— ئەي ئىسكەندەر، قىتا ئۆلكىسىنىڭ بانۇسىنى ئۆلتۈردۈڭ، سېنى ۋە سەردارلىرىڭنى سالامەت قويمايمەن، — دەپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا سەكەنداندان يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. خىسرەۋخان فەرەڭ ئىسكەندەردىن ئىجازەت ئېلىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ سەكەنداندانىڭ ئالدىنى توسىدى. شۇ ئەسنادا پەلەك يۈزىدىن بىر قول پەيدا بولۇپ، خىسرەۋخاننىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. ئەتىسى جەڭ بولمىدى. ئۇ كۈنمۇ كەچ بولدى. ئىسكەندەر ئېتىنى ئېگەرلەپ ئالدىن يۈرەر قوشۇن ۋە سام بىلەن سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرگەندى، ھېلىقى سىپاھدار ئوردىنىڭ ئەتراپىدا ۋارقىرىدى. ئىسكەندەر:
— ئەي سىپاھدار، سەن كىم سەن؟ — دەپ سورىدى ۋە يەنە:
— ئەي سىپاھدار، مېنى ئەگەشتۈرۈپ نەچچە فەرسەڭ يول ماڭدۇردۇڭ، توختىغىن، ئېلىشايلى، — دېدى. ئۇ لام - جىم دېمىدى.

ئىسكەندەر ئوقنى ئوقيانىڭ كىرىچىگە قويۇپ سىپاھپۇشقا قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ كەينىدىن تېگىپ كۆكرىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئىسكەندەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. سام ئىسكەندەرنىڭ ئاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرى بىلەن سىپاھپۇشنىڭ زورى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. تاڭ ئاتتى. ئەتراپقا نەزەر قىلغانىدى، بىر تەرەپتە چېدىر كۆرۈندى. ئۇ چېدىرلاردا نۇرغۇن ساندۇقلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سىپاھدار يەردە ياتاتتى. سام چېدىرغا يېقىن كەلدى. سىپاھدار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ مەردلىرى، ئەگەر بۇرادەرلىرىڭلار-نى سېغىنغان بولساڭلار، ئۇ ساندۇقلاردا تۇرۇپتۇ، — دېدى. سام چېدىرغا كىرمەكچى بولىۋىدى، بىر ئەجدىھا چېدىردىن بېشىنى چىقىرىپ، سامنى دەم تارتتى. ئىسكەندەر ئوقنى ئەجدىھاغا قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئەجدىھانىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا گۇلدۇرماما پەيدا بولۇپ چاقماق چېقىلدى. بىر مەھەلدىن كېيىن گۇلدۇرماما توختىدى. چېدىر ئىچىدىكى ئەجدىھا غايىب بولۇپ، سىپاھدارنىڭ يەردە ياتقانلىقى مەلۇم بولدى. سام ساندۇقلارنى ئاچتى. لېكىن پالۋانلارنىڭ ئىزىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار ئوردىغا قايتماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا بىر تەرەپتىن مۇھەممەد شىرزادنىڭ نالىسى ئاڭلاندى. ئۇلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە باردى. ئالدىدا بىر غار كۆرۈندى. ئۇ غارغا كىردى. پالۋاننىڭ ئۇ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنى سولاقتىن ئازاد قىلىپ ئوردىغا كەلدى. بارگاھتىكى يارەنلەر ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، خۇشاللىق دۇمباقلىرىنى چېلىشتى. ئۇ تەرەپتە سەكەنداندان دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپ جەڭ دۇمبىقىنى نەۋازىشقا كەلتۈردى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. زىغەم ھۇن شام مەيدانىغا كىرىپ پالۋان

مۇھەممەدنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. شاھزادە مۇھەممەد ئۇ ھارامزادىگە روبىرو تۇردى. زىفەم قولىغا تىغ ئېلىپ مۇھەممەدكە ئۇردى. زىفەمنىڭ تىغى سۇنۇپ كەتتى. مۇھەممەد شىرزاد زىفەمنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن مەيدىسىگە مىنىپ كاللىسىنى كېسىپ مەيداننىڭ سىرتىغا تاشلىدى. بۇ چاغدا سەلسال لەشكەرلىرى تەرەپتىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى: سەكەنداندان لەشكەرلىرى ئۆزىگە تەرتىپ بېرىپ مەيدانغا تۆكۈلدى. ئىككى تەرەپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى. جەڭ كەسكىنلەشكەندە، فەرىدۇن ئۆزىنى خىسرەۋخان خانبالىققا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ يەردىن دەس كۆتۈرۈپ تۇپراققا ئۇردى. ئەييارلار كېلىپ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. كۈن كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئارامگاھىغا ياندى. ئىسكەندەر تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ:

— خىسرەۋخاننى دەرگاھىمغا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. خىسرەۋخاننى ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي باتۇر، ئېتىقادىڭنى توغرىلىساڭ، خاندانلىقىڭغا ئۆزۈڭ يەنە بۇرۇنقىدەك ھاكىم بولىسەن، — دېدى. شەھرىيارنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ قارا نىيىتى پاك بولدى. ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئايىغىغا يىقىلدى. كەلىمە ئېيتىپ سادىق مۇرىت بولدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا زور تۆھپە ئىنئام قىلىپ، دەستاھ تايىقى بىلەن خانبالىققا ھاكىم قىلدى.

قازارا، «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئۈچىنچى جىلدىنىڭ رىۋايەتچىسى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يەزەك ئەفراسياب غارغا دەمامەنىڭ قولىدىن كالتەك يەپ، سەلسالخاننىڭ بارگاھىغا باردى. قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھاجەتمەن كىشىدەك تۇردى. سەلسالخان:

— ئەي سەردار، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

يەزەك:
— شەھرىيار، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى شەمامەنىڭ قاتىلى. ئۇنى جادۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. دەمامە ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى، نەيرەڭۋازلىق قىلىپ ئۆلۈك قىياپىتىگە كىرىۋالدى. مەن ئۇ ئەييارنى سۆزگە كەلتۈرۈپ، ئىقرار قىلدۇراي دەپ تەدبىر قىلغانىدىم، دەمامە مېنى ئۇرۇپ ھۇجرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاشۇ خوداپەرەس ئۇچۇن مېنىڭ شىجائىتىمنى سۇندۇردى، — دېدى. سەلسالخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، باتۇرلىرى بىلەن ئەفراسىياب غارىغا راۋان بولدى. ئۇ دەمامەنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەلسالخان:
— ئەي بۇرادەر، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئەييارىمنى رەنجىتىسەن؟ — دېدى. دەمامە:
— مەن بىر كىشىنى بىر مۇشت بىلەن ئۆلتۈردۈم. يەزەك ئۇنى بىھودە ئۇرغۇن قىيىنىدى. مەن ئۇنى قىيىنىمىغىن، ئۆلۈكنى قىيناش مەرد كىشىگە خاس ئىش ئەمەس دېدىم، — دېگەنىدى، سەلسال:
— شەھرىيار، بىر پالۋاننى بۇيرۇغىن، ئۇنى تاشلىغان يەردىن ئېلىپ كەلسۇن، مەن ئۇنى سۆزگە كەلتۈرىمەن، — دېدى.
يەزەك نەسىمنى تاشلىۋەتكەن جايغا بېرىپ ئىزدىدى. لېكىن نەسىمنى تاپالماي سەلسالخاننىڭ قېشىغا كېلىپ:
— شەھرىيار، ئۇ مەرد تاشلىۋەتكەن يەردە يوق ئىكەن، — دېدى. ئايدىڭلاشتىكى، ئۇ كىشى ئۆلمىگەنىكەن. شۇڭا ھوشىغا كېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ ۋە ياكى بۇرادەرلىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ، ئەلۋەتتە ئۇ ئەييارنىڭ بۇ دىياردا بىر خەۋەرچىسى بار. شۇ ئېلىپ كەتكەن نېمە، بولمىسا ئۇ شۇنداق زەخىم ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قانداق كېتەلەيدۇ؟ دەپ پەرەز قىلىشتى. سەلسالخان پەرمان قىلىپ:

— دەرھال شەھەرنىڭ يەتتە يۈز دەرۋازىسىنى تاقاپ، ئۇ ئەييارنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دېدى. ئۇ كۈنمۇ كەچ كىردى. بۇ خەۋەر تېۋىپنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ تۆت كوچىدا تۇرۇۋاتقان يەزەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي سەردار، ئۇ كىشى شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىدا بار. تۈنۈگۈن مېنى ئېلىپ بېرىپ، يارىسىغا مەلھەم قويدۇردى. شەمسىيە بانۇ ماڭا ئىززەت - ئىكرام قىلدى، — دېدى. يەزەك بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېۋىپنى تۇتۇپ، قاماقخانىغا سولاپ:

— ئەگەر، بۇ سۆزۈڭ راست بولسا، كۆتۈرۈپ بېشىڭنى پەلەككە يەتكۈزىمەن. ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولساڭ، شەمسىيە بانۇدەك ئېسىل پەرىزاتقا تۆھمەت قىلغان بولساڭ، تىلىڭنى قوۋۇزىڭدا قويمايمەن، — دەپ ئارغامچىنى كۆتۈرۈپ شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىغا باردى. باغنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ ئارغامچىنى دەرەخكە تاشلاپ باغقا چۈشتى. ئايۋانغا يېقىن بېرىپ ئەتراپقا قارىدى. يەزەك ئۇ يەردە ئابدۇلھېمىد بىلەن مۇھتەر نەسىمنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا مېھرى ئەنگىز بانۇ، مەريەم بانۇ ۋە شەمسىيە بانۇلار ئولتۇراتتى. ئۇلار مەي ئىچىشكە مەشغۇل ئىدى. يەزەك دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ بەزمىسىگە قاراپ قان يۇتۇپ تۇردى. بىردىنلا بەرق ئىرادە بىلەن ھاجەت قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا ماڭدى. توساتتىن ئۇ بىر كىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىتقا ئوخشاش ئۇلارنىڭ بەزمىسىگە قاراپ تۇراتتى. بەرق ئاستا كېلىپ يەزەكنى بىر مۇشت ئۇرۇپ قۇچاقلاپ يەرگە يىقىتتى. بۇنى يارەنلەر كۆرۈپ دەرھال كەلدى. شەمسىيە بانۇنىڭ كۆزى يەزەككە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈزى زەپىرەڭ بولدى. بانۇ ئابدۇلھېمىدقا قاراپ:

— ئەي شاھزادە، بۇ دەمامە پاساتنىڭ ئەييارىدۇر، — دېدى. ئابدۇلھېمىد ئىشارەت قىلدى. بەرق يەزەكنى مەھكەم

باغلاپ ئىۋانغا ئېلىپ كىردى. شاھزادە:

— ئەي ھارامزادە، سەن شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىغا كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ بانۇنىڭ بېغىغا كېلىشنى كىم بۇيرۇدى؟ ئېيتقىن، ساڭا كىم يول كۆرسەتتى؟ — دېدى. يەزەك:

— ئەي شاھزادە، مەنكى بەندىلىرى بۈگۈن كېچە تۆت كوچىدا ئىدىم، تېۋىپ كېلىپ ماڭا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن خۇسۇمەتنى پاش قىلاي دەپ تېۋىپنى سولاپ قويۇپ، ئۆزۈم كېلىپ بۇ ئىشقا گىرىپتار بولدۇم، — دېدى. بەرق:

— تېۋىپنى ئېلىپ كەلمىگىچە بۇ پىتنىخورلۇقنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولماس، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي بۇرادەر، بولدى قىلىڭ، بۇ خۇسۇمەت مۇشۇ يەردە بېسىلسۇن، — دېدى. بەرق فەرەڭ قەغەزگە خەت پۈتتۈرۈپ، يەزەكنىڭ ئەييارلىرىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. خەت مۇنداق پۈتۈلگەنىدى: «ئەي ئەييارلىرىم، مەن بۇ جايدا ئولتۇرۇپ قالدىم، تېۋىپ لازىم بولۇپ قالدى. مۇھتەر ھېكىمنى ئەۋەتتىم. تېۋىپنى مۇشۇ بارغان كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇڭلار.» بەرق خەتكە يەزەكنىڭ يېنىدىن مۆھۈرنى ئېلىپ بېسىپ، شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇلار تۆت كوچىغا كەلدى. خەتنى يەزەكنىڭ ئەييارلىرىنىڭ قولىغا بەردى. ئۇ ئەييار مۆھۈرنى كۆرۈپ، تېۋىپنى بەرققا تاپشۇردى. بەرق تېۋىپنى ئېلىپ باغقا راۋان بولدى. تېۋىپنىڭ كۆڭلى تويۇپ:

— ھېچ بىلەلمىدىم، يەزەك پالۋان مېنىنى نېمە قىلىدىكەن؟ — دېدى. بەرق:

— ئىنئام بېرىدۇ، — دېدى. تېۋىپ خۇشال بولۇپ ماڭدى. تېۋىپنى باغقا ئېلىپ كېلىپ يەزەك بىلەن يۈزلەشتۈردى. ئاندىن بىر ئۆينىڭ ئىچىگە ئورا كولاپ ئۇلارنى سولاپ قويدى.

بىر كۈنى شەھەردە، يەزەك يوقاپ كەتتى، دەپ غەۋغا پەيدا

بولدى. بۇ خەۋەر سەلسالخانغا يەتتى. ئۇنىڭغا ئالەم خىرە بولدى. سەلسالخان ھالۋەت شاھى بىلەن ئەفراسىياب غارىنغا — دەمامەنىڭ قېشىغا باردى. خىللانغان لەشكەرلەرگە ئەمىر قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئاتمىش تۆتىنچى قىسسە، تەمغاچخان بىن سەلسالخاننىڭ مەيداندارلىق قىلىپ فەرىدۇن ساننىڭ قولىدا ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى

ئەلقىسسە، قىسسىمىزنىڭ ئىككىنچى جىلدىنىڭ رىۋايەتچىسى بۇ داستاننى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، جەڭ دۇمبىقى سەلسالخان تەرەپتىن نەۋازىشقا كەلتۈرۈلۈپ ئىسكەندەرنى جەڭگە چاقىردى. ئىسكەندەر ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. سەكەنداندان ھارامزادە مەيدانغا كىرمەكچى بولغانىدى، تەمغاچ بىن سەلسالخان:

— بۈگۈن مەيدان ماڭا تەئەللۇقتۇر، — دەپ مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن فەرىدۇن سانى ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كېلىپ، تەمغاچنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. ھېچبىرى غالىب كېلەلمىدى. ئاخىرى قوللىرىغا قىلىچ ئېلىپ، جان - تېنى بىلەن ئېلىشتى. كۆن ناماز ئەسىر ۋاقتى بولدى. ئاتەش ئەفرۇز كېلىپ:

— ئەي بۇرادەر، ئەگەر ئەھدىسىدىن چىقالمىساڭ ماڭا

قويۇۋەت، ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرەي، پۇتىدىن تۇتۇپ ئاتاي، — دېدى. فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەيرەتكە كېلىپ، تەمغاچنىڭ گەۋدىسىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ، بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ خاك - توپراققا ئۇردى. ئاندىن خەنجەرنى كېكىردىكىگە قويغانىدى، تەمغاچخان:

— ئەي پالۋان، قولۇڭنى يىغقىن، ساڭا بويسۇناي، — دېدى. فەرىدۇن ئۇنىڭ ئۈستىدىن تۇردى. تەمغاچخان ئېتىقادىنى توغرىلىدى. تەمغاچخان:

— ئەي بۇرادەر، ئەگەر ئىجازەت بولسا شەھەرگە بېرىپ سىلەر يېتىپ بارغۇچە بىر ئىش قىلغاچ تۇراي، — دېدى. فەرىدۇن رۇخسەت بەردى. تەمغاچخان لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كەتتى. سەكەندىدان ئۆتكەن ئەھۋالنى بايان قىلغىلى سەلسالخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئەمدى نەچچە كەلىمىنى شاھزادە ئابدۇلھېمىدتىن ئىشتەيلى.

بىر كېچىسى ئابدۇلھېمىد:

— ئەي يارەنلەر، بۈگۈن كېچە شەھىرى سەلسانغا بېرىپ ئۆز كارامىتىمنى كۆرسىتەي، — دېدى. شەمسىيە:

— ئەي باتۇر، ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئاۋارە قىلماڭ، ئۇ كاساپەت كارامەت شىجائەتلىك، سىزگە پايدىسى يوق، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئۇ ھەرقانچە زەبەردەست بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق زەبەردەستۇرمەن، — دېدى. شاھزادە شەھەرگە كىرىپ، تۆت كوچا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئابدۇلھېمىد كەتكەندىن كېيىن مەريەم بانۇ ياسىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن مۇھتەر نەسىم ئورنىدىن تۇردى. شەمسىيە:

— ئەي مۇھتەر دەۋران، سىزمۇ بارماقچىمۇ؟ ياخشىسى، ئۆز جايىڭىزدا ئولتۇرۇڭ، — دېدى. نەسىم:

— ئەي مەلىكە، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئابدۇلھېمىد تەنھا بىر قىز بىلەن تۆت يۈز ئەييارنىڭ ئالدىغا كېتىپ بارىدۇ. مۇبادا ئابدۇلھېمىدقا بىرەر كېلىشمەسلىك يولۇقسا قانداق قىلىمىز؟ ئەتە كۈندە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئابدۇلھېمىد تەنھا بىر ئايال كىشى بىلەن تۆت يۈز ئەييارنىڭ ئالدىغا جەڭگە كەتتى، دەپ تاماشا كۆرگەندەك ئولتۇرغىلى بولامدۇ؟ — دەپ باغدىن چىقىپ تۆت كوچىغا قاراپ ماڭدى. بەرق ھەم نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. شەمسىيە بانۇ بەرق فەرەڭنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مۇكەممەل قوراللىنىپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ مېھرى ئەنگىزگە:

— سىز جايىڭىزدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، كېنىزەكلەر خىزمىتىڭىزنى قىلسۇن، — دېدى. مېھرى ئەنگىز:

— مەن ھەم بۇرادەرزادە فەرىدۇننىڭ ھاۋالىسى بىلەن بارىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، مېھرى ئەنگىز قورالىنى ئېلىپ ھەم يۈزىگە نىقاب تارتىپ باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە ئابدۇلھېمىد تۆت كوچىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئالماسنىڭ نەزەرى سەردارغا چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەي سەردار، كىم سەن؟ — دەپ سورىدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسىدۇرمەن، — دېدى. ئالماس بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئابدۇلھېمىدقا ئېتىلدى. ئابدۇلھېمىد قولىغا تىغ ئېلىپ، سەلسالخان ئەييارلىرىنىڭ ئارىسىغا كىردى. شۇ ئەسنادا نەسىم ۋە بەرق فەرەڭ نازىنىنلار بىلەن يېتىپ كېلىپ ئۇ ئازغۇنلارغا ئۆزلىرىنى ئۇردى. ئازغۇنلار ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئىلگىرى سەبۇكتېگىننىڭ زۇلمى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان پالۋان قىزلار يېتىپ كېلىپ، ئۇ مەلئۇنلارغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، ئۇلارغا بىر - بىرلەپ خەنجەر ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ھالاك بولدى. بەرق ھەربىر نۆۋەت

خەنجەر ئۇرغاندا بىر كىشىنىڭ ئۇچەي - قارنى چۇۋۇلۇپ يەرگە چۈشەتتى. كەچ كىردى. بىر پىيادە كېلىپ ئابدۇلھېمىدقا:

— مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، مەن يول باشلاپ ماڭاي، — دېدى. ئابدۇلھېمىد مەلىكىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ پىيادە ئۇلارنى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا ئېلىپ كېلىپ خىزمىتىدە بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

# ئاتمىش بەشىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەفراسىياب غارىغا بېرىپ، ئىبلىسنىڭ ساندۇقىغا كىرىپ قالغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچى بۇ قىسسىنى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پىيادە باتۇر ئابدۇلھېمىدنى نازىنىنلار بىلەن ئۆزىنىڭ خىلۋەتخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسىز؟ سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. پىيادە:

— ئەي شاھزادە، مېنىڭ مۇددىئايىم بار. مېنىڭ تەلىپىم راۋا بولسا، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ نام - نەسەبىمنى مەلۇم قىلىمەن. شۇ تاپتا ئىسكەندەر تاغ ئېغىزىدا دۈشمەننىڭ ئالدىدا توسۇلۇپ تۇرىدۇ. لەشكەرلىرى بولسا تاغ ئېغىزىدا جەڭ قىلىۋاتىدۇ، شاھى ئالەمنىڭ لەشكەرلىرى ئۇ تاغ ئېغىزىدا مىڭ يىل تىركەشسىمۇ، تاغ ئېغىزىغا بارالمايدۇ، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىگە ئۆزى: بەرق فەرەڭ

سەلسالخان ئۆلكىسىدە غارنىڭ سىرى توغرۇلۇق بىرنەرسە ئاڭلىدىم دېگەنتى، دېدى.

بۇ چاغدا ئىسكەندەر ۋە پالۋانلارنىڭ كۆزى دەرۋازىنىڭ تىلسىمىدا ئىدى. ئاخىرى شەمامەنىڭ تىلسىمىنى هالاك قىلدى. نەسىم ئۆزىگە: مەنمۇ سەردارلىقنى ئۆزۈمگە لايىق بىلىمەن، چۈنكى ئۇ ساڭا ئېهتىياجلىق، لېكىن مەن هازىر ئەڭگۈشتەرنى كۆرسەتمەيمەن، دېدى. ئاندىن ئابدۇلهېمىدقا قاراپ:

— ئەي شاهزادە، بۇ پىيادىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۆزۈم ساهىبقىراننىڭ هوزۇرىغا بېرىپ بىر پىكرىنى قىلايكى، تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكەي، — دېدى-دە، تاشقىرى چىقىپ، ئەفراسىياب غارى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. نەسىم غارغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى كۆرمەكچى بولدى. دەمامە تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە مەخمەل ياپقانىدى. جادۇلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇشتى. نەسىم بۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى، تۇساتتىن بىر زەئىپ جىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەمامەنىڭ كۆزى ئۇ جىنغا چۈشۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كۆپ مېهرىبانلىق قىلدى. جىن قوينىدىن بىر نامىنى چىقاردى. ئۇنى دەمامەنىڭ قولىغا بەردى. دەمامە نامىنى ئوقۇپ كۆردى. بۇ چاغدا نەسىم بىر كىشىدىن:

— بۇ نامىنى كىم ئەۋەتىپتۇ؟ دەمامە ئەجەب مېهرىبانلىق قىلىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— بۇ پىيادە جىنلارنىڭ بوۋىسى هازازۇلنىڭ يېنىدىن كەلگەن. مارۋاس ۋە مەهناز شەيتاننىڭ قىزلىرىدىندۇر. شۇ ئەكەلگەن، — دېدى. بۇ نامىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئەي دەمامە، بىز ساڭا ئېيتقان، ئەزازۇلنىڭ جايىدىن تاشقىرى چىقمىغىن دەپ، لېكىن بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىمىدىڭ. ئەفراسىيابنىڭ غارىغا بېرىپ، شەمامەدەك هەمشىرىنى هالاك قىلدىڭ. شۇنداقتىمۇ شەپقەت نەزەرىمىز ساڭا هەمىشە ياردۇر.

ھېچقانداق تەشۋىشنى خىيالىڭغا كەلتۈرمىگىن. بىر ساندۇق ئىبلىسنى ئوغلۇڭ سەلسال ئۈچۈن ئەۋەتتۇق. ئۇ ساندۇقنىڭ بەرىكىتىدە فەتھ[1] نۇسرەت ئوغلۇڭ سەلسالغا مەنسۇپ بولىدۇ.» ئەسىم خىيالىدا بۇ ساندۇقتىكى نېمە نەرسىدۇر، دەپ ئويلىدى.

دەمامە بىر جادۇنى سەلسالخانغا ئەۋەتىپ، سەلسالخان ۋە ھالۋەت شاھنى چاقىرتىپ كەلدى. بۇلار دەمامەنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەتىسى ھازازۇلنىڭ ماكانىغا راۋان بولدى. ئەسىم ئۇلارنىڭ سىياقىدا بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ يولغا راۋان بولدى. ئەسىم ئۇ غارغا داخىل بولدى. ئەسىم بىر قۇدۇقنى كۆردى. ئۇ قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئون يەتتە گەز كېلەتتى. ئۇ قۇدۇقتىن تۆت جىن چىقىپ، قولۇپ سېلىنغان بىر پولات ساندۇقنى ئېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا دەمامە، سەلسال، ھالۋات ۋە باشقا جادۇلار ساندۇققا سەجدە قىلدى. «يا ئىبلىس، يا ئىبلىس» دەپ ئۈنى ئۆرە قىلدى. ئەسىم ساندۇقنى ئاچتى، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئاگاھ بولغىن، ئەي سۇلتان، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىمىدىڭ. ئىش بۇ يەرگە يەتتى. دەرھال باتۇرلارنى يەتتە تاغ ئېغىزىغا ئەۋەتكىن. تاغ ئېغىزلىرىنىڭ مۇھاپىزىتىنى ياخشى قىلسۇن. ئىسكەندەرنىڭ قۇدرەت - كامالىتىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇ بىر خىل ئۇلۇغلۇق، قورقۇنچ ئۈستىدە تۇرىدۇ. سەلسال سەن دەمامەگە ئوخشاش ئىش قىلمىغىن، — دېدى. سەلسال يەنە سەجدە قىلىپ:

— سېنىڭ ھۆكۈمىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەتراپلىق بولسا، ئۇ ھۆكۈم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت تەييارمەن، — دەپ ساندۇقتىن ئاڭلىغان ھۆكۈم بويىچە ئىش قىلماقچى بولدى. ئەسىم بۇ

---

[1] فەتھ — ئىشغال قىلىش، يېڭىش، يەڭمەك، غالىب بولماق.

ساندۇققا ھەيران بولدى. ئۇ سۆز ساندۇقتىن چىقتىمۇ يا باشقا جايدىن چىقتىمۇ دەپ ھەيران قالدى. سەلسال ۋە دەمامە ساندۇقنى كۆتۈرۈپ، ئەفراسىيابنىڭ غارىغا ئېلىپ كىردى. ساندۇق ئۈچۈن چېدىر ياسىدى. ساندۇقنى ساقلاشقا تۆت جىننى بۇيرۇدى. چېدىردا بىر باتۇر چېدىرنىڭ ئەتراپىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن قويۇلدى. چېدىرغا ھېچكىمنى كىرگۈزمىدى. ئۇ يەرگە تۆت جىندىن بۆلەك، پەقەت مەشئەلچى جىن كىرەلەيتتى. نەسىم ئۇ جايدا ئايلىنىپ يۈرگەندى، تۇساتتىن مەشئەلچى جىن بىر ئىش ئۈچۈن چەتكە چىقتى ۋە ئۇ يەردە ئولتۇردى. مۇھتەر نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردى. نەسىم ئۇنىڭ بېشىغا تاش بىلەن ئۇرغانىدى، ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. قارىسا ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كېتىپتۇ. نەسىم ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، مەشئەلچى قىياپىتىدە بولۇپ، ئۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا ساندۇققا مەشئەلچىلىك قىلىش نۆۋىتى ئېلىسقا كەلدى. ئۇ مەشئەلنى ئېلىپ پات ـ پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەسىمگە قاراپ قوياتتى. ئۇ كۆزىنى بارگاھتىن ئۈزمەيتتى. تۆت جىن ساندۇقنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈرەتتى. ئۇلارغا تاماق بېرىدىغان ۋاقىت بولدى. بىرى تۆت قاچا تائامنى تاشقىرىدىن چېدىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ساندۇققا پەردە تارتتى. نەسىم چېدىرنىڭ بىر تەرىپىدە قاراپ تۇرغانىدى، بىر جىن قويىنىدىن بىر ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. بىر جىن پولات ساندۇقتىن چىقىپ ئىككى قاچىدىكى تائامنى يېدى. قالغان تۆت جىن ئىككى قاچىدىكى تائامنى يېدى. ئاندىن كېيىن ئۇ جىن ساندۇققا كىردى. ئۇ يەنە ساندۇقنى ئېتىپ قۇلۇپ سېلىپ ئاچقۇچنى قويىنىغا سالدى. نەسىم بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ سەۋر قىلىپ ھەممە جىنلار ۋە قالغانلار ئۇيقۇغا بارغۇچە ساقلىدى. نەسىم ئاسمانغا قاراپ:

— ئەي پەرۋەردىگار، ئاسانلىق ۋە مەدەت تىلەيمەن. ماڭا

ياردەم بەرگىن، — دەپ مۇناجات ئوقۇپ بارگاھ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەرگە بېرىپ جىننىڭ بۇرنىغا دورا بىھوشتىنى پۈركۈپ، ئۇنى بىھوش قىلدى. ئاچقۇچنى قويىنىدىن ئېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ قارىغانىدى، بىر جىن پەيدا بولدى. ئۇ جىن پەرياد قىلغان بولسىمۇ نەسىم ئارغامچا بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ ھالاك قىلدى. بارگاھنىڭ ئاستىنى كولاپ جىننى دەپنە قىلىپ، جەسەتنىڭ ئىزىنى يوقاتتى. ئۆزى ئۇ جىننىڭ سۈرىتىدە بولۇپ تۆت جىننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزى ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ۋارقىرىدى. ئۇ جىنلار ئورنىدىن تۇردى. نەسىم:

— نېمە ئۈچۈن بىخۇتلۇق بۆشۈكىدە ياتىسىلەر؟ مەن يەتتە قات ئاسمانغا چىقتىم، سىلەرنى چاقىردىم، پەيدا بولمىدىڭلار، مەن قولۇمنى چىقىرىپ قولۇپنى ئېچىپ ئاسمانغا چىقتىم، ئۆزۈمنىڭ سۈرىتىنى ئاسمانغا سىزىپ قويۇپ يېنىپ چۈشتۇم، تۇرۇڭلار، ساندۇققا قولۇپ سېلىڭلار، — دېگەنىدى، ئۇلار كېلىپ ئەزازۇللارنى ئەكىلىپ ساندۇققا بەنت قىلدى. تاڭ ئاتتى. دەمامە ۋە سەلسال ساندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلدى. مۇھتەر دەۋران ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئاۋاز چىقاردى:

— ئەي سەلسالخان، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، ئەفراسياب غارىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۈچ - قۇدرىتىم بىلەن خەزىنە قويدۇم، بۇيەردىكى ئۇلۇغلارنى ئېلىپ، كارۋان تۆگىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇ بايلىقلارنى غاردىن چىقىرىپ لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگىن ھەمدە ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىڭلار، — دېدى.

سەلسالخان بىلەن دەمامە پەسكە چۈشۈپ، ئىبلىس ساندۇقنىڭ قېشىدىن چىقتى. نەچچە قاتار تۆگىلەرنى ئېلىپ غارغا باردى. غارنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ جاۋاھىراتلارنى كۆردى. نەسىم ئەزرائىلنىڭ[88] مەسلىھىتى بىلەن ئۇ

خەزىنىنى سەلسالخانغا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۇ خەزىنىنى سەلسالخان ئالدى. سەلسالخان ئۇلۇغلىرى ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى سەجدىگە مەشغۇل بولۇپ، ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ، يا ئىبلىس، دېيىشتى. سەلسال ھەم ئىبلىس ساندۇققا ئەقىدە قىلىپ، دەرھال ئىبلىس ساندۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ سەجدە قىلىپ:

— ياپىر كەرىم، بەندىلىرىڭىزگە كارامەت سېخىيلىق قىلدىڭىز — دېدى.

ساندۇقتىن ئىككىنچى قېتىم ئاۋاز كەلدى: «ئەي سەلسالخان، سەن كىشى ئەۋەتىپ يەتتە تاغ ئېغىزىنىڭ يولىنى كەڭ - كۇشادە قىلىپ ئېچىپ قويغىن، ئىسكەندەر خاتىرجەم بولۇپ بۇياققا كەلسۇن، ئۇ تاغ ئېغىزلىرىدا ئادەم يوقكەن دەپ تاغ ئېغىزىغا ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن كەلسە، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئىسكەندەرگە ۋە لەشكەرلىرىگە بىراقلا ھۇجۇم قىلىپ ئوت ئېچىپ كۆيدۈرىمەن».

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھتەر نەسىم ئۇ ساندۇقتا بىر ھەپتە ئولتۇردى. ئۇ پەقەت تائام يەيدىغان ۋاقىتتا ساندۇقتىن چىقاتتى. يەنە ساندۇققا كىرىپ ئولتۇراتتى.

سەلسالخان يەتتە تاغ ئېغىزىغا كىشى ئەۋەتىپ سەكەنداندانغا:

— ئىبلىسنىڭ ھۆكۈمى مۇتلەقتۇر. ھەممە لەشكەر مۇھاپىزەتلەرنى ئېلىپ مەن تەرەپكە كەلسۇن، — دېدى.

سەكەنداندان سەلسالنىڭ ھۆكۈمىنى يىرالماي، يەتتە تاغ ئېغىزىنىڭ پالۋانلىرىنى ئېلىپ سەلسالخان تەرەپكە يۈز كەلتۈردى. نەسىم توسۇقلارنىڭ بوشاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. سەلسال ئىبلىس ساندۇقنىڭ قېشىغا باردى. ساندۇقتىن ئاۋاز كەلدى:

— ئەي سەلسال، مېنى ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا

ئەۋەتكىن، بۇ جايدا كۆڭلۈم غەش بولۇپ كەتتى. ئىرادە قىلىمەنكى، بىر كىشىنى ھەزارداستان دېۋە قېشىغا ئەۋەتسەڭ، ئۇنى كۆھىقاپتىن ئېلىپ كەلسۇن، ھەر كىشىكى مېنىڭ غەزىپىمگە يولۇقسا، ھەزارداستان دېۋىنىڭ گورزىسى بىلەن تۇتىمەن. بىزگە ئۇ لازىم.

ئەلقىسسە، ئەتىسى ئەيلۇسساھ ئىبلىس ساندۇقنى ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى. ئۇ كۇنى كەچ كىردى. ۋاقتى - سائىتى بىلەن جىنلار تائام كەلتۈردى. نەسىم جىنلارنى تاشقىرى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى تائام يەپ بولۇپ بارگاھنىڭ بىر تەرىپىدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بەدەر كەتتى. بۇ چاغدا جىنلار چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. جىنلار: «بەلكىم ئۇ تامىقىنى يەپ بولۇپ ساندۇققا كىرىپ كەتتى» دەپ خىيال قىلىپ، ساندۇققا قۇلۇپ سېلىپ، ئۆزلىرى تائام يېيىشكە مەشغۇل بولدى. ئەتىسى ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا ئېلىپ كەلدى. ئەمدى نەچچە كەلىمىنى ئابدۇلھېمىدتىن ئىشتەيلى.

ئۇ كېچىسى ئابدۇلھېمىد پىيادىگە:

— ئەي باتۇر، مەن ئىسكەندەرنىڭ نامى بىلەن سەلسال لەشكەرلىرىگە كېچىدە ھۇجۇم قىلىمەن، — دەپ مۇكەممەل قوراللىنىپ سەلسالنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. بىر تەرەپتىن ئابدۇلھېمىد، بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر، بىر تەرەپتىن پىيادە باتۇرلار چۇقان - سۈرەن بىلەن كەلدى. نەئىم، فەرىدۇن سانى ئىبلىسلار لەشكىرى تەرەپكە ئوق ئاتتى. سەلسالنىڭ لەشكەرلىرى قاراڭغۇ كېچىدە قوزغىلىپ، تىغ كۆتۈرۈپ غەۋغا ۋە چۇقان - سۈرەن قىلىشتى. ئابدۇلھېمىد پىيادە بىلەن ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىپ راھەت - پاراغەتتە ئارام ئالدى. سۇبھى بولدى. كېچىدە نەچچە مىڭ سەلسال ئەھلى ئۆلۈپتۇ. ئۇلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىنى ئىزدىدى. بىگۇناھ

كىشىلەر تېپىلمىدى. ئابدۇلھەمىد بىلەن پىيادە ئۇدا ئۈچ كېچە سەلسالنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، چوقان ـ سۈرەن سېلىپ، ئوق ئېتىپ، ئازغۇنلارنى پاراكەندە قىلدى. ئاندىن ئۆز ماكانىغا يېنىپ كېلىپ ئارام ئالدى.

ئۇ تەرەپتە نەسىم ساندۇقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، ساھىبقىران تۇرغان تاغ باغرىغا كېلىپ، دىدارىغا مۇشەررەپ بولدى. ئۆزىنىڭ قىلغان مىكرىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر پالۋانلارغا ۋە سەردارلارغا تەھسىن ئوقۇپ مۇكاپاتلار بەردى. نەسىم:

— شەھرىيار، يول ئوچۇق، لەشكەرلەر كۆچۈپ يەتتە تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ شەھرى سەلسالغا چۈشسۇن، — دېدى.

ئىسكەندەر ئەمىر قىلدى. لەشكەرلەر ئاتلىنىپ تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ بىردەشتكە چۈشتى. ئىسكەندەر ئۇ دەشتتە تۇرغۇن چارۋا ماللارنى كۆردى. سەردارلار بىلەن شىكارغا چىقتى. ئوردا پاناھسىز قالدى. دەمامەگە ئىسكەندەر سەردارلىرى بىلەن تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ سەلسال تەرەپكە ئاتلاندى، سەلسال تاغ ئېغىزلىرىنى خالىي قىلىپ قويۇپ خۇدا پەرەسلەر قۇدرەت تاپتى، دەپ خەۋەر يەتتى. دەمامە:

— بۇ قانداق ھۆكۈم؟ بۇ ئىشنى سەن قىپسەن، — دېدى. سەلسال:

— ساندۇقنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق ئىدى. شۇ بويىچە قىلدىم، — دېدى.

دەمامە چىقىپ ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا باردى. ئۇ يەردە ھارۋەس بىلەن مەھناز ئەڭگۈشتەرنى چىشلەپ ساندۇققا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار دەمامەنى كۆرۈپ:

— بۇ قانداق بۇيرۇقكىن؟ — دەپ سورىدى. دەمامە:

— بۇ ئىشنى سەلسال قىپتۇ. خەلقنى ئىسكەندەرنىڭ قېلىچىغا تۇتۇپ بېرىپتۇ، — دېدى. مەھناز بىلەن ھارۋەس:

— ھەرقانداق ۋاقىتتا بىرەر ئىش يۈز بەرسە بىزگە خەۋەر بەرگەن بولسا، بىز «يا ئىبلىس» دەپ ۋارقىراپ ساندۇقتىن بىرەر جاۋاب ئىشىتەر ئىدۇق. بىراق ئوغلۇڭ سەلسال ساندۇقنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. سۆز قىلساق ساندۇقتىن ھېچ جاۋاب چىقمىدى، — دېدى. ئۇلار ساندۇقنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. ساندۇقتا ھېچنەرسە يوق ئىدى. كۆزەتكەن جىنلاردىن:

— سىلەر ئىبلىسقا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بىر قېتىم تائام يېدۈرگەن ۋاقىتتا، ئىبلىس بىزنى سىلەر بۇ چېدىردىن تاشقىرى چىقىپ تۇرۇڭلار، مەن تائامنى يەپ بولغاندا ئاندىن كىرىڭلار، دېگەنىدى، بىز تاشقىرى چىقىپ كېيىن كىردۇق، — دېدى. مارۋەس:

— ئەي جىنلار، سىلەر ئېيتمىدىڭلارمۇ، بىز يەتتە يۈز يىل بولدى، بۇ ساندۇققا خىزمەت قىلىۋاتىمىز. ئىبلىس بىزنى ھېچقاچان نامەھرەم دېمىگەن. سىلەر ھەم دېمىگەنىدىڭلار، ھالا ئەمدى ئەھۋال نېمە بولدى؟ نامەھرەم بولۇپسىلەر، — دېدى. دەمامە:

— ئەي مەلىكە، ئاۋۋال ئۇ ساندۇقنى مەن غارغا ئەكەلدۈرگەنىدىم. ئۇ ماڭا كامالى - قۇدرەت بىلەن پالان غاردا يەتمىش خىسرەۋ خەزىنىنى سىلەر ئۈچۈن قويۇپ قويغان، ئۇ خەزىنىنى ئېلىپ لەشكەرلەرگە سەرپ قىلىڭلار، دېدى. بىز ئۇ كۆرسەتكەندەك بېرىپ خەزىنىنى تېپىۋېلىپ، لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردۇق. يەنە بىر كۈنى: تاغ ئېغىزلىرىنى خالىي قىلىڭلار، ئىسكەندەر شەھىرى سەلسالخانغا كەلسۇن، ئۇلار كەلسە ئىسكەندەرنى ۋە سەردارلىرىنى غەزەپ ئوتى بىلەن كۆيدۈرىمەن، دېدى، — دېدى. مارۋەس:

— ئۇنداقتا بۇ مىكرىنى ئەييار قىپتۇ، — دېدى. جىنلارنى ئىبلىسنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جىنلار ئىزدەپ

چىقتى. ئۇلار ئىزدىگەن بولسىمۇ لېكىن ئىزىنى تاپالمىدى. ھارۋەس مەيۇسلەندى ۋە جىنلارغا:

— كۆھىقاپقا بېرىپ ھەزارداستان دېۋىگە سەلسال ئۈلكىسىدە مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىڭلار، دەرھال ئۆزىڭىز يېتىپ بېرىڭ، بولمىسا، سەلسال ئۈلكىسى خاراب بولىدۇ دەپ، ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. جىنلار كۆھىقاپ تەرەپكە راۋان بولدى.

دەمامە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ شىكارگاھ تەرەپكە كەلدى. ئۇ ئىسكەندەر ۋە سەردارلارنىڭ پاتپاراق بولۇپ شىكار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەلقىسسە، دەمامە تاغنىڭ باغرىغا بېرىپ ئوت يېقىپ، ئىسكەندەرگە تەھدىت پەيدا قىلماقچى بولدى. ئىسكەندەر شىكاردىن قايتىش ۋاقتىدا كۆزى تاغنىڭ باغرىدىكى ئوتقا چۈشتى. ئىسكەندەر نەسىمگە:

— بۇ تاغنىڭ يامزىلىدا بىر ئەھۋال يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ، — دېدى. نەسىم:

— شەھرىيار، مەن بىلەلمىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئوت پەيدا بولغان تەرەپكە بېرىپ نېمە ئالامەت بولغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگىن، مەن ھەم بىللە باراي، — دېدى. نەسىم ئىسكەندەر بىلەن ئاتلىق ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار ئوتقا يېقىن باردى. ئۇلار ئۇ يەردە بىر ياش يىگىتنى كۆردى. ئۇ ئوت قالاشقا مەشغۇل ئىدى. ئۇلار ئۇ مەلئۇن تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتتى، ئۇ مەلئۇن دەمامە ئىدى. ئوق دەمامەنىڭ بىلىكىگە تەگدى. «ئاھ» دېگەن ئاۋاز پەيدا بولدى. بۇ دەمامەنىڭ نالىسىدىن چىققان ئاۋاز ئىدى. دەمامە قېچىپ ئەفراسىياب غارىغا بېرىپ، شەمامەنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ غارنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى. ئۇ بېرىپ ئەھۋالنى سەلسالغا مەلۇم قىلدى. سەلسال:

— ئەي پەرزەنت، مەن ھېچقانداق ئادەمزاتقا ئازار

يەتكۈزمىگەيمەن دەپ قەسەم قىلغانىدىم. بۇ كىچە ئىسكەندەردىن سوئال بىلىش ئۈچۈن بىلىمنى باغلاپ تاغقا چىققانىدىم، قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ بىلىكىمگە ئوق يېدىم. ئەلھەق، ئىسكەندەر نا مەرگەن ئىكەن. مەن ئەفراسىياب غارىغا كىرىۋالدىم. ھازىر ئىسكەندەر شەھەردە بار، مەن ئەمدى ئەفراسىياب غارىدىن تاشقىرى چىقمايمەن، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## ئاتمىش ئالتىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئەھلى سەلسال شەھىرىگە كەلگەنلىكى، پىيادىنىڭ مەيداندا مەيدانىدارلىق قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سەلسالخان دەمامەنىڭ پىغانىنى ئىشىتىپ، ھالۋەت شاھ بىلەن لەشكەر توپلاشقا كىرىشتى. ۋاقتىتىكى لەشكەر ھەددى - ھېسابسىز يىغىلدى. سەلسال ھالۋەت بىلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن تاشقىرى چىقتى. ئۇلار بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا قارار تاپتى. بىر كۈنى ئېغىز تەرەپتە بىر چېدىر پەيدا بولدى. ساھىبقىراننىڭ لەشكىرى ئۇ ئەلنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشتى. ئارقا - ئارقىدىن لەشكەرلەر كەلگىلى تۇردى. سەلسالنىڭ كۆزى ئۇ بارگاھقا چۈشۈپ:

— مېنىڭ بەندەزادەمگە قاراڭلار، شۇنچە كۆپ تېجىمەللەر

بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەپتۇ. مەنكى، خۇداۋەند مۇنداق بارگاھنى كۆرگۈم يوق، — دېدى. سەككىزىنچى كۈنى ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى ئايان بولدى. سەلسال ئىسكەندەرنى كۆردى. ئىسكەندەر تەختىنى ئون ئىككى پىلغا يۈكلىگەنىدى. يەنە يەتمىش پىلغا تەختلەرنى يۈكلەپ، ھەر بىر تەختىدە قارىيلار ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ ئىسكەندەرگە دەمىدە قىلاتتى. ئارغۇنلار تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. ئىسكەندەرمۇ جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ تەرەپتىن مەيدانغا سەھەم ئىسىملىك پالۋان كىردى. ئۇ مەيدانغا كىرىپلا پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن شاھزادە يۇنانىينى سام ئىبنى فەرىدۇن مەيدانغا كىرىشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، قىرىق پىيادە يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ توغ - ئەلەملىرىنىڭ ھەممىسى كۆلرەڭ ئىدى. ئۇلار تەختلىك خالتىغا تاش قاچىلاپ يېنىغا ئېسىۋالغانىدى. ئۇلار ئىسكەندەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كېلىپ، مەيدانغا چۈشۈپ سەھەمنىڭ ئالدىنى توسىدى. سەھەم:

— ئەي پىيادە، ئىسكەندەر ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئەجەلگە تۇتۇپ بېرىشكە كېلىۋاتىسەن، — دەپ ۋارقىرىدى. پىيادە دەشنام ئىشتىپ قولىنى خالتىغا سېلىپ، تاشنى ئېلىپ سەھەمنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. سەھەم پىيادە بولۇپ، پىيادە تەرەپكە يۈگۈردى. پىيادىنىڭ ياقىسىدىن قاملاپ تۇتتى. ئىككى تەرەپ سىپاھلىرى ئۇلارنى تاماشا قىلدى. بىرئازدىن كېيىن پىيادە پالۋان سەھەمنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ يەرگە يىقىتىپ، مەيدىسىگە مىنىپ تۇردى. ئۇنى شۇنداق باسقانىدى، جېنى چىقىپ كەتتى. ئۇنى يەردىن ئېلىپ دارغا ئاستى. پىيادە پالۋان يەنە مەيدانغا كېلىپ نەرە تارتىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. يەنە بىر ئارغۇن كەلدى. ئۇنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزاتتى. شۇ كۈنى پىيادە كۈن ئولتۇرغىچە ئون

يەتتە ئازغۇننى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. بۇ چاغدا ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

سەلسال دەمامەگە نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى. ئۇ نامىسىدە:

— ئەي ئانا، سىزنىڭ مەدرىسىڭىزدە ھەر كۈنى مېنىڭ يەتتە يۈز شاگىرتىم سېھىرلىك ئىلىمدىن تەلىم ئالاتتى. مېنى ھازىر دۈشمەننىڭ قولىغا تاشلىدىڭىز. ئىسكەندەر ھازىر شەھەر كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەھۋال خەتەرلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر پىكىر قىلىسىڭىز، ئىسكەندەرگە ئاسماندىن ۋە يەردىن ياردەم يېتىپ تۇرىۋاتىدۇ. شۇ تاپتا بىر پىيادە قىرىق كىشى بىلەن كېلىپ، ئون يەتتە پالۋاننى ھالاك قىلدى. ئۇلارنى دارغا ئاستى. شۇ ۋەجىدىن بۇ نامىنى يازدىم، — دېگەنىدى.

نامە دەمامەگە يەتتى. دەمامە خاس مۇلازىمىغا:

— پەرزەنتىم، سەلسالخانغا ئېيتقىن، تولا دىلغۇل بولمىسۇن. بۈگۈن كېچە جەزمەن ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن، — دېدى. خەۋەرچى بۇ خەۋەرنى سەلسالخانغا يەتكۈزدى.

«ئىسكەندەر نامە» نىڭ تۆتىنچى (ئەسلىدە ئۈچىنچى) جىلدىنىڭ رىۋايەتچىسى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى، دەمامە ئىسكەندەرنىڭ قەستىدە سىرتقا چىقتى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ يېتىپ بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە دەمدە قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئۇيقۇغا غەرقبولدى. دەمامە ئىسكەندەرنى كۆتۈرۈپ، ئەفراسىياب غارىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنى بەنتكە تارتتى. تاڭلا ئەتىسى ئىسكەندەر تەرەپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ تەختىنىڭ خالى تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇلار بارگاھقا كەلدى. ئىسكەندەردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئۇلار ئاھ ئۇرۇشتى. ئىسكەندەرنى ئىزدەپ

تاپالمىدى. ئۇلار چىدىر، غارلارنى نۇرغۇن قىتىم ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەندەرنىڭ ئىزىنىمۇ تېپىلمىدى. نەسىم ئارستونىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. ئارستو رەملىگە قاراپ:

— ئەي نەسىم، ئىسكەندەرگە ھېچ بالا كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇ قاراڭغۇ جايدا باغلاپ قويۇلۇپتۇ. ئەتراپىدا جادۇگەرلەر ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، بىر توپ لەشكەر پەيدا بولدى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى. يەنە بىر كۈنى فەرىدۇننىڭ بارگاھىدىن غەۋغا كۆتۈرۈلدى. شۇ كېچىسى فەرىدۇننى ئېلىپ كەتكەنىكەن.

ئەلقىسسە، ھەر كېچىسى باتۇرلاردىن بىرى شۇ تەرىقىدە ئېلىپ كېتىلدى. ئون يەتتە كۈندە ئون يەتتە باتۇر ئېلىپ كېتىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرى تەڭ - يېرىم بولۇپ قالدى. ئارستو ئەييارلارغا:

— ھەتتىگىنەي، ئەييار دېگەن نامىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپسىلەر. ھەر كېچىسى بىر پالۋاننى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخىرى ئوردا قۇرۇق قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئەي ئارستو، ئەگەر بۇ ئىشنى نەيرەڭۋاز ئەييار كىرگۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغان بولاتتۇق، — دېدى. ئارستو:

— بۇ جەزمەن جادۇنىڭ ئىشى، — دېدى. نەسىم:

— بۇ ئەييارلار سېھىرنىڭ ئەھدىسىدىن قانداق چىقىدۇ؟ ئىسكەندەر بىلەن سەردارلارنىڭ قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. بىلگەن بولساق، ئەلۋەتتە بۇنىڭ چارىسىنى قىلغان بولاتتۇق، — دېدى. بەرق فەرەڭ:

— ئەي ئەييار، مەن شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىغا بېرىپ باقاي، ئۇنى ئەفراسىياب غارىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئالاي، — دەپ شەمسىيە بانۇنىڭ بېغىغا قاراپ ماڭدى. بەرق

شەمسىيە بانۇ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئەي شەمسىيە بانۇ، بىز بىر مۇشكىلاتقا يولۇقتۇق، — دەپ ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ، — ئۇ ھەر كېچىسى بىر پالۋاننى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچيەردىن ئىز - دېرىكىنى ئالالمىدۇق. مەقسىتىم شۇكى، ئەفراسىياب غارىغا بېرىپ خەۋەر ئېلىپ بەرسىڭىز.

شەمسىيە بانۇ دەرھال ئەفراسىياب غارىغا باردى. ئۇ يەردە دەمامەنى كۆردى. دەمامە شەمامەنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا شاگىرتلىرى بىلەن يىغا - زارە قىلىۋاتاتتى. دەمامە شەمسىيەنى كۆردى. شەمسىيەنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئولتۇرغۇزدى. شەمسىيە بانۇ دەمامەگە:

— قاچانغىچە بۇ تاۋۇتنى ئالدىڭىزغا قويۇپ يىغلايسىز؟ ھازىر سەلسال ئەھلىھەققىدە رەھىم قىلىڭ. ئىسكەندەر بۇ كۆۋرۈك ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ، بۇگۈن يا ئەتە شەھەرنى ئېلىپ، پات - پۇرسەتتىلا سەلسال ئەھلىنى ھالاك قىلىدۇ. تولا يىغلىماڭ، سىزنىڭ ئۆمرىڭىز باقىي ۋە پانىيدا بولسۇن. ئەمدى بۇ ئىش مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشسۇن. مەن قورقۇنچلۇقمىدا ھەممە ئىشلارنى بىر تەرەپتە قالدۇرۇپ قويدۇم. جانىنىڭ قايغۇسىدا كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەگەر ھەمراھ بەرسىڭىز، ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا بېرىپ، مارۋەس ۋە مەھنازنىڭ ئالدىدا ئىقبال خىزمىتىدە بولسام، — دېدى. دەمامە:

— ئەي شەمسىيە، سەن ئەجەب غەمكىن قىز سەن، مەن ئىسكەندەر بىلەن ئۇن يەتتە سەردارنى تۇتۇپ سولاپ قويدۇم. بۇ بابتا ① تىلسىم قىلدىم، ئۇنىڭ ئەييارلىرى بۇ يەرگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، غارنىڭ ئەتراپىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ، — دېدى. شەمسىيە دەمامەگە دۇئا قىلىپ:

---

① باب — ئىشىك، دەرۋازا، ئۆلۈم ئىشىكى، يول، ئۇسۇل.

— ئەي مەلىكەئى ئافاق[1] ئۇ تىلسىم قەيەردە؟ دېدى، دەمامە:

— ئەگەر بۇ كۆلبەمدىن ئەسىرلەرنى چىقارماقچى بولسا، بىر جام سۇ ئېلىپ، ياغلىقنى ھۆل قىلىپ كۆزىگە سۈرتسە، غارنىڭ ئىشكى مەلۇم بولىدۇ. خۇداۋەندىنىڭ ئەمرىگە يەنە يىگىرمە بەش كۈن قاپتۇ. ھەر كېچىسى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىن بىر سەردارنى ئېلىپ كېلىمەن. خۇداۋەندە شەمامەنىڭ قىساسى تامام بولدى دەپ ئەمىر قىلغاندا، تاۋۇتنىڭ ئالدىغا دار باغلاپ، ئۇلارنى دارغا ئېسىپ تىرىپىرەن قىلىمەن، — دېدى.

مەككار شەمسىيە بانۇ خۇشال بولۇپ، دەمامەنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. خوشلىشىپ ئۆز قەسرىگە راۋان بولدى. ئۇ بەرقىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بەرق شەمسىيە بانۇ بىلەن خوشلىشىپ ئارستونىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەھۋالنى ئارستوغا ئېيتتى. ئارستو خەزىنىدىن ئون ئىككى تاۋاق جاۋاھىرنى كەلتۈردى. ئۇ:

— ئەي سەردار، ئەييارلار، بىرىڭلار، بۈگۈن بۇ ئون ئىككى تاۋاق جاۋاھىرنى مەردلەرچە ئېلىپ، دەمامەدىن قورقماي، ئەفراسىياب غارىغا بېرىپ، نېمەت ئىگىسىنى بەنتتىن خالاس قىلىپ كېلىڭلار، — دېدى. سەردار، ئەييارلاردىن ھېچبىرى بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئارستو بۇ سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرار قىلدى. ھېچبىرى جاۋاب بەرمىدى.

— ئەي سەردار، ئەييارلار، ئۆزۈڭلەرنى رۇستەم سۈپەت پالۋان دەپ چاغلايسىلەر، بۈگۈن سىلەرگە نېمە بولدى؟ ئالەم پاناھنى بەنتتىن خالاس قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايسىلەرغۇ. — دېدى. يەنە جاۋاب بولمىدى. بۇ سۆزنى

---

[1] ئافاق — دۇنيا، ئالەم.

ئۈچىنچى نۆۋەت تەكرارلىغاندا، فەرمۇزنىڭ قىزى كىيابانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارستوغا:

— ئەي زامانىنىڭ ھېكىمى، بۇ جاۋاھىرلارنى خەزىنىگە قايتۇرۇپ ئۆز جايىغا قويۇپ قويۇڭ. بۇ قېتىم بۇ ئىشنى مەن شەھرىيارنىڭ ھەققىدە قىلاي، ئەفراسىياب غارىغا بېرىپ شەھرىيارنى خالاس قىلىش ئىشىم مۇۋەپپەقىيەتلىك بولسا، شۇنداقتىمۇ قەترە - قىيامەتنى ئۆزۈمگە قىلىمەن، — دېدى. ئارستو:

— ئەي بانۇ، قىيامەت كۈنىڭىز ئاق بولسۇن. ئەي بانۇ دەۋران، نېمە ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا بۇ خىزمەتكە ئىرادە قىلدىڭىز؟ — دېدى. كىيابانۇ:

— مەن بىرىنچى قېتىمدىلا جۈرئەت قىلسام باشقا سەردار، پالۋانلارنىڭ ئارىسىدا ئوسال بولۇپ قالماي دېدىم، كىيابانۇ بەك ئاتتىكاچى ئىكەن دېمىسۇن، دەپ تەخىر قىلدىم، — دېدى.

ئارستو ۋە پالۋانلار كىيابانۇ ھەققىدە دۇئا قىلدى. ئۇلار ئۇنىڭغا:

— بەخت ۋە نۇسرەت يار بولسۇن، — دەپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تەلەپ قىلدى.

بانۇ نامدارلار بىلەن خوشلىشىپ مۇكەممەل قوراللىنىپ بارگاھتىن چىقىپ ئەفراسىياب غارىغا قاراپ يولغا چىقتى. بەزىلەر:

— بۇ ئىش سەردار ۋە پالۋانلاردىن ئاشمىسا بولاتتى. بانۇ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلىشنى ئويلاپ قالغاندۇ؟ — دېيىشتى. يەنە بەزىلەر:

— كىيابانۇ غارغا بېرىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن پالۋانلارنى سېھىرگەرلەرنىڭ قولىدىن خالاس قىلالامدۇ — دېيىشتى. يەنە بەزىلەر:

— بۇ ئىش بانۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئۇ مۇرادىڭغا يېتىدۇ، — دېيىشتى.

ئەلقىسسە، سەردار، ئەييارلارنىڭ ھەر بىرى بانۇ ھەققىدە ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىشتى.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئىككىنچى جىلد تارىخىنىڭ ساھىب - ئىگىسى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بانۇ ئارستودىن رۇخسەت ئېلىپ ئەفراسىياب غارىغا راۋان بولدى. بىرمۇنچە ھەمراھلىرى بىلەن ئاتلىرىنى مىنىپ كېتىپ باراتتى. بىردىنلا دەشتتە يىراقتىن ئوتنىڭ شولىسى نامايان بولدى. بانۇ ئوت يورۇغان تەرەپكە يېقىن بېرىپ، دەريا لېۋىدە ئىككى قىز بىلەن ئىككى يىگىتنىڭ ئولتۇرۇپ مەيخورلۇق قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىككى قىزنىڭ بىرى كىيابانۇغا قاراپ، جامالىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى كۆرۈپ ئاشىق بولدى. چۈنكى كىيابانۇ شۇ تاپتا نىقابلىق چەۋەنداز ئىدى. ئۇ قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن كىيابانۇنى ئولتۇرغۇزۇپ بىر جام مەي تۇتتى. يەنە بىرىمۇ كىيابانۇغا مەي تۇتتى. بانۇ جامدىكى مەينى ئىچتى. يىگىت ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. قىزلار:

— ئەي يىگىت، ئورنىڭدىن تۇرغىن. ئۆز ئىشىڭغا بارغىن، — دېدى. ئۇ يىگىت خۇشال بولۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. قىزلارنىڭ بىرى كىيابانۇغا قاراپ:

— ئەي مەرد، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ قايسى يەرلەرنى ئايلىنىپ بۇ يەرگە چىقىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. كىيابانۇ:

— ئالدى بىلەن سىلەر ئەھۋالىڭلارنى بايان قىلىڭلار، ئاندىن مەن ئېيتىمەن، — دېدى. ئۇ قىز:

— بىلگىن، مەن جادۇنىڭ قىزىدۇرمەن، پادشاھ گويانىڭ چۆرە قىزىمەن. بۇ قىز مېنىڭ شاگىرتىم. ئوتتۇز يىل دەمامەنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، سېھرگەرلىكتىن نۇرغۇن بىلىم ئالغان. بۇ رەپىقىڭىزنىڭ ئىسمى مەرجان جادۇ. مېنىڭ

ئىسمىم سەۋسەن جادۇ، — دېدى. ئۇ يەنە شەمامەنى تىلغا ئالدى. ئاندىن كېيىن:

— شۇ ۋاقىتتىن ھازىرغىچە ھەرقانداق كىشى دەمامەدىن قورقۇپ، ئەفراسىياب غارىدا مەي ئىچمىگەنىدى، بۈگۈن كېچە بەك زېرىكىپ، ئوردىغا بېرىپ تىلەپ بۇ ئىككى يىگىتنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ جايدا ئۇلار بىلەن ئىشرەت قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى دەپ ئولتۇرغاندۇق، سەن كەلدىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىڭنى ئېيتقىن، — دېدى. كىيابانۇ:

— مېنى خوجا فەتتاھ تاجىر دەپ ئاتايدۇ. شەھىرى ھەلەپتىن ماتا سېتىۋېلىپ كېلىپ بۇ يەرگە ساتقىلى كەلدىم. ماللىرىمنى ئىلگىرى ماڭدۇرغانىدىم. مەن ئارقىسىدىن كەلدىم. ھالا بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى. ئەپسۇس بانۇ ئالاھىدە مېھرىبانلىق قىلىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. مەيدىن بېشى كۆتۈرۈلدى. مەرجان جادۇ:

— ئەي ئۇستا، ئەگەر كىشى مەھبۇبىنى قولغا كەلتۈرسە ساڭا ئوخشاشنى قولغا كەلتۈرسە، — دەپ خەنجەرنى تارتىۋېلىپ ياندىكى يىگىتنىڭ قورسىقىغا ئۇرغانىدى، خەنجەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى. بانۇ ئەپسۇسلاندى. ئۇستا:

— ئەي مەرجان، ئۇ يىگىتنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ — دېدى. مەرجان:

— ئەي ئۇستاز، ھەر ۋاقىت سىزنىڭ مەھبۇبىڭىزغا قارىسام بۇ يىگىتتىن خىجىل بولىمەن. شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈردۈم. ئەمدى سىز بۇ يىگىتىڭىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىناق ئۆتۈڭ. مەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، بىر يىگىتنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئېلىپ كېلەي، ئاڭلىسام ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا خۇبرۇي يىگىتلەر كۆپمىش، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. كىيابانۇ ئۆزىگە ئۆزى: شۇ تاپتا ئىسكەندەر ۋە سەردارلار ئوردىدا يوق، مۇبادا بۇ مەلئۇن ئوردىغا

بىرىپ نامدار پالۋانلارنى يەنە ئەكەلمىسۇن، — دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرىپ ئوقنى ياغا قويۇپ ئۇ مەلئۇننىڭ ئارقىسىغا ئاتتى. ئاتقان ئوق مەرجانغا تېگىپ موللاق ئېتىپ يىقىلدى. سەۋسەن جادۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي خوجا، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شاگىرتىمنى ئۆلتۈرسەن؟ — دېدى. كىيابانۇ:

— ئەي مەلىكە، شاراب مېنى كەيىپ قىپتۇ، بىزنىڭ سورۇنىمىزغا غەيرىيلەر كېلىپ مەھبۇبەمگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەشىك ئوتۇم ئېشىپ ئوق ئېتىپ ساپتىمەن. قارىسام ئۇ مەزلۇم مەرجان ئىكەن، — دېدى. سەۋسەن بانۇغا ئاشىق - بىقارار ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئەي مەشۇقۇم، تولا ئازابلانمىغىن، ئەگەر سەن قولۇڭنى بوينۇمغا قويساڭ مەغرىبكە ئېلىپ كېتىمەن. مەن سېھىرگەرلىكنى دەمامەدىن شۇنداق ئۆگەندىمكى، ئىسكەندەر بىلەن ھىكلانىنى تەختىدىن تاۋۇتقا سېلىپ قويۇپ، سېنى مەغرىبنىڭ ئون ئىككى جەزىرىسىگە پادشاھ قىلىمەن. مەن ھەرەمىنىڭ بانۇسى بولىمەن. ئەگەر بۇ سۆزۈمگە كۆنمىسەڭ لات ئەرەبكە قەسەمكى، بۇ دەشتتە بالاغا گىرىپتار قىلىمەن. سەن قىيامەتكىچە بۇ سولاقتىن قۇتۇلالمايسەن، — دېدى. كىيابانۇ ئۆزىگە: ئەگەر ئۇنىمىسام ئەلەم سېھرى بىلەن بېشىمغا بالا كەلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئاۋۋال ئۇبدانراق ئويلىنىپ بىر ئىش قىلسام بولغۇدەك، بۇ جادۇنىڭ چاقىرغان مېھمىنى بولۇپ ئەفراسىياب غارىغا يول ئالاي، — دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي مەلىكە، ئەقلىم قۇرىسۇن. نېمە ئۈچۈن سەندەك پادشاھ زادىنى ئەقىدەمگە كەلتۈرۈپ ھەرىمىمگە بانۇ قىلمىغۇدەكمەن؟ مەن ھېچ ۋەجە بىلەن ئەمرىڭگە مۇخالىپ ئىش قىلمايمەن. ئەمما بىر شەرت، مېنى ئەفراسىياب غارىغا ئېلىپ بارساڭ، ئۇ جاينى تاماشا قىلسام. ئاندىن كېيىن مېنى پادشاھ

قىلساڭ، تويىمىزنى خەلقى ـ ئالەم بىلسە، سەندەك مەشۇق مېنىڭ ھەرىمىمدە بولساڭ، — دېدى. سەۋسەن:

— ئاسان گەپ، — دەپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. كۆپ خۇشال بولۇپ ئاخىرى بىر ئىسىم ـ ئەزەمنى ئوقۇپ كىيابانۇغا دەمىدە قىلدى. بانۇ بەئەينى مەرجان جادۇ بولدى. سەۋسەن:

— ئەي يار، قوپۇڭ، ئەفراسىياپ غارىغا بارايلى، — دېدى.

سەۋسەن بىلەن كىيابانۇ بىرى ئالدىدا، يەنە بىرى كەينىدە مېڭىپ غار تەرەپكە يول ئالدى. سەۋسەننىڭ يېنىدا مەرجاننىڭ ئورنى بار ئىدى. ئۇ يەردە كىيابانۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، قولىنى كىيابانۇنىڭ بويىنىغا سېلىپ كۆڭۈل بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بانۇ:

— ئەي مەلىكە، ساڭا ئىسلامدىن بۇرۇنقى مۇقەددەس لات گۇۋاھتۇر. مەن ۋىسال تەلىپىدە سەندىنمۇ بىتاپتۇرمەن. ئەمما ساڭا تازا لايىق ئەمەس. ساڭا ئوخشاش مەلىكىنىڭ تەلىپىنى بۇ يەردە ئادا قىلالمايمەن، بۇنى ھېچكىشى بىلمىسۇن. يېقىن ئولتۇرغىن. مېنى مەغرىبكە يەتكۈزۈپ، ئىسكەندەر بىلەن ھىكلاننى تەختىدىن چۈشۈرۈپ، مېنى ئورنىغا پادشاھ قىلساڭ، ئاندىن قولۇمنى بويىنۇڭغا سېلىپ ئەيش ـ ئىشرەت قىلسام، — دېدى. سەۋسەن باشقا خىياللارنى تاشلاپ ئۇ كىچىنى مەھبۇبىسىنىڭ قۇچىقىدا ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. سەۋسەن:

— ئەي خوجا، سېنى مەرجان سۈرىتىدە قىلدىم. ئەفراسىياب غارىغا كىرىپ مەرجاننىڭ ئورنىغا بارساڭ مەن ئىشارەت قىلىمەن. ئاندىن بېرىپ ئولتۇرۇپ كىتابنى قولۇڭغا ئېلىپ ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرغىن، مەن دەمامەدىن دەرسنى ئېلىپ بولۇپ ساڭا تەلىم بېرىمەن، — دەپ كەتتى. كىيابانۇ ئازراق ئارام ئېلىپ، دەمامەنىڭ بارگاھىغا راۋان بولدى.

سەۋسەن بانۇغا مەرجاننىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ ئىشارەت قىلدى. بانۇ بىرىپ ئورۇن ئالدى. كىيابانۇنىڭ نەزەرى بىر يىگىتكە چۈشتى. ئۇ مەھبۇبىنىڭ سۈرىتىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ سىھىرگەرلىك ئىلمىدىن دەرس سۆزلەۋاتقانىدى. سەۋسەن جادۇ دەرس ئالدى. سەۋسەن بانۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ «مەرجان» (بانۇ) غا دەرس بەردى. بۇ چاغدا دەمامە:

— ئەي سەۋسەن، مەن ساڭا ئىيتماقچى ئىدىم. مەرجانغا رۇخسەت بەرگىن. بۇ كۆز ۋە جامالىم بىلەن مەرجاننى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇ سىھرى ئىلمىنى ئۆگەنمەيۋاتىدۇ. ئۇنداق بولغاندا قولىدىن ھىچ ئىش كەلمەيدۇ. سەن بىكاردىن مەرجان ۋە ئۆزۈڭنىڭ ۋاقتىنى سەرپ قىلىۋاتىسەن، — دىدى. سەۋسەن:

— مەلىكە جاھاننىڭ بەرىكىتىدىن مەرجان يارامىلىق ماھىر بولۇپ قالدى. سەن ئۇ تەرەپكە بارساڭ ھەم تەلىم بەرگىن، — دىدى. دەمامە:

— ئەي سەۋسەن، ئەگەر بۇ سۆزۈڭ راست بولسا ئۇنىڭغا ئىيتقىن، ئۇ دەرەخنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلىسۇن، — دىدى. سەۋسەن بانۇنى ئىلىپ دەرەخ تۈۋىگە كىلىپ:

— سەن ئاغزىڭنى مىدىرلىتىپ ئولتۇرغىن، مەن دەرەخكە سىھىر قىلىپ دەرەخنى يۇلىمەن، — دىدى. كىيابانۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، لىۋىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇردى. سەۋسەن سىھىر قىلدى. دەمامە قىمىر قىلمىدى. سەۋسەن دەرەخ تەرەپكە دەمىدە قىلدى. ئۇ دەرەخ مىدىرلاپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ يىقىلدى. دەمامە:

— ئاپىرىن، ئەي سەۋسەن ساڭا، مەن سىنى مۇنچىلىك دەپ بىلمىگەنىدىم، — دىدى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى ئۆتتى. سەۋسەن ۋە بانۇ ئۆز جايىغا باردى. كىيابانۇ سەۋسەنگە قاراپ:

— ئەي مەشۇقە، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، زىندانغا بېرىپ كۆرسەك، — دېدى. سەۋسەن:

— سەۋر قىلغىن، دەمامە باتۇرلۇق كۆرسەتكىلى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا باردۇ. شۇ چاغدا سېنى زىندان تەرەپكە ئېلىپ بارىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، دەمامە تاشقىرى چىقتى. سەۋسەن بىلەن بانۇ زىندانغا كىردى. زىندان باقارلار سەۋسەننى كۆرۈپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. سەۋسەن:

— ئەي سەيما، بىز زىنداندىكى ئەسىرلەرنى كۆرگىلى كەلدۇق، — دەپ ئۇلارغا سۆز قىلدى. سەيما خۇشال بولۇپ دەرھال زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. كىيابانۇ بىلەن سەۋسەن زىندانغا كىرىپ ئۇلارنى كۆردى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى كىيابانۇغا چۈشۈپ ئۇنى تونىدى. پەس ئاۋاز بىلەن:

— نېمە ئۈچۈن بۇ غارغا كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى. بانۇ:

— شەھرىيار، بىر ئىش بىلەن غارغا كەلگەنىدىم. كېلىش مەقسىتىم سىلەرنى خالاس قىلىش ئىدى. لېكىن سەرگەردان بولۇپ مۇشۇ ھالغا قالدىم، — دېدى.

ئەلقىسسە، بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن بانۇلار زىنداندىن چىقتى. شەھەردە: «بۇگۈن كېچە دەمامە فەرھەڭنى تۇتۇپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. كىيابانۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردى. ئۇ كېچىنى مۇشكۇلدە ئۆتكۈزدى. كېيىنكى كېچىسى: «ئەييار بولمىسا ئىسكەندەرنى قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى، ئاندىن سەۋسەنگە قاراپ:

— سەن ئىسكەندەرنى ۋە ھېكلاننى ھالاك قىلىپ، مېنى مەغرىب زېمىنىغا پادىشاھ قىلىمەن دەپ ئەھدە قىلغانىدىڭ. بۇ كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ سېھرىنىڭ ھېكمىتى

بىلەن باتۇرلۇق كۆرسەتسەڭ، مەن ھەم كۆرسەم، — دېدى. سەۋسەن:

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. سەۋسەن كىيابانۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ غاردىن چىقتى. سەۋسەن بىر نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ ئىسىم ـ ئەزەمنى دەمىدە قىلدى. ئۇ نەرسە ئەجدىھانىڭ ئاغزىدەك ئوت چاچرىتاتتى. كىيابانۇ قورقتى. سەۋسەن:

— ئەي خوجايىن، قورقما، كېلىپ بۇنى مىنگىن، — دېگەندى، كىيا بانۇ كېلىپ ئەجدىھانى مىنىپ ئولتۇردى. سەۋسەن ھەم ئەجدىھانى مىنىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئوقتىنمۇ تېز ئۇچۇپ ئوردىغا يەتتى. سەۋسەن:

— كىمنى ئېلىپ چىقىمەن؟ — دېدى. كىيابانۇ:

— ئىسكەندەرنىڭ ئىككى ئەييارى بار، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى نەسىم، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بەرق. ئۇ ئىككى ئەييارنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلسەڭ، — دېدى. كىيابانۇ سەۋسەنىنىڭ ئەجدىھا بىلەن تۇتۇندەك ئاسمانغا ئۆرلىگەنلىكىنى كۆردى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سەۋسەن بىر قولىدا نەسىمنى، بىر قولىدا بەرقنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ، كىيابانۇنىڭ ئالدىدا قويدى. سەۋسەن:

— ئەي خوجايىن، بۇ ئىش بىلەن سىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭ دەمامەنىڭ ئالدىدا زىيادە بولىدۇ. بۇلاردىن بىرىنى سەن ساقلاپ، يەنە بىرىنى مەن ساقلاپ دەمامەنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ بارايلى. مەن بۇ ئەييارنى مەن تۇتتۇم، بۇ ئەييارنى مەرجان تۇتتى دەيمەن، — دەپ خۇشال بولدى.

ئەلقىسسە، سەۋسەن بىلەن كىيابانۇ نەسىم بىلەن بەرقنى ئېلىپ ئەفراسىياب غارىغا ماڭدى. ئەييارلار كىيابانۇنى تونىدى. ئەييارلار:

— ئەي بانۇ، بىزنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق بالا - قازاغا گىرىپتار قىلدىڭىز؟ — دېدى. بانۇ:

— سەۋسەن بىلەن زىندانغا باردىم. ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئامال قىلىپ باقتىم. لېكىن سەردارلارنى قۇتقۇزۇشقا يالغۇز ئاجىز كەلدىم. ياردەم قىلارمىكىن دەپ سىلەرنى ئېلىپ كەلتۈرگۈزدۈم. شەھرىيارنى خالاس قىلغايمىز، — دېدى. ئۇلار غارغا بېرىپ شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سەۋسەن بىلەن بانۇ ئىككى ئەييارنى بويىنىدىن باغلاپ ماڭغانىدى، بەرق سەۋسەننى تىللىدى. كىيابانۇ نەسىمنى يېتىلەپ دەمامەنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. بەرق سەۋسەننى تىللاپ تۇراتتى. دەمامە بۇ ئىككى ئەييارنى كۆردى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قول ۋە پۇتى باغلاق ئىدى. دەمامە:

— ئەي سەۋسەن، بۇ ئىككى كىشى كىمدۇر؟ — دېدى.

سەۋسەن:

— ئەي مەلىكە، بۈگۈن كېچە مەن ۋە مەرجان باتۇرلۇق كۆرسەتكىلى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ھەر بىرىمىز ئەقاب[1] سۈرىتىدە بولۇپ بۇ ئىككى ئەييارنى تۇتتۇق. مەرجان ئۇ ئەييارنى تۇتتى. مەن بەرق فەرەڭ دېگەن بۇ ئەييارنى تۇتتۇم. بۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىكى ئەييارلارنىڭ ئەڭ سەرخىللىرى ئىكەن، — دېدى.

دەمامە سەۋسەن بىلەن «مەرجان» غا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى. دەمامە نەسىمگە قاراپ:

— ئەي تىجىمەل، ئۆلۈمگە تەن بېرەمسەن - يوق؟ راست ئېيتقىن. شەمامەنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— لات، ھېكلانىڭلارغا قەسەمكى، مېنىڭ شەمامەنى ئۆلتۈرگەنلىكىمدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى. دەمامە:

---

① ئەقاب — سۈمرۈغ.

— ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلمىغان بولساڭ، ئۇنداقتا شەمامەنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دېدى. نەسىم:

— مەن بىلمەيمەن. ئەمما ئەييارلارنىڭ قائىدىسى شۇنداقكى، باشنى كىم كەسسىمۇ كىشىنىڭ سىرىنى ھەرگىز پاش قىلمايدۇ، — دەپ بەرققە قارىدى. دەمامە دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىمنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ باردى. ئۇنى سەۋسەنگە تاپشۇردى. سەۋسەن:

— ئەي ئەييار، ئۇ كۆنى يەزەكنى توغراپ تاشلىدىم. بۈگۈن سېنى جادۇنىڭ ئالدىدا ئۆلتۈرىمەن ياكى ئىقرار قىلدۇرىمەن، — دېگەندى. كىيابانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سەۋسەنگە:

— بۇ قېتىم ئۇنى قىيىنماي كەچۈرۈم قىلساڭ. ئۇنى قىيناۋەرسەڭ ئۆلۈپ قالمىسۇن. مېنىڭ يۈز - خاتىرەم ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، — دېدى. سەۋسەن كىيابانۇغا ئاشىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىگە مۇخالىپ سۆز قىلمىدى. سەۋسەن دەمامەنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي مەلىكە، بۇ يۈزنالىق گۇناھكارنى بىر قېتىم قىيىن - قىستاققا ئالساق، بۇ ئەييار قىيناق ئاستىدا ئۆلۈپ قالسا، شەمامەنىڭ قاتىلىنى تېپىشتا شەمامەنىڭ قاتىلى نەسىم ئىدى دېسەك، ئۇ مەن ئەمەس ئىدىم دەپ شەمامەنىڭ خۇنىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلىمەن. بۇ ئىش دۆلەت ئۈچۈن چوڭ ئىش ئىدى. ئەييارنى بۈگۈن كېچە ماڭا تاپشۇرسىڭىز، ئىككىمىزنى بىر قىلىپ مەي ئىچۈرەي، ئۇلار مەست بولغاندا راست گەپنى سۆزلەيدۇ، — دېگەندى، دەمامە بۇ تەكلىپنى مۇۋاپىق كۆرۈپ نەسىم بىلەن بەرقنى سەۋسەنگە تاپشۇردى. سەۋسەن ئۇلار ئىككىسى بىلەن بىرلىكتە مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئۇلار مەست بولدى. مۇھتەر

نەسىم:

— ئەي مەلىكە، بەندەڭ ئۇستا سەنئەتكارمەن، ئەگەر بۇيرۇساڭ سۆھبەت قىلساق، — دېدى. سەۋسەن:

— بىز ھەم شۇ ئارزۇدا بولۇۋاتىمىز، — دېدى. مۇھتەر دەۋران نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، مەيگە دورا بىھوشنى سېلىپ سەۋسەنگە بەردى. سەۋسەن ئۇنى ئىچىپ بىر ئازدىن كېيىن بىھوش بولدى. نەسىم سەۋسەننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىڭ بېلىدىن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كىيابانۇ ۋە بەرق بىلەن زىندان تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئەڭگۈشتەرنى سەيمانىڭ قولىغا بەردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەۋسەن بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرغانىدۇق. زىنداننى تاماشا قىلىش ئويى كېلىپ، ئىسكەندەرنى قورقىتايلى دەپ سەۋسەن ئەڭگۈشتەرنى بېرىپ بىزنى ئەۋەتتى. ئۇ ئۆزى ئۇخلاپ قالدى، — دېدى. سەيما سەۋسەننىڭ ئەڭگۈشتىرىنى كۆرۈپ، دەرھال زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار زىندانغا كىردى. سەيماغا:

— ئەي سەيما، ھېلىقى كۈنى شەمامەنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلمەپتۇق. كەلگىن، مەي ئىچەيلى، — دەپ مەينىڭ بىر قىسمىنى سەيماغا تۇتتى. جام نەچچە ئايلانغاندىن كېيىن سەيما بىلەن يەنە نەچچە قېتىم جام ئۇرۇشتى. كۆزەتچى سەيما بىھوش بولدى. كىيابانۇ زىندانغا داخىل بولۇپ، ئىسكەندەر باشلىق ئون سەككىز نامدارنى قۇتقۇزدى. نەسىم سەۋسەننىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ ئىسكەندەر ۋە پالۋانلار ئۈچۈن قورال ئېلىپ كەلدى. ھەممىسى مۇكەممەل قوراللىنىپ، دەمامەنىڭ بارگاھىغا جىنىدەك داخىل بولدى. دەمامە شاگىرتلىرى بىلەن ئولتۇرغانىدى. سەردارلار تىغ كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. دەمامە سېھرى قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ئىسكەندەرنى ئەسىر قىلدى. ئىسكەندەر ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇپ، دەمامەنىڭ

سېھرىنى رەت قىلىپ، دەمامەنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. شاگىرتلىرىغا قېلىچ ئۇردى. ئۇلاردىن بىر نەچچىسىنى هالاك قىلدى. دەمامە قىلغان سېھرىنىڭ ئىسكەندەرگە كار قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەندىشە قىلدى. دەمامە ئۆزىگە تەسىر قىلارمۇ دەپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەمىدە قىلغانىدى، زەنجىردىن تۇتۇندەك خالاس بولۇپ بەدەر كېتىپ قالدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ كەمىرىنى ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا كۆرسەتتى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ قېچىشتى. ئاخىرى ئەفراسىياب غارى شۇ ئۇسۇللار بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. ئىسكەندەر بەرقىنى ئەۋەتىپ، ئوردىدىكىلەرنى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردىكى مال - دۇنيانى ئوردىسىغا يۆتكىدى. شۇ چاغدا پىيادە بەگدەدار يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا دەرقەم تۇردى. ئۇ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا، مەن بۇ غارنى ساقلىسام، سىپاھلار قايتا غارغا كەلمىسە، — دېدى. ئىسكەندەر:

— يۈزۈڭ نۇرلۇق بولسۇن، مەردانە بولغىن، — دەپ ئېتىغا مىنىپ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. سەردارلار، خىزمەتچىلەر ئەفراسىياب غارىدىن ئايرىلىشىغا دەشتىنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، يەتمىش ئاتلىق كىشى نەچچە يۈز تۆگە يۈكىنى ئېلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە يەتمىش ئاتلىق كېلىپ بىر مۇنچە تۆگىنى يۈكى بىلەن ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئوغرىلار ماللارنى ئوغرىلاپ كېتىپ باراتتى. ئىسكەندەر پالۋانلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، بۇنىڭ نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى سورىدى. خالايىق:

— بۇ غارايىبلىقنى شەرۋان شاھ بۇتپەرەس كۆرسەتتى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بوۋام بەھمەننىڭ روھىغا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ

ھارامزادىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي يانمايمەن،— دەپ ئۇنىڭ ئىزىنى قوغلاپ ئىتىنى چاپتۇردى. قاچقۇنلار ئىچىدە شەرۋان شاھ بۇ ۋەھىمىدىن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا يېتىشىپ بېرىپ ئۇلاردىن:

— بۇ تاغ ئېغىزىنىڭ باشقا يېرىدە يول بارمۇ؟— دەپ سورىدى. ئۇلار:

— بۇنىڭدىن باشقا يول يوق،— دېگەن جاۋابنى بەردى.

ئىسكەندەر ئەفراسىياب غارىدا قېپقالغان مال-دۇنيانى يوق ھېسابلاپ، ئۇ تاغ ئېغىزىغا سەد باغلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى مۇستەھكەم بىر شەھەر بىنا قىلدى. بىرمۇنچە قوۋمنى: «ئەگەر شەرۋان كېلىپ قالسا ئەدىپىنى بەرسۇن» دەپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئەلقىسسە، شەھرىيار شەرۋاننىڭ ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ ئوردىغا كەلدى. ئۇ كېچىسى ئەمىر بارگاھىنى يۆتكەپ، ئەچىنەنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكوزۈپ تىكتى. تاڭ ئاتتى. سەلسالخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، لەشكىرىنى باشلاپ ئەمىرخاننىڭ لەشكىرىگە قاراپ ئاتلاندى. ئىسكەندەر فەرىدۇن سانى بىلەن مىڭ كىشىنى ئېلىپ ياردەمگە كەلدى. ئارقىسىدىن فەرھەڭ يەنە مىڭ كىشى بىلەن كەلدى. سەردارلار ئارقا-ئارقىدىن كەلدى. ئۇستۇنلۇك سەلسالخان تەرەپكە يۈزلەنگەندى، دەشت تەرەپتىن يېشىل كىيىملىك نىقابدار ئوتتۇزمىڭ كىشى بىلەن كېلىپ ئۇلارغا تېگىش قىلدى. يەنە سەلسالخان غالىب كەلدى. بۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد، مىھرى ئەنگىز ۋە مەريەم بانۇلار يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاق كىيىملىكلەر يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى سەلسالخان لەشكەرلىرىگە ئۇردى. ئۇ كۈنى كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھلىرىغا ياندى. يېشىل كىيىملىك نىقابدار

ئابدۇلھېمىدقا بىر مىل، سەلسالخانغا بىر مىل ئارىلىق قالدۇرۇپ چۈشتى. سەلسالخان ھالۋەت بىلەن مەسلىھەت قىلىپ:

— ھازىر، ئىسكەندەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بارگاھ تىكتى. بىزنىڭ بۇ جايدا تۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى يوق. سەۋەب شۇكى، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ چۈشسەك، ئەگەر ئىشىمىز ئوڭ كەلسە ياخشى، ئوڭ كەلمىسە ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا قاچماقتىن باشقا چارە يوق، — دېدى. ھالۋەت سەلسالنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، ئوردىدىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەردەرۋازىسىغا بېرىپ چۈشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## ئاتمىش يەتتىنچى قىسسە، يەزەكنىڭ نىجات تاپقانلىقى، شەمسىيەنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئىلگىرىكى قىسسىلىرىمىزدىن مەلۇمكى، يەزەك ئۆزى چاقىرىپ كەلگەن نائىبىي تېۋىپ بىلەن شەمسىيە بانۇنىڭ قولىدا ئىدى. شەمسىيە خان ئاتىسىنىڭ سەلسال بىلەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چۈشكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

— مەن دەرھال ئاتامنى كۆرمىسەم بولمايدۇ، — دەپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى. شەمسىيە بانۇ كەتكەندىن كېيىن

كېنىزەك يەزەك بىلەن ناتىقپى تېۋىپقا تائام بىلەن مەي ئېلىپ كىردى. يەزەك:

— بۈگۈن مەلىكە ئاغىچا قەيەرگە كەتتىكىن، ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىم؟ — دېدى. كېنىزەك:

— ئۇ ئاتىسىنى كۆرگىلى كەتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى سەلسال بىلەن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئولتۇرغىدەك، — دېدى. يەزەك ھارامزادە:

— ئەي قىز، سەن نېمە ئۈچۈن شەمسىيەنىڭ خىزمىتىنى قىلىسەن؟ جامالىڭ شەمسىيە بانۇنىڭ جامالىدىن مىڭ مەرتىۋە گۈزەل ئىكەن. مېنى بۇ سولاقتىن قۇتقۇزساڭ، ھالۋەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، شەمسىيە بانۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ، بۇ ئىمارەت ۋە مال - مۈلۈكلەرنى، باغ ۋە قەسىرلەرنى ساڭا بېرەي، — دېدى.

ئاياللارنىڭ ئەقلىنىڭ قىسقىلىقىدىن، كېنىزەك يەزەكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، يەزەكنىڭ پۇت - قولىدىن ئارغامچىنى يېشىپ سولاقتىن قويۇپ بەردى. يەزەك بىلەن تېۋىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. يەزەك ھالۋەت شاھنىڭ بەرگاھىغا باردى. ساراي خوجايىنى ئۇلارنى بارگاھقا كىرگۈزمىدى. يەزەك تاشقىرىدا تۇرۇپ:

— ھالۋەت شاھقا ئەرزىم بار، — دەپ جار سالدى. ساراي خوجايىنى ئۇ ناپاكنىڭ سۆزىنى ھالۋەتكە يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شەمسىيە بانۇنىڭ رەڭگىرويى ئۆچتى. جاھان كۆزىگە قاراڭغۇ بولدى. ھالۋەت شاھ بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ:

— ئەي شەمسىيە، مەن يەزەكنى كۆرمىگىلى ئىككى ئاي

بولدى. يەزەك غايىب بولغانىدى، كەپتۇ. ئۇ قەيەرلەردە يۈرگەندۇ، ــ دېدى.

شەمسىيە بانۇ ئەگەر يەزەك ئۆزىنى ئاتىسىغا چاقسا ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئاتىسىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ:

ــ ئەي جان ئاتا، سىز يەزەكنى كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولغان بولسا، مەنمۇ سىزنى كۆرمىگىلى ئىككى ئاي بولدى. ئالدىڭىزغا بىر كەلدىم، يەزەك جاھاندا بار. ئەمما ئەي جان ئاتا، سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە مەندىنمۇ ئەزىزرەك كىشى يوقبولۇشى كېرەك ئىدى. بىرئاز ئۆلتۈرۈڭ. تەييار مەززىلەر بىلەن ھۇزۇرلىنايلى. مەن بۇ يەردىن ھازىر قايتىپ كېتىمەن، ئاندىن كېيىن يەزەك بىلەن ئوبدان كۆرۈشۈشىلىڭ ــ دەپ ئاتىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، كېنىزەكلەرگە تائام ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى ھەم كېنىزەكلەرگە مەخپىي ھالدا: «تائامغا بىھوش دورىسى قويۇپ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ ئىشارەت قىلغانىدى، كېنىزەكلەر تائامنى كەلتۈردى. ھالۋەت شاھ بىرئاز تائام يېگەنىدى، بىھوش بولدى. بىر كېنىزەككە ئىككى كەلىمە خەت پۈتتۈردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي مۇھتەر دەۋران، شۇ تاپتا شەمسىيە بانۇ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. ئۇ نائەھلى بۈگۈن كەپتۇ. سېنىڭ بۇ دەرگاھتا تۇرغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق. سەن شەھەرگە بېرىپ كېچىلىك ئىشىڭغا قەدەم قويغىن.» بۇ خەتكە شاھنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، ساراي خوجايىنىنىڭ قولىغا بەردى. ئۇ خەتنى يەزەككە بەرگەنىدى، يەزەك خەتنى كۆرۈپ:

ــ بۇ بۇزۇق شۇم ھىيلە بىلەن ئاتىسىنىڭ تىلىنى باغلاپ تاشقىرى چىققىلى قويماپتۇ، ــ دەپ خەتنى قوينىغا

سېلىپ، سەلسالخاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەرز قىلاي، دەپ ئۇنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدى. سەلسالخاننىڭ بارگاھىغا بېرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇردى. سەلسالخان:

— ئەي مۆھتەر دەۋران، نەچچە ۋاقىتتىن نەلەردە يۈردۈڭ؟ سېنى كۆرمىدىم، — دېدى. يەزەك:

— ئەي شەھرىيار، مەن شەمسىيە بانۇنىڭ يېنىدا ئىدىم، شەمسىيە بانۇنىڭ سارىيىدا ۋەقە يۈز بەردى، — دەپ ئىشنىڭ يىپ - يىڭنىسىدىن تۇتۇپ ھەممىسىنى سەلسالخانغا يەتكۈزدى، — ھالۋەت شاھنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ھالۋەت شاھنى تاشقىرى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتماقچى بولغانىدىم. ئۇ بۇ قەغەزنى ساڭا چىقىرىپتۇ، ئۆزى شەمسىيە بانۇ بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئەي شەھرىيار، بۇ ئىشنىڭ نومۇسىنى ئۆزىڭىزدىن يىراق قىلىڭ. سىزنىڭ ئەھلى-ئاياللىرىڭىز ئىسكەندەرنىڭ شاتۇرىغا[1] ئاشىق بولغانىكەن، — دېدى.

سەلسالخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ، دەرھال ئاتقا مىنىپ ھالۋەت شاھنىڭ چېدىرىغا راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە شەمسىيە بانۇغا:

— يەزەك سەلسالخاننىڭ ئوردىسىغا كېتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر يەتتى. ئۇ دەرھال دورا بىھوشنى يەپ بىھوش ياتقان ئاتىسى ھالۋەت شاھنىڭ مەيدىسىنى دەسسەپ تۇرۇپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇ ئۆز كىشىلىرىگە:

— دەرھال چېدىرنىڭ ئىچىنى كولاپ ھالۋەت شاھنى

---

① شاتۇر — خىزمەتچى، ياش مۇلازىم، تېز خەۋەرچى.

كۆمۈڭلار، ئەمدى بۇلارغا ئىلاج يوق. مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىن دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بارايلى، ئەگەر ئۆزىمىزنى شەھرىيارنىڭ ھىمايىسىگە ئالمىساق، ئەلۋەتتە ئامان بولالمايمىز، — دېدى ھەم شەمسىيە بانۇ ئۆزىنى غۇلاملارغا ئوخشاش ياساپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ، ئون ئىككى غۇلام ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن ھالۋەت شاھنىڭ بېشىنى ساندۇققا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. شەمسىيە بانۇ مېڭىش ۋاقتىدا بۇ يەردىكى مۇئەككەللەرگە:

— مەن شەھەرگە بارىمەن. ئۇ جايدا ھازىرقى كېنىزەكلەر بىلەن دوستلىشىمەن. ئاتام بارگاھتا، ئۇ ھېچقانداق كىشى كىرمىسۇن دەيدۇ، دەپ ئېيتىڭلار، — دېدى. شەمسىيە بانۇ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ لەشكەرلەردىن ئايرىلىپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەلسالخان ۋە يەزەك باتۇرلىرى بىلەن ھالۋەت شاھنىڭ بارگاھىغا كەلدى. سەلسالخان ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. ھالۋەت شاھنىڭ بارگاھىغا قەدەم قويدى. بارگاھتا ھېچقانداق كىشى كۆرۈنمىدى. يەزەكنى چاقىرغان ئىدى، ئۇ بارگاھقا كىردى. ھالۋەت شاھنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈنمىدى، ھۇجرىسىغا قارىدى. ساندۇقلار قۇپقۇرۇق بولۇپ قاپتۇ. قالغان بىساتلارنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، بىر دۈۋە توپىنى كۆردى. يەزەك مۇلازىملارغا:

— توپىنى بىر تەرەپ قىلىڭلار، — دېدى. ئۇلار كۆردىكى، ھالۋەت شاھنىڭ تېنى تۇپراق ئاستىدا ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇنى توپىدىن ئالدى.

— ئەي شەھرىيار، شەمسىيە بانۇ ئەسلى ئىسكەندەرنىڭ

ئېتىقادىدا ئىكەن. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى بىلەن بىرلىشىپ شاھنى ئۆلتۈرگەنىكەن، — دېدى. سەلسالخان:

— ئۇلار ھالۋەت شاھنىسى ئۆلتۈرۈپ بۇ يەردىن كېتىپتۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ، بېشىغا توپا چېچىپ پەرياد قىلدى. يەزەك:

— ئەي شەھرىيار، يىغلاپ قايغۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق، ئارقىسىدىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئۇ مەككارنىسى تۇتۇپ كېلەيلى، ئۇلار جەزمەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ماڭدى. چۈنكى ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارىنىڭ بولغۇسىخوتۇنىدۇر، — دېدى. سەلسالخان سەردارلارغا:

— ئاراڭلاردىن بىرى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، شەمسىيەنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسۇن، ئۇنىڭغا سىياسەت قىلىمەن، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سەردارلار غەزەپلەندى. سەردارلارنىڭ ئارىسىدىن سەيياد ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا مەن ئىككى مىڭ كىشى بىلەن بۇ خىزمەتكە بارسام، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ مۇكەممەل قوراللىنىپ، ئوغلى رەيھان شاھ بىلەن يولغا راۋان بولدى.

بۇ خەۋەر بەرق فەرەڭگە يەتتى. بەرق فەرەڭ ئوردىدىن چىقىپ مەرگەن شەمسىيە بانۇنىڭ يېنىغا ماڭدى. بۇ خەۋەر شەمسىيە بانۇغا يەتكەندە، شەمسىيە بانۇ دەرھال يولغا چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا شەمسىيە بانۇ ھودۇقۇپ تاغ تەرەپكە چىقىپ ياردەم كۈتۈپ تۇرغانىدى. پالۋانلار چۇقان - سۈرەن تارتىپ ئۆزىنى سەلسالنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇرۇپ، ئۇلارنى تارمار قىلىپ، سەلسالنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدىن چىقىپ تاغ تەرەپكە (شەمسىيە بانۇنىڭ قېشىغا) يېتىپ كەلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشىقى ئۆچۆن دىۋانە بولغاندەك بەرق فەرەڭ يېتىپ كەلدى. پالۋانلار:

— ئەي فەرەڭى، يالغۇز كەلگىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى. دەرھال ساھىبقىرانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يادەمچى باشلاپ كېلىڭ. سەييادنى ئۆلتۆرۆش ئىشىنى بىزگە قويۇڭ، قارىغاندا سەلسالخان يەنە لەشكەر ئەۋەتىدۇ،— دېدى. بەرق دەردمەن دەرھال ھۇمايۇنغا ماڭدى. بۇ چاغدا پىيادىنىڭ لەشكەرلىرى تاغدىن چۈشۈپ سەلسالنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، تىرىپىرەن قىلدى. سەييادقا:

— بىر پىيادە (باتۇر) شەمسىيە بانۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تولا پىداكارلىق كۆرسەتتى،— دەپ خەۋەر يەتتى. سەيياد ئۇ پىيادە تەرەپكە كەلدى. ئۇنىڭغا قارىدى. پىيادىنىڭ كۆزى يىراقتىن سەييادقا چۈشتى. خالتىسىدىن تاشنى ئېلىپ پالاققا سېلىپ، نىشانلاپ ئاتقانىدى، تاش ئاتنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى. سەيياد ئات بىلەن تەڭ يىقىلىپ چۈشتى. سەيياد ئاتنىڭ ئاستىدىن تۇرغۇچە پىيادە باتۇر كېلىپ پالاق بىلەن بېشىغا ئۇرغانىدى، سەييادمۇ جايىدىلا ئۆلدى. لەشكەرلەر سەردارىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ۋەھىمە بىلەن تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. رەيھان بىلەن يەزەك لەشكەرلەرگە تەسەللى بەردى. يەزەك سەلسالنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ بولغان ۋەقەنى بايان قىلغانىدى، سەلسال زىيادە بىئارام بولدى. بەھرام بود پۇشتىنى ئون مىڭ كىشى بىلەن بۇيرۇدى. بەھرام رەيھان تۇرغان جايغا يېتىپ باردى. ئىككىنچى قېتىم جەڭ بولدى. ئۇ تەرەپتىن بەرق فەرەڭ يىغلاپ جەمشىد بارگاھىغا يېتىپ كىرگەنىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي فەرەڭگى، ساڭا نېمە بولدى. نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ — دېدى. بەرق بولغان ۋەقەنى بايان قىلغاندى، ئىسكەندەر:

— شەمسىيە بانۇ بىزگە خىزمەتنى ناھايىتى يەتكۈزۈپ قىلدى. ئۇ نازىنىن دۈشمەنىنىڭ قولىدىن نىجات تاپسۇن، — دېگەندى، پالۋانلار ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت كەمىرىنى باغلىدى. ئابدۇلھېمىد ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەمسىيە بانۇنىڭ بىزنىڭ گەدىنىمىزدە ھەق خىزمىتى بار. ئەگەر رۇخسەت بولسا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقسام، — دېدى.

ئىسكەندەر خۇش بولۇپ رۇخسەت بەردى. شاھزادە سەككىز مىڭ كىشى بىلەن يولغا راۋان بولدى. مۇھتەر نەسىم باش بولۇپ ياردەم بېرىشكە تۆت مىڭ ئەييار بىلەن تاغنىڭ باغرىغا باردى. زەپەر لەشكىرى بېرىپ ئۇلارنى تارمار قىلدى. بۇ چاغدا سەلسال لەشكەرلىرى ئىشنى پىيادىگە ئوخشاش قىلغانىدى، نەسىم بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ شەمشىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ سەلسال لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. يەزەك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، سەلسالخانغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن سەلسالنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، سەردار ۋە لەشكەرلىرى بىلەن ياردەمگە باردى. ئەلھاسىل شۇكى، بەرق بۇ خەۋەرنى دەرھال ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ يەنە لەشكەر ئەۋەتتى. يەزەك بۇ ھەقتە سەلسالخانغا خەۋەر بەردى. سەلسالخان بۇنى ئاڭلاپ ياردەم بېرىشكە يەنە لەشكەر ئەۋەتتى. سەلسالخاننىڭ ھېسابسىز قوشۇنى ئاخىرى ئۇ تاغقا قاراپ ماڭدى. سەلسالنىڭ ياردەمگە كەلگەنلىكى ئىسكەندەرگە يەتتى. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ سەلتەنىتى

بىلەن بەرققە ياردەمگە ئاتلاندى. بەرق دۆلەت ئىقبالى بىلەن تاغنىڭ باغرىغا باردى. دىلاۋەرلەرۋە سىپاھلارغا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. بۇ چاغدا مەغلۇبىيەت سەلسال تەرەپكە يۈزلەندى، قىيامەت قايىم بولدى. مۇشۇ پاتپاراقچىلىق ئارىسىدا فەرەڭ دىلاۋەر سەلسالخاننىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغان تەختىدىن يۇلۇۋېلىپ، ئۇلارغا مەردلىكىنى نامايان قىلدى. شۇ ئەسنادا ھاۋادىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قول پەيدا بولۇپ سەلسالخاننىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ، فەرەڭنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ كۆككە چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا فەرىدۇن سانى ئۆزىنى ئەلەمدارلارنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ، ئەلەمدارنى ئەلىمى بىلەن يىقىتتى. سەلسالنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىدى. پالۋانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇلارنى ئۇر - چاپ قىلدى. كۆپ غەنىمەتلەرنى ئولجا ئالدى.

خىسرەۋ سۇپەت كىشۋەر شەمسىيە بانۇنى ئېلىپ غەلىبە بىلەن بارگاھىغا راۋان بولدى. سەردارلار بىلەن شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، بارگاھنى تىكىپ جەڭنىڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى.

يەنە بىر كۈنى نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، بۈگۈن بەرقنى كۆپ تۇتمىسىڭىز، بانۇنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىنتىزارلىقتا قويمىسىڭىز، — دەپ ئەرز قىلغانىدى، ئىسكەندەر:

— ئەي بۇرادەر، مەن ھەم بۇ خىيالدا ئىدىم، — دېدى ھەم ئەمىر قىلىپ بەرق ئۈچۈن بارگاھتا ئايرىم خانا بەردى. ئارستۇ ۋە مۇھەممەد ئىبنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام[89]نىڭ شەرىپلىرى بىلەن شەمسىيە بانۇنى بەرق فەرەڭنىڭ ئەقىدىسىگە كەلتۈرۈپ، ئەرقىسىنىڭ① قائىدىسى بىلەن توي قىلىپ، شەمسىيە بانۇنى بەرقنىڭ چېدىرىغا ئېلىپ بېرىپ بەرققە تاپشۇردى. ئۇلار

---

① ئەرقىس — يېڭى توي بولغان يىگىت.

ئىنتىزار بولغان ۋىسال ۋەسلىلىرىگە ئېرىشتى. تاڭ ئاتتى. بەرق مۇنچىغا داخىل بولدى. شەھرىيار بەرق ئۈچۈن ساروپاي ئەۋەتىپ بەردى. بەرق ئۇنى كىيىپ ئۆز بارگاھىغا باردى. ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ شاھزادىلەر، پالۋانلار، ئەييارلار بىلەن بەرقنىڭ بارگاھىغا كەلدى. بەرق تاشقىرى چىقىپ خىسرەۋنىڭ تاج تەختىنىڭ ئىززەت - ئىكرامىغا مۇشەررەپ بولدى. شەمسىيە بانۇ بۇ ئىززەت ۋە ئىكرامنى كۆرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ بەرققە بولغان مېھرىبانلىقىغا قاراپ، بەرققە بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئېشىپ، بەرقنىڭ مۇھەببەت دىلىغا چاي تۇتتى. پەرۋەردىگار ئىرادە قىلسا ھىندىستان قايغۇسىدا جەم بولۇرمىز.... بەرقنىڭ شەھۋەت قېنىدىن شەمسىيەنىڭ رەھمىتىدە شۇنداق ئەييار ۋۇجۇدقا كېلۇر. ئەييارلىق، تەقۋادارلىق ئالىمىدە قانچىلىغان دوستلار بېرىپ كۆرسۇنكى، خىسرەۋ تاج - تەختىنىڭ بارلىق ئەييارلىرى ئۇلار ئۈچۈن مەي تۇتۇپ پەرۋانە بولۇشنى خالىغۇسى.

## ئاتمىش سەككىزىنچى قىسسە، سەلسالخاننىڭ كۇھقاپقا بېرىپ ھەزار داستاننى ئېلىپ كەلگەنلىكى، ھەزارداستاننىڭ ئىسكەندەرنى بەنتكە تارتىپ، ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ تەختىدە ئولتۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، ئىككىنچى جىلدنىڭ رىۋايەتچىلىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ھاۋادىن قول پەيدا بولۇپ سەلسالخاننى

فەرەڭنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، دەمامە ۋە ئەزازۋلنىڭ ماكانىغا ئېلىپ بېرىپ، مارۋەس ۋە مەھنازنىڭ بارگاھىغا قويدى. مارۋەس سەلسالخاننىڭ ئايغىغا يىقىلىپ ھال سوردى. سەلسالخان جاراھەت يۈزىنى يەرگە قويۇپ:

— ئىسكەندەرنىڭ قولىدا شەمامە قەتل قىلىنغاندى. ھازىر ھالۋەتنىڭ قىزى شەمسىيەنى ئۆزىنىڭ شاتۇرىغا بەردى. ئەمدى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى، — دېدى. مارۋەس:

— بۇنى ئىسكەندەردىن كۆرگىن، ھەزارداستاندىن باشقا كىشى ئىسكەندەرگە تەڭ بولالمايدۇ. كۆھىقاپقا ئادەم ئەۋەتىپ ھەزارداستان دېۋنى كەلتۈرمىسەك، ئۇنىڭ باشقا ئامالى يوق، — دېدى. سەلسالخان :

— بىر ھىيلە بىلەن بۇ بەندىنىڭ چارىسىنى قىلالايمىز. ئۇ مېھرىبانلىقتۇر، — دېدى. مارۋەس ھەزارداستان دېۋە ئۇچۇن نامە پۈتۈپ، كۆپ ئالماس بىلەن ئەۋەتمەكچى بولغاندى. سەلسالخان:

— ئەي مارۋەس، ئىلگىرى ھەزارداستاننى تەلەپ قىلىپ جىنلارنى بۇيرۇغاندىڭىز، لېكىن ھېچقانداق جاۋاب بولمىدى. ئەمدى ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، مەن بېرىپ ئۆز زارىم بىلەن تەلەپ قىلسام بەلكىم بۇ تەرەپكە كېلەر، — دېگەنىدى، بۇ سۆز مارۋەسقا ياقتى. سەلسال كۆپ تارتۇق، سوۋغا، تۆھپىلەر تەييار قىلدى. مارۋەس جىنلارغا ئەمىر قىلىپ، تەخت كەلتۈرۈپ سەلسالنى تەختكە ئولتۇرغۇزدى. ئۇنى جىنلار كۆتۈرۈپ كۆھىقاپ تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ھەزار داستاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىپ تەختىنى يەردە قويدى. سەلسال نامىنى ھەزارداستاننىڭ قولىغا بەردى. ھەزارداستان نامىنى ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن سەلسال تۆھپە، سوۋغا - سالاملارنى ھەزارداستاننىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭغا:

— ئەي باتۇر، داد ۋە پەريادىمىز شۇكى، مۇشۇ كۈنلەردە ھەر كىم ئىسكەندەرنىڭ بالاسىدا، ئۇنى ئىسكەندەر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ دىيارىمىزغا خاتا كېلىپ مېنى خانىمانەمدىن ئاۋارە قىلدى. مەن ناچار بارگاھىڭغا لات يۈزىنى يەرگە قويدۇم، ھۇزۇرىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدۇرسىڭىز. ماڭا سىزدىن بۆلەك مەدەدكار يوق، — دېدى.

ھەزارداستان:

— ئەي سەلسال، غەم يېمىگىن. سېنىڭ بېشىڭغا كۈن چۈشۈپتۇ. مېنىڭدە بىرئاز زەھەرلىك ئىچىملىك بىلەن قىلىچ بار. مەن ئۇلارنى ساڭا بېرەي. مەندىن ئىلگىرى شەھەرگە بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، بۇ سىرلىق قىلىچ بىلەن مەيدانغا كىرىپ، ھەر كۈنى ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىنى بىردىن- بىردىن چاقىرىپ زەھەرلىك قىلىچ بىلەن ھالاك قىلغىن. تا مەن بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىقىغا ھالقا سالغۇچە داۋام ئەتكىن. بۇ ۋەقەتىللاردا داستان بولۇپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرسۇن، — دېدى.

ئۇ ھارامزادە كۆھىقاپتىن قورالالارنى ئېلىپ، شەھرىيار بىلەن جەڭ قىلىش مەقسىتىدە شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ھەزارداستان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەزازۇلنىڭ ماكانىغا بېرىپ، مارۋەس ۋە مەھناز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلار بىلەن ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. ھەزار داستان سەلسالخانغا قاراپ:

— ئۆز لەشكەرلىرىڭنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىدىن ئىنتىقامىڭنى ئالغىن، — دېدى. سەلسالخان ئۇ ھارامزادىگە دۇئا قىلىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. سەلسالنىڭ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قارشى ئېلىش دۇمبىقى چېلىندى. شۇ كۈنلا سەلسالخان تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى. ئىسكەندەر ھەم جەڭ دۇمبىقىنى ئۇرۇشقا

ئەمر قىلدى. ئەمما شاھ بەھەيۋەت بارگاھىدىن چىقىپ سەجدىدە تۇرۇپ تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. مۇھتەرەم نەسىم بىلەن مۇھتەر مەھمۇد بارلىق ئەييارلار بىلەن مەسچىتنىڭ ئىشىكىدە سەجدىدە تۇردى. ئۇ كۈنى كەچ كىردى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، ھەزارداستان شەھەرنىڭ قەسرىدە ئارستو سۈرىتىدە بولۇپ مەسچىتنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئەييارلار ئارستونى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ تۇردى. ھەزارداستان سېھىر بىلەن نېمىنىڭ سۈرىتىدە بولىمەن دېسە شۇ سۈرەتتە بولالايتتى. ئۇ ھارامزادە:

— ماڭا كۆرۈنۈش بېرىڭلار، ئىسكەندەر بىلەن مۇرەسسە قىلىمەن، — دېدى. مۇھتەر مەھمۇد پەردە غەرقىنى[1] كۆتۈرۈپ:

— شەھرىيار، ئارستو مەسچىت ئىشىكىدە سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مەن نەچچە قېتىم، ئېيتتىم، ئارستو كەلسە توسماڭلار دەپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەر، — دېدى.

ھەزارداستان ئوردىغا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئىسكەندەرگە قاراپ:

— شەھرىيار، ئەسلى سەلسالخان شەھرىگە بىراقلا ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ شەھەرنى بويسۇندۇرساق بولاتتى. بىراق ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، سەلسال دىۋىنى ئېلىپ كەلگىلى كېتىپتۇ، ھەزارداستان كەلگۈچە شەھەرنى بىر تەرەپ قىلساق، بولمىسا ھەزارداستان كەلگەندىن كېيىن سەلسالخان قۇدرەت ـ كامال تاپىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي دوست، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك بولسۇن، مېنىڭ خىيالىممۇ شۇنداق، — دېدى. ئۇ ھارامزادە

[1] پەردە غەرق — ياخشى بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەردە.

بۇ توغرۇلۇق كۆپ شەرھى سۆزلەرنى قىلدى. ئاجايىپ ئىشكى، دۇئا ئادەمزادقا ئەقىل ئۆگەتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتا خوپ غەلىبە قىلىمەن دەپ بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ھەزارداستان دورا بىھوشنى ئىسكەندەرنىڭ دىمىقىغا پۈركىدى. ئىسكەندەر بىھوش بولدى. ھەزار ئىسكەندەرنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ سولاپ قويدى. ھەزار يېنىپ كېلىپ ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ جايىداسەجدىدە ئولتۇردى. تاڭ ئاتتى. ھەزارداستان مەسچىتتىن چىقتى. ئەييارلار كېلىپ دۇئا ۋە سانالار ئېيتتى. ئەمما ئەييارلار ئارستونىڭ يېرىم كېچىدە ئوردىغا كەلگەنلىكىنى كۆردى. لېكىن يېنىپ چىقمىدى. مۇھتەر مۇھەممەد:

— ئارستو ئەجەب چىقمىدى، — دېدى. ھەزارداستان:

— ئەي ئەييار، ئۇنداق يالغانچىلىق قىلمىغىن. ئارستو چىقىپ كەتكىلى خېلى زامان بولدى، — دەپ خەنجەر بىلەن مۇھتەر مەھمۇدنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. مۇھتەر مۇھمۇد بىچارە يەرگە يىقىلدى. جانىنى ھەققە تەسلىم قىلدى. نەسىم ۋە باشقا ئەييارلار ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغا - زارە قىلىشتى. ئەمما ھېچقانداق كىشىنىڭ دادلىشىغا ھەددى يوق ئىدى. ئۇ هارامزادە بارگاھى جەمشىدكە بېرىپ تەختتە ئولتۇردى. ئەمما ئارستو بارگاھىدىن چىقىپ، ئەييارلار ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغا - زاردا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغاندى، ئەييارلار:

— سىزنىڭ كېچىدىكى قەدىمىڭىزنىڭ بەرىكىتىدىن ئىسكەندەر مۇھتەر مەھمۇدنى ئۆلتۈردى، — دېدى. ئارستو:

— سىلەر ئەقلىڭلاردىن ئازدىڭلارمۇ؟ مەن ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا ھېچ ۋاقىت بارمىدىم، ھەق ئىسكەندەر تەرەپتىدۇر، — دەپ بارگاھى جەمشىدكە باردى. ئارستو ئۆز جايىدا ئولتۇردى. ھەزارداستان غەزەپلەنگەن ھالدا ئولتۇراتتى.

خىسرەۋخان بارگاھقا كېلىپ:
— شەھرىيار، تۈنۈگۈن جەڭنى ئەتە قىلايلى دەپ ئېيتقان ئىدىلەر، پالۋانلار تەييار بولۇپ جەڭگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمرىڭىزنىڭ بۇيرۇقى قانداق بولاركىن، — دېدى. ھەزارداستان:
— سېنى، پادىشاھلارنىڭ ئەمرىگە قوشۇق سېلىپ ئاتىكاچىلىق قىلىدىغانغا كىم قويدى؟ بۇ سەرگەرداننى تۇتۇپ قولىدىن ئېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. خىسرەۋخاننى تۇتۇۋېلىپ ئېسىپ قويدى. بارگاھتا غۇلغۇلا پەيدا بولدى. سەردارلار ۋە پالۋانلار ئەڭگۈشتەرنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ دىمىقىغا ئاراز يېتىپتۇ، دېيىشتى.
ئەلقىسسە، ھەممە سىپاھلار، سەردارلار، پالۋانلار، ئەييارلار ۋە لەشكەرلەر ئارىسىدا غەم - ئەندىشە پەيدا بولدى. ئۇ كۈنى كەچ كىردى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى قارشى تەرەپتىن ياڭرىدى. سەقلاپ جىن بارگاھقا كىرىپ، ھەزار داستاننىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ:
— شەھرىيار، دۈشمەن تەرەپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئەمرىڭىزنىڭ بۇيرۇقى قانداقكىن، — دەپ تۇردى. ئۇ ھارامزادە:
— ئەي بى دۆلەت، دۈشمەن تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقى چالغاننى ئاڭلىدىم. ساڭا خىسرەۋخاندىن ئىبرەت بولماپتۇ، پادىشاھقا نېمە ئۈچۈن ئاتىكاچىلىق قىلىسەن؟ بۇ بېئەدەپنىڭ قۇلاق- بۇرنىنى كېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كەستى. ئۇنى كۆرۈپ سەردارلارنىڭ ھەيرەت - تەئەججۈپى زىيادە بولدى. ئۇلار:
— ئەگەر، ئىسكەندەر بۇ خىل زۇلۇم بىلەن مەغرۇرلانسا، بىزگە ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىش بىمەنىدۇر، — دېيىشتى.
ئەلقىسسە، ئۇ كېچىنى ھەم ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ ئۇرۇشقا تەييار بولدى. سەلسالخان

سىھىرلىك ئۇرۇش كىيىمىنى كىيىپ، دۇبۇلغىسىنى بېشىغا كىيىپ، زەھەرلىك قىلىچنى بېلىگە باغلاپ، مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى تەرەپتىن تەمھالخان مەيدانغا كىردى. ئۇلار بىر پەس نەيزىۋازلىق قىلغاندىن كېيىن، تەمھالخان سەلسالخاننىڭ بېلىگە قىلىچ ئۇردى. قىلىچ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قىلىچ كار قىلمىدى. تەمھالخاننىڭ رەڭگىرويى ئۆچتى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— بۇ ھارامزادە روييىنتەن ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قۇدرەت - كامالدۇر؟ — دەپ ھەيران بولدى. بۇ چاغدا سەلسالخان زەھەرلىك قىلىچنى قىنىدىن ئېلىپ:

— باتۇرنىڭ قىلىچىنىڭ دەھشىتىنى تېتىپ باققىن، — دەپ تەمھالخانغا ۋارقىرىغانىدى، تەمھالخان ساۋۇت تۇتۇپ قىلىچنى توسىدى. قىلىچ قالقاننىڭ قۇببىسىگە تەگكەنىدى، تەمھالخان بېشىنى قاچۇردى، قىلىچ كېلىپ پېشانىسىگە تېگىپ مەجرۇھ قىلدى. تەمھالخان خۇددى بېشىغا بىر مەش ئوت قويۇلغاندەك ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلالماي قالدى. ئەييارلار كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆز بارگاھىغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزدى. سەلسالخان مەيداندا يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ كەينى - كەينىدىن كىرگەن ئىككى پالۋاننى ئۆلتۈرۈپ قىلىچىنى قان قىلدى. بۇنى كۆرگەن پالۋانلار ئىچىدىن مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلىدىغان كىشى چىقمىدى. سەلسالخانغا ھەر قانچە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ كار قىلمىدى. ئۇتىغ ئۇرسا پالۋانلار تىغ تەگكىنىنى بىلمەيلا قالاتتى. بۇنى كۆرگەنلەر قورقۇپ مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. سەلسال ھېچقانداق مۇرەسسە قىلمايلا، ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىغا تىغ ئۇرۇپ ھالاكەتكە تاشلىدى. پالۋانلار ئارىسىغا بىر خىل ۋەھىمە چۈشتى.

شۇ ئەسنادا بىر ئاق كىيىملىك نىقابدار پەيدا بولدى. ئۇ بۇ مەيداننى كۆرۈپ دەرھال مەيدانغا كىرىپ سەلسالنىڭ ئالدىغا

بېرىپ دەھشەتلىك ئېلىشتى. سەلسال قىلىچنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ نىقابدارغا ئۇردى. ئۇ پالۋان بېشىغا قالقان تۇتتى. قىلىچ قالقاندىن ئۆتۈپ نىقابدارنىڭ بېشىغا ئىككى ئىلىك كىردى. نىقابدارنىڭ ھەمراھلىرى:

— نىقابدارنى ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى. بۇ چاغدا سەلسالنىڭ لەشكەرلىرى مەيدانغا تۆكۈلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ھەم مەيدانغا تۆكۈلدى. مەيدان چاپ - چاپقا چۈشتى. شۇ پەيتتە باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون لەئىل ئەلەمىنىڭ نىشانىسىدە ئون مىڭ كىشى بىر ئادى فەرىڭى ئىسكەندەرنىڭ جېڭىگە كەلگەنىدى. ئۇ مەشۇقى مەرجان جادۇ ئۈچۈن جەزابەرنى بىرگە ئېلىپ كېلىپتۇ. ئۇ كەركىدانىنىڭ يانپىشىغا مىنىپتۇ.

زەنگىبارنىڭ قەتران شاھ ئىسىملىك ھاكىمى بار ئىدى. ئۇ جەزابەر قەتراننىڭ قېشىدا ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ، ئىسكەندەر شەھىرى سەلسالغا كەپتۇ، دەپ خەۋەر ئاڭلىدى. ئۇ، ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى جەمشىد، ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقى، نامدار پادشاھلارنىڭ خەزىنىلىرى ئىسكەندەرنىڭ قولىدا بار، دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىلسىز شاھ قەتراننى يولدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھېسابسىز لەشكەرلىرى بىلەن ئۆزى ئەللىك مىڭ زەنگىدىن لەشكەر توپلاپ، سىپاھلارنى باشلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان جايىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كېلىپلا ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇردى. ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. قارشى تەرەپ قايتىش ناغرىسىنى چېلىپ جەڭدىن قايتتى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلدى.

سەلسالخان قەتران شاھنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، قەتران شاھقا ئوڭ قولىدىن، جەزابەرگە سول قول تەرەپتىن ئورۇن بەردى.

ئەلقىسسە، نىقابدار تەرەپتىن بىر باتۇر ئارستونىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئۇ نىقابدار زەھەرلىك قىلىچنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئۆز ھالىنى بىلمەي يېتىپ قالدى، زامان ھېكىمى بېرىپ زەخمىنى تېڭىپ قويغان بولسا، — دېدى. ئارستو تېۋىپلىق ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاق كىيىملىك نىقابدارنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئۇنىڭ زەخمىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— سىزنىڭ زەخمىڭىز دورا قوبۇل قىلمايدۇ، — دېدى. نىقابدار:

— بىر ئىلاج قىلىپ بېقىڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئارستو نىقابدارنىڭ زەخمىنى تاڭدى، ياستۇققا ياتقۇزدى. ئۇلار ھەر جەھەتتىن سۆز قىلىشتى.

ھەزارداستان ھارامزادە بارگاھقا نەزەر سالدى. ئۇ ئارستونىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— ئارستو قېنى؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— نىقابدار زەخمىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئۇنى چاقىرتىپ كەتكەنىدى، — دېگەنىدى. بۇ سۆز ھەزارداستانغا خۇش ياقمىدى. ھەزار:

— بىر كىشى بېرىپ ئارستونى ۋە خىزىرنى ئېلىپ كەلسۇن، ئۇنىڭغا شۇنداق تارتۇق قىلايكى، ئۇ تىرىكلىكىدە مېنىڭ بۇيرۇقۇم بولماي ھېچيەرگە بارمىسۇن، — دېدى. بۇ چاغدا كىيابانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ ھەرگىز مەنمەنلىكتىن قىلغان ئىش ئەمەسكى، بەلختە ھېچقانداق كىشى نىقابداردەك بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىدى. ھازىر سەلسالدەك دۈشمەن ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ بىر زەھەرلىك تونىنى كىيىپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسە كار قىلمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا بىر قىلىچ بار ئىكەن، ھەرقانداق كىشىگە ئۇرسا تىرىك قالمايۋاتىدۇ. يەنە قەتران شاھ

بىلەن جەزەبەر ئادى ياردەمگە كەپتۇ. بۇنداق ئەھۋالدا سىز نېمە ئۈچۈن پالۋانلارنى ئۆزىڭىزدىن رەنجىتىسىز؟ خىسرەۋخاننى يوق قىلدىڭىز، مۇھتەر مەھمۇدتەك سېھىرگەرنى ھالاك قىلدىڭىز، سەقلاپ خاننى جازالاپ، قۇلاق - بۇرنىنى كېسىپ مەجرۇھ قىلدىڭىز، ئەمدى ئارستونى جازالىماقچى بولىۋاتىسىز، بۇ پادشاھلىقىڭىزغا خاس ئىش ئەمەس. سىز بۇنداق قىلسىڭىز، پات پۇرسەتتە سەردارلار سىزدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىدۇ. بۇنداق ئىشنى ئىلگىرى ھېچكىشىگە قىلمىغان ئىدىڭىز، ھازىر نېمە بولدى؟ بۇنداق ئىشلار سىزدىن بولىۋاتىدۇ، — دېدى. ھەزارداستان ھەي، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي قانجۇق، ساڭا نېمە قويدى؟ ماڭا نېمە ئۈچۈن نەسىھەت قىلىسەن؟ ھەم بۇنداق سۆز قىلىسەن، مەن ساڭا ئېيتىپ قويايكى، يۈزۈڭگە تامغا ئۇرۇپ پالايمەن ھېلى بىكار، ئۇ چاغدا پۇشايماندا قالىسەن. خوتۇن كىشىگە پادشاھلارنىڭ بارگاھىغا كىرىپ سۆز قىلىدىغانغا نېمە قويدى؟ بۇنداق قىلىش ئەسلا لايىق ئەمەس، — دېدى. كىيابانۇ:

— سېنىڭچە ھەممە كىشى سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ساڭا خىزمەت قىلسا بولىدىكەن، ئۇنداق بولمايدىكەن جازاسى شۇنداق بولامدۇ؟ مۇنداق بولغاندا ھەممە كىشى يىرگىنىدۇ، — دېدى. بەس، بانۇ زابىلىستانى ھەسرەت - نادامەت بىلەن بارگاھتىن چىقتى. ئۇ كېتىۋېتىپ: بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ زاماندا ئۆمرۈمنى ئەيش - ئىشرەت، خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزمەيمەن. بۇ مەردىنىڭ يولىدا ياشلىق چاغلىرىمنى غەشلىكتە ئۆتكۈزدۇم. مەرھابا باھار جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ، شۇنداق يارسىزلىق قىلدىمكى، ھېچكىشى شەھرىيارغا مەندەك خىزمەت قىلمىغان بولسا كېرەك، دېدى. كىيابانۇ ئۆز بارگاھىغا كېلىپ چېدىر ۋە بارگاھنى ئۆرۈشنى بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ تۆت مىڭ كىشىسى بىلەن

بارگاھلىرىنى يۆكلەپ سېپىستان تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ ئىشتىن پەرھەتمۇ خەۋەر تېپىپ، ئانىسىغا قاراپ ۋارقىرىغانىدى، كىيابانۇ:

— ئەي ئاناڭنىڭ جېنى، ئىسكەندەر مېنى رەنجىتتى. مەن يۇرتۇمغا قايتىپ كېتىمەن، — دېدى. پەرھەت:

— ئەي پاسىبان ئانا، ئۇنداقتا مەن ھەم ئىسكەندەرنىڭ قېشىدا تۇرمايمەن. سىز بىلەن يۇرتقا كېتىمەن، — دېدى. كىيابانۇ:

— ئەي جېنىم ئوغلۇم، ئىسكەندەر مېنى قوغلىدى، لېكىن ساڭا سۆز قىلمىدى. ئۇ ماڭا، مەزلۇملارغا پەقەت ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىلا لايىق، دېدى. شۇڭا مەن ئۆيۈمگە قايتىمەن. بۇ دەل تۈزىنى يەپ تۇزلۇقىغا سىيىپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى. ساڭا ئىسكەندەردىن ھېچقانداق رەنج - مۇشەققەتلىك يەتمىدى. شۇڭا ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىدە بولغىن، — دېدى. پەرھەت:

— ئەي ئانا، مەن ئەلۋەتتە سىز بىلەن كېتىمەن. سىزدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ، — دېدى. كىيابانۇ:

— ئەگەر بەرگەن سۈتۈمگە رازى بولسۇن دېسەڭ، ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىدە بولغىن. پالۋانلار، پەرھەت ئانىسىنى ئىسكەندەردىن قاچۇردى، ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئانىسىغا ئەگىشىپ كەتتى دېمەمدۇ؟ — دېدى.

ئەلقىسسە، پەرھەت يىغلىغىنىچە قالدى. كىيابانۇ تۈت مىڭ كىشى بىلەن ئۆز ۋەتىنى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئارستو نىقابدارنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى، مۇھتەر نەسىمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى كىرىپ كەلدى. ئۇ:

— ئەي ئارستو، سىزنى ئىسكەندەر چاقىرىدۇ، — دېدى. ئارستو ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ھەزارداستان ئۆزىنى بېسۋالغان ھالدا:

— ساڭا كىم ئۇ يەرگە بېرىپ نىقابدارنىڭ زەخمىنى

تاشقىن دېدى؟ ــ دەپ كايىدى. ئارستو سۆزلىگىچە نەسىمنىڭ شاگىرتى:

ــ بۇ نىقابدار سىز ئۇچۇن جان پىداكارلىق قىلىپ يارىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ زەخمىنى داۋالاپ جانىنى ساقلاپ قالسا نېمە يامىنى بار؟ ــ دېدى. ھەزارداستان:

ــ بۇ نىمجان هارامزادىنى تاشلاڭلار، ــ دېدى.

ئارستو بۇ هالنى كۆرۈپ، ئۇنى تاشلاشقا كۆڭلى ئۇنىماي، بۇ نېمە ئىشتۇر، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ:

ــ شەھرىيار، بۇ غۇلامنى جازالىساق ئۇۋالچىلىق بولىدۇ، ــ دەپ ھەزارنىڭ ئالدىغا كېلىپ كىيىمىنى سىلىپ ئولتۇردى. ھەزارداستان هارامزادە تاياقنى ئېلىپ ئارستونى ئۇرغىلى تۇردى. پالۋانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆچەيگىلى تۇردى. ھەزارداستان بارگاھ ئىچىدە غۇلغۇلا بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرهال قولىدىكى تاياقنى تاشلىدى. ئارستو ئۇ دىۋنىڭ پۇتىنى سۆيۈپ ئۆز جايىدا ئولتۇردى. ئۇ تەرەپتە نىقابدارغا:

ــ ئىسكەندەر، نىقابدارنىڭ زەخمىنى تاڭغان كىشىنى گۇناھ قىلدىڭ، دەپ ئۇرۇپتۇ، ــ دېگەن خەۋەر يەتتى. نىقابدار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپ:

ــ كۆرۈڭلار، ئىسكەندەر نېمىدېگەن رەھىمسىز، ئۇ بەك رەھىمسىزلىك قىلىۋاتىدۇ. ئارستو شۇنداق خىزمەتلەرنى قىلدى. شۇنداق خىزمەتلەرنى قىلسا ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ خارلاپ ئېتىبارىنى قىلماپتۇ، هازىر مەن زەخمدار بولسامۇ بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن بولسام نامىم قالاتتى. بۇ ئىشقا پەرۋەردىگار مەدەت قىلسا، يار باقى، مۇھەممەد باقى دەپ، ئورنىدىن تۇردى. ئەمما ئەييارلىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشتى.

ئۇ كۈنى كەچ كىردى. فەرىدۇن سانى ئارستوغا قاراپ:

ــ ئەي ھېكىم، بۇ ئىشلارنى ئاتامدىن سادىر بولار دەپ

ھېچكىم ئويلىمىغان. شۇنداق جەزىملەشتۇرىمەنكى، ھازىر ھەممىمىز بەدماغ بولۇپ قالدۇق. ھازىر ھەممىمىزنىڭ ئۇلۇغى سىز. سىز مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر ئاتام ئەقلىدىن ئازغان بولسا سىز ئەمر قىلىڭ. ئۇنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلايلى. ئەگەر ئاغرىپ قالغان بولسا، سەۋەب قىلايلى. دورا لازىم بولسا ئامالىنى قىلايلى. ئۇنى ئۆلتۈرۈش لازىم بولسا ئۆلتۈرەيلى. ھازىر پالۋانلارنىڭ ھەممىسى بارگاھتا بار. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى مىڭدىن قان يۈرەك پالۋان بىلەن كېلىپ ئۆزلىرىنى بۇ بارگاھقا ئاتىغان. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ قاتتىق رەنجىتىشتە تۇرىۋاتىمىز. تاڭلا بۇ نامدارلار بارگاھنى تاشلاپ ھەر بىرى لەشكەرلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

زامانىنىڭ داناسى ئارستو خىيال دېڭىزىغا غەرق بولدى. ئۇ ھەر تەرەپلىمە كۆپ ئويلاندى. ئاخىرى ھەممە كىشى قوبۇل قىلغۇدەك بىر پىكىرنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇلارغا:

— ھارۋەس بىلەن مەھناز، دەمامەنىڭ ماكانى — كوھىقاپقا كىشى ئەۋەتىپ، ھەرزارداستاننى ياردەمگە چاقىرىپ كەلگەن، ھەزەرداستان ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېگەن ئىدى. پالۋانلار ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھەممىسى ئارستوغا:

— بۇ پىكرىڭىز ئەقىلگە ئىشارەت، — دەپ ئاپىرىن ئوقۇشتى. ئارستو ھۆكۈمالارغا قاراپ:

— ئەتە ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىڭلار، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئىنجىل[90]نى ئالغاچ كېلىڭلار، — مەن بىر نەچچە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ باقاي، سىلەر ھەم ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇپ تۇرۇڭلار. ئەگەر ئۇ ھەزارداستان دىۋە بولسا ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇسا پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ ۋە

ئۇنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەزارنىڭ رەڭگىرويى تاتىرىپ كېتىدۇ ۋە تىترەپ تۇرالمايدۇ، ئەگەر ئىسكەندەر بولسا ئىسمى ـ ئەزەمنى ئوقۇسا پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ خۇشال بولىدۇ، — دېدى. ئۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. ئارستو ھۆكۈمالىرى بىلەن ھەر بىرى بىردىن ئىنجىلنى ئېلىپ بارگاھقا كەلدى. ھەر بىرى ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. ئارستو ئىسمى ـ ئەزەمنى ئوقۇغانىدى، ھەزارداستان دېۋىنىڭ رەڭگى ئۆزگەردى. ھەر بىر قېتىمدا بىر رەڭدە بولدى. ئارستو، بۇ چوقۇم دېۋە ئىكەن، دەپ ئويلاپ:

— ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ھۆكۈمالار ئۈنلۈك ئوقۇدى. ئاخىر ئۇ دېۋە تاقەت قىلالماي، تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچماقچى بولدى. فەرىدۇن سانى، بۇ ناپاكنى ھەرگىز قاچۇرۇپ قويماڭلار، تۇتۇڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى، پالۋانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى. ھەزارداستان قۇيۇن سۈرەتلىك بولۇپ بارگاھنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ پەلەككە پەرۋاز قىلدى. ئۇ كۆكتە تۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى، مەن ئىسكەندەرنى ئوغرىلاپ بىر جايغا ئېلىپ بېرىپ سولاپ قويدۇم، ئۇنى مەندىن باشقا ھېچكىشى بىلمەيدۇ. ئۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يېتىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ھەزارداستاندۇرمەن، — دەپ پەلەككە ئۆرلەپ غايىب بولدى. سەردارلار ۋە ھۆكۈمالار بۇ سۆزدىن تولا بىئارام بولۇپ ھەسرەتتە قالدى. ئارستو دەرھال كىيابانۇغا قارىتا نامە پۈتۈشكە باشلىدى: «ئەي بانۇ زابىلىستانى، ھەزارداستان دېۋە كېلىپ ئىسكەندەرنى ئوغرىلاپ كېتىپ بىر مەخپىي جايغا سولاپ قويۇپتۇ. ئۆزى ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ تەختتە ئولتۇرغانىكەن. بىرمۇنچە پالۋانلار ئۇنىڭدىن رەنجىدى. ئۇ سىزگە غەزەپ قىلغاندىن كېيىن مېنى يۈز تاياق ئۇردى. بۇ ئىشقا ئۇردىنىكى سەردارلار بەك رەنجىدى. ئۇلار

تەرەپ ـ تەرەپكە كەتمەكچى بولدى. پىر ـ مۇرشىتلارنىڭ مەدتتى بىلەن ئۆزىگە دەرد ئېيتتۇق. ئۇ هارامزادە ئامال قىلالماي قاچتى. ئەمدى يارلىقنىڭ تەكلىپى شۇكى، هەر يەردە نامە قولىڭىزغا يەتسەبانۇ، نامدارلار بىلەن ئېتىڭىزغا مىنىپ ئوردىغا يېتىپ كەلسىڭىز، ئىسكەندەر ئارىمىزدا يوق، سەلسال ئالدىمىزدا لەشكەر تارتىپ تۇردۇ. يەنە قەتران ۋە جەزابەرلەر ئۇنىڭ يېنىدا بار. سالسال هارامزادە روينتەن ئىكەن.» نامىنى پۈتتۈرۈپ كەھەڭ ئەييارنىڭ قولىغا بەردى. خەۋەرچى كىيابانۇنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. ئارستو ئاندىن كېيىن فەرىدۇن سانىغا:

— ئەي شاهزادە، ئوردىدا بىر ئۆلۈم بولماي خۇشاللىق بولمايدۇ. ئاتىڭىزنىڭ ئورنىدا، ئاتىڭىزنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇڭ، لەشكەرلەرگە باش ئاتامان بولۇڭ. سەردارلار هەم ئۆز جايىدا قارار ئالسۇن، جەزابەر بىلەن سەلسالنىڭ جېڭى هەققىدە ئوبدان پىكىر ۋە تەدبىرىنى قىلسۇن، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى روينتەن،— دېدى. شۇ ئەسنادا پىيادە بەكدەرار يېتىپ كېلىپ، فەرىدۇن سانىنىڭ ئالدىدا بېشىنى سېلىپ تۇردى. ئۇ:

— ئەگەر ئىجازەت بولسا مەن سەلسال ئوردىسىغا بېرىپ، بۇ ئىككى روينتەننىڭ بىرىنى ئوغرىلاپ، قولىنى باغلاپ كەلسەم،— دەپ ئەرز قىلغانىدى، فەرىدۇن:

— كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم. لېكىن باتۇرلۇق دېگەن ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن ئەييارلىق هىيلىسىنى قىلىش كېرەك،— دېدى. ئارستو:

— ئەي شاهزادە، بۇ سۆز توغرا بولمىدى. ئىجازەت بېرىڭ. ئۇ بۇ ئىككى مەلئۇننىڭ بىرىنى تۇتۇپ كەلسۇن،— دېدى. ئارستونىڭ پەرمانى بىلەن پىيادە سەلسالنىڭ ئوردىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ جەزابەرنى بىهوش قىلىپ

پەردە ـ گىلەمگە يۆگەپ، ئۆچىسىغا ئارتىپ كېتىپ بارغانىدى، توساتتىن يەزەك ئۇچرىشىپ قالدى. يەزەك بىر نىقابدارنىڭ بىر گىلەمنى ئۆچىسىدا يۈدۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلارغا:

— ئۇنى تۇتۇڭلار، تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۇ پىيادە نامدار يولىدىن ئېزىپ سارا ئسىمدا سەلسالنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى. بۇ چاغدا سەلسال چېدىردىن چىقىپ ئۇ نىقابدارنى كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. سەلسال لەشكەرلىرىگە:

— پىيادىنى تۇتۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. سىپاھلار ئۇ باتۇرنى ئۈچ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. يەنە بىر تەرىپىدە سەلسالنىڭ بارگاھى بار ئىدى. پىيادە بوسۇپ ئۆتۈشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ ۋە ھەمدۇسانا ئوقۇپ، پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۆچىسىدىكى گىلەم بىلەنلا بارگاھتىن پەسكە سەكرەپ كۆزدىن غايىب بولدى. سەلسال ئەڭگۈشتەرنى تاشلاپمۇ تەڭ كېلەلمىدى. سەلسال لەشكەرلىرىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇق قىلدى. سەلسال قاراپ بېقىپ، ئۇنى قوغلىغانلىق خۇددى سەندەلگە مۇشت ئۇرغاندەك بولىدىكەن. مۇنداق بىر سۆز باركى، «ئۆزىنىڭ ئەجرى بىلەن ئۆزىگە دوست تېپىش ھالالدۇر» دېدى.

قىسسىخان شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ تاپتا بانۇ زابىلىستانى ئىسكەندەردىن رەنجىپ يۇرتىغا ماڭغانىدى، ئۇ ئەمدى خانبالىققا كېلىپ، خانبالىقنىڭ دەشت تەرىپىدە چېدىر ۋە بارگاھلارنى تىكىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇشىغا، كەھەڭ ئەييار ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىپ ئارستونىڭ نامىسىنى بانۇنىڭ قولىغا بەردى. كىيابانۇ نامىنى ئوقۇپ خۇشال بولغان ھالدا:

— مىڭ مەرتىۋە شۈكرىكى، تەختبەختىم زايا بولمىدى، — دەپ خۇشاللىقىدا كۆڭلى شىكارغا تارتىپ، ھەمراھلىرى بىلەن دەشتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ نۇرغۇن

كېيىنكىلەرنى ئۇۋلاپ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇدى. ئۇ دەشتتە چېدىر تىكىپ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن يەپ ـ ئىچىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. خىزمەتكارلار ۋە مېھمانلار كېيىك گۆشلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللاردا پىشۇرۇپ تاۋاقلاردا ئېلىپ كېلىپ يېيىشتى. كىيابانۇ چېدىردا كەيىپ قىلىپ ئولتۇراتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ كۆزى دەشتتىكى بىر ئوتقا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوت تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوتقا يېقىن كەلدى. بىر دىۋىنىڭ ئوت قالاۋاتقانلىقىنى كۆردى. دىۋە قولىغا تاشنى ئېلىپ ئوتنى ئايلىنىپ تاشنى ئۆزىگە ئۇراتتى. ئاتنىڭ تۇياق تىۋىشى ئاڭلاندى . دىۋە ئۇ تەرەپكە قارىدى. بىر يىگىتنىڭ ئات مىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. دىۋە تاشنى تاشلاپ نەرە تارتىپ:

— ئەي ئادەمزات، مېنىڭ ماكانىمغا قەدەم قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ — دەپ كىيابانۇ تەرەپكە يۈگۈردى. كىيابانۇ ئاتتىن چۈشۈپ، پىيادە بولۇپ ئۇ دىۋە تەرەپكە يۈگۈرۈپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ ياقىسىغا قول سېلىپ ئېلىشىشقا كىرىشتى. ئىككى سائەتتىن كېيىن پالۋان بانۇ دىۋىنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ قەھرى بىلەن ئۇ دىۋىنى يەرگە ئۇردى. ئاندىن مەيدىسىگە مىنىپ خەنجەرنى كانىيىغا توغرىلىغانىدى، ئۇ دىۋە ئۈن سېلىپ يىغلىدى. بانۇ ئۇنىڭدىن:

— ئەي دىۋە، نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ — دېدى. دىۋە:

— يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى ئۆلۈمدىن قورققانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى مەشۇقۇمنى كۆرمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ، دەپ يىغلايمەن. گەر پەرىنىڭ ئىشقى ئوتى قەلبىمدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى، — دېدى. بانۇ ئۇنىڭدىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى ئاكۋان دىۋە دەپ ئاتايدۇ، بىر شەھىرىم بار ئىدى، ئۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىنا قىلدۇرغان. ئۇ

شەھەرنى كىيۋاننىيە دەپ ئاتايدۇ. جىنلارنىڭ قولىدىكى ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنى كەيۋان دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى تەڭداشسىز، ئۇ يۇلتۇزدەك نۇرلۇق، مەن ئۇنىڭغا ئاشىقدۇرمەن. كەيۋاننىڭ قېشىغا بىرىپ خاس خىزمەتكارلىق قىلدىم. لېكىن ئۇ مېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. مەن شۇندىن بۇيان قېچىپ يۈرىمەن. مەن كېچىسى گۈلشەننىڭ پىراقىدا ئوتقاش بولۇپ ئوت قالاپ، قولۇمغا تاش ئېلىپ، ئوت ئايلىنىپ دۈشمەنگە تاش ئاتىمەن، — دېدى.

كىيابانۇ:

— ئەي ئاكىجان[1] ھەزەرداستان دېۋنى بىلەمسەن؟ — دېدى. دېۋە:

— مەن ئۇنىڭ دوستى. سەن بىلىپ قويغىنكى، بىر شەھەر بار، ئۇنى ھەزرىتى جەھالۇستان دەيدۇ. ئۇنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزار تاغ سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەپمۇ ئاتايدۇ. ھەرزامان سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسى كەلسە ئاشۇ قەسىرگە بىرىپ ئىستىراھەت قىلاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ قەسىردە جىنلار جاي تۇتقاندى. ھازىر ھەزارداستان ئۇ قەسرنى ئىگىلىۋالدى، — دېدى.

كىيابانۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئاكىۋان، مېنى ئۇ قەسىرگە باشلاپ بارغىن. ئۇ قىزنى كەيۋان دېۋىدىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، سىنىڭ قولۇڭغا تاپشۇراي، — دېدى.

ئاكىۋان بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. كىيابانۇ بىلەن ئاكىۋان كىيابانۇنىڭ بارگاھىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار بارگاھقا كېلىپ، لەشكەرلەرنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ماڭدۇرۇپ:

— ئارستوغا ئېيتىڭلار، مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا

---

[1] ئاكىجان — ئاكىۋان دېۋىنىڭ نامى.

قىلغاي، — دەپ ئۆزى دېۋىنىڭ گەدىنىگە مىنىپ يولغا راۋان بولدى. ئاكۋان بانۇنى كۆتۈرۈپ ئۇ قەسىرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ يەردە قويدى. بانۇ دېۋىنىڭ بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ دېۋىنى يېتىلەپ، قەسىرنىڭ گۈمبىزىنى تاماشا قىلىپ يۈرگەندى. بىردىنلا ئىسكەندەرنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى قۇلىقىغا كىردى. كىيابانۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كىيابانۇ بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇلۇپنى چېقىپ ھۇجرىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ ئىسكەندەرنى باغلاپ ياتقۇزۇپ گەۋدىسىگە بىر تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ قويغانلىقىنى كۆردى. كىيابانۇ دەرھال كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ گەۋدىسىدىكى تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ تاشلىدى. ئىسكەندەر بانۇغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى. ئىسكەندەر سەردارلار ۋە پالۋانلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بانۇ ھەزارداستاننىڭ ئىشىنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى. ئىسكەندەر ھەسرەت ۋە نادامەتتىن ھەيرەت قولىنى سالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا ھاۋادا بىر خىل ئاۋاز پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ھەزار داستان يېتىپ كەلگەندى. ئۇ ئاكۋاننىڭ ئىسكەندەرنى سولىغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغانلىقىنى ۋە ئىسكەندەرنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاكۋان، ھەمىشە دوستلۇقتىن گەپ ئاچىسەن، ھالا بۇگۈن دۈشمىنىمنى بۇ يەرگە باشلاپ كەپسەن، — دەپ كىيابانۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئەي قانجۇق، مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى. بانۇ دېۋىنىڭ ئارغامچىسىنى ئىسكەندەرنىڭ قولىغا بېرىپ، ئۆزىنى ھەزارداستانغا يەتكۈزۈپ، بىر - بىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇشۇپ جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى. پالۋان كىيابانۇ ئېلىشىشتا شۇنداق كارامەت كۆرسەتتىكى، ئىسكەندەر ھەيران قالدى. ئۇلار شۇنداق

ئېلىشىۋاتقاندا ھەزەرداستاننىڭ مۇڭگۇزى كىيابانۇنىڭ قولىغا كىرىپ قالدى. كىيابانۇ ئۇنى ئالدىغا تارتقانىدى، ھەزارداستان مۆكچەيدى. دىۋە تارتىشقان بولسىمۇ مۇڭگۇزىنى كىيابانۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتالمىدى. ئىسكەندەر بانۇغا ئاپىرىن ئېيتتى. شۇ چاغدا ئاكىۋان دىۋە ئىسكەندەرنىڭ بانۇ بىلەن ھەزارنىڭ ئېلىشىش تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقانلىق پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن ئارغامچىنى تارتىۋېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، ھاۋاغا ئۆرلەپ قېچىپ كەتتى. ھەزارداستان بانۇنىڭ قولىدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مۇڭگۇزىنى بانۇنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ قاچماقچى بولدى. لېكىن مۇڭگۇزىنى زور كۈچ بىلەن تارتقاچقا، مۇڭگۇزى سۇنۇپ يېرىمى بانۇنىڭ قولىدا قالدى. ھەزارداستان ھاۋاغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. بانۇ بىلەن ئىسكەندەر شۇ قەسىردە قالدى. ئۇلار بۇ يەردىن كېتىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى لېكىن يول تاپالمىدى. ئۇلار شۇ قەسىردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئۇلار قەسىرگە قامىلىپ قېلىپ، ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن دەرمانسىزلاندى. شۇ ئەسنادا پەلەك يۈزىدىن دىۋىنىڭ ئالامىتى مەلۇم بولدى. ئىسكەندەر بانۇغا:

— ھەزەرداستان يەنە ھۇجۇم قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئىككى كېچە - كۈندۈز بولدى، تاماق يېمىدۇق. مادارىمىز قالمىدى. ئۇ ھارامزادىگە دىققەت قىلمىساق، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى. بانۇ:

— شەھرىيار، بۇ جەھەتتىن دىلغۇل بولماڭ، مەن ھەزارداستانغا ئۆز كارامىتىمنى بىر كۆرسىتەيكى، ئىككىنچى مەن بىلەن مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

ئىسكەندەر بىلەن بانۇ سۆزلىشىپ تۇراتتى. ئۇ دىۋە يېتىپ كېلىپ ئايۋاندىن ئورۇن ئالدى. ئۇ قەسىرنىڭ ئەتراپىغا نەزەر

سېلىپ ئىسكەندەرنى كۆردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىنى سۆيدى. ئىسكەندەر قاراپ ئۇنىڭ سۇرخاپ دىۋە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ سەئدان دىۋىزادنى پىر-مۇرشىد قىلغانىدى. سۇرخاپ دىۋە:

— شەھرىيار، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ بۇ ماكانغا ھەزرىتى سولايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن كېيىن تا ھازىرغىچە ھېچبىر ئادەمزات كېلىپ باقمىغانىدى. نېمە سەۋەب بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز، سۆزلەپ بەرسىڭىز؟ — دېدى.

ئىسكەندەر ئۆتكەن ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى ۋە:

— ئەي سۇرخاپ، سەن نېمە سەۋەبتىن فەرەڭدىن چىقىپ بۇ جايغا كەلدىڭ؟ ئەمدى قەيەرگە بارىسەن؟ — دېدى. سۇرخاپ:

— شەھرىيار، كۆڭلۈمگە شاھزادە سەئداننى كۆرۈش ھەۋىسى چۈشتى. بۇ چاغدا شەھرىيارنىڭ سەلسال شەھرىگە ئالىي مۇشەررەپ بوپتۇ، — دەپ ئاڭلىدىم. يۇرت كۆرۈش مەقسىتى بىلەن يولغا چىقتىم، بۇ جايغا يېقىن كەلگەندە بۇ ئۇلۇغ ماكاننى تاماشا قىلىش ھەۋىسى قوزغىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ سىزنى ئۇچراتتىم، — دېدى. بەس، سۇرخاپ ئىسكەندەرنى ئۈستىگە مىندۇرۇپ قەسىرنىڭ تۆپىسىگە قاراپ ئۆرلىدى. ئۇلار دەريانىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ، دەريا بويىدىكى قەسىرنىڭ ئالدىغا چۈشتى. سۇرخاپ يەنە قەسىرگە كىرىپ كىيابانۇنى ئېلىپ چىقىشقا كەتتى. ئىسكەندەر دەريادىن سۇ ئىچمەكچى بولغانىدى، تۇساتتىن بىر قول پەيدا بولۇپ ئىسكەندەرنىڭ ياقىسىنى تۇتتى. شەھرىيار ئۇ دىۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتقانىدى. دىۋە يىقىلدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئاكىۋان دىۋە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ پۇت-قولىنى باغلىدى. سۇرخاپ كىيابانۇنى ئېلىپ كەلدى. بانۇ

ئاكۋان دىۋىنى كۆرۈپ:
— ئەي ئالۋاستى، سېنىڭ قېچىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟
مەن مەشۇقۇڭنى سەن ئۈچۈن قۇتقۇزۇپ بېرەي دېگەن شەرت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن ئەمەسمۇ، — دېگەنىدى، ئاكۋان ئۆزرە ئېيتىپ:
— مەن ئۆز قىلمىشىمدىن تۆۋە قىلدىم. سادىق ئىخلاس بىلەن ساڭا ئېتىقاد قىلىمەن، — دەپ ئىككىنچى قېتىم سادىقلىق بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىسكەندەر ئاكۋاننى يەردىن تۇرغۇزۇپ كەيۋانىيە تەرەپكە قارىدى. ئۇ باياۋاندا بىر مۇنچە يولنى كېزىپ ئۆتۈپ، بىر ئادەمزاتنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇنى چاقىرىپ:
— ئەي ئادەم، سەن بېرىپ كەيۋان شاھقا ئېيتقىن، ئىسكەندەر ھەزار تاغنىڭ تۆپىسىدە تۇرىدۇ، سەن بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ دېگىن، — دېدى.
كەيۋان شاھ ئىسكەندەر بىلەن بىر ئېتىقادتا ئىدى. ئۇ كىشى كەيۋان شاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەرز قىلدى. كەيۋان شاھ ئۇنىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ ئىسمىنى ئىشىتىپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، دەرھال ئىسكەندەر بىلەن بانۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولدى. ئىسكەندەر ساھىبقىراننى شەھىرى كەيۋانىيەگە ئېلىپ كېلىپ خىزمەتكارلىق قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاكۋان دىۋە كىيابانۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىلدى. كىيابانۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئاكۋان دىۋىگە ۋاپا قىلىدىغان پەيت بولۇپ قالدى، — دېدى. ساھىبقىران كەيۋان شاھنى چاقىرىپ:
— ئەي كەيۋان شاھ، دىيارىڭىزغا كېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، قىزىڭىزنى ئاكۋان دىۋىگە نىكاھ قىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى. كەيۋان شاھ:

— ئەي شەھرىيار، مەندە سىزنىڭ سۆزىڭىزگە مۇخالىپ قىلىدىغان ئۇنداق قۇدرەت يوقتۇر. سۆز قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى، ئەمما سىز رازى بولامسىزكىن، ئاتكىۋان دېگەن دىنىمىز تۇرسا، مەن ئۇنىڭغا قانداقمۇ قىزىمنى بېرەرمەن؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئاتكىۋان دىنىمىزغا كىردى، — دەپ ئاتكىۋاننى چاقىردى. ئاتكىۋان كەيۋاننىڭ ھۇزۇرىدا كەلىمە تەييەنى ئوقۇغانىدى، كەيۋان شاھ قىزىنى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپلىرى بىلەن ئاتكىۋانغا ئەقدە قىلىپ بەردى. تويدىن كېيىن ئىسكەندەر كەيۋان شاھقا:

— ئىرادە بىلەن ئوردىغا قايتسام، سەلسال ھارامزادە لەشكىرىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇ لەشكەر، سەردارلارغا ئازار بېرىۋاتىدۇ، — دېدى.

كەيۋان شاھ ئەمر قىلىپ دەرھال جىنىنى بۇيرۇپ تەختنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرگۈزدى. ئىسكەندەر بىلەن كىيابانۇ تەختتە ئولتۇردى. ئۇ جىنلار پەلەككە ئۆرلىدى. ئىسكەندەر ئوردىسىغا راۋان بولدى.

ئەمدى ئۇ تەرەپتىن نەچچە كەلىمە ئىشتەيلى. پىيادە جەزابەرنى ئۇچىسىدا كۆتۈرۈپ تاشقىرى چىقتى. بارگاھى جەمشىدكە راۋان بولدى. بارگاھى جەمشىدكە كېلىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تۇردى. فەرىدۇن سانى ۋەقەنى ئاڭلىدى. ئارستو ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىۋىدى، پەردە - گىلەمنى ئاچتى. جەزابەرنى ھوشىغا كەلتۈردى. جەزابەر ئۆزىنى بارگاھى جەمشىدتە كۆردى. لېكىن ئۇ سالام قىلمىدى. تەھماسەب خوجەندى جەزابەرگە قاراپ:

— ئەي بىئەدەپ ھارامزادە، شەھرىيارنىڭ ئورنىدا ئىسكەندەرنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى ئولتۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا سالام قىلمايسەن؟ — دېدى. جەزابەر:

— ئىسكەندەرنىڭ ئورنىدا؟ ئەگەر ئۇنىڭدا مەردلىكتىن نىشان بولغان بولسا ئەييارلارغا بۇيرۇپ پىقىرنى مىكىر بىلەن تۇتماس ئىدى، — دېدى. ئۇلار جەزابەرگە ھەيۋە قىلىپ:

— سەن نېمە ئۈچۈن باشقا دىلاۋەرلەرنى تىللىغان ئالىسەن؟ — دېدى. جەزابەر:

— ئەي بىدۆلەت، سەن ماڭا ئوخشاش دىلاۋەرلەرنى، سەردارلارنى ياخشى گەپ بىلەن ئالداپ يوق قىلدىڭ، — دېدى. بۇ چاغدا تەھماسەب جەزابەرگە ھەيۋە قىلىپ:

— ئەي بىئەدەپ، ساڭا نېمە قويىدى شاھزادىلەرگە تىل تەگكۈزگىلى؟ — دېدى. جەزابەر:

— ئەي بىدۆلەت، ساڭا ئوخشاش قاچاق پالۋانلارغا تىل تەگكۈزگىلى نېمە قويىدى؟ — دېدى. تەھماسەب دەرغەزەپ بولۇپ نەيزىنى جەزابەرنىڭ بېشىغا ئاتتى. جەزابەر ھەم دەرغەزەپ بولۇپ قەھرى بىلەن ئارغامچىنى ئۈزۈپ تاشلاپ بېلىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ تەھماسەبكە ئۇردى. شاھزادە فەرىدۇن:

— ئۇ قېچىپ كەتمىسۇن، دىققەت قىلىڭلار، — دېدى. نامدارلار جەزابەرگە قاراپ ئېتىلدى. جەزابەر جىددەللىشىپ بارگاھتىن سىرتقا چىقتى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر قول كېلىپ جەزابەرنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى ۋە ئېيتتىكى:

— ئەي ئىسكەندەر، ھازىر مەرجانە جادۇ ھاياتتۇر. ھېچكىشىنىڭ جەزابەرگە كۈچى يەتمەيدۇ، — دەپ ئېلىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى كەچ بولدى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى سەلسال تەرەپتىن ئاڭلاندى. فەرىدۇن سانى بۇيرۇغانىدى، ئۇلارمۇ جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. سەلسالخان مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ

قىلدى. تەھماسەب مەيدانغا بېرىپ سەلسالخاننىڭ ئالدىنى توستى. تەھماسەب سەلسال بىلەن بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن زەخىملەندى. ئەييارلار ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. سەلسال يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. تۇرخان خوجەندى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار بىر ئاز ئېلىشقاندىن كېيىن تۇرخان خوجەندى زەخىمدار بولدى. ئاندىن سەبۇكتېگىن مەيدانغا چۈشۈپ بىتاپ بولۇپ ئىشارەت قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى مەيدانغا چۇقان بىلەن كىردى. مەغلۇبىيەت سۇلتان تەرەپكە يۈز كەلتۈردى. شۇ ئەسنادا سەلسال سەبۇكتېگىنگە قارىدى. سەبۇكتېگىن لەشكەرلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. سەلسال بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بۇرادەر، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمەي تۇرۇپ بۇ مەرىكىدىن قايتمايمەن، — دەپ ئېتىنى سەبۇكتېگىن تەرەپكە چاپتۇردى. ئۇ كېلىپ سەبۇكتېگىننىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. يەزەك ئەييار كېلىپ سەبۇكتېگىننى باغلاپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. لەشكەرلەر جەڭدىن قول يىغىپ ئۆز بارگاھلىرىغا ياندى. يەزەك ئەييارلىرىغا، پولاتتىن قەپەز كەلتۈرۈڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى. قەپەزنى ئەكىلىپ سەبۇكتېگىننى قەپەزگە سېلىپ ئوردا بازىرىغا ئاپىرىپ تۆت كوچا ئۇستىدە ئاستى. ئۇنى ساقلاشقا بىر نەچچە پالۋاننى تەيىنلىدى. بۇ خەۋەر ئارستۇغا يەتتى. ئۇ:

— ئەييارلار سەبۇكتېگىننى قۇتقۇزۇپ كەلسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. فەرھەڭزادە، نامدار ئاتەش ئەفرۇز قاتارلىقلار جايىدىن قوزغىلىپ تەزىم قىلدى. ئاتەش ئەفرۇز ئىلگىرى كېلىپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقاي، — دەپ ئەرز قىلدى. ئارستۇ ئۇنىڭغا تەھسىن قىلىپ رۇخسەت بەردى. ئاتەش ئەفرۇز سەلسال شەھىرىگە يۈرۈپ

كەتتى. ئۇ سەققا[1] سۈرىتىدە ياسىنىپ، بىر شىشە سۇغا دورا بىھوشنى ئارىلاشتۇرۇپ ۋە زەمزەمگە ئازراق قىزىل رەڭ قوشۇپ:

— پەيزى قىلىڭلار، لات ئەزىزىنىڭ نامى بىلەن،— دەپ ئورداباززىرىغا قەدەم قويۇپ سۇ ساتقىلى تۆت كوچىغا باردى. ئۇ يەردە ئەييارلارنىڭ سەبۇكتىڭىننى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ سەپ تارتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەزەك يوق ئىدى. ئاتەش ئەفرۇز بۇنىڭدىن خۇرسەن بولۇپ ئەييارلارغا سۇ بەردى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەييارلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇشتى. ئاتەش ئەفرۇز سەبۇكتىڭىننى قامىغان قەپەزنى ئاسقان جايىدىن ئېلىپ، پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ راۋان بولدى. بۇ چاغدا يەزەك باتۇرلىرى بىلەن كېلىپ ئەييارلىرىنىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەتراپقا قارىغانىدى. قەپەزمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ:

— دۈشمەنلىرىمىز قەپەزنى ئېلىپ كېتىپتۇ،— دەپ ۋارقىرىدى. باتۇرلار يەزەك بىلەن ئەتراپنى كۆزەتتى. ئۇلار ئاتەش ئەفرۇزنىڭ قارىسىنى يىراقتا كۆردى. يەزەك ئەييارلىرى بىلەن قوغلاپ يېتىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئاتەش ئەفرۇزغا تەھدىت سالدى. ئاتەش ئەفرۇز پەردە - گىلەمنى تاشلاپ قاچماقچى بولدى. بۇ چاغدا بۇكدەدار پىيادە يېتىپ كەلدى. غەۋغا كۆتۈرۈلدى. بۇ يەردىكى غەۋغانى ئاڭلاپ بارگاھتىن بىر ئاتلىق چىقىپ پىيادىنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇ جەزابەر ئىدى. پىيادە خالتىسىدىن بىر تاشنى ئېلىپ جەزابەرنىڭ ئېتىنىڭ مېڭىسىنى نىشانلاپ ئاتتى. تاش ئاتنىڭ مېڭىسىگە تېگىپ چۈۋۈلۈپ، جەزابەر ئات بىلەن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇلار ئەييارلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدى.

---

[1] سەققا — سۇ سەپكۈچى، سۇ بەرگۈچى.

بۇ چاغدا كەيۋاننىڭ جىنلىرى ئىسكەندەرنىڭ تەختىنى كۆتۈرۈپ بارگاھتا قويدى. ئاتەش ئەفرۇز ھەم قەپەزنى ئېلىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قويدى. سەبۇكتېگىننى قەپەزدىن چىقاردى. ئۇ كېچىسى ئىسكەندەر خۇشاللىق ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدۇردى. ئۇلار بۇ كېچىنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى سەپ تۈزۈشتى. سەلسال مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. فەرىدۇن سانى رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، ئۇ ھارامزادىگە مۇقابىل بولۇپ زەربە يەپ يارىلاندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## ئاتمىش توققۇزىنچى قىسسە، زەرىنتەن دىۋىنىڭ ئابدۇلھېمىدنى خەلخالنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئابدۇلھېمىدنىڭ گۈلرىز تىلسىمىنى سۇندۇرغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى قارشى تەرەپ سەپ تۈزۈپ، سەلسال ئالۋاستى مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئابدۇلھېمىد مەيدانغا كىرىپ سەلسالنىڭ ئالدىنى توسىدى. ھەر ئىككىسى نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. ئاتمىش مەرتەم نەيزىۋازلىق قىلىشتى، لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. سەلسال خەنجىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، ئېتىنى ئابدۇلھېمىد تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەلدى. شۇ ئەسنادا پەلەك يۈزىدىن بىر قۇش پەيدا بولۇپ،

ئۇچۇپ كېلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن ئۈزۈۋېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مەن زەرىنتەن دىۋىدۇرمەن، مەن ئۇنى ئېلىپ بېرىپ بىر بالاغا گىرىپتار قىلىمەن، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە غايىب بولدى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى جەڭدە يەتتە پالۋان سەلسالنىڭ قولىدا يارىدار بولدى. ئىككى باتۇر جەھەننەمگە يول ئالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئىسكەندەر:

— بۇ هارامزادىنىڭ مەيدانىغا مەندىن باشقا كىشى كىرمىسۇن، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە ئابدۇلھېمىدنى مەھكەم تۇتتى. ئۇنىڭ قولىنى باغلىماقچى بولدى. ئابدۇلھېمىد قولىنى باغلىغىلى قويمىدى. بىرئازدىن كېيىن بارگاھنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئابدۇلھېمىد ئەتراپقا قارىدى. ئۇ بىر دىۋىنى كۆردى. ئۇ دىۋىنىڭ بەدىنى قارا، موي لىرى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلىك ئىدى. ئۇ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىسىغا قىڭراقنى ئېسىپ قويۇپ تەختتە ئولتۇراتتى. جەمئىي كىشىلەر بارگاھتا دەرقەم ئىدى. ئابدۇلھېمىد زەرىنتەن دىۋىگە:

— ئەي ناپاك، مېنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. تەختتە ئولتۇرغان دىۋە:

— مېنى خەلخال دىۋە دەپ ئاتايدۇ. بۇرادەرزادەم سەلسالخاندۇر، مەن سەلسالخانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن لەشكەر بىلەن ئىسكەندەرنىڭ جېڭىگە بارماقچى ئىدىم. ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى شەھرى قىتاغا كېلىپ كۆپ ئۇستاتلىقلارنى كۆرسەتتى. مەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئىسكەندەرنى توسۇپ جەڭ قىلماقچى بولدۇم. بىراق بىراۋنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ بارالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ هالدا قالدىم، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ياخشى كۆرگەن كىشىڭ كىم؟ — دېدى. خەلخال:

— ئەي يىگىت، مەن پەرىلەرنىڭ پادىشاھزادىسى— مەلىكىنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولدۇم. مەن بىر كۈنى بېرىپ، ئۇلارنىڭ قەسرىدىن مەلىكىنى تۇتۇپ چىقتىم. پەرىلەر بۇنى ئۇقۇپ، قىلىپ لەشكەرلىرى بىلەن ئارقامدىن قوغلىدى. شۇ ۋاقىتتا مەلىكىنى كۆرۈپ ئاتىسىنىڭ سىپاھلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپ مېنىڭ بېشىمغا مۇشت بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. ئارقىدىن پەرىنىڭ لەشكىرى ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ، مەشۇقۇمنى قولۇمدىن تارتىۋالماقچى بولدى. مەن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشارتىدىغان تىلسىمغا بېرىپ، قىزنى ئۇ تىلسىمغا تاشلاپ قويۇپ قاچتىم. پەرىلەر تىلسىمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدى. ئەمما قىزنى قۇتقۇزالماي ئۆز ماكانىغا ياندى. ھالا ھازىرمۇ ئۇ قىز ئاشۇ تىلسىمدا تۇرىۋاتىدۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ پىراقىدا ھەسرەتلىنىمەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي خەلخال، ئەگەر مەن بۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ ساڭا تاپشۇرسام، سەن ماڭا نېمە قىلىپ بېرىسەن؟ — دېگەنىدى. دېۋە:

— ئەگەر سەن رەھىمدىللىك قىلساڭ سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇپ، بۇ لەشكەرلەر بىلەن ئىسكەندەرگە ياردەم بېرىپ، سەلسالنىڭ لەشكەرلىرىنى تارمار قىلىپ ئىنتىقام ئالىمەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— بىر كىشى مېنى ئۇ تىلسىمغا باشلاپ بېرىپ ماڭا رەھبەرلىك قىلسۇن، — دېگەنىدى. خەلخال تەختتىن چۈشۈپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ سۆيۈپ، ئابدۇلھېمىدنى بويىندا كۆتۈرۈپ تىلسىم گۈلرىز تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. خەلخال ئاخىرى ئابدۇلھېمىدنى بىر چىمەنزارلىققا ئېلىپ كېلىپ ئابدۇلھېمىدقا:

— ئەي شاھزادە، بۇ تىلسىماتلىق جاي، تولۇق تەييارلىنىڭ، — دەپ ئابدۇلھېمىدنى يەردە قويدى. ئۆزى قايتىپ كەتتى. شاھزادە بۇ چىمەنزارلىقتا سەيلە قىلىپ، ئۇ جاينىڭ ھەممە يېرىنى تاماشا قىلدى. ئۇ جايدا ھەر خىل گۈللەر بار ئىدى. ئۇ گۈللەرنى سەير قىلىپ يۈرۈپ بىر قەسرنى ئۇچراتتى. ئۇ قەسر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەسرنىڭ ئىچىگە كىردى. قەسرنىڭ بىر تەرىپىدىكى تەختنى كۆردى. تەختنىڭ ئۈستىدە بىر كىشى ئۇخلاپ ياتاتتى. پەردە بېشىدىن-ئايىغىچە يېپىلغانىدى. ئابدۇلھېمىد ئۇ تەختكە چىقىپ پەردىنى كۆتۈرۈپ، بىر پەرىزاتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ھۆسنى لاتاپەتتە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ قىزنى غىدىقلاپ ئويغاتماقچى بولدى، لېكىن ئويغىتالمىدى. شاھزادە قىزنىڭ يېنىدا بىر جام سۇنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جامنى قولىغا ئېلىپ سۇنى قىزنىڭ يۈزىگە چېچىپ ئويغاتتى. قىز ئويغىنىپ يېنىدا بىر يىگىتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئوغۇل، سەن كىم؟ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كەلدىڭ؟ — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— بۇ يەرگە تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، پەرىلەرنىڭ پەرىسىنى خەلخالىغا ئېلىپ بېرەي دەپ كەلدىم، — دېدى. قىز:

— پەرۋەردىگارا خەلخالنى ھالاك قىلىسىمۇ ئەرزىيدۇكى، مېنى مۇشۇ ھالدا بۇ بالاغا قويدى. ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ جايدا بىر جادۇگەر بار. ئۇ بۇ تىلسىمنىڭ مۇئەككىلى بولۇپ، ئۇنى ئەفسۇس جادۇ دەپ ئاتايدۇ. ئۇ تەڭداشسىز جادۇدۇر. ئۇ قەيەرگە كەتكەن بولسۇن، كۈندە مۇشۇ ۋاقىتتا قايتىپ كېلىپ، ماڭا تائام يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. سەن دەرھال خالىي بىر جايغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغىن، ئۇ جادۇ بەك يامان، — دېدى. ئابدۇلھېمىد قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى، ئەفسۇسنىڭ ئۈلپەتلىرىنىڭ كۈلكىسى ئاڭلاندى. قىز جامنى ئېلىپ يەردە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەفسۇس جادۇ يېتىپ

كېلىپ، بىر ياش ئوغۇلنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئادەمزات، سېنى بۇ يەرگە كىم باشلاپ كەلدى؟ مېنىڭ ماكانىمغا ئۇسۇپلا كىرىشكە پېتىنغان كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئابدۇلھېمىد خەنجىرىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ جادۇ تەرەپكە يۈگۈردى. يېقىن كېلىپ جادۇگەرگە تىغ ئۇرماقچى بولىۋىدى، ھاۋادىن بىر كۈچ كېلىپ شاھزادىنىڭ قولىنى سىقتى. بۇ چاغدا ئەفسۇس بۇيرۇق قىلىۋىدى، جادۇلىرى ئابدۇلھېمىدنىڭ پۇت - قولىنى باغلىدى. ئەفسۇس تەختتە ئولتۇرۇپ شاھزادىگە نەزەر سالدى. ئۇ شاھزادىنىڭ سەۋسەن[①] جامالىغا قاراپ ئاشىق بولدى. ئۇ شاھزادىگە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن:

— ئەي ئوغۇل، مەي ئىچەمسەن؟ — دېدى.

ئابدۇلھېمىد:

— مەن باغلاقتا تۇرۇپ قانداق مەي ئىچكۈدەكمەن؟ — دېدى. ئەفسۇس شاھزادىنىڭ قولىنى بوشىتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. شاھزادە مېھرىبانلىققا مۇيەسسەر بولدى. سۆز بۇ يەرگە يەتتىكى، ئەفسۇس:

— ئەي ئوغۇل، مەن سېنىڭ جامالىڭغا ۋە مەردلىكىڭگە ئاشىق بولۇپ كۆڭلۈمنى ساڭا بەردىم. ئەگەر سەن خالاپ مېنى ئالساڭ، مەن ساڭا شەرت قىلىمەنكى، سېنى مەشرىق[91] مەغرىبكە پادىشاھ قىلىمەن، — دېدى. شاھزادە ئەقلى بىلەن پىكىر قىلىپ، ئەگەر مەن بۇنىڭ شەرتىگە قوشۇلمىسام، ئۇنىڭ قولىدا ھالاك بولىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئىشتا دوستلۇق ئىشىكىدىن كىرىپ، پۇرسەت تېپىپ، مەن ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ھالاك قىلاي، دېگەن خىيالغا كېلىپ جادۇغا قاراپ:

— بەخت - ئىقبالىمنىڭ زىيادىلىكىدىن سىزگە ئوخشاش مەشۇقۇمنىڭ ھەرەمخانىسىدا بولۇپ قالدىم. كۆڭلىڭىز بولسا مېھرىبانلىقتا مەي ئىچىپ كۆڭۈل ئاچايلى، — دېدى.

---

① سەۋسەن — گۈل، سۆسۈنرەڭ، بىنەپشىرەڭ.

ئەفسۇس بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، جادۇلىرىغا زىياپەتنى قەسىرنىڭ بىر تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. ئابدۇلھېمىد كىبىر - ھىممەت ۋە مۇھەببەت بىلەن ئەفسۇسقا قاراپ ئولتۇردى . ئەفسۇس ئابدۇلھېمىدنىڭ كۆڭلى ئەمدى ماڭا مايىل بولدى دەپ ئويلاپ، كۆڭۈل ئىختىيارلىقىنى ئابدۇلھېمىدقا بەردى. ئابدۇلھېمىد سۆيگەن قىياپەتتە بولۇپ، قولىنى ئەفسۇسنىڭ بويىنىغا قويۇپ مەھكەم قىستى. ئەفسۇس ئىككىسى ئاستى - ئۈستى بولۇشتى. لېكىن ئەفسۇس ئۆزىنى ئاجرىتالمىدى. ئۇ قاچماقچى بولۇپ يول تاپالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغى نەمدىلىپ كەتكەنىدى. خۇددى يەر تەۋرىگەندەك زىلزىلە پەيدا بولدى. ئۇ قەسىر ئۆرۈلۈپ چۇشكىلى تۇردى. بىر ئازدىن كېيىن بۇ خىل ئەھۋال پەسەيدى. ئۇ قەسىردە ھېچكىم قالمىغانىدى. ئابدۇلھېمىد قىزنى كۆردى. ئۇ بىر دەرەخكە چىقىۋالغانىدى. شاھزادە كېلىپ قىزغا:

— ئەي نازىنىن، بۇ تىلسىمنىڭ سىر - رىشتىسىنى سىز ئېيتىپ بېرىۋىدىڭىز، ئەفسۇس جادۇنى ئۆلتۈردۈم. ئەمدى نېمە قىلىشنى بىلمىدىم، — دېدى. قىز:

— بىر كۈنى ئەفسۇس بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭدىن: ئەي مەلىكە، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرغىلى بولارمۇ؟ دەپ سورىدىم. ئەفسۇس، مەن ئۆلسەم ھېچقانداق كىشى بۇ تىلسىمنى سۇندۇرالمايدۇ، دېدى. مەن، ئەگەر لاتنى ياد ئەتمەي ئۆلۈپ كەتسىڭىز تىلسىم سۇنۇپ كېتەرمۇ؟ دەپ سورىغانىدىم. ئەفسۇس: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى بىراۋ كېلىپ ئۆلتۈرسە، بۇ دەرەخكە بىرتۈتى (قۇش)، ئاندىن بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ، دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ قاغىنى ئوق بىلەن ئېتىپ چۈشۈرسە، ئۇ قاغىنىڭ بويىندا لەۋھە كۆرۈنىدۇ. ئۇ لەۋھەنى ئېلىپ، لەۋھەگە پۈتۈلگەن خەتكە ئەمەل قىلسا،

تىلسىم گۈلرىنى سۇندۇ، دېگەنندى» دېدى، ئۇلار سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا بىر تۈتى كەلدى. ئاندىن قاغا ئۇچۇپ كېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى. شاھزادە ئۇ قاغىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئوق قاغىنىڭ پوكىنىغا تېگىپ دۈمبىسىدىن چىقتى. قاغا دەرەختىن يەرگە تۆكۈلدى. ئابدۇلھېمىد قاغىنىڭ بويىنىدىن لەۋھەنى ئېلىپ قارىدى، لەۋھەگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن: «ئەي تىلسىم گۈلرىنى سۇندۇرغۇچى، ئىسمىكى (ئىسمى - ئەزەم) لەۋھەنىڭ بېشى تەرىپىگە پۈتۈكلۈكتۇر. بۇ لەۋھەنى يەتتە يۈز قېتىم ئوقۇغىن. ئاخىرىدا بىر چوڭ قۇش پەيدا بولىدۇ. ئۇ قۇشنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلغىن. ئۇ سېنى تىلسىم گۈلرىز — ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ سىر - رىشتىسىنىڭ توغرا يولىغا باشلاپ بارىدۇ.» شاھزادە ئۇ ئىسمنى ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. يەتتە يۈز قېتىم تەكرارلىدى. بۇ چاغدا زور بىر سۇمۇرغ پەيدا بولۇپ، تۇمشۇقى بىلەن يەرگە خەت سىزدى. ئابدۇلھېمىد ئۇ خەتكە قارىدى. خەت مۇنداق ئىدى: «تىلسىم گۈلرىزنىڭ سۇنغانلىقى ئۈچۈن ساڭا مۇبارەك بولسۇن. ئەي سۇلايمان سانى، كەلگىن، ماڭا مىنگىن، سېنى شەھىرى گۈلرىزغا ئېلىپ باراي، ئۇ ماكاننى خاراب قىلغايسەن.» شاھزادە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قۇشنىڭ بويىنىغا مىندى. قۇش پەرۋاز قىلىپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. ئۇلار بىرھازا ئۇچقاندىن كېيىن پەسلەشكە باشلاپ، شاھزادىنى شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قويدى. شاھزادە شەھەرگە كىرىپ مەھەللىلەرنى سەير قىلىپ كۆردى. دەرەخلىرى مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ھەر تەرەپكە باش ئېگىپ تۇراتتى. مەيىن شامال چىقىش بىلەن دەرەخ شاخلىرى تەۋرەپ مېۋىلەر كوچىلارغا تۆكۈلدى. گۈل پۇراقلىرى ھەر جايدا دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شاھزادە ئايلىنىپ سەير قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا بىر مۇنچىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى. ئابدۇلھېمىد ئۇ مۇنچىغا كىرىپ سەير قىلماقچى بولۇپ قەدەم قويدى. كىيىم

ساقلايدىغان ھۆجرىغا كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپىنىڭ قورشالغانلىقى ئۈچ تەرىپىدە ئىشىك بارلىقىنى ۋە دېرىزىلىرىنىڭ گۈلىستان تەرەپكە ئېچىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئوت - چۆپلىكتىن ئۆتۈپ گۈللۈككە مۇيەسسەر بولدى. بۇ يەردە بىر مۇنچا خوجايىنى ساندۇقنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇلار ئابدۇلھېمىدنى كۆرۈپ بىر جايدا ئولتۇردى. ئابدۇلھېمىدقا بىر لۆڭگىنى بەردى. ئەمما ئۇلار سۆزلەشمىدى. شاھزادە بىرقىسما بولۇپ لۆڭگىنى بېلىگە باغلىدى. لەۋھەنى بوينىغا ئېسىپ ئىچكىرى قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سۆز قىلىشمىدى. مۇنچىنىڭ ئۇۋۇلىغۇچىسىنىڭ كۆزى ساچتاراشقا چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر جام سۇ ئېچىپ، جامنى ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىغا بەردى. شۇ ئەسنادا مۇنچىنىڭ ئىشىكىدىن سۇ قايناپ ئېقىپ چىقىپ ئاستا - ئاستا ئابدۇلھېمىدنىڭ تىزىغا چىقتى. مۇنچىدىن بىر بۇرادەر بېشىنى سالغان ھالدا چىقىپ كەتتى. ئابدۇلھېمىد ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى. بۇ چاغدا لەۋھە ئېسىگە كېلىپ لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە: «ئەي تىلىسىم گۈلرىزنى سوندۇرغۇچى، مۇنچىغا بېرىپ قالساڭ كىرمىگىن، ئەگەر كىرىپ قالساڭ، مۇنچىنىڭ ئىچىگە كىرمىگىن. ئىچىگە كىرسەڭ، جامنى ساچتاراشنىڭ قولىدىن ئالمىغىن. ئەگەر جامنى ئالغان بولساڭ، قورقماي ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا بارغىن» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا تاشلىدى. شاھزادە كۆزىنى يۇمدى. بىر ئازدىن كېيىن كۆزىنى ئاچقانىدى، ئۆزىنى بىر باياۋاندا كۆردى. ئۇ باياۋاندا بىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىر چاغدا باياۋاندا بىر شەھەر كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى پولاتتىن ئىدى. شاھزادە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تاماشا قىلىپ تۇردى. بىر چاغدا بىر ياش ئوغۇل قەلئە پەشتىقىدىن بېشىنى چىقىرىپ شاھزادىگە

ئېھتىرام بىلدۈردى. ۋە:

— ئەي يىگىت، بۇ ئىشىكتىن كىرىڭ، مۇڭدىشايلى، بۇ باياۋاندا كۆپ مۇشكۇلاتلارنى تارتىپ ئۇسساپ قالغان ئوخشايسىز، سوغۇق سۇ بېرەي، — دېدى. شاھزادە قولىنى ئىشىكنى ئاچقىلى ئۇزاتقانىدى، ئۇ ئوغۇل:

— ئەي يىگىت، بۇ ئىشىك تاقاق. بۇ كىشى بىلەن ئاۋۇ تەرەپتىن يۇقىرى چىقىڭ، — دېدى. ئابدۇلھېمىد شۇ تەرەپ بىلەن يۇقىرى چىقتى. ئۇ ئوغۇلنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ئوغۇل ئورنىدىن تۇرۇپ تەكچىدىكى كوزىنى ئېلىپ شاھزادىگە:

— سۇ ئىچىڭ، — دەپ بەردى. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئېسىگە لەۋھە كەلدى. دەرھال لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە: «ئەي تىلسىم گۇلرىز — سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى سۇندۇرغۇچى، مۇنچىدىن چىقىپ بىر باياۋانغا يەتسەڭ بىر قەلئە ئۇچرايدۇ. ئۇ قەلئەگە بىر ئوغۇل تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن سەن زىنھار يۇقىرى چىقمىغىن. ئەگەر چىقىپ قالساڭ، كوزىنى ئوغۇلنىڭ قولىدىن ئالمىغىن. ئەگەر كوزىنى لېۋىڭگە قويساڭ، كوزىدىن ئوت چىقىپ سېنى كۆيدۈرىدۇ. ئەگەر كوزىنى ئېلىپ قويغان بولساڭ، كۈچ - قۇدرىتىڭ بىلەن كوزىنى تامغا ئۇرۇپ سۇندۇرساڭ، تىلسىم گۇلرىزنى سۇندۇرغان بولۇپ قۇتۇلىسەن» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. ئابدۇلھېمىد كوزىنى كۈچى بىلەن تامغا شۇنداق ئۇرغانىدى، كوزا سۇندى. كوزىدىن ئوت چىقىپ ئوغۇلغا تۇتاشتى. ئۇ ئوغۇل كۆيۈپكۈل بولدى. ئوت كوزىدىن ئۇلغىيىپ چىقىشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇ قەلئە خاراب بولدى. شاھزادە ئۆزىنى بىر ئىمارەتنىڭ ئىچىدە كۆردى. ئىمارەتتە تۆتتىن قىلىپ ئايرىلغان ھۇجرا بار ئىدى. ئۇ ھۇجرىلارنىڭ بەزىلىرىگە قۇلۇپ سېلىنغلىق، بەزىلىرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ھېلىقى قىز ئىمارەتنىڭ ئىچىدىكى چاھار تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قىز ئابدۇلھېمىدنى كۆرۈپ،

يوگورۇپ كېلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويۇپ:
— پىر - مۇرشتلىرىڭ سەندىن رازى بولسۇنكى، مېنى قۇتقۇزدۇڭ، — دېدى. بۇ چاغدا خەلخال يېتىپ كېلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:
— ئەي شاھزادە، مەن سېنىڭ غۇلامىڭ بولاي، — دەپ سادىق دىل بىلەن كەلىمە تەيىبەنى ئوقۇپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئۇ ئابدۇلھېمىدنى باشلاپ ھۇجرىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئالتۇن-كۈمۈش ۋە جاۋاھىراتلارنى كۆرسەتتى. ئابدۇلھېمىد ئۇ پەرىزاتقا:
— ئەي نازىنىن، سېنى باغلاقتىن خالاس قىلدىم، — مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلغىن. خەلخال بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولغىن. ساڭا مەلۇم، خەلخال بەگزادەدۇر، — دېدى. قىز تەزىم قىلىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئابدۇلھېمىد قىزنى خەلخالغا تاپشۇردى. ئەمما زەرىنتەن دىۋە بۇ ھالنى كۆرۈپ، خەلخالنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي خەلخال، ساڭا ئار-نومۇس ئەمەسمۇ؟ سەن بىر ساھىبى بەشجائەت تۇرۇقلۇق، ئىسكەندەرنىڭ نەۋرىسىگە ئېتىقاد قىلدىڭ، — دېدى. خەلخال:
— ئابدۇلھېمىد مېنىڭ ئورنۇمدا مەردلىك كارامىتىنى كۆرسىتىپ، مېنىڭ جانانىمنى قۇتقۇزۇپ بەردى. مەن ھەم ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن غۇلاملىق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالدىم. ئوغۇل بالا سۆزىدە تۇرىدىغان، — دېدى. زەرىنتەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باشقا سۆز قىلماي كېتىپ قالدى. ئابدۇلھېمىد خەلخالنى تامام مال - دۇنيالارنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى ئەتراپنى سەير قىلدى. ئۇ بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كەلدى. ئۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدىن بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئابدۇلھېمىد دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ئەسنادا زەرىنتەن دىۋە يېتىپ كېلىپ

ئابدۇلھېمىدنىڭ ئوخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. زەرنىتەن يېقىن كېلىپ، قولىنى ئۇزىتىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ياقىسىنى تۇتماقچى بولغانىدى. ئابدۇلھېمىد سېزىپ قېلىپ جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، زەرنىتەنىنىڭ مۇڭگۇزىنى تۇتۇپ شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى، دىۋە، بۇ قېتىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشسەم ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، دەپ بىلىپ جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى. ئاخىر زەرنىتەنىنىڭ مۇڭگۇزى سۇنۇپ ئۇچى ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىدا قالدى. دىۋە ئابدۇلھېمىدنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپ غايىب بولدى. ئابدۇلھېمىدخەلخال دىۋىنى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. خەلخال ئۇ كېچە مال ۋە سىپاھلارنى باشلاپ ئابدۇلھېمىدنى بويىدا كۆتۈرۈپ بارگاھى جەمشىدكە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇ تەرەپتە ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈشتى. سەلسال مەيدانغا كىرمەكچى بولىۋدى. جەزابەر:

— ئەي شەھرىيار، بۈگۈن مەيداننى ماڭا بېرىڭ، — دەپ، ئۇ ئازغۇن مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا بىردىنلا ھاۋادىن خەلخال سېھرى كۈلا پەيدا بولۇپ ئابدۇلھېمىدنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ سىپاھلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئايىغىغا يىقىلدى. بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. زەرنىتەن دىۋىنىڭ مۇڭگۇزىنى قىرىپ ياردارلارنىڭ يارىسىغا قويدى. ياردارلار ساقايدى. ئۇ كۈنى جەزابەر ئالا توپىلاڭ بىلەن مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچقانداق كىشى قولاق سالمىغانىدى. ئۇ ئۆز ماكانىغا قايتتى. تاڭلا ئەتىسى جەزابەر مەيدانغا كېلىپ ئىسكەندەرگە:

— ئەي ئىسكەندەر، تۈنۈگۈن مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىڭ. بۈگۈن خىجىل بولمايلا مەيدانغا كېلىڭلار. سىلەر بىلەن باشتىن - باش ئېلىشاي، — دېدى. ئابدۇلھېمىد

مەيدانغاكىرىشكە تەييارلانغانىدى. شۇ ئەسنادا دەشت تەرەپتىن چاڭ ـ توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن تۆت ئەلەمنىڭ نىشانىسىدە تۆت مىڭ كىشى كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا سېرىق تونلۇق نىقابدار ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئىشارەت قىلغۇندى، لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى. ئۆزى ئېتىنى چاپتۇرۇپ جەزابەرنىڭ ئالدىغا باردى. جەزابەر:

— ئەي ئەجىلى توشقان، جېنىڭدىن تويغان بولساڭ ئالدىمغا كەل. ماڭا ئوخشاش باتۇرنىڭ جېڭىگە كەلگىنىڭگە خوپ، — دېدى. نىقابدار:

— ئەي ئازغۇن، پىر ـ مۇرشىدلىرىم خالىسا مەن سېنى مەيداندىن تارتىپ چىقىپ، ھەممەت ئىگىسىنىڭ لەشكىرى ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى. جەزابەر دەرغەزەپ بولۇپ ئارىسىنى ئېلىپ نىقابدارغا قاراپ ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار ئارىنى جەزابەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن جەزابەرنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. سەلسال بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، زەڭگىلەرگە جەزابەرنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلغانىدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى خۇددى ئىككى دەريا مەۋج ئۇرغاندەك جەڭ مەيدانىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ، ئۇر ـ چاپقا چۈشتى. نىقابدار جەزابەرنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئۆز لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى سەلسالنىڭ لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر باتۇرلارغا بۇيرۇق قىلدى. باتۇرلار مەيدانغا تۆكۈلدى. جەزابەر ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپتىكى ياش ئوغۇلنىڭ قولىدا ئەكەنلىكىنى بىلىپ بۇنى ئۆزىگە بەك ھەزەج كۆردى. ئۇ: مۇشۇ قەددى ـ قامىتىم بىلەن بۇ زەئىپنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىم تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى، دەپ باغلاپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ

ئۈچىنى ئوغلانىنىڭ قولىدىن سىلكىپ تارتقانىدى، ئارغامچا ئوغلانىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى. جەزابەر زەنگىلەر لەشكىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ ياۋايىنى تۇتۇڭلار، قېچىپ كەتمىسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. لەشكەرلەر جەزابەر قاچقان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. شاتۇر ئۇنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جەزابەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۈچۈپ بېرىپ جەزابەرنىڭ بېشىغا مىنىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا جوۋالدۇرۇز بىلەن تۆشۈك تېشىپ، بۇرنىغا شوينا ئۆتكۈزۈپ يېتىلەپ نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى شاتۇرنىڭ چەبدەسلىك ۋە تېزلىكىدىن ھەيران قېلىپ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن - تەھسىن ئېيتىپ چۇرقىراشتى. بۇ چاغدا ئەتراپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن يېشىل كىيىملىك نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، سەلسالنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ جەڭدە ئۇ يېشىل كىيىملىك نىقابدارنىڭ كۆزى سەلسالخانغا چۈشۈپ سەلسال بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن باردى ۋە:

— ئەي ئالۋاستى، بۇنىڭ نېمە ئەسۋاب ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويغىن، توختا، سەن ئۆز جايىڭدا تۇرغىن، — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا سەلسالخان زەھەرلىك قىلىچىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ نىقابدارغا قاراپ:

— سەن ئىسكەندەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياردەمگە كەلدىڭمۇ؟ — دېدى. نىقابدار:

— مەن سەلسالنىڭ جېنىنى ئالغۇچىدۇرمەن، — دېدى. سەلسال قىلىچ بىلەن نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار سەلسالنىڭ قولىدىكى قىلىچىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. بۇ چاغدا مۇھتەر دەۋران، نەسىم ئەييار يېتىپ كېلىپ قىلىچىنى قولىغا ئالدى. نىقابدار سەلسالنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ ئېگەردىن

ئۈزۈۋېلىپ كۆتۈرگەنىدى. فەرىدۇن سانى ئەلەمدارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئەلەمنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن سەلسال لەشكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. قەتران زەنگى ھەبەش لەشكەرلىرى بىلەن دەشتنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغدا ئىدى. ئۇلار ئۇ كېچىدە تاغدا بولدى. فەرىدۇن سانى پالۋانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيدانغا بېرىپ توردى. ئۇلار دەرۋازىدىن چىققانلارنى ئۆلتۈردى. لەشكەرلەر غەلىبە دۇمبىقىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدى. تا تۇن نىسىبغىچە باتۇر يىگىتلەر فەرىدۇننىڭ قېشىغا جەم بولۇشتى. فەرىدۇن لەشكەرلەر بىلەن شەھەر ئەھلىگە بېسىپ كىرىپ، ئۇچرىغان كىشىنى زەھەردە تاۋلىغان قىلىچ بىلەن يىقىتتى. شەھىرى سەلسال پاتپاراقچىلىققا چۈشتى. ئەتىگەندە شاھزادە شەھەرنى ئىلكىگە ئالدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر دۆلەت ئىقبالى بىلەن بارگاھى جەمشىدكە يېتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇرغانىدى، «ھازىر سەلسالنىڭ شەھىرى مۇھاسىرىگە ئېلىندى. تاڭلا شەھەرگە يۈرۈش قىلىپ شەھەرنى ئالىمىز» دەپ خەۋەر يەتتى. شۇ ئەسنادا ئاتەش ئەفرۇز شاھزادە فەرىدۇن ئىشغال قىلغان جايغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى ئالەمگە شاھى بولدى. خالايىقلار خۇشال بولۇپ، ناغرىنى شادىيانىگە چېلىپ، كۆلا - بۆكلىرىنى پەلەككە تاشلاپ تەبرىكلەشتى. بۇ چاغدا سېرىق كىيىملىك نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى جەزابەرنى پۇت - قولى باغلاغلىق ھالدا بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. يەنە يېشىل كىيىم كىيگەن بىر نەچچە نىقابدار سەلسالنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر بۇنداق ئۇلۇغ زەپەر- نۇسرەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقىغا تولا خۇشال بولدى. ئۇ ئىككى ئالۋاستىنى زىندانغا بۇيرۇدى. نىقابدارنىڭ مۇلازىملىرى ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك خۇشال - خۇرام بولۇپ، بەزمە-

ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا پىيادە بۇگدەدار بارگاھقا قەدەم قويۇپ دۇئا قىلىپ:

— شەھرىيار، كەمىنىلىرى نەچچە نىقابلىق بەندىكار بىلەن كەلدىم، — دەپ ئەرز قىلىغانىدى. ئىسكەندەر بۇ بەش كىشىنى قوبۇل قىلىش نەزەرى بىلەن كۆرۈپ كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى ۋە:

— ئەي باتۇرلار، ئۆز ئىنسابىڭلار بىلەن كېلىپ مەردلىكنى قولدىن بەرمەپسىلەر. قالغان سۆزلەر بولسا بەزمىدە ئولتۇرۇپ ئاندىن تەپسىلىي بايان قىلىشايلى، سەن كىم بولىسەن؟ ئىشىڭ نېمە؟ — دېدى. پىيادە بۇگدەدار:

— دانا، غالىب ئىگىلىرىگە روشەن بولسۇنكى، كەمىنە بەندە شەھرى سەلسالنىڭ پادشاھ شاھزادىسىدۇرمەن. مېنى شافۇر[92] دەپ ئاتايدۇ. ئاتام سەلسالنىڭ پەرمان يۈرگۈزگۈچىسى ئىدى سەلسالخان شەمامە ۋە دەمامەنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئاتامنى پادشاھلىقتىن قالدۇرۇپ، ئۆزى پادشاھ بولىۋالدى. ئۇلار ئاتامنى ئۆلتۈرمەكچى بوغانىدى. ئاتام جاننى ساقلاش ئۈچۈن يۇرتنى تەرك ئېتىپ قېچىپ، بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يۈرۈپ قەبىلە رەئىسىنىڭ قىزىنى ئالغانىكەن. مەنكى بەندە رەئىسىنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنىكەنمەن. ئاخىرى سەلسال ھارامزادە ئاتامنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ئۇ بىچارىنى زەھەرلىك قىلىچ بىلەن قەتل قىپتۇ. ئانام سەلسالنىڭ دەستىدىن قېچىپ بۇلۇڭ - پۇشقاقتا خارلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ كۈنلەردە مەن بەش ياشتا ئىكەنمەن، ئالتە ياشقا كىرگىنىمدە بىر كېچىسى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى چۈشۈمدە كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ دالالىتى بىلەن ئېتىقادىمنى تاپتىم. شۇندىن بۇيان ئەييارلىقنى ئۆزۈمگە لايىق كۆردۈم. بۇنىڭدا مەن يولباشچى بولۇشنى مەقسەت قىلغان ئەمەس، بەلكى پالۋان بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۇرسەت تېپىپ رەقىبلىرىم بىلەن تۇتۇشۇپ

بېقىشنى مەقسەت قىلغانىدىم. دەرۋەقە سىلى بۇ دۆلەتتە ئىقبال بىلەن سەۋەب كەلتۈردىلەر. مەن پەقەت قولۇمدىن كېلىدىغان خىزمىتىمدە گۇناھلىق ئىش قىلمىدىم. پېقىرنىڭ ھالىنى مۇشۇنچىلىك، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى.

يەتتە ئىقلىم پادشاھى ئەمىر قىلىپ پادشاھلىق تونىنى ئەكەلدۈرۈپ شافۇرغا ھەدىيە قىلىپ:

— ئەگەر شەھەرنى ئالسام پادشاھلىق تاجىنى بېشىڭغا كىيگۈزىمەن، — دەپ ئىشارەت قىلدى. ئارستو بىر ھەرپىنى شافۇرنىڭ ئىسمىغا يۇتۇپ، تويلۇق قىلىپ دۆلەت قۇشى قىلىپ مۆھۈرنى بەردى.

يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر كىيىمنى كىيىپ بارگاھى جەمشىدتە ئولتۇرۇپ جەزابەر بىلەن سەلسالنى جازا مەيدانىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىپ ھازىر قىلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ياشىشىنى مەنئى قىلىپ:

— قوغۇشۇننى ئېرىتىپ گېلىغا قۇيۇڭلار، — دېدى. بۇ ۋاقىتتا ھاۋادىن بىر قول پەيدا بولۇپ سەلسالنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. ئۇ يەنە:

— ئەي ئىسكەندەر، شەھەرگە بېسىپ كىردىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمدى سەلسالنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن. بىلىپ قويغىن، دەمامە تېخى ھايات. دەمامە ھاياتلار بولىدىكەن، سەلسالغا ھېچقانداق كىشى چېقىلالمايدۇ، — دېدى. شۇ چاغدا يەنە ھاۋادا بىر قول پەيدا بولۇپ جەزابەرنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ يۇقىرى ئۆرلەپ قانات ئۇرۇپ:

— مەرجانە جادۇ تېخى ھاياتتۇر، ھەرقانداق كىشى جەزابەرنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر ۋە جەمئىي سەردارلار بىر خىل تەڭلىكتە قالدى. ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، رەمىل سېلىپ باققىن، سەلسال بەختسىز

ئۆلەمدۇ-يوق ۋە يەنە ئىككىنچى قېتىم تىرىلىپ بىز بىلەن ئېلىشامدۇ، بېشارەت بەرگىن،— دېدى.

ئارستو رەمل سېلىپ، رەملىنىڭ كۆشەندىخانىسىغا قاراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— شەھرىيار، سەلسال ئەمدى بىزگە ئازار يەتكۈزەلمەيدۇ. ياكى پەيدا بولمايدۇ. سەلسالدىن خاتىرجەم بولۇڭ. جەزابەر بۇ دىياردا قايتا پەيدا بولمايدۇ. لېكىن ھىندىستانىنىڭ جاڭگىللىدا پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ كارامىتىنى شۇ يەردە كۆرسىتىدۇ،— دېدى.

ئىسكەندەر بۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى. تامام بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەكتەپ ۋە مەدرىسە بىنا قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى. سەلسالنىڭ دۆلەتخانىسىنى شافۇرغا تاپشۇردى ھەم بارلىق مال - مۈلكىنى شافۇرغا ئىنئام قىلدى.

يەنە بىر كۈنى شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى خىسرەۋ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ:

— شەھرىيار، سىلەرنىڭ شافۇرنى پادىشاھ قىلغانلىقىڭلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن قايىلمىز. چۈنكى، سەلسالدىن بىزگە كۆپ ئازار يەتتى. ئەندىشە قىلىدىغىنىمىز شۇكى، ئەگەر ئالىيلىرى بۇ شەھەردىن قوزغىلىپ كەتسىلە، ئەزازۇلنىڭ جىنلىرى كوھىقاپتىن چىقىپ بىزگە ئازار بېرەرمىكىن. ئۇلار كېلىپ ئۈچىنى شافۇردىن ئېلىشى مۇمكىن،— دېدى.

ئىسكەندەر ئەزازۇلنىڭ جىنلىرىنى قانداق قىلىش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ خاس كىشىلەر بىلەن ئەزازۇل ماكانىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. تاشقا ئارغامچىنى باغلاپ، بىرسىگە:

— ئۇ يەرگە چۈشۈڭ،— دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ئارغامچىنى

ئۇتۇپ كۆھىقاپقا چۈشتى. لېكىن ئۇ كىشىدىن ھېچقانداق ئەسىر بولمىدى. يەنە بىرىگە ئەمىر قىلدى. ئۇ ھەم چىقمىدى. ئىسكەندەر ئەنسىرەپ سارىسىمگە چۈشتى. ئوقيانى كۆھىقاپنىڭ گىرۋىكىگە تاشلىدى. ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. بۇنىڭدىن كۆھىقاپنىڭ ناھايىتى تىك ئىكەنلىكى بىلىندى. بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى. ئىككىنچى كۈنى ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا باردى. بىر ئۇخلىغاندىن كېيىن ئاخىرى ئۇيقۇ ئالەمدە بىر تەخت ھاۋادىن پەيدا بولۇپ، تەختنى يەردە قويدى. قاۋۇل، قامەتلىك بىر شەھرىيار ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ شەھرىيارنىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى. ئۇ: «پادىشاھى ئالەم، ئەفرۇز ھازازۇلنىڭ ۋادىسىدىن خاتىرەڭنى جەم قىلغىن. بۇ لەۋھەنى ئېلىپ، ئۇ جايغا چۈشۈپ جىنلارنىڭ يولىغا كۆمۈپ قويغىن. ئاندىن ئۇلار ئۇ كۆھىقاپتىن چىققىلى باشقا يول تاپالمايدۇ، » دەپ لەۋھەنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قويدى. ئىسكەندەر:

— ئەي شەھرىيار. سىز كىم؟ — دېدى. ئۇ شەھرىيار:

— مەن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇرمەن، — دەپ غايىب بولدى. ئىسكەندەر ئۇيقۇ ئالەمدىن ئويغاندى. ئىسكەندەر ئۇ لەۋھەنى كۆردى. ئىسكەندەر سەردارلارغا:

— مەن ئۇ كۆھىقاپقا كىرىمەن. مەن كۈن ئولتۇرغىچە كېلەلىسەم، ياخشى ئىش، ئەگەر كېلەلمىسەم، لەشكەرلەرنى ۋە پەرزەنتلەرنى ئېلىپ ئىرانغا كەتكەيسىلەر، — دېگەنىدى. ئارستو ۋە نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ:

— بۇ خىيالىڭىزدىن يېنىڭ، ئۇ جاي ئەزازۇلنىڭ ماكانى، ئۇ جايغا بارغان كىشى قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۆزىڭىزگە ئاگاھ بولۇڭ، ئۇ يەرگە يالغۇز قانداق بارىسىز؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي يارەنلەر، ماڭا ئىشىنىڭلار. مەن ئەلۋەتتە ئۇ جايغا بېرىشىم لازىم. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ ئىشنى قىلىمەن. بۇ خەلقنى جىنلارنىڭ ئاسارىتىدىن

قۇتۇلدۇراي، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر ئارغامچىغا ئېسىلىپ كوھىقاپنىڭ ئۈچىگە ساڭگىلىدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن پۇتى يەرگە يەتتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئاۋات بىر شەھەرنى كۆردى. سەلسالنىڭ شەھەرلىرى ئۇنىڭغا يەتمەس ئىدى. ئىسكەندەر خەنجەرنى چىقىرىپ تۆشۈك قازدى. لەۋھەنى ئۇ تۆشۈككە يوشۇرۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ يەردىن قايتىپ ئارغامچىغا ئېسىلىپ كوھىقاپتىن چىقتى. يارەنلار خۇشال بولدى. ئۇلار خۇشال - خۇرام بارگاھى جەمشىدكە قايتىپ كەلدى.

ساھىبقىران - ئىسكەندەر:

— سەلسال بىلەن جەزابەرنىڭ ۋە جادۇگەرلەرنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولدى. ئەمدى قەتران زەنگى بار تاغقا چىقىپ، بىللە ئېلىپ كېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز كېرەك، — دېگەنىدى. ئارستو قەتران زەنگىگە قارىتا نامە پۈتتى. نامە مۇنداق ئىدى:

«ئەي قەتران، سەلسال ۋە جەزابەرلەردىن نېمىنى كۆردۈڭ؟ سەن تاغقا چىقىپ نېمە قىلارسەن؟ غەرىزىڭ نېمە؟ ئەگەر جەڭ قىلىش مەقسىتىڭ بولسا تاغدىن چۈشكىن. بولمىسا ماجىرا قىلماي ئەپ ئۆتسەك. ئەگەر ئىتائەت قىلساڭ، مەن ساڭا مېھرىبانلىق قىلىمەن.» نامىنى يۆگەپ تۇملاپ يەتكۈزۈشكە بۇيرۇق قىلدى. نامىنى فەرىدۇن سانى تاغقا ئېلىپ چىقىپ، قەتراننىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكە راۋان بولدى. مۇھتەر نەسىم فەرىدۇننىڭ كەينىدىن كوھىقاپقا باردى.

— ئىسكەندەر ئوغلىنى قېشىڭىزغا ئەۋەتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر قەترانغا يەتتى. قەتران پىكرىنى دىلىغا پۈكۈپ دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن ئاتلىنىپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن تاغقا باشلاپ چىقتى.

فەرىدۇن ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى

سۈيۈپ قەترانغا بەردى. قەتران نامىنىڭ باش قىسمىنى كۆرۈپ: «نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ زېمىنلىرى قولىدىن كەتتى، ھالا بۈگۈن يۇرت ئىگىسى مېنى چىللاپ ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتىپتۇ. شاھزادە بۈگۈن كېچە ماڭا مېھمان بولسا، ئالدىدا خىزمەت قىلسام، ئەتە ئەتىگەندە شەھرىيارنىڭ ئاستانە[1]سىگە بارسام» دەپ تەكەللۇپ قىلدى. فەرىدۇن:

— ئەي نەسىم، بۇ كېچە قەتران ئۆزىنىڭ ئاستانىسىدا بىزگە خىزمەت قىلىپ خىجىل قىلىدىغان بولدى، — دېدى.

كەچ كىردى. قەتران ئاشپەز ئۇستىلىرىغا:

— ھەر بىر تائامنىڭ تەمىنى بىر - بىرىگە ئوخشاتماي ئالاھىدە دورا بىھوش ئارىلاشتۇرۇپ كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، قەتران ئۇ كېچىسى فەرىدۇن بىلەن نەسىمنى بىھوش قىلىپ قول - پۇتىنى باغلاپ، دەرھال كېمىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەبەش بىلەن زەنگىبار مەملىكىتىگە يۇرۇپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. بۇ ۋەقە ئىسكەندەرگە:

— قەتران زەنگى فەرىدۇن بىلەن نەسىمنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ زەنگىبارغا ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ يەتتى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆزى خىرە، ئەقلى تىرە بولدى. بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلىشنىڭ پىكرىنى قىلىشقا باشلىدى.

نەقىلچى قىسسىخان مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، قەتران، جەزابەر ئادى بىلەن سەلسالخانغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە ھەبەش بىلەن زەنگىبارنىڭ بەزى تەلەپلىرىدىن قانداق قىلىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قالغانىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر شاھزادە بار ئىدى. ئىسمى دىلىم ئىدى. قەتران باج - سېلىقنى كۆپەيتىپ، دىلىمنى

---

[1] ئاستان — ئاستانە، پايتەخت، ساراي، بىرەر كىشىنىڭ ھوزۇرى.

پادشاھلىق تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزى تەختكە ئېرىشىۋالغانىدى. دىلىم سەلسال شەھىرىگە كەلگەندە شەھەر ئەھلى شاھزادە دىلىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دىلىمنىڭ بېشىغا شاھلىق تاجىسىنى كىيگۈزۈپ ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. خىزمەتكارلىق بەلۋېغىنى بېلىگە باغلىدى. شۇ چاغدا دىلىم ئون تۆت ياشتا بولۇپ، دۆلەت ئەركانىدا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆرۈپ پاك ئېتىقادلىق بولغانىدى. ئۇ تەختتە ئولتۇردى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي سەردارلار، ئەگەر سىلەرنىڭ سۆزۈڭلار راست بولسا، ھەممىڭلار سادىقلىق بىلەن كەلىمە ئېيتىپ ئېتىقادىڭلارنى توغرىلاڭلار، — دېدى. ئۇلار:

— ھەممىمىز سىزنىڭ پەرمانىڭىزدا بولىمىز، — دەپ سادىقلىق بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. دىلىم سىپاھلارنى توپلاپ:

— قەتران سەلسالغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن شەھىرى سەلسالغا كەتتى. مەن ھەم ئىسكەندەردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدىم، — دېگەنىدى. سەردارلارنىڭ ھەممىسى ئاپىرىنلار ئوقۇشتى.

ئەلقىسسە، دىلىم شاھ لەشكەرلىرى بىلەن شەھىرى سەلسالغا قاراپ يولغا چىقتى. شەھەرگە بىر كېچە ـ كۈندۈزلۈك يول قالغاندا دەريادا يۈردى. ناماز ئەسىر ۋاقتىدا سۇ يۈزىدە بىر كېمە كۆرۈندى. ئۇ كېمىگە يېقىن باردى. ئۇ كېمىدە قەتران بار ئىدى. قەتران دىلىمنى كۆرۈپ، ئۆزىگە دىققەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سىپاھىغا:

— ئۇنى قاچۇرۇپ قويماي تۇتۇڭلار، — دېدى. قەتراننىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغالدى. دىلىم قەتراننىڭ باتۇرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا دىلىمنىڭ كۆڭلىگە بىر ئوي كېلىپ كېمىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ:

— ئەي قەتراننىڭ يارەنلىرى، قەترانغا ئېيتىڭلار، بۇياققا كەلسۇن. ئېيتىدىغان بىر نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار. ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈش ياكى ئەپۇ قىلىشقا ھۆكۈم قىلارسىلەر، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار سۆزنى قەترانغا يەتكۈزدى.

قەتران كېمىنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ:

— ئەي بەدۆلەت، مېنىڭ گۇناھىم شۇكى، سېنى ئۆلتۈرمەي ھايات قويغانلىقىم بولدى. ھازىر قانداق قىلماقچىسەن؟ بولسا ئۆزۈڭ بىلىپ پادىشاھلىقىمىزغا مايىل بولغىن، — دېدى. دىلىم:

— ئۇ كەچۈرمىشلەر مېنىڭ كۆڭلۈمدە يوق، سەن بىلگىن، بۇ ئىشنى مەقسەتلىك قىلدىم. ئەگەر دۆلىتىڭنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، ئۆز ئۆيۈمدە ئۆلتۈرغان بولاتتىم. چۈنكى بىر كۈنى ھەبەش بىلەن زەنگىبارنىڭ ئۇلۇغلىرى ئىشىكىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سېنى قەتراننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلىمىز» دېدى. مەن ئۇلارغا: «ماڭا قەتراننىڭ جايىدا ئولتۇرۇش قانداق لايىق بولسۇن» دېدىم. ئۇلار سۆزۈمگە ھەيران قېلىپ: بىز قەتراننىڭ پادىشاھلىقىنى خالىمايمىز سەن پادىشاھزادە، پادىشاھلىق ساڭا مىراستۇر، سېنى ئېتىراپ قىلدۇق، ئەگەر سەن قەتراندىن قورقساڭ، بىز يەنە بىرىنى پادىشاھ قىلىمىز، دېدى، ئەگەر مەن ئۇنىمىسام ئۇلار باشقا بىرىنى پادىشاھ قىلىدۇ. بۇ، دۆلەت قولدىن كەتتى دېگەن گەپ. مەن مۇشۇنداق ناچار ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىشقا قەدەم قويدۇم. ھازىر مەن دۆلىتىڭنىڭ ئاجىزلىق رىشتىسىنى تۇتۇپ تۇرىۋاتىمەن. سېنى ھەر ۋاقىت ھەبەش بىلەن زەنگىبارغا دۆلەت ۋە ئىقبال بىلەن قايتىپ كەلسە دۆلەتنى ئۆز قولىغا تاپشۇراي دەپ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئىنتىزار بولدۇم. بىراق بەزى بەندەپلەر بۇ ئىشتىن باش تارتتى. مەن ئۇ ئازغۇنلارنى

يوقىتىشقا ئاجىزلىق قىلدىم. ئاخىرى لەشكەرلەرنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدىم. ئىلھام بەردىم. لەشكەرلەرگە قەتران بىلەن جەڭ قىلغىلى بارىمەن، دېدىم. ئۇلار خۇشال بولۇپ ماڭا ھەمراھ بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئالدىڭغا كەلدىم. تاج ـ سەلتەنەتنى تاپشۇراي، سەن بىلەن جەڭ قىلىشقا نىيە ھەددىم. ساڭا ئوخشاش پادشاھقا رەھىمسىزلىك قىلمايمەن. ساڭا دۈشمەنلىك قىلغانلارغا تىغ ئۇرغايمەن. سەن بىلەن جەڭ قىلىمەن دېگەنلىك خۇددى «كەپتەرنىڭ قارچۇغا بىلەن جەڭ قىلغان» ھېكايىسىگە ئوخشاش ئىشتۇر، ــ دېدى. قەترانغا بۇ سۆز ناھايىتى خۇش ياقتى. شۇڭا قەتران:

ــ ئەي دىلىم، مېنىڭ كۆڭلۈمگە باشقا بىر ئوي چۈشكەنىدى. ھازىر ئۇ ئويىنىڭ ئەكسىچە بولدى. بۇ خىزمىتىڭنىڭ شاراپىتىدە ئۇلۇغلۇقنى ساڭا ئۆتۈنىمەن، ــ دېدى. دىلىم دۇئا قىلىپ:

ــ لات گۇۋاھ بولسۇنكى، مەن سېنىڭ بەندىلىرىڭنىڭ بىرىمەن، بەندىلىرىڭ قاتارىدا مۇئامىلە قىلغىن. كۆڭلۈمدە دۆلەتخورلۇقتىن بۆلەك ھېچنەرسە يوق، ــ دېدى. قەتران دىلىمگە تولا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. دىلىم:

ــ شەھرىيار، مەن شەھرىيارنىڭ بۇ مەردلىكى ھەققىدە بەزى خىزمەتلەرنى قىلىشنى ئويلايمەن. قىلغان خىزمىتىم قاتارىدا ئۆزۈمنىڭ چامىسىنىڭ يېتىشىچە كارامىتىمنى كۆرسىتىپ، نام ـ شەرەپكە سازاۋەر بولاي، بۇنچىلىك ئىش كەمىنىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى مۇبارەك ئالىيلىرىغا پىدا قىلسام، ــ دېدى. قەتران دىلىمنىڭ سۆزىدىن خۇرسەن بولۇپ، دىلىمنى پالۋان كۆرۈپ:

ــ بۇ خىيالىڭ ئوبدان خىيال بوپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇلۇغراق خىيالىڭ بولسىمۇ سېنى ئۇلۇغلايمەن، ــ دېدى. دىلىم يەنە:

ــ شەھرىيارنىڭ قەدىمىنى توغرىلاپ، كەمىنىنىڭ

كېمىسىنىڭ يېنىغا كېمىلىرىنى ھەيدىسىلەر، — دېدى. قەتران ئۆزىنىڭ كېمىسىنى ئالدىغا يۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. قەتران كۆپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن دىلىمنىڭ كېمىسىگە كىردى. دىلىم پادىشاھلارچە سەپ تۈزۈپ، خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ قەترانىنىڭ ئالدىدا تۇردى. قەتران دىلىمنى نەچچە قېتىم ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى. دىلىم:

— مېنىڭ شۇ تاپتىكى ئىشىم ھەبەش بىلەن زەڭگىبار پادىشاھىنىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلىشتۇر، — دېدى.

ئەلقىسسە، قەتران خاس كىشىلىرى بىلەن ئولتۇردى. دىلىم ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى. قەتران دىلىمغا ۋەدە قىلىپ ئۇنى ئۈمىدۋار قىلدى. تائام تەييار بولدى. دىلىم مۇلازىملىرىغا:

— تائاملارغا دورا بىھوشنى قوشۇپ كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. مۇلازىملار دورا بىھوشنى تائامغا ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. قەتران ئىشتىھا بىلەن تائام يېدى. داستىخان يىغىلدى. بۇ چاغدا قەتران خاس كىشىلەر بىلەن چۈشكۈرۈپ بىھوش بولۇپ ياتتى. دىلىم ئۇنىڭ پۇت - قولىدىن باغلاشقا بۇيرۇدى. تاڭ ئاتتى. دىلىم كېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ھەبەش، زەڭگىبار خەلقى، سىلەر بىلىسىلەر، ھەبەش، زەڭگىبار پادىشاھلىقى ۋارىسلىق تەرىقىسىدە ماڭا كەلگەندى. قەتران زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ مېنىڭ ئۆمۈر ۋە ھۆكۈمىتىمگە دەخىل قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىرادە بىلەن ئىقبال - نۇسرىتى ماڭا يۈزلىنىپ، قەترانىنى تۇتۇپ بەنتكە تارتتىم. ئەگەر ماڭا ئىتائەت قىلساڭلار ھەر بىرىڭلارغا ھېسابسىز مەنپەئەت بېرىمەن. ئەگەر ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلساڭلار، سىلەر سەردار ئەمەس ياكى پالۋان ئەمەس، قولۇڭلاردىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. بۇيرۇق قىلساملا بىردەمدە ھالاك بولىسىلەر، — دېدى. ھەبەش، زەڭگىبار سەردارلىرى

دىلىمدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:
— بىزلەر پەرمانبەرداردۇرمىز، سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ بىلىمىز. قەترانىنىڭ پادىشاھلىقىدىن بىزارمىز، — دېدى. دىلىم ئۆز ئەقىدىسىنى بايان قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەقىدىسىگە بويسۇندى. دىلىم باشپاناھلىق تەختىدىن قارار ئېلىپ قەترانىنى ئالدىغا چاقىرتتى. دىلىم:
— ئەي ھارامزادە، ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتىگە قارشى ھىيلىلەرنى قىلغانىدىڭ. بۇگۈن ئاخىرى ئۆزۈڭگە ياندى، — دېدى.
دىلىم مۇلازىملىرىنى شاھزادە فەرىدۇن بىلەن نەسىمنى بەنتتىن خالاس قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنى بەنتتىن بوشىتىپ، دىلىمنىڭ سۆھبىتىگە باشلاپ كىردى. دىلىم فەرىدۇن سانىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. شاھزادە فەرىدۇن قەترانغا قاراپ:
— ئەي ھارامزادە، ئىسكەندەر ھەرگىز ھەبەش بىلەن زەنگىبارنى قول قىلىمەن دەپ كەلگىنى يوق. سەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ سەلسالىغا ياردەم بېرىپ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلدىڭ. بۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر مېھرىبانلىق قىلىپ نامە پۈتۈپ ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتكەنىدى. سەن ئۇنىڭ جاۋابىغا ھەر خىل ھىيلىلەرنى قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ مۇبارەك ئاستانىسىگە تاۋاپ قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلىپ، ماڭا دورا بىھوشنى بېرىپ باغلاپ ئېلىپ قاچتىڭ. ئىرادە بىلەن سەن يەنە قولىمىزغا چۈشتۈڭ. بۇ ھەقىقەتنى بىلدىڭمۇ؟ — دېگەنىدى. قەتران زەنگى ئاجىزلىقىنى ئىقرار قىلىپ:
— سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بەرھەق ئىكەن، — دەپ باش ئەگدى. نەسىم فەرىدۇننىڭ قۇلىقىغا:
— مۇبادا قەترانىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئۇنى قويۇپ

بېرىدىغان بولسىڭىز، بېشىڭىزغا بالا ياغدۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئامالىنى قىلالمايسىز،— دېگەنىدى، فەرىدۇن دېدى:

— ئەي قەتران، مەن سېنى يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر ئەپۇ قىلسا ۋە ياكى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇسا بۇنى ئۆزۈڭنىڭ پېشانىسىدىن كۆرگىن.

ئەلقىسسە، فەرىدۇن سانى ھەبەشنىڭ ئىككى لەشكىرىنى ھەمراھ قىلىپ قىتا (سەلسال) مەملىكىتىگە راۋان بولدى. بۇ ئىشتىن كېيىن ئۇلار خېلى ئازادە بولۇپ قالدى. فەرىدۇن بىلەن نەسىم، دىلىملەر قەتراننى ئېلىپ بارگاھى جەمشىدكە يېتىپ بېرىپ، يەتتە ئىقلىم پادىشاھىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىسكەندەر ئوغلىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. مۇھتەر نەسىم قەتراننى لەھەڭنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ پالۋانلارنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر:

— ئەي مۇھتەر دەۋران، بۇ ھارامزادىنى قايسى يوللار بىلەن دامىڭلارغا چۈشۈردۈڭلار؟— دەپ سورىغانىدى، نەسىم ئۆتكەن ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى. دىلىم بۇنى ئاڭلاپ پەشتىگاھ ھۇزۇرىغا قەدەم قويۇپ، ئىسكەندەرگە كۆپ تەھسىنلەر قىلدى. ئۇ قەترانغا قاراپ:

— ئەي ئازغۇن، ئىسكەندەر شاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نېمە دەپ تونۇيسەن؟ — دېدى. قەتران:

— ئەي شەھرىيار، سىزنىڭ ئېتىقادىڭىز بەرھەق ئىكەن، ئەگەر شەھرىيار مەرھەمەت قىلسا مەن سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزدا بولسام،— دەپ ھال ئېيتتى. ئىسكەندەر قەتراننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. قەتران ئازغۇنلۇق يولىدىن سەممىي - سادىقلىق يولىغا كىردى. ئىسكەندەر قەتراننىڭ پۇت - قولىنى بوشىتىشقا بۇيرۇدى. قەتران نىجاتلىنىپ ئېرىشىپ:

— شەھرىيار، بىر مەسلىھىتىم بار ئىدى، سەلتەنەتلىك

جاھانگىرلىكىڭىزنىڭ پەگاسىدا پايمال بولۇپ مالايدەك خىزمەت قىلىپ، خالايىق ئارىسىدا كارامىتىمنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت بەرسىڭىز، — دېدى. ئىسكەندەر قەترانىنىڭ بۇ تەلىپىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇ ھارامزادە ئۈچ - تۆت كۈن خىزمەت قىلغان بولدى. بىر كېچىسى تۈن نىسبىدىن ئۆتۈپ، ئالەم جانلارنى ئۇيقۇ بۆشۈكىدە تەۋرەتتى. بۇ چاغدا قەتران: «پۇرسەت كەلدى» دەپ قېلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئۆز ھوجرىسىدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ چېدىرىغا كىردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ كات ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قېلىچىنى ئويناتقىنىچە ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە كەلدى. ئەمما قۇللار قەدىردانى ئالماس سۇبھىگە يېقىن ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدىن خەۋەر ئالغىلى كەلدى. شۇ پەيتتە ئۇ ناپاكنىڭ دېرىزە يېنىدا قېلىچ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئالماس:

— سەن كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى. قەتران ھودۇقۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا قېلىچ ئۇردى. قېلىچ كاتنىڭ بۇرجىكىگە تەگدى. ئىسكەندەر ھاي - ھۇينى ئاڭلاپ تەختتىن سەكرەپ تۇرۇپ، قەترانىنىڭ قېلىچ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر بىر قولى بىلەن قېلىچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن قەترانىنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇردى. قەتران يىقىلدى. ئالماس ئۆزىنى قەترانىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى ئارغامچا بىلەن باغلىدى. ئىسكەندەر قەترانغا:

— ئەي ھارامزادە، ھەممە يامانلىقنى قىلدىڭ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئەكسىچە ساڭا ياخشىلىق قىلدىم. سەن يەنە نېمە ئۈچۈن ھارامزادىلىك قىلىسەن؟ — دېدى. قەتران بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، قىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. بۇ ئىشىمنى ئەپۇ قىلغىن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي هارامزادە، سېنى يۈز قېتىم ئەپۇ قىلغان تەقدىردىمۇ سەن يەنىلا ۋاپا قىلمىغۇدەكسەن، — دەپ ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. شۇ سائەتتە دىلىمنىڭ سىپاھلىرى ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

— بىز بەندىلىرى قەترانىنىڭ يامانلىقىنى شۇنداق ئەرز قىلىمىزكى، ئەرزىمىزنىڭ رەت بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇ ناپاكنى دارنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ نۇرغۇن باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈنۈش تەلەپ قىلدى. لېكىن پايدا بەرمىدى. ئاخىرى دارغا ئېسىپ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن.

ئىسكەندەر دىلىمنى خۇشۋاقلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ھەبەش، زەنگىبارنىڭ پادىشاھلىقىغا تەيىنلەپ، خەلققە مايىل قىلىپ، ئۇ يۇرتنى باشقۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى ھەبەش بىلەن زەنگىبارنىڭ سەردارلىرىنى ئېلىپ ئۆز پايتەختىگە راۋان بولدى. بەس، ئىسكەندەر شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى چاقىرىپ، شافۇرغا قاراپ:

— ئەمدى مەقسىتىم شۇكى، ھىندىستان تەرەپكە بارىمەن. بۇ شەھەرگە ئۆز ئورنۇمدا سېنى قويدۇم. سەنمۇ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاش غەۋغا قىلمىغىن. ئەگەر شۇنداق ئالىتوپىلاڭلار سېنىڭدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىسام، بەھمەننىڭ تاج ـ تەختىگە قەسەم قىلىمەنكى، خىزمىتىڭنى ئېلىپ تاشلاپلا قالماي، بالا ـ قازاغا گىرىپتار قىلىمەن، — دېدى. شافۇر قوبۇل ئەڭگۈشتەرىنى كۆزىگە قويۇپ، قوللۇق رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر شەھەر ئۇلۇغلىرىغا قاراپ:

— سىلەرنىڭ يەنە نېمە ھاجىتىڭلار بار؟ شافۇرنىڭ پەرمانىدىن باش تارتماڭلار، مۇبادا شافۇرنىڭ پەرمانىغا دەخىل قىلغانلىقىڭلارنى ئاڭلىسام، پەرۋەردىگار ئالدىدا ھەممىڭلارنى

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىمەن، ــ دېگەنىدى، شەھەرنىڭ مەردلىرى:
ــ ئەي شەھرىيار، پادىشاھزادە شافۇر بەرھەق نەسەب ئىكەنسىدۇر. بىز شافۇرنىڭ پادىشاھ بولغىنىغا خۇشالدۇرمىز، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ پەرمانبەرداردۇرمىز، ــ دېدى.
ئىسكەندەر خىسرەۋ تاج - تەختىنى شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىغا بىرىپ پەرماندارلىق دەستىكىنى شافۇرنىڭ ھۆكۈمىدە قويدى. سەردارلار، پالۋانلار، ئەيارلار ھىندىستان سەپىرىنىڭ جابدۇقىنى قىلىشقا كىرىشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## يەتمىشىنچى قىسسە، يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ئىسكەندەرنىڭ قەزاۋۇ قەدەر باياۋانىدىن ئۆتۈپ، سىپاھ ۋە لەشكەرلىرى بىلەن ھىندىستان مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى، دەمامە جادۇنىڭ شاگىرتى ئەرقەمە جادۇنىڭ ئۇلارنىڭ يولىغا تىلىسىم باغلىغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئالەمنى بويسۇندۇرغۇچى شەھرىيار بەھمەن داراپ ۋارىسى تاج-تەخت كىيانى يەنى ئىسكەندەر ساھىبقىران سەلسالىنىڭ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ، قىتا شەھىرىدىن ئۇ جادۇنىڭ جادۇلىرىنى تىنجىتىپ بولۇپ، «ھىندىستاننىڭ ئىرادىسىنى قىلسام قەزاۋۇ قەدەر باياۋانى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ» دەپ ئەندىزە

قىلدى. خەزىنىدارنى چاقىرىپ پەرمان قىلىپ، ئەفلاتۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى ھازىر قىلدى. سەۋىيەتنامىنى ئاچتى. ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇدى. ۋەسىيەتنامە مۇنداق يېزىلغانىدى: «بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم. بۇ ۋەسىيەتنامىنى مەنكى ئەفلاتۇن يۇنانى پۈتكەندۇرمەن. ئەي ئالەم پاناھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ساڭا خۇش خەۋەر بولسۇنكى، دۆلەت ئىقبالىڭنىڭ لىباسى سېنىڭ قامىتىڭگە ئۆلچەنگەندۇر. ئەي ئىسكەندەر، ۋاقتىڭكى قىتانىڭ ۋە تۈركىستاننىڭ تۇرلۇك بالا ـ قازا پەيدا قىلغان مۇشكۇلاتلىرىنى يېڭىپ، زېمىن ئىقبالىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەزاۋۇ قەدەر باياۋانىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا قارپ يۈرۈش قىلساڭ، ئۇ باياۋاندا بىر ئاق دۆۋە يولى بار، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش لازىم. باتۇرلارنىڭ پائالىيىتىگە دۇمباق بىلەن تەرتىپ بېرىڭ. قىتا شەھىرىدىن چىققان ۋاقتىڭىزدا، شەھىرى زەررىنغىچە ناغرا ـ سۇناي كېچە ـ كۈندۈز شادىيانىگە چېلىنسۇن، ئەگەر ناغرا ـ سۇنايىنىڭ ئاۋازى ـ ساداسى توختاپ قالسا، غايىبتىن ئاجايىپ سادالارچىقىپ پالۋانلارنىڭ قۇلاق مۇڭگۈزىنىڭ پەردىلىرىنى پارە قىلىدۇ. لەشكەرلەرگە بىر ئايلىق ئوزۇق ئېلىڭ، ئۇ جايدا ئوزۇق يوق. ئۇ باياۋاننىڭ ئۇزۇنلۇقى يەتتە يۈز پەرسەخ كېلىدۇ.» ئىسكەندەر ۋەسىيەتنامىنى يۈگەپ ئەفلاتۇن ھەققىدە دۇئا قىلىپ، ۋەسىيەتنامىنى خەزىنىدارغا تاپشۇردى. ناغرا ـ دۇمباقلارنى تەييارلاپ خاسىيەتلىك ۋاقىت ـ سائەتتە شافۇر بىلەن لەشكەر توپلاپ غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن قوزغىلىپ، قەدىمىنى قەزاۋۇ قەدەر باياۋانىغا قويدى. دەمامە ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ:

— مەن قاچان تۇتۇش قىلسام بولاركىن، ئىسكەندەر شەھەرگە كېلىپ، ئوغلۇم سەلسالنى پادشاھلىقتىن قالدۇرۇپ، شافۇرنى ئۆز نامىدا پادشاھ قىلىپ شەمامەدەك ھەمشىرەمنى

ئۆلتۈرۈپتۇ. ئەمدى ئىسكەندەرنىڭ يولىغا قەدەم قوياي، بېرىپ ئاجىزلىق ھالقىسىنى قۇلىقىغا سالاي، — دېدى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، دەمامەنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئىسمى ئەرقەمە ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي ئۇستاز، بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى ئۆزىڭىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلاي، — دەپ، دەمامەنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ھازازۇلنىڭ ماكانىدىن باشقا يول بىلەن ئالەم پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئالدى، ئىسكەندەر كېلىشتىن ئىلگىرى يولىغا سېھىر بىلەن بىر مۇنار بەرپا قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئىسكەندەر لەشكەر تارتىپ، قىيامەت ئەسىرى بىلەن قىزاۋۇ قەدەر باياۋانىغا كەلدى. ئۇلار ئىككى سەپتە توققۇز مىڭ جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە چېلىپ يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ مۇشكۇلاتلىقنى تىترىتىپ كېلىشتى. كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى مەنزىلگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار يول كۆرسەتكۈچ ئېگىز بىر مۇنارنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ:

— ئەي بۇرادەرلەر، بۇ ئەفلاتۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە قەيت قىلىنمىغان بەلگە ئىكەن. بۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلايلى، — دەپ، مۇنارنىڭ بىر تەرىپىگە چېدىرلارنى تىكىپ چۈشتى. بارگاھ بىنا قىلدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد بىر نەچچە ياش يىگىتلەر بىلەن تاماشا قىلىش ئۈچۈن بۇ بەلگە- مۇنار تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇلار يېقىن كېلىپ ئۇ مۇنارنى كۆردى. ئۇ مۇنارنىڭ ئۇچى ئاسمان-پەلەككە تاقاشقانىدى. ئۇ مۇنارنىڭ ئۈستىدە يەتتە خىل رەڭلىك بىر قۇش ئولتۇراتتى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد قۇشنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەتتە خىل رەڭلىك قۇش ئەتراپقا بىر قاراپ قويۇپ پەسكە قاراپ ئۇچتى. ئابدۇلھېمىد ئوقنى ئوقيانىڭ كامانىغا

قويۇپ قۇشنى چەنلىگەنىدى، ئۇ قۇش ناھايىتى ئۇزۇن ئەجدىھا بولدى. ئابدۇلھېمىد ئۇ ئەجدىھاغا ئوق ئاتتى. ئوق ئەجدىھاغا تېگىپ سۇندى. ئۇ ئەجدىھا ئاغزىنى غاردەك ئېچىپ ئابدۇلھېمىدنى دەم تارتىپ مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇردى. ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىنداشلىرى ئۇ ھالنى كۆرۈپ ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ پەرىشان بولدى. مۇھەممەد شىرزاد ئابدۇلھېمىدنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن مۇنار تەرەپكە قەدەم قويۇپ مۇنارغا يېقىن كەلدى. ھېلىقى قۇش ئەجدىھا سىياقىغا ئۆزگىرىپ مۇناردىن چۈشۈپ مۇھەممەد شىرزادقا ھۇجۇم قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد قىلىچىنى ئەجدىھاغا ئۇردى. قىلىچ ئەجدىھانىڭ كېكىردىكىدىن چىقتى. لېكىن قىلىچ ئەجدىھاغا تەگكەن بولسىمۇ، ئەجدىھا مۇھەممەد شىرزادنى دەم تارتىپكەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا غەم - قايغۇ پەيدا بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالغا قاراپ:

— ئەمدى بۇ مۇنارغا ھېچقانداق كىشى بارمىسۇن. مەن ئۆزۈم بارىمەن. ئۇ قۇش يەنە نېمىنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرەلەيدىكىن، — دەپ ئەمىر - پەرمان قىلدى. شەھرىيار ئۇ جايغا بارماقچى بولۇپ، پەرۋەردىگاردىن ئۇنىڭ چارىسىنى سورىدى. ئۇنىڭغا غايىبتىن ئاۋاز كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئۇ كۆرۈنگەن ئەجدىھا ئەمەس. ئۇ جادۇگەر دەمامەنىڭ شاگىرتىدۇر. كۆزىدىن باشقا يەرگە ئوق ئاتسا ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ئوق ئاتماقچى بولساڭ، كۆزىنى نىشان قىلىپ ئوق ئاتقىن، — دېدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ ئوقداندىن ئوق ئېلىپ، ئوقيانىڭ كامانىغا قويۇپ ئۇ ئەجدىھانىڭ كۆزىنى نىشانلاپ ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئوقى ئەجدىھانىڭ كۆزىگە تەگدى. ئەجدىھادىن

نالە- پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن گۇلدۇرماما پەيدا بولدى. بىرئازدىن كېيىن گۇلدۇرماما پەسىيىپ، ئۇ يەردە بىر قۇدۇق پەيدا بولدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە يېقىن باردى ۋە باشقىلارنى ئۇ يەرگە سولاپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. ئەتىسى ئۇ جايدىن كۆچۈپ يولغا راۋان بولدى. ئىسكەندەر يولدا ئەييارلار بىلەن كېتىۋاتقانىدى، ئىسكەندەرگە بىر كېيىك ئۇچرىدى. ئىسكەندەر ئۇ كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ھەمراھلىرىدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى. كېيىك باياۋان تەرەپكە قاچتى. ئىسكەندەر ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇن قوغلىدى. ئۇ كېيىك ئىسكەندەرنىڭ نەزەرىدىن غايىب بولدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ئارقىغا قارىدى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ ھەيران بولۇپ ئېتىنى ياندۇرۇپ چاپتۇردى. بىر چىمەنزارلىققا كەلدى. ئۇ يەردە بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنىڭ قولىدا ھەيۋەتلىك بىر ئورغاق بولۇپ، ئىسكەندەر ئۇنىڭ زىرائەتلەرنى پىشقان - پىشمىغىنىغا قارىماي ئورىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەيران بولدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. ئۇ جايدا ئىككى قاساپ دۇكىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى بىر - بىرىگە قارشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى كانارغا سېمىز گۆش ئاسقانىدى. يەنە بىرى ئورۇق گۆش ئاسقانىدى، خالايىق ئورۇق گۆش بار دۇكانغا كېلىپ توپلىشىپتۇ. سېمىز گۆش بار دۇكاندا ھېچكىشى يوق ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر خالىي جايغا يەتتى. ئۇ يەردە بىر قۇشنى كۆردى. ئۇ قۇش تۆشۈكىدىن چىقتى. ئۇ يەنە تۆشۈكىگە كىرمەكچى بولۇپ كىرەلمىدى. ئىسكەندەر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر سەھراغا كەلدى. ئۇ يەردە يەنە بىر كىشىنى كۆردى. ئۇ بىر چەتتە يانتاق يىغىپ باغلاپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆتۈرەلمىدى. بېرىپ يەنە يانتاق يىغىپ دۆمبىسىگە قويۇپ كۆتۈرمەكچى بولدى. لېكىن

كۆتۈرەلمىدى. يەنە يانتاق يىغىپ كەلدى. يەنە كۆتۈرەلمىدى. ئىسكەندەر بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر يەرگە كەلدى. ئىككى ئوغۇل ئوقتەك تۈز ئىككى تال ياغاچنى بىرى تىكلىسە يەنە بىرى يىقىتىپ، يەنە بىرى تىكلىسە يەنە بىرى يىقىتاتتى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ئالدۇۋام ئىدى. ئۇلار سىپىل - سوقما سوقماقچى ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشلاردىن ھەيران قېلىپ، پەرۋەردىگارغا بۇ ئىشلار ھەققىدە ئىلتىجا - ئىلتىماس قىلىپ:

— بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسەم، ماڭا ئاشكارا قىلساڭ، — دېدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا غايىبتىن:

— ئەي ئىسكەندەر، سېنى بۇ باياۋانغا كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت شۇكى، بۇ قىسمەتلەرنىڭ سەۋەبىنى ساڭا ئاشكارىلاش. سەن بىلگىنكى، ئۇ كىشىنىڭ زىرائەتنى پىشقان - پىشمىغىنىغا قارىماي ئورىغىنى، ئورۇق گۆش بىلەن سېمىز گۆش ئايالларنىڭ ۋەسلى ۋىسالى بىلەن ئار - نومۇسلۇقنى بىلدۈرىدۇ. بەزى خوتۇنلار پاھىشە ئىشلاردىن يىراق بولۇشنى، بەزى ئاياللار ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. قۇشنىڭ تۆشۈكىدىن چىقىپ، يېنىپ كىرمەكچى بولغاندا تۆشۈككە پاتمىغانلىقىنىڭ مەنىسى شۇكى، قىلغان سۆزنى ياندۇرۇپ ئالغىلى بولمايدۇ. ھېلىقى كىشىنىڭ يانتاقنى دۈمبىسىدە كۆتۈرەلمىگەنلىكى بولسا گۇناھنىڭ ئۈستىگە گۇناھ قىلماسلىقنىڭ مىسالىدۇر. ئۇ كىشىنىڭ ياغاچنى تۇرغۇزغانلىقى، يەنە بىرىنىڭ يىقىتقانلىقىنىڭ مەنىسى شۇكى، ھەر قانداق كىشى مال - دۇنيالىق بولۇشنى خالايدۇ. ئاخىرى مال - دۇنيانىڭ پىراقىدا ھالاك بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكلىكىنى قىلىدۇ. دۇنيا ئۇ كىشىنى ھالاكەتكە باشلايدۇ دېگەنلىكتۇر. ئەي ئىسكەندەر، دۆلەت ۋە دۇنيالىق ساڭا يارىمايدۇ ۋە ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئاگاھ بولغىنكى، سەن ھەمىشە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىب

كېلىسەن، ــ دېدى.
ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ ئوردىغا راۋان بولدى. ئۇ بىرمۇنچە ماڭغاندىن كېيىن ئوردا كۆرۈندى. سەردارلار ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ناغرىنى شادىيانىگە چالدى. ئۇلار يەنە تاغلىق - جىرغا يولىغا راۋان بولدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، يولنىڭ ئازابىنى يول يۈرۈش ئارقىلىق بىلدى. ئۇلار سەلتەنەتلىك بارگاھنى تىكىپ چۈشكۈن قىلدى. ئوردا ۋە لەشكەرلەرنىڭ سۈيى تۈگىگەنىدى. ئوردىدىكىلەر جاھاننىڭ چېتىگە كېلىپ سۇيىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن زارلاندى. باياۋاننىڭ يولى ناچار، يەنە كېلىپ سۇ يوق. يول يۈرۈش ئىنتايىن جاپالىق بولدى. ئۇلار باياۋاندا ئىسسىقنىڭ ھارارىتىدىن قەدىمىنى يۆتكەشكە مادارىمۇ قالمىدى. ئىسكەندەر يارەنلەرگە:
ــ ئەي يارەنلەر، ماڭا مۆھلەت بېرىڭلار، سايىدىكى ئۇ يەرگە بېرىپ باقاي، بولسا شۇ يەردىن سۇ ئېلىپ كېلەي، ــ دېدى. بۆرادەرلىرى:
ــ شەھرىيار، سۇنىڭ تەشنالىقىدىن جېنىمىزنى ئىلكىڭىزگە بەردۇق، جاننى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىڭ، ــ دېيىشتى.
ئىسكەندەر خىيال دەرياسىغا چۆكۈپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ خەزىنىدارغا بۇيرۇپ ساندۇقنى كەلتۈردى. مىسقال تەلەپ قىلدى. ساندۇقتىن تۆت جىن پادىشاھنىڭ مويىنى (ئۇلار بەدەخشان شەھرىدە بويسۇندۇرۇلغانىدى) ئېلىپ كۆيدۈردى. جىنلارنىڭ پادىشاھلىرى لەشكەرلىرى بىلەن دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇلار دۇئا - ساناغا ئېغىز ئېچىپ بولغاندىن كېيىن:
ــ شەھرىيار، بىزنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ھازىر قىلدىڭىز؟ ــ دەپ ئەھۋال سورىدى. ئىسكەندەر:
ــ ئەي پادىشاھلار، يولنىڭ مۇساپىسى شەھىرى

زەررىنغىچە ئىدى. لېكىن بىزدە سۇ قالمىدى. سىپاھلار سۇسىز، تەشنالىقتا ئۆلۈم گىردابىغا يېتەي دەپ قالدى. لەشكىرىڭىزنى بۇيرۇپ كارىز كولاپ، بۇلاقلارنى ئاققۇزسىڭىز، لەشكەرلىرىم ئۇسسۇزلىقتا قانسا، — دېدى. جىنلار پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ بۇ تەلىپىنى بېشى بىلەن قوبۇل قىلدى. لەشكەرلىرى كەتمەننى تۇتۇپ كارىز كولاشقا كىرىشتى. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكىچە كارىزنى كولاپ بولدى. سۇبھى بولغاندا سۇ ئېقىپ چىقتى. جىننىڭ سىپاھلىرى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— ئىشنى تۈگەتتى، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇپ، يولباشچى بىلەن بارگاھتىن چىقىپ كارىز تەرەپكە باردى. ئىسكەندەر سۇپسۈزۈك سۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئىسكەندەر ئۇ جامائەتكە ئىككىنچى قېتىم ئەمر قىلىپ، كارىزنىڭ ئايغىغا كۆل چاپتۇردى. سۇ كارىزدىن چىقىپ كۆلگە قۇيۇلۇپ ئۇ جايغا زىننەت بولدى. ئىسكەندەر ئۇ خالايىقلارغا:

— سىلەر شەھىرى قىنتاغا بېرىپ، چىنار دەرىخى ئېلىپ كېلىپ، ئۇ كۆلنىڭ چۆرىسىگە تىكىپ، بۇ جاينى ساقلاشقا ئادەم قويۇپ قويۇڭلار. بۇ جاينى خاتىرىلەش يادنامىسى بولسۇن، — دەپ ئۆزىگە يېتەرلىك سۇ ئېلىپ، جىنلار پادشاھىغا كۆپ تەھسىن - ئاپىرىن، ئۆزرە - تەشەككۇر ئېيتىپ جىنلار بىلەن خوشلىشىپ، بىر سائەتتەك ۋاقىتتا بۇ يەردىن كۆچۈپ ئۆز مەنزىلىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئىسكەندەر نۇرغۇن مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ بىر دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ جايدا ئىشلەيدىغانلارنى سۈرۈشتۈردى. بىر دېھقاننىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى. ئۇ ھېسابسىز لەشكەرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ئەي بۇرادەرلەر، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ مۇنچە كۆپ قوشۇن بىلەن قىزاۋۇقەدەر يولى بىلەن كەپسىلەر، ھەزرىتى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن ھازىرغىچە ھەر قانداق شەھرىيار ۋە نامدار پالۋانلارمۇ بۇ باياۋاندا ماڭالىغان ئەمەس، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:

— ئەمىر بەگ، بۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى. ئىسكەندەرنىڭ ئىقبالى ئالدىدا بۇنداق يولنى بېسىپ ئۆتۈش ھېچقانداق ئىش ئەمەس، — دېگەنىدى، ئۇ ھەيران قالدى. ئىسكەندەر ئۇ دېھقاندىن:

— ئېيتقىنا، بۇ كۆرۈنگەن قايسى شەھەر؟ — دېدى.

— بۇ شەھەرنى «شەھرى زەررىن» ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەپ ئاتايدۇ، — دېدى دېھقان.

— پادىشاھىنىڭ ئىسمى نېمە ۋە قايسى مەزھەبتە؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

— پادىشاھىنىڭ ئىسمى زەررىن شاھ. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزھىبىدە، — دېدى دېھقان. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولۇپ:

— بارغىن، زەررىن شاھقا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىر بىزنىڭ شەھەرگە يېقىن كېلىپ چۈشۈپتۇ، پادىشاھ بىلەر كۆرۈشمەن دەيدۇ، دەپ ئېيتقىن، — دېدى. دېھقان يۈگۈرگىنىچە زەررىن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن لەشكەرلىرى بىلەن چېگرىغا كېلىپ، سىز بىلەن كۆرۈشەم دەيدۇ، ئۇ قەزاۋۇ قەدەر يولى بىلەن كېلىپ شەھەرگە يېقىن جايغا چۈشۈپتۇ، — دەپ يەتكۈزدى. زەررىن شاھ:

— ئەيسا ئەلەيھىسسالام راست ئېيتقانىكەن، ئۇ ھەقتە ماڭا: «شەھرىيار ئالەمنى ئايلىنىپ ئاخىرى شەھرىڭگە كېلىدۇ. ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبىرى. ئۇ پۈتۈن ئالەمنى بويسۇندۇرىدۇ. سېنىڭ شەھرىڭگە كەلگەن ۋاقتىدا خىزمىتىدە بولغىن. شەھرىڭگە كىرىشىگە قارشىلىق قىلمىغىن. سەندىن

رەنجىپ قالمىسۇن» دېگەنىدى. مەن، نېمە ئۈچۈن ئىسكەندەرگە ئۇنداق مۇئامىلە قىلىمىز دېسەم، ئۇ ماڭا «بۇ يولدا ئىسكەندەردىن باشقا كىشى مېنگىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ ئىشنى پەقەت شەھرىيارلا قىلالايدۇ» دېگەن ئىدى — دەپ، دۆلەت ئەركانلىرى، مەملىكەت ئەربابلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇنى تەكلىپ قىلدى. ئىسكەندەر ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە كىردى. ئىسكەندەر شەھىرى زەررىنگە كىرىپ شۇنداق شەھەرنى كۆردىكى، ئۇردا تاملىرى ئالتۇن - كۈمۈش خىشلاردىن بىنا قىلىنغانىكەن. بازار ۋە مەھكىمىلەرگە تىللا زىننەتلەر ناھايىتى جەزىبدار ۋە ھەيۋەتلىك تۈس بەرگەنىكەن. شەھەردىكى شۇنچە ئەسۋاب ۋە مۇلۇكلەرنىڭ ھەممىسى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغانىكەن.

ئەلقىسسە، زەررىن شاھ ئىسكەندەر ۋە سىپاھلارنى ئۆز ئوردىسىغا ئېلىپ كىردى. ئىسكەندەر زەررىن شاھنىڭ بارگاھىغا كىرىپ، گۈمبەزلىرىنىڭ پەلەككە باش قويۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. گۈمبەزنىڭ بىر خىشى ئالتۇندىن، يەنە بىر خىشى كۈمۈشتىن ئىدى. گۈمبەز ئىشىكلىرىنى ئەينو ۋە چىنار ياغاچلىرىدىن ياسىغانىكەن. بازار دۇكانلىرىدا تىللا ۋە كۈمۈش كىمخابتىن باشقا نەرسە قويۇلماپتۇ.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەرنىڭ كۆزى شۇنچە كۆپ ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىغا چۈشتى. ئۇ ھېچقانداق پادىشاھلىقتا بۇنداق نەرسىلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. زەررىن شاھ ھەم خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئىسكەندەر ئۈچۈن بەزمە تۈزۈپ خىزمەتكارلىقنى ھەر ۋاقىت بېشى بىلەن قىلدى. ئىسكەندەر بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. بۇ چاغدا فەرىدۇن سانى مەيىن شامالدا سەيلە قىلىپ، باغنىڭ تاماشىسىنى قىلغىلى باغقا كىردى. سەيلە قىلىپ يۈرۈپ بىر

قەسرنىڭ يېنىغا كەلدى. بىر كىچىك دەريا بۇ قەسرنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قەسرنىڭ تاملىرىنىڭمۇ بىر خىشى ئالتۇندىن بولسا، يەنە بىر خىشى كۈمۈشتىن ئىدى. فەرىدۇن ئۇ دەريادا سۇغا چۆمۈلۈش ئۈچۈن يالىڭاچ بولۇپ دەرياغا چۈشتى. ئۇ تازا تاماشا قىلىۋاتاتتى. زەررىن شاھنىڭ راشىدە پەرى ئىسىملىك قىزى ئۇ يەردە تاماشا قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، پەرى سۇ چۆمۈلۈۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— ئىسكەندەر ئاتامنىڭ مېھمىنى، ئەمما مەن ئەمر قىلىپ ئاتامانلاردىن ھېچقايسىسى قەسردىن چىقمىسۇن،— دېگەنىدىم. بۇ قايسى چۆرىدۇر— دەپ، بىر چۆرىنى،— ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ كەل، ئەمرگە خىلاپلىق قىلغان قانداق چۆرىكەن ئۇ،— دەپ بۇيرۇغانىدى. چۆرە قىز ئۇ تەرەپكە بېرىپ فەرىدۇننىڭ تىكلىنىپ تۇرغان خاس ئەۋرىتىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ دىلى ھەم كۆزى فەرىدۇننىڭ جامالىغا چۈشتى. چۆرەقىز راشىدە پەرىنىڭ پەرمانىنى ئۇنتۇدى. ئەمما راشىدە پەرى چۆرىنىڭ خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. ئۇ چۆرە قايتىپ كەلمىدى. يەنە بىرىنى ئەۋەتتى. ئۇمۇ بېرىپ فەرىدۇننىڭ جامالىغا قاراپ دىلىنى بەردى. قايتىپ كەلمىدى. راشىدە ئىنىكئانىغا:

— سەن بېرىپ، ئۇ بىشەملەرنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ كەل،— دېدى. ئىنىكئانىمۇ ئۇ تەرەپكە باردى. ئۇ فەرىدۇننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قايتىپ كەتمىدى. راشىدە بۇ يەردە ئىنتىزار بولۇپ قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ راۋاقتىن چۈشۈپ ئۇ يەرگە باردى. ئۇ ئىنىكئانا بىلەن چۆرە قىزلارنىڭ ئەقلى - ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئاستا بېرىپ قامچىسى بىلەن ئىنىكئانىنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئىنىكئانا ئارقىسىغا قاراپ راشىدە

پەرىنى كۆردى. ئىنىكئانا راشىدەگە:

— ئەي مەلىكە، ھۇمايۇن پەرىشتىسى ئاسماندىن قەسىرنىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپتۇ. تېز كەلگىن، ئۇ ئوغۇل يالىڭاچ سۇغا چۈشۈپتۇ، — دېدى. راشىدەنىڭ كۆزى فەرىدۇننىڭ تىكىلىنىپ تۇرغان خاس ئەۋرىتىگە چۈشتى. ئۇ ھەيرەت ئىچىدە ئاھ تارتتى. ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ئىنىكئانىنىڭ قوچىقىدا ياتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ: «بۇ ئادەمزات ئۆز خىسلىتى بىلەن مېنى ئىشق دامىغا ئىلىندۇردى. ۋادەرىخ، مەن ئىشقىدا كۆيگەيمەن، ئۇ يىگىت بىخەۋەر ئازادە» دەپ ئەينەكنى ئېلىپ، ئاپتاپنىڭ شولىسىغا تۇتتى. ئاپتاپنىڭ شولىسى فەرىدۇنغا چۈشتى. فەرىدۇن قەسىرگە قارىدى. بىر ئاي قەسىردىن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندى. ھۆسن ۋە لاتاپەتتە يېگانە ئىدى. ئۇ ئاشۇ باغنىڭ رەيھانى ئىدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە فەرىدۇن راشىدە پەرىگە ئاشىق - بىقارار بولدى. ئۇ سۇدىن چىقىپ، دەريا بويىدا بىھوش بولۇپ ياتتى. ئاتەش ئەفرۇز دەريا بويىغا كېلىپ فەرىدۇننى بىھوش ھالدا كۆردى. ئۇنىڭ پۈتىنى غىدىقلىدى. فەرىدۇن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. لېكىن مەشۇقىنى كۆرەلمىدى. فەرىدۇن ئۆزىگە قاراپ ھوشىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئاتەش ئەفرۇز فەرىدۇننى پەرىشان كۆرۈپ:

— ئەي نامدار، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

فەرىدۇن:

— ئەي سەردار، ماڭا ئاجايىپ ئىش ئۇچرىدى. نەچچە كۈن بولدى. زەررىن شاھ بىزگە خىزمەت قىلدى. بىز بۇنىڭدىن تولا خىجالەتتە بولدۇق. قىلىدىغان خىزمىتىنى ئاشۇرۇپ قىلدى، — دېدى.

ئاتەش ئەفرۇز فەرىدۇنغا دىلدارلىق كۆرسىتىپ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. ئاندىن يەنە زەررىن شاھنىڭ سورۇنىغا

ئېلىپ كىردى. بۇ چاغدا ئارستونىڭ كۆزى فەرىدۇننىڭ يۈزىگە چۈشتى. ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلدى. ئارستو ئۇنىڭغا:

— ئەي شاھزادە، سورۇندىن چىقىپ كەتكەندە ئۆز ھالىڭىز بىلەن ئىدىڭىز، ئەمما شۇ ئاپتا سىزگە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى. فەرىدۇن:

— دەردلىك سىر مېنى ئەسىر ئالدى، — دەپ كۆڭۈل سىرىنى يوشۇردى.

ئەلقىسسە، زىياپەت تامام بولدى. ھەر بىرى ئۆز ماكانلىرىغا ياندى. فەرىدۇن ھۇجرىنى خىلۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. شاھزادە ھۇجرىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، قان يۈرىكىنى داغلاپ يۈزىنى زەپىرەڭ قىلدى. ئاتەش ئەفرۇزنىڭ دىلى فەرىدۇننىڭ ھالىغا كۆيدى. ئۇ نەسىمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي ئاتا، شاھزادە فەرىدۇننى ئەجەب بىر ھالەتتە كۆردۈم. ئۇنىڭ قېشىغا يالغۇز كىرىشتىن قورقىمەن، سىزنى شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، سىز ئۇنى يىرگىنىشلىك ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن توختاتسىڭىز، — دېدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ فەرىدۇننىڭ ھۇجرىسىغا باردى. ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ ھۇجرىنى يورۇتتى. نەسىم ھۇجرىغا كىرىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، دۇئا - سانادىن كېيىن فەرىدۇندىن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. فەرىدۇن:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويۇڭ، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم ئىشلارنى ھەر جەھەتتە سورىدى. شاھزادە جاۋاب بەرمىدى. مۇھتەر نەسىم:

— ئەي شاھزادە، زارىڭنى مەندىن يوشۇرمىغىن، بولمىسا

بىتابلىقنىڭ بى زوھۇر[1] قالمىسۇن، ئەگەر زور بىلەن ياكى ئەيىپارلىق بىلەن بولۇپ قالغان ئىش بولسا، ساڭا ياردەم قىلىش قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېگەنىدى، فەرىدۇن دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي نائەييار، ماختانچاقلىقنى ئاز قىلغىن، ماڭا مۇشۇنداق ئىش - پەشلىك كەپتۇ. سېنىڭ تەدبىرىڭ بىلەن ھەل بولمايدۇ. قايتقىن، مېنىڭدىن جېنىڭغا خەتەر يەتمىسۇن، — دېدى.

مۇھتەر دەۋران فەرىدۇننىڭ زارىنى ئىزھار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قايتىپ كېلىپ ئارستونىڭ قېشىغا كىردى. شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ئارستو فەرىدۇننىڭ ھۇجرىسىغا كەلدى. فەرىدۇننىڭ كۆزى ئارستوغا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇنى ئولتۇرغۇزدى. ئارستو فەرىدۇنغا:

— ئەي شاھزادە، مېنى بىلىسىز، مەن دانىش - داموللا ئەفلاتۇننىڭ شاگىرتى. مەن ھەرقانداق دەردىڭىز بولسا ئىلاجىنى قىلىشقا يارايمەن، — دېدى. نەسىم قەسەم قىلىپ:

— ئارستو راست ئېيتىدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي ھېكىم - دانا، ئۇ كۈنى باغچىنى سەيلە قىلىپ قەسىرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بارغانىدىم. ئۇ يەردە بىر پەرىزاتنى كۆردۈم. شۇ زامان دىلىمنى قولۇمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، ئەندىشە قىلىدىغىنىم، مۇبادا ئۇ نازىنىن زەررىن شاھنىڭ خوتۇنىمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئەگەر شۇنداق بولغاندا ماڭا، ئۆلۈمدىن باشقا چارە يوق. ئەگەر زەررىن شاھنىڭ دېدىكى ۋە ياكى قىزى بولۇپ قالسا، مەقسەتنى ئېيتماقتىن باشقا چارە يوق، — دېدى. ئارستو:

— بۇ ئىش ئۈچۈن بىتاپ بولۇشتىن باشقا، كۆڭلۈڭدە

---

① زوھۇر — ئاشكارا بولماق، پەيدا بولماق.

ھېچقانداق ئارىسالدىلىققا يول قويمىغىن، مەن بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، — دېدى. بەس، شاھزادىگە دىلدارلىق قىلىپ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەلدى.

شاھزادە ئۇ كېچىنى يۈز تىلەك بىلەن ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر سەركەردە ۋە پالۋانلار بىلەن بارگاھتا ئولتۇرغانىدى، ئارستو بارگاھقا كېلىپ، شاھزادە فەرىدۇننىڭ ئىشق ئەھۋالىنى يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ تېگىگە يەتتى. شۇ ئەسنادا زەررىن شاھ بارگاھقا كىرىپ كەلدى. ئارستو ئۇنىڭغا:

— ئەي زەررىن شاھ، تۇنۇگۇن ئىسكەندەر ئولتۇرغان قەسىر كىمنىڭ قەسرى؟ — دەپ سورىدى. زەررىن شاھ:

— مېنىڭ راشىدە پەرى ئىسىملىك بىر قىزىمنىڭ، ئۇ قەسىر شۇ قىزىمنىڭ، ئۇنىڭدىن بۆلەك پەرزەنتىم يوق، — دېدى. ئارستو:

— ئەگەر ئۇ قىزغا ياخشى لايىق بولسا بېرەرسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. زەررىن شاھ:

— قىزنى ياتلىق قىلىمىز، ئوغۇلنى ئۆيلەيمىز، بۇ ئەلمىساقتىن تارتىپ بولىۋاتقان قائىدە، بۇنىڭدىن باشقا ئىلاج يوق. ئەمما مېنىڭ بىر شەرتىم بار. ھەرقانداق كىشى پەرۋەردىگارنىڭ ھىدايىتى بىلەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەقلىقىغە قەسەم قىلىپ، مۇشكۇلۇمنى ھەل قىلسا، قىزىمنى شۇ كىشىگە بېرىمەن، — دېدى. ئارستو:

— ئۇ قانداق مۇشكۇلات؟ — دەپ سورىدى. زەررىن شاھ:

— ئەگەر، مۇمكىن بولسا مۇشكۇلۇمنى بايان قىلسام، — دېدى. ئارستو زەررىن شاھنىڭ سۆزىنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. نۇرى ئالەم ئىسكەندەر:

— ئەي زەررىن شاھ، پەرزەنتىم فەرىدۇن سىزگە

كۆيئوغۇل بولۇشنى خالاپتۇ. توغرا تاپقان بولسىڭىز، — دېدى. زەررىن شاھ:

— ئەي شەھرىيار، مېنىڭ ئۇ بەخت - ئىقبالىم شەھرىيارنىڭ ئوغلىغا لايىق كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا بىر شەرت بار، ئەگەر شاھزادە بىر مۇشكۇلاتىمنى ھەل قىلسا، قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرىمەن ۋە يەنە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، — دېدى. بۇ چاغدا شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي زەررىن شاھ، شەرتىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. ھەر قانداق مۇشكۇلات بولسا، مېنى بۇيرۇڭ، پىر - مۇرشىدلەر مەدەت بەرسە، مۇشكۇلاتنى ھەل قىلغايمەن، — دېدى. زەررىن شاھ:

— ئەي شەھرىيار، بىلگىنكى، پەرۋەردىگار ماڭا بىر ئوغۇل ئاتا قىلغانىدى . ئۇ ئوغۇل باياۋاندا شىكار قىلىشقا ھېرىسمەن ئىدى. بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر باياۋان بار. ئۇنىڭ نامى سۇمۇرغلار ماكانى. ئۇ جايدا بىر دەرەخ بار. ئۇ دەرەخ ناھايىتى يوغان ھەم ئېگىز. نۇرغۇن سۇمۇرغلار ئۇ دەرەخكە ماكانلاشقان. ئۇ باياۋاننىڭ بىر تەرىپىدە تىلسىماتلىق بىر قەلئە بار. ئۇ تىلسىمنىڭ نامىنى — داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ[93] نامى بىلەن ئاتايدۇ. ئەمىرلەرنىڭ قەبرىسىگە ھەر خىل ئەسۋاب، مال - دۇنيا تىلسىم قىلىپ قويۇلغان. شۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە ئۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇشقا ھېچقانداق كىشىنىڭ قۇدرىتى يەتمىگەنىدى. دەرۋەقە، بىر كۈنى ئوغلۇم شىكار قىلىپ يۈرۈپ ئۇ جايغا بېرىپ قاپتۇ. بىر كېيىك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قەلئەگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئوغلۇم كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ، بىراق قايتىپ چىقمىدى. بۇ ھالدىن خەۋەر تېپىپ، لەشكەر بىلەن ئۇ قەلئەگە يېقىن بېرىپ، تۆت يۈز پالۋاننى قەلئەگە كىرگۈزدۈم. ھېچ ئەسىرى مەلۇم بولمىدى. مەن ئۇچۇن ئوغلۇمدىن باشقا جان

نىشانىم يوق ئىدى. مەن قەسەم قىلدىمكى، ھەر قانداق كىشى كەلسە ئۇ تىلسىمغا كىرىپ ئوغلۇمنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ ماڭا تاپشۇرسا، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن قىزىمنى بەرگەندىن باشقا، خەزىنەمنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن دېگەنىدىم، شەھرىيار، پەرمان قىلسىڭىز، فەرىدۇن ئۇ تىلسىمنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئوغلۇمنى تىلسىمدىن خالاس قىلىپ ماڭا تاپشۇرسا، مەن قىزىمنى شاھزادىگە بېرىمەن. ئەگەر بۇ ئىش ھەل بولمىسا، قىزىمنى بېرىمەن دېيىشكە تىلىم قىسقا بولىدۇ، — دېگەنىدى.

شاھزادە فەرىدۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەسەم قىلىپ:

— مەن بۇ تىلسىمغا كىرىپ، تىلسىمنى سۇندۇرۇپ بۇ ئىشنى ھەل قىلمىغىچە ھەرگىز قايتمايمەن ياكى بۇ ئىش ئۈچۈن جان پىدا قىلغايمەن، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## يەتمىش بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەرىدۇن-نىڭ داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرغانلىقى، مۇھەممەد شىرزادنىڭ قىزى مېھرىزاتقا ئاشىق بولغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، زەررىن شاھ يۈز بىر قېتىم قەسەم قىلدى. فەرىدۇن سانى ئىسكەندەرگە قاراپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، ئاتلانسىلا، ئۇ قەلئەنىڭ

دەرۋازىسىغا بېرىپ تاماشا قىلساق، — دېدى. ئىسكەندەر زەررىن شاھ، لەشكەرلىرى، پالۋانلىرى بىلەن بىرگە ئاتلىنىپ، ئۇ تىلسىم تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار قەلئەگە يېقىن كەلدى. قەلئەنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسىگە ھەتتا ھەر بىر پەشتاقىغىمۇ قاراۋۇل قويۇلغانىدى. ئۇ پەشتاقلارنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇللار مەشئەل كۆتۈرۈشۈپ يورۇشەتتى. تۆۋەندە ئۇستىلار بىلەن شاگىرتلار ئالتۇن - زەر تاۋلاۋاتاتتى. شاگىرتلىرى شامالچا بىلەن ئوت پۈۋلىسە، ئۇستىلىرى سايمان - جابدۇقتىن ئالتۇن - زەررىنى ئېلىپ سەندەلدە سوقۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا شاھزادە بىر ئادەمنى قەلئەگە كىرىپ نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم قەلئەگە كىرىشىگە دەشت تەرەپتىن بىر قۇش كېلىپ تىلسىملىق قەلئەگە كىردى. بىر ئازدىن كېيىن قۇش قەلئەدىن ئۇچۇپ چىقتى. ھېلىقى كىشىلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ قۇش كەلگەن جايىغا كەتتى. قەلئەگە كىرگەن ئادەمدىن ئەسىر بولمىدى. شاھزادە پەرىدۇن:

— بۇ قەلئەگە ھازىرچە ئادەم كىرمىسۇن. غالىب - غۇلاملارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېگەنىدى، كۆردۇق، دېيىشتى. بەس، شاھزادە چېدىرنى قىرائەتخانا قىلىپ مۇلاھىزىسىگە كىرىشتى. ئىسكەندەر:

— ئەمدى، يەنە بۇ قەلئەگە كىشى كىرمىسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. ئىسكەندەر زەررىن شاھ بىلەن ئولتۇرغانىدى. شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ:

— بۇ ئاجايىپ ئىشكەن، ئىشق ئوتىدا كىشىنىڭ ھوشى قالمايدىغان. تىلسىمنى سۇندۇرۇشتا ئالدى بىلەن سېھىرنى پاش قىلىش لازىم، — دېدى. تىلسىمغا قەدەم قويۇپ، — مۇشكۇلاتنى ھەل قىلىپ، ئىنىمنى خوش قىلاي، دەپ تىلسىمغا كىرىپ كەتتى. ئىسكەندەر باشقىلاردىن:

— فەرىدۇن قەلئەگە قەدەم قويغۇچە، ئابدۇلھېمىد تىلسىمغا بېرىپ بوپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئىسكەندەر ئاچچىقلىنىپ:

— مەن ھېچكىشى قەلئەگە كىرمىسۇن دەپ ھۆكۈم قىلسام، مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلاقتا تۇتمىسا، مېنىڭ پادىشاھلىقىمنىڭ ئېتىبارى نېمە؟— دېدى.

ئەلقىسسە، ئابدۇلھېمىدتىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. مۇھەممەد شىرزاد ئابدۇلھېمىدنىڭ دائىم بىرگە يۈرىدىغان ھەمراھى ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

ئابدۇلھېمىد بۇ تىلسىمغا بەنت بولۇپ قالدى. مۇبادا بۇ تىلسىمنى فەرىدۇن سۇندۇرسا، بارگاھتا ئولتۇرۇپ ئابدۇلھېمىدنى مەن بەنتتىن خالاس قىلدىم دېمىسۇن، بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تىلسىمنىڭ سىرىنى ئېچىپ، شاھزادىنى خالاس قىلىش كېرەك، دەپ تىلسىمغا قەدەم قويدى. ئۇ يەردىكى مېھنەتكەشلەر بولسا سوقۇپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل ئىدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن بىرىنىڭ تىلسىماتقا كىرگەنلىكىنى بىلىپ:

— يەنە كىم تىلسىمغا قەدەم قويدى؟— دەپ سورىدى.

— مۇھەممەد شىرزادنىڭ قەدىمى يېتىپتۇ، — دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر ئازابلىنىپ ئەمىرخانغا قاراپ:

— مېنىڭ كۆڭلۈمگە پەرزەنتىمنىڭمۇ پىكرى ئوخشاش ئەمەسكەن، دېگەن خىيال كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار مېنىڭ ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلىۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، ئەمىرخان ئىسكەندەرگە:

— شەھرىيار، پەرزەنتلەر، غۇلاملارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىرادىڭىزگە مۇخالىپ ئىش قىلمايدۇ، بەلكى سىز بىلەن پىكىرداش، سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە قارشى ئىش قىلمايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ مەلۇم سەۋەبى بار، — دېدى. بىر ئازدىن كېيىن

فەرھەتنىڭ دىۋىنزادىنىڭ ئىسىگە: «مۇھەممەد شىرزاد ئۆز ئەقىدىسىنى ئاقلىيالماسلىقى مۇمكىن. مەن ئۇ تىلسىمغا كىرىپ، ئەگەر تىلسىمنى سۇندۇرسام ئابدۇلھېمىد بىلەن مۇھەممەد شىرزادنى قۇتقۇزسام مېنىڭ سۆزۈم ۋە نام - نىشانىم جاھاندا بىر بولار ئىدى» دېگەن خىيال كەلدى.

ئەلقىسسە، فەرھەتنىڭ ئۇ تىلسىمغا قەدەم قويدى. فەرھەتتىنمۇ ئەسىر زاھىر بولمىدى. بۇ چاغدا شاھزادە فەرىدۇن مۇلاھىزىگە مەشغۇل بولغىنىغا ئۈچ كېچە - كۈندۈز بولغانىدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تەلەپ قىلدى. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بېشىنى سەجدىگە قويغانىدى، كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ شۇ زامان چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ھاۋادىن بىر تەخت چۈشۈپتۇ. بىر شەھرىيار شۇ تەختتە ئولتۇرغىدەك. شەھرىيار فەرىدۇنغا قاراپ:

— ئەي پەرزەنتىم، كۆڭلۈڭدە دىلىغۇللۇققا يول بەرمىگىن، بۇ داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمى، سېنىڭ ئىسمىڭغا باغلانغان تىلسىم. مەن داۋۇت پەيغەمبەر بولىمەن. مەن شۇ تاپتا سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئۇقۇپ، ساڭا ھىممەت ئاتا قىلغىلى كەلدىم. ئورنىڭدىن تۇرغىن، ئاتقا مىنىپ قەلئەگە كىرگىن. ئۇ قۇش قەلئەگە كېلىدۇ. قۇش بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قونىدۇ. سەن ئوقنى قۇشنىڭ كۆزىنى نىشانلاپ ئاتقىن. ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا جايىغا ئوق تەگسە كار قىلمايدۇ. ئەگەر ئاتقان ئوقۇڭ تەگمىسە، سەن ئۇ يەردىن ھايات قايتىپ چىقىمەن دەپ ئويلىمىغىن، شۇنىڭ بىلەن سەن باياۋاندا قېلىپ ھالاك بولىسەن. ئەگەر ئۇ قۇشنى ئوق ئېتىپ ھالاك قىلالىساڭ، تىلسىم ھەققىدىكى لەۋھە قولۇڭغا چۈشىدۇ، — دېدى.

فەرىدۇن سانى ئويغاندى. ئۇ چېدىردىن چىقىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، تىلسىمنى سۇندۇرۇشقا ماڭا ھىدايەت بولدى، — دېدى. ئاندىن كېيىن شاھزادە ئېتىغا

مىنىپ بىر كىشىنى:

— قەلئەگە كىرگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ كىشى قەلئەگە قەدەم قويۇش بىلەن ئۇ مېھمانكەشلەر يەنە تۇمۇر تاۋلاشقا مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا بىر قۇش يېتىپ كەلدى. ئۇ قۇش قەلئەگە كىردى. فەرىدۇن ئۇ قۇشنىڭ ئارقىسىدىن ئاتنى چاپتۇرۇپ قوغلىدى. لېكىن ئات قۇشقا يېتەلمىدى. قۇش ئۇزاپ كەتتى. فەرىدۇن ئاتنى تاشلاپ قويۇپ باشقا ئاتنى ئالماشتۇرۇپ، قۇشنىڭ ئارقىسىدىن چاپتۇردى. ئۇ ئەتىگەندىن كۈن ئولتۇرغىچە ھېچيەردە توختىماي قۇشنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بىر دەشتكە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر يوغان دەرەخنى كۆردى. قۇش شۇ چوڭ دەرەخكە قوندى. شاھزادە ئۇ دەرەخكە يېقىن كېلىپ ئاسمانغا قاراپ مۇناجات قىلىپ، ئوقنى ئۇ قۇشنىڭ كۆزىگە نىشانلاپ ئاتتى. پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئوق قۇشنىڭ كۆزىگە تېگىپ، قۇش چىرقىراپ دەرەختىن ئۇچۇپ پەلەككە پەرۋاز قىلدى. شاھزادە ئوق قۇشقا كار قىلماپتۇ دەپ ئويلىغاندى. بىر ئازدىن كېيىن قۇش ئاسماندىن يەرگە چالما چۈشكەندەك چۈشتى. فەرىدۇن ئۇ تەرەپكە باردى. ئۇ يەردە بىر قېرى دىۋىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى كۆرۈمسىز بولۇپ ئىڭرايتتى:

— ئەي ئادەمزات، سەن بۇ سىرنى نەدىن بىلىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟ ماڭا يېقىن كەلگىن، يەنە بىر قېتىم زەربە بېرىپ، مېنى بۇ دەردتىن خالاس قىلغىن، — دېگەندى، شاھزادە ئۇنىڭغا يېقىن باردى. ئۇ ئىلگىرى دىۋە ئۆلتۈرۈپ باقمىغاندى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ دىۋىنىڭ كاللىسىغا بىر قىلىچ ئۇردى. دىۋىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. دەرۋەقە ئۇنىڭ ھەر بىر تامچە قېنىدىن دىۋىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار فەرىدۇنغا ھۇجۇم قىلدى. فەرىدۇن ھەيران بولۇپ دىۋىلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى. ھەر بىر دىۋىنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ خۇنىدىن

ئۇرغۇن دىۋە پەيدا بولاتتى. فەرىدۇن باياۋانغا قاراپ كۆپلىگەن دىۋىلەرنى كۆردى. ئۇنىڭغا دەشت دىۋىلەر ماكانىدەك كۆرۈندى. فەرىدۇن بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۈمىد يۈزىنى پەرۋەردىگارغا قىلىپ نىجاتلىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بىردىنلا شەھرىيارنى كۆردى. شەھرىيار تاغدىن چۈشۈپ ئاستا ـ ئاستا دىۋە لەشكەرلىرى تەرەپكە ماڭدى. دىۋىلەر شەھرىيارنى كۆرۈپ دەشت تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. شەھرىيار فەرىدۇننىڭ قېشىغا كېلىپ، فەرىدۇننىڭ قولىغا ئەڭگۈشتەرنى بېرىپ:

— ئەي ئىسكەندەر پەرزەنتى، بۇندىن كېيىن دىۋە بىلەن ئېلىشساڭ قولۇڭغا توپا ئېلىپ ئاغزىغا ئۇرساڭ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن جەھەننەمگە ماڭىدۇ، — دېدى. فەرىدۇن:

— ئەي شەھرىيار، سىز كىم بولىسىز؟ مېنى دىۋىنىڭ قولىدىن نېمە سەۋەبتىن خالاس قىلدىڭىز؟ — دېدى.

— مەن سۇلايمان پەيغەمبەردۇرمەن. بۇ ئەڭگۈشتەرنى ساقلىغىن، دىۋىلەر بۇ ئەڭگۈشتەرنى كۆرسە قورقۇپ قاچىدۇ، — دېدى.

فەرىدۇن دەرھال شەھرىيارنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرىنى سۆيەي دەپ تەمشەلگەندى، ئۇ غايىب بولدى. فەرىدۇن ئەپسۇسلانغان هالدا يولىغا راۋان بولدى. ئۇ تىلسىمنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، قۇشنىڭ يارقىنىدىن ئاسمانغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يولنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر ئېگىز تاغنى كۆردى، بىلمەيلا ئۇ تاغقا چىقتى. ئۇ يەردە قاتتىق توڭلىدى، قوللىرى ئۈششىدى. شاھزادە: «بۇگۈن كېچە ئوتۇن تېپىپ ئوت قالاپ، بۇ تاغدا قوناي، تاڭ ئاتقاندائەللۇەتتە شەھرى زەررىننى كۆرەرمەن» دەپ ئويلاپ ئوتۇن يىغدى، ئوت قالاپ ئوتقا قاقلىنىپ ئولتۇردى.

ئۇ تەرەپتە خىسرەۋ كەبى شەھرىيار فەرىدۇننىڭ قۇشىنىڭ

كەيىندىن كېتىپ يانمىغانلىقىنى كۆرۈپ، مۇھتەر نەسىمنى شاھزادىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى. مۇھتەر دەۋران قۇش كەتكەن نىشان بىلەن ھەممە يەرگە باردى. كۈن ئولتۇراي دېگەندە بىر جايغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە فەرىدۇننىڭ ئېتىنىڭ ئوتلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ تاغنىڭ ئېتىكىگە باردى. تاغ ئۈستىدىكى ئوتنى كۆردى، تاغقا چىقتى. ئۇ يىراقتىن بىرسىنى كۆرۈپ ئەندىشە قىلدى. نەسىم: «ئەگەر ئۇ ئادەمزات بولسا قېشىغا باراي، يەنى شاھزادىنى سوراپ باقاي، ئەگەر ئۇ دىۋە بولسا كەينىمگە ياناي» دەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇ فەرىدۇن ئىدى. نەسىم فەرىدۇننى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي شاھزادە، دەرھال تىلسىمنىڭ يېنىغا بارايلى، ئىسكەندەر سىزدىن بەك ئەندىشە قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى. فەرىدۇن ئورنىدىن تۇرۇپ نەسىم بىلەن تاغدىن چۈشتى. ئاتقا مىنىپ نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. ئۇلار تىلسىمغا سۇبھى ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرگە ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر سەردارلار ۋە لەشكەرلەر فەرىدۇننىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ تىلسىمغا قەدەم قويدى. مېھنەتكەشلەر يەنە ئەسلىدىكىدەك بولقا سوقۇشقا مەشغۇل بولدى. ئەمما بۇرۇنقىدەك زورلۇق ئەمەس ئىدى. فەرىدۇن تىلسىمنىڭ ئامالىنى قىلىشنىڭ يولى پەقەت بىرلا ئىكەنلىكىنى بىلدى. فەرىدۇن قەلئەگە كىردى. ئۇ قەلئەدە بىر كېپىكنى كۆردى. ئۇ كېپىكنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز ئىدى. توساتتىن ئۇ كېپىكتىن بىر قۇش، ئىككى كالا دىۋە پەيدا بولدى. ئۇلار فەرىدۇننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا فەرىدۇننىڭ قۇلىقىغا:

— ئۇ ئىككى كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى مەھكەم تۇتۇۋالغىن، بۇ چاغدا ئىككى دىۋە بۇنى كۆرۈپ قولىغا پىچاق، ساتورنى

ئېلىپ كېلىپ دەرھال كالىنىڭ تېرىسىنى سويىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر كىشى كالىنىڭ گۆشىنى ئالغىلى كېلىدۇ. ئۇ كىشىدىن تىلسىم ھەققىدىكى لەۋھەنى سورىغىن، — دېگەن ئاۋاز غايىبتىن ئاڭلاندى. فەرىدۇن ئۇ كالىلارنىڭ مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ زور بىلەن تارتىپ يۇلۇۋالدى. كالىنى بوغۇزلىدى. بۇ چاغدا ئىككى دېۋە كېلىپ كالىنىڭ تېرىسىنى سويىدى ھەم قېرىنداشلىرى ھاۋادا پەيدا بولۇپ يەرگە چۈشتى. ئۇلار ئىككى تەختنى ئۇق ۋە سول تەرەپتە قويىدى. ئۇ ئىككى تەختتە ئىككى پادىشاھ ئولتۇرغانىدى. جىنلار قوللىرىدا پىچاق ۋە ساتۇر تۇتقان بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش ھالىتىدە پەرمان كۈتۈپ تۇردى. بۇ چاغدا فەرىدۇن:

— ئەي جىنلار، مەن بۇ تىلسىمنىڭ لەۋھەسى جىنلارنىڭ قولىدا دەپ ئاڭلىغان. لەۋھەنى ماڭا بەرسەڭلار، — دېدى. جىن پادىشاھى:

— بەرمەيمەن، — دېدى. جىنلار بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— بۇ ئادەمزات راست نىشاننى ئېيتتى، — دېيىشتى.

بۇ چاغدا ئۇ پادىشاھ ئورنىدىن تۇردى. ئىككى جىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بىر سائەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھەر بىرى بىردىن ساندۇقتەك قۇلۇپنى ئەكىلىپ فەرىدۇننىڭ قېشىدا قويىدى. ئۇلار بىر ئېغىزدىن مۇبارەكلەپ:

— سېنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقىڭغا مۇبارەك بولسۇن، — دەپ ساندۇقنى ئاچتى ۋە:

— سېنىڭ داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىكى تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقىڭغا مۇبارەك بولسۇن، بۇ ساندۇقلارنى داۋۇت ئەلەيھىسسالام بىزگە ئامانەت ئۈچۈن بەرگەنىدى. ئەمدى بىز ساڭا يەتكۈزدۇق، — دېيىشتى. فەرىدۇن بىر ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭدا بىر لەۋھەنى كۆردى. لەۋھەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي جاھانگىر ئىسكەندەر، مەنكى ھەزرىتى داۋۇت

ئەلەيھىسسالامدۇرمەن. مەدەت ۋە ھېكمەت قىلدىم، ئۆمرۈمنىڭ ئاز قىسمى قالدى. يۇرتتىكى ھۆكۈمالارنى چاقىرىپ ئۇلارغا بىر تىلسىم ھاسىل قىلىشنى بۇيرۇغانىدىم. ئۇلار بۇ تىلسىمنى قايسى شەھرىيارنىڭ نامىغا ئاتاپ باغلايمىز؟ دەپ سورىدى. ھۆكۈمالار ۋە دانىشمەنلەر تالاش - تارتىش قىلدى. ئاخىرى دانىشمەنلەر: ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بىر پادىشاھ دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى ئىسكەندەردۇر. بۇ تىلسىمنى ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى فەرىدۇن سانىنىڭ نامىغا باغلىساق دېيىشتى. شۇڭا تىلسىمنى سېنىڭ نامىڭدا باغلاتقۇزدۇم. بۇنىڭدىن باشقا ساندۇقتا لەۋھە بار. ئۇنىڭغا خېلى كۆپ ئەھۋاللار پۈتۈلگەن. شۇ لەۋھەنى ئوقۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلغىن.» شاھزادە يەنە بىر ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن لەۋھەنى ئالدى. لەۋھەگە: «ئەي داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، سەن تىلسىمنىڭ سىرلىق قوشۇننى ھالاك قىلىپ، قەدىمىڭنى قەلئەگە قاراپ قويساڭ، ئالدىڭغا بىر كالا چىقىدۇ. بۇ چاغدا دىۋىلەر يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار كالىنىڭ تېرىسىنى سويىدۇ. جىنلار ساندۇقنى ئالدىڭغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقتىكى دۇئا، ئەمەللەر لەۋھەگە يېزىلغان، ئۇنى ئوقۇغىن. زور بىر قۇش ئاسماندا پەيدا بولۇپ كېلىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنى تۇمشۇقى بىلەن يەرگە قويسا ئۇنىڭغا ئەجەل يەتكۈزگىن. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تىلسىمنى سۇندۇرالايسەن. بۇ ۋەقەنى يېزىپ قويغىن. كېيىنكىلەرگە بېشارەت بولسۇن» دەپ يېزىلغانىكەن. شاھزادە ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇدى. ئاسماندا بىر قۇش پەيدا بولدى. ئۇ قۇش يەرگەچۈشۈپ تۇمشۇقى بىلەن يەرگە بىر نەرسە قويماي خەت سىزدى. شاھزادە ئۇ خەتنى ئوقۇدى. ئۇ: «ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، كەلگىن، مېنىڭ بوينۇمغا مىنگىن، مەن سېنى تىلسىمنىڭ سېھرىگە يەتكۈزەي» دەپ يازغانىكەن. شاھزادە قۇشنىڭ بوينىغا مىندى. قۇش

ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچتى. سائەتتىن كېيىن قۇش شاھزادىنى بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە ئېلىپ كېلىپ يەردە قويدى. قۇش تۇمشۇقى بىلەن يەرگە يەنە خەت سىزدى. شاھزادە خەتنى ئوقۇدى، خەتتە: «بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقساڭ بىر ئەجدىھا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئوت چاچرايدۇ. ئۇنىڭ باشقا يېرىگە ئوق كار قىلمايدۇ. ئوقنى ئۇنىڭ كانىيىغا ئاتقىن» دەپ يېزىلغانىكەن.

بۇ چاغدا قۇش پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. فەرىدۇن تاغقا چىقتى. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت چىقىرىپ چىقىپ كەلدى. فەرىدۇن ئوقنى ئەجدىھانىڭ كانىيىغا نىشانلاپ ئاتتى. ئوق ئەجدىھانىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى. ئەجدىھا قاتتىق نەرە تارتتى. جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. فەرىدۇن بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، ئۆزىنى ھېلىقى كالىنى ئۆلتۈرگەن يەردە كۆردى. ئەتراپتا بىر مۇنچە ئۆيلەرنى كۆردى. ئۇ بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇ ئۆيدىكى ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى كۆردى. يەنە بىرھۇجرىنى ئاچتى. ئۇ يەردە ئەركان — دۆلەت پادشاھىنىڭ مال - دۇنيالىرىنى كۆردى. ئۇ يەنە بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئۇ يەردە ئابدۇلھېمىد، مۇھەممەت شىرزاد، فەرھەڭ ۋە زەررىن شاھنىڭ ئوغلى سەمەت شاھنى كۆردى. بۇنىڭدىن شاھزادىنىڭ خۇشاللىقى تېنىگە سىغماي قالدى. ئۇلارنى بەنتتىن بوشاتتى.

زەررىن شاھ ئون ئىككى يىلدىن كېيىن ئوغلىنى كۆردى. ئۇنى قۇچاقلاپ دىدارىغا نىجاتلىق تىلەپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ يەردىكى ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ تاماشا قىلدى. مۇھەممەد شىرزادىنىڭ كۆزى بىر ھۇجرىدىكى ساندۇققا چۈشتى. فەرىدۇندىن ئۇ ساندۇقنى سورىدى. فەرىدۇن مۇھەممەد

شىرزادقا ئۇ ساندۇقنى بەردى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇ ساندۇقنى خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپ ئاچتى. ساندۇق ئىچىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان بىر ناتونۇش قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇنىڭغا قاراپلا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۆز ئىخلاسىنى ئىزھار قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قۇلۇپ سالدى. ئۆزىنىڭ خاس مۇلازىمى بەھرام پىل زەنگىگە ساندۇقنى تاپشۇرۇپ:

— بۇ ساندۇقنى چېدىرىمغا ئېلىپ بارغىن؟ مەن بارمىغىچە ساندۇقنى ئاچمىغىن، — دەپ قايتا - قايتا جېكىلىدى. بەھرام ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا راۋان بولدى. بەھرام يولدا كېتىۋېتىپ:

— بۇ ساندۇقتا نېمە باردۇر، مۇھەممەد شىرزاد بۇنى نېمە قىلار؟ — دەپ ئويلىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ يول بويىدىكى بىر بۇلاقنى كۆردى. ئۇ بۇلاق بويىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىدە ئارام ئېلىش ئۈچۈن ساندۇقنى يەرگە قويدى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ نېمە بارلىقىنى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغا ساندۇقتىن بىر پەرىزات ئۇچۇپ چىقىپ دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى. ئۇ پەرىزات بەھرامنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن:

— ساندۇقنى ئاچقان ھېلىقى ئوغۇل قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. بەھرام:

— ئەي بانۇم، ئۇ مېنىڭ خوجامدۇر، ئەي پەرىزات، ساندۇققا كىرگىن، سېنى چېدىرغا ئېلىپ بارىمەن. ئەگەر مېنىڭ ئۇلۇغۇم كېلىپ، سېنى ئۇ جايدا كۆرمىسە مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، — دەپ يالۋۇردى. پەرىزات:

— ئەي غۇلام، بۇ ھالدا مېنىڭ ساندۇققا كىرىشىم مۇمكىن ئەمەس، سەن خوجايىنىڭ ئۈچۈن يامان ئىش قىلدىڭ. سېنىڭ نىيىتىڭنى خوجايىنىڭ بىلگەن بولسا، بۇ ساندۇقنى

ھەرگىز ساڭا بەرمىگەن بولاتتى. ئەگەر سەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئامانىتىگە نېمە ئۇچۇن خىيانەت قىلىسەن؟ بۇ ئىشنى ئەسلى قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. مەن سېنىڭ ئۇلۇغۇڭنىڭ ئاشىقى تۇرسام، سەن سادىق بولساڭ بۇ ئىشلارنى سادىر قىلماس ئىدىڭ، — دەپ دەرەختىن بەدەر ئۇچۇپ كەتتى. بەھرام بۇ ئەھۋالنى ۋە سەزگۈزەشتىلىرىنى نامە قىلىپ پۈتۈپ، نامىنى دەرەخقە ئېسىپ قويۇپ، قەلەندەر بولۇپ باياۋان تەرەپكە كەتتى.

ئۇ تەرەپتە فەرھەڭ دۇۋزادنىڭ كۆزى يەنە بىر ساندۇققا چۈشتى. ئۇ ھەم ساندۇقنى شاھزادە فەرىدۇندىن سوراپ ئالدى. فەرھەڭ دۇۋزاد نەۋكىرىگە:

— ئۇ ساندۇقنى چېدىرغا ئېلىپ بارغىن، — دەپ بۇيرۇدى.

ئىسكەندەر ئۇ يەردىكى ھۆجرىلاردىكى ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋابلارنىڭ كۆپلىكىدىن ھەيران قالدى. ئۇلارنى ھەممە لەشكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاندىن ئۇلار زەررىن شەھىرىگە راۋان بولدى. ئۇلار ئوردىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلجا مال - دۇنيا ئەسۋابلارنى ئوتتۇرىغا يايدى. ئىسكەندەر، فەرىدۇن، مۇھەممەد شىرزادلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئۇلار مۇھەممەد شىرزادنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن:

— نېمە خۇشاللىقىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— مەن بىر ئايپەرىنى كۆردۈم، ئۇنىڭدەك ئايپەرىدىن يەنە بىرى ئاسمان ۋە زېمىندا يوق، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇ پەرىزات سىزگە خاستۇر، — دېگەنىدى. ئۇ:

— ئىنشائاللا، — دەپ خۇشال بولدى. ئەمما فەرھەڭ دۇۋزاد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىچە ئەندىشە قىلىپ، ئەلۋەتتە

مېنىڭ ساندۇقۇمدىمۇ شۇنداق بىر نەرسە بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ بارگاھىغا بېرىپ، ساندۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قۇلۇپىنى تولغاپ تاشلىدى، ساندۇقنى ئاچتى. ئەپسۇس، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن بىر دۇۋە چىقىپ فەرھەڭنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ پەلەككە ئېلىپ چىقىپ:

— ئەي خۇدا پەرەس، مەن ئاناتان دىۋىدۇرمەن. مېنى ھەزرىتى داۋۇت ئىسمى ـ ئەزەمنىڭ كارامىتى بىلەن تۇتۇپ ساندۇققا سولاپ قويغانىدى. تەلىيىمگە سەن ماڭا نىجاتلىق بەردىڭ. مەن ئەمدى بۇ پالۋاننى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆپ پەرىشان بولدى.

مۇھەممەد شىرزاد سۆھبەتتىن بوشىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز چېدىرىغا كېلىپ ساندۇقنى ئىزدىدى، تاپالمىدى. بەھرامنى مۇلازىملىرىدىن سورىدى. ئۇلار:

— چېدىرغا يېتىپ كەلمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەد شىرزاد دەرھال ئاتقا مىنىپ بەھرامنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇ بۇلاق بويىدىكى دەرەخ تۇۋىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بەھرامنىڭ دەرەخكە ئېسىپ قويغان خېتىنى كۆردى. ئۇنى ئوقۇدى. مۇھەممەد شىرزاد ھەم: «ئەي ھەزرىتى ئىسكەندەر، مەن پەرىزاتنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ئىزدەپ ماڭدىم» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپ، ئۇنى دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىپ ماڭدى.

ئەمىرخان مۇھەممەد شىرزادنىڭ چېدىرىغا باردى. مۇھەممەد شىرزاد چېدىردا يوق ئىدى. مۇلازىملاردىن ئەھۋال سورىدى. مۇلازىملار بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەمىرخان مۇھەممەد شىرزادنى ئىزدەش ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەمىرخان مۇلازىملار بىلەن ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ دەرەختە ئېسىقلىق تۇرغان خەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭ

مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدى. ئەمىرخانمۇ: «ئەي ئىسكەندەر، مەن پەرزەنتىمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. تا دەشت ـ باياۋانغىچە بارۇرمەن» دېگەن خەتنى يېزىپ دەرەخكە ئېشىپ قويۇپ، باياۋانغا قاراپ راۋان بولدى.

ئىسكەندەر ئەمىرخان ۋە مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى. ئىسكەندەر مۇھتەر نەسىمنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. مۇھتەر نەسىم يول يۈرۈپ ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كەلدى. دەرەخكە ئېسىقلىق تۇرغان نامىلەرنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئىسكەندەر بۇلارنى كۆرۈپ ئارستوغا:

— سىز ئۇ زاتقا رەمل سېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، بۇ ئۈچ پالۋانغا ئۆز پەرزەنتىمگە مۇئامىلە قىلغاندەك دوستلۇق قىلىمەن، — دېدى. ئارستو:

— ئەي شەھرىيار، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇلارنىڭ بىر تال مويىمۇ كەم بولمايدۇ، قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بىر مەھەل شۇنداق يۈرۈشىدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ زەررىن شاھقا قاراپ:

— ئەي زەررىن شاھ، مەقسىتىڭگە يەتتىڭ، ئۇ قىزنى بىزگە يەنە نېمە شەرت بىلەن بېرىسەن؟ — دېدى. زەررىن شاھ كۈلۈپ:

— ھېچقانداق شەرتلىك سۆز يوق، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر بۇ يەردە بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، راشىدە پەرىنى فەرىدۇنغا نىكاھلاپ بەردى. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى.

ئىسكەندەر ئۇ شەھەردە قىرىق كۈن تۇردى. بىر كۈنى فەرىدۇن سانىغا:

— مەن سەرەندابغا بارىمەن. سەن قالامسەن ياكى بىللە بارامسەن؟ — دېدى. فەرىدۇن سانى:

— جەزمەن بارىمەن. زەپەر قولچىقىدىن يىراق بولمايمەن، — دېدى.

فەرىدۇن ھەرەمگە كېلىپ راشىدە پەرىنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— قورسىقىڭدىكى ھامىلە مەندىن، ئەگەر ئوغۇل بولسا بىلىكىگە، قىز بولسا كۆكسىگە ئەقىدە باغلىغىن دېدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ۋەدە بېرىشتى. فەرىدۇن ھەرەمدىن چىقتى. ئىسكەندەر تەخت - بارگاھىنى زەررىن شەھىرىدىن كۆچۈرۈپ سەرەنداب تەرەپكە راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.



## يەتمىش ئىككىنچى قىسسە، ئەيانان دىۋىنىڭ فەرىدۇننى تاغقا ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئەمىرخاننىڭ مۇھەممەد شىرزاد بىلەن تېپىشقانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەيانان دىۋە فەرھەتنى ئېلىپ بىر ئېگىز تاغقا يەتتى. ئۇ يەتتە باشلىق دىۋىنىڭ قورقۇنچلۇق ماكانى ئىدى. دىۋە فەرھەتنى قورقۇنچلۇق غارغا ئېلىپ كىرىپ يەردە قويدى. ئەيانان:

— ئەي ئادەمىزات، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى فەرھەتنى دىۋىزاد دەپ ئاتايدۇ، مەن فەرامرۇزنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، — دېدى فەرھەت.

— رۇستەمنىڭ ئەۋلادىدىن، سەندىن باشقىسى يەنە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەيانان.

— مېنىڭ ئانا زاتىمدىن تۇرمەس دەپ بىر كىشى بار، — دېدى فەرھەت.

— مەن سېنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدىم، لېكىن سەن رۇستەمنىڭ ئەۋلادىدىن تۇرمەس ئىسىملىك بىرى بار دېگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئېلىپ كېلىپ ئۆلتۈرەي، — دەپ، ئەيانان فەرھەتنى غارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ باغلاپ قويدى. بىر قورام تاشنى غارنىڭ ئاغزىغا قويدى. ئەيانان تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى.

قەزارا، سەرەنداب پادشاھى شىكارغا چىققانىدى. ئۇنىڭ

قەدىمى بۇ تاغقا يەتتى. ئەيانان پادىشاھنى كۆرۈپ پەرۋاز قىلىپ كېلىپ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ غارغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلاردىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ۋەزىر:

— بۇ سەرەندابنىڭ پادىشاھى جاھانشاھ، مەن سەرەنداب پادىشاھىنىڭ ۋەزىرىدۇرمەن. مېنىڭ ئىسمىم مەدەرەك، — دېدى. ئەيانان بۇلاردىن يىللىق ئۇزۇق ئېلىش كېرەك، دەپ ئويلاپ، مەدەرەككە قاراپ:

— ئەي ۋەزىر، سېنى شەھەرگە ئەۋەتەي، سەن شەھەرگە بېرىپ شەھەردىكى مەردلەرگە ئېيتقىنكى، يەتتە باشلىق قورقۇنچلۇق دېۋىنىڭ ئوغلى ئەيانان: «مۇشۇ ۋاقىتقىچە داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىمىدا بەنتتە ئىدىم. ھازىر خالاس بولۇپ ئاتامنىڭ ئورنىغا قايتىپ كەلدىم. پادىشاھىڭلارنى تۇتۇۋالدىم. سىلەرگە ئازار بەرمەيمەن. لېكىن بىر شەرت بىلەن بۇنى قويۇۋېتىمەن. يۇرت خەلقى ماڭا ھەركۈنى يەيدىغان، ئىچىدىغىنىم ئۈچيۈز ئۈچ ئادەم، يەتتە تولۇم شاراب كەلتۈرسۇن. ئۇ نەرسىلەرنى تاغنىڭ باغرىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قويۇڭلار، مەن شۇ يەردىن ئېلىپ تاغقا چىقىپ كېتىمەن. ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل قىلساڭلار ياخشى، ئۇنىمىساڭلار بىر كېچە - كۈندۈزدە سىلەردىن يۈز ئادەمنى ئېلىپ چىقىمەن دەيدۇ» دېگىن دەپ ۋەزىرگە ئىجازەت بەردى. ۋەزىر شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئەيانان جاھانشاھنى سولاپ قويدى. ئۇ فەرھەڭنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مەدەرەك ۋەزىر شەھەرگە كىرىپ، شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ، يۇقىرىقى شەرتنى ئۇلۇغلارغا ئېيتتى. ئۇلار ئىلاجىسىز ئۇ شەرتلەرنى ئورۇنداشقا ماقۇل بولدى.

ئەلقىسسە، ئەيانان دېۋە يەتتە باشلىق قورقۇنچلۇق دېۋىنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى. ھەركۈنى شەھەردىن شەرتتە بەلگىلەنگەن

نەرسىلەر ئۆز ۋاقتىدا چىقىپ تۇردى. ئۇ هارامزادە ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، مەي ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەمدى سۆزنى مۇهەممەد شىرزادتىن ئاڭلايلى: مەلۇمكى، مۇهەممەد شىرزاد بەهرامنىڭ نامىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن دەرۋىش بولۇپ باياۋانغا قەدەم قويۇپ، ئۈستىگە تاغدەك ئېغىر غەمنى ئارتىپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ پۇتلىرى سەپەر دەستىدىن قاپىرىپ، قاناپ ماڭالماس بولۇپ قالدى. كۆز يېشى كۆز بالخانىلىرىدىن ئاقتى. لېكىن ئۇ دەشتتە سايە چۈشكۈدەك نەرسە يوق ئىدى. ئۆزىدىن باشقا جانلىقمۇ يوق ئىدى.

ئەلقىسسە، مۇهەممەد شىرزاد تۆت كېچە ـ كۈندۈز ئاپتاپتا يول يۈرۈپ كۆيۈپ يول ئازابىغا بەرداشلىق بەردى. ئۇنىڭ ئېغىزى، چېهرى ئاپتاپتا قارىداپ، ئاقساپ قالدى. ئۇ ئۇسساپ چۆلدەرەپ كەتكەنلىكتىن سۇغا بەك تەشنا بولدى. ئۇ شۇ ئۈمىدتە بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يەتتى. ئۇ تاغ ئۈستىدە ئوتنىڭ شولىسىنى كۆردى. ئۇ خۇش بولۇپ تەلىيىم بولسا سۇ تېپىپ ئىچەرمەن، دەپ تاغقا قاراپ ماڭدى. ئوت كۆيۈۋاتقان يەرگە يېقىن كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئىككى دىۋنى كۆردى. ئۇلار ئوتنىڭ يېنىدا ئالدىغا بىر قاپاق مەينى قويۇپ، بىر قولىدا ئادەم قولىنى كاۋاپ قىلىپ، بىر قولىدا مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. دىۋلەر مۇهەممەد شىرزادنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ:

— ئەي ئادەمزاد، سەن كىم؟ بۇ جايغا نېمە سەۋەب بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ مۇهەممەد شىرزادنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. مۇهەممەد شىرزاد قاچاي دېسىمۇ قاچقۇدەك مادارى يوق ئىدى. مۇهەممەد شىرزاد ئۇلار بىلەن ئېلىشاي دىسە هەم پۇت ـ قولىدا مادار يوق زەئىپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ: ئۇلارغا يېقىن بارماي، ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلاي، ئاندىن كېيىن بىرگەپ بولار دەپ دىۋلەرگە:

— ئەي پالۋانلار، مېنى تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن ئاسان، لېكىن ھاجىتى يوق ئىدى، — دېدى. دىۋىلەر مۇھەممەد شىرزادنى تۇتۇپ ئوتىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئەي ئادەمزاد، سەن قەيەردىن كەلدىڭ؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مەن ئىسكەندەرنىڭ سەردارىنىڭ ئوغلى بولىمەن. ئىسكەندەر قىزاۋۇ قەدەر يولى بىلەن زەررىننىڭ شەھىرىگە كەلدى، — دەپ تىلسىمنىڭ سىرلىرىنى، بىر پەرىزاتنىڭ ۋە بەھرام نىقابدارنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ، — مەن پەرىزاتنىڭ ئىشقىدا قەلەندەر بولدۇم، بېشىمنى باياۋانغا قويدۇم. بۈگۈن كېچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دېگەنىدى، دىۋىلەر بىر - بىرىگە قاراپ پىچىرلىشىپ:

— ئۇ ئادەمزاد بىزگە يالغان ئېيتىپتۇ، ئۇنىڭ سۆزى يالغان، سېنىڭ سۆزۈڭ راست، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— ئۇ دېگىنىڭلار نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى. دىۋىلەردىن بىرى:

— ئىككى كۈن ئىلگىرى ساڭا ئوخشاش پۇت - قولى ناكا بىر ئادەمزاد كەلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ سېنىڭ سۆزۈڭگە ئوخشاش، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بەھرام بولمىغىيدى دەپ گۇمانلىنىپ:

— ئەي پالۋانلار، ماڭا سۇ بېرىڭلار، ئىچەي، — دېدى. دىۋىلەر:

— ئەي ئادەمزاد، تائام بىلەن سۇنىڭ غېمىنى يېمىگىن. سېنى رەپىقەڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمىز. بىز ھەر كۈنى كاۋاپ يەپ شاراب ئىچىمىز. سىلەر ئۈچۈن ھەم ئېلىپ بارىمىز. تېزلا سەمرىپ كېتىسىلەر. بەدىنىڭلارغا لەززەت قوشۇلىدۇ. ھازىر

ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن بەدىنىڭلار قورايدەك بولۇپ قاپتۇ. سىلەرنى سەمرىتىپ بىزگە ·كېلىدىغان يېمەكلىكلەر تۇگىسە سىلەرنى كاۋاپ قىلىپ يەيمىز، ــ دەپ مۇھەممەد شىرزادنى غارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بەھرامنىڭ كۆزى مۇھەممەد شىرزادقا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئايىغىغا قىلىپ:

ــ بەندىڭىز باشتىن ـ ئاياغ گۇناھكاردۇر. مەن سىزنىڭ مەرھەمىتىڭىز بۇ يەرگە يېتىپ ئەپۇ قىلىدۇ دەيدىغان ئۈمىدتە تۇرۇۋېتىمەن، ــ دېدى.

ئۇ دىۋىلەر بىر چۆمۈچ سۇنى ئېلىپ غارغا ئەكىرىپ بەردى. بىرئازدىن كېيىن نان، كاۋاپ ۋە شاراب ئەكىرىپ بەردى. مۇھەممەد شىرزاد بەھرام بىلەن تائاملارنى يېيىشكە كىرىشتى.

ئەلقىسسە، ھەركۈنى ئۇ ئىككىسىگە ئىككى قېتىم نان، كاۋاپ، شاراب بېرىپ تۇردى. بىر كۈنى بەھرام مۇھەممەد شىرزادقا قاراپ:

ــ بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ياتىمىز؟ بۇ دىۋىلەر بىر كۈنى بىزنى كاۋاپ قىلىپ يەپ كېتىدۇ، ــ دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

ــ تولا ئەندىشە قىلمىغىن، مېنىڭ جاراھىتىم ئوبدان ساقايسۇن، پەرۋەردىگارنىڭ مەدىتى بىلەن ئىككىمىز بۇ ئىككى دىۋىنىڭ بوينىغا مىنىپ سەرەندابقا بارىمىز، ــ دېدى.

ئەلقىسسە، شۇ تەرىقىدە ئون كۈن ئۆتتى. مۇھەممەد شىرزادنىڭ پۇت ـ قولى سەللىمازا ساقايدى. ئەتىسى غارنىڭ ئىشىكى ئىلگىرىكىدەك ئېچىلدى. دىۋە غارغا ئۇلار ئۈچۈن نان، كاۋاپ ۋە شاراب ئېلىپ كەلگەنىدى. مۇھەممەد شىرزاد:

ــ ئەي دىۋە، بىزنى بۇ غاردا قاچانغىچە باقىسىلەر؟ بىز سىلەرنىڭ رىسقىڭلار ئەمەس، بىزنى بۇ غاردىن چىقىرىۋەتكىن،

دۇنىيانىڭ يورۇقلۇقىنى كۆرەيلى، — دېدى. دىۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەمزاد، بۇگۈن سىلەرنى زىخقا تارتىپ كاۋاپ قىلىپ يەيمىز، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد دىۋىگە ھەيۋە قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. مۇھەممەد شىرزاد پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىپ دىۋىنى يەرگە ئۇردى. دىۋىنىڭ يىقىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ بېلىدىكى ئارغامچىنى ئېلىپ، دىۋىنىڭ قولىنى باغلاپ بەھرامغا تاپشۇردى:

— سەن بۇ دىۋىنى ئوبدان ساقلىغىن، مەن تاشقىرى چىقىپ يەنە بىر دىۋىنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، ئەگەر بۇ دىۋە ساڭا قارشىلىق كۆرسەتسە، خەنجەر بىلەن چاپقىن، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد غاردىن تاشقىرى چىقتى. يەنە بىر دىۋىنىڭ بىرنەچچە ئادەمنىڭ باش سوڭىكىگە شاراب قۇيۇپ ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دىۋە مۇھەممەد شىرزادنى كۆرۈپ:

— ئەي ئادەمزاد، نېمە ئۈچۈن غاردىن چىقتىڭ؟ — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— مەن سېنىڭ ھەمراھىڭنى ئۆلتۈرۈپ تاشقىرى چىقتىم. سېنى ھەم بۇرادىرىڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتىمەن، — دېدى. دىۋە بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ:

— مېنىڭ ھەمراھىمنى ئۆلتۈرۈپسەن، مەن سېنى ئۆلتۈرۈپ كاۋاپ قىلىمەن، قېنىڭنى شارابقا قوشۇپ ئىچىمەن، — دەپ ھەيۋە قىلدى.

مۇھەممەد شىرزاد ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ، ئۇ دىۋىنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. بۇنى كۆرگەن دىۋە گۇناھىنى تىلەپ باش ئېگىپ:

— ئەي ئادەمزاد، سىلەرنى بىز ياخشى باقتۇق، ياخشى قارىدۇق، ئازار بەرمىدۇق، نېمە ئۈچۈن بىزنى ئۆلتۈرمەكچى

بولۇپ قالىسەن؟ــ دەپ سورىدى. مۇھەممەد شىرزاد:

ــ مەن سېنىڭ بۇرادىرىڭنى ئۆلتۈرمىدىم، سەن ئەسىرگە چۈشتۈڭ، ساڭا بىر شەرت بار. مېنى كۆتۈرۈپ تارەككە ئېلىپ بارساڭ، سېنى ئۆلتۈرمەيمەن،ــ دېدى. بۇ دىۋە شەرتكە كۆنۈپ:

ــ ئەي پالۋان، بۇ ئىشتا جېنىڭىزدىن تويدىڭىزمۇ؟ سىز تەنها ئۇ جايغا بارسىڭىز، تېنىڭىزنى جىنلار پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ،ــ دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

ــ سەن بىزنىڭ غېمىمىزنى يېمىگىن. سەن بىزنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ نەگىلا بارساڭ بارغىن،ــ دېدى. دىۋە بۇ شەرتكە ماقۇل بولدى. ئۇلارنى كۆتۈرۈپ دەشتەئى تارەككە راۋان بولدى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەمىرخان ئۆز پەرزەنتىنىڭ پىراقىدا قەلەندەر بولۇپ باياۋانغا قاراپ يەتتە كۈن يول يۈرۈپ، سەككىزىنچى كۈنى بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ، ئوزۇقلىنىپ غەمكىن هالدا ئارام ئالدى. قانغۇچە سۇ ئىچتى. ئەتراپقا قاراپ بىر باغنى كۆردى. ئۇ يەرگە بېرىپ مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يېدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ دەرەخ تۈۋىدىكى تەختىگاهقا كۆزى چۈشتى. ئۇ تەختنىڭ ئۈستىگە بىساتلار تىزىپ قويۇلغانىكەن، ئۇ تەختنىڭ يېنىدا بىر كۆل بار ئىكەن، ئۇ كۆلنىڭ ئەتراپى بېزەلگەنىكەن. ئەمىرخان بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «قارىغاندا، بۇ يەردە بىر كىم بار ئوخشايدۇ» دەپ دەرەخقە يۆلىنىپ تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. ئۇنى ئۇيقۇ تۇتتى. ئۇ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىپ: «بۇ جايدا ئۇخلىسام، بىرەرسى قەست قىلىپ قويۇش ئېهتىمالى بار» دەپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ ئارىسىدا ئۇخلىدى. بىرئازدىن كېيىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئويغىنىپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە قارىغانىدى، هۆسن ـ لاتاپەتتە تەڭداشسىز ئىككى پەرىزاتنى

كۆردى. پەرىزاتلار لىباسىنى سېلىپ دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپ كۆلگە چۈشتى. ئەمىرخان ئۇ ئىككى پەرىزاتنىڭ بىرىگە ئاشىق بولدى. ئەمىرخان قولىنى سۇنۇپ ئۇ پەرىزاتنىڭ لىباسىنى دەرەخ شېخىدىن ئېلىپ يوشۇرۇۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن بىر پەرىزات سۇدىن چىقىپ كىيىمنى كىيمەكچى بولۇپ لىباسىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ بىئارام بولدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ ئەمىرخاننى كۆرۈپ:

— ئەي ئادەمزاد، سېنى بۇ ماكانغا كىم ئېلىپ كەلدى؟ — دېدى.

ئەمىرخان ئۇنىڭغا تىلسىمنىڭ سۇندۇرۇلۇشى، پەرىزاتنىڭ ساندۇق بىلەن قولغا چۈشۈشى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— ئەي پەرىزاتلار، مەن ئوغلۇمنىڭ پىراقىدا بۇ دەشتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىمەن. پەرزەنتىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سىلەرنى ماڭا بۇ يەردە تەقدىر ئۇچراشتۇردى. بولغان ئىشلار بولسا شۇ. سىلەر راستىنى ئېيتىڭلار، بۇ جايغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ بۇ جاينى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دېدى. پەرىزاتلار:

— بىلگىنكى، بىز تەيفۇر جىننىڭ قىزلىرى. كوھىقاپنىڭ ئۈچىنچى قەلئەسىدە مەھكىمىمىز بار. بىزنىڭ ھەمشىرىمىز تىلسىمغا باغلىنىپ قالدى. بىز ئىككىمىز سېھىر بىلەن بىر ئۆي بىنا قىلىپ، قىرىق كۈن ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ چەشمىلىرىدە يۇيۇنۇپ، روزا تۇتۇپ ئىبادەت قىلدۇق. تەقدىر ئىرادە بىلەن ئۇ ھەمراھىمىزنى سېھىرلىك تىلسىمدىن خالاس قىلسا بىز بۇ جايدىن قۇتۇلارمىز دېگەنىدۇق. ئاخىرى ئۇ چاھار شەنبە كۈنى تىلسىمدىن قۇتۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدۇق. ئۇ: «مېنى بىر ئادەمزاد تىلسىمدىن خالاس قىلدى. ئۇ ماڭا ئاشىق بولغانلىقىنى ئىزھار

قىلدى» دەپ سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن - ئاياغ بايان قىلدى. ئەي ئاتىجان، ئوغلۇڭ ئاشىقىغا سادىق ئىكەن، باياۋاندا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ. لىباسىمنى بەرگىن، مەن ۋەدە قىلاي، ھەمشىرىمىزنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئەمىرخان:

— سىلەرگە لىباسىڭلارنى بەرسەم، سىلەر بۇ يەردىن كەتسەڭلار مەن يالغۇز قالىمەن، سىلەر قايتا كەلمەيسىلەر، ئۇ ھالدا مەن قانداق قىلىمەن؟ ئىككىڭلاردىن بىرىڭلارنىڭ كىيىمىنى بېرەي، بىرىڭلار بېرىپ ئاتاڭلارغا خەۋەر قىلىپ، پەرزەنتىم ئۇچۇن ئۇنى ئېلىپ كەلسەڭلار، پەرزەنتىمنى تېپىپ ئاندىن لىباسىڭلارنى بەرسەم، — دېدى. پەرىزاتلار بۇ سۆزگە ماقۇل بولدى. ئەمىرخان بىرىنىڭ كىيىمىنى بېرىپ، مەشۇقىنىڭ لىباسىنى ئېلىپ قالدى. ئۇ پەرىزات كىيىمىنى كىيىپ قەلئەئى - كوھىقاپقا قاراپ راۋان بولدى. ئەمىرخان ئۇ پەرىزات بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ئەمىرخان ئۇ پەرىزات بىلەن تەختتە ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ئاخىرى سۆيۈشۈشكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە پەرىزات كوھىقاپ قەلئەسىگە بېرىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى:

— بىز كىيىملىرىمىزنى تەلەپ قىلساق بىرىمىزگە بەردى، بىرىمىزگە بەرمىدى، — دەپ دەرد ئېيتتى. ئانىسى بۇ ۋەقەنى ئېرىگە بايان قىلدى. مۇلك تەيفۇر ئەبدۇلجەففار قىزىغا قاراپ:

— بۇنداق ئىش سادىر بوپتۇ. بىر پال سېلىپ باقاي، قىزىڭنىڭ كىمگە نېسىپ بولىدىغانلىقىنى بىلەي، — دەپ رەمل سېلىپ تۇرۇپ — سىزنىڭ قىزىڭىز ئادەمزاتقا نېسىپ بولىدىكەن، ئادەمزاد ئۇنى تىلسىمدىن ئېلىپ چىقىپتۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئەمرىگە رازى بولمىسىڭىز، ئۇ زورلۇق بىلەن قىزىڭىزنى تارتىۋالىدىكەن. بۇ مۇشۇنداق مۇقەررەرلەشكەنىكەن،

ئۇلارغا ياردەم بېرەيلى، — دېدى. تەيفۇر بۇيرۇپ ئىككى تەخت ئەكەلدۈردى. بىرىگە ئۆزى، يەنە بىرىگە ئەبدۇلجەففار ئولتۇردى. جىنلار تەختنى كۆتۈردى. ئۇلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلسىم تەرىپىگە راۋان بولدى. ئەمىرخان ئۆز مەشۇقى بىلەن بىللە ئىدى. جىنلار يېتىپ كېلىپ تەختنى يەرگە قويدى. مۇلك تەيفۇر ئەمىرخان بىلەن كۆرۈشۈپ كۆپ مېھرىبانلىق قىلىپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سورىدى. ئەمىرخان ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— پەرزەنتىمنىڭ ھالى قانداقتۇر، سەرەندابتىن مەن بۇ يەرگە كەلگۈچە باشقا قانداق ئاۋات شەھەرلەر بارلىقىنى كۆرمىدىم، شەھىرى زەررىندىن باشقا شەھەرنى بىلمەيمەن، — دېدى. ئەمىرخان يەنە:

— مېنىڭ ئۈمىدىم شۇكى، جىنلار بارلىق دەشت - باياۋانلارنى تەكشۈرۈپ پەرزەنتىمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسە دېمەكچى ئىدىم، — دېدى. تەيفۇر:

— بۇ ئىش مۇشكۇل ۋە جاپالىق، — دەپ، شۇنداقتىمۇ جىنلارغا ئىشارەت قىلدى. جىنلار مۇھەممەد شىرزاد تەرەپكە يۈزلەندى. مۇلك تەيفۇر ئەمىرخانغا:

— ئەي دىلاۋەر، سىز — ئىسكەندەرنىڭ داڭدار سەركەردىسى بۇ دىيارغا كەپسىز، سىزنى ئۆز ماكانىمغا ئېلىپ بېرىپ، قولۇمدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلاي. تۇرۇڭ، قەلئەگۈھەرقاپقا بېرىپ ئۇ يەرنى تاماشا قىلىڭ. بىرنەچچە كۈن تۇرۇڭ، جىنلار پەرزەنتىڭىزدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگۈسى، — دېدى. ئۇ سۆزدىن ئەمىرخان رازى بولۇپ، مۇلك تەيفۇر بىلەن بىر تەختتە ئولتۇردى. ئەبدۇلجەففار بىر تەختتە ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى پەرۋاز قىلىپ ئۆز دىيارىغا راۋان بولدى. جىنلارمۇ تەختنى كۆتۈرۈپ راۋان بولدى. تەيفۇر جىنلار بىلەن يولدا كېتىۋېتىپ ئىككى دۆۋنى كۆردى. ئۇلار ئىككى

ئادەمزاتنى يېنىدا كۆتۈرۈپ كېتىپ باراتتى. تەيفۇر ئۇلارغا ھەيران بولۇپ، ئۇلاردىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ئۇ ئادەمزاتلار كىم؟ — دەپ سورىدى. مۇھەممەد شىرزاد ئۇلارغا:

— مەن مۇھەممەد شىرزاد بولىمەن، ئەمىرخاننىڭ ئوغلى، — دېدى. جىنلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتا ئەمىرخانغا يەتكۈزدى. ئەمىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغانلىقىدا ھوشىدىن كەتتى. ئەمىرخان بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ پەرۋەردىگارغا كۆپ شۈكرى - سانا قىلدى. تەيفۇر مۇھەممەد شىرزادنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ كۆپ مېھربانلىق قىلدى. تەيفۇر:

— ئەي مۇھەممەد، سەن بارغىن. ئاتاڭ ئەمىرخان سېنىڭ پىراقىڭدا باياۋانلارنى كېزىپ، ئاخىرى مەنكى مۇلك تەيفۇرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپتۇ، — دېدى. تەيفۇر بۇ خەۋەرنى ئۇ دېۋىلەرگە يەتكۈزدى. مۇھەممەد خۇشال بولۇپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاتىسى مۇھەممەدنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا كۆپ مېھربانلىق قىلدى. ئەمىرخان مۇھەممەد شىرزادنى بۇ يەردە كۆرۈپ ھەيران قالدى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئەمىرخان مۇلك تەيفۇرغا قاراپ:

— سۇلتان مۇھەممەدنى ئۆز پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلسىڭىز فەرۇزنى ئۇنىڭغا بەرسىڭىز، — دېدى.

مۇلك تەيفۇر بۇنى قوبۇل قىلىپ ئەمىر قىلدى. ئەبدۇلجەففار فەرۇخ ئەفرۇزغا خەۋەر قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولدى. ئاندىن كېيىن ئەمىرخان ئەبدۇلجەففارغا:

— ھازىر فەرۇخ ئەفرۇزنى ماڭا بەرگەن بولسا، ئەبدۇل-جەففار مېنى تەيفۇرنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈشكە تەييارلانسۇن، — دېگەنىدى، تەيفۇر بۇنى قوبۇل قىلىپ بۇ ئىشقا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ فەرۇخ ئەفرۇزى ئەمىرخانغا ئەقىدە باغلىدى. تەيفۇر

ئەمىرخانغا ئەقىدە باغلىدى. ئەمىرخان فەرۇخ ئەفرۇزنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر قىز بەھرامنىڭ ئىشقىدا يۈرەتتى، ئۇ ئەمىرخاندىن ئۇنى تەلەپ قىلدى. ئەمىرخان ئۇنى بەھرامغا بەردى. ئەمىرخان دىلاۋەرلەر بىلەن بىر ئايدەك تەيفۇرنىڭ ئوردىسىدا مېھمان بولۇپ تۇردى. ئەمىرخان مۇلك تەيفۇرغا:

— ئەي مۇلك تەيفۇر، شۇ تاپتا ئىسكەندەر سەپەر ئۈستىدە، ئۇ بىزگە بەكمۇ ئېھتىياج. ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە بارساق، رۇخسەت بەرسىڭىز، — دېدى. تەيفۇر:

— ئەي دىلاۋەر، ئىختىيار سىزدە، — دېدى. ئەمىرخان، مۇھەممەد شىرزاد، بەھرام ۋە پەرىزاتلار تەيفۇر بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. مۇلك تەيفۇر ئىشارەت قىلدى. ئۈچ تەخت كەلتۈردى. ھەربىرى بىر تەختتە ئولتۇردى. جىنلار تەختنى كۆتۈرۈپ سەرەندابقا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## يەتمىش ئۈچىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ سەرەنداب مەملىكىتىگە بارغانلىقى، سەرەندابتا ئەيانىنىڭ مەيدان-دارلىق قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ئىقلىم پادشاھى، ساھىبقىران، شەھرىيار ۋە سەردار يەنى دۆلەت ئىگىسى ئەمىر ھەزرىتى ئىسكەندەر شەھرى زەررىننى بويسۇندۇرۇپ، تۇغ - ئەلەمنى سەرەنداب تەرەپكە

قاراپ جەۋلان قىلدۇرۇپ داغدۇغا بىلەن ماڭدى. ئۇلار ئۈچ مىڭ تۆت يۈز فەرسەخ يولنى يۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر دەريانىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ نەسىمگە:

— سۇ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان دەريا يىراقمۇ ياكى يېقىنمۇ، كۆرۈپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ئېگىز - پەس يوللاردا مېڭىپ تۆت فەرسەخ يول ماڭغاندىن كېيىن دەريانىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ دەريانىڭ سۈيى سۈزۈك بولۇپ، نەسىم دەريانىڭ ياقىسىدا خوپ ماڭدى. ئۇ بىر يەرگە كېلىپ، بىر تاغنىڭ بويىدا بىر تۆشۈكتىن ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق ئاجايىباتنى كۆردى. ئۇ كېلىپ تۆشۈكنى كۆردى. يەردە بىر كىشى ئولتۇراتتى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. ئۇ كىشى باش كۆتۈرۈپ:

— ئەي مەرد، نېمە ئەرزىڭ بار؟ مەن بىلىپ باقاي، — دېدى. نەسىم:

— بۇ يەر قايسى جايغا تەئەللۇق، نېمە دەپ ئاتىلىدۇ؟ سىز بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي:

— بۇ جاي مۇلكى سەرەندابقا تەئەللۇق. بۇ دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تاغدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەدەمگاھلىرى بار. بۇ يۇرتنىڭ ئىككى يولى بار، بىرى سەرەندابقا، يەنە بىرى مۇشۇ تەرەپكە ئۇلىشىدۇ. مەن بۇ يولنىڭ باش قىسمىدا ئولتۇرىمەن. ھەرقانداق كىشى بۇ يول بىلەن كېلىپ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھىنى يىراقتىن زىيارەت قىلماقچى بولسا، ماڭا بىر تىللا بېرىدۇ. مەن ئۇنىڭ قولىنى زەنجىرگە تۇتقۇزۇپ يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىمەن. ئۇ ھەزرەتنىڭ قەدەمگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بىر جايغا ئېلىپ بارىمەنكى، ئۇ يەردە ھەزرىتى ئادەمنىڭ مىراسلىرى بار، ئۇ يەردە ھەر يەرنى كولىسا، ھەزرىتى ئادەم

ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسلىرىدىن بىر دانە جاۋاھىر قولىغا كېلىدۇ، — دېدى. نەسىم يانچۇقىغا قول سېلىپ، بىر تىللا ئېلىپ ئۇ شەيخقە بەردى. ئۇ زەنجىرنى تۇتۇپ يۇقىرىغا چىقتى. مۇبارەك قەدەمگاھنى كۆردى. ئۇنى كۆرۈپ كۆز ئالدىدا ھەممە نەرسە نامايان بولدى ۋە ئۇنىڭ دىمىقىغا زەپەر شارابى ئۇرۇلدى. مۇھتەر دەۋران زىيارەت قىلىپ ناماز ھاجەتنى ئوقۇدى. ناماز ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، مۇبارەك قەدەمگاھنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ يۈزىنى يەرگە سۈركەپ يىغلىدى. ئۇ يەنە:

— ئەي ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام، شەھىرى سەرەنداب ۋە مۇلكى ھىندىستاندا مېنى ئىسكەندەرنىڭ نەزەرىدە خار قىلمىغىن. مېنى ھەممە ئەييارلارغا غالىب بەخش قىلىپ، ئۇلاردىن ئۈستۈن قىلغىن، مېنىڭ ئىشلىرىمدا ھېچ ھىممىتىڭنى ئايىمىغايسەن، — دەپ مۇناجات قىلىپ تاشقىرى چىقىپ، ھېلىقى شەيخنىڭ تارتۇقلارنى قولىغا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

— ئەي نەسىم، بۇ تارتۇق - ئەڭگۈشتەرنى ئالغىن، بۇلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراسلىرىدۇر، تاۋاپ قىلغىن، ئۇنىڭ ئىچىنى كولاپ باققىن، — دېدى.

بىر ھاسا ئېلىپ كەلدى. نەسىم خەنجىرنى چىقىرىپ ئەڭگۈشتەرنىڭ ئىچىنى كولىدى. ئۇ بىرئاز كولىغاندىن كېيىن ئىچىدىن گۈل بەرگى چىقتى. مۇھتەر نەسىم ئۇ لەئىلنى ئەكىلىپ تاۋاپ قىلىپ خالتىسىغا سېلىپ، شەيختىن:

— قايسى تەرەپ بىلەن سەرەندابقا بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ دەرۋىش:

— ئەي پەرزەنت، ئۇ يەردىن يانغىن، بۇ يولدا سەرەندابقا بارغىلى بولمايدۇ. ئۇ يەردە، ئۈچ ئاي ھەرراس دېۋىنىڭ ئورنىدا ئەيانان ئىسىملىك بىر دېۋە ئولتۇرغان بولۇپ، سەرەندابنىڭ پادىشاھىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ پادىشاھنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن يۇرت

ئەھلى ئۇ دۆڭگە پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقى، يەنى سەرەنداب شەھرىگە زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن ئۇ دۆڭگە ھەركۈنى ئۈچ ئادەم، يەتتە تۇلۇم شاراب بەرمەك بولغانىدى. ئەيانان پادىشاھنى ئۆلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن، يەنى شەھرى سەرەندابقا زىيان يەتمەسلىكى ئۈچۈن پادىشاھنى ئۆزىنىڭ ئەسرى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يول شۇنىڭ يولى، شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىشقا بولمايدۇ. سەن بۇ يولدا ئۆزۈڭنى بىھۇدە ھالاك قىلمىغىن، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم بۇ دەرۋىشنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي سەرەنداب شەھرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. بۇ يەردە تۇلۇمدەك بىر كىشى دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ نەسىمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ئەي يارانلار، بۇ كىشىنى تۇتۇڭلار، ئۇ ياقا - يۇرتتىن كەلگەنىكەن، — دېگەنىدى، ئەتراپىدىكىلەر كېلىپ نەسىمنى تۇتۇپ باغلاپ تۆت كوچىغا ئېلىپ باردى. نەسىم ۋارقىراپ - جارقىراپ:

— مېنى نېمە ئۈچۈن باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ شەھرىمىزنىڭ ئەتراپىدا بىر دىۋە پەيدا بولدى. بىز ئۇنىڭ كۆندىلىك تامىقى ئۈچۈن ئۈچ ئادەم بېرىشىمىز كېرەك. ئۇ كىشىلەر ھەرگىز يۇرتىمىزنىڭ كىشىلىرى ئەمەس، بەلكى باشقا شەھەرلەردىن تۇتۇپ كېلىپ، شەھرىمىزنىڭ ئادىمى دەپ ئېلىپ بارىمىز، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:

— مەن سىلەرگە لازىم بولمىسام مېنى قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى. ئۇلار نەسىمگە:

— سېنى نېمە ئۈچۈن قويۇپ بېرىمىز؟ بىز سېنى قويۇپ بەرسەك ئۇ ئىشنى ئالەمگە شاھى قىلىسەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرگە كىشىلەر كەلمىسە بىز قانداق قىلىمىز؟ ئۇنداق بولغاندا بىزگە بالا يېتىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— بۇ ئىش سىلەرگە ھەقىقەتەن مۇشكۇل بوپتۇ، — دېدى. ئۇلار نەسىمنى باغلاپ زىندانغا سولىدى، زىنداندا سودىگەرلەر كۆپ ئىدى. مۇھتەر نەسىم زىنداندا سودىگەرلەر بىلەن بىرگە يېتىپ كۆپ سەۋر قىلدى. ئۇ كۈنى كەچ بولدى. نەسىم سودىگەرلەرگە:

— ئەي يارانلار، بىرىڭلار كېلىپ مېنىڭ قولۇمنى بوشىتىپ قويۇڭلار، مەن سىلەرنىڭ قولۇڭلارنى بوشىتىپ بۇ زىنداندىن سىلەرنى خالاس قىلىپ قويسام، ھەممىڭلار ئۆز يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار، — دېگەنىدى، زىنداندىكى جامائەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، دەرھال چېشلىرى بىلەن نەسىم باغلانغان ئارغامچىنى يەشتى. نەسىم قالغان مەھبۇسلارنىڭ قوللىرىنى يېشىپ ئۇلارغا:

— ئەي يارانلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار، بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتەيلى، — دەپ زىنداننىڭ ئىشكىنى سۇندۇرۇپ، جامائەت بىلەن زىنداندىن چىقىپ، گۇندىپايلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ئۇلاردىن ئاچقۇچنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ تاشقىرىغا چىقىپ خۇشال بولۇپ، نەسىمگە دۇئا قىلىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. مۇھتەر دەۋران بۇ يەردىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بولغان ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى. ئىسكەندەر:

— ماڭا ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋپ يوق. ئۇ ھارامزادىنىڭ نام - شەرىپىنى ۋە شەھىرىنى خاراب قىلىش كېرەكتەك تۇرىدۇ، — دېدى ۋە بۇ شەھەرنى بۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارگاھلارنى نار تۆگىلەرگە يۈكلەپ سەرەندابقا

قاراپ يۈرۈش قىلدى. نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ نەيزىۋاز بىلەن شاھانە تەختنى ئېلىپ سەرەندابقا راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە تاڭ ئاتقاندا سەركەردىلەر، مەھبۇسلار زىنداندىكى گۇندىپايلارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپتۇ، يەنە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قەزاۋۇ قەدەر يولى بىلەن كېلىپ بارگاھنى سەرەندابنىڭ ئەتراپىغا تىكىپتۇ، دېگەن خەۋەر يەتتى. بۇنى ئاڭلاپ شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى زىيادە ئەندىشىگە چۈشتى. بۇ چاغدا ئەيانانغا ئەۋەتىپ بېرىدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتمەكچى بولدى. سەردارلار:

— بۇلارنى ئەياناننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، جاھان شاھىغا ئېيتىڭلار. ئىسكەندەر سەرەنداب چېگرىسىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلاركىن، — دەپ بىر پىيادىنى ئەۋەتتى. جاھان شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— ئىسكەندەرگە ئېيتىڭلار، ھەرۋاقىت ئەيانان دېۋىگە جاۋاب بېرەلىسە، ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ھەمدە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار، — دېگەنىدى، ئۇ پىيادە ياندى. ئۇ جاھان شاھنىڭ يېنىدىن قايتقىچە ئەيانان بىر جايدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇ پىيادىنى كۆرۈپ:

— ئەي پىيادە، جاھان شاھقا نېمىنى خەۋەر قىلدىڭ؟ راست ئېيتمىساڭ سېنى قويۇپ بەرمەيمەن. ئەگەر يالغان ئېيتساڭ ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. پىيادە:

— ئەي زامانىنىڭ پالۋىنى، راست گەپ شۇكى، ئىسكەندەر قەزاۋۇ قەدەر يولى بىلەن كېلىپ ھېسابسىز لەشكىرى بىلەن سەرەندابنىڭ دەشتىگە چۈشتى، شەھەر ئەكابىرلىرى مېنى جاھان شاھنىڭ قېشىغا: «ئىسكەندەر بىلەن سۇلھى قىلامسىزمۇ ياكى جەڭ قىلامسىزمۇ» دەپ ئەۋەتكەنىدى جاھان شاھ «بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «ھازىر ئىختىيار ساھىب ئەيانان دېۋىدە، دېدى» دەپ سۆزنى ئادا قىلدى. ئەيانان دېۋە:

— سەرەنداب خەلقىغە ئېيتقىن، ئەگەر ئىسكەندەرنى

تۇسۇپ سەرەندابقا كەلتۈرمىسۇن دېسە، ھەركۈنى تائامىمغا بەش ئادەم ئېلىپ كەلسۇن، ئەگەر تەلىپىمگە كۆنمىسە، بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھەركۈنى ئۈچ ئادەم ئېلىپ كەلسە ماڭا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ تەلىپىمنى شەھەر ئۇلۇغلىرىغا يەتكۈزگىن، — دېدى. پىيادە تاغدىن چۈشۈپ شەھەر ئۇلۇغلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، شەھەر ئۇلۇغلىرىغا ئەيانىنىڭ گېپىنى يەتكۈزدى. شەھەر ئۇلۇغلىرى: «بەش كىشىنى ئەيانىغا ئەۋەتىپ بەرسەكمۇ-بەرمىسەكمۇ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلسا ياكى بىز جەڭ قىلساق، بىر يىل ئەيانىغا بەرگەن ئادەم بىر كۈندە ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، شۇڭا بىز بىرلەشسەك» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى. پىيادە شاراب ئېلىپ ئەيانىنىڭ ئالدىغا باردى. ئەيان ئۇنى كۆرۈپ:

— سەن سەرەنداب ئەھلىگە ئېيتقىن، خاتىرىنى جەم قىلسۇن، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ھەركۈنى بەش ئادەم ئەۋەتسە ئۇچىنى ئۆزى يېدى، ئىككىسىنى جاھان شاھى بىلەن فەرھەڭگە ئېلىپ قويدى. ئىسكەندەر لەشكەر سەردارلىرى بىلەن سەرەنداب زېمىنىغا بارگاھلىرىنى تىكتى. ئىسكەندەر مەيدانغا ئەفلاتۇنىنىڭ جەڭ دۇمبىقىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى. سەرەنداب ئەھلى دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دىلىغا ۋەھىمە چۈشتى. ئۇلار ھەركۈنى ئەيانىغا بەش كىشى بىلەن يەتتە تۇلۇم مەززىلىك شارابنى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئەيان ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن جەڭ دۇمبىقى چالدى. ئادى ئەيان دىۋە ھەرراس دىۋىنىڭ زىندىنىغا بېرىپ جاھان شاھنى باغلاقتىن بوشىتىپ:

— دەرھال لەشكەرلەرنى باشلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەپ تۈزۈپ تۇرغىن، ئۇ نىجىسنىڭ دۆلىتىگە ئىككى كۈن ئىچىدىلا شىكەستە بېرىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

جاھان شاھ خۇشال بولۇپ، سەرەندابقا قاراپ راۋان بولدى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى جاھان شاھنى كۆرۈپ شاد - خۇرام بولۇپ ناغرىنى شادىيانىگە چالدى. جاھان شاھ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى. شۇ ئەسنادا ھاۋادا قىزىل، يېشىل ۋە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، بىر ئازدىن كېيىن ئەيانان دىۋە كېلىپ يەرگە چۈشۈپ نەرە تارتىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنى ئەيانان دىۋە دەپ ئاتايدۇ. سۇلايماندەك پەيغەمبەر مۇلا. يىملىق بىلەن مېنىڭ قولۇمدا ئامان ئىدى. سەن نېمىتىڭ، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلەتتى، باتۇرلىرىڭ بولسا دەرھال ئەۋەتكىن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي، — دەپ ۋاقىرىدى.

ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىدىن بەھزاد دىۋىزاد ئىسكەندەردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كېلىپ ئەيانانىڭ ئالدىنى توسىدى، قوش دەستىگارنى كۆتۈرۈپ ئەيانانغا ئېتىلدى. ئەيانان قوش دەستىگارنى تۇتۇۋېلىپ يىراققا تاشلاپ، بەھزادنى قولتۇقىغا قىسىپ نەرە تارتتى:

— ئەي ئىسكەندەر، ئۆزۈڭدىن بويان كۈچ - قۇدرەت تىلەپ يۈرەتتىم. ھالا بۇگۈن ئۆزۈم ئۇچۇن كاۋاپ قىلىشقا تاپ تاپتىم، ئەتىدىن باشلاپ ھەركۈنى ئىككى نۆۋەت مەيدانغا كېلىمەن، پالۋانلىرىڭنىڭ قولىقىغا بەندىچىلىك ھالقىسىنى سالىمەن، — دەپ، ئۇ ھارامزادە بەھزادنى قولتۇقىغا قىسىپ كېتىپ قالدى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن تولا بىئارام بولدى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى ئەيانان ھاۋادىن كەلدى. ئۇ مەيدانغا كىرىپ، پالۋان بارمۇ دەپ چۇقان سالغانىدى. سەئدان دىۋىزاد ئىسكەندەردىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ نەيزىسىنى ئەيانانغا ئۇردى. ئەيانان قول ئۇزارتىپ نەيزىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. ئاندىن سەئدانىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ ئېگەردىن ئۈزۈۋېلىپ قولتۇقىغا قىسىپ پەلەككە پەرۋاز قىلدى.

ئىسكەندەر ھەيران قالدى. بىرئازدىن كېيىن يەنە ئۇ ھارامزادە ھاۋادا پەيدا بولۇپ چۇقان سالدى:

— ئەي ئىسكەندەر، باتۇرلىرىڭ بولسا مەيدانغا تېزرەك ئەۋەتكىن، بولمىسا دۆلەت تەختىڭگە شىكەستە بېرىپ، ئاتام ھەرراس دىۋىنىڭ ئورنىدا پاراۋان ئولتۇراي، — دېدى. بۇ چاغدا شاھزادە فەرىدۇن سانى ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كېلىپ ئەيانانىڭ ئالدىنى توستى. بىرمۇنچە ۋازلىقلاردىن كېيىن، ئەيانان فەرىدۇن ساننى بىر قولتۇقىغا، ئېتىنى يەنە بىر قولتۇقىغا قىسىپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.

ئەلقىسسە، بىر ھەپتىدە ئەيانان يىگىرمە يەتتە دىلاۋەرنى شۇ تەرىقىدە ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەر:

— ھازىر ئوردىدا پالۋانلار ئاز قالدى. قارىغاندا، بۇ ھارامزادىنىڭ خېلى كارامىتى بار ئوخشايدۇ. ئەمدى ئۆزۈم مەيدانغا كىرىپ، ھەزرىتى پەرۋەردىگاردىن نېمە بالا يېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، — دېدى. ئاندىن كېيىن:

— بۈگۈن كېچە بىر سەردار لەشكەرلىرىڭ - ى تەقلەپ تۇرسۇن، — دېدى. كىيابانۇ تەييار تۇردى. ئىسكەندەر ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەي بانۇ، مەردانە بولغىن، ئەيانان ھارامزادە كېچىدە كېلىپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمىسۇن يەنە، مەنمۇ بار، — دېدى. كىيابانۇ قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ، پۇختا تەييارلىنىپ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇلار باياۋانغا يەتتى. يىراقتىن ئوت كۆرۈندى. ئىككى كىشى ئوت كۆرۈنگەن تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار ئوتقا يېقىن كەلدى. ئۇ يەردە ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى دۆۋىلەنگەنلىكىنى كۆردى. لېكىن ھېچقانداق ئادەمزات يوق ئىدى. ئىسكەندەر سەۋر قىلىپ تۇردى. سۇبھى ۋاقتى بولغاندا بىر پىيادە كىشى

يىراقتا كۆرۈندى. ئۇ يېشىل رەڭدىن تون كىيگەن، پىلىنىڭ تېرىسىدىن كۇلاھ قىلىپ كىيگەن بولۇپ، بىر قولىدا ئۇۋۇلىغان بىر قۇلاننى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرنى كۆرۈپ:

— سەن كىم؟ سەن مېنىڭ ماكانىمغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى. ئىسكەندەر:

— مەن يەتتە ئىقلىم پادىشاھى — شەھرىيار ئىسكەندەردۇرمەن. ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇ جايدا ماكان تۇتتۇڭ؟ — دېدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ سۆيدى ۋە:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن چۈشۈمگە كىردىڭ. چۈشۈمدە كىمدۇر بىرى: «سېنىڭ خوجايىنىڭ — ئىسكەندەر قەزاۋۇ قەدەر يولى بىلەن ھىندىستانغا كېلىدۇ» دېدى. شۇندىن بۇيان مەن ساڭا ئېتىقاد قىلغانمەن. ھىندىستاننىڭ بۇتپەرەسلىرىدىن قېچىپ، پۇرسەت كۈتۈپ بۇ ماكاندا پاناھلىنىپ يۈردۈم. سېنى قاچان زەررىنىنىڭ شەھرىدىن نامايان بولۇر، بۇ غالىب ئىگىسى قاچان شەھرى زەررىن تەرەپكە كېلۇر، دەپ تۇردۇم. ئەي شەھرىيار، نېمە سەۋەبتىن بۇ دىيارغا قەدەم قويۇپ قالدىڭ؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ دىياردا بىر دۆۋە پەيدا بوپتۇ، سەردارلىرىمىزدىن نەچچىسىنى ئېلىپ كەتتى. بۈگۈن كېچە چارلامچى بولۇپ چىققانىدىم. دەرۋەقە ئۇ دۆۋە كۆرۈنمەي يىراقتا ئوت كۆرۈندى. ئۇ ئوتنى ياندۇرغۇچى كىمدۇر بىلىپ باقاي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى.

ئۇ پىيادە ئىسكەندەرگە:

— ئەي شەھرىيار، سەن ئوردىغا قايتقىن، مەن ساڭا بىر مەسلىھەت قىلاي، ئەتە دۆۋە كېلىپ مەيدانغا كىرسە، مەن بىر ھىيلە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرغۇزۇپ مەيدانغا كىرەي، سىلەردىن مەردلىك مەيداننى تەلەپ قىلىمەن. ئەگەر باشقىسى كەلسىمۇ

ئۇنىڭ قولىنى ئۆزۈم باغلاي، ھەتتا ئۇ دىۋىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ قولىنى بوشىتاي، — دېدى. ئەتىسى ئىسكەندەر سەردارلىرىدىن نەچچىسى دىۋىنىڭ ئالدىدا جەم بولدى. بۇ چاغدا ھېلىقى نىقابلىق ئادەم ھەيۋەتلىك تىغىنى غىلىپىدىن چىقىرىپ مەيدانغا كىردى. ئىسكەندەر، دىۋىنى پارە - پارە قىلغۇسى دەپ ئۇ پىيادىگە دۇئا قىلدى. ئاندىن ئوردىغا قاراپ ماڭدى. ئىسكەندەر ئوردىغا كېلىپ بولغان ۋەقەلەرنى سەردارلارغا بايان قىلدى. تاڭلا ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ جەڭگە تەييار تۇردى.

ئەيانان دىۋە يېتىپ كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئۆزۈڭگە مەلۇمكى، ئەمدى باشقا پالۋانلىرىڭغا تىغ ئۇرىمەن، — دەپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شۇ ئەسنادا دەشتى تەرەپتىن پىيادە يېتىپ كېلىپ ئەياناننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، مەن لات مەناتنىڭ بەندىلىرىدىن بىرىدۇرمەن، مەن نەچچە كۈندىن بېرى بۇ دەشتتە ئىمارەت بىنا قىلىپ سىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن. دەرۋەقە ئاخشام ئەھۋالىڭىزدىن خەۋەر تېپىپلا خىزمىتىڭىزنى قىلاي دەپ كەلدىم، سىز نەچچە كۈندىن بېرى پالۋاندارلىق قىلىپ كۆپ چارچىدىڭىز، تېخى ھاردۇقىڭىز چىقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن سىز مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇڭ، مەن مەيداندارلىق ساراسىمى بىلەن تامامى خۇداپەرەسلەرنى كاردىن چىقىراي، — دېدى. ئەيانان دىۋە بۇ پىيادىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. ئۇ مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە تۇردى. پىيادە مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، لەشكەرلىرىڭگە، ھەركۈنى ئەيانان مەيدانغا كىرىدۇ دەپ مەلۇم بولسا كېرەك. دەرۋەقە بۈگۈن مەن مەيدانغا كىردىم، تامامى خۇداپەرەسلەرنى كاردىن چىقىراي،

بارىنى مەيدانغا ئەۋەتكىن، ئەيانانىنىڭ بەندىسىنىڭ مۇشتۇمىنىڭ تورىنىي ئېتىپ باقسۇن، — دېدى. لەشكەرلەر سەردارى تەمھالخان ئىجازەت بىلەن مەيدانغا كىردى. ئۇ، — پىيادىنى باغلاپ ئېلىپ چىقاي، — دېدى. ئۇ پىيادە «بىر مەسلىھەتلىك ئىشارەت قىلىپ، بىر ئامال بىلەن ئەيانانىنى تۇتايلى، سىزنى مەن باغلاي، ھەربىر كىشى مەيدانغا كىرسە شۇنداق بولسۇن» دېدى.

تەمھالخان مەيدانغا كىرىپ ئۇ پىيادە بىلەن ئېلىشتى. بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن نىقابدار تەمھالخاننىي يەردىن كۆتۈرۈۋېلىپ تاشلاپ، قولىنى باغلاپ ئۇنى ئەيانانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ:

— ئەي پالۋان ئالەم، سىزنىڭ ئىقبالىڭىز بىلەن بۇ دىلاۋەرنى خۇداپەرەسلىكتىن ياندۇرۇپ، ئۆز ئېتىقادىڭىزغا بويسۇندۇردۇم، ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھوزۇرىڭىزغا كەلدى، — دېدى.

ئەيانان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خۇرەم بولۇپ تەمھالخانغا ئېھتىرام قىلدى. تەمھالخان ئەيانانىنىڭ قېشىدا تۇردى. ئاخىر مەيدانغا سام بىننى فەرىدۇن، تۇر سانى ۋە ئىسھاق بىننى ئەلۋەس ۋە ھەرۇم نەۋجەۋانلار ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ، بۇ تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئەيانانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنى بۇلاقنىڭ بېشىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغۇزدى. پىيادە ئەيانانغا:

— ئەي پالۋان، سىز ئۆز خىمىرىڭىز ئۈچۈن بۇيرۇسىڭىز، سىز ئۈچۈن ئۇلارنى كاۋاپ قىلىپ سىزنى مېھمان قىلسام، — دېۋىدى، ئەيانان ئۇ پىيادىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇپ، پىيادىنى دەشتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، گۆشنىي كاۋاپ قىلىپ شاراب بىلەن ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ كاۋاپ بىلەن شارابنى تەييار قىلىپ ئەيانانىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەيانان

گۆش ئۆتكۈزۈلگەن زىخنى «ئوتتا پىشۇرۇڭلار» دەپ سەردارلارنىڭ قولىغا بەردى. ئۆزى جەڭ مەيدانىغا بىرىپ بىر سەردارنى چاقىردى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي سەردارلار، كاۋاپ پىشقان بولسا ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. سەردارلار كاۋاپنى ئېلىپ كەلدى. ئەيانان پىيادىنى يېنىغا چاقىردى. پىيادە ئەيانانىنىڭ يېنىدا يۈلىنىپ ئولتۇرۇپ كاۋاپنى سۇنۇپ بەردى. سەردارلار ئۇ دىۋىنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇردى. پىيادە كاۋاپنى ئاغزىغا سالغاچ سەردارلارغا مەي قويۇپ، قەدەھ ئۇرۇشتىكى:

— ئەي ھاڭۋاقتىلار، سىلەرگە ھەرقانداق خىزمەتنى جايىدا قىلىڭلار، ئەيانانىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويماڭلار، دەپ نەچچە قېتىم ئېيتتىم. سىلەرنى گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزۈڭلار دېگەنىدىم. بۇ قانداق گۆش؟ كاۋىپى ھەقىقەتەن تاتلىق ئىكەن، — دېدى. سەردارلار:

— بىز سىلەرنى ياخشى مېھمان قىلىمىز، — دېدى. بۇ چاغدا مۇلازىم:

— ئەي پىيادە باتۇر، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىز سىزنىڭ ۋە ئەيانان دىۋىنىڭ قۇلىدۇرمىز، — دەپ خەنجىرىنى يېنىدىن چىقىرىپ ئەيانانغا سالدى. تىغ ئەيانانغا كار قىلمىدى. ئەيانان بۇ ھالنى كۆرۈپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ پىيادىگە:

— ئەي پىيادە، ماڭا ھىيلە - مىكىر قىپسەن، مەن سېنى قىرىندىشىم دەپ يۈرۈپتىمەن. سېنى چاينىۋەتمىسەم، — دەپ غەزەپ قىلدى. پىيادە قاچتى. ئەيانان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئەيانان يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى. پىيادە ئارقىسىغا قاراپ قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ ئەيانانغا ئاتتى. تاش ئەيانانىنىڭ قولىغا تېگىپ ئەيانانىڭ قولى سۇندى. ئەيانان پىيادە بىلەن جەڭگە - جېدەل قىلىشقىلى پۇرسەت تاپالماي ئاخىرى ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ پەرياد قىلدى:

— ئەي سەرگەردان، سەن ماڭا قەست قىلدىڭ، ئاخىر سىنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، — دەپ ئۆز ماكانىغا قايتتى.

ئۇ پىيادە ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ، بولغان ئىشلارنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى. ئىسكەندەر پىيادىگە تەھسىن ئوقۇدى. پىيادە:

— شەھرىيار، ئۇنى يارىلاندۇرغانىدىم، ئەگەر پەرۋەردىگار يارDەم بەرگەن بولسا ئۇ دىۋىنىڭ قولىقىغا ھالقا سېلىپ قويغان بولاتتىم، — دېدى.

## يەتمىش تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەر-نەيىنىنىڭ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھلىرىغا بارغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر نەسىمنى چاقىرىپ:

— ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەمگاھلىرىنى تاۋاپ قىلىپ مەدەت تەلەپ قىلسام دەيمەن، سەنچە قانداق بولار؟ — دېدى. نەسىم:

— ئەيانانىڭ لەشكەرلىرى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ ئىلاجىنى كىم قىلار؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— سەن بىر نەرسە دەپ باققىن، قايسى تەرەپ بىلەن بارغىلى بولىدۇ؟ — دېدى. نەسىم ھىندىستانلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيدى. ئىسكەندەرگە ھەم ھىندىستانلىقلارنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزدى. ئىسكەندەر ئاتقا مىندى. نەسىم ئالدىدا

ماڭدى. بۇ چاغدا جاھان شاھ دەريادىن ئۆتتى. ئۇ ئىسكەندەرگە يېقىنلاشتى. ئىسكەندەر پىيادە بولۇپ ئۇنىڭ خانىسىغا قەدەم قويدى. ئىسكەندەر خانىنىڭ ئىچىگە قارىدى. شەھرىيار ئۇ يەردە نۇرغۇن تاجدارلارنى كۆردى. ئۇلار زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىگە باغلاش كېرەكلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر قەبرىگاھ تەرەپكە كېلىپ شەيخكە:

— ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، مۇبارەك قەدەم - قەبرىگاھنى زىيارەت قىلسام، — دېگەنىدى، ئۇ دەرۋىش مەقبەرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. ئىسكەندەر مۇبارەك مەقبەرىگە قەدەم قويۇپ تاۋاپ قىلىپ، مازارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە دۇئانى ئادا قىلدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدەم - قەبرىگاھىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ زەئىپ يۈزىنى توپراققا سۈركەپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام، شۇبۇ مەقسەتتە ئەرز تۇتىمەنكى، ھىممەت ۋە شەپقىتىڭنى مەندىن ئايىمساڭ، ھىندىنىڭ پادىشاھلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى تىزلاندۇرسام، — دەپ مۇناجات قىلدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنى ئۇيقۇ بېسىپ روھى قۇشىنى ئۇخلاتتى. ئۇ چۈشىدە بىر نۇرنى كۆردى. ئۇ نۇر قەبرىگاھتىن پەيدا بولدى. بۇ نۇر پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن پەيدا بولغانىدى. نۇردىن:

— ئەي ئىقلىم پادىشاھى ئىسكەندەر، مەقسىتىڭگە ئىرادەڭ بىلەن يەتكىنكى، ئەمما ھەر جايدا پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن ئىش - ئەمەل قىلغىن، ئەي ئىسكەندەر، ئورنىڭدىن تۇرغىن، — دېدى.

ئىسكەندەر ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئانھەزرەت ئىرادە كەمىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ بېلىگە باغلىدى. ئىسكەندەرنىڭ قولىغا بىر نەرسىنى بەردى. ئىسكەندەر بېشىنى

كۆتۈرۈپ شۇنداق ئەرز قىلدىكى:

— يا ھەزرىتى ئادەم، ئەيانان دۇنيانىڭ خىسلىتىدىن كۆڭلۈم بەك پەرىشان بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئەسۋاب ئىشلەتسەممۇ كار قىلمايۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، ئانەز-رەت كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەيانانىنىڭ ئىشىدىن ئەمدى خاتىرجەم بولغىن. ئەمدى مالامەت بولمىسا ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغايسەن. ئۇ دۇنيادىن غەم يېمىگىن. ئەيانانىنىڭ زۇلۇمىدىن پات - پۇرسەتتە خالاس بولىسەن. بۇنىڭ ئىلاجىنى يەنىلا ئاشۇ پىيادە قىلىدۇ. ئۇ ئۆز كىبىرى بىلەن دۇنيانىڭ قولىنى سۇندۇرىدۇ. ئەيانانىنىڭ قولىدىكى تىغ «تىغى سەلسال» دۇر. سەن پىيادىگە سەلسالدىن ئېلىنۇالغان تىغنى بەرگىن. چۈنكى ئۇ دۇنيگە ئاشۇ تىغى سەلسالدىن باشقا نەرسە كار قىلمايدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر ئورنىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. كەينىگە قارىدى. كەينىدە يىگىرمە مىسقال كەلگۈدەك، ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە بولۇپ باقمىغان بىر تىغنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى ئېلىپ پىيادىگە بەردى. ئۆزى مەقبەرىنى زىيارەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئانەززەرەتنىڭ مۇبارەك مەقبەرىلىرىدىن چىقتى. شەيخ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەڭگۈشتەرنى قولىغا تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي دۆلەتمەن، كەلگىن، بۇنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تارتىپ ئېلىپ باققىن، — دېدى.

ئىسكەندەر قولىنى كوزىغا سېلىپ بىر نەرسىنى ئالدى. ئۇ قولىدا لەئىل تۇرغانلىقىنى كۆردى:
بۇ ئانەززەرەتنىڭ ئاتا قىلغان مىراسلىرىدىن ئىدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالدى. شەيخ:

— ئەجەب دۆلەتمەن ئىكەنلا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ھىممەتلىرى بىلەن بۇ ئەڭگۈشتەرنى سىلىگە

ھەدىيە قىلدى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر خۇرسەنلىك بىلەن ئاتقا مىنىپ، نەسىمنى ئالدىغا سېلىپ ھەزرەت داۋۇتنىڭ داۋىنىغا كەلدى. ئىسكەندەر نەسىمگە:

— ئەي نەسىم، بۇ تاغقا چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلساق، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىم بىلەن تاغقا چىقتى. ئۇلار ھەرراس دىۋىنىڭ زىندىنىغا باردى. ئۇ يەردە غارنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان يوغان بىر تاشنى كۆردى. ئۇ تاشنى خېلى كۈچىمىسە جايىدىن قوزغىغىلى بولمايتتى. مۇھتەر نەسىم:

— بىز پات پۇرسەتتە بۇ زىنداننىڭ ئىشىكىنى تېپىشىمىز كېرەك ئىدى. دەرۋەقە ئۇ تاش بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى.

— ئەي شاھىد، كۆڭلۈڭنى دىلغۇل قىلمىغىن، مەن ئۆزۈملا بۇ ئىشنىڭ يولىنى قىلىمەن، — دەپ، شەھرىيار ئېتىكىنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ ئۇ تەۋرىمەسنى قۇچاقلاپ ئېلىپ بىر تەرەپكە قويدى. نەسىم بىلەن ئىسكەندەر غارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ قەدەمنى زىندانغا قويدى. فەرھەڭ پىيادە دىۋزاد دىلاۋەرلەرنى سولاقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ تاغدىن چۈشتى. بۇ چاغدا ئەيانان ھارامزادە يۈزدەك ئادىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ئىدى. فەرھەڭ پىيادە ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئىسكەندەر فەرھەڭگە مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇنى ئاتقا مىنگەشتۈرىۋالمىدى. دەرۋەقە بۇ چاغدا ئەيانان يارىلانغان قولىنىڭ دەردىدە غاردا بىدار ئىدى. ئۇ ئادەمزاتنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتتى - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ زىنداننىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، تاقاقنى ئېلىپ تاشلاپ زىندانغا قارىغانىدى، سولاقتىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ چاغدا ئۇلار ئۇ يەردىن ئايرىلىپ بىر خالىي جايغا كېلىۋالغانىدى. ئەياناننىڭ بىر دىۋىسى كېلىپ ئەياناننى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ ھاۋاغا پەرۋاز

قىلىپ، بىر جايغا كېلىپ يەردە قويدى. ئىسكەندەر قالغان پالۋانلار بىلەن ئوردىغا كەلدى. كىيابانۇغا، ئىسكەندەر سولاقتىكىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ، دەپ خەۋەر يەتتى. كىيابانۇ خۇشاللىقىدا داغدۇغا بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى. بانۇ ئەيانانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ تولا مەيۈسلەندى. كىيابانۇ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ جەڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى پىيادە باتۇرلارنى باشلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بانۇ، ئۆزىڭىزگە تەنبىھ بېرىڭ. سەۋرى قىلايلى. كېچە بولسۇن، مەسلىھەت بىلەن بىر ئىش قىلايلى، — دېدى.

— ئەي بانۇ، پىيادە راست ئېيتىدۇ، — دەپ ئىسكەندەر كىرىپ كەلدى. كۈن كەچ بولدى. ئىسكەندەر:

— ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام سەلسال شەمشىرىنى پىيادىگە بېرىڭلار دەپ ئەمىر قىلدى، — دەپ شەمشەرنى پىيادىگە بەردى. پىيادە شەمشەرنى بېلىگە ئېسىپ، ئەيانانىڭ ماكانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار مەلۇم يول ماڭغاندىن كېيىن مەنزىلگە يەتتى. كىيابانۇ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. كىيابانۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ فەرھەڭنى كۆرۈپ:

— ئەي پەرزەنت، مەن ئۇ پىيادە بىلەن سىزنى خالاس قىلغىلى كەلدۇق. سىز ئۇ تەرەپتىن ھەرىكەت قىلىڭ. مەن تاشقىرىدىن مەدەت قىلاي، — دېدى. فەرھەڭ:

— مېنى كىرىستقا تارتىپ قويدى. ھەرىكەت قىلالمايمەن، — دېدى. ئەيانان قولىنىڭ دەردىدە بىدار ئىدى. ئۇ ئادەمزاتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ غار تەرەپكە كەلدى. بۇ چاغدا پىيادە ئەيانانىنى كۆردى، پىيادە:

— ئەي بانۇ، مەن يوشۇرۇنۇپ تۇراي، سىز دىۋىنى ئۆزىڭىزگە بەنت قىلىپ تۇرۇڭ، ئاندىن مەن يوشۇرۇنغان

جايىمدىن چىقىپ ئۇ دېۋىنى ھالاك قىلاي، — دەپ كېچىشىپ بىر يەرگە پىنھان بولدى. ئەيانان يېتىپ كەلدى. ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەي ئادەمزات، سەن نېمە ئۈچۈن خىرس قىلىسەن؟ — دەپ كىيابانۇ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار جېدەل قىلىشىۋاتقاندا پىيادە يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ شەمشەرىي سەلسالنى ئەيانان دېۋىنىڭ بېلىگە شۇنداق ئۇرغانىدى. دېۋە ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن كىيابانۇ ئوردىغا كېلىپ ناغرىسىنى نەۋازىشقا كەلتۇردى. ئۇ ۋەقەنى ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شادلىق ناغرىسىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى سەردارلار بىلەن دېۋىنىڭ ماكانىغا قاراپ ماڭدى. ئىسكەندەر زىندانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەر زىندان ئاغزىدىكى تاشنى زور كۈچ بىلەن ئېلىۋەتتى. ئاندىن قەدىمىنى قەدەمگاھقا قويۇپ، ئۇ يەردە فەرھەڭنىڭ بوغدا ياتقۇزۇپ كرېستقا مىخلانغانلىقىنى كۆردى. بېرىپ فەرھەڭنى دەرھال بوشاتتى. ئۇلار خۇشال - خۇرام ئوردىغا قايتتى. بۇ خەۋەر جاھانشاھقا يەتكەندە سەرەندابنىڭ ئەھلى ئوغۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شەھرىيارنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا ئېتىقادىنى توغرىلىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر پىيادىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنىڭ ھىندىستان پادىشازادىسى سەئدانىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ بەھرۇز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر پىيادىگە تاج كىيىمىنى كىيدۈرۈپ سەرەندابقا پادىشاھ قىلدى. بۇتخانىلارنى بۇزۇپ ئورنىغا مەدرىسە - مەكتەپ بىنا قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## يەتمىش بەشىنچى قىسسە، تۇرنىڭ بارگاھتىن چىقىپ سۇلتان كۇھنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر ئەبزىدىن ئايرىلىپ ھىندىستانغا بېرىش ئۈچۈن ئارستوغا سۇلتان كۇھقا نامە پۈتتۈرۈپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. نامە ئۆز جايىدا پۈتۈلۈپ تامام بولدى. ئىسكەندەر مۆھۈر بىلەن نامىنى ئۆز قولى بىلەن ئوراپ:

— بىر باتۇرنىڭ بۇ نامىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ بېرىپ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشىنى خالايمەن، — دېگەندى، مازەندەراننىڭ نەۋرىسى سام بىننى تۇرمەس پالۋان ئورنىدىن قوزغىلىپ: «رۇخسەت بولسا بۇ خىزمەتنى بەندە — مەن بەجا كەلتۈرسەم» دېدى.

ئىسكەندەر خەنجىرى سەلسالنى تۇر پالۋانغا بەردى. تۇر خەنجەرنى ئېلىپ ئەكرەگە راۋان بولدى. بۇ چاغدا بەھرۇز: «رۇخسەت بولسا، بۇ سەپەردە تۇر پالۋانغا مەن ھەمراھ بولۇپ بارسام» دەپ ئەرز قىلدى. ئىسكەندەر بەھرۇزغىمۇ رۇخسەت بەردى. پالۋان تۇر سۇلتان كۇھنىڭ قەسرىگە يېتىپ كەلدى. سۇلتان كۇھقا، ئىسكەندەر تەرەپتىن ئەلچى كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر يەتتى.

بۇ چاغدا سۇلتان كۇھنىڭ سىپاھ ـ سالارلىرى يېنىدا بار ئىدى، ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى قەھرۇش ئىبىن مۇلك سۇكيار ئىدى. ئۇنى تۇرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇ تۇرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سۇلتان كۇھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، قەھرىۋشىنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز پاتمان ئېغىرلىقتا بىر ئۇمۇتى بار ئىدى. ئۇ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىقلىق ئىدى. بەھرۇزنىڭ كۆزى ئۇمۇتقا چۈشتى. تور ئۇمۇتنى ئېلىپ چۆرۈۋېتىپ ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپ، نامىنى ئېلىپ سۇلتان كۇھنىڭ ئالدىغا قويدى. سۇلتان كۇھ نامە ئۈستىدىن ئالتۇن - جاۋاھىر چاچقۇ قىلىشنى بۇيرۇپ، نامىنى ۋەزىرنىڭ قولىغا بەردى. ۋەزىر نامىنى ئىززەت- ئىكرام بىلەن تۇتۇپ ئوقۇشقا كىرىشتى.

## نامە

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، نامىنى ئاۋۋال پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ نامى بىلەن، ئىككىنچىدىن، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. نامە ساھىبى ئىسكەندەردۇرمەن. ساڭا سالام، ئەي سۇلتان كۇھ، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن. بۈگۈن دەۋرنىڭ چاقى مېنىڭ تەختىم ئاستىدا ئايلىنىۋاتىدۇ. قەزاۋۇ قەدەرنىڭ مۈشكۈلاتلىق ئىشلىرىنىڭ ئىلاجىنى قىلدىم. مېنىڭ پەرمانىمدا ھېچكىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلالمايدۇ. ئەگەر كىمكى دۈشمەنلىك قىلسا بالا - قازا ئۇنىڭ تەختى - بەختى، جەددى - جەمەتىنى سۇندۇرىدۇ. دوستلىرىم شاد، دۈشمەنلىرىم مېھنەت غەپلىتىدە بولىدۇ. سۆزۈمنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، تۈركىستان بىلەن قىتانى ئۆز تەسەررۇپۇمغا كەلتۈردۇم. سەلتەنەت - سائادەتنى، ئېتىمنىڭ بېشىنى بۇ يەرگە بۇيرۇدى. مەشرىق زېمىنىغا بېرىشنى ئىختىيار قىلدىم، پەرۋەردىگار مېنى بۇ خىزمەتكە بۇيرۇغانىكەن، ئول مەملىكەتلەردە ئۆز ئېتىقادىمنى يۈرگۈزۈشۈم كېرەك. دۆلەتنىڭ پادىشاھلىرى مۇبادا نامىنىڭ مەزمۇنىغا قايىل بولسىڭىزلار، ھىندىستاننىڭ پادىشاھى ۋە ئەھلى ئۇلۇغلىرى- بىلەن مېنىڭ

دەرگاھىمغا كېلىپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىتى بىلەن سالامىمنى قوبۇل قىلىڭ، شۇندىلا بۇرۇنقىدەك مۈلكىڭىزنىڭ پادىشاھلىقىنى سىزگە بېرەي، قىتاغا ھەم شۇنداق قىلغانمەن. ئەگەر بۇ سۆزۈمدىن گۇمان قىلسىڭىز، كېلىپ كۆرەرسىز، ياكى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. نامە تامام ۋەسسالام».

سۇلتان كۇھ نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولدى.

— بۇ پادىشاھلارنىڭ سۆزى بوپتۇ. ئەمدى، ماڭا ئىسكەندەرنىڭ سۆزى ئېنىق بولدىكى، مەن بەھرەيىنىنىڭ خىراجىتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ئۇنىڭدىن كەچسەم بولغۇدەك. ئىسكەندەرنىڭ كارىنى زەنگىلەر قىلالمىغان يەردە ئۇ مېنى كىچىك بىلىدۇ. ئىسكەندەر مېنى كىچىك بالىنى قورقۇتقاندەك قورقىتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن بويسۇندۇرۇلغان ئەللىرى بار. ئىسكەندەرنىڭ مەدىتى يۈز يىل ئۇرۇش قىلىشقا يارايدۇ. ئۇ جاھانگىردۇر، — دەپ نامىنى ۋەزىرنىڭ قولىدىن ئېلىپ يىرتىپ پارە قىلماقچى بولدى. بۇ چاغدا تۇر قەدىمىنى دەررۇ ۋەزىر تەرەپكە يەتكۈزۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن نامىنى ئېلىپ قوينىغا سالدى. قەھرۇش تۇرغا قاراپ:

— ئەي ئەلچى، بۇنداق بىئەدەپلىك پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا بولسا بولمايتتى، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— نامىنى نېمە قىلغانلىقىمنى سەن بېرىپ ئىسكەندەرگە يەتكۈز، — دېگەندى. بەھرۇز:

— ئەي قەھرۇش، سېنىڭ پادىشاھلارنىڭ ھۇزۇرىدا سۆز قىلىشىڭ بەك ئەدەپسىزلىكتۇر، — دېگەندى، قەھرۇش:

— ئەي بىئەدەپ، بىلىپ قويغىنكى، بۇ تۇرغان مېنىڭ ئۇمۇتۇمدۇر، پالۋان بولساڭ ئۇنى جايىدىن كۆتۈرۈپ باققىن، قۇدرىتىڭ يېتەمدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىغىنىچە قولىغا خەنجەر ئېلىپ بەھرۇز تەرەپكە يۈگۈردى. بەھرۇز جايىدىن تۇرۇپ مۇشتىنى گىرە قىلىپ قەھرۇشنىڭ گەدىنىگە ئۇردى.

بەھرۇزنىڭ مۇشتى ئۇنىڭ گۆرىنىگە تەگدى. قەھرۇش بىھوش بولۇپ يىقىلدى. تۇر پالۋان سۇلتان كوھقا قاراپ:

— ئەمدى نامىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرەرسىز؟ — دېدى.

سۇلتان كوھ:

— ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنىڭ جاۋابى جەڭدۇر، — دېدى.

تۇر بىلەن بەھرۇز بارگاھدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. تۇر كەتكەندىن كېيىن قەھرۇش ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بەھرۇزنى كۆرمىدى. سۇلتان ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ:

— بۇ نېمىدېگەن شىجائەت، — دېدى. ئۇ يەنە:

— سەن نېمە ئۈچۈن لاپ ئۇرىسەن؟ ئاۋازىڭ ھىندۇنىڭ ئۈن مىڭ يول يىراقتىكى جەزىرىلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. ئەمما بۇگۈن بىر مۇشت بىلەن ھوشۇڭدىن كېتىپ يىقىلدىڭ، — دېدى. قەھرۇش:

— ئەگەر پەرمان قىلسىڭىز، ئۇ دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ بويىنىدىن باغلاپ ھوزۇرىڭىزغا ئېلىپ كەلسەم، — دېدى. سۇلتان كوھ:

— سالامىم شۇكى، مەن ھەم ئىسكەندەرگە نامە ئەۋەتەي، نامىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، باتۇرلىقىڭنى شۇ جايدا كۆرسەتكىن، — دەپ سۇلتان كوھ نامە پۈتتۈرۈپ قەھرۇشقا بەرگەنىدى، ئۇ نامىنى ئېلىپ سەرەنداب تەرەپكە راۋان بولدى.

ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېقىن يەتتى. ئىسكەندەرگە قەھرۇشنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىك خەۋىرى يەتتى. پالۋان تۇر:

— مەن ئەلچىلىككە بارغاندا قەھرۇش ئالدىمغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن سۇلتان كوھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ

كىرگەندى. ئەمدى ماڭا رۇخسەت بولسا، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن باشلاپ كەلسەم، — دەپ ئەرز قىلدى. ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى. تۇر مازەندەرانىنىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بارگاھىغا باشلاپ كىردى. قەھرۇش نامىنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئارستۇ نامىنى ئېلىپ ئوقۇدى.

## نامە

«ئەي ئىسكەندەر، پادشاھنىڭ سۆزى بىر بولىدۇ. سەن ۋەدەڭدە بەھرەيىنىنىڭ تاپشۇرىدىغان خراجىتىدىن ئۆتىمەن دەپسەن، سېنىڭ مېنىڭ مۈلكىم بىلەن ھېچ كارىڭ بولمىسۇن، يەنە بىرى شۇكى، قەزاۋۇ قەدەرنىڭ باياۋانى بىلەن كەپسەن، يەنە شۇ يول بىلەن يېنىپ كەتكىن. ئەگەر يانمىساڭ، ئۇستىخىنىڭنى پىللارنىڭ ئايىغىدا تالقان قىلىمەن. ئۆزۈڭنى بىھۇدە ھالاكەتكە تاشلىمىغىن. ئەي ئىسكەندەر، ھىندىستان سەن دېگەندەك جاي ئەمەس، ئۇنى ئۇنداق ئاسان بويسۇندۇرالمايسەن»

. . .

ئىسكەندەر نامىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— بۇ ھىندىلار ئانچە دانىشمەن ئەمەس ئىكەن. ئۇلار مېنى پىلدىن قورقىدۇ، دەپتۇ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، نامىنى ئارستودىن ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى. قەھرۇش غەزەپلىنىپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. دەرۋەقە بۇ چاغدا بەھرۇزنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنىدى، بەھرۇز پۇتىنى سۇنۇۋىدى. قەھرۇشنىڭ پۇتى بەھرۇزنىڭ پۇتىغا تېگىپ پۇتلىشىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلار بۇنى كۆرۈپ، ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. قەھرۇش ھودۇقىنىدىن چالۋاقاپ دەرھال

ئورنىدىن تۇرۇپ، خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بەھرۇزغا ئېتىلدى. بەھرۇز چەبدەسلىك بىلەن خەنجەرنى تارتىۋېلىپ قەھرۇشنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. قەھرۇش يىقىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي بەھرۇز، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىڭ؟ — دېدى. بەھرۇز:

— ھۆزۈرىڭىزدا بىئەدەپلىك قىلدى، پۇتۇمغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتى. باتۇرلارنىڭ كۆلكىسى قىستاپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئاندىن ئۇ ھەممىدىن ئاجىز بىلىپ ھالاك قىلىشقا ئۇرۇنغانىدى، مەن چەبدەسلىك بىلەن خەنجەرنى ياندۇرۇپ ئۇردۇم، — دېدى. ئىسكەندەر ئارستوغا:

— دەرھال تېۋىپ ئېلىپ كېلىڭلار، تىغ ئۇرغان جايىنى دورا سۈرتۈپ داۋالىسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. ئارستو قەھرۇشنى چېدىرغا ئېلىپ كىردى. تېۋىپ ئۇنىڭغا دورا ياساپ زەخمىگە قويغانىدى، ئۇنىڭ زەخمى ياخشىلاندى. ئارستو ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، قەھرۇشنىڭ يارىسى ياخشى بولدى. ئۇنىڭغا قانداق بۇيرۇق باركىن؟ — دېدى. ئىسكەندەر قەھرۇشنى مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇندۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپ، يېڭى توننى مۇنچىغا ئەۋەتىپ بەردى. قەھرۇش ئۇ توننى كىيىپ بارگاھقا باردى. شەھرىيار ئۇنى كۆپ ئىززەتلەپ:

— ئەي باتۇر، بۇ زەخىم بالايى - قازادىن بېشارەتتۇر. پەرۋەردىگار ئالدىدا قەسەم قىلىمەن. مەن ۋە ياكى پالۋانلار سىزنى ئوخشاشلا ياخشى ئىززەتلەيدۇ. سىزنى ھەممىمىز ئاسرايمىز. شۇنىڭ ۋەجىدىنمۇ سەللىمازا ساقايدىڭىز. ھازىر قايتىسىڭىز ئىختىيار سىزدە، — دەپ رۇخسەت بەردى. قەھرۇش ئىجازەت ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ سۇلتان كۆھنىڭ قېشىغا باردى. قەھرۇش كەتكەندىن كېيىن ئىسكەندەر

نەۋفىلگە بارگاھتى دەشت ئەكرەغا يۆتكەشنى ئەمر قىلدى.

ئۇ تەرەپتە قەھرۇش سۇلتان كۇھنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. سۆز ئارىلىقىدا مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەھۋالى ئارىغا چۈشتى. سۇلتان كۇھنىڭ بىر ئەييارى بار ئىدى. ئۇ ئەييارلىق ۋە نەيرەڭۋازلىقتا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئىسمى مەشكىن شېكەرلەب ئىدى. سۇلتان كۇھ ئۇنى چاقىرىپ:

— ئىسكەندەر ئوردىسىغا بېرىپ مۇھتەر نەسىم ئەييارنى پۇت - قولىنى باغلاپ كەلگىن،— دېدى. مەشكىن:

— بۇ شەرەپلىك خىزمەت،— دەپ بارگاھتىن چىقىپ ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## يەتمىش ئالتىنچى قىسسە، مەشكىن شېكەرلەب ئەييارنىڭ مۇھتەر نەسىم ئەييار بىلەن ئەييارلىق قىلىشقانلىقى

ئەلقىسسە، راۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا سۇلتان كۇھ مەشكىن ئەييارغا سۆز قىلىپ تۇرغانىدى، مۇھتەر نەئىم بۇ يەرگە جاسۇسلۇققا كەلدى. مۇھتەر نەئىم ئۇلارنىڭ بۇ مۇددىئاسىنى بىلىپ ئۆزىگە ئۆزى: «مەن ئۇلاردىن بۇرۇن ئوردىغا بېرىپ ئۇ ئىشتىن پەرزەنتىم نەسىمنى خەۋەردار قىلسام بولغۇدەك» دەپ يولىغا راۋان بولدى. نەئىم يولدا كېتىۋېتىپ بىر ھىندىنى كۆردى. ئۇ دەرۋىش سۈرىتىدە بولۇپ بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ھىندى مەشكىن شېكەرلەب ئىدى. مۇھتەر نەئىم ئۇ جايغا كەلدى. مەشكىن ئۆزى بىلەن

چۈشكۈن قىلغان بۇ كىشىنى چاقىرىپ ئەكىلىپ، ئىككىيلەن تائام يېدى. مەشكىن:

— ئەي بۇرادەر، مەن سەرەندابنى مەنزىل نىشان قىلىپ كېتىۋاتىمەن. سەن قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.

نەئىم:

— مېنىڭ ئالدىراش ئىشىم بار، مەن تېزرەك ماڭاي، سىز ئارقامدىن كېلىڭ، مەن سەرەندابقا بارىمەن، — دەپ يولىغا راۋان بولدى. نەئىم بەش يۈز قەدەم ماڭغاندا مەشكىن شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تېزلا نەئىمنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. مەشكىن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئوردا بازىرىدا بىر كىشى ماللىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويىدى. بۇ چاغدا مۆھتەر نەسىم ئوردا بازىرىدىن بىرمۇنچە ئوغرىنى تۇتۇپ تاياق بىلەن ئۇرىۋاتقانىدى. شۇ ئەسنادا مەشكىن ئەييار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ كىشىنى نېمە ئۈچۈن ئۇرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار ئوغرىلىق قىپتۇ، — دەپ مۆھتەر نەسىم ئۇلارنى ئىقرار كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئاخىرى ئۇلار ئوغرى بولۇپ چىقتى. مەشكىن:

— ئەي ئوغرى، خەلقلەرگە ئازار بەرگەننىڭ جاجىسى شۇ. بۇنداق ئىشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق، — دېدى. ئۇ مۆھتەرگە قاراپ، — سىز بەك ئۇستا ئەييار ئىكەنسىز، ئەييارلىقتا كامالەتكە يەتكەنىكەنسىز، ئەييارلىقتا پاراسەت بولسىلا ھەممىنى يېڭەلەيدۇ، — دېدى. مۆھتەر نەسىم ئۇنىڭغا:

— سەن ئوغرىنى بىر قاراپلا تونۇيالامسەن؟ — دېدى.

مەشكىن:

— ئەلۋەتتە، — دېدى.

مۆھتەر نەسىم:

— ئەگەر سەن ئوغرىنى بىر قاراپلا تونۇيالىساڭ،

ئوردىنىڭ سەردارلىق مەنسىپىنى ساڭا بېرىمەن، — دېدى. مەشكىن بازاردا تۇرۇپ:

— ھەممە بازار خەلقىنى بىردىن - بىردىن ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار، — دېدى.

بازار خەلقى ئۇنىڭ ئالدىدىن بىردىن - بىردىن ئۆتتى. بىر كىشى بار ئىدى. خالايىق ئۇ كىشىنى بەك دىيانەتلىك دەپ قارايتتى. ئۇ كىشى مەشكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە مەشكىن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئوغرى مۇشۇ كىشى شۇ، دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سەن ئوغرىنى ياخشى تونۇيدىكەنسەن. سەن ئۇنى ئوغرى دەۋاتامسەن؟ — دېدى. مەشكىن:

— مەن بىر شاپىلاق ئۇرىمەن، ئەگەر ئۇ ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، كارامىتىم ئاشكارا بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغرىلىقىغا ئىقرار بولمىسا، خۇنۇمنى تۆكۈڭلار. سىلەر ئۈچۈن بۇ ھالال، — دەپ ئۇنى قىيناشقا باشلىدى. ئوغرى ئازابقا چىدىماي پەرياد قىلىپ:

— مېنى خالىي قىلىڭلار، بۇ ھېكايەتنى مەن راستچىللىق بىلەن ئېيتىپ بېرەي، — دېدى. مەشكىن ئۇ دەرۋىش مۇھتەردىن قولىنى يىغدى. ئۇ كىشى:

— بۇ كېچە مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. بۇ ئىش سادىر بولدى، — دەپ ئىقرارىنى باشلىدى. مۇھتەر نەسىم بىلەن ئەييارلار بۇنىڭغا تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار قىلدى. نەسىم مەشكىنگە قاراپ:

— مەردانىلەرنىڭ سۆزى بىر بولىدۇ. ئەمدى شەپگىرلىك[①] سىزگە مەنسۇپ بولدى، — دېدى. مەشكىن ئۇنىڭغا:

— مەن سىزلەرنىڭ ئوردىڭىزلارنىڭ شەپگىرلىكىگە پەقەت قىزىقمايمەن، مەن ئۆز شەھىرىمدىمۇ شەپگىردۇرمەن. مەن بۇ

---

①شەپگىر — تۈن قاراۋۇلى، تۈندە ئۇخلىماي ئايلانغۇچى.

جايغا بىر ئىش بىلەن كەلدىم، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭدىن:
— سەن دېگەن نېمە ئىش ئۇ؟ — دەپ سورىدى.
مەشكىن:
— مەن سۇلتان كۇھىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن نەسىمنى تۇتۇپ، ئۇنى باغلاپ سۇلتان كۇھىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بارماقچى ئىدىم. بۇ ئىشنى ساڭا دېدىم. سەن ھېچكىمگە ئېيتمىغىن، — دېدى. نەسىم «مەشكىن مېنى بىخۇت كۆرۈپ باغلىماقچى بوپتۇ» دەپ ھوشىنى يىغدى. مەشكىن:
— مەن بۇگۇن كېچە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىگاھىغا بارىمەن. ئاڭلا كېچە ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىنكى، سېنى تۇتقىلى كېلىمەن، — دېدى. ئۇ بۇ سۆزىنى قىلىپ ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي غايىب بولدى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەئىم يېتىپ كېلىپ نەسىمگە:
— ئەي ئوغلۇم، ئاگاھ بولغىن، مەشكىن سۇلتان كۇھىنىڭ ئوردىسىدىن سېنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. نەسىم:
— ئەي جاپاكەش ئاتا، ئۇ سېنىڭدىن بۇرۇن كېلىپ مېنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، — دېدى. ئاندىن كېيىن نەسىم ئوغرىنى دارغا تارتىشقا ئەمر قىلدى. كېچە بولدى. نەسىم ئەييارلارنى چاقىرىپ ئۇلارغا:
— يارەنلەر، بىر يامان دۈشمەن كەينىمىزگە چۈشتى. ھەر ھالدا ئېھتىيات قىلىڭلار، — دېدى.
ئەييارلار ئۇ كېچىسى ئارام ئالمىدى. ئىككىنچى كېچىسى نەسىم ئەييارلارنى يەنە قاراۋۇللۇققا قويدى. ئاتەش ئەفرۇز نەسىمنىڭ ئالدىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نىقابلىق كىشى پەيدا بولدى. ئۇ قولىغا ساقا ئېلىۋالغانىدى. ئۇ مەشكىن ئىدى. ئۇ ئاتەش ئەفرۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئەي باتۇر، بىرنەچچە تەقدىرداش دوستلىرىم بىلەن

سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ پىنھان تۇرغان جايىمىزدىن بۇ يەرگە كەلدۇق. بۇ دەرۋىشنىڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېساب — لىنىدۇ، — دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئاتەش ئەفرۇز (پانۇسچى) جامنى ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۇندى. مەشكىن قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ قولىنى رەت قىلدى. ئۆزىنىڭ قولىدىكى بىھوش دورىسىنى پانۇسچىنىڭ دىمىقىغا سۈرتتى. پانۇس كۆتۈرگۈچى بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەشكىن ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ بىر خالىي جايغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ئەڭگۈشتەر (ئاچقۇچ) نى ئېلىپ دەرھال نەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئەييارلار سەردارى، ئاتەش ئەفرۇز مەشكىننى ئوردا يېنىدا كۆرۈپ جېدەل قىلىشىپتۇ. مەشكىن ئاتەش ئەفرۇزغا زىيانكەشلىك قىلدى. ياردەم قىلماقچى بولسىڭىز ئەڭگۈشتەرنى ئەۋەتىڭ، — دېگەنىدى. نەسىم ئۇنىڭغا:

— مېنى باشلاپ ماڭغىن، — دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. مەشكىن ئارقىسىدا بىر خالىي جاي بارلىقىنى كۆرۈپ نەسىمنى ئۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. قاراڭغۇدا مەشكىن نەسىمنىڭ دىمىقىغا دورا بىھوشنى «پۇۋ» قىلدى. نەسىم بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەشكىن ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ، ھېلىقى چىراقچى - پانۇسچى ئاتەش ئەفرۇز بار يەرگە ئېلىپ بېرىپ، بىر نەرسىلەرنى ئاتەش ئەفرۇزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ نەسىمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەي نائەييار، سىلەرگە ئېيتماس ئىدىم، تاڭلا يەنە تۇتقىلى كېلىمەن دەپ ئاۋۋال سىنى تۇتتۇم، ئەمدى كېلىپ نەئىمنى تۇتىمەن، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرەي دېگەنىدىم، لېكىن رەھىم كېلىپ ئۆلتۈرمىدىم. ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن. ئۇنى بېگىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، — دەپ يولىغا راۋان بولدى. يولدا كېتىۋېتىپ بىر بارگاھنى كۆردى. مەشكىن ئۆزىگە ئۆزى:

«بۇ خېلى ياخشى بارگاھ ئىكەن، سۇلتان كۇھقا بەك لايىق ئىكەن» دەپ يولنى مول يۇرۇپ نەسىمنى سۇلتان كۇھنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كېلىپ يەردە قويىدى. سۇلتان كۇھ ئۇنىڭدىن:

— ئەي باتۇر، بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى. مەشكىن:

— شەھرىيارنىڭ ئەمىر ئىقبالى بىلەن نەسىم ئەييارنى كەلتۈردۈم، — دېگەندى. سۇلتان كۇھ نەسىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. نەسىم كۆزىنى ئېچىپ سالام قىلدى. سۇلتان كۇھ ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئەييار، ئاۋازىڭ ئالەمگە بىر كېلەتتى، ئەمما ئاسانلا قولغا چۈشۈپسەن، — دېدى. نەسىم:

— ئەمدى خاتىرىڭىزگە يەتتىمۇ، مەشكىن ئەسلى ياخشى ئىش قىلماقچى دەپ دەرھال قويۇپ بېرىڭ، ئەگەر بۇگۈن كېچە مەشكىن شېكەرلەب مېنى ئىككىنچى قېتىم تۇتۇۋالسا ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر بۈگۈن كېچە مەشكىننىڭ پۇت - قولىنى مەن باغلاپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلەلمىسەم، ماڭا قانداق ئازاب قىلسىڭىز مەن رازى، — دېدى. مەشكىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۈلدى. ئۇ كېلىپ مۇھتەر نەسىمنىڭ پۇت- قولىنى بوشاتتى. مۇھتەر نەسىم سۇلتان كۇھنىڭ بارگاھىدىن چىقىپ بەدەر كەتتى. بۇ چاغدا مەشكىن بارگاھى جەمشىدنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى. سۇلتان كۇھ:

— بارگاھنى ئېلىپ كېلىدىغان باتۇر بارمۇ؟ كىمكى ئۇنى ئېلىپ كەلسە، ئىنئام بېرىمەن، — دېدى. قەھرۇش مۇلك سوكيار جايىدىن تۇرۇپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا، بۇ خىزمەتكە مەن قەدەم قويسام، — دېگەندى، سۇلتان كۇھ رۇخسەت قىلدى. قەھرۇش ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن بارگاھى جەمشىدنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ نەۋفىلنىڭ بارگاھى ئىدى. ئۇ نەۋفىلنىڭ لەشكەرلىرىگە يېقىنلاپ كەلدى. نەۋفىل

قەھرۇشنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ ئالدىنى توستى. نەۋفىل:
— ئەي ھىندى، نىمە قىلماقچىسەن؟ جەمشىد بارگاھىنى ئېلىپ قاچماقچىمۇسەن؟ — دېگەنىدى، قەھرۇش ئۇمۇت كىرانىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ نەۋفىلگە ھەملە قىلدى. نەۋفىل بېشىغا قالقان تۇتتى. قەھرۇش ئۇمۇتنىقالقانغا ئۇردى. ئۇمۇتنىڭ زەربىسىدە ئوت چاقناپ كەتتى. نەۋفىلنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈندى. قولى تىترىدى. قەھرۇش ئۇرغان ئۇمۇت قالقاندىن ئۆتۈپ نەۋفىلنىڭ مۈرىسىگە تېگىپ يارىلاندى. ئەبدۇللا مۇبارەك بۇ ھالنى كۆرۈپ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
— ئەي بى دۆلەت، سېنىڭ تەختۇشۇڭ مەندۇرمەن، — دەپ ۋارقىرىدى. قەھرۇش تىغ تارتىپ ئەبدۇللاغا ئۇرغانىدى، ئەبدۇللا بېشىغا قالقان تۇتۇپ كەلدى. تىغ قالقاننى خېمىرنى كەسكەندەك كېسىپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. تىغ ئەبدۇللانىڭ بېشىغا ئىككىلىك پاتتى. قەھرۇش ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە قاراپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. قەھرۇش ئاخىرى بارگاھى جەمشىدنى داغدۇغا بىلەن ئېلىپ سۇلتان كوھنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كۈن كەچ بولدى. نەسىم سۇلتان كوھنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ بىر بۇلاقنىڭ ياقىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ:
— مەشكىننى قايسى يول بىلەن قولۇمغا كەلتۈرەرمەن، — دەپ خىيال قىلىپ تۇرغانىدى. بىر چاغدا بىر نىقابلىق كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ بىر جايغا يوشۇرۇندى. دەرۋەقە ئۇ نىقابلىق كىشى مەشكىن ئىدى. ئۇ بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىر ئۇچۇم سۇ ئېلىپ يۈزىنى يۇيدى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا سالما تاشلىدى. سالما ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشتى. سالمىنىڭ ئارغامچىسىنى تارتقانىدى، مەشكىن يىقىلدى. مەشكىن:
— ئەي باتۇر، بېشىم يېرىلدى. تېز كەلگىن، بېشىمدىن

كۆلاھىمنى ئېلىپ كۆرۈپ باققىن، قانچىلىك يىرىلدىكىن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم كۆلاھنى تارتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتقانىدى، كۆلاھ مەشكىنىنىڭ بېشىدىن چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرخىل پۇراق نەسىمنىڭ دىمىقىغا كىرىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەشكىن دەرھال نەسىمنىڭ قولى بىلەن پۇتىنى باغلاپ ئولتۇردى. ئۇنى پەردە - گىلەمگە يۆگەپ كۆتۈرگىنىچە سۇلتان كۆھنىڭ قېشىغا ئېلىپ ماڭدى. مۇھتەر دەۋران ئۆزۈن ئۆتمەي ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى باغلاقلىق ھالەتتە كۆرۈپ ھەيران قالدى. مەشكىن نەسىمنى يەردە قويدى. ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا:

— سۇلتانىنىڭ قېشىغا بارامسىز؟ — دېدى. نەسىم:

— ھەيران قالارلىق ئىشقۇ بۇ. سۇلتان كۆھنىڭ قېشىدىن بۇگۈن كېچە سېنى تۇتماقچى بولۇپ چىققانىدىم، ھالا ھازىر پۇت- قولۇم باغلاقلىق. سۇلتان كۆھنىڭ قېشىغا نېمە دەپ بارىمەن؟ — دېدى. مەشكىن ئۇنىڭغا:

— ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بارمايدىغان ئوخشايسەن، بۇ دېگەن سېھىردۇر، — دەپ پەردە - گىلەمنى ئېچىپ، ئۇنى گىلەمگە يۆگەپ كۆتۈرۈپ سۇلتان كۆھنىڭ بارگاھى تەرەپكە راۋان بولدى. ئازراق يول ماڭغانىدى، نەسىم:

— ئەي مەشكىن، مەن ھازىر قويدەك پۇت - قولۇم باغلاقلىق تۇرىمەن. سەن بىلىسەن. مەن سېنىڭدىن جېنىمنى تىلىمەيمەن، ئەمما سۆز سورايمەن، جاۋابىنى بەرسەڭ، — دېدى. مەشكىن:

— ئەي ئەييار، سېنىڭ ئىشىڭنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ئەمدى يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ ئۆلۈمگە تەن بېرىپ سۈكۈت قىلغىن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي باتۇر، بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، بۇ ئەييارلىق قىلىدىغان جاي ئەمەس، لېكىن بىر سۆز سوراپ باقسام دەيمەن،

مېنى يۆگەپ كۆتۈرگەن پەردە ـ گىلەم كىملەردىن قالغان؟ — دېدى. مەشكىن:

— پەردە ـ گىلەم يارەنلەردىن قالغان، — دېدى. مۇھتەر دەۋران:

— سەن بۇ پەردە ـ گىلەم يارەنلەردىن قالغان دەپ ئېيتتىڭ، ئەمما مېنىڭ بېشىمغا ھازىر قازايى ـ ھاجەت كەلدى. ئۇنىڭ قورقۇنچىسىدا باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنىڭ رەخت ۋە سوۋغاتلىرىم مۇشۇنداق تۇرسا، سۇلتان كۆھنىڭ ئالدىدا بۇلارنى ئاچساڭ، مەن مۇشۇ ھالىمدا تۇرسام، ئويلاپ باققىن، بۇ ماڭا ۋە ساڭا ئاھانەت بولمامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، سەن مېنى گىلەمدىن چىقارغىن، مەن ئۆزۈمنى بىر ئاز تۈزەشتۈرىۋالاي، ئاندىن يەنە مېنى گىلەمگە ئوراپ سۇلتان كۆھنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن. ئۇ چاغدا ساڭا ئىززەت۔ ئىكرام كۆپ بولىدۇ، — دېگەنىدى، مەشكىن گىلەمنى پەردە قويۇپ ئاچتى. مەشكىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ تۇردى. نەسىم قەددىنى رۇسلاپ:

— ئەمدى قولۇم باغلاقلىق تۇرسىمۇ مەيلى، تامبىلىمنىڭ بېغىنى يېشىپ قويغىن تەرەت قىلىۋالاي، — دېدى. مەشكىن نەسىمنىڭ تامبىلىنىڭ بېغىنى يېشىپ قويدى. نەسىم يىراققا بېرىپ ئولتۇردى. مەشكىنىنىڭ كۆزى نەسىمنىڭ يان يانچۇقىغا چۈشتى. نەسىمنىڭ كەمىرىدە تۆت تال خەنجەر قىستۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ قولى ھەرىكەتكە كەلدى. بۇ چاغدا مەشكىن نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆت غىلاپتىكى تۆت خەنجەرنى غىلىپىدىن چۇۋۇپ ئالدى. ئەييارلىقنىڭ جەمئىي زۆرۈرىيەتلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ خالتىسىنىڭ ئارىسىدىن بىر قىزىل قوتا چىقتى. ئۇنى مەشكىن قولىغا ئېلىپ تاماشا قىلدى. نەسىمنى ھاجەتكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. نەسىم ئورنىدا ئولتۇرۇپلا:

— ئەي مەشكىن، ھەممە نەخ ۋە ئەسۋابلار ئاشۇ خالتىدا بار. ئەمدى مەن يا بار، يا يوق، ئۇ نەرسىلەرنى تۇتمايمەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قۇتىنى قولۇڭغا ئالغىن. بۇلار سىنىڭ مۈلكۈڭ بولسۇن، — دېدى. مەشكىن:

— ئەي دەۋران، خالتىدىكى نەرسىلەر ئېسىل نەرسىلەركەن. ئۇنىڭدىكى ئەسۋابلار بىلەن جاۋاھىرلارنى كۆردۈم. يۈز سودىگەرگە دەسمايە بولغۇدەك مۈلۈك بار ئىكەن. سەن بىر جېنىڭ ئۈچۈن مۇنچە كۆپ بايلىققا ئىگە ئىكەنسەن، — دېدى.

نەسىم:

— مۈلكۈمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەنسىرەپ مۇنداق ئىشلار قىلىپ يۈرگىنىم يوق. مەن ئۇ جەھەتتىن خاتىرجەم بولىمەنكى، جىلىتىدىكى قۇتىدا بىر نەرسە بار، ئۇنداق نەرسە ھېچ پادىشاھلىقنىڭ غەزىنىسىدە بولغان ئەمەس، ئۇ تۇرمۇش تىرىكچىلىكى ئۈچۈن ئەييارلارغا زۆرۈر نەرسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىلگىنكى، ئىسكەندەرنىڭ پادىشاھلىقى شۇنچە ئۇلۇغ بولسىمۇ ئەفلاتۇننىڭ ئالدىغا بارغان. ئەفلاتۇن ئىسكەندەرگە بىر جەڭ دۇمبىقى بەردى. شاگىرتى ئارستونى ۋەزىر قىلىپ بەردى. ئۇ چاغدا مەن ھەم ئىسكەندەرگە ھەمراھ بولۇپ بارغانىدىم. ئەفلاتۇن ماڭا: «ئەي نەسىم، مەن ساڭا بىر تۆھپە (سوۋغا) ھەدىيە قىلايكى، ئۇ ھېچقانداق ئەيياردا يوقتۇر، جاھاننىڭ ئەييارلىقىدا بۇ تۆھپە بەك كېرەكتۇر» دەپ قىرىق مىسقال مىقداردا تەييار قىلىنغان ئەڭگۈشتەر- مەنجۇننى[1] بەردى. ئۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئەگەر بىرەرسى ئۇنىڭدىن بىر دانچە يېسە شۇنداق خۇش ئاۋاز قىلىدۇكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا غەزەل ئوقۇسا ھاۋادىكى قۇشلارمۇ بېشىغا

① مەنجۇن — نۇرلۇق دورىلارنى ئالقان قىلىپ، ئەپيۇن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان خېمىرغا ئوخشاش دورا.

قونىدۇ. ئەگەر بىر دانچىنى يېسە قورسىقى ئاچمايدۇ، ئەگەر ئۇنى تاپىنىغا سۈركىسە، يۈز فەرسەڭ يول ماڭسىمۇ هارمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئۇشبۇ مەئجۇندە بار. لېكىن بۇلارنى سۆز بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى. مەشكىن ئۇنىڭ بۇ خاسىيەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قۇتىنى ئېچىپ ئۇنى يەپ ئاۋازىنى جاراڭلىق ۋە ياڭراق ئاۋاز قىلماقچى بولۇپ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولۇۋىدى، ئاغزى ئېچىلمىدى. بۇ چاغدا نەسىم مەشكىنگە:

— ياپقۇچىنى ئاغزىڭ بىلەن چىشلەپ كۆچەپ تارتساڭ ئېچىلىدۇ، — دېدى. مەشكىن قۇتىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپ زور قىلىپ تارتتى. دەرۋەقە قۇتىنىڭ ئاغزى «ۋاخ» قىلىپ ئېچىلىشى بىلەن مەشكىنىنىڭ دىمىقىغا بىر خىل دۇت كىرگەندەك بولۇپ، دەرهال بىھوش بولۇپ يىقىلدى. نەسىم قولىنى باغلاقلىق هالدا ئوڭ - سولغا ھەرىكەت قىلىپ ئارغامچىنى بوشاتماقچى بولدى. شۇنداق قىلىپ تۇرىۋىدى. بىر قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر مۇنچە خالايىقنى كۆردى. ئۇلار ئەكرە تەرەپكە كېتىپ بارغانىكەن. نەسىم ئۇلارغا:

— ئەي خالايىقلار، مېنىڭ دەردىمگە يېتىڭلار، — دەپ پەرياد قىلىپ ئۆز ئارزۇ- تىلەكلىرىنى ئۇلارغا بايان قىلدى. ئۇلار:

— ساڭا نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن نالە قىلىسەن؟ — دېدى. نەسىم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزهار قىلىپ:

— بىز بىرمۇنچە خالايىقلار بىللە سەرەندابقا كېتىپ باراتتۇق، بىرمۇنچە قاراقچى سۇرەنچىلەر كېلىپ بار ئەشيالىرىمىزنى غەنىمەت ئېلىپ، پۇت - قولىمىزنى باغلاپ سايغا تاشلىۋەتتى. ئۇ قاراقچىلار كۆزدىن غايىب بولدى. مەن مۇشۇ هالدا قېچىپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېۋىدى، ئۇلارنىڭ

رەھمى كېلىپ نەسىمنىڭ پۇت ـ قولىنى بوشاتتى. نەسىم ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتتى. ئاندىن مەشكىنىڭ قېشىغا كېلىپ مەشكىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ ئۇنى ئۆزى كىيىپ، مەشكىنى ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ، بىر خالىي جايغا ئېلىپ بېرىپ يوشۇرۇپ قويۇپ، يەنە بىر قېتىم بىھوش دورىسىنى پۇرىتىپ قويۇپ سۇلتان كۇھنىڭ دەرگاھىغا راۋان بولدى. نەسىم بارگاھقا كېلىپ:

— ئەي سۇلتان كۇھ، مەن مەشكىنى تۇتماقچى بولۇپ ئۇنى ئۆز سۆزۈمنىڭ قۇربانى قىلىپ ئۇنى تۇتتۇم، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلىدىم. ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيدىم، ئەسلىدە ئۇ مېنى تۇتتۇالغانىدى. بىراق مەن ئۇنى يەنە بابلىۋالدىم. ئۇنى ئۆزۈمنىڭ جاھان پاناھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى.

سۇلتان كۇھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئەييارلار، ئۇنى تۇتۇڭلار، — دېگەنىدى، جەمئىي ھىندىلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاشتى. ئۇلار نەسىمگە يېتىشەلمىدى. كېچە بولدى. نەسىم مەشكىنىڭ قېشىغا كەلدى. مەشكىنى گىلەمگە يۆگەپ كۆتۈرگىنىچە ئىسكەندەر ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە نەسىم كەتكەندىن كېيىن سۇلتان كۇھ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— بىر ئەييار بېرىپ مەشكىنى قۇتقۇزۇپ كەلسۇن، مەشكىن ئوردىمىزغا زۆرۈر ئادەم، — دېگەنىدى، مەشكىنىڭ شاگىرتىدىن شەبرەڭ ئىسىملىك بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ مەشكىنى خالاس قىلىپ كەلتۈرسەم، — دېدى. سۇلتان كۇھ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. شەبرەڭ ئەييارلىقتا زۆرۈر بولغان ئەسۋابلارنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، نەسىم دەۋران بىچارە مەشكىنى كۆتۈرۈپ كۆپ

جەبر ـ جاپالار تارتىپ ئاخىرى ئوردىغا يەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىززەت ـ ئىكرام قىلىپ، پەردە ـ گىلەمنى يەردە قويدى. ئىسكەندەر:

ــ بوۋا، كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ ــ دېدى. نەسىم:

ــ شەھرىيار، مەشكىن شېكەرلەبنى ئېلىپ كەلدىم. ئەييار ۋە ئەييارلىقتا بۇ مەلئۇننىڭ خېلى كارامىتى بار ئىكەن، ــ دەپ ساھىبقىرانغا ئۇنى تونۇشتۇردى. يەتتە ئىقلىم پادشاھى ئىسكەندەر بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدى. نەسىمگە باش، ئاياغ سارۇپاي بەردى. ئاندىن پەردە ـ گىلەمنى ئېچىشقا ئىشارەت قىلدى. نەسىم گىلەمنى ئاچتى. بىھوش دورىسىنى قايتۇردى. مەشكىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ بۇتپەرەسلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. ئىسكەندەر:

ــ ئەي مەشكىن، پەم ـ پاراسەتتە ۋە ئىدراكتا يېگانە ئىكەنسەن. بۇ ھالىتىڭ بىلەن ئازغۇنلۇق باياۋانىدىن يېنىپ ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن. شاگىرت ۋە سەردارلار قاتارىدا سېنى سەردار قىلاي، ــ دېدى. مەشكىن:

ــ ئەي ئىسكەندەر، خوپ، سېنىڭ ئېتىقادىڭنى قوبۇل قىلىمەن، ــ دېدى. ئىسكەندەر مەشكىننىڭ قولىنى بوشىتىپ، ئىنئام ۋە ئېھسان بىلەن مەنسەپكە قويۇشنى بۇيرۇدى. نەسىم:

ــ شەھرىيار، بۇ ھارامزادىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئالماي تۇرۇپ قولىنى بوشاتمايلى، ــ دېدى. مەشكىن نەسىمنىڭ بۇ سۆزىدىن غەزەپلىنىپ:

ــ ئەي نەسىم، ساڭا پادشاھنىڭ سۆزىگە لوقما سېلىشقا نېمە قويىدى؟ سەن نېمە ئۈچۈن قاملاشمىغان گەپ قىلىسەن؟ مەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدا بولماقچى ئىدىم، بىراق سېنىڭ

سۆزۈڭنى ئاڭلاپ رايىم ياندى، — دەپ دەرھال خەنجەرنى چىقىرىپ نەسىمگە ئېتىلدى. نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، مەن دېمىدىمۇ، بۇ ھارامزادىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ نائەييارنى تۇتۇڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. پالۋانلار مەشكىننىڭ ئەتراپىنى قاپساپ تۇردى. ئۇ مەرد يەككە يېگانە ھالدا ئەييارلارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ھەر تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ئەييارلارنىڭ بەدىنىنى ھەرىنىڭ كۆنىكىدەك ئۆتمىتۆشۈك قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن بىر قامەتلىك ئادەم يېتىپ كېلىپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ:

— مەن ھەم مەشكىننىڭ شاگىرتى — شەبرەڭ ئەييار بولىمەن، — دەپ ئەييارلارنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ، مەشكىننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام بولدى. بۇ چاغدا نەسىم:

— ئۇلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن دىلغۇل بولماڭ. شەھرىيارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن مەشكىننى تۇتۇپ ھۇزۇرلىرىغا يەنە ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى. مەشكىن بىلەن شەبرەڭ ھەرراس تېغىغا باردى. مەشكىن:

— ئەي شەبرەڭ، بىز بۇ تاغدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىدىن بىرنەچچىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ، سۇلتان كۆھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ ئىنئام كۆرەيلى، — دېدى.

ئۇ ئىككى ھارامزادە غارغا كىرمەكچى بولۇپ تاش ئىشىكنى كۆردى. مەشكىن غارنىڭ ئىشىكىدىن تاشنى بىر تەرەپ قىلىپ غارغا كىردى. بۇ ھەرراس دىۋىنىڭ غارى ئىدى. كوزا - كويلاردا خىسرەۋانە زەر سەرخىندىلەر پۇراپ تۇراتتى. دانە - دانە مەرۋايىت - كەھرىۋالارغا كۆزى چۈشتى. مەشكىن:

— بۇ ئۆلجىلارنى ئىسكەندەرنىڭ بىرنەچچە دىلاۋەرلىرى بىلەن سۇلتان كۈھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى، — دېدى. ئۇلار شۇ غاردا ئارام ئالدى. كۈن كەچ بولدى. ئۇلار ئىككىسى تاشقىرى چىقىپ ماڭدى. ئۇلار ئىسكەندەر ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. مەشكىن شاھزادە فەرىدۇننىڭ بارگاھىغا ماڭدى. شاھزادە ئوردىدىن چىقتى. مەشكىن شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ يېتىشىۋالدى. ئۇ شاھزادىگە:

— ئەي شاھزادىجان، سېنىڭ پىدايىڭ بولسۇن. دەبل ھىندى كەچلىك ھۇجۇم قوزغىدى. دەبل ھىندى، ئاتەش ئەفرۇز مېنى بارگاھقا ئەۋەتتى، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي پىيادە، سەن ئالدىمدا يول باشلاپ ماڭغىن، — دېدى.

مەشكىن ئالدىدا، شاھزادە ئارقىدا ماڭدى. شاھزادە ئېتىنى يۇگۈرتتى. ئۇ ھارامزادە يېتىشەلمەي يېرىم فەرسەڭ يەردە قالدى. شاھزادە ئۇنى قىچقىرىپ:

— بۇياققا كېلىڭ، بۇ جايغا چۈشىمىز، بىر - ئىككى جام مەي ئىچىمىز، باشقا پىيادىلەرمۇ يېتىپ كەلسۇن، — دېدى.

شاھزادە ئاتتىن تاشقا چۈشتى. ئۇ ھارامزادە كىچىككىنە كۈپتىكى شارابنى جامغا قۇيۇپ شاھزادىگە تۇتتى. فەرىدۇن ئىككى جام مەي ئىچكەندى. تىلى خەشەك (سۆزى مەجھۇل) بولدى. ئۇنىڭغا:

— ئەي پىيادە، بۇ قانداق شاراب؟ ئىچسە ئېغىزنى قورۇيدىكەن، — دېدى. مەشكىن:

— ھەرقانداق كىشى دورا بار شارابنى ئىچسە زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ، — دېدى. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ تىغىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ مەشكىنگە ئۇرماقچى بولۇپ ھەرىكەت

قىلغاندى، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەشكىن شاھزادىنى پەردە-گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ ھەرراس غارىغا ئېلىپ كەتتى. ئەمما شەبرەڭ ئىسكەندەرنىڭ سول تەرىپىدە بىر ياش دىلاۋەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇنى پەرزەنتىم، دەپ مەغرۇرلىناتتى. شەبرەڭ ئۇنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئۇ ئوغۇل جەبىر زەبەر مەرزۇق فەرھەڭنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنى قەمەرتاش دەپ ئاتايتتى. شەبرەڭ ئاداۋەت كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ سەۋر قىلدى. ئۇ بارگاھتىن چىقىپ ئۆز بارگاھىغا كەلدى. شەبرەڭ سەۋر قىلدى. قەمەرتاشنىڭ مۇلازىملىرى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چېدىر غا بېرىپ ئۇلارنى بىھوش قىلىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، تاج ۋە ئەسۋابلىرى بىلەن بېشىنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئۇ ھەرراسنىڭ غارىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى مەشكىنگە ھېكايەت قىلىپ بەردى. مەشكىن بۇنى ئاڭلاپ نارازى بولۇپ:

— خاتا قىپسەن. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى قىلمىغىن، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە سۇبھى ۋاقتىدا فەرزەندى قەمەرتاشنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى.

ئەلقىسسە، شۇندىن كېيىن ئۇلار ھەركېچىدە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ھەر بىرى بىردىن نامدار سەردارنى ئوردىدىن ئېلىپ بېرىپ زىندانغا سالدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ نامدار سەردارلىرىدىن جەمئىي ئون يەتتە نامدار سەردارنى ئېلىپ كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

يەتمىش يەتتىنچى قىسسە، مەشكىن شىبكەر-
لەبنىڭ ئاتەش ئەفرۇز بىلەن ئىلىشقانلىقى،
ئىسكەندەرنىڭ ھەرراس دىۋىنىڭ غارىغا
بېرىپ دىلاۋەر ۋە جاۋاھىرلارنى قۇتقۇ-
زۇپ كەلگەنلىكى، مەشكىن شىبكەر-
لەب بىلەن شەبرەڭنىڭ قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شەھرىيار ئەييارلارنى تەلەپ قىلىپ كۆپ ئاماللارنى قىلىپ باقتى. سەردارلار بېشىنى تۆۋەن سىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ چاغدا زامانىنىڭ سەردارلىرىدىن ئاتەش ئەفرۇز ئورنىغا كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، تاج - تەختىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شاھزادىلەرنى دەربەنت - سولاقتىن قۇتقۇزمىغىچە تىنىم تاپمايمەن، — دېدى.

قىسسە، ئۇ كۈنى كەچ بولدى. ئاتەش ئەفرۇز ھارۋىغا چۈشۈپ گۈزارنەشىن[1] بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇ يەردە ئەييار سۈپەت چوڭ قامەتلىك بىرىنىڭ بېشىنى بارگاھ تەرەپكە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇنىڭ مەشكىن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئاتەش ئەفرۇز ئاستا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتىۋالدى. مەشكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولۇپ ھەرىكەت قىلدى. ئاتەش ئەفرۇزنىڭ قولى مەشكىننىڭ كۈچلۈك سىلكىشى بىلەن ئاجراپ كەتتى. ئاتەش ئەفرۇز:

---

[1] گۈزارنەشىن — كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جاي.

— ئۇنى قاچقىلى قويماڭلار، تۇتۇڭلار، ئۇ قېچىپ كەتمىسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى تۇرغان جايىدىن قوزغىلىپ مەشكىننى ئوتتۇرىغا ئالدى. بۇ چاغدا مەشكىن خەنجەرنى چىقىرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىغا ئۇرۇپ ئۇلارنى يەر چىشلەتتى. ئاتەش ئەفرۇز ئەييارلارنى ئۇرۇشۇشقا تەييار قىلىشقا ئاگاھلاندۇردى. ئۆزى بىر تەرەپتىن چىقىپ بىر جايدا يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. مەشكىن بىر ئازدىن كېيىنلا ئەييارلار بىلەن ئېلىشىپ بولۇپ بىر تەرەپتىن چىقىپ قېچىپ كەتتى.

ئاتەش ئەفرۇز مەشكىننىڭ بۇ ياققا كېلىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايىدا تۇرۇپ كۆرۈپ ئۆزىنى بىر ياققا ئالدى. مەشكىن بۇ يەردىن ئۆتتى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ بىر دەرۋازىغا يەتتى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇنىڭ ئۇ يەردىن تاغ تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بىر غارغا كىرگەنلىكىنى كۆردى. ئاتەش ئەفرۇز تەمكىنلىك بىلەن ئۇ يەردىن قايتىپ ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرگە:

— شەھرىيار، ھېلىقى غارنىڭ يولىنى تاپتىم. ئۇ مەلئۇن مەشكىن زەربەردەست ئىكەن، بىرنەرسە كار قىلمايدىكەن، شۇڭا ئۇ يەرگە تەنھا بېرىشنى لايىق كۆرمىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر مەنمۇ باراي، دەپ يۈز دىلاۋەرنى باشلاپ ئاتەش ئەفرۇز بىلەن ماڭدى.

ئۇلار غارنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەشكىن شەبرەڭ بىلەن تائام يەپ ئولتۇرغانىدى. مەشكىن ئاتىنىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— ئەي شەبرەڭ، ئىسكەندەر بىزنى تۇتقىلى كېلىۋاتامدۇ-نېمە؟ يۈر، بۇ يەردە ئولتۇرغاننىڭ ئەمدى پايدىسى يوق، — دەپ ئىككىلىسى قولىغا خەنجەر ئېلىپ غاردىن چىقىپ، بىر تەرەپتىن قېچىپ كېتىۋېتىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ ھەرراس دىۋىنىڭ خەزىنىخانىسى، بۇنىڭ يېرىم ئۇلۇشى سۇلتان كۇھقا مەنسۇپ، بىر دىنارغا ئون دىنارنى سەندىن ئالىمىز، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە كېلىپ پالۋانلارنى قۇتقۇزۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ ئوردىدىن ئات - قېچىر، تۆگە، ئېشەك ئېلىپ كېلىپ خەزىنىدىكى جاۋاھىرلارنى يۈكلەپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. ساھىبقىران:

— بۇ جايدا ئەمدى يەنە تۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى يوق. بىز ئەكرەگە بارايلى. ئۇ يەرگە بېرىپ، تۇرمازاندەرانغا نامە ۋە ئابرۇي كۆرسەتسەك، — دەپ زەپەر ئەلەمىنى ئەكرەگە قاراپ لەپىلدەتتى.

## يەتمىش سەككىزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ مەشكىنشېكەرلەبنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ قىزى فىتنەنىڭ نەسىمنى قۇتقۇزغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان كۇھ نەسىمنى سېھىرگەرلەرنىڭ قولى بىلەن ئۆز بارگاھىغا ئەكەلدۈرۈپ، تۈۋرۈككە باغلاپ قويدى. مەشكىن پولات قەپەز ئېلىپ كېلىپ:

— شەھرىيار، ئۇ ئەييارنى باغلاپ ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئۇنى قەپەزگە سولاپ، قەپەزنى ئېسىپ قويايلى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن نەسىمنى بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەپەزگە سولاپ

ئېسىپ قويدى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، نەسىم بىر كېچە قەپەزدە مەھبۇس بولۇپ تۇردى. يېرىم كېچە بولغاندا قاراۋۇللار بارگاھنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلاپ قالدى. بارگاھ خالىي قالدى. نەسىم بارگاھنىڭ بىر تەرىپىدىن مىخنى يۇلۇپ چېدىرنى يىرتىپ ئىچىگە كىرىپ، سۇلتان كۇھنىڭ قىممەت باھالىق ئەسۋابىنى گىلەمگە ئوراپ ماڭماقچى بولىۋاتقان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر غولام ئەييارنى كۆردى. نەسىم ئۇ زادىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىش - ھالىتىگە قاراپ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋانزادە، ئاپىرىن ساڭا، ئاجايىپ مېھرىبانىدەك كۆرۈنىسەن، مەن بىچارە ئاجىز كىشى، مېنى نەيرەڭۋاز ئىران ۋە تۇران مۇھتەر نەسىم دەيدۇ، سۇلتان كۇھنىڭ ئەسۋابىنى جايلىۋالغىنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، سەن بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدىكى بەندە ئىكەنسەن، راۋا تۇتساڭ مەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدادۇرمەن، — دېدى. ئۇ نەسىمنى كۆرۈپ:

— سىزنىڭ بۇ ھەيۋىتىڭىز بىلەن مەشھۇر نەيرەڭۋاز ئىران ۋە تۇران ئىكەنلىكىڭىز مەلۇم. بۇ ناھايىتى ياخشى. بىراق بۇ مۇتىھەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپسىز، ئەمدى قۇتۇلماق تەس، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ئىرانىيلار سىزگە ئوخشىمايدۇ، — دەپ گىلەمنى كۆتۈرۈپ ئۇ يەردىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. نەسىم ئىككىنچى قېتىم:

— ئەي قېرىندىشىم، ساڭا پەرۋەردىگارنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، مېنى بۇ سولاقتىن قۇتقۇزۇپ قويغىن. بۇ سولاقتا جېنىمدىن تويدۇم، — دېگەنىدى، ئۇ ئەييار پەردە - گىلەمنى يەردە قويۇپ، نەسىمنى قەپەز بىلەنلا ئۈستىدە قويۇپ مەھكەم تاڭدى. ئاندىن كۆتۈرۈپ بارگاھتىن تاشقىرى چىقتى.

بۇ چاغدا شەبرەڭ بىرمۇنچە ئەيیارلار بىلەن يېتىپ كېلىپ بارگاھنىڭ ئىشىكىدە بىر پىيادە نىقابدارنى كۆردى. ئۇنىڭ سۇلتان كۇھنىڭ بارگاھىدىن چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ پەردە - گىلەمنىڭ تۆپىسىگە نەسىمنى تېڭىپ ماڭغىلى تەمشىلىۋاتاتتى. شەبرەڭ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ئۇنى تۇتۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى، ئاندىن ئۇزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئەيیارنىڭ كۆزى قەھرۇشنىڭ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە چۈشتى. ئەيیارلار چېدىرنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. قەھرۇش «تۇتۇڭلار» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ چېدىردىن تاشقىرى چىقتى. كېچىدە ئۇ ئەيیارچەك ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ، خۇددى قۇيۇندەك ئۇچۇپ كەتتى. ھىندىلارنىڭ ئەيیارلىرى ئەيیارچەككە ھەيران قالدى.

نەسىم مۇھەببەتنى ئالىي بىلىپ، پەرۋەردىگارنىڭ مۇنداق كارامەتلىك ئىشنى تەقدىر قىلغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئەيیارچەك نەسىمنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئۇستاز، ئەمدى تېز باغلاقتىن قۇتۇلغايسەن، بۇ ھەقتە ئۆز نامىڭدا قولۇڭ بىلەن ھۆججەت يازغىنكى، ئەيیارلىق مەزھىبىدە ئېتىم مۇھتەر نەسىمدۇرمەن، ئەيیارچەك (كىچىك ئەيیار) خوزىستانىنىڭ[94] شاگىرتىدۇرمەن، دەپ مۆھۈرىڭنى بېسىپ بەرگىن، ئەگەر ئۇنىمىساڭ، قايتۇرۇپ ئېلىپ بېرىپ سۇلتان كۇھنىڭ دەرگاھىغا ئاسىمەن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي ئەيیارچەك، مەن نەچچە قېتىم ئىسكەندەر ۋە سەردارلارنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتقۇزدۇم. مەنكى نەسىمدۇرمەن. ئەيیارچەكنىڭ ئۇستازىدىندۇرمەن، دەپ پۈتۈمەن، — دېگەندى، ئەيیارچەك:

— شۇ تاپتا ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئوبدان بىلىدۇ، — دەپ قەپەزنى كۆتۈرۈپ سۇلتان كۇھنىڭ ئوردىسىغا

قاراپ مىڭشقا تەمشىلىۋىدى، گەپ راست يېرىدىن چىقتى. نەسىم:

— ئەي شەددات[1] مېنى يەردە قويغىن، «شەرتنامە» پۈتەي، — دەپ پەرياد قىلدى. پىيادە ئۇنى يەردە قويدى. قەلەم بىلەن كىچىك قەغەزنى قەپەزنىڭ ئۇچىغا سۇنۇپ:

— قېنى پۈتكىن، — دېدى. نەسىم ئەييارچەك خەت ئوقۇيالمايدۇ دەپ ئويلاپ، قەغەزگە «ئەرز ۋە تەكلىپ شۇكى، كاتىپ مۇھتەر نەسىمدۇرمەن. بۇ پىيادە مېنى شاگىرتلىققا ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇنى شاگىرتلار جۇملىسىدىن قوبۇل قىلدىم» دەپ نامىگە مۇھۇر بېسىپ پىيادىنىڭ قولىغا بەردى. پىيادە قەغەزگە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، سۆز قىلمايلا قەغەزنى يىرتىپ تاشلىدى. قەپەزنى كۆتۈرۈپ يولىغا راۋان بولدى. يولدا كېتىۋېتىپ:

— يامانغا ياخشىلىق دېگەن، ياخشىغا يامانلىق قىلغان بولۇپ قالماي يەنە، دەپ سېنى سولاقتىن قويۇپ بېرەي دېگەنىدىم. سەن ماڭا ئەييارلىق، مەككارلىق ۋە هارامزادىلىك قىلدىڭ، ئۇ يەرگە ئېلىپ باراي. سولاقتا شۇ يەردە هالاك بولغىن، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭ يەنە دۈشمەنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئەي باتۇر، سەن بىلسەڭ، مېنىڭ ئىش - ئەمەلىم ئەييارلىق، بىراق هازىر ئېسىمگە كەلدىكى، سېنى خەت تونۇمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمدى مېنى قويغىن، شاگىرتلىققا ئىقرار بولۇپ نامە بېرەي، — دېدى. پىيادە قەپەزنى يەردە قويدى. قەلەمدان ۋە بىر پارچە قەغەزنى سۇندى. مۇھتەر نەسىم:

«مەنكى مۇھتەر نەسىم ئەيياردۇرمەن، ئەييارلىق ۋە

---

[1] شەددات — زالىم، شەپقەتسىز، مۇستەبىت.

نەيراڭۋازلىق مەزھىبىدە ئەييارچەكىنىڭ شاگىرتىمەن. بۇ پىيادە ئەييارچەك مېنىڭ ئۇستامدۇر» دەپ نامە پۈتۈپ مۆھۈر بېسىپ پىيادىنىڭ قولىغا بەردى. پىيادە خەتنى ئېلىپ قوينىغا سالدى. قۇلۇپنى قەپەزنىڭ ئىشىكىدىن ئالدى. ئاندىن نەسىمگە:

— ئەي نەسىم، ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەتكىن، — دەپ ئۆزى قاچماقچى بولدى. نەسىم قەپەزدىن چىقىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي پىيادە، توختاپ تۇرغىن، ئىككىمىز بىد ـ للە كېتەيلى، — دەپ پەرياد قىلغانىدى، پىيادە:

— ھازىرغىچە قانداق ئەييارلىق قىلىشنى بىلەلمىدىڭ. سەن ئەمدى قەغەزنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالماقچى، ئۇنى ئېلىپ يىرتىۋەتمەكچىسە. ، بىلىپ قوي، ھەرقانداق ۋاقىتتا پىشكەللىككە ئۇچرىساڭ مەن ھازىر بولىمەن، — دەپ بەدەر كەتتى. مۇھتەر دەۋران ئوردىغا كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئارستو ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئىسكەندەرنى باشلاپ بارغان دىۋە ئىسكەندەرنى ئاتەش ئەفرۇز بىلەن گۈلئەندام[1] نىڭ يولىغا ئاپىرىپ بوپتۇ، نەچچە كۈن بولدى، بەرق فەرەڭنى ئەۋەتكەنىدۇق، ئۇنىڭمۇ خەۋرى يوق. ئەمدى سىز گۈلئەندامغا بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلسىڭىز، — دېدى. نەسىم ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ گۈلئەندامغا قاراپ ماڭدى. مۇھتەر نەسىم ئۇ شەھەرگە كىردى. مەھەللىلەرنى ئايلاندى. بىر ھويلىغا كەلدى. ئېھتىياتچانلىق بىلەن بىر كىشىدىن:

— بۇ كىمنىڭ ھويلىسى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— مەشكىن شېكەرلەبنىڭ ھويلىسى، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ ھويلىغا كىرىپ ھەممە يېرىنى ئوبدان كۆرۈۋالاي. مۆرىتى كەلگەندە مەشكىننىڭ ئەدىپىنى

---

[1] گۈلئەندام — كېلىشكەن، نەپىس، خۇشپىچىم.

بىرەرمەن» دېدى. كەچ بولدى. نەسىم باغقا باردى. ئۇ يەردە بىر قىزنى كۆردىكى، ھۆسنى ـ جامالىدا تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئۇنى كۆرۈش بىلەن نەسىمنىڭ دىلىدا ئەجدىھا شاھنىڭ قىزى ئۇنتۇلدى. ئۇ قىز مەشكىن شېكەرلەبنىڭ قىزى فىتنە ئىدى. بىرئاز سەۋر قىلىپ تۇردى. قىز ئۇيقۇغا مايىل بولدى. قاراۋۇللارمۇ ھەر تەرەپكە بېرىپ ئۇخلىدى. مۇھتەر نەسىم ئۆزىنى مەشكىن شېكەرلەبنىڭ قىزى — فىتنەنىڭ قېشىغا يەتكۈزدى. ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ زوق ـ شوق بىلەن دىلىستاننىڭ لېۋىدىن ۋىسال شارابىنى ئىچەي دەپ يېقىن كەلدى. دەرۋەقە فىتنە چۆچۈپ ئويغىنىپ، نىقابلىقنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ نەسىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، نەسىمنىڭ تۇمشۇقىغا بىر مۇشت ئۇرىۋىدى، نەسىم پەرياد قىلىپ كۆزىنى ياشلىدى. مۆلازىملار كېلىپ نەسىمنىڭ قولىنى باغلىدى. فىتنە:

— ئەي ئەييار، سەن مۇھتەر نەسىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى. نەسىم ئويلىنىپ ئۆزى ئۆزىگە: «ئەگەر مەن ئۆزۈمنى نەسىم دېسەم ئۇ نازىنىن مېنى نېمە قىلىۋر؟ مەن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ دۈشمىنى تۇرسام، مۇبادا مېنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسا ئۆلمەكتىن باشقا چارە يوق. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا كەلگەننى كۆرەي» دەپ، مەن نەسىم ئەمەس دېدى. فىتنە:

— مەن سېنى نەسىمگە ئوخشىتىپ قاپتىمەن، بىراق سەن نەسىم ئەمەس ئىكەنسەن، شۇنداقتىمۇ، بۇ ئەييارنى ئېلىپ بېرىپ كاللىسىنى كېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. نەسىمنى مۆلازىملار ئېلىپ چىقتى. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بىلدى ـ دە، دەرھال، مەن نەسىم، دېدى. فىتنە نەسىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئاغىچىغا:

— ساندۇقنى ئېلىپ كەلگىن، — دېگەنىدى، ئۇ ساندۇقنى ھازىر قىلدى. فىتنە ساندۇقنى ئېچىپ بىر كەشتىلىك پەردىنى ئالدى. ئۇنى كۆرۈپ رەسىمگە قاراپ، نەسىمنى تونۇپ قولىنى بوشاتتى. بېشىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا قويۇپ كۆپ ئۆزرىلەرنى ئېيتتى. نەسىم بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— ئەي نازىنىن، ھۇزۇرىڭدا كۆپ سەلتەنەتلىك ئىكەنسەن، ماڭا كۆپ دوستلۇق قىلدىڭ، بۇ بەندىچىلىك ماڭا ئەرزىمەيتتى. ئەگەر سىز دۈشمەن بولسىڭىز بۇ سۆزلەرنى قىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى. فىتنە:

— ئەي سەركەردە، زامان ۋە ماكانىنىڭ پادىشاھى — ئىسكەندەر شۇ تاپتا سەلسالنىڭ مەملىكىتىدە ئىدى. بىر كېچىسى چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ ئېتىقادىمنى توغرىلاتتى. ئانەھەزرەت ماڭا: سېنى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى نەسىمگە ئەقدە قىلدىم، ئۇنىڭ شاراپىتىدە بىر ئەييار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، بۇ جاھاندا ۋە زاماندا ئۇنداق ئەييار تېپىلماس، دېدى. مەن ئۇيقۇدىن ئويغاندىم، كېنىزەك ئەييار يېنىمدا پەيدا بولدى. ئۇ كېنىزەكنى سەلسالنىڭ مەملىكىتىگە ئەۋەتتىم. سېنىڭ سۈرىتىڭنى رەختكە كەشتىلەپ قېشىمغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ زاماندىن بۇ زامانغىچە، كېچە ۋە كۈندۈز سېنىڭ پىكىر-خىيالىڭدا بولدۇم. ھەر قېتىم بىرەر پىيادىنى كۆرسەم بۇ سۈرەتكە نەسىمىكىن دەپ قارايمەن. پەرۋەردىگارغا شۈكرى. پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتى بىلەن بۇ ئىنتىزارلىقتىن چىقىپ ئۆز ۋىسالىمغا ئۇلاندىم، — دەپ، تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ نەسىمگە قاراپ، يەنە مۇلازىمغا:

— مەي بىلەن تائام كەلتۈر، — دېدى. مەي بىلەن تائام كەلتۈرۈلدى. فىتنە نەسىمگە قاراپ:

— ئەي مۇھتەر دەۋران، پاراغەت بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاچقىن، مەي ئىچكىن. بۇ ئالدىڭدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدا قىلدىم، — دېدى. يەنە ئۇ، ئانامنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ بۇ جايغا ماكانلاشتىم. يەككە-يىگانە كىشى بۇ دەشتتە ئاسانلا يولدىن ئېزىپ قالىدۇ، دېدى. نەسىم ئۇ نازىنىن بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەچچە قەدەھ مەي ئىچتى. كۆڭلى ئەسلا ئېچىلمىدى. بۇ نازىنىن كۆڭۈل رىشتىسىنى سورىۋىدى. نەسىم:

— ئەي ئەزىز مەھبۇب، ئىسكەندەر بۇ تەرەپكە كەلگەنىدى. دەرۋەقە يوقاپ كەتتى. ئىسكەندەردىن خەۋەر ئالسام، سەردارلار بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام بولاتتى. ھازىر لەشكەرلەر سەردارسىز قالدى. ئارستو بەرقنى ئەۋەتكەنىكەن. ئۇ شەھرىيارنى ئىزدەپ بۇ تەرەپكە ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالغىلى كەلگەنىدى. لېكىن بەرق تېخىچە يوق. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەن يولغا چىقىپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەن ئىسكەندەرنى جەزمەن تېپىشىم كېرەك ئىدى، — دېدى. فىتنە:

— ئەي ئەزىز يار، مەي ئىچكىن، ئەتە ئىسكەندەرنى مەن ئىزدەيمەن، — دېدى. نەسىم مەي ئىچتى. كەچ بولدى. ئۇلار بىر تەكىيىگە باش قويۇپ ئارام ئالدى. تاڭ ئاتتى. فىتنە ئەيىارلىق كىيىمىنى بېشىغا پۈركەپ ئۆيدىن چىقىپ نەسىمگە:

— ئىسكەندەرنىڭ بارلىقى ئېھتىمال. ئۇ ئېھتىمال بىراۋغا ئاشىق بولۇپ قالغاندۇر. ئۇنى ئۇز مەشۇقى تۇتۇپ تۇرغاندۇر، — دەپ خىيالىغا گۈلئەندام سارىيىدىكى گۈلەندەمنى كەلتۈردى. ئاندىن دەرھال گۈلەندەمنىڭ ھەرىمىگە قاراپ ماڭدى. فىتنە ھەرەمگە يېقىن كەلدى. فىتنە پاسىبانلارنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەرەمدە ساقچىلىق قىلىۋاتاتتى. فىتنە ئىسكەندەر گۈلەندەمنىڭ ھەرىمىدىكەن، دەپ جەزم قىلىپ، قەدىمىنى

ھەرەمگە قويدى. ھەرەم ئىچىدە گۈلەندەمنى كۆردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. يەتتە ئىقلىم پادشاھى گۈلەندەمنىڭ ئېگەكلىرىنى تۇتۇپ، سۆيۈشكە تىنىسقالاندۇرۇشقا مايىل بولغانىدى. فىتنە بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي ساھىبقىران، نەسىم سىزدىن خەۋەر ئالسام، دەپ كەلگەنىدى. ئۇ سىزنى ئىزدەپ تاپالماي سەرگەردان بوپتۇ. ئۇ سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ:

— سىز كىم؟ نەسىمنى قانداق تونۇيسىز؟ — دېدى.

— شەھرىيار، مەنكى بەندە مەشكىن شېكەرلەبنىڭ قىزىدۇرمەن. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ سېنىڭ ئېتىقادىڭدا بولغانمەن. ئانەزرەت، سېنى نەسىمگە ئەقىدە قىلدىم دەپ بۇيرۇدى، — دېدى. ئۇ يەنە، كېچە - كۈندۈز نەسىم سىزنى ئىزدەپ ئاخىرى مېنىڭ ئايۋىنىمغا چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ دوستلۇق رىشتىسىنى پەيدا قىلدىم. ھازىر نەسىمنى ھەرىمىمدە قالدۇرۇپ بۇ يەرگە سىزدىن خەۋەر ئالاي، دەپ ئۆزۈم كەلگەنىدىم، دېدى. گۈلەندەم بانۇ ئۇنى ئۆز پىكرىگە كۆندۈرۈپ، نەسىمنى بۇگۈن كېچە مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلسۇن، دېۋىدى، ئىسكەندەر بىتاقەت بولۇپ:

— ئۇنى دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى ۋە يەنە:

— مېنىڭ نەسىمنى كۆرۈشكە تاقىتىم يوقكى، كەچ بولغۇچە سەۋرى قىلالماسمەن. قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، مېنىڭ خەۋىرىم نەسىمگە يەتسۇن، تا مەن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراي، — دېدى. فىتنە ئورنىدىن تۇرۇپ نەسىمنىڭ يېنىغا باردى.

— ئەي نەسىم، مەن ئىسكەندەرنى تاپاي دەپ گۈلەندەمنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ مەلىكىنى ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىمىتىدە

كۆردۈم. تېز بولغىن، سېنى ئىسكەندەر كەلسۇن دەپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى فىتنەدىن ئاڭلاپ خۇش بولۇپ:

— مېنى كۈندۈزى ئۇ يەرگە قانداق ئېلىپ بارارسىز؟ ئىمكان بولسا مېنى كىشى تونۇمايدىغان بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى. فىتنە سېھىرلىك نىقابىنى ئەكىلىپ نەسىم بىچارىنىڭ بېشىغا ياپتى. ئاندىن ئۇنى گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە ئېلىپ ماڭدى. ئىسكەندەر نەسىمنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. نەسىممۇ خۇش بولدى. نەسىم:

— ئەي ئالەم پاناھ، لەشكەر ۋە پادىشاھلىقنى خالىمىسىڭىز ئۇلارغا (سىپاھلارنى دېمەكچى) رۇخسەت بېرىڭ، ئۇلار ئۆزلىرى خالىغان تەرەپلەرگە كەتسۇن. ئۇنداق بولمىسا بۇنداق يۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئىگىسىز لەشكەرنى ھىندى بىلەن قەھ ـ قەھنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزىڭىز مەشۇقىڭىز بىلەن ئىشرەت قىلىپ يۈرۈپسىز. دۇنيادا بۇنداق بىپەرۋالىق قىلغاننى بىلمەيدىكەنمەن. سىزگە نېمە ئىش مۇخالىپ كەلدى؟ ئەي نازىنىن، بىز مۇخلىسلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، سادىق مۇخلىسلارنى سەردارسىز قىلىپ، ئازغۇنلارغا پايمال قىلىشنى ئويلىماڭ، — دەپ گۈلەندەمگە قارىغانىدى، ئىسكەندەر:

— ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ئون كۈندە لەشكەرنىڭ ئىشىنى سەرەمجان قىلىپ، ئون بىرىنچى كۈنى ئالدىڭىزدا بولىمەن، — دېدى. گۈلەندەم:

— ئەي ئىسكەندەر، ئۇردىڭىزغا قايتسىڭىز، مەن سىزنىڭ خىيالىڭىزغا يېتەر.

مەنمۇ؟ — دېدى. فىتنە:

— مەلىكە، رۇخسەت بېرىڭ. ئۇ ئۆز ئوردىسىغا بارسۇن. ئەگەر ۋەدە قىلغان كۈنى كەلمىسە مېنى ئەۋەتىڭ، مەن بېرىپ

ئىسكەندەرگە بىھوش دورىسىنى بېرىپ ئېلىپ كېلەي. سىز بىلەمسىز، مۇنداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دەپ گۈلەندەمنى رازى قىلدى. ئىشارەت قىلىنىۋىدى، بىرسى ئاتەش ئەفرۇزنى كەلتۈردى. گۈلەندەم ھەر بىرىگە لايىق جاۋاھىراتلارنى بەردى. شامالدەك بىر ئاتنى ئىسكەندەر ئۈچۈن كەلتۈردى. كەچ بولدى. ئۇلار گۈلەندەم بىلەن خوشلىشىپ بەرق، ئاتەش ئەفرۇز، رۇستەم (باتۇر) بىلەن گۈلەندەمنىڭ قەسىردىن تاشقىرى چىقتى. ئىسكەندەر ئېتىغا مىنىپ ئەييارلار بىلەن ئەكرە تەرەپكە راۋان بولدى.

بىر كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككىنچى كېچىسى كېچىدىن ئىككى تاك - تاك ئۆتكەندە بىر قونالغۇغا يەتتى. ئىسكەندەر قونالغۇغا چۈشتى. پەشتاقنىڭ تۆپىسىگە چىقتى. ئۇ يەردە ئوت يورۇقنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇ ئەييارلارغا قاراپ:

— ئوھوي، بۇ ئوتنى كىم يورۇتقاندۇ؟ — دېدى.

ئەييارلاردىن بىرى:

— كىم يورۇتقانلىقىنى بىلمەيمىز، — دېدى.

ئىسكەندەر ئوت يورۇقى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ ئاتنى چاپتۇرۇپ ماڭدى. شۇنچە ماڭغان بولسىمۇ لېكىن ئوت يىراقلىشىپ، ئۇنىڭ يورۇقى چىراغنىڭ يورۇقىدەك ھالەتتە كۆرۈندى. ئىسكەندەر يېقىنلاپ كەلدى. بىراق ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنمەي پولاتتىن سوقۇلغان بىر سېپىل كۆرۈندى. ئىسكەندەر:

— بۇ قورغان كىمنىڭ قورغىنى؟ — دەپ سورىدى.

بۇ چاغدا سۇلتان ئىسكەندەر بىلەن نەسىممۇ بۇ قورغانغا يېتىپ كەلگەنىدى. نەسىم:

— شەھريار، بۇ جادۇلارنىڭ ماكانى ئىكەن، بۇ پولات سېپىلنى ئوردىنىڭ تۆت ئەتراپىغا سېھىر - ئىلىم بىلەن

سوقۇپتۇ، — دېدى. ئىسكەندەر ئەسھابۇلكەھەبنىڭ غارىدا ئۆگەنگەن ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا قورغان بىراقلا قويۇندەك توزۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇردا كۆرۈندى. ئەييارلار چىرايلىق بېزەلگەن ئوردىغا ھەيۋەت بىلەن قەدەم قويدى. ئۇلار بىر چېدىرغا كەلدى. چېدىردىن زەنجىرنىڭ شاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىسكەندەر ئۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىسكەندەر ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ يېگىرمە ئىككى سەردارىنى كۆردى. ئۇلار زىنداندا باغلاقلىق ھالەتتە ئولتۇراتتى. نەسىم ئېكەك بىلەن سەردارلارنى باغلىغان زەنجىرلەرنى ھەرىدەپ ئۇلارنى بوشاتماقچى بولدى. سەردارلار:

— ئەي باتۇر، قەرنوھ پادشاھ بىزنى سېھىر بىلەن بۇ جايغا بەنت قىلىپ قويدى. ئۇنى ئېكەك بىلەن كەسكىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇلار كەچتە بۇ يەردە بولمىسا ئاندىن بىزنى قۇتقۇزالايسىلەر، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ نەسىم ۋە ئەييارلار ھەلۋەت بىلەن قەلئەتنىڭ چېدىرىغا باردى. بارگاھنىڭ ئىچىگە قەدەم قويدى. ئۇ يەردە ئىككى ئادەمنىڭ بىر خالىيدا ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم بىلەن بەرق بۇ ئىككىسىنى بىھوش قىلىپ، خەنجىرىنى چىقىرىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى ۋە يەنە ياتقان بىرمۇنچە قاراۋۇللارنىڭ بۇرنىغا دورا بىھوشنى پۈركۈپ نىمجان قىلىپ قويدى. ئاندىن ئۇلار ئۇ يەردىكى پۇت-قوللىرى زەنجىر بىلەن باغلانغان سەردارلارنى كۆردى. ئىسكەندەر ئىسمى - ئەزەم ئوقۇدى. زەنجىرلەر بوشاپ يەرگە چۈشتى. سەردارلار چېدىردىن چىقىپ باشقا سەردارلارنى كۆردى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇلار بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. سەردارلار، ئەگەر رۇخسەت بولسا ئۇ سېھىرگەرلەرنى ئۆلتۈرسەك، دېدى. ئىسكەندەر:

— بىراق ھازىر سېھىرگەرلەرنىڭ سەردارلىرى ھالاك

بوپتۇ. قوشۇننىڭ سەردارلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەردارلار جادۇلاردىن ئەمەس. ھازىرچە سىلەردىن ماڭا باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس. شۇڭا ھازىر بىز ئوردىغا قايتايلى، ئەگەر جادۇلارنىڭ ئانىسى باشقا ئوغلانلارنى ئىشقا سېلىپ قالسا، بېشىمىزغا يەنە نېمە بالالارنى كەلتۈرەركىن، — دېدى. سەردارلار ۋە ئەييارلار ئاتلىرىغا مىنىپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى. تاڭ ئاتقاندا ئوردىغا كەلدى. ئىسكەندەر بارلىق سەردارلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا شادلىق ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدۇردى.

سۇلتان كوھ مۇلازىملىرىدىن:

— ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. مۇلازىم:

— ئىسكەندەر ئوردىسىغا قايتىپ كەپتۇ، شۇ سەۋەبتىن ناغرىسىنى شادىيانىگە چېلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ تەرەپتە ئەجۇزەھ سېھىرگەر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ئوغلانلىرىنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇ پەرياد قىلىپ ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ، سۇلتان كوھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ پەرىشان ھالدا:

— ئاكا، ماڭا ئەۋەتكەن نامە يېتىپ كەلسە، ئۇنى ئوغلانلىرىمغا يەتكۈزمىسۇن، — دېدى. سۇلتان كوھ:

— ئەي مەلىكە، نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دېدى.

— مۇندىن ئارتۇق ئىش بولسا بولاتتىمۇ ئەمىسە؟ كېچىدە خۇداپەرەسلەر ئوردامغا كېلىپ، ئىككى پەرزەنتىمنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، سولاقتىكى خۇداپەرەسلەرنى خالاس قىلىپ ئېلىپ كېتىپتۇ. كاشكى، مۇشۇ سەۋەبتىن بىز ھەم تاۋۇتقا مىنسەك كېرەك. ئەجەبا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرسىمۇ قېچقارمايسەن، — دېدى ئەجۇزەھ.

— ئەي مەلىكە، بۇنىڭغا لات گۇۋاھدۇر، مەن بىلمەيمەن. ئەگەر ئۇلار بىلەن بىللە بولسام ھەرگىز مۇنداق ۋەقە يۈز بەرمەيتتى. سىزنى بۇ تەرەپكە قېچقارماس ئىدىم. بىراق ھازىر

ئش بۇ ھالەتتە بوپتۇ، ھەرھالدا سىزنىڭ بېشىڭىز ۋە قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ بېشى سالامەت قاپتۇ، — دېدى سۇلتان كۇھ.

ئەلقىسسە، ئەجۇەزەھ ھەسرەتتە كۆپ يىغلىدى. ئۇ بارگاھتىن چىقىپ ئۆز ئوردىسىغا راۋان بولدى.

ئۇ كۈنى كەچ بولۇپ، ئەتىسى قەھرۇش سۇلتان كۇھنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھازىر خۇداپەرەسلەرگە قارىتا جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا ھېچقانداق باھانە يوق. شۇنداقتىمۇ تېخىمۇ بەك چالسۇن، مەن ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتىگە شىكەستە بېرەي، — دېدى. سۇلتان كۇھ ناغرىسىنى نەۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئىسكەندەر ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ناغرا چېلىندى. تاڭ ئاتتى. قەھرۇش ئىبىن مۇلك سۇكيار مەيدانغا كەلدى. يېشىل تونلۇق نىقابدار مەيدانغا كېلىپ قەھرۇشنىڭ ئالدىنى توسىدى . ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. ئۇلار ئاتمىش مەرتەم ئېلىشتى. نەيزەۋازلىق قىلىشتى. بۇ چاغدا نىقابدار نەيزىنى تاشلاپ شەمشەر ئالدى. شەمشەرنى قەھرۇشنىڭ نەيزىسىگە ئۇردى. قەھرۇشنىڭ نەيزىسى سۇندى. قەھرۇش دەرھال قولى بىلەن نىقابدارنىڭ بېلىگە قول سېلىپ كەمەر زەنجىرىنى تۇتتى. نىقابدار ھەم قەھرۇشنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتتى. بۇ چاغدا بىر ئاۋاز پەيدا بولۇپ ئىككى قۇش ھاۋادىن چۈشۈپ، نىقابدارنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى. ئۇ:

— مەن ئەجۇەزەھ سېھىرگەردۇرمەن، ئەمدى ئىسىڭگە كەلگەندىمەن؟ ئوغلانلارنى ئۆلتۈردۈڭ، لېكىن ئەمدى سەن قولۇمدىن قانداق قۇتۇلارسەن؟ مەن ئادەم ئەۋەتتىم، ئۇ قىزىمنى قەندىجەندىن ئېلىپ كېلىدۇ. بۇرادەرلىرىڭنىڭ خۇنىنى ئالىمەن، — دەپ نىقابدارنى ئېلىپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى سۇبھى ۋاقتىدا ئەييار مەشكىنىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى

بارگاھقا كېلىپ:

— سۇلتان كۇھىنىڭ بارگاھىدا بولغانىدىم. ئەجۇەزەھ سېھىرگەر كېلىپ، بۇگۈن يېشىل كىيىملىك نىقابدارنى ئېلىپ كەلدىم، بۇگۈن كېچە ئىسكەندەرنى ئېلىپ كېلىشىنىڭ ئامالىنى قىلىمەن، ئىسكەندەر بىلەن نىقابدارنى ئۆلتۈرسەم قالغان لەشكەرلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلماق ئاسان دەيدۇ، — دېدى.

مەشكىن شېكەرلەب:

— ئەي مەلىكە، سىز پاراغەت بىلەن ئولتۇرۇڭ. بۈگۈن كېچە ئۇياقتا بېرىپ ئىسكەندەرنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

— ئەي شەھرىيار، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىڭكى، بۇگۈن كېچە مەشكىن سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا بولىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى نەسىم. ئارستو بۇ سۆزنى ئاڭلاپ نەسىمگە قاراپ:

— ئەي نا ئەييار، ئىشنى ئۆزىڭىزگە قويۇپ بېرەيلى، شاپائەت بىلەن خۇشال بولۇپ يۈرىسىز، بۇ مەشكىن دېگەن كىشى شۇنداق كىشىكى، سىنى قەپەزگە سولاپ مەھبۇس قىلدى. ئەگەر غەيرىتىڭ بولسا ئۇنى ئۆلتۈرمەي قولىقىغا ھالقا سالمىساڭ بولمايدۇ، — دېگەنىدى، نەسىم:

— ئۇنداق بولسا مەشكىننىڭ قولىقىغا ھالقا سالغىلى ھازىرلا ماڭىمەن. مەن بېرىپ خالايىققا ئالدىنئالا ئېيتىپ قوياي، — دەپ بارگاھتىن چىقتى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. نەسىم ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر قارا كىيىملىك كىشى ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭغا سالما تاشلىغانىدى. ئۇ سالمىغا دەسسىدى. نەسىم سالمىنىڭ ئارغامچىسىنى تارتقانىدى، يىقىلدى. نەسىم ئۇنى تۇتۇپ مەيدىسىگە مىنىپ تۇرۇپ:

— سەن كىم؟ — دېگەنىدى. ئۇ:

— مېنى تىزرەۋ دەپ ئاتايدۇ، مەشكىننىڭ شاگىرتى مېنى

مۇشۇ يەردە تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى، شۇڭا مۇشۇ يەرگە كەلدىم. مەشكىن ئۆزى ئىسكەندەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوردا تەرەپكە كەتتى. ئۇنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلتان كۆھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بارماقچى، — دېدى. نەسىم بىھوش دورىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا پۈركۈپ ئۇنى بىھوش قىلىپ پۇت - قولىنى باغلاپ كۆتۈرۈپ بېرىپ بىر خالىي جايغا تاشلىدى. نەسىم تىزرەۋنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئۆزىنى تىزرەۋنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ ئۇ يەردە ئولتۇردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندى، مەشكىن پەيدا بولدى. ئۇ گىلەم كۆتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ بىلىنكى ئېگىلىپ كىندىكى يەرگە تېگەي دەپ قالدى. ئۇ گىلەمنى يەردە قويۇپ:

— ئەي تىزرەۋ، لات مەنات ماڭا مەدەت قىلىۋىدى، ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن، مەن يەنە بېرىپ مەسجىد گەرباسىنىڭ ئەسۋابىنى ئېلىپ كېلەي، — دەپ گىلەمنى نەسىمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. نەسىم دەرھال گىلەمنى ئېچىپ ئىسكەندەرنى كۆردى. نەسىم ئىسكەندەرنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر كۆزنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ باغلاقلىق ھالدا نەسىمنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي جىنخور، بۇ نېمە قىلىق؟ سەن نېمە قىلماقچىسەن؟ بېرىپ مەملىكىتىڭدە ماكان تۇتساڭ بولماسمىدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئازغۇنلار ئۈچۈن قىلدىڭمۇ؟ — دېۋىدى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەگەر سىزنىڭ قولىڭىزدىكى ئەييارنى ھالاك قىلسام نەسىمنىڭ قولى كېسىلسۇن. مەشكىن سىزنى باغلاپ بۇ جايغا ئېلىپ كېلىشكەن، مەن ھىيلە بىلەن سىزنى ئۇ ھارامزادىنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدىم، ئۇ ھازىر مەسجىد گەرباسىنى ئېلىپ كەلگىلى ئوردىغا كەتتى، — دېدى.

نەسىم ئىسكەندەرنىڭ قولىنى بوشىتىپ، تىزرەۋنى ئەكلىپ

ئىسكەندەرنىڭ ئورنىدا پەردە - گىلەمگە يۆگەپ، بىر تۈز تاشنى تاغارغا سېلىپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ئىسكەندەر بىلەن تەڭ قىلدى ۋە ئۇنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتتى. ئىسكەندەر يىراقراق بىر يەرگە بېرىپ بىر خالىي جايدا ئولتۇردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەشكىن پەيدا بولدى. ئۇ مەسجىد گەرباسىنىڭ ئەسۋابىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنى يەنە بىر گىلەمگە ئورىدى. ئاندىن:

— ئەي تېزرەۋ، مەسجىد گەرباسىنىڭ ئەسۋابىنى گىلەم بىلەن كۆتۈرگىن. مەن ئىسكەندەرنى كۆتۈرىمەن. ئۇنى سۇلتان كوھىنىڭ ئالدىغا تېزرەك ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭغا ئىسكەندەرنى كۆرسىتەي. سەن ئارقامدىن كەلگىن، — دەپ ئىسكەندەر بار يەردىكى گىلەمنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەر بىلەن مەسجىد گەرباسىنىڭ ئەسۋابىنى ئېلىپ ئوردىغا راۋان بولدى. نەسىم ئوردىغا كېلىپ، ئاندىن دەرھال مەشكىننىڭ ئارقىسىدىن سۇلتان كوھىنىڭ ئوردىسىغا ماڭدى. نەسىم ئۆزىنى جاللات سۈرىتىدە قىلىپ، سۇبھى ۋاقتىدا سۇلتان كوھىنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا مەشكىن پەردە - گىلەمنى يەردە قويدى. سۇلتان كوھ:

— كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى.

— ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى مەشكىن.

سۇلتان كوھ:

— ئۇنداق بولسا دەرھال ئىسكەندەرنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار، — دېدى.

جاللات سۈرىتىدە بولىۋالغان مۇھتەر نەسىم دەرھال پەردە - گىلەمنى ئېچىپ ئىسكەندەرنى ئۆلتۈردۈم، دەپ خەنجەرنى تېزرەۋنىڭ كاللىسىغا ئۇردى. ئۇ ئىككى پارە بولدى. سۇلتان كوھىنىڭ ئادەملىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرمىز دەپ مەشكىننىڭ شاگىرتى تېزرەۋنى ئۆلتۈرۈپتۇ،

دېيىشتى. مەشكىن:

— ئەي جاللات، قۇلۇڭ كېسىلسۇن، سەن مېنىڭ بۇرادىرىم ھەم شاگىرتىم تىزرەۋنى ئۆلتۈرۈپسەن، — دېدى. سۇلتان كۆھ:

— ئەي مەشكىن، ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلدىم دەپ كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى.

— ئەي شەھرىيار، سېنىڭ بېشىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەندىلىرى تىزرەۋنى ئوردىنىڭ يولىدا ئۆلتۈرغۇزۇپ قويۇپ، ئوردىغا ئۆزۈم بېرىپ ئىسكەندەرنى بىھوش قىلىپ باغلاپ، پەردە - گىلەمگە يۆگەپ ئەكەلگەنىدىم، قالغان ئىشنى بىلمەيمەن. ئۇ قېرى ئوغرى ئىسكەندەرنى قانداق ھىيلە بىلەن بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتىكىن، — دېدى مەشكىن. بۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم سۆزەن سالدىكى، مەن مۇھتەر نەسىم بولىمەن. ئۆزۈمنى بۇ جاللات سۆرىتىدە قىلىۋالغانىمەن، ئەي مەشكىن، بۇ خىل ئەييارلىقنى كۆردۈڭمۇ؟ شەھرىيارنى قولۇڭدىن قوتقۇزۇۋالدىم، شاگىرتىڭنى ئۆلتۈردۈم، — دېدى. بۇ چاغدا مەشكىن:

— نەسىمنى تۇتۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم قاچتى، مەشكىن ئۇنى قوغلاشتى، قالغانلار يىغلاپ قالدى. مەشكىن ئۇنى قوغلاپ يېتىشەلمىدى. مەشكىن ئاچچىقلىنىپ: «بۈگۈن كېچە بېرىپ نەسىمنى ئېلىپ كېلىمەن» دېدى. ئەمما مۇھتەر نەسىم ئۇ كېچىسى لەشكەرنىڭ قاراۋۇللىقىنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئوردىنى ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ بىر ياساۋۇلنى كۆردى. ئۇنىڭدىن:

— ئەي ياساۋۇل، سەن كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— مەن ھىندىدۇرمەن، ھىندىستاننىڭ ئون ئىككى مىڭ جەزىرىسىنىڭ سەردارىمەن، — دېدى. ئۇ ئەسلىدە مەشكىن شېكەرلەب ئىدى. مەشكىن شېكەرلەب:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:
— مەن ئىران ۋە تۇراننىڭ سەردارى مۇھتەر نەسىمدۇرمەن، — دېدى. مەشكىن:
— ئەجەب ياخشى قولۇمغا چۈشتۈڭ، — دەپ خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ نەسىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، نەسىممۇ قولىغا خەنجەر ئالدى. ئۇلار خەنجەر بىلەن ئېلىشتى. بىر پەس ئېلىشقاندى، بىرىنىڭ خەنجىرى سۇنۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن قامەتلىك بىرسى پەيدا بولۇپ:
— ئەي پىيادە، سەن كىم؟ بۇ كېچىدە نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىسەن؟ — دېدى. مەشكىن:
— مەن سەلتەنەتلىك سۇلتان كوھىنىڭ پىيادىسى مەشكىن شىكەرلەب بولىمەن. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى بىلەن ئېلىشىۋاتىمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ قامەتلىك:
— مەنكى پىيادە سىزنىڭ ئەييارىڭىز مۇھتەر شەبرەڭدۇرمەن، — دەپ خەنجەرنى كۆتۈردى. مەشكىن نەسىمگە قاراپ يۈگۈردى. بۇ قېتىم نەسىمگە خېلى ئېغىر كەلدى. نەسىم ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلىپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ:
— ئەي مەدەتكار، مەندەك بىچارىنىڭ پەريادىغا يەتكىن، — دەپ پىيادە ئەييار بىلەن نەچچە قېتىم ئېلىشتى. نەسىم قامالدىن خالاس بولغاندەك بولۇۋىدى، ئۇتىنىڭ شولىسىدەك بىر پىيادە يېتىپ كېلىپ خەنجەرنى تارتىپ شەبرەڭ بىلەن ئېلىشتى. نەچچە خەنجەر بىكارغا كەتتى. ئۇ ئەييار مىسران قېلىچىنى شەبرەڭنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. شەبرەڭنىڭ ئۈچىيى چۇۋۇلدى. ئۇ ئىختىيارسىز ۋارقىرىغىنىچە يىقىلىپ چۈشتى، نەسىم سەپسېلىپ قارىغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا قول بېرىپ ھۆججەت يازغان ئۇستازى ئەييارچەك بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇستازىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىقرارنامىسى بىلەن مۇھۇرىنى

قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئۇ شەبرەڭى ئۆلتۈردى. نەسىم مەشكىنىگە قارىدى. ئۇ ئۇستاز شەبرەڭنى تاشلاپ كەتتى. مەشكىن سۇلتان كوھنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ سۇلتان كوھقا:

— خۇداپەرەسلەر بالادەكلا ئىكەن، — دەپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. . .

بىر كۈنى مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي جاھان پاناھ، گۈلەندەمگە ئون ئىككى كۈندە قايتىپ كېلىمەن، — دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز، ھازىر بىر ئاي بولدى. لېكىن بۇ ئىش سىزنىڭ خىيالىڭىزغىمۇ كىرمىدىمۇ؟ قانداق قىلاي دەيسىز؟ ئەگەر پەرمان قىلسىڭىز؟ مەنكى قۇللىرى گۈلەندەمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ سىزنىڭ ئۆزرىڭىزنى يەتكۈزسەم، بەلكىم كۆڭلى خۇش بولۇپ قالار، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىمگە رۇخسەت بەردى. نەسىم ئۆز ماكانىغا كېلىپ بىر مۇنچە خەت ـ خالتا، سوۋغاتلارنى فىتنەگە ئېلىپ ئەييارلىق ئەسۋابىنى تەييارلاپ گۈلئەندام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى.

نەسىم مېڭىش ئالدىدا ئىسكەندەر بىلەن سۆز قىلىشقانىدى. بۇنى مەشكىن ئەييارلىق كىيىم كىيىپ بارگاھنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ قالدى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ قولىقىغا سۆز قىلىپ قويۇپ ماڭغانىدى. مەشكىن ئۆز چېدىرىغا بېرىپ پەردە ـ گىلەمنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتى. مەشكىن نەسىم ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا ئېيتقان سۆزنى ئادەتتىكى سۆز ئەمەس دەپ، ئوردىنىڭ بىر تەرىپىدىن نەسىمدىن ئىلگىرى چىقىپ، نەسىمنىڭ ئالدىدا بارىدىغان يېرىگە ئۆزىنى دەرۋىش سۈرىتىدە قىلىپ بىر ئۆستەڭنىڭ ياقىسىغا يەتكۈزدى. نەسىم يول يۈرۈپ دەل مەشكىن چۈشكەن جايغا يەتتى. نەسىم بۇ يەردە جەندەپۇش كىيگەن بىر دەرۋىشنىڭ ئىشق ـ دەردىنى ئېيتىپ سۇ بويىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. مەشكىن:

— ئەي مۇساپىر يىگىت، سەپىرىڭىز قاياققا؟ — دېدى.

نەسىم:

— ئوغلۇم بىرمۇنچە رەخت بەرگەنىدى. ئۇنى ئۆزى ئۇچۇن ئۇنىڭ ھەرىمىگە ئېلىپ بارىمەن، — دېدى.

مەشكىن بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ كۆڭلىدە «ئىسكەندەر بۇ يەرگە قايسى ۋاقىتتا كېلىپ ئۆي تۇتقاندۇ؟ بۇ توغرا ئەمەس» دەپ ئىككىسى بىردەم ھەمراھ بولۇشتى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي دەرۋىش، مەن گۈلەندەمنىڭ ئالدىغا بارىمەن. سەن مېنىڭ بىلەن گۈلئەندام تەرەپكە بارامسەن ياكى قالامسەن؟ — دېدى. مەشكىن:

— مەنمۇ گۈلئەندامغا بارماقچىدىم، — دەپ ئىككىسى گۈلئەندامغا تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار گۈلئەندام شەھىرىگە يەتتى. نەسىم:

— ئەي دەرۋىش، مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا بارىمەن. ئەگەر بۇ شەھەردە بولسام سېنى تاپىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، كۈن كەچ بولدى. نەسىم مەشكىننىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كەلدى. مەشكىننىڭ خانىسىغا كىرەي دەپ تۇرغانىدى، شۇ ئەتراپتا ئەييارلىق ئالىمىدە بىرسىنى كۆرۈپ قالدى. نەسىم سەل تۇرۇۋېلىپ ئۆينىڭ پەنجىرىدىن قارىغانىدى، مەشكىن كۆرۈندى. بايىقى ئەييار سوپەت ئادەم مەشكىن ئىدى. نەسىم ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. مەشكىن ئۆزى ئۆزىگە: «مېنىڭ ئىشىم بىلەن نەسىمنىڭ نېمە كارى باردۇر» دەيتتى. نەسىم ئارقىسىدا قارا كىيىملىك بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار بىر - بىرىنى پايلاپ تۆت كوچىغا چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا مەشكىن ئارقىسىدىن كېلىپ نەسىمنى قۇچاقلاپ تۇتتى. ئەييارلار كېلىپ ئۇنىڭ پۇت ۋە قولىنى باغلىدى. مەشكىن نەسىمنى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئۆز قىزىغا:

— قىزىم، زىندانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن، بىر ئەييارنى

تۇتۇپ كەلدىم، ــ دېگەنىدى. قىزى زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مەشكىن زىنداننىڭ ئىشىكىگە كېلىپ پەردە - گىلەمنى ئېچىپ نەسىمنى زىندانغا سالدى. ئاندىن كېيىن پەردە- گىلەمنى ئېچىپ نەسىم ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى كۆردى. ئۇ سوۋغاتلارنى نەسىم فىتنە ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنىدى. مەشكىن ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ سوغاتنى بۇ شەھەردە كىم ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەندۇ» دەپ ئويلاپ، رەختلەرنى ئېلىپ قىزى فىتنەگە بېرىپ:

ــ كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ قويغىن، مەن بېرىپ تۆت كوچىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالغاچ ئەييارلارنى ئەكىلىپ، بۇ ئەييارنىڭ زۇۋانىنى راستلىقىغا ئىقرار قىلدۇرىمەن. ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ رەختنى كىم ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىمەن، ــ دېدى. مەشكىن تۆت كوچىغا قاراپ ماڭدى. فىتنە جازا ئەسۋابلىرىنى تېپىپ هازىر قىلىپ قويۇپ:

ــ ئاتام قانداق ئەييارنى تۇتتىكىن، مۇبادا ئېتىقادلىق ئادەم بولۇپ قالسا قىينىلىپ قالمىسۇن، ــ دەپ زىندانغا قەدەم قويدى. ئۇ زىنداندا نەسىمنى كۆردى. نەسىمگە قاراپ:

ــ ئامان بولغايسەن، ــ دېدى. ۋە يەنە:

ــ ئەي ئەييار، بۇ ئەييارنىڭ هارامزادىلىكىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرالماپسەندە، ــ دېدى. نەسىم:

ــ ئەي نازىنىن، بىرمۇنچە رەختنى سەن ئۈچۈن سوۋغات قىلىپ ئەكەلگەنىدىم. يولدا بىر دەرۋىش ماڭا ھەمراھ بولدى. ئۇقسام ئۇ دەرۋىش سېنىڭ ئاتاڭ ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن پەرۋاسىز يۈرۈپتىمەن. ئۇ مېنى پايلاپ يۈرۈپتۇ، مەن بۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە كىرگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ ئارقامدىن كەلدى. مەن يولدىن ئېزىپ تۆت كوچىغا چىقىپ تۇرغانىدىم. ئاتاڭ ئارقامدىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ، بۇ جايغا ئەكىلىپ سولاپ

قويدى، — دېدى. فىتنە ئۇنىڭغا:
— سۆزنى ئۇزۇن قىلماي، دەرھال ئۆزۈڭنى گۈلەندەمنىڭ ھوزۇرىغا يەتكۈزگىن، ئاتامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دەپ نەسىمنىڭ قولىنى بوشىتىپ قويۇپ بەردى. نەسىم ئۇنىڭغا:
— مەن قورقمەن، ئاتاڭ ساڭا زۇلۇم قىلىۋېرمىكىن؟ — دېدى. فىتنە ئۇنىڭغا:
— سۆزنى ئۇزۇن قىلمىغىن، پەرۋەردىگارنىڭ تەۋپىقى بىلەن بۇ ئىشنى ھەرگىز مەشكىنگە ئېيتمايمەن، — دېدى. نەسىم ئۇ يەردىن دەرھال چىقىپ، شامالدەك مېڭىپ، گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە يەتتى. نەسىم گۈلەندەمنىڭ قېشىغا كەتكەندىن كېيىن فىتنە پېشانىسىگە ئۇرۇپ بىر بۇلۇڭدا يىغلاپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن مەشكىن نەچچە ئەييار بىلەن زىندانغا كەلدى. مەشكىن فىتنەنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سۆز سورىغاندى، فىتنە:
— ئەي ئاتا، سىزنىڭ باتۇرلىرىڭىز خام ئىكەن. سولاقتىكى مەھبۇس ھىندىستان تەرەپكە قاراپ قاچتى. سىز ئەييارلىقتا تېخى خام ئىكەنسىز، — دېدى. مەشكىن:
— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى. فىتنە:
— مەن جازا ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلغانىدىم. ئۇ ئەييار ئۇن - تىنسىزلا بەنتخانىدىن چىقىپ، يۈز - كۆزۈمگە بىر مۇشت ئۇرۇپ قېچىپ كەتتى، — دېدى. مەشكىن:
— مەن ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ قويغان ئىدىمغۇ؟ — دېدى. قىزى:
— خۇددى ئەييار ئەمەس ئادەمدەك سۆز قىلىدىكەنسىز، ئۇ ئەييارلىق بىلەن قولىنى بوشىتىۋاپتۇ، — دېدى. مەشكىن فىتنەنىڭ سۆزىگە سۆز تاپالمىدى.

نەسىم گۈلەندەمنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ باردى. گۈلەندەم نەسىمنى كۆرۈپ:

— مۇھتەر دەۋران، ئىسكەندەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى مۇشۇ كۈنگىچە بىلەلمىدىم. ئۇ ئون ئىككى كۈن بولدى. تېخىچە كەلمىدى، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن ئەھۋالنى بايان قىلدى.

ئۇ تەرەپتە، فىتنە ئەييار نەسىمدىن ئايرىلىپ بىئاپ بولۇپ:

— ئەي ئاتا، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىز، گۈلەندەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆز خاپىلىقىمنى چىقارسام، — دېۋىدى، مەشكىن:

— ئەي قىزىم، سىزنىڭ گۈلەندەم بىلەن نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دېدى ۋە ئىجازەت بەردى. فىتنە گۈلەندەمنىڭ ھەرىمىگە قاراپ ماڭدى. ھەرەمگە كەلدى. نەسىم فىتنەنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدى. فىتنە ئاتىسىغا قىلغان ھىيلە - مىكىرلىك سۆزنى نەسىمگە دەپ بەردى. نەسىم ۋە گۈلەندەم بانۇ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇدى. فىتنە كېلىپ نەسىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئۇ كۈنى ئۆتۈپ كەچ بولدى. مەشكىن ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ، قىزىمنىڭ گۈلەندەم بانۇنىڭ ئوردىسىغا بېرىشىدا نېمە سەۋەب باردۇر؟ ئۇ ئىشنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش باردۇر؟ دەپ دەرھال گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە راۋان بولدى. قەسرىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. ئىشىك باقار مەشكىنگە قىز بىلەن نەسىم مەي ئىچىشكە مەشغۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەشكىن قىزىم نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇر، دەپ خىيال قىلىۋاتاتتى. گۈلەندەم فىتنەگە قەسرىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدىن جاي كۆرسىتىپ بەردى. گۈلەندەم تۆت كېنىزەكنى فىتنە بىلەن بىللە يېتىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى ھەرىمگە كىرىپ ئۇيقۇغا مايىل بولدى. نەسىم بىر جايدا، فىتنە

بىر جايدا تۆت كېنىزەك بىلەن ئويۇنغا مايىل بولدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن مەشكىن ئورنىدىن تۇرۇپ غەزەپلىنىپ ئۇ تۆت كېنىزەكنىڭ كاللىسىنى كېسىپ تاشلاپ نەسىم بىلەن فىتنەنىڭ يۈزىگە بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ بىھوش قىلىپ گىلەمگە ئوراپ كۆتۈردى.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ۋاقىتكى، گۆلەندەم ئىسكەندەرنى چۈشىدە كۆردى. ئىسكەندەر تەبەسسۇم بىلەن گۆلەندەمگە:

— ئەي نازىنىن، مېنىڭ باتۇرۇمنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بەردىڭ، دەرھال نەسىمنى تاپقىن،— دېدى. گۆلەندەم چۆچۈپ ئويغىنىپ يۈگۈرۈپ ئۇلار ياتقان ھۇجرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ پەرياد قىلىپ ۋارقىرىدى. قاراۋۇللار يۈگۈرۈپ كېلىشتى. مەشكىن ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ھازىر تالاشقاننىڭ پايدىسى يوق،— دەپ گىلەمنى يەردە قويۇپ قېچىپ كەتتى. گۆلەندەم بانۇ پەردىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەردىنى ئېچىپ نەسىم بىلەن فىتنەنىڭ باغلاق ھالدا پەردە ـ گىلەمدە زاكىدا ياتقان بوۋاقتەك يۆگەكلىك ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈردى. نەسىم:

— ئەي ئىبسىل پەرىزات، پېقىرنىڭ گۇناھى نېمە؟ مېنى نېمە ئۈچۈن باغلايسىلەر؟— دېدى. گۆلەندەم ۋەقەنى بايان قىلدى. نەسىم بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. گۆلەندەم:

— ئۇ نىقابدار خۇددى مەشكىنگە ئوخشايدىكەن،— دېدى.

فىتنە:

— ئەي مەلىكە، راست دېدىڭىز. ئۇ مەرد بەختسىزنى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ مېنىڭ ئاتام مەشكىن،— دېدى. مەشكىن خوتۇنىغا:

— ئەي ئاشۇب، گۆلەندەمنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ قىزىڭ فىتنەنى ئېلىپ كەل،— دېدى. ئاشۇب فىتنەنى ئەكىلىش

ئۇچۇن گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە باردى. ئۇ قەدىمنى قەسرگە قويۇپ، گۈلەندەم بانۇغا دۇئا قىلىپ فىتنەگە:

— ئاتاڭ سېنى دەرھال كەلسۇن دەيدۇ. دەرھال ئورنىڭدىن تۇرغىن، — دېدى. فىتنە ئورنىدىن تۇرۇپ رومالىنى بېشىغا سالدى. گۈلەندەم ئۇنىڭغا:

— ئەي فىتنە، سەن شۇنداق يۈرەكلىك كېتىپ بارسەن، بىرەر پىتنە - پاسات پەيدا بولمىسۇن يەنە، — دېدى. فىتنە ئۇنىڭغا:

— خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، ئاتام مېنى نەسىم بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىمنى كۆرسە بەلكىم بىر نەرسە دېيىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭ تىلىنى باغلىيالايمەن، — دېدى.

قىسسە، ئاشۇب فىتنە بىلەن گۈلەندەمنىڭ قەسرىدىن چىقىپ ئۆز ئۆيىگە راۋان بولدى. مەشكىن قولىدا خەنجەر تۇتۇپ تۇرغانىدى. ئۇ قىزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— ئەي بەتبەخت، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، سەن نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى. فىتنە ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم. نېمە ئۇچۇن غەزەپ قىلىسەن؟ — دېدى. مەشكىن:

— بۇنىڭدىنمۇ يامانراق يەنە نېمە ئىش بولاتتى. سەن نېمە ئۇچۇن ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى بىلەن شاراب ئىچىپ بىر ئۆيدە ياتىسەن؟ — دېدى. فىتنە:

— ئەي ئاتا، بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى بار، — دېدى.

مەشكىن سورىدى:

— ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— ئەي ئاتا، قەسرگە كېرەي دېسەم كېنىزەكلەر كىرگۈزمىدى. مەلىكە، كىمكى ھەرىمىمگە كىرمەكچى بولسا مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن كىرسۇن، دېگەنىكەن. مەن ئۇ بانۇنىڭ

توسۇشىغا قارىماي ھەرەمگە كىردىم. ئۇ يەردە نەسىمنى كۆردۈم، ئۇ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ سەراسىمگە چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ گۆلەندەم، ئەي نەسىم، ھودۇقمىغىن. فىتنە مېنىڭ دوستۇم، دېدى. مەن خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى بۇ ئەييار قولۇمغا چۈشىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولغانىدىم. گۆلەندەم نەسىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىپ، بىلىپ قېلىڭ، مېنىڭ ئىسكەندەر بىلەن ئاشىنىچىلىق مۇناسىۋىتىم بار. مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، نەسىمنى ۋاستە قىلىپ نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دېدى. مەن گۆلەندەمنىڭ ئىسكەندەر بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاندىن بىلدىم. ئۇ كۈنى تۈن تاكتاكىچە شاراب ئىچىپ ئولتۇردۇق. بۇ چاغدا گۆلەندەم: ئەي فىتنە، تۈن كېنىزەك بىلەن نەسىمنىڭ يېنىدا ئايۋاندا ئۇخلاڭلار، مەن ھەرەمگە كىرىپ ئۇخلايمەن، دېدى. مەنمۇ ئۇ يەردە ئۇلار بىلەن ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. ئەسلىدە نەسىم ئۇخلاپ قالغاندا ئۇنى بىھوش قىلىپ ئېلىپ چىقاي دېگەن خىيالدا ئىدىم، بىراق بىرچاغدا بىر پىيادىنى كۆردۈم، ئۇ بېشىمدا تۇرۇپتۇ، مەن ۋارقىراي دېگەنىدىم. ئۇ پىيادە ئاغزىمنى ئېتىۋالدى. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنى باغلاقلىق ھالدا كۆردۈم، — دېدى. مەشكىن:

— ئەي ئەركە قىزىم، ئەگەر نەسىم شۇ كېچىسى سېنىڭ نومۇس پەردەڭنى يىرتىۋەتكەن بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟ ئەمدى ئەييارلىقنى ئۆگەنگىن، ئۇنداق قىلمىساڭ خەقنىڭ قولىدا ئۆلىسەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، فىتنە بۇ مىكىر بىلەن مەشكىننىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى. كەچ بولدى. فىتنە:

— ئەي ئاتا، ماڭا رۇخسەت بەرگىن، نەسىمنى باغلاپ ئېلىپ كېلەي، ئاندىن كېيىن بۇنداق ئىشنى قىلماسلىققا تۆۋە قىلاي، — دېدى. مەشكىن:

— ئەي قىزىم، ئۇنى تۇتۇش سەن ئۇچۇن ئاسان ئەمەس، — دېدى. فىتنە:

— ماڭا ئۇنى تۇتۇش مۇشكۇل بولمايدۇ، — دېگەندى، مەشكىن ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. فىتنە گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە باردى. نەسىم فىتنەنى كۆرۈپ:

— ئەي نازىنىن، ئاتاڭنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ — دېگەندى، فىتنە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ نەسىمگە:

— ھازىر سېنى باغلاپ ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دېگەندى، نەسىم:

— مەن ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن، ئاتاڭ رەھىمسىز، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، كۆرمىدىڭمۇ، بىگۇناھ تۆت كېنىزەكنى ئۆلتۈرىۋەتتى، — دېدى. ئۇ تەرەپتە مەشكىن ئەييارلىرنى يىغىپ، ئۇلارغا:

— سۇلتان كۇھنىڭ قىزى گۈلەندەم ئىسكەندەرگە ئاشنا بوپتۇ. نەچچە كۈن بوپتۇ، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارىنى گۈلەندەم ئۆز قەسرىدە ساقلاۋېتىپتۇ. قاراقچىلىق قىلىپ نەسىمنى تۇتايلى. سۇلتان كۇھمۇ ئۇ ساختا كۈيئوغلىنىڭ نومۇسلىق ئىشى ئۇچۇن ئۇنى قەتل قىلماقچى، — دەپ جار سالدى. فىتنە نەسىمگە:

— سىزنى باغلاپ ئېلىپ باراي دەپ سىزنى دىلغۇل قىلىپ قويدۇم، ئەمدى سۆزلىشەيلى، — دەپ قوينىدىن نەچچە تال بادام ۋە ياڭاقنى ئېلىپ نەسىمنىڭ قولىغا بېرىپ:

— ئەي جان يار، بۇ قەنتلەر بەك ياخشى ھەم مەززىلىك، — دېدى. مۇھتەر دەۋران:

— ھەرقانداق نەرسە دوستنىڭ مەزىلىكلىكىگە يەتمەيدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى دوستۇر، — دەپ ئۇلاردىن ئىككى ئۈچ دانە يېدى. بىرئازدىن كېيىنلا بىھوش بولۇپ

يىقىلدى. فىتنە نەسىمنىڭ پۆت - قولىنى باغلاپ پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈردى. گۆلەندەم بانۇ:

— ئەي ئاشىق - مەشۇقلار، مۇبادا ئاتاڭ نەسىمنى ئۆلتۈرۈپ قويسا قانداق قىلىسەن؟ — دېدى. فىتنە:

— ئەي ئالەم مەلىكىسى، خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، مەن تىرىك بولسام نەسىمگە زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، فىتنە پەردە - گىلەمنى كۆتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. فىتنە ئاتىسىغا:

— سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بىلەن نەسىمنى باغلاپ ئېلىپ كەلدىم، — دەپ ئۇنى يەرگە قويغانىدى. مەشكىن پەردە - گىلەمنى ئاچتى. ئۇ نەسىمنى كۆرۈپ خوش بولۇپ فىتنەنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. مەشكىن فىتنەگە:

— ئەي قىزىم، مەن تېخى سېنى نەسىم بىلەن ئىشى بار ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلغانىدىم، — دېدى. فىتنە:

— مەنمۇ ئاتام مېنىڭ ئىشىمدىن گۇمان قىلىۋاتامدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن نەسىمنى تۇتۇشقا نىيەت قىلىپ ئۇنى تۇتۇپ كەلدىم، — دېدى.

قىسسە، مەشكىن زەھەر قايتۇرغۇنى نەسىمگە پۈركتۈردى. نەسىم ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشكىننىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھىندىستاننىڭ ئەييارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى. نەسىم ئۆزىگە ئۆزى سۆز قىلىپ:

— ئۇ گۈزەلنىڭ دوستلۇقى ماڭا دۈشمەنلىك ئېلىپ كەلدى. مېنى مۇشۇنداق باغلاپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا زەئىپ قىلدى، — دېدى. مەشكىن نەسىمگە قاراپ:

— گۆلەندەمنىڭ قەسرىدە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ بۇ شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ راستلىق بىلەن ئىقرار قىلغىن، — دېدى. نەسىم:

— گۈلەندەم بىلەن مېنىڭ ئاشىنىچىلىقىم بار، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە باردىم، — دېدى.

مەشكىن دەرغەزەپ بولدى. ئۇ نەسىمنى كرېستقا تارتتى. يەنە ئۇ:

— ئەي نەسىم، مېنى تونۇشۇڭ كېرەككى، مەن ئەييارلىقتا تەڭداشسىز دۇرمەن، ئەمدى ماڭا ئەييارلىق ھۈنىرىڭنى ئىشلەتمىگىن. ھازىرلا مۇشۇ جازادا ھالاك بولىسەن. ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى گۈلەندەم قەسرىدە نېمە ئىشىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغىن، — دېدى. بۇ چاغدا سۇلتان كۆھ سورەن - چۇقان بىلەن مەشكىنگە:

— ئەي هارامزادە، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۇلۇقىغا نېمە دەپ تۆھمەت قىلىۋاتىسەن؟ ئەمدى مېنىڭ گۈلەندەم دەپ قىزىم يوق، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ نەسىم:

— ئەي ئەييارلار، بىلىڭلاركى، بۈگۈن كېچە مەشكىننىڭ قىزى فىتنە بىلەن مەن بىرگە ياتقانىدىم. قىزى مېنى بىھوش قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى. مەشكىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ نەسىمنىڭ بېشىغا ئۇردى. نەسىم ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئۇرماقچى بولساڭ، زەھەرلىك شەمشەر بىلەن خاس ئەزايىمغا ئۇرغىن، لېكىن ئۇلۇغلار ۋە پادىشاھلارغا تۆھمەت قىلمىغىن. سۆزۈمنى يۇقىرىدا ئېيتتىم، — دېدى. بۇ چاغدا فىتنە:

— ئاتا، قېشىڭغا كېلىمەن، — دېدى.

مەشكىن فىتنەنىڭ قېشىغا كەلدى. فىتنە:

— ئەي ئاتا، نېمە ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بۇنداق خاملىق قىلىسىز؟ تۆت يۈز ئەييارنىڭ ئارىسىدا سۇلتان كۆھنىڭ قىزىنى ئاقلاپ سۆز قىلماي، تۆھمەت قىلىۋاتىسىز-غۇ؟ — دېگەنىدى. نەسىم مەشكىنگە:

— مەن سېنىڭ قىزىڭنىڭ قېشىدا ئۇخلىدىم دېدىمغۇ؟

بۇنداق قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى رەسۋا قىلىسىز، پادىشاھنى بەتنامغا قالدۇرىسىز. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس، — دېدى. فىتنە ئاتىسىغا:

— ئەگەر نەسىمنى ئىقرار قىلدۇرماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ يولى شۇكى، ئۇنى سىلىقلىق بىلەن ھاللاندۇرۇپ، ھۇجرىغا ئەكىرىپ شاراب قۇيۇپ بېرىڭ، مەست قىلىپ ئەھۋال سورىسىڭىز، شۇ چاغدا راستىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئۆلتۈرۈڭ، لېكىن ئۇنىڭدىن يىراق ئۆلتۈرۈڭ. سىز ھەربىر سۆز سورىسىڭىز گۈلەندەمنىڭ قەسىرىدە نېمە ئىشىڭ بار دەيسىز، نەسىم، بىلمەيمەن، قىزىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويدۇم، دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى سىز ئويلاپ بېقىڭ، — دېدى. بەس. . . .

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بەرق فەرەڭنى:

— نەسىم گۈلەندەمنىڭ يېنىغا كەتكەن، خېلى ۋاقىت بولدى، تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭغا نېمە بالا يەتكەندۇر، خەۋەر ئېلىپ كەلسىڭىز، — دەپ بۇيرۇدى. بەرق ھېچجايدا ئارام ئالماي گۈلەندامغا كەلدى. ئۇ كوچا بازارلاردا سەير قىلدى. بۇ ئاجايىپ چوڭ شەھەر ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ تۆت كوچىغا كەلدى. بۇ چاغدا مەشكىن نەسىمنى تۆت كوچىغا دارغا ئېسىپ قويغانىدى. مەشكىن كېلىپ نەسىمنى قامچا بىلەن ئۇردى. بەرق تاقەت قىلالماي، غەيرەت تومۇرى ھەرىكەتكە كېلىپ ئېھتىيات خەنجىرىنى تارتىپ ئۆزىنى ئۇ گۇرۇھقا ئۇردى.

بەرق بىر نەچچە قاراۋۇلنى ھالاك قىلىپ ئاخىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالدى. مەشكىن ئۇنىمۇ تۆت كوچىدا دارغا ئېسىپ قويدى.

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، فىتنە ئاتىسىنى قىچقىرىپ كېلىپ مۇلامەتلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئانىسى

نەسھەت قىلدى. ئاخىرى مەشكىن نەسىمنى ئۆيىگە ئەكىلىپ ئۆزرە ئېيتىپ كىرىشتىن چىقىرىپ:

— ئاپىرىن ساڭا ئەي مۇھتەر، ئەييارلىق لىباسى سېنىڭ قامىتىڭگە ئۆلچەپ تىكىلگەنىكەن، قىلغان ئىشلىرىمغا پۇشايمان قىلدىم، — دەپ مېھرىبانلىق بىلەن شاراب قۇيۇپ بەردى. فىتنە مۇلازىمى ئارقىلىق بىر نەچچە ئاپقۇرنى نەسىمگە ئەۋەتىپ ئاتامغا تۇتسۇن، دەپ بەردى. ئاندىن كېيىن، ئېسىنى يىغىپ ئولتۇرسۇن، ئاتامنى مەي بىلەن بىھوش قىلىمەن، ئاندىن كېيىن نەسىمنى قۇتقۇزىمەن، دېدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بېشى شارابتىن قىيىشقا باشلىدى. مەشكىن مۇلايىملىق بىلەن نەسىمگە:

— ئەي نەسىم، ھازىر ئارىمىزدا دوستلۇق پەيدا بولۇپ، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق، راستىنى ئېيتقىن، گۈلەندەمنىڭ قەسرىگە نېمە ۋەجى بىلەن باردىڭىز؟ — دېدى. نەسىم:

— بۇرۇنمۇ سورىدىڭىز، راستىنى ئېيتقاندىم، — دەپ قولىنى قوينىغا سېلىپ قەدەھنى ئېلىپ:

— ئەي نەيرەڭۋاز، سەلسال مۇلكىدە بىر نەچچە نافە[1] قولۇمغا كېلىۋىدى. ئۇ نافە ھېچ پادىشاھلىقنىڭ خەزىنىسىدە يوق. كېيىنكى تىرىك تۇرغۇزۇپ كېسىۋالغان. ئۇ شۇنداق ئېسىلكى، پۇراپ قويسا بۇرۇن قانايدۇ، — دەپ ماختاپ، ئالدى بىلەن ئۆزى پۇرىدى، ئاندىن راستىنى مەشكىننىڭ قولىغا بەردى. مەشكىن ئۇنى پۇرىغانىدى، بۇرنى قانىدى. ئۇ، مۇنداقمۇ دورا بولىدىكەن، دەپ ماختاشتى. باشقا ئەييارلارمۇ ئۇنى پۇرىدى. ئۇ چاغدا فىتنە بىھوش دورىسى قوشقان كۆپتىكى مەينى ئېلىپ كەلدى. مەشكىن ۋە ئەييارلار مەيخورلۇققا كىرىشتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇپ

---

[1] نافە — كىندىك، كېيىك كىندىكى.

يىقىلدى. فىتنە نەسىمنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ:

— دەرھال ئاتامنىڭ نامىدا خەت پۈتۈپ مۆھۈرىنى بېسىپ، نامىنى شاگىرتىغا ئېلىپ بارساڭ، بەرق فەرەڭنى قۇتقۇزالايسەن، — دېدى. نەسىم يازغان نامە پۈتتى. نامىنى: «ئەي بەھرام، بىلگىنكى، سەلسال مەملىكىتىدە بەرق ئىسىملىك بىر كىشى خوجا سودىگەرنىڭ پەرزەنتىنى ئۆلتۈرگەنىكەن. ھالا ھازىر بۇ خوجا، ئوغلۇمنىڭ قاتىلىنى مۆھتەر مەشكىن تۇتۇپتۇ دەپ ئاڭلاپ مەشكىندىن ئىلتىماس قىلدىكى، قاتىلنى قولۇمغا بەرسە ئوغلۇمنىڭ ئىنتىقامىغا ئۇنى ئۆلتۈرسەم دەپ كۆپ سوۋغاتنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. شۇنداق بولغاچقا بەرقنى بۇ خوجايىنغا تاپشۇرۇپ بەرگىن. ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالسۇن» دەپ پۈتۈپ، مەشكىنىنىڭ مۆھۈرىنى بېسىپ، مۆھتەر نەسىم ئۆزىنى خوجىدەك ياساپ تۆت كوچىغا كېلىپ غەزەپ بىلەن بەرققا:

— ئەي زالىم، مېنىڭ ئوغلۇمنى سەلسال شەھرىدە ئۆلتۈرۈپ، ھېچقانداق گەپ- سۆز قىلمايلا كېتىپسەن. ئاخىرى مېنى تۇتماقچى بوپسەن، — دېدى. بەرق بۇ سۆزدىن تەئەججۈپلىنىپ داڭ قېتىپ قالدى. نەسىم قەغەزنى مۆھتەر بەھرامنىڭ قولىغا بەردى. مۆھتەر بەھرام قەغەزنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. بەرق خەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندى ۋە:

— مۇشۇ كۈنلەردە بالا - قازا ماڭا ئىشىكتىن ۋە تۈڭلۈكتىن يېغىۋاتىدۇ، مەن قاچان ئۇ شەھەر خوجايىنىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەندىمەن، بۇ خوجايىن قەيەردىن پەيدا بولدى، — دەپ كەتتى.

ئەلقىسسە، بەھرام نامىنى ئېلىپ سۆيۈپ، بەرقنى كىرىستىن چۈشۈرۈپ ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى نەسىمگە بەردى. نەسىم بەرقنى كىرىستىن چۈشۈرۈپلا يەرگە يىقىتىپ گەدىنىگە مۇشت بىلەن ئۇرۇپ:

— ئەي زالىم، بۈگۈن شۇنداق كۈنكى، ئوغلۇمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، — دەپ بەرقنى ئېلىپ ئەييارلارنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ كەتتى. نەسىم:

— ئەي ئەييار، ماڭا باشقا پۇرسەت يوق. ھازىر سېنى ئۆيگە ئېلىپ باراي، ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ سۆزلىشەيلى، ئۆيۈم ئۇ تەرەپتە، — دېدى. بەرق پاناھلىق تىلەپ:

— ئەي خوجايىن، سەندىن تىلەپ قەسەم قىلىمەنكى، مېنى ئۆلتۈرمىگىن. مەن گۇناھسىز، — دېدى. نەسىم:

— ئەي فەرەڭى، مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىم. سەن مېنى ئۆلتۈرمىگىن دەپ يالۋۇرۇۋاتىسەنا، — دېدى. بەرق:

— سەن مۇھتەر نەسىم بوۋا ئىكەنسەنغۇ، جان بوۋا، — دەپ دەرھال بەرق مۇھتەر نەسىمنىڭ قولىنى سۆيدى ۋە:

— ئەي نەيرەڭۋاز بوۋا، سىزگە كۆپ ئاپىرىنكى، ئەييارلىقنى جايىغا يەتكۈزۈپ قىلدىڭىز، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق كىشى سىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ـ جۇمۇ. ئەي ئۇستا ماڭا ئېيتىڭا، مەشكىننى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈردىڭىز؟ بۇ قانداق ئىش؟ مېنى قانداق قۇتقۇزدىڭىز؟ — دېدى. نەسىم:

— ماڭا پەرۋەردىگار مەدەت بەرگەنلىكتىن سىزنى دۈشمەننىڭ قولىدىن خالاس قىلدىم. ئوردىغا بېرىڭ، بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ماڭا بۇ جايدا يەنە ئازراق ئىش بار. مەن بۇ ئىشنى تامام قىلىپ ئارقىڭىزدىن بارىمەن، — دېدى. بەرق نەسىمگە ئاق يول تىلەپ، يولىغا راۋان بولدى. نەسىم فىتنەنىڭ ئۆيىگە خوشلاشقىلى باردى. ئۇ مەشكىننىڭ ھويلىسىدىن چىقتى. مەشكىنمۇ ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ نەسىمنى كۆرمىدى. فىتنەدىن:

— مېھمان قايان كەتتى؟ — دەپ سورىدى. فىتنە:

— ئەي ئاتا، مەن ئەييار دەپ لاپ ئۇرىسىز، ھېلىقى نافەنى

سىز ۋە ئەييارلارنىڭ ھەممىسى پۇرىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بىھوش بولدى. ئۇ چىقىپ كەتتى. مەن قورقۇپ باشقا ئىش قىلالمىدىم. ئەمما ئەي ئاتا، مېنىڭ تەلىيىم بار دەپ بىلىڭ. ئۇنىڭ بۇگۈن كېچە يەنە كېلىش ئېھتىمالى بار، سىزگە سالا شۇكى، بۇگۈن كېچە بىر ئەييار بىلەن مۇكۇنۇپ ئولتۇرسىڭىز. نەسىم سىزنى كۆرمىسە مەن مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا بىرجام مەي بەرسەم، ئۇ بىر جام مەي بىلەنلا بىھوش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇ. تىۋالسىڭىز، — دېدى. مەشكىن قىزىغا تەھسىن - ئاپىرىن ئوقىدى. كەچ بولدى، مۇھتەر نەسىم فىتنەنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ فىتنەگە ئاۋاز ئىشارىسى قىلغانىدى، فىتنە نەسىمگە ئىشىك ئېچىپ:

— ئەي ئەزىزيار، مەشكىن بىر ئەييار بىلەن ئۆيگە يوشۇرۇنىدى. سىزنى تۇتقىلى تەييار تۇرىۋاتىدۇ، قولىڭىزغا خەنجەر ئېلىڭ، ئىشىك تۈۋىگە كۆل تاسقاپ قويدۇم. قولىڭىز بىلەن ئېلىپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە چېچىڭ، بۇ ئىشنىڭ چاتىقى ماڭا بولسۇن، مەن ئۇلارنى ئەمدى بىھوش قىلالمايمەن، — دېدى. نەسىم پۈتىنى ئۆيگە قويغانىدى، مەشكىن ئەييارى بىلەن نەسىم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. مەشكىن:

— ئەي نائەييار، ساڭا باتۇرنىڭ ئۆيىگە كېلىشكە نېمە ھەد، — دېدى. نەسىمۇ قولىغا خەنجەر ئېلىپ مەشكىن تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر پەس خەنجەرۋازلىق قىلىشتى. بۇ چاغدا نەسىم كۆك كۆلنى ئۇلارغا چاچقىلى تۇردى. مەشكىننىڭ يۈز - كۆز، بۇرنىغا كۆل كىرىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە قېچىشقا باشلىدى. نەسىم:

— يىگىرمە مىسقال دورا نافەنى زايە قىلدىڭ. ھازىر ئۇنى قولىقىڭغا ھالقا قىلىپ سالىمەن، ئۇنى ھاياتىڭدىكى بىر قىسسە قىلىپ ئېيتقايسەن، — دېدى. فىتنەمۇ ئاز - تولا سىركە - قوغۇن ۋە بىيە - بادام دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ

ئۇلارنىڭ بۇرنىغا پۈركۈتۈپ:

— ئەي ئاتا، ئۇ ئەييار يۈزىڭىزگە بىھوش دورىسىنى سۈرتسە مەن بىرمۇنچە مەست قىلىش خورۇچلىرىنى ئەكىلىپ ئوتتۇرىدا قويۇپ قويدۇم، — دەپ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ ئىشىكنى ئېتىپ ئولتۇردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارغا قارىغاندى، مەشكىن بىلەن ئەييارى بىھوش بولۇپ يېتىپتۇ. مەئجۇننىڭ پۈرىقى تۈگىگەندە فىتنە ئىشىكنى ئېچىپ تاشقىرىغا چىقىپ نەسىمنى چاقىردى. نەسىم كىرىپ فىتنەگە تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. فىتنەنى نەسىم بويىنىدىن تۇتۇپ بىرنەچچە قېتىم سۆيۈپ قويۇپ سالامەت چىقىپ يولىغا راۋان بولدى. ئىككى - ئۈچ فەرسەڭ مېڭىپ بەرق فەرەڭگە يېتىشىۋالدى. ئىككىلەن جاھان پاناھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## يەتمىش توققۇزىنچى قىسسە، ئەجۇەزەھ سىھىرگەرنىڭ بەھزاد دىۋىزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، جەزابەرئادىنىڭ سۇلتان كۇھقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن سۇلتان كۇھنىڭ ئوردىسىغا كەلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، «ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئۈچىنچى جىلدىنىڭ تارىخ ساھىبلىرى جاۋاھىر سۆزلەرنى ئۇنچىدەك تىزىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ كۈنى كەچ بولدى. ساھىبقىران:

— ھىندىستان ئۆلكىسىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالدۇق، يۇرۇش ناغرىسىنى چالسۇن، — دېگەندى، دۇمباقنى شادىيانىگە چالدى. قارشى تەرەپمۇ جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. ھىندىلار تەرەپتىن نەشۋار سۇلتان كۆھدىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ مەردلىك تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن فەرىدۇن سانى ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ نەشۋارنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. ئۇلار نەيزىۋازلىقتا مەشغۇل بولۇپ، ئون ئىككى قەپەز ئېلىشىپ ئاخىرى فەرىدۇن نەشۋارنىڭ نەيزىسىنى نەيزە بىلەن ئۇردى. نەشۋارنىڭ قولىدىن نەيزىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. نەشۋار غەزەپلىنىپ قولىغا ئۇمۇتنى ئېلىپ شۇنداق غەزەپ بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ھاۋادىن بىر قول پەيدا بولۇپ فەرىدۇننىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇلھېمىد ئۇنى كۆرۈپ ئارقىسىدىن ئىزىنى قوغلاپ يۈگۈردى. ئۇ كۈنى كەچكىچە قوغلىدى. ئابدۇلھېمىد بىر سېھىرگەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. سېھىرگەرنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ يەردە ھېچكىشى كۆرۈنمىدى. ئۇ قەلئەدە فەرىدۇننى ئېلىپ كەتكەن كىشىلەر بار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئابدۇلھېمىد بىر كۆشادە جايدا ئولتۇردى. سائەتتىن كېيىن بىر يىگىت شەھەردىن چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا گۆش بار ئىدى. ئۇ گۆشنى ئوتقا تۇتۇپ پىشۇرۇپ يېدى. ئاندىن زارلىنىپ «بالام»، «بالام» دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئابدۇلھېمىد ئۇنىڭ ئەجۋەزەھ سېھىرگەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ پەرزەنتى ئۈچۈن يىغلايدىكەن. ئابدۇلھېمىد بىلىكىدىن ئوقياسىنى ئېلىپ سېھىرگەر تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. ئوق ئۇ جادۇنىڭ كۆكسىگە تېگىپ سۇنۇپ كەتتى. ئەجۋەزەھ كۈلۈپ ئابدۇلھېمىدقا قاراپ:

— ئەي ئادەمزاد، نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟

خالىساڭ بۇ ياققا كەلگىن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئولتۇرغان جايدىن چىقىپ ئەجۇزەھ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تىغنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى، ئەجۇزەھ لېۋىنى مىدىرلاتتى، ئابدۇلھېمىدنىڭ قولى ھاۋادا توختاپ قالدى. بۇ چاغدا ئەجۇزەھ ئورنىدىن تۇرۇپ ئابدۇلھېمىدنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ، قورغان ئىچىدىكى زىندانغا تاپشۇرۇپ بەردى.

ئابدۇلھېمىد بۇ يەردە بەھزاد بىلەن فەرىدۇن سانىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇلھېمىد ئۇلاردىن، سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ دەپ سورىدى. بەھزاد:

— ئەي شاھزادە، بۇ مەلئۇن ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، نەچچە نۆۋەت مېنى ۋىسالىغا نىكاھلىق قىلدى. ناخۇش جاۋاب بەردىم، ئۇ مەلئۇن مېنى ناچار بولۇپ سولاپ قويدى، — دېدى.

ئابدۇلھېمىد:

— ئەي بەھزاد، بۇ ۋاقىتتا گەدەنكەشلىك قىلىش دىۋانىلىك قىلغانغا ئوخشاش ئىش. مەسلىھەت شۇكى، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق ۋە ئىشق ئىزھارىڭنى كۆرسەتكىن، ئۇنى بىرئاز خۇش قىلىپ قولۇڭنى بويىنىغا سالغان بولۇپ كېكىردىكىدىن سىققىن. بىراق ئۆزۈڭنىڭ جېنىغا ئاگاھ بولغىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۇ دەيۈز پالۋانلارنى داۋاملىق مەيداندىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىۋېرىدۇ، — دېدى. بەھزاد پالۋان ئابدۇلھېمىدنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئەجۇزەھ بەندىيارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئەجۇزەھكە:

— ئەي مەلىكە، مەن ئويلىماپتىمەن، بۇ نادانلىقكەن، مەن سىزنى ماڭا يامانلىق قىلىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن سىزگە نالايىق سۆزلەرنى قىپتىمەن. ئەمدى مەن قىلغان سۆزلىرىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. مېنى كەچۈرسىڭىز، — دېدى. ئەجۇزەھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ بەھزادنى باغلاقتىن بوشاتتى. ئۇنى ئېلىپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ

مەي ئىچمەككە مەشغۇل بولدى. مەي كەيپىدە ئىلھامى قوزغىلىپ بەھزادنى قۇچىقىغا تەكلىپ قىلدى. بەھزاد ئەجۋەزەھنىڭ بويىنىغا قولىنى سالغان بولۇپ كېكىردىكىدىن سىقىپ بار كۈچىنى ئىشلەتتى. شۇ تەرىقىدە ئەجۋەزەھنىڭ تېنى مۇزلىدى. بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بەھزاد ئەجۋەزەھنىڭ بەنتخانىسىدىكى جەمئىي پالۋانلارنى بوشىتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە بولسا يەنە سەپ تۈزۈلدى. سۇلتان كۆھنىڭ لەشكەرلىرىدىن دەبىل ھىندى مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ئالماس قۇللار ئاغىسى رۇخسەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ ھىندىنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلار بىر پەس نەيزىۋازلىق قىلىشتى. بىر چاغدا ئالماس:

— ئەي باتۇر، مېنىڭ سەن بىلەن كۆپ ئېلىشقىم يوق،— دەپ ئېتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ قاچتى. دەبىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىنى چاپتۇردى. ئالماس ئوقنى كامانىغا قويۇپ ئارقىغا قاراپ دەبىلگە قارىتىپ ئاتتى. ئوق دەبىلنىڭ بىلىكىگە تەگدى. ئۇ ئالاقزادە بولۇپ قولىنى ئۇمۇتقا قويدى. سۇلتان كۆھ ئىشارەت قىلىۋىدى، بىر يوللا يەتتە يۈز پىل خارتۇمىغا خەنجەر قاداپ مەيدانغا قاراپ ئالا - توپىلاڭ قىلدى. بۇ چاغدا دەشت تەرەپتىن بىر ئاق پىلغا مىنگەن ھىندى كۆرۈندى، ئۇ تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەي ساھىبقىران، مەن بۇ پىل بىلەن ئۇ پىللار لەشكىرىگە بارسام،— دەپ ئىجازەت سورىدى. ئىسكەندەر، پىدائىيغا ئىجازەت بېرىشكە ئەسلا ھاجەت ئەمەس ئىدى، دەپ رۇخسەت بەردى. ئۇ ھىندى پىلنى ھىندىلار لەشكىرى تەرىپىگە يۈرگىلىتىپ بارغانىدى، پىل قورسىقىنى پىللارنىڭ

خارتومىدىكى خەنجەرگە تۆتتى. پىل ئۆزىنى بول[1] قىلدى. پىل خارتومى بىلەن بولنى پىللارغا چاچتى. شۇنىڭ بىلەن پىللار قېچىشقا باشلىدى. ئاق پىلغا مىنگەن ھىندى پىدائىي ھىندىلاردىن ئون ئىككى مىڭنى ھالاك قىلدى. ھىندىلار پىتىراپ كەتتى. كۆن كەچ بولدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى يىغىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى ھىندى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن:

— ئىسمى - شەرىپىڭىز كىم؟ سىز ماڭا نېمە ئۈچۈن مەدەتكە كېلىسىز؟ — دېگەنىدى، ئۇ ھىندى:

— شەھرىيار، مېنىڭ مۇشۇ يېقىندا ئۆز ماكانىم بار. مەن ئۇ يەردە بىر مۇنچە قەبىلە كىشىلىرى بىلەن ياشايمەن، ئۇ يەرگە كىشى بېرىپ باقمىغان. ئۇلار ھېچقانداق پادىشاھقا باج تاپشۇرمايدۇ. ھېچقانداق كىشى بىزگە قول ئۇزارتالمايدۇ. ئۇ ئاق پىل شۇ يەردىكى مەلىكەئى مەيمۇنەنىڭ. ئۇنى مۇبارەك مەيمۇنە دەپ ئاتايدۇ. ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى بىلەن يۈرگەنىكەن. ئۇنى ھىندىلار تۇتۇپ ماڭا ئەكىلىپ بەردى. مەن بۇ پىلنى بېقىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردۈم. ئوتتۇز يىل بولدى. ئالەمدە نۇرغۇن ۋەقەلەر ئۆتتى. مەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئېتىقادىمنى توغرىلىغان. كېچىدە يەنى چۈشۈمدە ئۇ ئانھەزرەت ماڭا: ئەي جاھان ئەھلى ئەلسەباھ، پىل مەيمۇنەگە مىنىپ ئەكرە ئارىلىغا بارغىن. ئۇ يەردە سۇلتان كۆھ پىللارنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى تەرىپىگە قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ چارىسىنى قىلغىن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پەرۋەردىگار ھەممە پىللارنىڭ ئالدىغا پىل مەيمۇنەنى ۋە ئانھەزرەتنى قويغان، دېدى.

---

① بول — ئوزۇقلارنىڭ ئەملىكتە ئۆز ئىچىدىن ئۈنۈپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئەملىك، سۇ، ئاچچىق سۇ.

ئاندىن كېيىن: سەن ئىسكەندەرگە پىل مەيمۇنەنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەلگىن، دېگەنىدى، — دېدى.

ھىندىلار ئانەزرەتنىڭ پەرمانى بىلەن كېلىپ پىل لەشكىرگە شىكەستە بەردى. ئىسكەندەر ئۇ كىشىگە مېھرىبانلىق قىلدى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىپ، پىلنى ئىسكەندەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كەتتى. ئىسكەندەر ئۇ پىلنى جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى، گۈلئەندام تەرەپتىن نەسىم بىلەن بەرق يېتىپ كەلدى. مەشكىن ھەم ئۆز ئوردىسىغا كەلدى. دىلاۋەرلەر:

— مەيدانغا كىم كىرەركىن، — دەپ مەيدانغا ئىنتىزارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. سەھەر ئاپتىپى ھامىيسى تەرەپتىن باش كۆتۈرۈپ جاھان مەيدانىغا نۇرىنى كىرگۈزدى. بۇ چاغدا مالىك شاھ جەزابەر بىلەن يېتىپ كەلدى. سۇلتان كۇھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا دۆلەت ئەركانلىرى بىلەن چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆز ئوردىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى. كۈن كەچ بولدى. سۇلتان كۇھ ھەر تەرەپكە سۆز ئەۋەتىپ، ئەگەر جەزابەردىن ياخشى خەۋەر كەلسە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە دەرھال ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. سۇلتان كۇھ ئۇلارغا:

— خەۋەر ئىشەنچىسىز، — دېگەنىدى. دۆلەت ئەركانلىرى:

— ئىسكەندەرنىڭ خەزىنىسىدە بىر تىغى باركى، ئۇنى شەمشىرى سەلسال دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى سەلسالغا ھەزاردەستان دىۋە بەرگەن. ئۇ شەمشەر جەزابەرنىڭ قولىغا چۈشسە ئىسكەندەرنى مەغلۇپ قىلالايدۇ، — دېدى. سۇلتان كۇھ مەشكىننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي پالۋان، سەن ئىسكەندەرنىڭ خەزىنىسىدىكى شەمشىرى سەلسالنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ

ئوردىسىغا بارغىن، — دەپ بۇيرۇپ تىغنىڭ سۇپىتىنى بايان قىلدى. مەشكىن قولىنى كۆزىگە قويۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ ئوردىغا بېرىپ يېرىم كېچىدە خەزىنىنىڭ ئىشكىگە كېلىپ بىھوش دورىسىنى ئوتقا سېلىۋىدى، دورا بىھوشىنىڭ ھىدى پۇراشقا باشلىدى. قاراۋۇللار بۇنىڭ دۈتى بىلەن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. مەشكىن ئۇ يەردىن چىقىپ خەزىنىخانىغا كىرىپ ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېچىپ ئاخىرى بىر ساندۇقتىن شەمشىرى سەلسالنى تاپتى. ئۇ شەمشەرنى ئېلىپ سۇلتان كۆھنىڭ ئوردىسىغا ماڭدى. ئوردىغا كېلىپ تىغنى سۇيۇپ سۇلتان كۆھنىڭ ئالدىدا قويدى. سۇلتان كۆھ مەشكىنگە خۇشخۇيلۇق بىلەن تون تەقدىم قىلىپ، تىغنى ئۆز قولى بىلەن جەزابەرنىڭ بېلىگە باغلاپ:

— لاتىنىڭ ئۆزى مەدەت قىلغاي، بۇنداق تىغ قولۇمغا كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە زەربە بەرگىن، — دېدى.

تىغنى جەزابەرنىڭ بېلىگە باغلىغاندا، نەسىم سۇلتان كۆھنىڭ بارگاھىنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىدى. ئۇ بۇنى كۆرۈپ زەردە بولۇپ دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە ئەرز قىلدى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. ھىندى لەشكەرلىرى تەرەپتىن جەزابەر ئادى مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئاجايىپ بىر تىغ قولۇمغا چۈشتى، — دەپ چۇقان - سۈرەن قىلدى. ئىسكەندەر قوشۇنى تەرەپتىن شاھزادە ئابدۇلھېمىد بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇلار نەيزەۋازلىققا مەشغۇل بولدى. لېكىن ئۇنىڭدىن ھەر ئىككىلەننىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. بۇ چاغدا جەزابەر غەزەپ بىلەن بېلىدىن تىغنى ئېلىپ ئابدۇلھېمىدقا شۇنداق ئۇردىكى:

— تىغقا قارا، — دېدى. ئابدۇلھېمىد بېشىغا قالقان تۇتتى. جەزابەر تىغنى قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇرغانىدى، تىغ قالقاندىن كېسىپ ئۆتۈپ ئابدۇلھېمىدنىڭ بېشىغا ئىككىلىك ئورنىدى. ئىسكەندەر بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيۋە قىلىۋىدى، ئەييارلار مەيدانغا تۆكۈلۈپ ئابدۇلھېمىدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر ئارستونى ئابدۇلھېمىدنىڭ يارىسىنى تېڭىپ مەلھەم قويۇشقا بۇيرۇدى. ئارستو ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا كېلىپ يارىسىنى كۆردى. ئۇيەردىن قايتىپ چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— شاھزادىنىڭ يارىسىغا دورا كىرىشمەيدۇ، ئەگەر زەررىن دېۋىنىڭ مۇڭگۈزى بولسا مۇمكىن ئىدى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— زەررىن دېۋىنىڭ مۇڭگۈزى ئابدۇلھېمىدنىڭ خەزىنىسىدە بار، دەرھال نەسىم بېرىپ خەزىنىدىن زەررىنتەن دېۋىنىڭ مۇڭگۈزىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنى پىچاق بىلەن قىرىپ يارىغا سالغانىدى، ئابدۇلھېمىد كۆزىنى ئاچتى. ئەتىسى جەزابەر يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. فەرىدۇن سانى ئىجازەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. شۇ ئەسنادا دەشت تەرەپتىن چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى. چاڭ ـ توزان قويۇن بولۇپ كېلىپ جەزابەرنى چىرماپ يىقىتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە خۇشال بولۇشتى. ھىندىلار ساراسىمگە چۈشتى. ئەتىسى قەھرۇشنىڭ يارىسى ساقايغانىدى. ئۇ سۇلتان كوھتىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ چوقان ـ سۈرەن سېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شۇ ئەسنادا باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى. نىقابدار بىر يىگىت پىل مىنگەن يەتتە يۈز پالۋاننى باشلاپ كەلدى. يىگىت مەيدانغا كېلىپ قەھرۇشنىڭ سارىسىمىنى ئالدى. ئۇلار نەيزە ۋە ئۇمۇت،

شەمشەر بىلەن ئېلىشتى. لېكىن ھېچقايسىسىدىن مۇرادى ھاسىل بولماي ياقا تۇتۇشۇپ قەھرى بىلەن ئېلىشتى. بىر چاغدا ھېلىقى يىگىت قەھرۇشنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ، مەيدىسىگە مىنىپ قولىنى باغلاپ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى. كەچ بولدى. سۇلتان كۇھ دۆلەت ئەركانلىرىغا:

— مۇنەججىملەر، شەھىرى ئاپتاپ تەمادىن بىر ساھىبقىران پەيدا بولۇپ ئاشۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ دەپ ئاڭلاپ، شەھىرى ئاپتاپ تەمادىن جەزابەرنى كەلتۈردۈم. جەزابەر ئىشنى ئاسانلاشتۇردى. مېنىڭ سىپاھىلىرىمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى قەھرۇش بىننى مۇلك سۆكيار دۆلىتىمنىڭ سەردارى ئىدى. ئۇنى نىقابلىق يىگىت ئېلىپ كەتتى. ئەمدى سىلەر بىرنەرسە دەپ بېقىڭلار، — دېدى. بۇ يەردە جالىنۇس بار ئىدى. ئۇ ھىندىلارنىڭ ھۆكۈمالىرى بىلەن ئىككىنچى قېتىم «قۇرئى»① تاشلاپ مۇنەججىم ھېكىمغا قاراپ:

— ئۇ ساھىبقىران شەھرىيار ئاپتاپ تەما بىز دېگەن جەزابەر ئەمەسكەن. ئۇ پالۋان ھازىر ئاپتاپ تەمادا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى فەرۇزدۇر، — دېۋىدى، سۇلتان كۇھ جالىنۇسقا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، سىز بۇ يىگىتنى تېپىش ئۈچۈن شەھىرى ئاپتاپ تەماغا بارسىڭىز بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى. جالىنۇس:

— ئەي شەھرىيار، ئۇنى كەلتۈرۈشكە ھېچقانداق ئىش كەتمەيدۇ، لېكىن خەزىنىدىكى مال - دۇنيادىن خېلى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى. سۇلتان كۇھ:

— ئالدىمدا ئىسكەندەردەك دۈشمىنىم تۇرغان يەردە خەزىنەمدىن مال - دۇنيا سەرپ بولۇشىدىن ئەسلا ئەندىشە

---

① قۇرئى — پال، رەمل.

قىلمايمەن. خەزىنىنىڭ ئىختىيارلىقىنى سىزگە قويدۇم، قانچىلىك مال كېرەك بولسا شۇنچىلىك سەرپ قىلىڭ، — دېدى. جالىنۇس جەزابەر بىلەن سەپەرنىڭ جابدۇقىنى قىلىپ شەھرى ئاپتاپ تەماغا ماڭدى. بۇ ئىش ھەققىدە ئىسكەندەرگە خەۋەر يەتتى. ساھىبقىران مۇھتەر نەسىمگە قاراپ:

— ئەي نەسىم، باشىڭ زەخمىمنى قانداق داۋالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەر. ھازىر جالىنۇس ئاپتاپ تەماغا قاراپ مېڭىپتۇ. سەنمۇ ئاپتاپ تەماغا بېرىپ كۆرگىن. ئۇ ساھىبقىران يىگىت قانداق ئادەمكىن، — دېدى. نەسىم ئەمىرنىڭ پەرمانى بىلەن جالىنۇسنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭدى. نەسىمنىڭ ئاپتاپ تەمادىكى خوجا ئەھمەد بىلەن قەدىناس دوستلۇقى بار ئىدى. نەسىم فەرۇزنىڭ خوجا ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. جالىنۇس ھەمراھلىرى بىلەن ئاپتاپ تەماغا بېرىپ فەرۇزنىڭ ماكانىغا يېتىپ باردى. نەسىم ئۇلاردىن بۇرۇن يېتىپ بارغانىدى. فەرۇز نەسىمنى كۆرۈپ تولا مېھرىبانلىق قىلىپ، دۇكاننى يىغىپ خوجا مۇفتىنى (نەسىم ئۆزىنى مۇفتى سۈرىتىدە قىلىۋالغانىدى) ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار بىردەم بەزمە قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشتى. نەچچە كۈن ئۆتتى.

سۇلتان كۈھ جالىنۇس ئىسىملىك ھۆكۈمانى بۇ شەھەرگە ئەۋەتىپتۇ. مالىك شاھ بىلەن ئوغلى شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، دېگەن خەۋەر خوجا ئەھمەد بىلەن ئوغلى فەرۇزغا يەتتى. خوجا ئەھمەد بىلەن فەرۇز خوجا ئاتقا مىنىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. جالىنۇسقا شاھنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئالدىغا كېلىۋاتقانلىق خەۋرى يەتكەندە، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن تەزىم قىلىپ توردى. ئامان - ئېسەنلىك سوراشقاندا جالىنۇسنىڭ نەزەرى فەرۇزغا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن ئىسمىنى سورىدى. شاھزادە:

— ئىسمىم فەرۇزدۇر، — دېدى. جالىنۇس قويىندىن رەملنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ساھىبقىران - دۆلەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئەلقىسسە، جالىنۇس ھەمراھلىرى بىلەن شەھەرگە كىردى. بارگاھتا قارار ئالدى. ئەتىسى جالىنۇس فەرۇزنى تەلەپ قىلغانىدى، خوجا ئەھمەد چىقىپ فەرۇزنى چاقىردى. فەرۇز جالىنۇسنىڭ ھوزۇرىدا ھازىر بولدى. جالىنۇس يېنىدىن ئورۇن بېرىپ فەرۇزغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، مەن سۇلتان كوھنىڭ پەرمانى بىلەن سېنى ئالغىلى كەلدىم. مۆھۈرنى خالىساڭ ساڭا بېرىمەن، — دەپ بىردەستە شاھانە توننى چىقىرىپ كىيدۈردى. بارگاھتا شاھانە ئورۇن بەردى. ئۇلۇغلارنىڭ فەرۇزغا تەربىيە بېرىشى زۆرۈر، دەپ قاراپ ئۇلۇغلارنى بۇيرۇدى...

ئەلقىسسە، ئەتىسى خوجا مۇفتى (نەسىم) فەرۇزنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئىھتىرام بىلەن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي دىلاۋەر، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىپادىسى ئەييارلىقنىڭ ۋۇجۇدىدىندۇر. بىردانە ئەييارلىق ئەسۋابى سىزگە لازىمدۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتىدىكى نەسىم ئەييارنىڭ ۋۇجۇدى ھەم بۇنىڭغا ۋاستىدۇر، — دېگەنىدى، فەرۇز ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجا مۇفتى، ئەييار دېگەننى پۇل بىلەن تاپقىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، — دېدى. نەسىم بېشىنى مىدىرلىتىپ ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. فەرۇز:

— ئەي مۇفتى، ئەييارلىقتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ — دېدى. مۇفتى:

— ئەلۋەتتە، بىراق قورقىمەنكى، سىز بەك مەغرۇر ئىكەنسىز. مەن سىز بىلەن بەسلەشسەم شەرمەندە بولارمەنمىكىن، — دېدى. فەرۇز ئەييارنىڭ دېگىنىنى ئاڭلاپ:

— كۆڭلىڭىز خالىغىنىغا ئەمەل قىلسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلسىڭىز مەن شەرمەندە بولۇپ قالىمەن، — دېدى. مۇفتى:

— نېمىنى خالىسام شۇنىڭغا ئەمەل قىلاي. بېرىڭ، ئۇ ئەييارنى مۆكتۈرۈڭ، — دېدى. بۇ چاغدا نەسىم ئۆزىنى ئاشكارىلاپ:

— سىز دېگەن ئەييار مەن بولىمەن. مەن ئۆزۈمنى مۇفتى سۈرىتىدە قىلىۋالغان، — دېدى. يەنە، — ياشلىقىمدا ئەييارلىققا بەك زوقۇم بار ئىدى. فەرەھنىڭدىمۇ كۆپ قېتىم ئەييارلىق قىلغانمەن. مەشكىن بىلەن بەرق فەرەھمۇ مېنىڭ ئىتائىتىمگە كەلگەن، — دېدى. فەرۇز ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجا، ئەگەر بۇ ئىشنى قىلسىڭىز مەن دۆلىتىمگە شېرىك قىلىمەن، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭغا:

— بۇ شەرت بىلەن مېنىڭ سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىز، — دېدى. فەرۇز:

— سىناپ كۆرەرسىز، — دېدى. نەسىم بارگاھتىن چىقتى بىردەمدىن كېيىن بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن بىر زەڭگىنىڭ ساداسى كەلدى. فەرۇز ئۇنىڭغا قاراپ خوجا مۇفتىنى كۆردى. ئۇ پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپتۇ. قارا مەخمەل چاپان كىيىپتۇ، بەلۋېغىغا تۆت خەنجەر ئېسىپتۇ، تۆت جىلتىنىڭ بېغىغا تۆت خەنجەر ئېسىپتۇ، ئىككى كۆلاھنىڭ چۆرىسىگە قارا رەڭدە قولاقلىق تۇتۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوغرىدەك بۇ خىل قىياپىتى فەرۇزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. فەرۇز ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— ئەي خوجايىن، سىزنى پەرۋەردىگار ئەييارلىق ئۈچۈن ياراتقان ئوخشايدۇ، — دېدى. نەسىم ئۇنىڭغا:

— مېنى ئەمدى خوجايىن دېمىگىن: مۇھتەر مۇفتىنىڭ مېنىڭدىن ئارتۇقچىلىق قىلىدىغان يېرى شۇكى، جەمشىد ۋە

جالىنۇسقا ئىستىغپار بىلەن قارام بولۇپ ئۇلارغا تەزىم قىلىپ تۇراتتى. ئەمما مەن ۋە سەن ئۇنداق قىلمىغان.

ئەلقىسسە، فەرۇز جالىنۇسنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ تەختتە پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇردى. ھېچقانداق كىشىگە تەزىم قىلمىدى. جالىنۇس: «بۇگۇن فەرۇز مەرد بوپتۇ» دەپ بىلدى ۋە بارگاھنىڭ تۆرىگە قاراپ بىر ئەييارنى كۆردى. ئۇنىڭغا «ھە!» دەپ قويسىلا ئاسمانغا پەرۋاز قىلىدىغاندەك تۇراتتى. جالىنۇس:

— بۇ كىمنىڭ ئەييارى؟ — دەپ سورىدى. خوجا ئەھمەد:

— بۇ فەرۇزنىڭ ئەييارى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھتەر مۇفتى، — دېدى. جالىنۇس رەمل كىتابىنى ئېلىپ رەمل سېلىپ مۇھتەر مۇفتىنىڭ تەلىيىنى مۇھتەر نەسىمنىڭ تەلىيى بىلەن باراۋەر كۆردى ـ دە، فەرۇزغا:

— ئەي فەرۇز، ئۇ ئەييارنىڭ ئىززىتىنى ئوبدان قىلىڭ. بۇ ئەييار ئالەمنى ئۇيقۇغا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق كىشى نەسىمنىڭ ئىلاجىنى قىلالايدۇ، دەپ قارىسا مۇشۇ ئەييار قىلىدۇ، — دېدى. ئەمما جالىنۇس زىيادە ماختاپ ئولتۇرمىدى. ئۇ نەسىمنى تونۇيتتى.

ئەلقىسسە، مۇھتەر مۇفتى ھەركۇنى فەرۇزغا تەلىم بەردى. فەرۇز مۇھتەر مۇفتىغا:

— جالىنۇسقا ئېيتقىن، پالانى ئەسۋاب، پالانى ئەلەم ۋە پالانى گۇرزىنى خالايمەن، — دېدى. جالىنۇس ئۇلارنى تېپىپ بەردى. فەرۇزنىڭ جابدۇقى پۇتۇپ يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن ئەكرە ئارىلىغا راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ سىپاھى ۋە سۇلتان كۇھنىڭ سىپاھى سەپ تۇزۇشتى. بۇ چاغدا باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن جەزابەر ئادى كەركىدانغا مىنىپ چىقىپ كەلدى. سۇلتان كۇھ خۇشال بولۇپ، جەزابەرنىڭ ئالدىغا بىر پالۋاننى ئەۋەتتى.

جەزابەر شۇ ھالەتتە كەركىدانىنى مەيدانغا يۈگۈرتۈپ كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى تەرەپتىكى قارا كېيىم كىيگەن نىقابدارنىڭ سېپىدىن نىقابلىق بىر تەلۋە مەيدانغا كىرىپ جەزابەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆپ سىپاھگەرلىك قىلغاندىن كېيىن جەزابەرنىڭ قولىدا يارىدار بولدى.

ئەلقىسسە، بىر ھەپتىدە دىلاۋەرلەردىن يىگىرمە بەشى جەزابەرنىڭ قولىدا يارىدار بولدى. ئون يەتتە دىلاۋەر شېھىت بولدى. شېھىت بولغانلارنى غۇسل قىلدۇرۇپ دەپنە قىلدى.

ئەلقىسسە، بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان كۆھنىڭ ئوردىسىدا جەڭ دۇمبىقىنىڭ بېشارەت ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىسكەندەر مۇلازىملىرىدىن:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى. مۇلازىملار:

— فەرۇز ساھىبقىران كەپتۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— چىقىپ تاماشا قىلاي، — دەپ ھەممىسى ئاپتاپ تەمانىڭ يولىغا چىقىپ تۇردى. سۇلتان كۆھ ئەركانى دۆلەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. بىر ئازدىن كېيىن فەرۇزنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى نامايان بولدى. فەرۇز ئەجدىھا ئەلەمنىڭ سايىسىدە ئاتقا مىنىپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ نىشانى چېھرىسىدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئىسكەندەر فەرۇزنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

ئەلقىسسە، سۇلتان كۆھ فەرۇزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا داخىل قىلدى. سۇلتان كۆھ گۇرزە - زەرەنگارنى جەزابەرنىڭ تۆۋىنىدە قويۇشقا ئەمر قىلدى. ئەتىسى جەزابەر بارگاھقا كەلدى. گۇرزىسى زەرەنگارنى قولىنىڭ يېنىدا كۆرۈپ:

— بۇ گۇرزى كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— فەرۇزنىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. جەزابەر:

— ئەي سۇلتان كۆھ، سىزنىڭ بارگاھىڭىز ئولا ئازادە ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. سۇلتان كۆھ

سودىگەرلەرگە دىلاۋەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن تەيىن قىلغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپ كۈلدى. جەزابەر:

— ھازىر سىزنىڭ دىلاۋەرلىرىڭىزگە ھېچقانداق تۇسقۇنلۇق ۋە زەرەر يوق، — دېدى. بۇ چاغدا نەسىم بۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرھال كېلىپ فەرۇزغا ئېيتتى. فەرۇز، سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ دېدى. نەسىم:

— بارگاھقا داخىل بولغان ۋاقتىڭىزدا ماڭا ئىشارەت قىلسىڭىز، مەن سىزنىڭ گۆرزىڭىزنى كۆتۈرۈپ جەزابەرنىڭ گۆرزىسىنىڭ يۇقىرىغا قويىمەن. ئەگەر بۇ چاغدا جەزابەر سۆز قىلسا جەزابەر رويىنتەنىدۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىز خەنجەر ۋە شەمشەر كار قىلمايدۇ، — دېدى. فەرۇز:

— ئاندىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. نەسىم:

— خۇددى ماتانى يىرتقاندەك كىيىمىنى يىرتقىن ياكى بېشىنى تېنىدىن ئۈزگىن، — دېدى. فەرۇز:

— ئۇنداق بولسا شۇنداق قىلاي، — دېدى. فەرۇز سۇلتان كۆھنىڭ بارگاھىغا راۋان بولدى. ئۇ بارگاھقا كىردى. ئۇ مەجلىسنىڭ تۆپىسىگە كەلدى. نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ كورسىقا يېقىن كەلدى. فەرۇز:

— ئەي مۇفتى، مېنىڭ تەختىمنى جەزابەرنىڭ تەختىنىڭ يۇقىرىسىدا قويغىن، — دەپ ئەمىر قىلدى. نەسىم شۇنداق قىلدى. بۇ چاغدا جەزابەرنىڭ غەزەپ دەرياسى جۇش ئۇردى ۋە:

— ئەي تاجىسىززاد، نېمە سەۋەبتىن ئۆز سەندەلىڭنى[1] دىلاۋەرلەرنىڭ يۇقىرىسىغا قويىسەن؟ — دېدى. فەرۇز سۆز قىلماي ئولتۇردى. جەزابەر بۇ سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. فەرۇز سۇلتان كۆھقا قاراپ:

---

[1] سەندەل — تەخت، ئورۇن، كورس.

— ئەي پادىشاھ، بۇ مەرد ئەمەس، ماز ئىكەن ۋە دىۋانىكەن. نېمە ئۈچۈن بارگاھتا ئۇنىڭغا دىلاۋەر بىلەن بىرقاتاردا جاي بېرىسىز؟ ئۇ نېمىسىگە شۇنچىلىك چوڭچىلىق قىلىپ پادىشاھلارنىڭ بارگاھىدا ھاڭۋېقىپ يۈرىدۇ؟ — دېدى.
جەزابەر بۇ سۆزنى فەرۇزدىن ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ گۈرزىسىنى ئېلىپ فەرۇز تەرەپكە ئاتتى. گۈرزە فەرۇزنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ ئازىراق پېشانىسى يېرىلىپ قان چىقتى. فەرۇز بۇنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كۆتۈرۈپ، سەۋر تەختىدە ئولتۇردى. جەزابەر قولىغا خەنجەر ئېلىپ فەرۇزغا قاراپ ئېتىلدى. فەرۇز ھەم بۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇپ جەزابەرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ گەۋدىسىگە نەچچە مۇشت ئۇرۇۋىدى، جەزابەر خۇددى سوقما تامدەك يىقىلدى. فەرۇز چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ بىر قولى بىلەن ئېگىكىنى تۇتقانىدى، بۇ چاغدا سۇلتان كۇھ:
— ئەي فەرۇز، نېمە قىلماقچىسىز؟ — دېدى. فەرۇز جەزابەرنىڭ بېشىنى ئىتنىڭ بېشىنى كەسكەندەك كېسىپ تاشلىۋېتىپ ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. سورۇننىڭ ئۇلۇغلىرى بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى. فەرۇز:
— ئەي پادىشاھ، ئەمدى ئەمىر قىلىڭ. جەڭ دۇمبىقى چالسۇن، — دېدى.
سۇلتان كۇھنىڭ ئەمرى بىلەن جەڭ دۇمبىقى نەۋازىشقا كەلتۈرۈلدى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر ھەم جەڭ دۇمبىقى چالدۇردى. ئەتىسى فەرۇز مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. زەپەر قوشۇنىدىن مۇھەممەد شىرزاد مەيدانغا كىرىپ بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن پۇتى سۇندى. ئۇنى ئەييارلار مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ كۈنى كۈن كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئۆز ئارامگاھىغا ياندى. سۇلتان كۇھنىڭ پەرمانى بىلەن فەرۇزنىڭ بېشىدىن ئالتۇن - كۈمۈش چاچقۇ قىلدى. كېچىدە

ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلىنىپ تۇردى. فەرۇز مۇھتەر مۇفتىدىن:

— بۇ نىمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سورىدى. مۇھتەر مۇفتى:

— بۇ دۇمباق ئەفلاتۇننىڭ ئاۋازىدۇر، — دېدى. فەرۇز:

— بۇگۈن كېچە بېرىپ ئۇ دۇمباقنى ئېلىپ كېلەي. مۇنداق دۇمباقنىڭ سۇلتان كۇھنىڭ ئوردىسىدا بولغىنى - ى ئوبداندۇر، — دېدى.

مۇھتەر دەۋران فەرۇزنىڭ بۇ دەبدەبىسىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئىسكەندەر ئوردىسىغا بېرىپ، مۇھتەر كەھەڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

— ئىسكەندەرگە ئېيتىپ قويغىن، بۇگۈن كېچە فەرۇز ئەفلاتۇن دۇمبىقىنى ئوغرىلىغىلى كېلىدۇ، — دېدى. كەھەڭ دەرھال كېلىپ بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە ئېيتتى. ئىسكەندەر، بۇگۈن كېچە چېچەن بىر دىلاۋەرنى كۆزەتچىلىككە قويايلى، دەپ ئەمىر قىلدى.

شاھزادە يۇنانىي سام بىننى فەرىدۇن بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن «مەن چىقسام» دەپ رۇخسەت ئېلىپ ئەييار لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا چىقتى. يېرىم كېچە بولغاندا فەرۇز ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ناغرىخانىغا يېتىپ كېلىپ دۇمباقنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى. شاھزادە سام دۇمباقنى ئېلىپ كەتكەنلىكنى بىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. لېكىن چارىسىنى قىلالمىدى. فەرۇز خۇشال - خۇراملىق بىلەن دۇمباقنى سۇلتان كۇھنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كەلدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈشۈپ تۇرغانىدى، فەرۇز مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر قوشۇنى تەرەپتىن سام بىننى فەرىدۇن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ، كۆپ جەۋلانبازلىق قىلىپ

ئېلىشىشقا مەشغۇل بولدى. بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن ئاخىر فەرۇز سامنىڭ قەددىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرغانىدى، نەسىم كېلىپ فەرىدۇن سامنىڭ قولىنى باغلاپ مەيداندىن ئاچىقىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي يۇنانلىق، شۇنداق ۋاقىت كەلدىكى، ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنى بۇ تاجىزادە تۇتىدۇ، مەن ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. سام نەسىمنى تونۇدى ۋە ئۇنىڭغا:

— ئەي تۈز كور، سېنىڭ كاززاپ بولۇپ قىلىشىڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دېدى. نەسىم:

— مەن شۇنداق كاززاپ بولدۇمكى، بىرشاتۇردىن ئىككى شاتۇر بولدۇم، — دېدى. سام:

— ئەمىسە مېنى ئۆلتۈرگىن، — دېدى. نەسىم:

— تىرىكچىلىكتە خەرەج لازىم ئىكەن، ئەگەر ئۆلتۈرمىسەم نېمە بېرىسەن؟

— بەش يۈز تومەن (پۇل) بېرەي، — دېدى سام. نەسىم:

— ئەگەر ئۆلتۈرمەي، زىنداندا ساقلىسام ئىككى مىڭ تومەن پاتمان ئاشلىق بېرەمسەن؟ سام:

— ئىككى مىڭ تومەن بېرىشكە رازى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئىككى مىڭ تومەنگە سامدىن ھۆججەت ئېلىپ سامنى يەردە قويدى. ئۇنى زىندانغا ئېلىپ كىرىپ سولاپ قويدى.

فەرۇز مەيدانغا كىرىپ يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. ئەمىرخان مەيدانغا كىردى. نەسىم ئۇنىمۇ ئېلىپ چىقىپ باغلىدى. قوشۇنلار جەڭدىن قايتىش دۇمبىقىنى سوقۇپ ئارامگاھلىرىغا ياندى. فەرۇز سۇلتان كۆھنىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەتىسى فەرۇز مەيدانغا كىرىپ يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ تەرەپتىن سەئدان دېۋزاد، ئىسھاق بىننى ئەلۋەس ۋە يەنە ئون بەش دىلاۋەرنى پالاكەت باستى. كەچ بولدى. ئەمىر ئىسكەندەر:

— بىر دىلاۋەر بېرىپ ئەفلاتوننىڭ دۇمبىقىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى.

شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئىجازەت ئېلىپ يولغا چىقتى. بەرق فەرەڭ ئابدۇلھېمىدقا:

— مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ باراي، — دەپ ماڭدى. ئۇلار سۇلتان كۆھىنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇلار دۇمباقنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقتى. بۇ ئىش فەرۇزغا يەتتى. فەرۇز دەرھال ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئالدىنى توستى. بەرق دۇمباقنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى ۋە:

— ئەي دىلاۋەرلەر، ئەگەر دۇمباق ئۇچۇن جەڭ قىلساڭلار، دۇمباقنى ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بارايلى، — دېدى.

فەرۇز جېدەلدىن قولىنى يىغىپ ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈشتى، فەرۇز مەيدانغا كىرىپ:

— دۇمباقنى ئوغرىلىغۇچى قەيەردە بولمىسۇن مەيدانغا كىرسۇن، — دەپ چۇقان سالدى. بۇ چاغدا ئابدۇلھېمىد ساھىبقىراندىن ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى، بىردىنلا بىر تەرەپتىن بىر ئاق كىيىملىك نىقابدار پەيدا بولۇپ مەيدانغا كىرىپ فەرۇزنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار بىر مۇنچە ئېلىشقاندىن كېيىن، نىقابدار فەرۇزنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ يەردىن دەس ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگەندە فەرۇزنىڭ كەمىرى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. نىقابدار ئۇنىڭغا:

— بېرىپ كەمىرىڭنى ئۇلاپ ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن، — دەپ مەيداندىن قايتتى. فەرۇز چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نىقابدار ھەم لەشكىرى تەرەپكە كەلدى. ئەتىسى فەرۇز يەنە مەيدانغا كىرىپ مەردلىك تەلەپ قىلدى. يېشىل كىيىملىك نىقابدار بىر تەرەپتىن يېتىپ كېلىپ مەيدانغا

كىردى. ئۇلار ئىلىشىپ ئاقىۋەت نىقابدار فەرۇزنىڭ قولىدا يارىلاندى. ھەمراھلىرى ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئەمىر ئارستونى نىقابدارنىڭ قەلئەسىگە ئەۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئارستو قايتىپ كەلدى.

— ئەي شەھرىيار، سىزگە خۇش خەۋەر، يېشىل كىيىملىك نىقابدار سىزنىڭ قەبات ئاتلىق پەرزەنتىڭىز ئىكەن، — دېدى.

ئەمىر ئۇ نىقابدارنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى. ئەتىسى فەرۇز يەنە مەيدانغا كىرىپ مەردلىك تەلەپ قىلدى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ فەرۇزنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. ئۇلار دەريانىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇتۇشتى. بىرچاغدا نىقابدار كىران گورزىسىنى فەرۇزغا «يا پىرىم مەدەت» دەپ ئۇرغانىدى، كۆرۈك گورزىنىڭ زەربىسىگە باب كېلەلمەي سۇنۇپ كەتتى. ئۇ ئىككى دىلاۋەر دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار سۇدا ئۈزۈپ يۈردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## سەكسىنىنچى قىسسە، يېشىل كىيىملىك نىقابدار بىلەن فەرۇزنىڭ سۇدىن چىقىپ، ئۇنىڭ نام - نەسەبىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ھىندىستاننى بويسۇندۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، سۆز دېگۈزىدىن ئۇنچە تىزغۇچى ھېكىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يېشىل كىيىملىك نىقابدار بىر

كېچە ـ كۈندۈز سۈدا قېلىپ بىر جەزىرىگە چىقىپ ھالىدىن كەتتى. جەڭدىن ھېرىپ ياتقانىدى، بىر مۇنچە كارۋانلار جاڭگالدىن پەيدا بولۇپ نىقابدار بىلەن جېدەل قىلىشتى. نىقابدار ئۇلاردىن ئىككىسىنى تۇتۇپ بويىنىنى ئۈزدى. يەنە بىرىنى تۇتۇپ:

— راستىنى ئېيتقىن، بۇ جەزىرە كىمگە تەئەللۇق؟ — دېدى. ئۇ:

— بۇ جەزىرىنى «جەزىرەئى سۇلۇق قىيا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەرنىڭ ئۇلۇغىنىڭ ئىسمى قەھرمان سەراھى، — دېدى. نىقابدار ئۇ كىشىگە:

— بېرىپ قەھرمانغا ئېيتقىن، كېلىپ ماڭا ئەستائەت قىلسۇن، — دەپ قويۇپ بەردى. ئۇ كىشى قەھرماننىڭ يېنىغا كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. قەھرمان گۇرزىنى كۆتۈرۈپ نىقابدارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە نىقابدارغا قاراپ:

— ئەي بىئەدەپ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئادەملىرىمنى ئۆلتۈرىسەن؟ مېنىڭ قولۇمدىن بۇ گۇرزىنى ئالغىن، — دەپ ئۇنىڭغا ئۇردى. نىقابدار گۇرزىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ بېشىدىن ئەلەمدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇپ:

— ئەي دىلاۋەر، ئاڭلاپ قوي، مەردانىلار كۆتۈرگەننى تاشلىمايدۇ، — دەپ قەھرماننى يەردە قويدى. قەھرمان نىقابدارنى باشلاپ كېلىپ لەشكەرلىرى بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. نىقابدار قەھرماننى ئۆزىگە قايىل قىلىپ ئۆزى ئەكرە ئارىلىغا ئاتلانماقچى بولدى. ئەتىسى نىقابدار قەھرمان بىلەن ئون ئىككى مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ ئەكرە تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە فەرۇز تۆت سائەتتىن كېيىن ساھىبقىرانلىق قۇۋۋىتى بىلەن سۇدىن چىقىپ نەچچە كۈن يول مېڭىپ بىر قەلئەگە كەلدى. ئۇ قەلئەنىڭ پادشاھىنىڭ ئىسمى فەرۇخ

بولۇپ، سۇلتان كۈھنىڭ دوستلىرىدىن ئىدى. فەرۇزنىڭ ئۇن ئىككى مىڭ لەشكىرى فەرۇز يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۇمىد ئۈزۈپ ئەكرە تەرەپكە كەتتى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بىلەن سۇلتان كۈھ جەڭنى نەچچە كۈن توختاتتى. فەرۇز بىلەن نىقابداردىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئىككى تەرەپ، جەڭ ناغرىسىنى شادىيانىگە كەلتۈرۈپ سەپ تۈزۈشتى. سۇلتان كۈھ:

— ئەي دىلاۋەرلەر، يەككە - يىگانە مەيدانغا كىرىپ ئىسكەندەر بىلەن تەڭ كېلەلمەيسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئۇلارغا سەلتەنەتىمىز بىلەن ھەيۋە قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۈتۈن لەشكەر بىلەن ھەرىكەت قىلىمىز، — دېدى.

بۇ تەرەپتىن ئىران ۋە تۇران لەشكەرلىرى جەڭ مەيدانىغا تۆكۈلدى. پىيادە ۋە ئاتلىقلارنىڭ چاڭ - توزان، گۇلدۇراس داقا- دۇمباق سادالىرى ئاسمان گۈمبىزىنى گۈمبۈرلىتىپ يەر- جاھاننى لەرزە قىلدى. تارغاق - ئورغاقلارنىڭ جاڭ - جۇڭلىرى، چوماق - گۇرزىلەرنىڭ تاراق - تۇرۇقى، ئوقيالارنىڭ ئاۋازى، شەمشەرۋازلارنىڭ جەڭگە - جېدەللىرى، پايلاقچى نەيرەڭۋازلارنىڭ قاچ - قۇچ ئاۋازلىرى، دىلاۋەرلەرنىڭ تۇتقۇن - باغلاش ئاۋازى، يېرىمجانلارنىڭ نالىسى پەلەكنىڭ قەرىگە يەتتى.

ئاخىرى ھىندى لەشكەرلىرى شىكەست يەپ قېچىشقا ئاران- ئاران تۇراتتى، فەرۇز يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنى قامال قىلىپ ئىشنى قىيىنلاشتۇردى. بۇ چاغدا يېشىل كىيىملىك نىقابدار يېتىپ كېلىپ ئۆزىنى ھىندى گورۇھىغا ئۇردى. كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ بولدى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىندى. ھەر ئىككى قوشۇن ئارامگاھىغا ياندى. ئىسكەندەر ئېتىنى يۈگۈرتۈپ نىقابدارنى بارگاھقا ئېلىپ كېلىپ نام - نەسەبىنى سورىدى. ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىمى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۇ يىگىتنىڭ نام ـ شەرىپى رۇستەم سانى ئىكەن، سىلىنىڭ قىزلىرىنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ سانى سەبۇكتىبگىندۇر، — دېگەنىدى، ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ زىياپەت ياسىدى. ئىسكەندەر: جەڭ دۇمبىقى سوقۇلسۇن، تاڭلا ئۆزۈم مەيدانغا كىرىمەن، دەپ ئەمىر قىلدى. تاڭ ئاتتى. كۈن چىقىشى بىلەن تەڭ ئىككى قوشۇن خۇددى ئىككى دەريا مەۋج ئۇرغاندەك سەپ تۈزۈشتى. سۇلتان ساھىبقىران بۇ قېتىمقى ئۇلۇغ جەڭنى مۇلاھىزە قىلىپ زەپەر جىلۋىسىنى كۆردى. بۇ چاغدا فەرۇز رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر ئېتىغا مىنگەنىدى. ئالتە يۈز ئاتمىش ئالتە پادىشاھ ئوڭ قول تەرەپتىن، تۆت يۈز قىرىق تۆت دىلاۋەر سول قول تەرەپتىن مەيدانغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر پادىشاھ ۋە دىلاۋەرلەرنىڭ مەيداندىن چىقىپ كېتىشىگە ئەمىر قىلدى. ئۇلار مەيداندىن چېكىندى. ئىسكەندەر فەرۇزغا قارشى ئاتلاندى. ئۇلار نەيزە ۋە شەمشەرۋازلىق قىلىشتى، لېكىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى، چېلىشىشقا باشلىدى. كۈن ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. بۇ چاغدا ئەمىرنىڭ غەزەپ دەرياسى جوش ئۇرۇپ «يا پىرىم مەدەت» دەپ فەرۇزنى يەردىن كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ زېمىنغا ئۇردى. مۇھتەر مۇفتى (نەسىم) دەرھال مەيدانغا بېرىپ:

— بۇ قۇللىرىڭىزغا نىجاتلىق بېرىپ گۇرزە سىياسىتىڭىزنى قويسىڭىز دەپ، — ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يەتكۈزدى ۋە يەنە:

— ئەي شەھرىيار، جېنىم پىدايىڭىز بولسۇن، قۇللىرىڭىزغا، نىجاتلىق بەردىم دەپ ئىجازەت بېرىڭ، سىز ئۇچۇن ئەقىدەمنى پىدا قىلاي، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەسىم، فەرۇزنى بارگاھىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەمىر قىلدى. نەسىم فەرۇزنى باغلاپ بارگاھىغا ئېلىپ

كەلدى. سۇلتان كۆھ ئەمىر قىلىۋىدى. ھىندى لەشكەرلىرى جايىدىن مىدىرلىدى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ھەم جايىدىن قوزغىلىپ كۆن ئولتۇرغىچە جەڭ قىلدى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنغاندا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز بارگاھىغا يېنىپ چۈشتى. ئىسكەندەر بارگاھقا كېلىپ فەرۆزنى كەلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. نەسىم فەرۆزنى ھازىر قىلدى. ئەمىر ئۇنىڭغا:

— ئەي نەسىم، سەن ھازىرغىچە مۇھتەر مۇفتى ئىدىڭ، فەرۆزنى تۇتۇپ ئەكەلمەكچى ئىدىڭ، دەرۋەقە ئۇنداق قىلمىدىڭ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى.

نەسىم سودىگەر سىياقىدا بولۇپ بىرمۇنچە نەۋكەرلەرنى يىغدى. لېكىن نەۋكارلىقنى ئانچە قاملاشتۇرالمىغانىدى. نەسىم:

— ھازىر بىر يېرىم كۆنلۈك ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە گەدىنىمدە بار. شۇنى نىيەت قىلدىمكى، فەرۆزنىڭ ئەسۋابىنى قولىغا چۈشۈرۈۋالسام، — دېۋىدى، ئىسكەندەر بىلەن پالۋانلار كۈلۈشتى. بۇ چاغدا بىر كىشى:

— بىر مەزلۇمە شەھىرى ئاپتاپ تەمادىن كەپتۇ، ئەمىر بىلەن كۆرۈشەم دەيدۇ، — دېگەنىدى، ئەمىر ھەرەمگە ئىشارەت قىلدى. ئۇ مەزلۇمە ھەرەمگە كىردى. ئىسكەندەر تاتار شاھىنىڭ قىزى — مەيمۇنە خاتۇننى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە ئەھۋال؟ — دېگەنىدى، ئۇ مەزلۇمە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— فەرۆز دەرياغا چۈشۈپ كەتكەندە سۇ ئېقىتىپ كېتىپ، ئاخىرى ئۇ ئاپتاپ تەمادىن چىقىپتۇ، ئۇ يەردە خوجا ئەخمەتنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، — دېدى، ئاندىن فەرۆزنىڭ قولىدا بولغان ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ چىقىپ فەرۆزغا:

— ساڭا ۋە ئۆزۈمگە خوش خەۋەركى، سەن مېنىڭ پەرزەنتىم ئىكەنسەن، — دەپ يۈزىگە سۆيدى. ئۇنىڭغا رۇستەم سانىنىڭ يېنىدىن ئورۇن تەيىن قىلدى. ئاندىن ناغرىنى شادىيانىگە چالدۇردى.

بۇ خەۋەر سۇلتان كۈھقا يەتكەندە كۆڭلى يېرىم بولدى. سۇلتان كۈھ جالىنۇسقا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، مەن بارلىق بارگاھلار ئىچىدە ئاجىز بولۇپ قالدىم، — دەپ تۇرۇشىغا خەۋەرچى:

— شەھرىيار سىزگە خوش خەۋەر، فەرۇز شاھ پىل مىنگەن يەتمىش مىڭ لەشكەر بىلەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كېلىۋاتىدۇ، يېقىنلاپ كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. سۇلتان كۈھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. بىردەمدىن كېيىن دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ خەۋىرى ئىسكەندەرگە يەتتى. ئەمىر مۇھتەر دەۋرانىنى:

— بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. نەسىم بىلەن بەرق شامالدەك بېرىپ بىردەمدىلا يېنىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ يېنىدا بېشىنى سىلىپ تۇردى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەسىم ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

نەسىم:

— بىلگىنكى، ئۆمرۈمنىڭ بارىدا پەم - پاراسەت ۋە نەيرەڭلەر بىلەن كۆپ خەزىنە قىلغانىدىم، ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولۇمدىن كېتىدىغان بولدى، — دېدى. ئەمىر:

— نېمە سەۋەبتىن؟ — دېدى. نەسىم:

— فەرۇز شاھ ھىندى يەتمىش مىڭ پىل قوشۇن بىلەن بىر پىلغا بىر تۆمۈر شوتا باغلاپ، شوتا ئارىسىدا تۆت ئوقياچىنى ئولتۇرغۇزۇپ كېلىۋاتىدۇ. پىللارنىڭ خارتۇمىغا ھىندى تىغىنى باغلىغان بولۇپ، ھەر قېتىم كىشىگە ھەملە قىلسا، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، — دېدى. ئەمىر بۇ

خەۋەرنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئاھ ئۇردى. بۇ چاغدا نەسىم:

— شەھرىيار، پەرۋەردىگار ساقلىغۇچىدۇر. مەن ئۆز ئىشىمنى راست قىلغىلى بارىمەن، ھەرقانداق ئىش بولسا سەۋر قىلىڭ، — دېدى. نەسىم ھايال بولماي بارگاھتىن چىقىپ ئۆز چېدىرىغا بېرىپ ئون ئىككى مىڭ ئەييار، ئون ئىككى مىڭ ئوت يۈرەك ئوغلانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تۆت يۈز شاگىرتىنى باشلاپ ئوردىسىدىن چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ۋە پالۋانلار بۇنىڭغا ھەيرانلىقتا قالدى. نەسىمنىڭ ئۇلار بىلەن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. نەسىم ئۇلار بىلەن جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ توختىدى. نەسىم ئەييارلارغا:

— بېرىپ ئەركەك تۆگە ۋە تېكە ئېلىپ كېلىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاخ - شۇمبا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەييارلار بېرىپ قىرىق مىڭغا يېقىن ئەركەك تۆگە ۋە تېكىنى نەسىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەمدى بېرىپ ياغ ۋە موم ئېلىپ كېلىڭلار، — دېگەنىدى، ئەييارلار بېرىپ شۇ زامان تېپىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن يەنە:

— بىر نەچچە قازان تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئەييارلار ئۇنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن موم بىلەن ياغنى قازانغا سېلىپ ئېرىتىپ شام قىلدى. غۇلاملارغا ئاتەشبازلىق ئەسۋابىنى تەييار قىلدۇرۇپ، پار - پۇر نەرسىلەرنى نۇقتا ياساپ تۆگە ۋە تېكىلەرنىڭ ئۈچىسىغا ۋە مۈڭگۈزلىرىگە باغلىدى. تېكىلەرنىڭ قۇلىقىنى ئەييارلار تۇتۇپ تۇردى. ئۇ تەرەپتە سۇلتان كۆھ فەرۇز شاھ ھىندىنى قىچقىرىپ:

— ئەي جان پەرزەنتىم، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. فەرۇز شاھ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ھېچقانداق

كىشىنى تىرىك قايتۇرمايمەن، — دېدى ۋە ئۆز ئوردىسىغا بېرىپ سەردارلارغا:
— كېچىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىمىز، — دېگەنىدى، سەردارلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. پىللارنىڭ بېشىغا تونۇر (مەش) لارنى باغلاپ ھەر بىر تونۇرنىڭ ئارىسىغا تۆتتىن ئوقياچىنى ئولتۇرغۇزدى. ھەر بىر ئوقياچى بىر ئوقداندىن ئوقنى ئالدىدا قويدى. ھەر بىر پىلنىڭ خارتۇمىغا تېغنى باغلاپ جەڭگە تەييارلاندى. كېچىدىن ئىككى تاك - تاك ئۆتكەندى. فەرۇز شاھ ئات مىنىپ كېلىپ ئۇلارغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار يەتمىش مىڭ پىلنى ئورنىدىن قوزغاپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمىر بىلەن دىلاۋەرلەر پىللارنىڭ غەۋغاسىنى ئىشىتىپ ھىممەت قولىنى ھىممەت دەرگاھىغا كۆتۈرۈپ «يارەب، يارەب» دەپ ھىممەت تەلەپ قىلدى. پىللار يېتىپ كەلدى. دىلاۋەرلەر تىغ تارتىپ پىللارغا قاراپ يۈگۈردى. ئارىدا بىر مومدان قالغانىدى. غەۋغا ئاۋازى كېلىپ ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا ئوتتۇز مىڭغا يېقىن ئىسكەندەر لەشكىرى پىللارنىڭ ئايىغىدا پايمال بولغىلى ئاز قالدى. بۇ چاغدا ئىككى سىپاھ باياۋان تەرەپتە نەسىم ۋە ئۇنىڭ ئەييارلىرى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىچىگە ياغ ۋە موم قاچىلانغان شىشىلەر تۆگە ۋە تېكىلەرنىڭ مۇڭگۈزى ۋە ئۈستىلىرىدە ئىدى. ئوت يېقىلدى. تېكىلەرنىڭ مۇڭگۈزىدە يورۇق پانۇسلار پەيدا بولدى. غۇلاملار ئوت ئويىنىتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا پىللار ئوت ئويناتقۇچى ئاتەشۋازلارنى كۆرۈپ ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قورقمىستىن ئۆزىنى ھىندى لەشكەرلىرىگە ئۇردى. پىللار ئۇدۇل كەلگەن جايغا قاچقىلى تۇردى. ھىندىلار پىللارغا ھەر نېمە دەپ زۇلۇم قىلغىلى تۇردى. ئەمما پىللارغا كار

قىلمايتتى. سۇلتان كۇھ قاچتى. پىللارغا باغلىغان تىغ بىلەن كۇلاھ شاھزادە فەرۇزنىڭ قولىدا ئىدى. ئابدۇلھېمىدنىڭ كۇلاھى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يالاڭباش جەڭ قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىدىكى كۇلاھنى ئۇنىڭغا كىيدۈردى. ئاندىن باتۇرلار ھىندىلارغا شەمشەر سالغىلى تۇردى. پىللار شۇنداق قاچتىكى، دەريانىڭ قىرغىقىغا كېلىپ ئارقىسىغا قاراپ ئاتەشۋازلارنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنى دەرياغا ئاتتى. پىللارنىڭ ئۈستىدىكى ھىندىلارنىڭ ھەممىسى دەرياغا غەرق بولدى. ئەمىر بىلەن دىلاۋەرلەر ۋە پادىشاھلار شەھىرى ئەكرەگە كىرىپ سۇلتان كۇھنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەمىرنىڭ نەزەرى مۇھەممەد شىرزاتقا چۈشتى. ئۇ سۇلتان كۇھنى باغلاپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان كۇھنىڭ كۆزى ئەمىرگە چۈشتى. ئۇ ئەدەپ بىلەن يەر ئۆپۈپ دۇئا ۋە ساناغا ئېغىزلاندى. ئەمىر ئېتىقادىغا كىرىشكە تەلەپ قىلدى. سۇلتان كۇھ ساپ دىللىق بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. ھىندىستاننىڭ پادىشاھى، پالۋانلىرى ۋە خەلقى ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا ئۆتتى. بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ ئورنىغا مەكتەپ ۋە مەدرىسە بىنا قىلدى. سۇلتان كۇھ خىزمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە مەشغۇل بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن قائىدە - يوسۇن بويىچە مەقسىتىنى ئېيتىپ ئالىي ئېھتىرام، ئىززەت - ئىكرام بىلەن گۈلەندەم بانۇنى نىكاھىغا ئەقدە قىلدى. ئەمىر بۇنى قوبۇل قىلدى. شەھىرى ئەكرەنى مۇسەخخەر قىلىپ شام - پانۇسلارنى يورۇتۇپ، خاسىيەتلىك سائەتتە بانۇنى ئۆز ئەقدىسىگە كەلتۈردى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ۋىسالىغا شاراب قۇيۇشتى. ئۇ كېچىسى ئەمىرنىڭ بېشى گۈلەندەمنىڭ رىجىمىدا زەپەربەنت بولدى. دەرۋەقە گۈلەندەمنىڭ پىراقىدا يۈرگەن نىقابلىق لەئىل

خەفتان ئىسىملىك سۇلتان زەپەردەست بار ئىدى. ئۇ مەغرىب زېمىنىدا قىينىلىپ بۇنىڭ بەدىلىگە نۇرغۇن مەردلەرنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇراتتى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ھازىر بۇ غۇلاملارنى قانداق قىلىش ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلسىڭىز، — دېگەنىدى. سۇلتان كۇھ:

— شەھرىيار، نەسىمنىڭ مۇلاھىزىسى توغرىدۇر، — دېدى. ئەمىر گۇلەندەم بىلەن بولغان سەرگۇزەشتىسىنى بايان قىلدى. سۇلتان كۇھ:

— بۇ ئاسان ئىشتۇر، — دەپ مەشكىننى قىچقىرىپ قۇلىقىغا سۆز قىلدى. مەشكىن:

— شەھرىيار، مېنىڭ بېشىم ۋە جېنىم جاھان پاناھى ئۈچۈن پىدادۇر. ئىختىيار جاھان پاناھنىڭ، — دېۋىدى. ئەمىر ئارستوغا خاسىيەتلىك ۋاقىتتا فىتنەنى مۇھتەرنەسىمگە ئەقدە قىلدى. ئوردا نەسىم ئۈچۈن بەزىم تۈزدى. ئۇلار ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. زىفاق[1] ئاخشىمى فىتنەنى نەسىمگە تاپشۇردى. ئۇلار ۋىسال جامىدىن شاراب ئىچىشتى. نەسىمنىڭ تامبالۋېغى فىتنەنىڭ رىجىمىدا بولدى. مۇھتەر فىتنەنىڭ كۆكسىنى ئاچتى. بۇ نىقابدارنىڭ پىيادىسىمۇ ئۇنىڭ كويىدا بولغانىدى. ئىران بىلەن تۇرانىيلارنىڭ لەشكەر سەردارلىرىغا ۋە مۇھتەر نەسىمگىمۇ نۇرغۇن بالا - قازالار مۇشۇ جەھەتتىن يەتكەنىدى. نەسىمنىڭ قىلغان ئەييارلىقلىرىغا ئالەمنىڭ ئەييارلىرىمۇ ھەيران قالىدۇ. ئەمدى بۇ قىسسىنى كېيىنكى جىلدتىن ئىشىتكەيسىز.

---

① زىفاق — يىگىت بىلەن قىزنىڭ توي كۈنىدىكى قوشۇلۇشى، بۇ زىفاق كېچىسى دېيىلىدۇ.

## سەكسەن بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەرۆزنىڭ مۇقاتەس جىلغىسىغا بارغانلىقى، پىلىلىق تەلـ ۋەزادىنىڭ مەيداندارلىق قىلغانلىقى، نەۋفىل قاتارلىق پالۋانلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدا زەخمدار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى نەقىلچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر ھىندىستان مەملىكىتىنى ئۆز ئىختىيارلىقىغا كەلتۈرۈپ، گۆلەندەمنى ئۆز ئەقدىسىگە ئېلىپ، خاتىرجەملىك ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام جەمشىد تەختىدە قارار ئالدى. سەردارلار، پادىشاھلار، پالۋانلار ۋە ۋەزىرلەر ئۆز تەخت ـ كۆرسىلىرىدا ئولتۇردى. ساھىبقىران پالۋانلارغا قاراپ:

— ئاڭلىشىمچە، مەغرىب دىيارىدا بىر كىشى بار ئىمىش، ئۇنى ھىكلان پىر دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ سەرگەردان خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىكەن، ئۇ نۇرغۇن بەندىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ. خالايمەنكى، مەغرىب زېمىنىغا قەدەم قويۇپ، زەلالەت دەرياسىدىكى قوۋملەرنى ئىسلام شەھرىستانىنىڭ قىرغىقىغا چىقارسام دەيمەن. قايسى يول بىلەن ئۇ ناپاك تەرەپكە بارىمىز؟ — دېدى.

فەرۆز شاھ ھىندى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ دۇئا ۋە سانادىن كېيىن:

— ئەي شەھرىيار، قوربانىڭ بولاي، پىدايىڭ بولايكى،

مەغرىب زېمىنىغا بېرىشتا ئىككى يول بار. ئۇنىڭ بىرى شەھرى ئاپتاپ تەمانىڭ يولىدۇر. بىراق بۇ يول بەك يىراق، بۇنىڭدىن مۇقاتەس يولى يېقىندۇر. لېكىن بۇ يولدا ماڭماق ئاسان ئەمەس، — دېدى. ئەمىر:

— ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. فەرۇز شاھ:

— ئۇ يەردە بىر تاغ يولى بار، ئۇ يەردە ھەمىشە دەم تارتىپ تۇرىدىغان كۆھىقاپ بار. ھەرقانداق كىشى يەككە - يېگانە ماڭسا، يىقىتىپ دەم تارتىپ كېتىدۇ. كىشى ھەرگىز ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، شەھرى ئاپتاپ تەمانە بىلەن ماڭسا بولۇرمىكىن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى. فەرۇز:

— ئەي شەھرىيار، بىر قارارغا كېلەيلى، بولمىسا مۇقاتەس يولى بىلەن ماڭايلى. لەشكەرلەر تاغ يولىغا يېقىنلاشقاندا يۈك-تاقلارنى ئوراپ ساندۇققا سېلىپ، ئاتلارنىڭ تاقلىرىنى يۇلۇپ كىگىزگە ئوراپ، يۈگەن - تىزگىنلىرىنى ساندۇققا سېلىپ، قوشقۇن قاتارلىق يەرلىرىدە تۆمۈر - تەسەك نەرسىلىرى بولمىسا ئاندىن كېيىن ئۆتكىلى بولىدۇ، مۇشۇنداقلا ئۆتۈشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق، — دېدى. ئىسكەندەر ئوغلىغا:

— ئەي جان پەرزەنتىم، بارگاھلارنى قوزغاپ تېزرەك يولغا چىقىڭ، — دېدى. فەرۇز ئەڭگۈشتەرنى قويۇپ ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىدىن چىقىپ، ئون ئىككى مىڭ يېشىل كىيىملىك ئەرەب بىلەن تۆمۈر ۋە پولات ئەسۋابلارنى قويۇپ ئاتلىق يولغا راۋان بولدى. ئون ئىككى مىڭ كۆك كۆز تۆگىگە بارگاھى جەمشىدنى يۈكلەپ تاغ يولى تەرەپكە يۈز قويدى.

ئەلقىسسە، مۇقاتەس جىلغىسىغا يېقىن چۈشتى. . . . ①

ئۇ دەشتكە بارگاھ تىكتى. بۇ چاغدا تاغ تەرەپتە چاڭ-

---

① ئەسلى قولىيازمىدا مۇشۇ جايدا بىر-ئىككى قۇر خەت ئۆچۈپ كەتكەن.

تozان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن سېرىق ئەلەم كۆرۈندى. ئەلەم ئاستىدا پىل مىنگەن سېرىق تونلۇق ھەيۋەت بىلەن كېلىپ فەرۇز شاھزادىنىڭ ئوردىلىدا توختىدى. ئۇلار ئارىسىدا بىر كىشى ھەيۋەتلىك پىلغا مىنگەنىدى. سېرىق تونلۇق:

— بۇ كىمنىڭ پىلىدۇر؟ — دەپ سورىدى. مۇلازىمى:

— ھەزرىتى ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىغا بېرىشنى ئىرادە قىلغانىكەن. پىل مىنگەن شۇدۇر، — دېدى. پىل مىنگەن سېرىق تونلۇق بۇ سۆزدىن قاقاقلاپ كۈلدى. ۋە:

— ئىسكەندەر بۇ يەرنى ھىندىستانغا ئوخشاش دەپ خىيال قىلغان ئوخشايدۇ. ھېلى ھازىر ئاناڭنى تەرىتىدىڭگە ئولتۇرغۇزاي، — دەپ نەۋفىلگە قاراپ ئېيتىلدى. نەۋفىل ھەم ئېتىنى مىنىپ كېلىپ نەيزىۋازلىق قىلىشتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مەيدىلىرىگە نەيزە سانجىشتى. ھەتتا نەيزە يۈزلىرىگە تېگىپ زەخىم قىلدى. بۇ چاغدا پىل مىنگەن سېرىق تونلۇق پىلنى قويۇپ بېرىپ:

— ئەي ئەرەب، بۇ ۋاخقىچە ھېچقانداق كىشى مېنىڭ بىلەن بۇنچىلىك نەيزىۋازلىق قىلىشمىغان، سېنىڭ نەيزىۋازلىقتا خېلى ئېپىڭ بار ئىكەن، — دەپ قولىغا ئۇمۇت ئېلىپ نەۋفىلگە ئۈچ قېتىم ئۇردى. نەۋفىل بېشىغا قالغان تۇتتى. ئاندىن نەۋفىل قايتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم ئۇمۇت ئۇردى. پىللىق ئۇنى قايتۇردى ۋە قولىغا شەمشەر ئېلىپ:

— ئەي ئەرەب، مەن ھازىرغىچە نەيزىۋازلىق قىلدىم. ئەمدى بۇ شەمشەرگە قارا، — دەپ شەمشەر ئۇرغانىدى، نەۋفىل بېشىغا قالغان تۇتتى. شەمشەر قالقاننى پارە - پارە قىلىپ، نەۋفىلنىڭ بېشىغا ئىككىلىك ئورنىدى. شۇنداق بولسىمۇ نەۋفىل شەمشەر بىلەن پىللىقنىڭ شەمشىرىنى قايتۇردى. نەۋفىلنىڭ بېشىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. شەيخ نەجمىدىن، شەيخ

كەبەكىدىن، نىزامىدىن، نەئىم، شەيخۇلئىلامىدىن ۋە شەرىپىدىن
قاتارلىق نەۋفىلىنىڭ ئون يەتتە سەردارى مەيدانغا كىردى.
ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب لەشكەرلىرىمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ
كېلىپ پىللىققا هۇجۇم قىلدى. ئەمما ئۇلار پىللىقنىڭ ئالدىغا
كەلسە ئۆلۈمدىن قۇتۇلمىقى تەس بولدى.

ئەرەبلەر بۇ هالنى كۆرۈپ تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى شوتىغا
چىقىپ تاش باغلاپ ئوقياچىنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا پىللىق
ئىشارەت قىلىنىۋىدى، بارگاهى جەمشىدنى تۆگىلەرگە يۆكلەپ ئۆز
قەلئەسىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتە مۇهتەر نەسىم ئەرەب بۇنى
كۆرۈپ شامالدەك تېزلىك بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا
باردى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ
تۇرۇپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ
دەرغەزەپ بولۇپ:

— دىلاۋەر (باتۇر) لەردىن بىرى بېرىپ نەۋفىلگە ياردەم
بەرسۇن، — دېگەنىدى. خىسرەۋخان ئەمىر ئەلۋەند كۆهە
ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىجازەت ئېلىپ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى بىلەن
تاغ جىلغىسىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار كېتىپ بېرىپ يولدىن
ئېزىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەمىرخان ماڭغانىدى.
ئەمىر:

①.........................

— بىر دىلاۋەر ئەمىرخانغا ياردەم بەرگەن بولسا، —
دېگەنىدى. سەبۇكتېگىننىڭ ئوغلى سۇلتان مەهمۇد رۇستەم سانى
ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ خىزمەتكە مەن بارسام، — دەپ ئەمىردىن ئىجازەت
سورىدى. ئەمىر قوبۇل قىلدى. بۇلارمۇ قوشۇنىنىڭ يۈك -
تاقىسىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆچۈپ ماڭدى. ئەمىر

---

① ئەسلى قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بىر قۇر خەت ئۆچۈپ كەتكەن.

ھەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆچۈپ ماڭدى. ئەمىرخان مۇقاتەس جىلغىسىغا يېقىن بىر دەشتكە كەلدى. نەۋفىلنىڭ قوشۇنى ئەمىرخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئاندىن بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. ئەتىسى ئەمىرخان ئەندىشىلىك ئىچىدە سىپاھلىرى بىلەن ئاتقا مىنىپ جىلغا ئېغىزىدىكى قەلئەگە يۈز كەلتۈردى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ، پىللىق دەرۋازىدىن تاشقىرى چىقتى. پىلنىڭ بېشىغا كەكلىك قوندۇرۇۋالغانىدى. ئۇ پىلنى يۈگۈرتۈپ مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، پالۋانلىرىم خوش بولسۇن. باتۇرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، — دېدى. ئەمىرخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا قاراپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى. پىللىق ئاجايىپ قامەتلىك بىراۋنى كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن كىم؟ سەن قولۇمدا نامسىز كېتىپ قالمىغىن يەنە، — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمىرخان:

— ئەي جالاپنىڭ بالىسى، مەرداننىڭ ئېتى نەيزىنىڭ ئۇچىدا، — دەپ نەيزىنى پىل مىنگەننىڭ گەۋدىسىگە ئۇزاتتى. پىل مىنگەن ھەم ئۇزۇن نەيزىنى ئۇزاتتى. ئەمىرخاننىڭ نەيزىسى پىللىقنىڭ يۈزىگە تېگىپ زەخىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىللىق نەيزىسىنى تاشلاپ قولىغا ساتۇر ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمىرخان بېشىغا قالقان تۇتتى. ساتۇرنى قالقاننىڭ قۇببىسىگە ئۇرغانىدى، تىغ قالقاننى پارە - پارە قىلىپ ئەمىرخاننىڭ بېشىغا ئېككىلىك كىردى. بۇ چاغدا ھەمدان ئەييار دەرھال مەيدانغا بېرىپ، ئەمىرخاننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. كۈن ئولتۇردى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىندى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى. ئەمىرخاننى نەۋفىلنىڭ يېنىدا ياتقۇزدى. ئىسكەندەرنىڭ سىپاھلىرى كېچىنى غەم ۋە ئەندىشىدە ئۆتكۈزدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. پىل مىنگەن ئىشارەت

قىلىپ لەشكىرىنى سەپ تۈزۈتتى. ئاندىن ئۇ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ھېچقانداق كىشى مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ-توزان پەيدا بولدى. ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ كۆزى چاڭ - توزان ئارىسىدا كېلىۋاتقان رۇستەم سانىغا چۈشتى. ئۇ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ سىپاھىنىڭ ئارقىسىغا كەلدى. ئارقىدىن ئۇ ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە ساھىبقىراننىڭ يولتۈزى جىلۋە قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مەردان چاڭ - توزان ئارىسىدىن چىقتى. پىل مىنگەننىڭ كۆزى ساھىبقىراننىڭ پەرزەنتىگە چۈشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى. ئىسكەندەر قوشۇنى قەلئەنىڭ ئۇدۇلىدا بارگاھ تىكىپ ئارام ئالدى. ساھىبقىران بارگاھتا كېلىپ، ئەمىرخاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئاندىن ئەمىرخا بىلەن نەۋقىلنى كۆرگىلى ئۇلارنىڭ چېدىرىغا باردى. ئارستونى ئۇلارغا دورا ئەملەشكە بۇيرۇدى. ئۇ كېچە ئۆتۈپ ئەتىسى كۈن چىقتى. پىل مىنگەن پىلنى يورغىلىتىپ مەيدانغا كىرىپ، چۇقان سېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ساھىبقىران ئوڭ ۋە سول تەرىپىگە قاراپ:

— بىر باتۇر بېرىپ مەن ئۈچۈن ئۇ مەلئۇننىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد ساھىبقىراندىن ئىجازەت ئېلىپ، مەيدانغا كىرىپ پىل مىنگەننىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغانىدى. دەرۋەقە ساھىبقىراننىڭ كۆزى تاغنىڭ باغرىدا ئۇزۇن موي (چاچ) لىق ئاجايىپ كېلىشكەن بىر قامەتلىك يىگىتكە چۈشتى. ئۇنىڭ يەتمىش تال چېچى باش - كۆزىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا يىپەك سارۇپاي كىيگەن، بېلىگە كەمەر باغلىغان بولۇپ، قولىدا قوش تىغنى تۇتقان ھالدا تاغدىن چۈشۋاتاتتى. ئۇ كېلىپ مەيدانغا داخىل بولۇپ، ئۇ ئىككى

باتۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ پىللىق يىگىتكە:

— ئەي ئوغۇل، قولۇڭنى يىغقىن، بۈگۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلىشاي، تاڭلا سەن مەيدانغا كىرگىن، پەقەت بىر كۈن قالدى، سەن مەيدانغا چۈشمىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر باشلىق سەردارلار ئۇنىڭ پىل مىنگەن مەخلۇقنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن پىل مىنگەن مەيداندىن قايتىپ چىقىپ قەلئەگە كەلدى. ھېلىقى دىۋانە قوش دەستىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ مۇھەممەدكە ھۇجۇم قىلىشقا قەدەم قويدى. مۇھەممەد قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئېگىز بىر شەمشادقا تاشلىغاندى. شەمشاد قەلەمچە بولدى. دىۋانە بۇنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ، قوش تىغنى يەنە بىر قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇھەممەدكە ئۇردى، قازارە ئۇنىڭ تىغى مۇھەممەدنىڭ دولىسىغا تېگىپ مۇھەممەدنىڭ قولىنى سۇندۇردى. بۇ چاغدا ھىندان ھەمدانى مۇھەممەدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئارقىدىن فەرھەڭ مەيدانغا كىرىپ ئۇمۇ يارىلاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەئدان دىۋزاد بىلەن ھەرۇم قىران يىگىت ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كىرىپ يارىلاندى.

ئەلقىسسە، ئۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئىسكەندەر تەرەپتىن ئالتە دىلاۋەر يارىلاندى. كۈن ئولتۇردى. ئۇ دىۋانە تاغقا قاراپ يول ئالدى. ئىسكەندەر قوشۇنى بارگاھقا ياندى. ئارستو يارىلانغان پالۋانلارغا ئەم قىلىشقا مەشغۇل بولدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى قوشۇن سەپ تۈزۈشتى. قەلئەنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ پىل مىنگەن مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن پالۋان تۇر ئىجازەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ پىل مىنگەننىڭ ساراسىمىنى ئالدى. ئۇ پىللىقنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار دەسلەپ نەيزىۋازلىق قىلىشىپ، نەيزە بىلەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. پىل مىنگەن قولىغا ساتۇر ئېلىپ ساتۇرنى تۇر پالۋانغا ئۇردى. تۇر بېشىغا قالقان

تۇتتى. پىل مىنگەن يەنە بىر قېتىم ساتۇرنى تۇر پالۋاننىڭ كۇلاھىنىڭ قۇببىسىگە ئۇردى. ساتۇر قالقاننى يېرىپ تۇرنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك ئورنىدى. مۇھتەر ئىسفەندىيار مازەندەران دەرھال بېرىپ تۇرنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. كۈن كەچ بولدى. جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپ جەڭدىن ياندى. ئەمىر پالۋانلار ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ ئولتۇراتتى. پالۋانلار بىر - بىرلەپ كېلىپ ئۆز جايىدا ئورۇن ئالدى. ساھىبقىران تائامدىن كېيىن نەسىمنى چاقىرغانىدى. نەسىم ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئەمىر:

— ئەي نەسىم، بۈگۈن كېچە قەلئەگە بېرىپ ئاشۇ پىلىلىقنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغان، ئىسمى نېمە ۋە نام - نەسىبىنى ئۇقۇپ كەلگىن، ئۇ بەك مەردانە ئىكەن، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— شەھرىيارا، مەندەك ئەرزىمەستىن يەنە نېمىنى خالايسىز. خاتىرجەم بولۇڭ كەچ بولسىلا قاراڭغۇدا قەلئەگە بارىمەن. بۇ چاغدا قەلئە قاراۋۇللىرى ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئەگەر قاراۋۇللىرى مېنىڭ قارامنى كۆرۈپ قالسا ئوق بىلەن مەن زەئىپنىڭ تېنىنى غەلۋىردەك قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر سۈت دەرىخىدىن ئېشىپ ئەنبەرنىڭ ھىدىنى ئالغان بولسا ئۇنىڭغا بىھوش دورىسى چاچىمەن - دە، ئۇنداق ئىشلار مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى. ساھىبقىران:

— ئەگەر سەن بارمىساڭ شاھزادە فەرەڭ بىلەن مۇھتەر بەرقنى ئەۋەتىمەن، — دەپ بۇيرۇپ يەتتە تىللا ئەكىلىپ قويدى. نەسىم تىللانى كۆرۈپ يۈرىكى قەپەزدىن چىقىپ پەرۋاز قىلغىلى تۇردى. نەسىم بەرققا ئىشارەت قىلىپ:

— ئەي لەشكەر سۈپەت، ئەگەر بۇ ئىشقا ماڭىدىغان بولساڭ تىرەڭنى سويىمەن، — دېدى. بەرق:

— بوۋا جان، شاھلار ھېچقاچان بۇنداق دېگەن ئەمەس، — دېدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ مېنىڭ ئىشىمدۇر، ھەرقانداق ئىشقا نائەھلى ئەمەس، بەلكى ئەھلى ئالەمنى ئەۋەتسىڭىز مەن ھەر قېتىم ئىككىلەنمەيلا ماڭاتتىم. ھالا بۇگۇنكى كۈندە بۇ خىزمەتكە ئىككىلەنمەي مېنى ئەۋەتمەي بەلكى بەرق فەرەڭنى ئەۋەتمەكچىمۇ سىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي نائىنساب، ئەگەر تىللا بولمىغان بولسا بېشىڭنىمۇ چىقارماس ئىدىڭ. ھازىر تىللانى كۆرۈپ جېنىڭ تىرىلىپ كۆزۈڭ قىزىرىۋاتىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— قولىڭىز سىزنىڭ خىجالىتىڭىزنى كۆزدە تۇتىۋاتىدۇ، — دەپ تىللانى قولغا چۇشۇرۇپ بارگاھتىن چىقىپ كەتتى. ئۇ تەلۋەزادىنىڭ قەلئەسىنىڭ خەندىكىنىڭ ياقىسىغا كېلىپ ئىككى پۇتىنى بىر يەرگە جۇپلەپ سەكرەپ خەندەكتىن ئۆتۈپ قەلئەنىڭ يېنىغا باردى. قاراۋۇللار نەسىمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ:

— ئەي لەشكەر بېشى، كىم سەن؟ بەدىنىڭنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتمەيلى يەنە، — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم ئۇ يەردىن يېنىپ سۇبھىگىچە ئايلىنىپ پۇرسەت تاپالمىدى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— شەھرىيار، تەلىيىم ئوڭدىن كەلسە تاڭلا كېچە خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى. بىراق ئۇ كېچە ئۆتۈپ تاڭلا كېچىسى نەسىم فەرىدۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي پەرزەنتى ئىسكەندەر، ئاتىڭىز ھېلىقى پىل مىنگەننىڭ دەستىدە ئۆزىنى ئاجىز چاغلاۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، — دېدى. فەرىدۇن:

— مەن قورقىمەن، تاڭلا ئىسكەندەر (ئاتام) ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ مالدار بولىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئەي شاھزادە، ھازىر بۇ ئىشنىڭ ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى. فەرىدۇن:
— ئۇنداق بولسا پالۋانلارنىڭ بىرنەچچىسىگە خەۋەر قىلغىن. بىرلىشىپ بىرلىكتە بارايلى، ئۇ دىۋانە بەك شىجائەتلىك ئىكەن، — دېدى. نەسىم بېرىپ تۇرمەسنى تاپقاندى، ئۇ سەئدان دىۋىزادنى ئېلىپ فەرىدۇننىڭ ھوزۇرىغا كەلدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ مىنگلى ئات تېپىپ تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇلار تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندە، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئوت كۆيۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەردە ھېلىقى دىۋانە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر نازىنىن خېنىم بار ئىدى. ئۇ بىر قولاننى ئوتقا تۇتۇپ كاۋاپ قىلىۋاتاتتى. ئۇلار تېخى ھېچنېمىنى سەزمىدى. پالۋانلار بىرئاز يېقىنلاپ بارغاندىن كېيىن ئۇ دىۋانە پالۋانلارنىڭ ئېتىنىڭ تۇياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ دەرھال ئۇ نازىنىننى قويۇپ بېرىپ، قولىغا شەمشادتەك شەمشىرىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقتا كېلىۋاتقان ئۈچ ئاتلىقنى كۆردى. ئۇلار يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇلارغا قاراپ:
— ئەي نامدارلار، مېنىڭ ئەلاجىمنى كۈندۈزى قىلالماي كېچىدە قىلايلى دەپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى. فەرىدۇن:
— ئەي تەلۋە سارىڭ، ئاناڭنى تەرىتىڭگە ئولتۇرغۇزاي، — دەپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. دىۋانە قول ئۇزارتىپ فەرىدۇننىڭ تىغىنى تۇتۇپ كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. بۇ چاغدا ئەييارلار سەردارى نەسىم كېلىپ يەردىن شەمشەرنى ئالدى. دىۋانە شەمشادتەك شەمشىرىنى فەرىدۇنغا ئۇردى. فەرىدۇن ئۆزىنى ئاتتىن يەرگە تاشلىدى. شەمشاد ئاتقا تېگىپ ئات ئۆلدى. تۇر پالۋان ئاتقا مىندى. دىۋانە شەمشادنى تۇرغا ئۇردى. تۇر ئۆزىنى ئاتتىن يەرگە تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەمشاد شەمشەر ئاتقا تېگىپ تۇرنىڭ ئېتى يەر چىشلىدى.

فەرىدۇن بىلەن تۇر پىيادە ئۇ دىۋانىگە ھۇجۇم قىلدى. دىۋانە قول ئۇزارتىپ بىر قولى بىلەن فەرىدۇننىڭ كەمەر زەنجىرىنى، يەنە بىر قولى بىلەن تۇرنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ يەردىن كۆتۈردى. سەئدان بۇنى كۆرۈپ ھەيۋە قىلدىكى:

— ئەي بەغەزەز، نېمە قىلماقچىسەن؟ — دەپ نەيزىنى دىۋانىگە ئۇردى. ئۇ نەيزىنىڭ ئۇزىگە تەگسە ھالاك بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن قولىدىكى ئىككىسىنى يەردە قويۇپ، سەئداننىڭ نەيزىسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. نەسىم قورقۇپ كېتىپ قىلغىلى گەپ تاپالماي:

— ئەي شاھزادە، قويۇڭلار، بۇ يەردىن كېتەيلى، ئەسلىدە ئۇ دىۋانە فەرۇز ئىكەن، — دېيىدى. فەرىدۇن بىلەن تۇر بۇنىڭغا ئىشىنىپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ قاچتى. دىۋانە سەئداننىڭ نەيزىسىنى تۇتۇۋالدى. سەئدان ھەمراھلىرىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نەيزىسىنى تاشلاپ ئېتىنى قامچىلاپ ئۇمۇ قاچتى. دىۋانە نەيزىنى قولىغا ئېلىپ پىيادىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۇز تەۋەلىكىدىن بىر مەنزىل كەلگەندەك يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەتتى. فەرىدۇن بىلەن باشقا سەردارلار ئۇ دىۋانىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىگە ھەيران قالدى. فەرىدۇن مۇھتەر نەسىمگە قاراپ:

— بۈگۈن كېچە ھەرنېمە بولسا تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى. بىراق كەركىلىرىمىز — ئۇلىغىمىز ھالاك بولدى. ئەگەر تاڭلا بۇ ئىشىمىز ئاشكارىلانسا سەردارلار ۋە پالۋانلار مەسخىرە قىلىشىپ، ئىسكەندەر ئاچچىقلىنارمىكىن، — دېيىشتى. نەسىم:

— ئەي باتۇرلار، ھازىرغىچە مەن سىلەردىن ھېچنەرسە ئالغىنىم يوق، ئەگەر سىلەر مىڭ تۈمەندىن بەرمىسەڭلار ئەتە ئۇزۇم ئاشكارا قىلىمەن، — دېدى. فەرىدۇن:

— ئەي كاززاپ، بىزنى زور بىلەن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ

بىرمۇنچە ئىشلارنى بېشىمىزغا كەلتۈردۈڭ، — دېيىشىدى، نەسىم:

— سىلەر يالغان ئېيتىسىلەر، ھېچبولمىغاندا ئۈچ مىڭ تۈمەن بەرمەي قۇتۇلالمايسىلەر، — دېدى.

ئەلقىسسە، ھەر بىرى مىڭ تۈمەندىن ھۆججەت يېزىپ بەردى. ئۇلار ئوردىغا كېلىپ ھەر بىرى ئۆز چېدىرىغا كىرىپ كەتتى. ئەتىسى بورۇنقىدەكلا ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى سەپ تۈزۈشتى. ساھىبقىران ئەلەمنىڭ ئاستىدىكى تەختتە ئولتۇراتتى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ پىللىق كېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ئىسكەندەرگە ئاھانەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ:

— ئىسكەندەر ساڭا نېمە ھال؟ دۆلىتىڭنىڭ راھىتىنى سۈرمەي بۇ يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپسەن، دەرھال باتۇرلىرىڭنى ئەۋەتمەمسەن، — دەپ چۇقان - سۈرەن سالدى.

ئىسكەندەر يېنىغا قارىدى. بۇ چاغدا شەرشەرت تۈركىستان باتۇرى رۇستەم سانى رۇخسەت ئېلىپ ئېتىنى مەيدانغا قاراپ چاپتۇردى. ئۇلار كۆپ تىركەشتى، ئاخىرى شەرشەرت تۈركىستان يارىلاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىسھاق بىننى ئەلۋەس مەيدانغا كىرىپ يارىلاندى. ئاندىن كەفى سەلساس، كەفى خەلخال، قەھرۇش بىننى مۇلك سۇكيار، تەمھالخان، شەراۋانە قاتارلىقلار كىرىپ ئارقا - ئارقىدىن زەخىملەندى. كۈن ئولتۇردى. ئۇ كۈنى سەككىز پالۋان يارىدار بولدى. پىللىق قەلئەسىگە قايتىپ كەتتى. ئىسكەندەرمۇ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ پالۋانلاردىن ئەنسىرەپ غەمكىن بولۇپ قالدى. مۇشۇ تەرىقىدە پىللىق بىلەن دېۋانە قىرىق كۈندە تۆت مىڭ تۆت يۈز پالۋاننى يارىدار قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇرۇش يولىدىكى مۇشكۈلاتلىرى ئارىسىدا بۇ پەقەت يىگىنىنىڭ ئۈچىنچىلىك كىچىك ئىش ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ پىللىق

بىلەن دىۋانىگە سەۋر قىلماي باشقا چارە يوق ئىدى. ئەمىر بۇ ئىش ئۈچۈن بەك بەدماغ بولۇپ، ئابدۇلھېمىد مۇبارەككە قاراپ:

— كاناپتا بىر چېدىر تىكىڭ. مەن بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى كاناپ چېدىرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قىلاي! — دېدى.

ئەلقىسسە، كاناپ چېدىر پۈتتى. ئىسكەندەر چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ بېشىنى يەرگە قويۇپ پىر - مۇرشىتلاردىن ۋە پەرۋەردىگاردىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەقىدىسى يولىدا ئاجىز كېلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى زاھىر قىلىپ:

— ئەي ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ پەرۋەردىگارى، ماڭا شۇنچىلىك بىر مېھرىبانلىق قىلغىنكى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ ئەسھابۇلكەھف غارىنى ماڭا قىلساڭ، بارلىق ئىشلارنى تامام قىلسام، — دەپ ناچار بولۇپ ئەرز زارى قىلدى. سۇبھى ۋاقتىدا ئەمىرنى ئۇيقۇ باستى. پەرۋەردىگار ئالەم ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللانى كۆردى ۋە ئىسكەندەرگە دىلدارلىق قىلىپ: «ئەي پەرزەنت، ئەگەر يەر يۈزىنىڭ لەشكىرى يىغىلسىمۇ پىللىق بىلەن دىۋانىنىڭ چارىسىنى قىلماق تەس. چۈنكى ئۇلار تىلسىملىق كىشىلەردۇر. ئۇ تىلسىم سېنىڭ نامىڭدا باغلانغان، ھەر قانداق كىشى ئۇ پىللىق بىلەن دىۋانىنىڭ ئىسمىنى بىلسە، ئۇلارنىڭ قاتىلى شۇ كىشى بولىدۇ» دېدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى. چېدىرنىڭ ئىچىنى ئەنبەر ھىدى ئالغانىدى. دەرھال ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سالام يوللىدى. ئاندىن چېدىردىن چىقىپ پالۋان- سەردارلارغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ بەردى ۋە:

— بۇ هارامزادە تىلسىم ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا مېنىڭ پالۋانلىرىمنى، باتۇرلىرىمنى، سەردارلىرىمنى ئۇنداق ئاسان زەخمىلەندۈرەلمەيتتى، — دەپ نەسىمنى چاقىرىپ:

— بوۋا، سەن قەلئەگە بېرىپ پىللىقنىڭ ئىسمىنى ئۇقۇپ كەلگىن، — دېدى. بوۋاي بارگاھتىن چىقىپ ئەييارلىق

ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، پىللىقنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ قەلئەنىڭ ئەتراپىدا تۇردى. ئۇ بىر كىشىنىڭ سۇ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— پىل مىنگەن كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— بۇ پىل مىنگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى كىشى بىلمەيدۇ، مېنىڭ ھەم ئېسىمدە يوق. بىراق ئۆيدە دەپتەرگە يېزىپ قويغانىدىم. يۈرگىن خەتنى كۆرەيلى، — دەپ، ئۇ كىشى مۇھتەر نەسىم بىلەن بىللە راۋان بولدى. ئۇلار قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا كەلدى. قاراۋۇللار تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئۆتۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن بىرى كېلىپ:

— سىلەر كىم؟ — دېدى. سۇچى:

— مەن پالانى سۇچى بولىمەن، بۇ كىشى مېنىڭ بۇرادىرىم بولىدۇ، — دېدى.

قاراۋۇللار دەرۋازىنى ئاچتى. سۇچى قاراۋۇللارغا:

— بۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى ئىكەن، ئۇ خۇداپەرەس پىللىقنىڭ ئىسمىنى سوراۋاتىدۇ، — دېگەنىدى، قاراۋۇللار نەسىمنى تۇتۇپ باغلىدى. مۇھتەر نەسىم ئۆمرىدە بۇنداق باغلانغان ئەمەس ئىدى. نەسىمنى پىللىقنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. پىللىق بىلمەكچى بولۇپ:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى. قاراۋۇللار:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى سورىغىلى كەپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى باغلاپ كەلدۇق، — دېدى. پىل مىنگەن نەسىمگە قاراپ:

— ئىسكەندەر مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىپ ئاندىن چارىسىنى قىلسام بولغۇدەك دەپ ئويلاپتۇ. سەن راستىڭنى ئېيتقىن، سەن كىم سەن؟ — دېدى. نەسىم:

— راستى شۇكى، ئىسكەندەرنىڭ شىرزادى ھەم ئەيياري دېگەن مەن بولىمەن، — دېدى. پىل مىنگۈچى:

— بەللى، مېنىڭ قولۇمغا ئەجەب ياخشى چۈشۈپسەن، سەلسال مەملىكىتىدە ئىبلىسنى ئۆلتۈرگەن كىشى سەن ئىكەنسەن - دە. بۇ قېتىم ئوبدان قولۇمغا چۈشتۈڭ، — دەپ مۇلازىملىرىنى پۇت - قولىنى زەنجىر بىلەن كىشەنلەپ، ناھايىتى چوڭقۇر قۇدۇق كولاپ گەمە قىلىپ شۇنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. نەسىم گەمىگە سولاندى. نەسىم ئەتراپىغا قارىدى، زۇلمەتتە ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە: «ئەي جاپاكەش، ئەجەب بىر سولاققا چۈشتۈڭ» دەيتتى. تاڭ ئاتتى. ساھىبقىران نەسىمنىڭ كېلەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بەرققە قاراپ:

— مۇھتەر نەسىمدىن تېخىچە خەۋەر يوق. قارىغاندا، نەسىمنىڭ بېشىغا بىرەر بالا يەتتىمىكىن تاڭ، بېرىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، تۇتۇلۇپ قالغان بولسا قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەلگىن، پىللىقنىڭ ئېتىنى پاش قىلساڭ، — دېدى. بەرق قوبۇل قىلىپ قەلئەگە راۋان بولدى. ئۇ ئىتنىڭ تېرىسىگە ئورىلىپ قەلئەگە مىڭ تەسلىكتە داخىل بولدى. قاراۋۇللار ئۇ ئىتنى تۇتماقچى بولۇپ تۇتالمىدى. ئۇ پىللىقنىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. پىللىقنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى، يېنىدا بەرەزال جادۇنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ جادۇ:

— پەم بىلەن ئىسكەندەرنى تۇتۇپ ھالاك قىلىمەن، — دەپ لاپ ئۇرۇۋاتاتتى. بەرق فەرەڭ ئۇنىڭ بەرەزال جادۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ پىللىقنىڭ ئانىسى ئىدى. بەرق شۇ يەردىلا بېشىنى قولىغا قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ئۇخلىغاندەك بولۇپ: «ئەگەر بۇگۈن كېچە بۇ بەرەزال جادۇنى ئېلىپ كەتمىسەم بەرق فەرەڭ بولماي كېتەي» دەپ سەۋر قىلدى. پىل مىنگۈچى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. جادۇ شۇ تەختىگاھتىلا ئۇخلىدى. بەرق بىھوش

دورىسىنى ئۇنىڭ دىمىقىغا پۈرىتىپ بىھوش قىلدى. ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. شۇ كېچىدىلا ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. پەردە ـ گىلەمنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەمىر:

— بۇ نېمە؟ — دېدى. بەرق ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەمىر خۇشال بولۇپ بەرقنى پەردە ـ گىلەمنى ئېچىپ جادۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئىسكەندەر ئۇنى پىل مىنگۈچىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىشكە ھەر جەھەتتىن قىستىدى. ئۇ جادۇ:

— مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتمايمەن، ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتسام ھەممىمىز ئۆلىمىز، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئۇ كېلىپ قىساسىمنى ئالماي قويمايدۇ، — دېدى. ئەمىر ھەرقانداق قىلسىمۇ ئۇ جادۇ پىل مىنگۈچىنىڭ ۋە دىۋانىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا ئۇنىمىدى. ئەمىر دارغا ئەدىپىنى بېرىپ، ئاندىن كاللىسىنى كېسىپ نەيزىگە مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ قاداپ قويۇشقا بۇيرۇدى. تاڭ ئاتتى مىنگۈچى ئويقۇدىن ئويغىنىپ ئانىسىنىڭ يوق ئىكەنل بىلىپ پىلغا مىنىپ قەلئەدىن چىقتى. مەيدانغا كې ئانىسىنىڭ كاللىسىنىڭ نەيزە ئۇچىدا ئېسىقلىق تۇرغا كۆردى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئىسكەن لەشكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى. بىرمۇنچە پالۋانلارنى ئۆل مەيدانغا كېلىپ ئانىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ قەلئەسىگە تەزىيە ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى. كېچە بولدى. ساھ مۇھتەر بەرققا:

— بۈگۈن كېچە بېرىپ شاھىد پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ كەلسەڭ، — دېدى. مۇھتەر بەرق قولىنى كۆزىگە قويۇپ يولغا راۋان بولدى. دەرۋەقە ئۇ بۇ يەردىن سۈچىغا دۇچار بولدى. ئۇنىڭدىن پىل مىنگۈچىنىڭ ئىسمىنى سورىدى. سۈچى بەرقنىمۇ نەسىمنى قولغا چۈشۈرگەندەك قولغا چۈشۈرۈپ، پىل

مىنگوچىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىكار تەلەت:
— ئەي ئەييار، ئانامنى سەن ئۆلتۈرۈپسەن، — دېگەندى. بەرق:
— مەن ئۆلتۈرمىدىم، زەرقان ئۆلتۈردى، — دېدى. پىل مىنگوچى:
— ئۇنىمۇ ئېلىپ بېرىپ نەسىمنىڭ يېنىغا سولاپ قويۇڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. نەسىم بەرقنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ھەر ئىككىسى قاراڭغۇ گەمىدە ماكانلاشتى. نەسىم:
— سەن قانداق قىلىپ ئۇلارغا تۇتۇلۇپ قالدىڭ؟ — دېدى. بەرق ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇ يەردە پىل مىنگوچى:
— ئەگەر بۈگۈن كېچە زەرقاننى تۇتمىسام مەرد بولماي كېتەي، — دەپ سودىگەر سۈرىتىدە بولۇپ قەلئەدىن چىقىپ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ ئوردا دەرۋازىسىغا كېلىپ سۈرەن سالدى. زەرقان ئاۋازنى ئاڭلاپ چېدىرىدىن چىقىپ:
— ھە ساڭا نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى. پىل مىنگوچى:
— مەن سودىگەر ئىدىم، بىرنەچچە ئەييار كېلىپ مېلىمىزنى بۇلاپ كەتتى، — دېدى. زەرقان:
— مەن زەرقان شەرۋانەدۇرمەن. مەن مېلىڭنى ئېلىپ بېرەي، يۈرگىن، — دېگەندى، پىل مىنگوچى زەرقاننى ئوردىدىن يىراققا باشلاپ باردى. زەرقان:
— مېلىڭنى ئالغان ئەييار قېنى؟ — دېدى. بەھەيۋەتلىك پىل مىنگوچى زەرقاننى بۆركۈت كەپتەرنى چاڭگىلىغا ئالغاندەك قولتۇقىغا قىسىپ تۇرۇپ:
— ئەي قېرى كاززاپ، بەختسىز، مەن پىل مىنگوچى بولىمەن. مېنىڭ ئانامنى سەن ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ بېرىپسەن. ئىسكەندەر ئانامنى ئۆلتۈردى، — دېدى. زەرقان، بەرق فەرەڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ بۇ سۆز بىلەن مېنى قەستلەپتۇ دەپ بىلىپ

ھېچقانداق سۆز قىلمىدى. پىل مىنگۈچى زەرقاننى قەلئەگە ئېلىپ كىرىپ سولاپ قويدى. تاڭ ئاتتى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر بەرقىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى. زەرقان ھەم يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن غەمكىن بولۇپ ھەسرەتلىنىپ، ئاتاش ئەفرۇزنى چاقىرىپ كېلىپ:

— ئەي كاززاپ، ئاتاڭ، بەرق ۋە زەرقانلاردىن خەۋەر يوق. ئۇلارنىڭ سورىقىنىمۇ قىلىپ قويمايسەن. سەن بېرىپ پىل مىنگۈچىنىڭ ئىسمىنى بىلىپ كەلگىن، ئەگەر سەنمۇ تۇتۇلۇپ قالساڭ، ئەييارلىرىمنىڭ ھەممىسى كېرەكسىز كەن دەپ ئۇلاردىن نارازى بولۇرمەن. ئەييارلارنى كېرەك قىلمايمەن، — دېگەنىدى، ئاتەش ئەفرۇز گەپ - سۆزسىز بارگاھتىن چىقىپ چېدىرغا بېرىپ، ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. قەلئەگە يېقىن كەلدى. ئۇ قاراۋۇللارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى پەملىدى. ئاتەش ئەفرۇز سېپىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە كەلدى. بىرنەچچە قاراۋۇل ئۇ يەردە دەرقەم تۇرۇپتۇ. ئەفرۇز ئۇلارنى:

— ئەي ئۇلۇغ بۇتنىڭ بەندىلىرى، ماڭا سۇ بېرىڭلار. مەن يىراق يولدىن كەلدىم، ئۇسسۇزلۇقتا تولا تەشنادۇرمەن، — دېدى. ئۇ چاغدا بار - يوقى بىر كوزا سۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئارغامچا بىلەن بىر تەرەپتىن سۇندى. ئاتەش ئەفرۇز مۇشتەك دورا بىھوشنى كوزىنىڭ ئىچىگە قويدى. ئاندىن:

— ئەي پاسىبانلار، سۇنى ئىچتىم. ئەمدى كوزىنى تارتىۋېلىڭلار، رەھمەت سىلەرگە، — دېدى. ئۇلار كوزىنى تارتىۋالدى. ئۇ يەردە ئۈچسى بار ئىدى. ئۇلار كوزىدىكى سۇنى ئىچكىسى كېلىپ ئىچتى. ئاتەش ئەفرۇز بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇۋىدى، پاسىبانلاردىن ھېچقانداق ئەسەر بولمىدى. ئاتەش ئەفرۇز سېپىلغا ئارغامچا تاشلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا چىققانىدى، ئۇلار بىھوش يېتىپتۇ.

ئەفرۇز ئۇلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى. ئاتەش ئەفرۇز بىر باغنى كۆرۈپ كىردى. ئۇ باغ پىل مىنگۈچىنىڭ قىزىنىڭ چاھار بېغى ئىدى.

ئەلقىسسە، ئاتەش ئەفرۇز باغدا تەنها سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرگەندى. پىل مىنگۈچىنىڭ خامۇش ھالدا تالاغا چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇنى ئۇيقۇغا مايىل قىلىپ دورا بىھوشنى بۇرنىغا پۈركمەكچى بولۇپ، پىر - مۇرشىتلىرىدىن مەدەت تىلەپ سەۋر قىلىپ تۇردى. پىل مىنگۈچى ئۇيقۇغا باردى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن پىيادىلىرىمۇ ئۇخلاپ قالدى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇلارنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ ئۇلارنى بىھوش قىلىپ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى. ئاندىن پىل مىنگۈچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ بىھوش قىلىپ، پەردە - گىلەمگە ئوراپ ئوردىغا كەلگەن يولى بىلەن سىپىل پەشتىقىغا كېلىپ ئارغامچا بىلەن چۈشۈپ كېتىپ قالدى. ئاتەش ئەفرۇز پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ جەمشىد بارگاھىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ كەلدى. دەرۋازىنى ئېچىپ بارگاھقا كىردى. ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇردى. ئەمىر:

— كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. ئاتەش ئەفرۇز:

— شەھرىيارنىڭ ئىقبالى بىلەن پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. ئەمىر بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ، پەردە- گىلەمنى ئېچىپ ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە ئەمىر قىلدى. پىل مىنگۈچى ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دەرغەزەپتە پۈتۈن كۈچى بىلەن زور قىلىۋىدى، باغلانغان ئارغامچا پارە - پارە بولۇپ كەتتى. پىل مىنگۈچى پالۋانلىق قىلىشقا باشلىدى. پىل مىنگۈچىنىڭ زەربىسىدە مۇلازىم ئابدۇللانىڭ بېشى ئون ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. باشقا مۇلازىم، پالۋانلار ئۇلاش - چولاش

كېلىپ پىل مىنگۈچىنى زەنجىر بىلەن باغلىنىدى. بۇ چاغدا ئەمىر:

— ئەي پىل مىنگۈچى، ئېتىڭنى ئېيتقىن؟— دېدى.

پىل مىنگۈچى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلساڭمۇ ئانامغا ئوخشاش ئېتىمنى ئېيتمايمەن. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئاتام قىساسىمنى ئالىدۇ،— دېدى. ئىسكەندەر بىلەن سەردارلار ھەرقانچە قىيىن ـ قىستاق قىلىپمۇ پىل مىنگۈچىنىڭ ئېتىنى ئېيتقۇزالمىدى. ساھىبقىران ئاتەش ئەفرۇزغا:

— ئەي بۇرادەر، ئەگەر پىل مىنگۈچىنى ئىقرار قىلدۇرساڭ مىڭ تومەن (پۇل) بېرىمەن،— دېدى. ئاتەش ئەفرۇز ئالتە مىڭ ئەييارنى پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ چىقىپ شۇنداق قىيىن ـ قىستاق قىلدىكى، تىزىغىچە گۆشلىرى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىدى. لېكىن ئۇ ھارامزادە ئېيتمىدى. ئاتەش ئەفرۇز دەرغەزەپ بولۇپ نەسىمنىڭ مىخىنى (تامغىسىنى) ئېلىپ كېلىپ ئوتقا سېلىپ، پىل مىنگۈچىنىڭ تۆشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىدى. بۇ چاغدا پىل مىنگۈچى تاقەت قىلالماي:

— ئەي ئىسكەندەر، داد، بەندىلىرىڭ قولىنى يىغسۇن، ئېتىمنى ئېيتاي،— دەپ پەرياد قىلدى. ئاتەش ئەفرۇز ئۇنى قىيناشتىن توختىدى. ئەمىر:

— ئەي پىل مىنگۈچى، ئېتىڭنى ئېيتقىن،— دېدى.

پىل مىنگۈچى:

— شەھرىيار، مېنىڭ ئېتىم قەھرۇھ پىل مىنگۈچىدۇر. ئاتامنىڭ ئېتى كەۋسەڭ، ئانامنىڭ ئېتى رەيھان جادۇدۇر. بىزلەرنى تىلسىم بىلەن بەند قىلغانىدى. ئانام قولۇڭىزدا ئۆلدى،— دېدى. سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئەمىر پىل مىنگۈچىنى زىندانغا ئېلىپ كىرىپ باغلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى.

ئەمىر ئاتەش ئەفرۇزغا مىڭ تۈمەن (پۇل) بەردى. ئەتىسى دىۋانە مەيدانغا كەلدى. فەرھەڭ بېرىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي كەۋسەڭ دىۋانە، مەن سېنىڭ قاتىلىڭدۇرمەن، — دېدى.

دىۋانە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قوش تىغنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى. فەرھەڭ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئەمىر:

— بىر دىلاۋەر بېرىپ فەرھەڭگە ياردەم بەرسۇن، — دېدى. كىيابانۇ ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. سەئدان دىۋىزاد قاتارلىق سەردارلار دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. دىۋانە تاغنىڭ باغرىغا ماڭدى. ئۇ يۇقىرى چىقمايلا فەرھەڭ يېتىپ كېلىپ ئۇ هارامزادىگە سالما تاشلىغانىدى، ئۇ مەلئۇن كۆچى بىلەن زور قىلدى. فەرھەڭنى ئېتى بىلەن ئالدىغا تارتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن كىيابانۇ ۋە يەتتە باتۇر ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ ھەممىسى دىۋانىگە سالما تاشلاپ قوللىرىنى تاشقا مەھكەم باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن زور قىلىپ ئۇنى يىقىتىپ قولىنى باغلىدى. بۇ چاغدا فەرھەڭنىڭ كۆزى غارنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان بىر قىزنىڭ جامالىغا چۈشتى. ئۇ خۇددى ئايدەك ئىدى. فەرھەڭ سەرگەردان دىل بولۇپ قولىنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن توختاتتى. بۇ چاغدا ئۇ پەرىزات بانۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— پىدايىڭ بولاي، مەن ياقۇت شاھ پەرىنىڭ قىزى بولىمەن، قىزلار بىلەن جاڭگالدا ئەييارۋازلىق قىلىشىپ يۈرگەندۇق، بىر چاغدا سۇدىن بىراۋ چىقىپ، جىلتىلىرىمنى يىغىۋالدى. مەن جىلتىمنى تاپالمىدىم. ئۇ دىۋانە كېلىپ جىلتىمنى ئېلىپ مېنى تۇتتى. ماڭا دەست دەرۋازلىق قىلدى، هازىر ئۇ جىلتىم دىۋانىنىڭ كەمرىدە، ئۇنى ماڭا ئېلىپ بەرسىڭىز، ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا بارسام، — دېدى. بانۇنىڭ ئۇنىڭغا دىلى كۆيۈپ دىۋانىنىڭ بېلىدىن جىلتىنى يېشىپ قىزغا

بەردى. قىز كەپتەر سۈرىتىدە بولۇپ پەرۋاز قىلىپ كەتتى. فەرھەڭ ئانىسىدىن خىجالەت بولۇپ ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. دىۋانىنى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ بارگاھقا كىردى. ئەمىر دىۋانىنى ئوغلىنىڭ يېنىدا بەنتكە تارتتى. ئۇ ئوغلىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇندى. بىراق ئۇ ئوغلىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەي نامەرد، ئېتىمنى ئېيتقىنىڭنى بىلگەن بولسام سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم، ئەگەر ئېتىمنى ئېيتمىغان بولساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردە مەن قىساسىڭنى ئالاتتىم، — دېدى. پىل مىنگۈچى ئەھۋالنىڭ باش - ئايىغىنى بايان قىلدى. كەۋسەڭ دىۋانە:

— ئەي يارىماس، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدا بولمايمەن، ئەتە مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر سېنى ئىسكەندەر ئۆز ئېتىقادىغا كىرىشكە ئۈندىسە سەن ئۇلارغا: «مېنىڭ بىر مۇشكۇلاتىم بار، ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇشۇ مۇشكۇلاتىم ھەل بولسا ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىرىمەن دېگىن، ئەگەر ئۇ مۇشكۇلاتىڭنى ئېيتىپ باققىن دېسە، سەن، بۇ قەلئەدە بىر باغ بار، ئۇ باغدا بىر خەزىنە بار، خەزىنىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنغلىق. ئۇنىڭدا نېمە بارلىقىنى بىلمەيمىز. قاچانكى ئۇ خەزىنىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلسەم، ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىدا بولىمەن» دەپ ئىسكەندەرنى ئۇ خەزىنىگە ئېلىپ بارغىن، ئاندىن كېيىن باشقا ئىش بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ھەرقانداق كىشى ئۇ خەزىنىگە بارسا قىيامەتكە قالىدۇ، چىقالمايدۇ، — دېدى. پىل مىنگۈچى بۇنى قوبۇل قىلدى. ئەتىسى ئەمىر دىۋانىنى زىنداندىن ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. دىۋانە ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كىردى. ئىسكەندەر ئۇنى ئۆز ئېتىقادىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. دىۋانە ئۆزىنىڭ بىر تەلىپى بارلىقىنى ئېيتتى.

دىۋانە سۆز قىلىش بىلەنلا ئاغزىنى دەشنامغا ئاچتى. ئەمىر ئۇنى قىيناشقا بۇيرۇدى. ئاندىن كېيىن پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنى ئۆز ئېتىقادىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندىدى. بۇ هارامزادە ئاتىسى زىنداندا ئۆگەتكەن بويىچە سۆزنى ئېيتتى. ئەمىر ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. سەردارلار پىل مىنگۈچى بىلەن قەلئەگە بېرىپ باغقا كىردى. خەزىنىخانىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئەمىر:

— بىر كىشى بېرىپ خەزىنىخانىنىڭ ئىچىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. فەرىدۇن ئەمىرگە تەزىم قىلىپ قەدەم قويدى. خەزىنىخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قۇلۇپنى خىمىرنى تولغىغانىدەك تولغاپ ئېلىپ تاشلىدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە قەدەم قويدى. بىردەمدىن كېيىن ساھىبقىران بىرخىل قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئىشىتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سام بىننى فەرىدۇن بىننى سامنىڭ بېشىنى خەزىنىخانىنىڭ تېشىغا تاشلىغانلىقىنى كۆردى.

ئەلقىسسە، خەزىنىخانىغا قەدەم قويغان قىرىق نەپەر نامدارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— خەزىنىخانىغا خەزىنىخانىنىڭ سىرى مەلۇم بولمىغىچە ئادەم كىرمىسۇن، — دېدى ۋە ئارستوغا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، ۋەزىر دېگەن پادىشاھنىڭ ئەقلىدۇر. بۇ ھەقتە بىر پىكىر قىلغىن، — دېدى. ئارستو:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ئىشقا ئەقلىم ھېچ يەتمىدى. ئۇستازىم ئەفلاتۇننىڭ تۇمارىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلسىڭىز، — دېگەنىدى. ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خەزىنىدىكى ساندۇقچىدىن تۇمارنى ئېلىپ كېلىپ زىيارەت قىلىپ ئېچىپ كۆردى. ئۇنىڭدا: «ئەي ئىسكەندەر، سەن تاغ يولى بىلەن مۇقاتەس قەلئەگە بارغاندا پىل مىنگۈچىنىڭ

قەلئەسىدە بىر باغ بار، ئۇ باغقا بېرىپ خەزىنىخانىنى كۆرسەڭ، پۈتكۈل ئالەم خەلقى ئۇ خەزىنىخانىغا كىرسىمۇ ئەجدىھا دەم تارتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت پىل مىنگۈچىنىڭ بېشىنى بوغۇزلاپ، چىلاپچىغا قېنىنى ئېلىپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قۇيسا تىلسىم بىر تەرەپ بولىدۇ» دەپ پۈتۈلگەنىدى. ئىسكەندەر تۇمارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىپ پىل مىنگۈچىنى ئېلىپ كاللىسىنى چىلاپچىغا بوغۇزلاپ:

— بىر باتۇر بۇ چىلاپچىدىكى قاننى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قۇيسۇن، — دېدى. شاھزادە دەۋران ئابدۇلھېمىد ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقاي، — دېدى.

ئەمىر رۇخسەت بەردى. شاھزادە چىلاپچىنى ئېلىپ خەزىنىخانىغا قەدەم قويدى. شاھزادە ئۇ يەردە ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئابدۇلھېمىد قورقماستىن چىلاپچىدىكى قاننى ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا قۇيدى. ئەجدىھا جان تالىشىپ تولغىنىپ سەكرەپ جاھاننى لەرزىگە سالدى. شاھزادە بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى. بىردەمدىن كېيىن بۇ ئالامەتلەر يوقىدى. ساھىبقىران ۋە پالۋانلار ئۇ تەرەپكە قارىدى. ئۇ خەزىنىخانىدىن ۋە باغدىن ھېچقانداق ئەسىرمۇ كۆرۈنمىدى. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئۆي - ھۇجرىلارنى كۆردى. ئۇلار ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدە ھېسابسىز گەنج - گۆھەر، زەر - جاۋاھىراتلار دۆۋە - دۆۋە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمىر ئۇ گەنجنىڭ تامامىنى ئېلىشقا ئەمىر قىلدى. قەلئە خەلقىنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. نەسىم، بەرق ۋە باشقا قىرىق باتۇرنىڭ بېشىنى خەزىنىخانىغا تاشلىۋەتكەنىدى. بىراق ئۇلار سالامەت ئىكەن، زىنداندا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنىمۇ قۇتقۇزۇپ ئوردىغا ياندى. ئەمىرمۇ خەزىنىدىكى مال - دۇنيانىڭ

ھەممىسىنى لەشكەرلەرگە بۆلۈشتۈرۈپ بەردى. ئۇ شەھەردە نەچچە كۈن تۇردى. ساھىبقىران بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن شىكارغا چىقتى.

بىر كۈنى شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ نەۋفىلگە قاراپ:

— ئەي جان دوستۇم، بارگاھلارنى يۆكلىسىڭىز، مەغرىب دىيارىغا يول ئالساق، — دېدى. نەۋفىل قولىنى كۆزىگە قويۇپ، ئەرەبلەر بىلەن بارگاھلارنى ئۇلاغلارغا يۆكلەپ يولغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## سەكسەن ئىككىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تاغ يولى مۇقاتەس جىلغىسىغا يېتىپ بې-رىپ، گەرشاسەبنىڭ ئالتۇن ماللىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر نەقىل قىلىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نەۋفىل بارگاھنى ئېلىپ يولغا چىقتى. بىر سەھرايى خۇش ھاۋالىق جايغا كېلىپ بارگاھ تىكىپ ئۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى ئەمىر قىيامەت - قايىم بولغانداك ھەيۋەت بىلەن لەشكەرلەرنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ بارگاھتا ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. پالۋانلار بىلەن بولغان مەسلىھەت شۇ يەرگە يەتتىكى، فەرۇز شاھ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ يېقىندا بىر تاغ بار، ئۇنى كۆھ مۇقاتەس دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر كىشى ئالتۇننى بىللە ئېلىپ

ماڭغان بولسا، تاغ ئۇ كىشىنى مۇئەللەقتە تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ سىرىنى گەرشاسەپ بىلىدۇ. ئەژدەردىن ئۇ تاغقا بارماقچى بولغاندا، سەردارلار تۇتىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىماي بېرىپ تۇتۇلۇپ قالغان، ئۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا مۇئەللەقتە تۇرۇپ قالغاندا، گەرشاسەپنى ئالتۇن بىلەن بېزەپ ئاندىن كېيىن ئۇنى قۇتقۇزغانىكەن. ھازىرمۇ ئالتۇنلار ئۇ جايدا بار. ئۇ مۇئەللەقتە تۇرىۋاتىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر پالۋانلارغا:

— ھەممە دىلاۋەرلەر تاغقا يېقىن بېرىپ ئاتلارنى قويۇۋېتىپ تاماشا قىلايلى، — دېدى. سىپاھلار ئەسلىھەلىرىنى تاشلاپ ئۇ يەرگە باردى. پالۋانلارمۇ ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپ پىيادە باردى. ئەمىر بىلەن پالۋانلارنىڭ كۆزى تاغ ئارىسىدىكى ئالتۇنغا چۈشتى. ئۇ مۇئەللەقتە تۇراتتى. ئىسكەندەر ئارستوغا:

— بۇ ئالتۇننى بىر ئامال بىلەن يەرگە چۈشۈرۈڭ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئارستو قوبۇل قىلىپ ياغاچچىلىرىغا:

— جەزىرىگە بېرىپ ئۇزۇن ياغاچتىن جىقراق ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ياغاچچىلار بېرىپ ئۇزۇن ياغاچلارنى ئېلىپ كەلدى. ئارستو ئۇنىڭ ئۇچىغا قەلەمتۇراج بېكىتىپ باتۇرلارنى ئالتۇننىڭ ئەتراپىغا سۇنۇشقا بۇيرۇدى. باتۇرلار ياغاچنى سۇنۇپ ئالتۇننى چاپقىغانىدى. ئالتۇن تاغقا تېگىپ يەرگە چۈشتى. يەردىكى توپا ھاۋاغا ئۆرلىدى. ئىسكەندەر ئالتۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۈچ كىشى ئالتۇنغا چاپلىنىپ قاپتۇ، ئىسكەندەر باتۇرغا:

— گەرشاسەپ دېگەن نېمە؟ — دېدى. باتۇر:

— بۇ ئالتۇننى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچىدۇر، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بىر باتۇر بېرىپ ئۇ ئالتۇننى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بارسۇن، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا فەرھەڭ دىۋىزاد

ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئالتۇننى كىگىزگە ئوراپ يۇدۇپ نەچچە قەدەم ماڭغاندى، ئۇنىڭ بۇرنىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى.

ئەلقىسسە، فەرىدۇن، ئابدۇلھېمىد، كىيابانۇ ۋە سەئىدانلار ھەرقايسىسى نۆۋەت بىلەن ئالتۇننى نەچچە قەدەمدىن كۆتۈرۈپ ماڭدى. بىراق ئۇلارنىڭمۇ بۇرنىدىن قان ئاقتى. ئاخىرى مۇھەممەد شىرزاد بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، مەردانىلىق تومۇرىدا ھەيۋەت قېنى ئۇرغۇغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىرخان:

— ئەي پەرزەنتىم، نېمە قىلماقچىسىز؟ ھېچ سۆز قىلمايسىزغۇ؟ — دېدى. مۇھەممەد:

— ئەي ئاتا، باتۇرلارنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭغا ئورۇنۇپ كۆردى. مەنمۇ ئۆزۈمنى سىناپ باقاي دەيمەن، — دېدى. ئەمىرخان:

— ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، — دېدى. مۇھەممەد:

— مېنىڭ تاقىتىم قالمىدى، — دەپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ ئالتۇننى دۈمبىسىگە ئېلىپ ۋارقىرىغىنىچە بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭمۇ بۇرنىدىن قان ئاقتى. ئۇنىڭ كىيىملىرى قانغا بويالدى. ساھىبقىران بىلەن باشقا باتۇرلار: «مۇبارەك بولسۇن» دېيىشتى. ئىسكەندەر ئەمىر قىلىپ چاچقۇ كەلتۈرۈپ، مۇھەممەد شىرزادنىڭ بېشىدىن چاچقۇ چاچتى. ئەتىسى ساھىبقىران بارگاھقا كىردى، پادشاھ، سەركەردە، سەردار، پالۋان، باتۇرلار ھەممىسى ئۆز سەندەل-كۇرسىلىرىدا ئولتۇرۇپ دىدارلاشتى. ساھىبقىران بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي پادشاھ، پالۋان، باتۇر ئاتارمەن ۋە چاپارمانلەر، مېنىڭ مەقسىتىم ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىش ئەمەس. سىلەرگە

مەلۇمكى، ھەر ۋاقىتتا بارگاھقا داخىل بولساڭلار ئۆزۈڭلارنى ھەر بىرىڭلار «رۇستەم داستانى» دەك بىلىسىلەر، بۇ مېنىڭ سىلەرنى سىنىغىنىم بولدى. ھەرقايسىڭلار نەچچە قەدەمدىن كۆتۈرۈپ ماڭالمىدىڭلار، دەرۋەقە مۇھەممەد شىرزاد كۆتۈرۈپ بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. ھەممىڭلارنىڭ مەرتىۋىسىنى بىلدىڭلار. مەن مۇھەممەد شىرزادنى كۈيئوغۇل قىلىشنى خالايمەن، ــ دېگەندى، ئاتارمەن ۋە چاپارمەنلەر كۇلاھلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ تەبرىكلەشتى. مۇبارەك ـ مەرھابا سادالىرى پەلەكنى لەرزىگە سالدى. مۇھەممەد شىرزاد جايىدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇردى. ئۇ خىجالىتىدىن تەرلەپ كەتتى. ئەمىر ئارستو، سەئد سائادەت، گۇلنار بانۇنى مۇھەممەد شىرزادقا نىكاھ قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. شۇ جايدىلا تويلۇقنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ زىياپەت، سۆھبەت ـ نورۇز قىلدى. قىزنى قوشۇپ قويىدىغان ئاخشىمى مۇھەممەد دىلاۋەرگە پەردە، مەرۋايىت قاتارلىق سوۋغاتلارنى، فەرىدۇن تەلىم ۋە ئەلەيھى ئىسلامدىن ئېلىپ كېلىپ كىيدۈرۈپ پەرزلەردىن تەلىم بەردى. مۇھەممەد پۇست ـ خالات، بېشىغا كۇلاھ كىيىپ ئاتقا مىنىپ، بارلىق پادشاھ، ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر ۋە دانا ـ دانىشمەنلەرنىڭ ئالدىدا تۇردى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە مۇھتەر نەسىم تۆت مىڭ تۆت يۈز ئەييار شاگىرتلىرى بىلەن، ئۇڭ تەرەپتە بەرق تۆت مىڭ ئەييار، ئاتەشۋاز فەرەڭ تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن سول تەرەپتە ئاتەشۋازلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇلار گۇلدۇراس ـ ئالقىشلار بىلەن ھۇجرىسىغا كەلدى. ياڭراق ناغرىلار شادىيانىگە كەلتۈرۈلۈپ، يۈز تىزىق ئالتۇننى ئەمىرخان مەلىكە بىلەن مۇھەممەدنىڭ بېشىغا چاچقۇ قىلدى. ئىسكەندەر گۇلنار بانۇنى زىبۇ زىننەت بىلەن بېزەپ مۇھەممەدكە تاپشۇردى. بۇ چاغدا ناغرا ـ سۇنايلار يەنە بىر

مەرتىۋە شادىيانە تۇسىنى ئالدى. ئۇ كېچىسى ئۇ ئىككىلەن بىر-بىرىنىڭ ۋەسلىگە يەتتى. ئۇ كېچە لەززەت مۇھەممەد شىرزادنىڭ جىسمىدىن ئۇ نىگارنىڭ رىجىمىدا قارار ئالدى ۋە شىرزادنىڭ شەھۋىتىدىن نىگارنىڭ جىسمىدا پەرۋەردىگارنىڭ ھەققىدە بىرزات ماكان تۇتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## سەكسەن ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان ئەسفەر لەئلە خەفتانىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، قىسسىچىمىز شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تاڭ ئاتتى. ساھىبقىران بارگاھتا ئولتۇردى. پالۋانلارمۇ ھەرقايسىسى ئۆز جايىدا ئولتۇردى. مۇھەممەد شىرزاد ئىشىكتىن كىرىپ ساھىبقىراننىڭ قولىنى سۆيدى. ئاندىن كېيىن ئۆز جايىدا ئولتۇردى. پالۋانلار ئۇنى مۇبارەكلەشتى. خوجا (ئىسكەندەر) نەچچە كۈن بۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن كۆچتى. بارگاھ تىكىپ سەندەل بارگاھقا كىرىپ دۇئا - سانادىن كېيىن ئولتۇرغاندى، ئارستو چېدىرغا كىرىپ:

— شەھرىيار، پەرۋەردىگار گۈلەندەم بانۇغا پەرزەنت كارامەت قىپتۇ، — دېدى. ئۇنى ئاڭلاپ ئەمىر تولا خۇشال بولۇپ، سۆيۈنچە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلىپ خوجا خەزىنىدارغا تاپشۇردى. ئاندىن كېيىن ھەرەمگە كىردى. ئارستو ئۇ بالىنى ئېلىپ كېلىپ ئەمىرنىڭ قولىغا بەردى. ئەمىر ئۇنى كۆرۈپ:

— ئەجەب ئىش، بۇ بىر پارچە گۆش ئىكەنغۇ. بېشى

ئادەمگە ئوخشايدۇ، پۇتى بىلەن قولى يوق. بەئەينى تۇلۇمغا ئوخشاش ئىكەن، — دەپ غەزەپلىنىپ، بالىنى يۆگىكى بىلەن يەرگە تاشلىدى. ئاندىن ھەرەمدىن چىقىپ بارگاھقا كىرىپ نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي بوۋا، مەن مەغرىب زېمىنىغا بېرىشنى قارار قىلدىم. گۈلەندەم بانۇنى ھىندىغا ئېلىپ بېرىپ نەشۋارخاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يانغىن، بۇندىن كېيىن ئۇنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دېدى. نەسىم قولىنى كۆزىگە قويۇپ:

— ئەي رۇمزادە، يادىڭىزدا بارمىكىن، ھىندىدا گۈلەندەم ھەرەمدىن ئەسلا چىقمايتتىنىڭ، گۈلەندەم بانۇنىڭ ئىشقىدا كۆڭلۈڭ بىردەم ئارام تاپماس ئىدى. ھالا ئەمدى ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىسەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بوۋا، تاڭلا پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ پەرزەنتىمنى مۇبارەكلەپ كۆرگىلى كېلىدۇ، بۇ بىر پارچە گۆشنى كۆرسە مېنى مەسخىرە قىلمامدۇ؟ ئەمدى بۇ خاتۇننى خالىمايمەن، ئۇنى دەرھال كۆزۈمدىن يىراق قىلغىن، — دېدى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ غەزىپىنىڭ ئۆرلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭماقتىن باشقا چارە تاپالماي ئۇنى قوبۇل قىلدى. نەسىم گۈلەندەمنى ئېلىپ، قەھرۇشنى ئون ئىككى مىڭ لەشكىرى بىلەن ھەمراھ قىلىپ ھىندىغا راۋان بولدى.

ئەي بەندە، قىسسە ساھىبلىرى، پىكىر قىلىڭ، ھەزرەتنىڭ بۇنداق غەزەپ قىلىشى ئورۇنلۇقمۇ؟ بۇنىڭ قىساسىنى تارتىپ قالمىغايسىز! ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

# سەكسەن توتىنچى قىسسە، سۇلتان ئەسفەرلەئىلە خەفتانىنىڭ نەزەرگەردە بولغانلىقى

ئەلقىسسە، نەسىم، گۇلەندەم ۋە قەھرۇش ئون ئىككى مىڭ كىشى بىلەن ھىندىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار يولدىن ئېزىپ بىر باياۋانغا ئاتمىش فەرسەخ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەندى. بۇ ئاتمىش فەرسەخ يول ئارىسىدا ھاياتلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ باياۋان شۇنداق ئىسسىق ئىدىكى، قۇش ھاۋادا ئۇچسا قانىتى كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ چۈشەر ئىدى.

نەسىم ئۇ يەردە چېدىرنى تىكىپ چۈشتى. لەشكەرلەر ھەرتەرەپكە سۇ ئىزدەپ ماڭدى. نەسىممۇ سۇ ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار سۇ تاپالماي ھالسىزلاندى. بۇ چاغدا گۇلەندەم بانۇنىڭ گېلى قۇرۇپ سۇ تەشنالىقىدا زوۋانى تۇتۇلۇپ تاماق يېيىشكە ماجالى قالمىدى. بالا — سۇلتان ئەسفەر لەئىلە خەفتان سۇت تەمە قىلىپ يىغلايتتى. گۇلەندەم بالىنى يۆگەكلەپ يەرگە تاشلىدى ۋە:

— ئەي نامۇبارەك بەختسىز پەرزەنت، سېنىڭ تۇپەيلىڭدىن ئىسكەندەر دېگەن ماڭا غەزەپلىنىپ ئوردىدىن قوغلىۋەتتى، — دەپ بالىغا غەزەپ قىلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بىراق پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن «ئىسكەندەر قىلغانىنى مەن قىلماي» دەپ ئۆزىگە تەنبىھ قىلدى. گۇلەندەمنىڭ رەھمى كېلىپ قولىنى يىغدى. بالىنى يۆگىكى بىلەن كۆتۈرۈپ يەردىن ئېلىپ پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا نالە قىلدى. مۇناجات تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلدى. ھەممىگە قادىر قۇدرەتلىك

پەرۋەردىگار بۇ مۇناجات زارىنى قوبۇل قىلدى بولغاي، قوتۇبۇلقەتاپ قىبلە تەرەپتىن بىر ئاتلىق، يېشىل كىيىملىك زات يۈزىگە قىزىل نىقاب تارتقان، قولىدا نەيزە تۇتقان جامالىدىكى نۇر بىلەن ئالەم ئاسمانىنى يورۇتۇپ نامايان بولدى. ئۇ گۈلەندەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەيزىسىنى يەرگە قاداپ پىيادە بولۇپ ئولتۇردى. بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ قولىنى بوۋاقنىڭ ئەزاسىغا يەتكۈزۈپ، بېشىدىن - ئايىغىغىچە سىلىدى. پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادە - قۇدرىتى بىلەن بالىنىڭ پۇت - قولى ۋۇجۇدقا چىقىپ ھەممە ئەزالىرى تازا - تولۇق بولدى. گۈلەندەم بۇ ھالنى كۆرۈپ:

— ئەي غەمگۇزار، سىز كىم بولىسىز؟ بىزگە نېمە ئۈچۈن بۇنداق كارامەتلىك شەپقەتنى قىلىسىز؟ ئىسكەندەر بۇ بالا تۇپەيلى ماڭا ئاھانەت قىلىپ غەزەپ قىلغانىدى، — دېدى.

شەھريار:

— ئەي بانۇ، ھەردەم ئاگاھ ۋە دانا بولغىن. مەن ئىبراھىم خەلىلۇللادۇرمەن، پەرۋەردىگارنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ بالىنىڭ قېشىغا كەلدىم. بالىنى كۆردۈم، خاتىرجەم بولغىن، ئىسكەندەر بالىنى خار كۆرگەنلىكى ئۈچۈن مەغرىبتە تۆت ئاي چوڭ بالا - قازا يولىنى توسۇپ، بارلىق سەردارلىرى، ئەييارلىرى ۋە ئىسكەندەرنى قەپەزگە سولايدۇ، — دېدى. ئاندىن ئۇ ھەزرەت بالىغا قاراپ ئۈچ قېتىم «سۇلتان، سۇلتان ساھىبقىران ئەسفەرلەئىلە خەفتان[1] دېدى. ئاندىن كېيىن ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ نەيزىسىنى يەردىن ئېلىپ ئېتىنى مىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ چاغدا نەيزە سانجىلغان جايدىن بىر بۇلاق پەيدا بولدى. گۈلەندەم بانۇ بۇنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لەشكەرلەر

---

① لەئلە خەفتان — قىزىل نۇر چاچقۇچى تون، نۇرلۇق ئۇرۇش كىيىمى.

ۋە نەسىم سۇ ئىزدەپ تاپالماي يېنىپ كەلدى. ئۇلار سۇنى كۆردى. نەسىم گۈلەندەمدىن بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى. گۈلەندەم ئىشنىڭ جەريانىنى بايان قىلىپ:

— پەرزەنتىم ئانەزرەتنىڭ نەزەرگەردىسى بىلەن مانا مۇشۇ هالدا ساق ـ تازا تەنلىك بولدى، — دېدى.

ئەلقىسسە، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى سۇنى ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇلار گۈلەندەمنى ھىندىغا ئېلىپ كېلىپ نەشۋارخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. نەشۋارخان گۈلەندەمنىڭ بۇرادىرى ئىدى. نەسىم ھىندىدا تۆت كۈن تۇرۇپ ئاندىن كېيىن گۈلەندەم بانۇ بىلەن خوشلىشىپ ھىجرانلىقتا ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئەمىر ئۇلارغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن باشلىرىدىن چاچقۇ قىلىپ كۆپ تارتۇق ـ تۆھپىلەر قىلدى. زىياپەت بەردى. ئاندىن لەشكەرلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مەغرىب دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. بۇ يەردىكى يول ئېغىزىنىڭ ھاكىمى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئىسكەندەر بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆپ ـ سوۋغاتلار بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. ئەمىر ئۇلارنى ئۆز ئېتىقادىغا كىرگۈزدى. ئەمىر:

— ئەي دەربەنت شاھى، مەن دەرياغا كىرمەكچى بولۇۋاتىمەن، كېمە كەلتۈرگىن، — دېدى. شاھ:

— قانچىلىك كېمە كېرەككىن؟ — دېدى. ئەمىر:

— چوڭ كېمىدىن ئون ئىككى مىڭ بولسا بولىدۇ، — دېدى. ئۇ ۋىلايەتنىڭ خىسرەۋخانى:

— بىر مۇنچە كېمە بار ئىكەن، قالغىنىنى دەرھال ياسىساق بولىدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، بىر ئايدا كېمىلەر تەييار بولدى. خىسرەۋخان ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— كېمە تەييار بولدى، — دېدى. ئەمىر بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## سەكسەن بەشىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ كېمىدە ئولتۇرغانلىقى، نەسىمنىڭ كېمىگە كىرمىگەنلىكى، ئەمىر ئۇنى ھىيلە بىلەن كېمىگە ئېلىپ كىرگەنلىكى، كېمىنىڭ قاينام - گىردابقا كىرىپ قالغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، كېمە تەييار بولدى. ئەمىر ئەسۋاب - ئەسلىھەلەرنى كېمىگە سېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ھەممە لەشكەرلەر كېمىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئەمىر كېمىلەرگە قارىغانىدى، نەسىم كۆرۈنمىدى. جامائەتتىن:

— نەسىم قەيەرگە كەتتى. ئۇ يوققۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلاردىن بىرى:

— نەسىم جەزىرىدىكى دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مۇھەممەد شىرزاد بېرىپ نەسىمنى ئېلىپ كەلسۇن، چۈنكى مۇھەممەد شىرزاد بىلەن نەسىم يېقىن دوستلاردىن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد كېلىپ نەسىمگە:

— ئەي مەرد، ماڭغىن، ئىسكەندەر كېمىدە، ساڭا ئىنتىزار بولۇپ قالدى، — دەپ نەسىمنىڭ قولىنى تارتتى. نەسىم:

— ئەي مەردان، قولۇمنى تارتمىغىن، مەن ئۇ بالا - قازالىق كېمىگە كىرمەيمەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆز ئىناۋىتىڭنى ساقلايمەن دېسەڭ، باشقىلارنى بىر ئىشقا زورلىمىغىن. مەن ساڭا ھازىرغىچە بىئەدەپلىك قىلىپ باقمىدىم، — دېگەندى، مۇھەممەد شىرزاد ھەر نېمە دەپ نەسىھەت قىلسىمۇ نەسىم كېمىگە كىرگىلى ئۇنىمىدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ ئىشنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر ئەلۋەسكە قاراپ:

— بۇ قېرى - ساقال بىرەر ھىيلە - مىكىرنى كۆڭلىگە پۈككەنمۇ - قانداق؟ — دېدى. ئەلۋەس:

— شەھرىيار، سىز نەسىمگە ھەر ۋاقىت تەشەككۈر ئېيتاتتىڭىز. مەن ئىككى نەرسىدىن قورقىمەن. ئۇنىڭ بىرى كېمىدىن، يەنە بىرى جادۇدىن. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كېمە بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە ئىختىيارسىز يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا كىشى سۇغا ئاسان غەرق بولىدۇ. جادۇ لېۋىنى مىدىرلاتسا ئادەم بىكاردىن باغلىنىپ قالىدۇ، — دەپ كېمىدىن چىقىپ نەسىمنىڭ يېنىغا باردى:

— ئەي نەسىم، ساھىبقىران بوۋىمىز نېمە ئۈچۈن بەدماغ بولۇپ قالدىكىن، نەسىمنىڭ جېنى مېنىڭ جېنىمغا ئوخشاشلا ئەزىز. جەمئىي خالايىق كېمىدە ئولتۇرسا ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى دەيدۇ، — دەپ ۋەز ئېيتىۋىدى، نەسىم:

— بارمايمەن، زادى بارمايمەن، — دېدى. بۇ چاغدا شەھرىيار كېلىپ:

— بوۋا كېمىگە كىرگىن، خەزىنەڭنىڭ ھەممىسى كېمىدە، — دېگەندى. نەسىم:

— ئەي رۇمزادە، پۇل - مالدىن ۋە دۆلەتتىن كەچتىم. سەن دەرھال بېرىپ مېنىڭ جېنىمدىن نېمىنى خالايسەن دەپ سوراپ باققىن، ئەڭ ياخشىسى، سەن ئۆز ھۆرمىتىڭنى ساقلىغىن. سەن ئۆز ئىشىڭغا بارغىن، كېمىدە ئولتۇرمىغىن.

ئەگەر سۆزۈمگە ئىشەنمەي جاھىللىق قىلساڭ قەدىرسىز بولۇپ قالىسەن، — دەپ قايتۇردى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلدى ۋە نەسىمگە قاراپ:

— كەلگىن، پەرزەنتلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئاندىن كېيىن سەن قۇرۇقلۇق بىلەن ماڭغىن، — دېگەنىدى، نەسىم قوبۇل قىلدى. نەسىم پەرزەنتلىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن دەريانىڭ قىرغىقىغا باردى. ئەمىر نەسىمنى قۇچاقلاپ كېمە ئىچىگە ئەكىرىپ كېمىچىلەرگە: «دەرھال كېمىنى ھەيدەڭلار» دەپ بۇيرۇدى. كېمە يۈرۈپ كەتتى. نەسىم ئامالسىز قالدى. ئۇ ھەرقانچە پەرياد قىلسىمۇ، ئۇنىڭ پەريادى ھېچيەرگە يەتمىدى. ئۇلار ئون كۈن سۇ يۈزىدە يۈردى. ئون بىرىنچى كۈنى توپان بولدى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن توپان بېسىلىپ ھاۋا ئېچىلدى. كېمىچىلەر پەرياد - پىغان قىلىشتى. بۇ چاغدا ئەمىر:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى. كېمىچىلەر:

— شاھ ھازىر ھاياتىمىزدىن ئۈمىد قالمىدى، — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى ئەمىر.

— چۈنكى كېمە گىرداپ (قاينام) غا كىرىپ قالدى. بۇ قاينام مۇشۇ دېڭىزدىكى ئەڭ مەشھۇر گىرداپ بولۇپ، «قەببەھ مەرتەم» دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى ھەمراھلار. ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق ئازابلاندى. مۇھتەر نەسىم تەنە قىلىپ:

— ئەي رۇملۇق، ئاخىر قىلىدىغىنىڭنى قىلدىڭ. مۇشۇنچىۋالا خالايىقنى جەھەننەمگە تاشلىدىڭ، بۇ ئازغىنە بار - يوقۇڭنى بېلىقلارغا يەم قىلدىڭ، ھەممىنىڭ قەبرىسى بېلىقلارنىڭ قارنىدا بولىدىغان بولدى. بىرمۇنچە مال - ئاش، چارۋىلارنى ھالاك قىلدىڭ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي مەرد، غەم يېمە، پەرۋەردىگار ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىگە قادىر، — دەپ نەسىمگە دىلدارلىق قىلدى. ئارستوغا

قاراپ:

— ئەي ھېكمەت ئىگىسى، بىر چاغلاردا مەن زامان ئەفلاتۇنىنىڭ گۈلتاجى دەپ ماختىنىپ يۈرەتتىڭىز، قېنى ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ باقماسىز؟ — دېدى. ئارستو:

— شەھرىيار، بۇ گىردابتىن قۇتۇلۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن بىر كېمە كۆرۈندى. ئەمىر:

— بىر كىشى بېرىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئەلۋەس بىلەن كەھەك كېمىگە چۈشۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ قېرى كىشى كېمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ياتقانىكەن. ئۇلار ئۇ كېمىنى سۆرەپ ساھىبقىراننىڭ كېمىسىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. بوۋاي ئۇچۇن تائام كەلتۈردى. بوۋاي تائامنى يەپ بولۇپ ئەمىردىن:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — سىلەر شۇر دەريانىڭ قاينىمىغا چۈشۈپ قاپسىلەر، — دېدى. ئەمىر:

— ماۋۇ قوتۇر بۇ يەرگە يۈرۈش قىلىشقا تازا رازى بولمىغانىدى. شۇنىڭ شۇملۇقىدىن بۇ قازا گىردابىغا چۈشۈپ قالدۇق. سىز ئۆز ئەھۋالىڭىزنى بايان قىلىڭىز، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى نەسىمنى كۆرسىتىپ. بوۋاي ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇپ:

— بۇ گىردابقا چۈشۈپ قالغىلى، — دەپ سۆز باشلىدى، — ئەللىك يىل بولدى. بۇ گىردابقا كەلگەن بىزگە ئوخشاشلاردىن يەنە ئەللىك تىجارەتچى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلەردىن كەلگەن نۇرغۇن سودىگەرلەرمۇ كېمە بىلەن بۇ گىردابقا چۈشۈپ قېلىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتەلمەيۋاتىمىز.

ئەمىر ئۇ بوۋاينىڭ سۆزىنى توگەتمەيلا:

— بۇ چاغقىچە قانداق كۈن كەچۈردىڭلار؟ — دېدى.

بوۋاي:

— ئاز - تولا يېگۈدەك نەرسە ئېلىۋالغانىدۇق. ئۇنى يەپ تۈگەتتۇق، ئاخىرى كېمىدىكى خىزمەتچى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ يېدۇق. ئاندىن كېيىن كېمىدىكىلەر كېچىلىرى بىر - بىرىمىزنى ئۇستاتلىق بىلەن تۇتۇپ يەپ، كېمىدىكى ئادەملەر ھەممىسى تۈگەپ مەن يالغۇز قالدىم. ھازىر مېنىڭ يەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈكۈم تۈگىگىلى نەچچە كۈن بولدى. ئەمدى ھالاك بولۇشقا ئاز قالغانىدىم، سىلەر جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىتتا بۇ دەريادا نېمە ئاجايىباتلارنى كۆردىڭىز؟ — دېدى. بوۋاي:

— شەھرىيار، بۇ يەردىكى ئاجايىباتلار ئىچىدە شۇنداق بىر ئاجايىبات باركى، بۇ دەريادا ناھايىتى چوڭ بىر ئاق بېلىق (كىت) بار ئىكەن. ئۇ ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ بېشى پەيدا بولۇپ، قۇيرىقى بىر ئايدا تولۇق ئۆتۈپ بولىدىكەن. ئۇ ھەقىقەتەن زور بېلىق ئىكەن، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— بۇ يىل ئۆتتىمۇ؟ — دېدى. بوۋاي:

— تېخى ئۆتمىدى. ۋاقتى يېقىنلاشتى، — دېدى.

ئىسكەندەر ئارستوغا قاراپ:

— ۋاقتىدا بۇنىڭ ئامالىنى قىلىڭكى، بۇ گىردابتىن تېزرەك خالاس بولايلى، — دېدى. ئارستو:

— شەھرىيار، ھىيلە قىلايلىكى، زەنجىردىن تور توقۇشقا بۇيرۇق قىلىڭ. تورنىڭ ھەربىر ھالقىسى بىر پاتمان بولسۇن، ئاندىن مەن چارىسىنى قىلاي، — دېدى. ئەمىر بۇيرۇق قىلدى. تۆمۈرچىلەر سىمدىن زەنجىر تور توقۇدى. كېمىلەرگە بېكىتتى. زەنجىرلەرنىڭ ئۇچىغا قارماق قىلدى. بۇ چاغدا ئارستو:

— شەھرىيار، بىر كىشى زەنجىر (تور) نى ئارقىمۇ ئارقا

كۆرۈنگەندەك قىلىپ كېمىلەرگە بېكىتسۇن. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئون گەز بولسۇن، بىر باتۇر قولىغا مىخ ئېلىپ، ئۇ مىخنى بېلىقنىڭ تامىقىغا قاقسۇن، شۇنداق قىلغاندا بېلىق بىر-بىرىگە چېتىلغان كېمىلەرنى قايىنامدىن ئاچىقىپ كېتىدۇ، — دېدى.

تۆمۈرچىلەر زەنجىرلەرنى تەييار قىلدى. ئارستو:

— زەنجىرنىڭ ئۇچلىرىنى كېمىلەر قايىنامدىن چىققان هامان بىر-بىرىدىن ئاجراپ كېتىدىغان قىلىپ بېكىتىشى كېرەك، بولمىسا كېمىلەر غەرق بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى. ئەمىر:

— ئەي ئارستو، بۇ يەرگە بىرغولامنى قويساڭ، ئۇ گىردابقا چۈشۈپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى. ئارستو قولىنى كۆزگە قويۇپ، ياغاچچىلار ۋە تۆمۈرچىلەرنىڭ زەنجىر ۋە قارماق ياساۋاتقانلىقىنى، زەنجىرلەرنىڭ ئۇچىنى قارماقلارغا باغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېمىلەرنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىگە چېتىلدى. قارماقنىڭ ئۇچىنى بىرىنىڭ ئارقىغا بىرىنى باغلاپ بېكىتتى. ئاندىن كېيىن ئارستو دېدى:

— يا ئەمىر، جىنلارنىڭ مويىنى ئوتقا تاشلاشقا بۇيرۇسىڭىز.

ئىسكەندەر جىنلارنىڭ مويىنى ئوتقا سالغانىدى، ئىس-تۈتەك ئارىسىدىن جىنلار ھازىر بولۇپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— شەھرىيار، نېمە خىزمەت بار، بۇيرۇغايسىز، — دېدى. ئىسكەندەر ئارستوغا ئىشارەت (بۇيرۇق) قىلدى. ئارستو جىنلارغا قاراپ:

— بۇ گىردابنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى مىل (مۇنار) بىنا قىلىڭلار، تۈۋرۈكنىڭ ئۇچى سۇدىن ئون گەز ئېگىز بولسۇن، ئۇچى كاۋاك بولسۇن، — دېدى. جىنلارنىڭ پادىشاھى بۇنى قوبۇل قىلىپ بۇيرۇق قىلىۋىدى. ئون ئىككى مىڭ جىن تۆت

كۈن تىرىشىپ ئارستو ئېيتقاندەك تۇۋرۇك بىنا قىلدى. ئاندىن ئارستو تۇۋرۇكنىڭ ئۈچىگە قوغۇشۇن قۇيۇشقا بۇيرۇدى. تۇۋرۇك تېخىمۇ پۇختا بولدى. ئۈچىغا دۇمباق بىلەن قوڭغۇراق بېكىتتى. تۇۋرۇكنى سەل ـ پەل ئادەم سىياقىدا قىلدى. ئارستو ھېكمەت بىلەن ئۇ سۇرەتنىڭ بىر قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن بۇ يەرگە كەلمىگىن، ھالاك بولىسەن دەپ ئىما ـ ئىشارەت قىلىۋاتقاندەك ھالەتتە قىلدى. مۇبادا بىرەر سودىگەر دوستى ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلماقچى بولسا، ئۇ تۇۋرۇككە چىقىۋېلىپ، تۇۋرۇكتىكى دۇمباقنى چوكا بىلەن قاتتىق ئۇرسا بېلىق ئۈركۈپ سۇ مەۋج ئۇرىدۇ ـ دە، كېمە قايىنامدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ تۇۋرۇكنىڭ تۇۋىدە سۇ سەللىدەك يۆگىلىپ، قازاندەك قايناپ تۇراتتى. جىنلار تۇۋرۇكنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمىرنىڭ روخسىتىنى ئېلىپ قايتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ھېلىقى بوۋاي:

— شەھرىيار، بۈگۈن بېلىقنىڭ ئۆتىدىغان كۈنى، — دېدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئەمىر دېڭىزنىڭ يۈزىدە خۇددى بىر تاغدەك قىر، دۆڭنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىنى ئىككىگە بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ بېلىقنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمىر:

— بىر باتۇر كاللىسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ بېرىپ، جېنىنى دۆلەت ـ ئىقبالىمىز ئۈچۈن پىدا قىلىپ، شوتىغا چىقىپ مىخنى بېلىقنىڭ تامىقىغا قېقىپ ئىشنى تامام قىلسۇن، — دېدى. باتۇرلار بېشىنى سىلىپ ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇردى. ئەمىر بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرار ئېيتتى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. ئەمىر دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي نامەردلەر، بارگاھ تەختىدە ئولتۇرساڭلار ئۆزۈڭلەرنى «باتۇر» دەپ ماختاپ داستانلاپ ئەفراسيابدەك

بىلىسىلەر، ھالا بۈگۈنكى كۈندە قانداق مەرد - باتۇر ئىكەنلىكىڭلار مەلۇم بولغىلى باشلىدى. ئاراڭلاردا دۆلەت ۋە ئەل ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان كىشى چىقمايۋاتىدۇ. بىلدىمكى، جېنىڭلارنى نە ئەل، نە دۆلەتتىن ئەۋزەل بىلىۋاتىسىلەر، — دەپ چېچىلىۋاتقاندا، فەرھەڭ دىۋىزاد ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شەھرىيار، بۇ ماڭا خاس ئىشتۇر، — دېگەنىدى.

ئىسكەندەر فەرھەڭگە ئاپىرىن ئوقىدى ۋە:

— ئەي جان پەرزەنت، بېرىپ ئاناڭ كىيابانۇ بىلەن كۆرۈشكىن، — دېدى. فەرھەڭنى ئانىسى قۇچىقىغا تارتىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ يىغلىدى. فەرھەڭ ئانىسىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئانا - بالا ئىككىلىسى يىغلىدى. بۇلارنىڭ يىغا - زارىدىن كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىغلاپ كەتتى. ئەمىر فەرھەڭنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ دۇئا قىلدى. بېلىق يېقىنلاپ كەلدى. فەرھەڭ مىخنى قارماق بىلەن كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى بېلىقنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. بازغاننى بېلىدىن ئېلىپ مىخنى قارماق بىلەن بېلىقنىڭ تامىقىغا قاقتى. بېلىقنىڭ دىلىغا دەرد يېتىپ ئۈركۈپ، پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتى بىلەن شۇڭغۇپ، كېمىلەرنى گىرداپتىن مىڭ فەرسەخ يىراق يەرگىچە سۆرەپ باردى. بېلىق ئاخىرى قارماقتىن قۇتۇلۇپ سۇغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. فەرھەڭنى سۇ بۇرۇقتۇرما قىلدى. ئەمىر كېمىلەرگە بۇيرۇق قىلىۋىدى، غەۋۋاسلار كىچىك كېمىلەر بىلەن بېرىپ سۇغا چۈشۈپ ئىزدىدى. لېكىن فەرھەڭدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئەمىرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى، «ئاھ» دېگەن نالە - پەريادلار ئىسكەندەردىن، كىيابانۇدىن ۋە دىلاۋەردىن چىقتى. ئۇلار ياقىلىرىنى يىرتىپ يىغا - زارە قىلىشتى. كىيابانۇ كۆپ ھەسرەتلەندى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ئەي بانۇ، تولا ھەسرەتلەنمەڭ، فەرھەڭدىن چوقۇم خەۋەر تاپىمىز، — دېدى. ئەمىر بىلەن سەردارلار قارا كىيىم كىيىپ ماتەمدار بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئەسرارلاشتى. فەرھەڭ ئۆچۈن ھەركۈنى ئون مىڭ تۈمەن نەزىر ئېشى بەردى. كىيابانۇ ھەم ئون كۈنگىچە ئاش بەردى. سەئدان ھەم شۇنداق قىلدى.

كېمىچىلەر كېمىنىڭ دېڭىزدىكى شاۋقۇنىنى بەلەن قىلىپ يۈرۈشكە باشلىدى. بىر ئاي سۇ يۈزىدە يۈردى. پالاقچىلار ئىسكەندەرگە:

— ئەي شەھرىيار، خۇش خەۋەر بولسۇن، دېڭىزنىڭ قىرغىقى كۆرۈندى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن پەرۋاز قىلغىلى ئاز قالدى. دەرۋەقە نەسىم كېمىنىڭ قىرغىقىدا ئىدى. دېڭىز دولقۇنىدىن پەيدا بولغان شامال نەسىمنى سۇغا غەرق قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. غەۋۋاسلارغا قاراپ ھەيۋە قىلىۋىدى، غەۋۋاسلار سۇغا چۈشۈپ نەسىمنى ھەرتەرەپتە ئىزدىدى. بىراق تاپالمىدى. باتۇرلار، پالۋانلار، پادىشاھلار ۋە سەردارلاردىن ئەمىرغىچە ھەممىسى يىغا - زارە قىلدى. مەلاھ[1] لارنى كېمىلەرنى قىرغاققا تارتىشقا بۇيرۇدى. ئىسكەندەر قىرغاققا چىقتى. مۇلازىملار چېدىر تىكىپ بارگاھلارنى ھازىرلىدى. ئىسكەندەر مەلاھلاردىن:

— بىز قايسى جايغا كەلدۇق؟ — دەپ سورىدى. مەلاھ:

— شەھرىيار، بىز مەغرىب زېمىنىغا كەلدۇق. بۇ يېقىندا بىر چوڭ شەھەر بار. ئۇنىڭ پادىشاھىنى بەلاش بەرەس دەپ ئاتايدۇ، — دېدى. ئەمىر مەلاھلارغا ئىنئام ۋە ئېھسانلار قىلىپ رۇخسەت بەردى. بىرنەچچە كۈن شور دەريانىڭ بويىدا

---

[1] مەلاھ — كېمىچى، قېيىقچى، كېمە بىلەن دېڭىزلاردا يۈرۈشنى بىلگۈچى.

نەسىمدىن خەۋەر بولۇپ قالارمىكىن دەپ تۇرۇپ قالدى. بىركۈنى ئەمىر پالۋانلارغا قاراپ:

— ئەي يارەنلەر، ئەگەر نەسىم بۇ دۇنيادا بولسا بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتەر ئىدى. دەردىمىزگە ۋاي دەر ئىدى. ئەگەر نەسىم ئوردىدا بولسا ھەرقانداق كىشى مېنى بەنت قىلالمايتتى. ئوردا ئەھلى نەسىم ئۈچۈن قارا كىيىم كىيىپ ماتەمدار بولسۇن، ئۇنىڭ ھەربىرىمىزدە ھەققى كۆپ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىدىن خەۋەر ئالايلى، — دېدى. ئاندىن كېيىن نەسىمنىڭ خەزىنىچىسىنى چاقىردى (خەزىنىچىسى نەسىمنىڭ كۆيئوغلى ئىدى). ساھىبقىران خەزىنىدارنى چاقىرىپ: «نەسىمنىڭ ھەركۈنى ئۈچۈن ئون ئىككى مىڭ تومەن خەجلەپ، مەرد نەسىم ئۈچۈن ئاش قىلىپ بېرەمسەن ياكى نەسىم ئۈچۈن سەدىقە قىلىپ بېرەمسەن» دېگەندى. كۆيئوغلى ئۇنى قوبۇل قىلىپ ھەركۈنى ئەمىر بۇيرۇغان بويىچە سەدىقە بېرىپ تۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## سەكسەن ئالتىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ سۇدىن چىقىپ قەھرۇشنى تاياق بىلەن ئۇرغانلىقى، ئاندىن كېيىن ئاشكارا بولغانلىقى

ئەلقىسسە، نەسىم كۆسا سۇغا چۆشۈپ كەتكەندىن كېيىن، دەريادا مەۋج ئۇرۇپ گاھى كۆرۈنۈپ، گاھى چۆكۈپ يۈرۈپ ئاخىر سۇ يۈزىگە چىقىپ ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى بىر

جەزىردە كۆردى. بىر كىشى ئالدىدا ئولتۇراتتى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار[1] سىز كىم بولىسىز؟ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن مېنىڭ پەريادىمغا يېتىپسىز، — دېدى. ئۇ كىشى:

— مەن ئىبراھىم خەلىلۇللا بولىمەن، — دېدى. نەسىم دەرھال ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي بۇزرۇكۋار، دۇئا قىلىڭ، بۇ تاغ ئالتۇن بولسۇن، — دېدى. ھەزرەت:

— ئارقاڭغا قارىغىن، — دېدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئاندىن كېيىن ئالدىغا قارىدى. دەرۋەقە ھەزرەت يوق ئىدى. نەسىم ئاھ ئۇردى، ھەر تەرەپكە قارىدى. لېكىن ئۇنى كۆرەلمىدى. ئۇ قولىنى قولىغا ئۇرۇپ:

— ئەي پەيغەمبەر پاناھ، قولۇمنى تۇتۇپ قويۇپ كەتتىڭ، ئىككىنچى قېتىم قولۇمغا كەلسەڭ نېمە قىلىشىمنى بىلمەيمەن، — دەپ جەزىرىدىن چىقىپ يەلتاپان بولۇپ، بىرمۇنچە يولنى يۈردى. كەچ كىردى. ئۇنىڭغا بىرمۇنچە شام ۋە پانۇسلار كۆرۈندى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى ئىدى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنى كۆرۈپ پەرۋەردىگارغا شۈكرى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى: «بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ، بۇ ئالەم پاناھ مېنىڭ يوقاپ كەتكىنىمگە قانداق مۇئامىلىدە بولىۋاتىدىكىن» دەپ، ئىسكەندەرنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىغا كىرىپ كۆردىكى، ئىسكەندەر قارا كىيىم كىيىپ «ئاھ نەسىم، ئاھ نەسىم» دەپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ دوستلۇق مېھرىگە قايىل بولدى. ئۇ چېدىرمۇ چېدىر يۈرۈپ

---

[1] بۇزرۇكۋار — ئۇلۇغۋار، ئالىي دەرىجىلىك، ئۇلۇغ كىشى.

قايسى دوست، قايسى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. ئاخىرى نەسىم قەھرۇشنىڭ چېدىرىغا كەلدى. بۇ يەردە نەسىم قەھرۇشنىڭ پۈتىنى چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە قويۇپ ئۇسسۇزلاتقانلىقىنى، بۇ نەسىمنىڭ روھىغا يەتسۇن، روھى خۇش بولسۇن داۋاتقانلىقىنى، كۆردى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ يەنە ئۇسسۇزۇپ تۇرۇپ:

— بۇمۇ نەسىمنىڭ روھىغا يەتسۇن، — دېدى.

نەسىم ئۆزىگە ئۆزى: ئەگەر يالغان ئېيتمىسام قەھرۇش مېنىڭ ئېشىمنى يەپ ئۇسسۇزۇقىنى روھىمغا بېغىشلاپتۇ، دەپ قەھرۇشنىڭ چېدىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ سەۋر قىلىپ تۇردى. قەھرۇش ئۇيقۇغا باردى. نەسىم چېدىرنىڭ ئىككى يېنىنى يۆلەپ تۇرۇپ قەھرۇشنىڭ بېشىغا كېلىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ، پەردە - گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ جەزىرىنىڭ ئارىسىغا ئەكىلىپ ئىككى پۈتىنى دەرەخكە مەھكەم باغلىدى. بېشىنى يەرگە قىلىپ قويۇپ، تاياق كېسىپ ئۈچلۇق قىلىپ، قۇتىسىدىكى ياغنى قەھرۇشنىڭ دىمىقىغا قۇيدى. ئۇ ھوشىغا كەلدى. قەھرۇش كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ئېسىقلىق ھالدا كۆردى. بىر ئادەم (نەسىم) ئالدىدا تۇرۇپ:

— ئەي سەن قانداق ئادەمسەن، سەن نەسىمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئەجەب ئۇسسۇردىڭا؟ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، — دېدى. قەھرۇش:

— ئەي نەسىمنىڭ روھى، ئۇنى يالغاندىن قىلغان، پوق يەپتىمەن، — دېدى. نەسىم:

— سەن مېنىڭ بېشىمغا نېمە ئىشلار كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سۆز باشلىدى، — نەسىم ۋاپات بولدى. پەرىشتىلىرىمىزنىڭ سوئال - سوراقلىرىدىن كېيىن ئالەمنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق يەتمىش ئازاب - ئوقۇبىتىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، پانى دۇنيادىن سارايغا ئېلىپ باردى. گۇناھ ۋە پەزىلەتلەرنى

مۇلاھىزە قىلىپ بولۇپ گۇناھىدىن ساۋابلار ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانى بىلەن جەھەننەم تەرەپكە ئېلىپ باردى. نەسىم ئۇنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشكە ئۇنىمىدى. مۇئەككەللەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي نەسىم، نېمە ئۇچۇن كىرمەيسەن؟ ئەمدى گۇناھىڭ ساۋابىڭدىن ئېغىر بولىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— مېنىڭ دۇنيادا بىر بۇرادىرىم بار ئىدى. ئۇنىڭسىز بىر قاچا سۇ ئىچمەيتتىم. ھازىر ئۇنىڭ پىراقىدا تاقىتىم قالمىدى، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ جەھەننەمگىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرسەم، ئەگەر ئۇ بۇرادىرىم كەلمىسە جەھەننەمگە پۇتۇمنى قويمايمەن، — دېدى. مۇئەككەل:

— ئەي نەسىم، ئۇ بۇرادىرىڭ كىم؟ بىزلا ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى. نەسىم:

— بۇرادىرىمنىڭ چوڭ ئىسمى قەھرۇش بىننى مۇلك سوكيار، دېگەنىدى. ھازىر مەن مەلىك ئەلمۇتتوزەنمەن. سېنى نەسىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىلى كەلدىم. نەسىم سېنىڭسىز ئارام ئالالمايدىكەن، ئۇ جەھەننەمگە كىرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، — دېدى.

قەھرۇش بۇ رىۋايەتتەك قىسسىنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي ئەزرائىل، نەسىم پوق يەيدۇ، ئۇ قەستەن يالغان سۆزلەيدۇ. مەن قانداق بولۇپ نەسىمگە بۇرادەر بولىمەن؟ مەن دېگەن ھىندىدىن مۇلك سوكيارنىڭ ئوغلىمەن. نەسىم دېگەن غەربلىك نەئىم كوسىنىڭ ئوغلى. زىرەك ئاتامان ۋە ئىسكەندەرنىڭ چاپارمىنى، مەن دېگەن دۇمباقلىق ئەلەمدار (توغچى) باتۇرمەن. مېنىڭ نەسىم بىلەن ھېچبىرىم مۇناسىپ كەلمەيدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئەي قەھرۇش، نەسىم يالغان سۆزلىمەيدۇ، سېنىڭ نەسىمنى يالغانچى دەيدىغان نېمە ئاساسىڭ بار؟ ھازىر جېنىڭنى

بەدەن قەپىزىگەدىن چىقىرىمەن، ــ دەپ ئون ئىككى تال تاياقنى ئېلىپ، پۇتىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ شۇنداق ئۇردىكى، تاياقنىڭ زەربىسىدىن قەھرۇشنىڭ پۇتىنىڭ ئون تىرنىقى چىقىپ كەتتى. قەھرۇش دەرەخنىڭ قوۋزىقىنى چىشى بىلەن چىشلىدى. ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ:

ــ ئەي ئەزرائىل، مەن پوق يەپتىمەن. نەسىم يالغان سۆزلىمەيدۇ، ــ دېدى. نەسىم:

ــ ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسا، سېنى نەسىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراي. سەن نەسىمنىڭ بۇرادىرى بولغاندىكىن، ــ دېدى. قەھرۇش ئاھ ئۇرۇپ بىكار بۇنىڭ تائامىنى يەپتىمەن. بۇ قېرى مۇھتەر نەسىمنىڭ روھى دېگىنى يالغانىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق تائامىنى يېگۈچە پوق يېسەم بولماسمىدى، دەپ ئويلاپ كۆپ يالۋۇردى. لېكىن نەسىم ئۇنىماي، قەھرۇشنىڭ پۇتىنى تىزىغىچە كۆكەرتىپ زەخمىدار قىلدى. قەھرۇش ئىككى قېتىم پەرياد قىلدى. ئۇچىنچى قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

ــ ئەي ئەزرائىل، نەسىمنىڭ تائامىنى يېگەنىدىم. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تائامىنى يېمەيمەن، ــ دېدى. نەسىم:

ــ ئەي قەھرۇش، قورقمىغىن. يېگەن تامىقىڭنىڭ قىممىتىنى نەسىمگە دەپ بەرسەڭ، ــ دېدى. قەھرۇش:

ــ بىر ئايدا قانچىلىك بولىدۇ؟ ــ دېدى. نەسىم:

ــ بەش مىڭ تۈمەن، ــ دېدى نەسىم. قەھرۇش:

ــ ھازىر بۇ يەردە پۇل يوق. قانداق قىلىمەن؟ ــ دېدى. نەسىم:

ــ پۇل بېرىشىڭ ھەققىدە ماڭا ھۆججەت قىلىپ خەت يېزىپ بەرگىن، ــ دېدى. قەھرۇش:

ــ بۇ يەردە قەلەمدان، دەۋات ۋە قەغەز يوق تۇرسا، ــ دېدى. نەسىم:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى تەييار، — دەپ قەلەمدان، قەغەزنى قەھرۇشنىڭ ئالدىغا قويدى. قەھرۇش بەش مىڭ تۈمەن بېرىدىغان بولۇپ ھۆججەتلىك خەت پۈتتى. مۆھۈرنى ئېلىپ خەتنىڭ ئۈستىگە بېسىپ نەسىمگە بەردى. نەسىم ھۆججەتنى جىلتىسىگە سېلىپ قەھرۇشنى بىھوش قىلىپ پەردە - گىلەمگە يۆگەپ چېدىرنىڭ ئىشىكىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئۆزى جەزىرە تەرەپكە قايتىپ كەتتى. ئەتىسى ئەمىر بارگاھتا قارار ئالدى. پالۋانلار ۋە باشقا پادىشاھلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ ھەرقايسىسى ئۆز جايىدا ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئەمىر قەھرۇشنىڭ ئاقساپ تەسلىكتە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي پالۋىنىم، سىزگە نېمە بولدى؟ تۈنۈگۈنلا ساپساق ئىدىڭىزغۇ، — دەپ ھال سورىدى. قەھرۇش:

— قۇربانىڭ بولاي، كېچە ھۇجرامدا ياتقانىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ ئۆزۈمنى بىر جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرەختە ئېسىقلىق ھالدا كۆردۈم. يېنىمدا بىر قېرى كىشى تۇرۇپتۇ. ئۇنى نەسىمنىڭ روھىمىكىن دەيمەن، تۇرۇپ ئەزرائىلمىكىن دەيمەن. ئۇ مېنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ بەش مىڭ تۈمەن پۇل بېرىشكە ھۆججەتلىك خەت ئالدى. پۈتۈمنى جاراھەت قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى. ئەمىر قەھرۇشنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدى. ۋە:

— يارەنلەر، نەسىم تېخى ھايات ئىكەن. ھەرقانداق كىشى نەسىمنىڭ نەزىر ئېشىنى يېگەن. قەھرۇشقا قاراپ بېقىپ ھەممىمىز پۇلنىڭ غېمىنى قىلايلى، — دەپ تۇرۇشىغا مۇھتەر دەۋران — سەردارلىقتا خەنجەردەك ئۆتكۈر، ئالەم ئەرەبلىرىنىڭ شەيخى، ئەجەم- ئىرانلارنىڭ ئالىمى مۇھتەر نەسىم ئەييارنىڭ قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن بىللە بارگاھقا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ دۇئا- سانا قىلغانىدى، ئەمىر:

— ئەي مەرد، قەيەردە ئىدىڭىز؟ بېشىڭىزغا نېمە ئىشلار كەلدى؟ دەريادىن قانداق چىقتىڭىز؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. ئاندىن كېيىن نەسىم ئەمىرگە قاراپ:

— شەھرىيار، نەۋكەر بىلەن پادىشاھلىقنىڭ قائىدىسىنى شۇنداق بىلدىمكى، نەۋكەر ئوردىدا بولمىسا بەزىلەر شۇنداق خۇشال بولىدىكەن، نەۋكەر جىگىرىنى قان قىلىپ ئۆزىنى پىدا قىلسا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى گۆش - گۇرۇچ ئېلىپ، لەشكەرلەرگە نەزىر ئېشى قىلىپ بېرىپتۇ. لەشكەرلەر يەپتۇ. يەنە بەزىلەر نەسىمنىڭ روھىغا تەگسۇن دەپ ئوسۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

نەسىمنىڭ بۇ باياندىن ئەمىر، پادىشاھ ۋە باتۇرلار كۇلۇشۇپ كەتتى. ئەمىر:

— بوۋا، ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارغا قەسىمكى، خەزىنىڭىزدىن خەرەج ئېلىپ نەزىر ئېشى قىلدۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا خەزىنەمدىن تولۇقلاپ بەرگەننىڭ ئۇستىگە ئوتتۇز مىڭ تومەن ئالتۇن بېرەي. سىزنىڭ بېشىڭىز سالامەت بولسۇن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، پەرۋەردىگار سىزدىن رازى بولسۇن، سىز ئۇنچىلىك قىلالمايسىز، لېكىن ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئەگەر مېنىڭ ھەممە مېلىمنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۇرۇۋەتسىڭىزمۇ ئىختىيار سىزدە، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئەمىر نەسىم ئۇچۇن زىياپەت سورۇنى تۈزۈپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن بارگاھلارنى نار تۆگىلەرگە يۈكلەپ شەھىرى بەلاشقا قاراپ ماڭدى.

## سەكسەن يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ بەلاش شەھىرىگە كەلگەنلىكى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھىندىستاننى بويسۇندۇردى. جالىنۇس ئۇ جايدا تۇرالماي، قانىتىنى قولتۇقىغا بېكىتىپ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ قانات ئۇرغاندى، شامال قولتۇقىنىڭ ئاستىغا كىرىشى بىلەن ھاۋاغا ئۇرلىدى. خوپ پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن بەلاش شەھىرىگە كەلدى. بوشلۇقتىن بىر خالىي جايغا چۈشۈپ، قانىتىنى ئېلىپ ھەميانىغا سېلىپ بەلاشنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدى. بارگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. كۈتۈۋاللار بارگاھقا كىرىپ بەلەشنىڭ ئالدىدا بېشىنى سېلىپ تۇردى. بەلاش:

— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دېدى. كۈتۈۋاللار:

— بىر ھېكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ جەبرىدىن قېچىپ دەرگاھقا پاناھ تىلەپ كەپتۇ. كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. بەلاش:

— بارگاھقا باشلاپ كىرىڭلار، — دېدى. مۇلازىملار پەردىلەرنى كۆتۈردى. جالىنۇس بارگاھقا كىردى. جالىنۇسنىڭ كۆزى ئۇ يەردىكى ئىتقا چۈشتى. ئۇ تەزىم ۋە دۇئا - سانا بەجا كەلتۈردى. بېشىدىن رەداسىنى (تەسبىي) نى ئېلىپ يەرگە ئۇرۇپ:

— داد بىداد، ئىسكەندەرنىڭ دەستىدىن بارلىق مەملىكەتلەر ئۇنىڭ قارامىغا ئۆتۈپ باج تاپشۇرىدىغان بولدى. ئەمدى بۇگۈنكى كۈندە قەدىمىنى مەغرىب مەملىكىتىگە قويدى.

ئۇ بۇ جەرياندا قەبىئى سەرھەمنىڭ گىردابىدىن سالامەت چىقىپ شەھىرى بەلاشقا كېلىۋاتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ بىر پىيادە ئەييارى باركى، ئۇنى مۇھتەر نەسىم دەپ ئاتايدۇ. مەن ئۇ قېرى بەتبەختنىڭ دەستىدىن بىر ۋىلايەتتىن يەنە بىر ۋىلايەتكە، بىر مەملىكەتتىن يەنە بىر مەملىكەتكە قېچىپ يۈرىمەن. ئۇ نەسىم دېگەن گاھى جىندەكلا پەيدا بولىدۇ، گاھى نەۋكەر بولىۋالىدۇ، گاھى قېرى - بوۋاي بولىۋالىدۇ، گاھى ئايال بولىۋالىدۇ، گاھى ئەۋباش (لۈكچەك)، گاھى ئۇسسۇلچى، گاھى تېۋىپ، گاھى ساتقۇچى (سودىگەر)، گاھى جارچى، گاھى مەسخىرىۋاز (ئارتىس)، گاھى ناخشىچى - غەزەلخان، گاھى ئەركەك ۋە گاھى چىشى بولۇپ ئۆزگىرىپ پەيدا بولىدۇ. كېچىدە كېلىپ پادشاھلارنى بىھوش قىلىپ قويۇپ، ساقال - بۇرۇتىنى چۇشۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى. سۇلتان بۇنى ئاڭلاپ، بۇ قېرى نەيرەڭۋازنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلىمىز، دەپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ رىگايان بىلەن ئەجەھانلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. بەلاش:

— ئەي ھېكىم، نېمە ئۈچۈن بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىستەيسىز؟ — دېدى. جالىنۇس:

— شەھرىيار، مەن ئۇنىڭدىن بەك قورقىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەسىم بار بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۇلارنىڭ سۈرىتىدە بولىۋالدىمىكىن دەيمەن. ھەر بىر جايدا نەسىمنىڭ نىجىس ئىسمىنى ئېيتسا ئۇ شۇ ھامان ھازىر بولىدۇ، — دېدى. بەلاش ھارامزادە جالىنۇسنىڭ سۆزىدىن تەشۋىشلەندى ۋە:

— ئەي ھېكىم، بىر ئەييارنى نېمانچە ماختايسەن؟ ئەگەر بىزگە مېھمان بولمىغان بولساڭ، بۇيەردە سېنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرەڭنى سويدۇراتتىم. سەن ئەييار دېگەننى كۆرمەپسەن. ھازىر مېنىڭ ئەييارىمنى كۆرۈپ باققىن، — دەپ ئۇ شۇنداق بىر ۋارقىرىدىكى:

— ئەي جامائەت، مېنىڭ ئەييارىم رەيھاننى كەلتۈرۈڭ-لار، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن رەيھان ئەييار بارگاھقا كىرىپ كەلدى. ئۇ بەلاشىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بېشىنى سېلىپ تۇردى. جالىنۇسنىڭ كۆزى بۇ ئاجايىپ قامەتلىك ئەييارغا چۈشتى. ئۇ يەتتە چۈمبەردە تارتقان، يەتتە قاتار مەرۋايىتلىق كۆلاھ كىيگەن، بېلىگە تۆت خەنجەر ئاسقان بولۇپ، تۆت غىلاپنى تۆت تەرەپكە ئاسقان، تۆت تال سالمىنى خەنجەرنىڭ تۆت ھالقىسىغا ئاسقانىدى. ناھايىتى ئۇزۇن ئالتۇن كۆكۈلىسى (چېچى)نى يوتىسىغىچە چۈشۈرگەنىدى. جالىنۇس ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنى خېلى پەسەنت كۆردى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆھبەتتىن كېيىن بەلاش:

— ئۇ (ئىسكەندەر) بىزنىڭ شەھىرىمىزگە يۈز كەلتۈرۈپتۇ. ئەي مۇھتەر رەيھان ئىسكەندەر ئاتلىق بىر سەرگەردان رۇمدىن يۈرۈش قىلىپ ئىران، تۇران، تۈركىستان، ھىندىستانلارنى بويسۇندۇرۇپ، ئەمدى مەغرىب دىيارىغا قەدەم قويۇپتۇ. مانا ئەمدى مەغرىب زېمىنىغا كىرىپلا بىزنىڭ شەھىرىمىزگە يۈز كەلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ مۇھتەر نەسىم ئاتلىق بىر ئەييارى بارمىش. ئۇ ئەرەبىستاندىن چىققانمىش. بۇ ھېكىم ئۇنى كۆپ تەرىپلەپ ماختىدى. ئۇنىڭ دەستىدىن بۇ ھېكىم سەرگەردان بوپتۇ. مەقسىتىم شۇكى، بېرىپ ئۇ قەيەردە بولمىسۇن تۇتۇپ ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كەلسەڭ. ئۇنى ئۆلتۈرگىنىمنى بۇ ھېكىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بىزنىڭ قولىمىزدىن ئىش كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسۇن، — دېدى. مۇھتەر رەيھان قولىنى قوبۇل دەرىجىسىگە قويۇپ، نەسىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى جالىنۇستىن سورىۋېلىپ، بارگاھتىن چىقىپ ئۆيىگە بېرىپ، ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ، بىرنەچچە شاگىرتىنى باشلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى

تەرەپكە راۋان بولدى. بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر تۈزلەڭلىككە چىقتى. رەيھاننىڭ كۆزى سەھراغا چۈشتىكى، ئۇ جايدا ئىسكەندەرنىڭ يۇلتۇزى كۆرۈندى. پۈتۈن دەشت ـ باياۋاننى لەشكەرلەر قاپلىغانىدى. رەيھان ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا قارىدى. ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت ۋە لەئىل ـ ياقۇتتىن ياسالغانىدەك، رەيھاننىڭ كۆزىنى خىرە قىلىۋەتتى. رەيھان ئۇنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ باياۋاننىڭ ئارقىسىدا بىر تاغ بار ئىدى. رەيھان ئۇ تاغقا چىقتى. ئۇ تاغدا بىر غار بار ئىدى. رەيھان شاگىرتلىرى بىلەن ئۇ غارغا كەلدى. ئۇلار نەسىمنى قولغا چۈشۈرۈش قەستىدە مۆشۈ غاردا تۇردى. ئەمدى ساھىبقىراندىن نەچچە كەلىمە ئىشىتىڭ.

ئىسكەندەر بۇ دەشتكە كېلىپ چۈشتى ۋە نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي مەرد، بەلاش شەھىرىگە بېرىپ مەن ئۈچۈن خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، — دېدى. نەسىم قولىنى ئامانلىق ئۈچۈن كۆتۈرۈپ «ئامىن» دەپ كۆزىگە قويۇپ بارگاھتىن چىقىپ ئۆيىگە كەلدى، لازىملىق ئەسۋابلارنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ موللاق ئېتىپ مېڭىپ تاغنىڭ باغرىغا يەتتى. بۇ يەردە بىر تۈپ چىنار ۋە چەشمە ـ بۇلاق بار ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ئۇ يەرگە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىكى مۇنارغا كۆزى چۈشتى. ئۇ مۇنار يېنىدا بىر كۆڭلى سۇنۇق دەرۋىشنى كۆردى. ئۇ قەلەندەرنىڭ چېچى بىلەكتەك بولۇپ بېلىگىچە چۈشكەنىدى. بېزەلگەن ئەمما كونىراپ كەتكەن كەشكۈلى[1] بىلەن تاياق (ھاسىسى) چىنارغا ئېسىپ قويۇلغانىدى. دەرۋەقە ئۇ ھارامزادە مۇھتەر رەيھان ئەييار ئىدى. نەسىم ئۇ قەلەندەرنى كۆرۈپ

---

① كەشكۈل — گاداي ۋە قەلەندەر دەرۋىشلەر يانلىرىدا ئېسىپ يۈرىدىغان قاپاقتىن ياسالغان ئىدىش، قاپاق.

«ئۇھ» تارتىپ بۇلاقنىڭ قىرغىقىدا ئولتۇردى. ئۇ سۇ ئىچتى. رەيھان بۇلارغا قارىدى. نەسىم يەتتە قاتار كۆۋرۈككە ئوخشاش مەرۋايىتتىن كىيىم كىيگەن ئىدى. رەيھان ئۇنىڭ نەسىم ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئوقتەك تېزلىك بىلەن نەسىمنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى. نەسىم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئۇستام، يۇرتنى تەرك ئېتىپ چىقىپ كېتىپ بۇ يەردە ماكان تۇتۇپ يۈرگىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟ — دېدى. رەيھان:

— ئون يىل بولدى، — دەپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بەردى. نەسىم خىجىل بولدى. ئۇنىڭ مۇھەببىتى نەسىمنىڭ دىلىغا ئورناشقا باشلىدى. رەيھان نەسىمگە قاراپ:

— ئەي ئادەم، سىز نەگە بارىسىز؟ — دېدى. نەسىم:

— مەن بەلاش شەھىرىگە بېرىپ ئىسكەندەر ئۈچۈن خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى. رەيھان:

— ئەي سەردار، ئازراق سەۋر قىلىڭ، تائام يەيلى، ئاندىن كېيىن بىزنى لايىق كۆرسىڭىز بىللە بارايلى، — دېدى.

رەيھان مۇنارغا بېرىپ تائام ئېلىپ كېلىپ، بىر تەرىپىگە بىھوش دورىسىنى قوشۇپ يەنە بىر تەرىپىگە قوشمىدى. نەسىمگە بىھوش دورىسىنى قوشقان تەرەپنى قويدى. ئۇلار تائام يېيىشكە باشلىدى. نەسىم تائام يەۋېتىپ ھېلىقى دەرۋىشنىڭ بېشىدىن ئىككى تال چىنار ئۈنۈپ چىققانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي دەرۋىش، بېشىڭىزدىن ئىككى تۈپ دەرەخ ئۈنۈپ ئۈچى ئاسمانغا باش تارتىپتۇ، — دېدى. رەيھان بىھوش دورىسىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ دەرۋىشلىك كىيىمىنى سېلىپ تاشلاپ، قولىغا خەنجەر ئېلىپ:

— ئەي قېرى، پاجىئەلىك ماكانىڭ مۇشۇ مەغرىب

زېمىنىدۇر. بۇ يەردىمۇ ئەييارلار بار، ئۇلار سېنى نەزەرىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. سەن مەغرىب زېمىنىغا كېلىپ ئەييارلىق قىلىمەن دەپ خام خىيال قىلما، — دېدى.

نەسىم شۇ تاپتا بىلدىكى، «بۆرە ئوغلاق سۈرەتلىك بولۇپ كۆرۈنگەنىكەن». ئۇ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ھەرىكەت قىلماقچى بولغانىدى. بىھوش دورىسى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ يىقىلدى. رەيھان نەسىمنىڭ پۈت - قولىنى باغلاپ ئاندىن ئۇنى يەنە ھوشىغا كەلتۈردى. بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى باغلاقلىق ھالدا كۆردى. ئۇ ئاھ ئۇردى. رەيھان ئۇنىڭغا ۋارقىراپ:

— ئەي بەختسىز قېرى، بىلىپ قويغىن، مېنى رەيھان مەغرىبى دەپ ئاتايدۇ. كۆردۈڭمۇ، سېنى قانداق ئەسىر قىلدىم. ئەمدى سېنى بەلاش شاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن. ئۇ سېنى جالىنۇسنىڭ قولىغا تاپشۇرىدۇ. سېنى ئۇ قەلەمتۇراچ بىلەن سوئال - سوراق قىلىدۇ، — دېدى. نەسىم ئەييارلىق يولىدىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلىدى. رەيھان ئۇنىڭغا:

— سېنى ئۆلتۈرۈشنى جالىنۇس تەلەپ قىلغانىدى. ئەمدى سەن مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدىڭ، — دېدى. نەسىم:

— ئەي سەردار، مەن ئۆلىدىكەنمەن دەپ يىغلاۋاتقىنىم يوق، ئەكسىچە باشقا بىر نەرسە ئۈچۈن غەمكىن بولۇپ يىغلاۋاتىمەن. ئەگەر مېنى بەلاشنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارساڭ جالىنۇسنىڭ قولىغا بېرىدۇ. ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنداق بولغاندا ئوغلۇم چالاك ئامانىتىنى ماڭا قويۇپ قويغانىدى. ئۇ ئامانەتكە مەن خىيانەت قىلغان بولۇپ، پەرزەنتىمنىڭ ئالدىدا ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەمدى ھەممە ئىش تامام بولدى. ئۇ ئامانەتنى پەرزەنتىم چالاكقا سىز يەتكۈزۈپ بېرىڭ، مەن خاتىرجەم بولۇپ جېنىمنى ساھىب -

ئېگىسىگە تەسلىم قىلاي، — دېدى. رەيھان:
— ئۇ ئامانەت قانداق نەرسە؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:
— ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىققا قەسەم قىلسىڭىز، ئۇ ئامانەتنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى. رەيھان قەسەم قىلدى. نەسىم:
— مەن بۇ ۋاقىتقىچە بۇنىڭغا پەرۋىش قىلدىم. ئۇ قۇتىنىڭ بەرىكىتىدىن ھۇزۇر ئالدىم. ئۇ مېنىڭ جىلتىمدە، ئۇ قۇتىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇسلى - رۇخسىتى بىلەن قولۇمغا كەلتۈرگەنىدىم. ئەگەر كىشى ئۇ قۇتىنى تۇتسا، ھەرقانداق ئەلنىڭ پادىشاھلىقىنى خالىسا ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئۇ قۇتىدا مەئجۇنى بار. ئەگەر قادىر كىشى ئۇ مەئجۇننى يېسە قانداق سۈرەتتە بولماقچى بولسا شۇنداق سۈرەتتە بولالايدۇ. ھەرخىل سۆزلەرنى دېسە شۇ خىل زۇۋاندا سۆزلىيەلەيدۇ، — دېدى. رەيھان:
— مەن جالىنۇستىن سېنى يەتمىش ئىككى خىل سۈرەتتە بولالايدۇ ۋە يەتمىش ئىككى خىل زۇۋاندا سۆزلىيەلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى. نەسىم:
— شۈبھىسىزكى، ئۇ مەئجۇندىن يېسە ھەرگىز ئاغرىق - ئاجىز بولمايدۇ. ئوغلۇم چالاكقا شەرت قىلىپ ھەرقانداق جايدا ئۆلسەم، ئۇ قۇتىنى ساڭا بېرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم، ھالا ھەق دېمەكتىن باشقا ئامال يوق. ئۇ قۇتىنى ئېلىپ مەن قاچان ئۆلسەم شۇ ۋاقىتتا قۇتىنى ئەلۋەتتە پەرزەنتىمگە يەتكۈزۈپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى. رەيھان نەسىمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ:
— ئۇ قۇتا قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:
— جىلتىنىڭ ئىچىدە، — دېدى. رەيھان نەسىمنىڭ جىلتىسىنى يېشىپ تەسلىكتە قولىغا ئالدى. قۇتا ئاق مۇڭگۈزدىن ياسالغانىدى. رەيھان ئۇ قۇتىنى كۆرۈپ تەمەئى - نەپسى

تاقىلداپ ئۆزىگە ئۆزى: «بۇنداق ئىپسىل قۇتىنى قانداقمۇ ئۇ قىرنىڭ ئوغلىغا بەرگەيمەن» دەپ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچماقچى بولدى. قۇتىنىڭ ئاغزى يەملىۋېتكەندەك چىڭ ئېتىلگەنىدى. ئاچقىلى بولمىدى. نەسىمگە قاراپ:

— ئەي نەسىم، بۇ قۇتىنىڭ ئاغزى يوقتەكلا ئىكەن. ئاغزىنى قانداق ئاچقىلى بولىدۇ؟ — دېدى.

— ئاچقىلى بولىدۇ. بىراق ئامانەتكە خىيانەت قىلامسەن؟ — دېدى نەسىم.

— ئەي ناپاك، هازىر سەن مېنىڭ تۇتقۇنۇم. نېمە دەپ قاقشايسەن؟ — دېدى رەيھان.

— قۇتىنىڭ ئاستى تەرىپىنى تۇتۇپ سول تەرىپىگە قاتتىق كۆچەپ تولغىساڭ ئاندىن ئېچىلىدۇ، — دېدى نەسىم كۆڭلىنى بۇزۇپ تۇرۇپ. رەيھان شۇنداق قىلدى. قۇتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىش بىلەن تەڭ بىرخىل دۇد رەيھاننىڭ دىمىقىغا كىردى-دە، رەيھان بۇ بىهوش دورىسىكەن، نەسىم ماڭا هىيلە ئىشلىتىپتۇ، دەپ بىلىپ:

— ئەي يارەن، مېنى قۇتقۇزۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىهوش بولۇپ يەرگە يىقىلدى. نەسىم جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قولىنى مۇھتەر رەيھاننىڭ ئارقىسىغا قىلىپ يەشتى. مۇھتەر رەيھاننىڭ شاگىرتلىرى مۇناردىن چىقىپ نەسىمنىڭ قولىنى يەشمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار كېلىپ نەسىمنى تۇتتى. رەيھاننى هوشىغا كەلتۈردى. بۇ چاغدا نەسىم ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي بەختسىز قىرى يارەن، ئۇنى پەم بىلەن تۇتماقچى ئىكەنسەن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنى ئەسىر قىلغان بولاتتىم» دېدى. رەيھان هوشىغا كېلىپ:

— ئەي بەختسىز قىرى، ئەجەب نەيرەڭۋازلىق قىلدىڭ، شۇنداقتىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، ماڭا لات - مەنات مەدەت قىلدى، — دەپ نەسىمنى تېخىمۇ مەهكەم باغلاپ غارغا ئېلىپ

كىرىپ شاگىرتلىرىغا تاپشۇردى. ئۆزى دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. ئۇ تەرەپتە بولسا ئىسكەندەر نەسىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە نەئىمنى چاقىرتىپ:

— نەسىم كەتكىلى نەچچە كۈن بولدى كەلمىدى. بۇۋاجان تۇتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. نەئىم رۇخسەت ئېلىپ تەييارلىق بىلەن يولغا چىقتى. نەئىم ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىر دەرۋىشنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئەلقىسسە، رەيھان نەئىمنىمۇ تۇتۇپ غارغا ئېلىپ بېرىپ باغلاپ قويدى. ئاندىن كېيىن يارەنلىرىگە:

— بىز نەسىمنى تۇتقىلى كېلىپ نەسىمنىڭ ئاتىسىنىمۇ بىرگە تۇتۇۋالدۇق. ئەمدى بەلاش شاھنىڭ ئالدىغا بارساڭلار بولىدۇ، — دەپ ئۇلارغا ئىككى ئەييارنى تاپشۇرۇپ يولغا سالدى. ئۇلار مېڭىش ۋاقتىدا رەيھان ئۇلارغا:

— سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئىسكەندەرنى ئوغرىلاپ كېلىمەن، — دېدى. ئەييارلار ئۆز يولىغا ماڭدى. رەيھان ھەم ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئەييارلار نەسىم بىلەن نەئىمنى كۆتۈرۈپ بەلاشقا كەلدى. ئۇلار بەلاش شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بەلاش شاھ بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولۇپ، بۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈردى. بەلاش شاھ جالىنۇسقا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، ئۇ ئەييارنى ئەجەب ماختاپ - تەرىپلەپ كەتكەنىدىڭ، ماختاشقا ئەرزىمەيدىكەن، — دەپ جاللاتنى چاقىردى. جاللاتقا:

— بۇ ئەييارلارنىڭ گەدىنىگە قېلىچنى ئۇرغىن، — دېدى. جاللات ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قېلىچ كۆتۈرگەندە،

بەلاش شاھنىڭ ۋەزىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئىشارىتى قىلدى. ۋە بەلاش شاھقا:

— ئەي شەھرىيار، ھازىرغىچە ئۇلارنى سولاپ قويۇپ تۇرايلى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش تولا مەردلىكتىن ئەمەس. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ باقايلىمىكىن، — دېدى. بەلاش ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ۋە ئۇلارنى زىندانغا سولاپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

قىسسە، رەيھان ئەييارنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئەييارلىقتا بەركامال ئىدى. ئۇلارنى بۇ قىزغا تاپشۇردى. قىز بۇلارنى يەر ئاستىدىكى كامىرغا ئېلىپ كىرىپ باغلاپ قويدى. تۆت ئەتراپىغا قاراۋۇللارنى قويدى.

ساھىبقىران نەئىمنى ئەۋەتتى. ئۇمۇ كەلمىگەندىن كېيىن:

— خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەييارلار كېلەلمىدى. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەييارلارنى ساقلىمايمەن، — دەپ غەزەپلىنىپ سەركەردىلەرنى چاقىردى. ئابدۇللا قۇر بېشى ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ھازىر بولدى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ يەر ئۆپۈپ تۇردى. ئەمىر:

— ئەييارلار كەلسۇن، — دېدى. ئون ئىككى مىڭ ئەييار تۆت يۈز خەلىپە[1] بارگاھتا ھازىر بولدى. ئۇلار ئەمىرگە قارىدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ غەزەپ قازىنىدا ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى قاتتىق تۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئەييارلارغا يۈز كەلتۈرۈپ:

— ئەييارلار جامائىتى، ئەمدى كارغا كەلمەيدىغان ئوخشايسىلەر، جاللات! جاللات! — دەپ توۋلىدى. جاللاتلار بارگاھتا ھازىر بولدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

---

[1] خەلىپە — كىزباسار، ئورۇنباسار، شاگىرت.

— شەھرىيار، كىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاپتىپىغا سىرنقلىق چۈشۈپتۇ؟ — دېدى. ئەمىر:

— ئەييارلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇڭلار، — دېگەنىدى، جاللاتلار ئەييارلارنى تىغنىڭ ئاستىغا تارتتى. ئەييارلار ھەرتەرەپكە قارىدى. تەسەللى بەرگىدەك ھېچقانداق كىشىنى كۆرمىدى. شۇ ئەسنادا مۇھتەر چالاك ئىبىن نەسىم (يەنى نەسىمنىڭ ئوغلى):

— ئەي ئالەمنى يورۇتقۇچى، ساڭا ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم بېرىمەنكى، ساڭا نېمە بولدى؟ بۇنداق ساپ - سادىق كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسەن؟ — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭغا قاراپ:

— بىرنەچچە ئەييارنى بەلاشتىن خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن دەپ ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلاردىن ھېچبىرى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى. مۇھتەر زادە:

— شەھرىيار، شۇ غىمىڭىز ھەققىدە ماڭا رۇخسەت بېرىڭ. مەن بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلەي، بۇ ئەييارلارنى قويۇپ بېرىڭ، ئەگەر خەۋەر ئېلىپ كېلەلمىسەم ئىختىيار سىزدە، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. باشقا ئەييارلارغىمۇ رۇخسەت قىلىپ قويۇپ بەردى. چالاك ھۇجرىسىغا كېلىپ ئەييارلىقتا كېرەكلىك ئەسۋابلارنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇدۇلىدا بىر كىشى كۆرۈندى. چالاك دەرھال سالىمنى بىلىدىن يېشىپ يولغا يېيىپ توپىغا كۆمۈپ، قولىدا سالىمنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇ ئادەم يېتىپ كېلىپ سالىمنى دەسسىدى. مۇھتەرزادە ئوغلاقنىڭ ئاۋازىنى دوراپ مەرىدى. ئۇ كىشى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. بۇ چاغدا مۇھتەرزادە كۈچى بىلەن سالىمنى تارتتى. ئۇ كىشى يەرگە يىقىلدى. چالاك خۇددى جاللاتتەك قولىغا خەنجەر ئېلىپ

ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ قول ۋە پۇتىنى باغلىدى. ئاندىن ئۇنىڭدىن:

— ئەي ناپاك، راستىڭنى ئېيتقىن، سەن كىم بولىسەن؟ ئەگەر راست ئېيتمىساڭ خەنجىرىمنى گېلىڭدىن ئۆتكۈزىمەن، — دېدى. ئۇ:

— مەن بەلاش شاھىنىڭ ئەييارى، مېنى رەيھان ئەييار دەپ ئاتايدۇ. نەسىمنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم، نەسىمنى نەسىمنىڭ ئاتىسى نەئىم بىلەن تۇتۇپ ئۇلارنى ئەييارلار بىلەن شەھىرى بەلاشقا ئەۋەتىۋەتتىم. ئەمدى مەن ئىسكەندەرنى تۇتۇپ كېلەي دەپ كەلگەنىدىم. ھالا سېنىڭ قولۇڭغا گىرىپدار بولدۇم، — دېگەنىدى، ئۇنى دەرھال بىھوش قىلىپ پەردە ـ گىلەمگە ئوراپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ گىلەمنى يەردە قويدى. ئەمىر ئۇنىڭدىن:

— ئەي مۇھتەر، كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. چالاك:

— بىر مەخلۇقاتنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر چالاكقا «خەلىفە» دەپ نام بېرىپ:

— ئەي خەلىفە، بۇ ناپاكنىي ساڭا تاپشۇردۇم، سەن ساقلىغىن، — دېگەنىدى، چالاك ئۇنى ئۆز چېدىرىغا ئەكىلىپ باشتىن ـ ئايىغىچە باغلاپ، چېدىرىنىڭ تۈۋرۈكىگە تېڭىپ ئەييارلارنى ئۇنىڭغا قاراشقا قويدى. بۇ ئىش يۈز بېرىپ نەچچە كۈن ئۆتتى. رەيھاننىڭ قىزى ئەييارلارغا:

— نەچچە كۈن بولدى. ئاتامدىن خەۋەر بولمىدى. سىلەر بۇ ئىككى ئەييارغا ئوبدان قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن ئاتامدىن خەۋەر ئالغىلى بارىمەن، — دەپ ئەييارلىقنىڭ لازىملىقلىرىنى ئېلىپ ساۋۇت ـ كۇلاھنى كىيىپ، ئۆزىنى دېھقاننىڭ ئوغلى سۈرىتىدە قىلىپ، ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئۇ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. ئۇ بىر كىشىدىن

مۇھتەر رەيھاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ كىشى ئۇنىڭغا:
— ھازىر رەيھاننى تۇتۇپ باغلاپ قويدى، — دېگەنىدى.
ئۇ قىز چېدىرمۇ ـ چېدىر يۈرۈپ، ئاخىرى ئانىسى بار چېدىرغا كەلدى. ئۇ ئانىسىنىڭ چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. ئۇ بۇ چالاكنىڭ چېدىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ چېدىرنىڭ چېتىدە ئولتۇرغانىدى، بىر چاغدا چالاك چېدىرىدىن چىقتى. قىز ئورنىدىن قوپۇپ، مۇھتەر چالاكنىڭ ئالدىدا بېشىنى سىلىپ تۇردى. چالاك ئۇنىڭغا قاراپ ئەجەب يېقىملىق ئوغۇل ئىكەنغۇ، دەپ ئۇنىڭدىن:
— ئەي ئوغۇل، سەن قەيەردىن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:
— شەھرىيار، مەن شامالباغدىندۇرمەن، قېرى ئاتام بار ئىدى، بۇ دۇنيالىقتا باشقا ھېچنەرسىمىز يوق. نان، پۇل تىلەپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى. چالاك:
— ئەگەر مېنىڭ قېشىمدا تۇرساڭ ساڭا شەپقەت قىلىمەن، — دېدى. ئۇ قوبۇل قىلدى. ئۇ كېلىپ چالاكنىڭ قولىنى سۆيدى. ئالدىدا يۈرۈپ شۇنداق خىزمەت قىلدىكى، ئەگەر ئۇنى بىردەم كۆرمىسە خاتىرجەم بولالمايدىغان بولۇپ قالدى. بىراق ئۇ مەككارە بىر كېچىسى پۇرسەت تېپىپ ئانىسىنى قۇتقۇزۇپ قاراۋۇللارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قەغەزگە خەت يېزىپ قويۇپ، چالاكنىڭ ئەسۋابلىرىنى پەردىگە ئوراپ بەلاش شەھىرىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى چالاكتىن ئىشىتكەيسىز.
ئۇلار كەتكەندىن كېيىن قاراۋۇللار چېدىرغا كېلىپ رەيھاننىڭ يوقلىقىنى بىلدى. ئۇلار تاشقىرى چىقىپ، ئەتراپتىكى ئۆلۈك ياتقان پاسىبانلارنى كۆردى. ئۇلار يەنە چېدىرغا كىرىپ قارىسا ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر پارچە قەغەزنى تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ قارىغانىدى. قەغەزگە مۇنداق خەت يېزىپتۇ:

«ئەي نەئىم، نەسىمىلەر بىلگىنكى، مەن رەيھان ئەييارنىڭ قىزىدۇرمەن، ئىسمىم سەمەن بانۇدۇر. مەن كۆپ مىكىر ھىيلىلەر قىلدىم. ئەگەر مەرد بولساڭ شەھىرى بەلاشقا ئاتاڭ بىلەن بوۋاڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بارغىن.» چالاك بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئاھ ئۇردى. ئۇ دەرھال ئەمىرنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ:

— مەن ھازىرلا بەلاش شەھىرىگە بېرىپ پىر-مۇرشىتلارنىڭ مەدىتى بىلەن رەيھانغا بالا ياغدۇرسام، قىسسىخانلار ئۇنى تىللاردا داستان قىلىپ ئوقۇسۇن، — دېگەنىدى. ساھىبقىران:

— مەن كۆرەي، نېمە ئىش قىلارسىز كىن، — دېدى. مۇھتەرزادە چېدىرنى ئەييارلارغا قالدۇرۇپ، ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ بەلاش شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتراپقا زەن سېلىپ كېتىپ باراتتى. بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىسىغا قارىغانىدى، يەرگە يىقىلدى. ئۇ سەيياھ چالاكنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇردى. چالاك:

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسەن؟ — دېدى. سەيياھ:

— سەن بۇندىن كېيىن بىخۇتلۇق قىلما، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىن، — دېدى. چالاك بۇ بىر كۆيۈنگۈچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— سىز مۇھتەر قىران ئەمەسمۇ؟ — دېدى. مۇھتەر قىران:

— ئەلۋەتتە، — دېدى. چالاك ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھتەر قىراننىڭ قولىنى سۆيدى ۋە:

— ئاتام ۋە بوۋامنى سولاقتىن قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلغانىدىم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. مۇھتەر قىران:

— مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى. چالاك بىلەن مۇھتەر

قىران شەھەردىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار يول يۈرۈپ بەلاش شەھىرىگە كەلدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تۆت كوچىغا بېرىپ، ئۇ يەردە مۇھتەر رەيھاننىڭ تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەييارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇراتتى. چالاك ئۇ يەردە نەسىم بىلەن نەئىمنىڭ يەر ئاستىدا سولاقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار كەينىي تەرەپتىن ئەتراپقا قارىدى. ئۇلار ھېچنەرسىنى تاپالمىدى. ئۇلار ئۇ يەردىن يېنىپ خارابىيلىككە يوشۇرۇندى. بىر ئەييار ئۇلار تەرەپكە كەلدى. چالاك ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئۇقتى. بۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولدى. قىران:

— ئەمدى بىز كامارغا تۇتىشىدىغان قىلىپ لەخمە كولايلى، سىز توپىسىنى تارتىپ بېرىڭ، — دېدى. چالاك ماقۇل بولدى. قىران ھەمراھى سەبۇكتېگىن سانى بىلەن لەخمە كولىغىلى باشلىدى. چالاك پەردە - گىلەمنى مۇرىسىگە سېلىپ توپا تارتقىلى تۇردى. بىرنەچچە سائەتتە لەخمە جايىغا يەتتى. نەسىم ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر كۆلەڭگىنى كۆردى. بۇنىڭغا قاراپ تەئەججۇپلەندى. بۇ چاغدا يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ بىر گروي ئادەم لەخمىدىن چىقتى. مۇھتەر غايىبۇل مۇھەممەتنى كۆرۈپ:

— ئەي بۇرادەر، ئوبدان كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى. بۇ چاغدا چالاك زىندانغا يېتىپ كېلىپ ئاتىسى مۇھتەر نەسىم بىلەن بوۋىسى مۇھتەر نەئىمنى سولاقتىن خالاس قىلدى. ئاتا - بالا، پەرزەنت ئۈچەيلەن كامىردىن چىقىپ سېپىلدىن كېتىپ قالدى. ئۇلار شەھەردىن چىققاندا مۇھتەر قىران جىنىدەك غايىب بولدى. ئۇ ئۈچەيلەن ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، ئەمىرگە تەزىم قىلدى. دۇئا - سانادىن كېيىن، ئەمىر:

— ئەي بوۋاجان، سەن خەۋەر ئېلىپ كېلىمەن دەپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ. ئەمدى سوراپ باقاي، بەلاش شەھىرىدىن قانداق خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— بەلاش شەھرىگە بېرىشىڭىز ئانچە ئاسان ئەمەس ئىكەن، — دېدى. ئەمىر:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى. نەسىم:

— چۈنكى ئۇ يەردە ناھايىتى خەتەرلىك ئېغىزلار بار ئىكەن. ئەگەر ئۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتمەكچى بولساق، دەريا - دەريا لەشكەرلىرى بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلسا كۆپ چىقىمدار بولىمىز، — دېدى. ئەمىر:

— ئەي كاززاپ قېرى، سەلسال قىتاننىڭ قاتمۇ قات يەتتە خەتەرلىك ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بويسۇندۇرمىدۇقمۇ؟ — دېدى. نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، ئۇ ھەم بۇ غۇلامىڭىزنىڭ پەم - پاراستىدىن بولدى. مەن دۇنيالىقنىڭ تەمەسىدە بىر ئېبلىس بولۇپ قالدىم ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەتەرلىك ئېغىزلارنى بويسۇندۇرۇپ، تىلسىملارنى سۇندۇرۇپ، بەزى خەتەرلىكلەردىن ساقلىنىپ پاكى شەھرىيارغا نىجاتلىق بېرىپ كۆھقاپلاردىن ئۆتكۈزدۈم. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا يەتتە قات خەتەرلىك ئېغىزدىن ئۆتمىگەن بولاتتىڭىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دۇنيالىق ئۈچۈنغۇ، ئۇنداق بولمىغان چاغلاردا ئۇنداق خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتەلمەي ياتتىڭىزغۇ دەيمەن، — دېگەندى. ئىسكەندەر:

— سەن تاماشا قىلىپ تۇرغىن، مەن ئۇ خەتەرلىك ئېغىزدىن ئۆتۈپ كۆرەي، — دېدى ۋە:

— ئەي ئوغلانلار، بىر باتۇر بارگاھى جەمشىدنى ئېلىپ خەتەرلىك ئېغىزنى ساقلىسۇن. ئۇ يېتىپ بارغۇچە بەلاش لەشكەر ئەۋەتىپ قالمىسۇن، — دېدى. ئەمىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت ئېلىپ ئوتتۇز مىڭ لەشكەرنى باشلاپ يولغا چىقتى. ئۇ تەرەپتە

جاسۇسلار بەلاش شاھقا:

— ئىسكەندەر ئېغىزنى ئالغىلى لەشكەر ئەۋەتىپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بەلاش:

— ئوتتۇز مىڭ لەشكەر ئېغىزنىڭ دەۋازىسىنى ساقلىسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئەمىرخان ئېغىزغا يېقىن كېلىپ بارگاھ تىكتى. ئۇنىڭ ئەقلى بېشىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئەتىسى لەشكەرلەر ئاتقا مىنىشىپ سەپ تۈزۈشتى. بەلاشنىڭ سەردارى:

— ئەي خالايىق، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىن، بۇ ئېغىزدىن كىشى تېخى ئۆتەلىگەن ئەمەس، — دەپ چوقان سېلىپ، تاغ ئېغىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئەمىرخان بۇيرۇق قىلىۋىدى، لەشكەرلەر بىراقلا ئېغىزغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ قېتىم مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قالدى. ئىككىنچى قېتىمدا يەنە مىڭ كىشى شېھىت بولدى. ئۈچىنچى قېتىمدا يەنە مىڭ كىشىنىڭ ئۆلۈكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قالدى. ئەمىرخان نائىلاج بولۇپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. شەھرىيار:

— بۇ خەتەرلىك ئېغىزدىن ئۆتمەك تەس ئوخشايدۇ، — دەپ ئىشنى تەڭ قىلدى. ئىسكەندەر ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئۇنداق كۆپ شېھىت بولغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ غەمكىن ھالدا:

— ئەي خالايىق، بۇ يولدا بىلىڭلارنى مەھكەم باغلاڭلار، — دېدى. بۇ چاغدا ئەلۋەس شاھ ھۇشتەرخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەھرىيار، ئەگەر رۇخسەت بولسا مەن باشقا يول بىلەن بېرىپ باقسام، بەلكىم يول تېپىپ قالارمەن، — دېدى. ئەمىر رۇخسەت بەردى. ئەلۋەس بارگاھىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ غېرىب لەشكەرلىرى بىلەن دەريانىڭ بويىغا كېلىپ، ئۇ ۋىلايەتنىڭ تىجارەتچىلىرىدىن:

— سىلەردىن سۆز سورايمەن، راستىنى ئېيتساڭلار ھەر بىرىڭلارغا تون ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى ھەم ئۇلاردىن خىجالەت بولۇپ:

— سىلەردىن بىلىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ بۇ دەريا بىلەن بەلاش شەھىرىگە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى-ـ-ـ-ى بىلمەكچى، — دېدى، سودىگەرلەر:

— شەھرىيار، مەن دەريا بىلەن شەھەرگە بارىدىغان يولنى بىلىمەن. بۇ يول بىلەن بەلاشنىڭ ئۈستىگە بارغىلى بولىدۇ، — دېدى. ئەلۋەس مۇزەففەر ئەييارغا قاراپ:

— بۇ خوجايىن بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارغىن، راست بولسا ئەمىرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بەلاش شەھىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن بۇ خوجايىننى بۇ شەھەرگە باش ھاكىم قىلاي، — دېدى. ئۇلار دەرھال بوۋاي بىلەن كېمىگە ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئاخىرى بەلاش شەھىرىنىڭ دەۋازىسىغا يېقىن كەلدى. مۇزەففەر بىلەن بوۋاي بۇ يەردە بىر كېچە - كۈندۈز ساقلاپ، ئاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. ئۇلار ئەلۋەسنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەلۋەس شاھ ئۇلارغا تون ھەدىيە قىلدى. ئۇلار ئۇ يەردىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋەقەنى يەتكۈزدى. ساھىبقىران بۇنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولۇپ، نەسىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— بوۋاي، چارە تاپالامدىكەنمەن؟ سەن كېمە بىلەن دەرياغا كىرمىگىن، بىز پالۋانلار بىلەن دەريا يولى ئارقىلىق بارىمىز. سەن لەشكەرلەرنى باشلاپ تاغ ئېغىزىدا تۇرغىن. تاغ ئېغىزى ئېچىلغىچە ھەرگىز جەڭ قىلمىغىن، — دەپ چاقچاق ۋە مېھرىبانلىق قىلدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، تاغ ئېغىزىغا راۋان بولدى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرمۇ كېمىدە ئولتۇرۇپ دەريا يولى

ئارقىلىق راۋان بولدى. ئۇلار بەلاش شەھىرىگە يېقىن كەلدى. ئەمىر خۇش بولۇپ، دەريادىن چىقىپ ياپپېشىل ئوتلاققا چېدىر تىكىپ چۈشتى. بەلاش شاھقا:

— ئىسكەندەر دەريا يولى بىلەن كېلىپ ئەتراپقا چۈشۈپتۇ، — دېگەن خەۋەر يەتتى. بەلاش شاھ:

— ئىسكەندەر ئاجايىپ بالا ئىكەن، — دېدى ۋە لەشكىرىنى جەملەپ يۈز ئەللىك مىڭ لەشكىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بارگاھ تىكتى. بەلاش شەھىرىنىڭ ئېغىزدىكى لەشكەرلەر «ئىسكەندەر دەريا يولى بىلەن بېرىپ بەلاش شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارگاھ تىكىپ تۇسۇپتۇ» دەپ ئاڭلاپ ئېغىزنى تاشلاپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا نەسىم بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، لەشكەرلىرىنى تاغ ئېغىزىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر نەسىمگە:

— مەرھابا، — دېدى. ئەمىر ناغرىنى سوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ناغرا شادىيانىگە چېلىندى. دەريا لەرزىگە كەلدى. بەلاشمۇ جەڭ ناغرىسىنى سوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تۈزدى. ئىسكەندەر ئەلەمگاھنىڭ ئاستىدىكى تەختتە قارار ئالدى. سەركەردىلەر سەپلەرنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۈرغۈزدى ۋە:

— بۈگۈن جان - جەھلىمىز بىلەن ئېلىشىدىغان كۈندۇر. مەرد بولساڭلار ئاياللاردەك چېدىردا ئاياللارنىڭ كىيىمىنى كىيمەڭلار.

مۇنداق سۆزلەر ئىككى تەرەپنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقتى. بەلاشنىڭ قوشۇنى ئىچىدە بىر پالۋان بار ئىدى، ئۇنى ئەرغۇۋان دەپ ئاتايتتى. ئۇ كامالەتلىك پالۋان ئىدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ:

— مەيدانغا پالۋان كەلسۇن، — دەپ چۇقان سالاتتى. ئىسكەندەر تەرەپتىن يۇنانى زېمىن سام دىلاۋەر ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىمىنى كىيىپ مەيدانغا كىرىپ ئۇ ناپاكنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ نەيزىۋازلىقتا مەشغۇل بولدى. ئاخىرى سام پالۋان سىپاھگەرلىك ماھارىتى بىلەن ئەرغۇۋاننىڭ نەيزىسىنى قولىدىن تارتىۋالدى. ئۇ ھارامزادە غەزەپلىنىپ ساتورنى ئېلىپ سامغا ھۇجۇم قىلدى. سام بېشىغا قالقان تۇتقاندى. ساتور قالقاندىن ئۆتۈپ دۇبۇلغىغا تېگىپ، قالقاننىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈردى. ساتور سۇنۇپ كەتتى. ئەرغۇۋان:

— ئەي يىگىت، سەن سېھىرگەر ئىكەنسەن، — دەپ ۋارقىرىدى. سام بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي ھارامزادە، بەختىڭ شۇنچىلىك ئىكەن، لەنەت ساڭا ۋە سېھىرگەرلەرگە بولسۇن. بېشىم ۋە ئۇچامدىكى ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش كىيىمى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورال كار قىلمايدۇ، — دەپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ ئەرغۇۋاننىڭ دۇبۇلغىسىغا ئۇرغاندى، ئۇنىڭ دۇبۇلغىسى ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا تەھسىن ـ ئاپىرىن سادالىرى ئەتراپتا ياڭرىدى.

ئەلقىسسە، كۈن ئولتۇرغىچە سام بەلاشنىڭ پالۋانلىرىدىن بىر نەچچىسىنى يەر چىشلەتتى. بۇ چاغدا جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئۆز ئارامگاھلىرىغا بېرىپ قارار ئالدى. ئەمىر سامنى تەبرىكلىدى. تاڭ ئاتتى. جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭراپ ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئىككى دەريا دولقۇنىدەك مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## سەكسەن سەككىزىنچى قىسسە، فەرھەتنىڭ دەريادىن چىققانلىقى، سەھل زەنگىنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ سەھلنى ئۆز ئېتىقادىغا بويسۇندۇرغانلىقى، ئۇ يەردىن شەھىرى ئەندۇلۇسقا[95] بېرىپ، لەئىلان شاھنىڭ قىزى سەرۋىناز بانۇغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە تىلسىمات بىنەپشەگە بارغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، فەرھەتنىڭ دىۋىزاد بېلىقنىڭ تامىقىغا مىخ ئۇرغانىدى، بېلىق ئۇنى سۆرەپ دەرياغا غەرق قىلدى. ئىرادە بىلەن دەرەخنىڭ شېخى سۇدا ئېقىپ ئايلىنىپ يۈرگەنىدى، فەرھەت ئۇ دەرەخ شېخىغا مىنىۋالدى. سۇ ئۇنى ئېقىتىپ بىر جەزىرىنىڭ قىرغىقىغا چىقىرىپ قويدى. فەرھەت دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقىپ، كىيىملىرىنى قۇرۇتۇپ كىيىپ بىلدىكى، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى بىلىندى. ئۇ مېۋە تېپىپ يېدى، ئاندىن كېيىن يۈرۈپ بىر دەشتكە كەلدى. ئۇ ئېگىزگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا ناھايىتى كۆپ چېدىر ۋە كەپىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆردى. بۇ يەردە قىزىلىيۇز كارۋانلار چېدىرلارغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. فەرھەت پەشتاقتىن چۈشۈپ، ئۇ سودىگەرلەرنىڭ چېدىرلاردا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. تىجارەتچىلەر فەرھەتنى كۆردى. ئۇلار شۇنداق بىر باتۇرنى كۆردىكى، ئۇ رۇستەم

سۇپەت، لېكىن ھىرمان[1] ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل قامەتلىك تەرىپىنى قىلىشقا تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇلار فەرھەتنى باشلاپ كېلىپ چېدىردا ئولتۇرغۇزدى. تائام ئەكىلىپ بەردى. فەرھەت تائامنى يەپ بولۇپ، ئوق پۇتىنى سول پۇتىنىڭ تۆپىسىگە قويۇپ ئولتۇرۇپ تويۇقسىزلا:

— ئەي جامائەت، ھەرقانداق كىشى مەن بىلەن جەڭ قىلغۇسى بولسا مەيدانىمغا كەلسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى. تىجارەتچىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— قارىغاندا، ئۇ ئاچلىقتىن سۆز قىلالماي ئولتۇرغان بولسا كېرەك، ئەمدى ئۇنىڭ قورسىقى تويۇپ بىز بىلەن جەڭ قىلماقچى بوپتۇ، — دېيىشتى. فەرھەت بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي جامائەت، سىلەر نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— ئەي باتۇر، بىز يەتتە يۈز كىشىلىك سودىگەر ئىدۇق، كۆپچىلىكىمىز سەپەر قىلىپ چىقىپ يولدىن ئېزىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا بىر قەلئە بار. ئۇ جايىنى زەنگىلەر ماكان تۇتقان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى سەھل زەنگىدۇر. ئۇنىڭ ئاتمىش مىڭ زەنگى لەشكىرى بار. ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ يولىنى توسسا جېنىنى تىكىپ ئېلىشىدۇ. ئۇ ئادەم يەيدۇ. بىز ھازىر قورققىنىمىزدىن بۇ يەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىمىز. بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەيمىز، — دېدى.

— زەنگىلەر بىلەن بولغان جەڭنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى فەرھەت. تىجارەتچىلەر كۈلۈشتى ۋە:

— بىز يەتتە يۈز كىشى ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىغان تۇرساق، سەن يالغۇز نېمە قىلالايسەن؟ — دېدى. فەرھەت بۇ

---

[1] ھىريان — قورۇق قول، قورۇق قالماق، مەھرۇم بولماق، ئۈمىدسىز.

سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ سودىگەرلەرگە قاراپ:

— چېدىرلارنى يۆتكەپ سەھلىنىڭ قەلئەسىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ چۈشۈڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. تىجارەتچىلەر فەرھەتنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ تەرەپتە قەلئەنىڭ ئىشىك باقۇچىلىرى كارۋانلارنى كۆرۈپ سەھل زەنگىگە:

— شەھرىيار، بىرمۇنچە كارۋانلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ چۈشتى، — دەپ خەۋەر قىلغانىدى، سەھل:

— ئەي ناپاك، مەستلىك ھالەتتە مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىگىن دېمىدىممۇ، ھازىر شارابىنىڭ كەيپى بېشىڭغا چىقتى. يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپ ۋارقىرىدى، ئىشىك باقۇچى:

— شەھرىيار، لاتىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، راست ئېيتىۋاتىمەن، بۇنىڭ يالغىنى يوق، — دېدى. سەھل يېنىدىكى زەنگىگە قاراپ:

— بارغىن، سەن بېرىپ كۆرۈپ كەلگىن. ئۇ راست ئېيتتىمۇ ياكى يالغانمۇ، ئەگەر راست ئېيتقان بولسا، كارۋانلار باشلىقىغا ئېيتقىن، سودىگەرلەرنى باغلاپ، ماللىرىنى قەلئەگە ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئۇ زەنگى ئۇزۇن شەمشادنى مۈرىسىگە سېلىپ قەلئەدىن چىقىپ تىجارەتچىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. دەرۋەقە بۇ چاغدا فەرھەت چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇرغانىدى، زەنگىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ فەرھەت تەرەپكە كەلدى. ئۇ فەرھەتنىڭ قامىتىنى كۆرۈپ پۇتى تىترىدى. ئۇ بۇ يەرگە كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، سولاشقان ھالدا:

— ئەي كارۋان بېشى، تىجارەتچىلەرنى باغلاپ، ماللىرىنى ئېلىپ قەلئەگە مەن بىلەن ماڭغىن، — دېدى. فەرھەت ئىشارەت قىلىپ:

— مەن پاك قۇلاقمەن، ئۇبدان ئاڭلىيالمىدىم، ئالدىمغا يېقىنراق كېلىپ سۆز قىلغىن، — دېدى. ئۇ زەنگى ئالدىغا كېلىپ سۆز قىلماقچى بولۇشىغا فەرھەت قول ئۇزارتىپ،

زەنگىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى يۇلۇپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

— بېرىپ سەھلگە قۇلاق يۇلۇنىدىغان شاھ كەپتۇ دەپ ئېيتقىن، ئەگەر مەرد بولسا قەلئەدىن چىقسۇن، — دەپ ھەيۋە قىلغانىدى، زەنگى قۇلىقىدىن قان ئېقىتقىنىچە سەھلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. سەھل بارلىق زەنگىلەر بىلەن ئاتقا مىنىپ ھەيۋەت بىلەن تىجارەتچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەپتە تۇردى. فەرھەڭ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇ يەتتە يۈز تىجارەتچىلەرمۇ سەپ تۈزدى. ئەمما تىجارەتچىلەر غەم غەۋغادا:

— بۇ ئىشىمىز ئاخىرى قانداق بولاركىن، — دەپ تۇرغانىدى، سەھل زەنگى ھەيۋەت بىلەن ساتورنى ئېتىنىڭ يېنىغا ئېسىپ مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي سودىگەر، ئەگەر ئەجىلىڭلار توشقان بولسا دەرھال ساتورنىڭ شەربىتىنى تېتىڭلار. بۈگۈن ھەر بىرىڭلارنىڭ گۆشىنى يۈز زەنگى تالىشىپ يەيدىغان بولدى، — دەپ ھەيۋە قىلدى. سودىگەرلەرگە تىترەك چۈشۈپ، بىر - بىرىگە ۋەسىيەت قىلىشىپ، ئۆلۈمگە تەييار بولۇپ خوشلىشىپ، فەرھەڭگە كۆپ ئاھانەتلەر قىلدى. فەرھەڭ سودىگەرلەرنىڭ بىرىسىنىڭ ئېتىنى مىنىپ مەيدانغا كىرىپ سەھلىنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

— ئەي زەنگى، مەيدان دېگەن مەردنىڭ جايىدۇر. ماڭا مەلۇم بولدىكى، ئەجىلىڭ توشۇپتۇ، — دېدى. زەنگى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ فەرھەڭگە ساتورنى ئۇردى. فەرھەڭ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى. ساتور ئاتقا تېگىپ ئاتنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئات لوخ گۆشتەك يەرگە چۈشتى. بۇ چاغدا فەرھەڭ سەھلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەھلىنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى چاپقانىدى، سەھل چاققانلىق بىلەن ئاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى شىر جان - تېنى بىلەن چېلىشتى. ئۇلار كەچكىچە ئېلىشىپ ئىككىنچى كۈنى فەرھەڭ سەھلنى يىقىتتى. سەھل تىزلىنىپ يەردە ئولتۇردى. ئۇلار

خوپ ھالسىزلاندى. فەرھەڭ پىر - مۇرشىتلىرىدىن مەدەت تىلەپ زەنگىنىڭ قەددىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەلەم قىلدى. ئاندىن يەرگە ئۇرماقچى بولىۋىدى، سەھل قولىنى فەرھەڭنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

— ئەي پالۋان، ئەرباب ئېگىز كۆتۈرگەننى تاشلىمايدۇ، مېنى يەردە قويغىن، ساڭا ئىتائەت قىلىمەن، سېنىڭ ئېتىقادىڭدا بولىمەن، — دېگەنىدى، فەرھەڭ سەھلنى يەردە قويدى. سەھل سادىق دىل بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى. سىپاھلىرىمۇ تەزىم قىلىپ ئېتىقاد قىلدى. سەھل:

— ئەي دىلاۋەر، بۇ بەندىنىڭ ئوردىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز، بېشىم بىلەن خىزمەت قىلاي، — دېگەنىدى، فەرھەڭ قوبۇل قىلدى. فەرھەڭ تىجارەتچىلەر بىلەن قەلئەگە كەلدى. ئۇلار نەچچە كۈن مېھمان بولۇپ، ئاندىن تىجارەتچىلەرگە رۇخسەت بەردى. تىجارەتچىلەر فەرھەڭگە كۆپ ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر بىلدۈرۈپ يولىغا راۋان بولدى. فەرھەڭ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. كۈندۈزى سەھل بىلەن شىكار قىلدى. بىر كۈنى ئۇلار شىكار قىلىپ يۈرەتتى، بىر ياۋا ئېشەك فەرھەڭنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. فەرھەڭ ئۇنى قوغلىدى. ئېشەك قاچتى. فەرھەڭ ئۇنى قوغلىشىپ كۈن ئۆلتۈردى. ئاخىرى ئېشەك غايىب بولدى. فەرھەڭ ئۇ كېچىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتتى. فەرھەڭ تىنچ - ئامانلىق، ئاسايىشلىق تىلەپ، ئىككى رەكئەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپ ئېتىغا مىنىپ ماڭدى. لېكىن نەگە ماڭغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىر جەزىرىدە كېتىپ باراتتى. يىراقتىن بىر پەشتاق كۆرۈندى. مىڭ تەسلىكتە ئۇ يەرگە باردى. ئات يىقىلىپ ھالاك بولدى. فەرھەڭ پىيادە قالدى. ئۇ پەشتاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. يىراقتىن بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. فەرھەڭ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇ پەشتاق (مۇنار، تۇر) قا يېقىن جايدا بىر باغ

بارلىقىنى كۆردى. باغ تەرەپكە ماڭدى. باغقا كەلدى. بۇ باغنىڭ دەرەخلىرى پەلەككە بوي تارتقان بولۇپ، ھەرخىل قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا تىنىماي سايرىشاتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق سۇ ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. باغنىڭ ئىشىك - رىشاتكىلىرى تىللادىن ياسالغانىدى. ئىشىكنى جاۋاھىر سۈيى بىلەن ھەللىگەن (سىرلىغان) ئىدى. فەرھەڭ ئىسسىقنىڭ تەپتىگە چىدىيالماي باغقا كىرىپ، ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ ئېرىقتىن بىر دەستە گۈل ئېقىپ كەلدى. ئۇ گۈلنى ئېلىپ ھىدىنى پۇراپ ھەيران قالدىكى، بۇ گۈل قەيەردىن كەلگەندۇ؟ دەۋەتتى. قازارا، شەھەر شۇبۇ باغنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بۇ ئەندۇلۇس شەھىرى ئىدى. بۇ مەغرىبنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يۇرتلىرىدىن ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى لەئىلان ئىدى. ئۇ لەئىلان بۇت پەرەست ئىدى. ئۇنىڭ سەرۋنازبانۇ ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. بۇ باغ ئاشۇ قىزنىڭ چاھار بېغى ئىدى. سەرۋنازبانۇ خاس كىشلەر (كېنىزەكلەر) بىلەن باغ سەيلىسى قىلىپ يۈرۈپ، ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر دەستە گۈل ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى. سەرۋناز كېنىزەككە:

— گۈلنى تۇتۇپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇدى. كېنىزەك گۈلنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ گۈلنى قوغلاپ كېلىپ، دەستە گۈلنىڭ رۇستەم سۈپەت بىر يىگىتنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقانىدى. ئۇ پىلدەك قامەتلىك ئىدى. ئاغچا ئانا (كېنىزەك) فەرھەڭنى كۆرۈپ جامالىنىڭ سالاپەتلىكلىكىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. سەرۋناز بانۇ ئۇنىڭ ئېسىدىن يوقالدى. سەرۋناز بانۇ ئاغچىسىنىڭ گۈلنى ئەكەلگىلى كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بىر كېنىزەكنى بۇيرۇدى. ئۇمۇ كېلىپ پالۋاننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا قىز تاقەتسىزلىنىپ

دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بەغەرەز پەرىلەر قەيەرگە كەتتى» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا تاياق ئېلىپ كېلىپ، ئاغچىنىڭ باغىنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى، بۇيەردە كىم باركىن؟ ئانام بۇ يەرگە ئەجەب قارايدىغۇ، دەپ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ بۇ يەردە فەرھەتنى كۆرۈپ ئەقلى تىرە، كۆڭلى خىرە بولدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، فەرھەتكە قاراپ ئاشىق - بىقارار بولدى. ئاھ - پىغانى كۆكسىدىن نامايان بولدى. ئۇ يەنە بىھوش بولدى. ئاغچىسى قىزنى قەسىرگە تارتتى. قىز ھوشىغا كەلدى. قىز:

— ئەي ئاغچا، مەن نېمە بولدۇم؟ ئەي ئاغچا ئانا، گەپ قىلغىنچۇ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ئەي ئاغچا ئانا، مەن بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دېدى. ئاغچا ئۇنىڭ بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي بانۇ، بۇ ئىشنى بىرەر شامال ئاتاڭنىڭ قۇلىقىغا ۋە ياكى بۇرادىرىڭ ئەردەشىرنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزسە، بۇ بەندەڭدىن جۇدا قىلىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز بىلەن شەمشىرىنى تازىلايدۇ. بۇ بىر خام خىيال، بىھودە ئاۋارە بولمىغىن. ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ، يىگىتنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىن، — دېدى. قىز ئاغچىنىڭ سۆزىنى ئىشىتىپ بويىنىدىن ئەنبەرچىنى[1] ئېلىپ ئاغچىنىڭ بويىنىغا سېلىپ قويدى. ئاغچا ئەنبەرچىنى كۆرۈپ:

— نېمە ھاجىتىڭ بار؟ بېشىم بىلەن بەجا كەلتۈرەي، بۇ مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتقان سۆزۈم، — دېدى. قىز:

— ئەي ئانا، مېنىڭ كۆڭۈل پىراقىمغا ئوت ئاسماندىن چۈشتى. بەتنامىلىقىنىڭ ناغرىسىنى بازارنىڭ بېشىدا سوقتۇم. بارغىن، ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كەلگىن، — دېدى.

---

① ئەنبەرچە — بىرخىل خۇش پۇراق چاچىدىغان ماددا، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى.

بارلىقىنى كۆردى. باغ تەرەپكە ماڭدى. باغقا كەلدى. بۇ باغنىڭ دەرەخلىرى پەلەككە بويى تارتقان بولۇپ، ھەرخىل قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا تىنىماي سايرىشاتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇلاق سۇ ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. باغنىڭ ئىشىك - رىشاتكىلىرى تىللادىن ياسالغانىدى. ئىشىكنى جاۋاھىر سۈيى بىلەن ھەللىگەن (سىرلىغان) ئىدى. فەرھەدنىڭ ئىسسىقنىڭ تەپتىگە چىدىيالماي باغقا كىرىپ، ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇردى. بىر چاغدا ئۇ ئېرىقتىن بىر دەستە گۈل ئېقىپ كەلدى. ئۇ گۈلنى ئېلىپ ھىدىنى پۇراپ ھەيران قالدىكى، بۇ گۈل قەيەردىن كەلگەندۇ؟ دەۋەتتى. قازارا، شەھەر شۇبۇ باغنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بۇ ئەندۇلۇس شەھىرى ئىدى. بۇ مەغرىبنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يۇرتلىرىدىن ئىدى. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى لەئىلان ئىدى. ئۇ لەئىلان بۇت پەرەست ئىدى. ئۇنىڭ سەرۋىنازبانۇ ئاتلىق بىر قىزى بار ئىدى. بۇ باغ ئاشۇ قىزنىڭ چاھار بېغى ئىدى. سەرۋىنازبانۇ خاس كىشىلەر (كېنىزەكلەر) بىلەن باغ سەيلىسى قىلىپ يۈرۈپ، ئېرىقنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر دەستە گۈل ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى. سەرۋىناز كېنىزەككە:

— گۈلنى تۇتۇپ كېلىڭ، — دەپ بۇيرۇدى. كېنىزەك گۈلنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ گۈلنى قوغلاپ كېلىپ، دەستە گۈلنىڭ رۇستەم سۈپەت بىر يىگىتنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقانىدى. ئۇ پىلدەك قامەتلىك ئىدى. ئاغچا ئانا (كېنىزەك) فەرھەدنى كۆرۈپ جامالىنىڭ سالاپەتلىكلىكىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. سەرۋىناز بانۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن يوقالدى. سەرۋىناز بانۇ ئاغچىسىنىڭ گۈلنى ئەكەلگىلى كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بىر كېنىزەكنى بۇيرۇدى. ئۇمۇ كېلىپ پالۋاننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا قىز تاقەتسىزلىنىپ

دەرغەزەپ بولۇپ: «بۇ بەغەرەز پەرىلەر قەيەرگە كەتتى» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا تاياق ئېلىپ كېلىپ، ئاغچىنىڭ باغنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى، بۇيەردە كىم باركىن؟ ئانام بۇ يەرگە ئەجەب قارايدىغۇ، دەپ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ بۇ يەردە فەرھەڭنى كۆرۈپ ئەقلى تېرە، كۆڭلى خىرە بولدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، فەرھەڭگە قاراپ ئاشىق ـ بىقارار بولدى. ئاھ ـ پىغانى كۆكسىدىن نامايان بولدى. ئۇ يەنە بىھوش بولدى. ئاغچىسى قىزنى قەسىرگە تارتتى. قىز ھوشىغا كەلدى. قىز:

— ئەي ئاغچا، مەن نېمە بولدۇم؟ ئەي ئاغچا ئانا، گەپ قىلغىنچۇ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ئەي ئاغچا ئانا، مەن بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دېدى. ئاغچا ئۇنىڭ بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

— ئەي بانۇ، بۇ ئىشنى بىرەر شامال ئاتاڭنىڭ قۇلىقىغا ۋە ياكى بۇرادىرىڭ ئەردەشىرنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزسە، بۇ بەندەڭدىن جۇدا قىلىدۇ. بىزنىڭ قېنىمىز بىلەن شەمشىرىنى تازىلايدۇ. بۇ بىر خام خىيال، بىھودە ئاۋارە بولمىغىن. ئۆزۈڭنىمۇ، بىزنىمۇ، يىگىتنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىن، — دېدى. قىز ئاغچىنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ بوينىدىن ئەنبەرچىنى① ئېلىپ ئاغچىنىڭ بوينىغا سېلىپ قويدى. ئاغچا ئەنبەرچىنى كۆرۈپ:

— نېمە ھاجىتىڭ بار؟ بېشىم بىلەن بەجا كەلتۈرەي، بۇ مېنىڭ چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتقان سۆزۈم، — دېدى. قىز:

— ئەي ئانا، مېنىڭ كۆڭۈل پىراقىمغا ئوت ئاسماندىن چۈشتى. بەتناملىقنىڭ ناغرىسىنى بازارنىڭ بېشىدا سوقتۇم. بارغىن، ئۇ يىگىتنى چاقىرىپ كەلگىن، — دېدى.

---

① ئەنبەرچە — بىرخىل خۇش پۇراق چاچىدىغان مادda، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى.

ئاغچا قەسىردىن چىقىپ ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. فەرھەتنىڭ كۆزى ئۇ ئانىغا چۈشتى. ئاغچا فەرھەتكە سالام قىلدى. فەرھەتمۇ جاۋاب سالام بېرىپ:

— ئەي ئانا، بۇ كىمنىڭ بېغى؟ بۇ كۆرۈنگەن كىمنىڭ شەھىرى؟ — دېدى. ئاغچا:

— بۇ شەھەرنى شەھرى ئەندۇلۇس (ئەندۇلۇس شەھىرى) دەپ ئاتايدۇ. مەغرىب ئېلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پادشاھىنىڭ شەھىرىدۇر. پادشاھنىڭ ئىسمى لەئىلان، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار، ئىسمى ئەردەشىر پىلدۇر. بىر قىزى بار، ئىسمى سەرۋىناز بانۇ، ئۇ بۇ باغنى سەيلە قىلغىلى كەلدى. سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىغانىدى، فەرھەت:

— ئىسمىم خوجا نەئىم. ئىران مەملىكىتىدىن مەغرىب زېمىنىنى سەير قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم، يولدا قاراقچىلار ئۇچراپ قېلىپ مېنى ۋەيران قىلدى. مەن جان-تېنىم بىلەن قېچىپ بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى. ئاغچا:

— بىر ئاچ، ئاۋارە ئىكەنسىز، قوپۇڭ، خاس باغقا كىرەيلى، — دېدى.

فەرھەت ئىرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ باغقا كىردى. ئۇ شۇنداق بىر باغنى كۆردىكى، دەرەخلەر بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، دەرەخ ئارىسىدا قۇياش نۇرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. فەرھەت بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن ئالدىدا بىر گۈزەل قەسىر نامايان بولدى. بۇ قەسىر دەرەخلەر بىلەن بەسلىشىپ بوي تارتقان بولۇپ، گۈمبىزى پەلەككە باش قويغانىدى. فەرھەت قەسىرنىڭ يېنىغا كەلدى. قەسىرنىڭ ئەتراپى بېزەلگەن بولۇپ، يەر يۈزىگە گىلەملەر سېلىنغان، كېنىزەكلەر ھۆر- پەرىلەردىن نىشان بېرەتتى. بىر تەختنى قەسىرنىڭ تۆرىدە قويۇپتۇ. بىر نازىنىن ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. فەرھەتنىڭ كۆزى ئۇ نازىنىنغا چۈشتى. ئۇ بېشىدىن- ئايىغىچە

يېشىل شاھى كىيىم كىيگەنىدى. بېشىغا زۇمرەتتىن تاج قويۇپتۇ. فەرھەڭ ئۇنى بىر كۆرۈش بىلەن دىل شەھىرىگە قۇلۇپ سېلىنىپ، ئاچقۇسىنى ئۇ سەنەمگە تاپشۇردى. ئەقلى - ھوشى ئالەم شۇرىدىن كېتىپ، بىھوش بولۇپ ئۆزىنى توختىتالمىدى. قىز فەرھەڭنىڭ ئۆزىگە ئاشىق - بىقارار بولغانلىقىنى بىلدى - دە، دەرھال كېلىپ فەرھەڭنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ئاندىن يۈزىگە گۈلاپ سەپتى. فەرھەڭ ھوشىغا كەلدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ بېشىنى قىزنىڭ ئېتىكىدە كۆرۈپ ئاشىقلىق بېيىتىنى ئوقۇدى. قىز فەرھەڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەخت تۆپىسىگە ئېلىپ چىقىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. سازەندە كېنىزەكلەر ساز تەڭكەش قىلدى. مەي بىلەن يېمەكلىك كەلتۈردى. ئۇلار مەي ئىچىشتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن فەرھەڭنىڭ بېشى مەينىڭ كەيپىدە قىزنىڭ كۆكسىگە يەتتى. قولىنى سۇنۇپ قىزنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ يۈز - كۆزىگە لەۋ شەربىتىنى قۇيدى. قىزمۇ قولىنى فەرھەڭنىڭ بويىنىغا سېلىپ ئەملەشكە مەشغۇل بولدى. ئۇ كۈنى كەچ بولدى. فەرھەڭنىڭ ئالدىغا تائام كەلتۈرۈپ تائام يېيىشتى. ئاندىن كېيىن ئورۇن سالدى. ئىككىسى بىر كۆرپىدە يېتىپ بىر ياستۇقتا باش قويۇپ ئاخىر ئۇيقۇغا مايىل بولدى.

ئەلقىسسە، فەرھەڭ بىر ئاي ئەتراپىدا مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئەز قەزىيات قىزغا سۈت بەرگەن ئانا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، قىز بىلەن ئاغچىنى ئۇرۇشقا ئەمىر ئالىي قىلدى. ئاغچا سەرۋىناز قىزدىن فەرھەڭنى قىزغىنچاقلىق قىلدى. ئۇ پۇرسەت تېپىپ باغدىن چىقىپ شەھەرگە بېرىپ ئەھۋالنى لەئىلان شاھقا ئەرز قىلدى. لەئىلان شاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئەي پەرىدە، مەن ساڭا ئىشەنگەنىدىم، سەن بۇ يىگىتنى باغدا تۇرغۇزۇپسەن. سىلەر بۇ ئىشنى ماڭا مۇشۇ ۋاخقىچە خەۋەر

قىلماپسىلەر. ھالا ئىنىكئانا سىلەرنى جازالاپتۇ. ئەگەر ئۇرۇپ جازالىمىغان بولسا خەۋەر قىلماس ئىكەنسىلەر، — دەپ شەمشەرنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئۇنىڭ بېلىگە ئۇرۇۋىدى، ئاغچا ئىككى پارە بولدى. قازارە، قىزنىڭ ساراي خوجايىنى شەھەردە بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولدى. بۇ چاغدا لەئىلان شاھ ئوغلىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئەردەشىر پىل زورغا شىكايەت قىلدى. ئەردەشىر بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن شەھەردىن چىقىپ باغقا كەلدى. كېنىزەكلەر ئەردەشىرنىڭ باغقا كېلىۋاتقانلىقىنى قىزغا يەتكۈزدى. قىز بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. فەرھەڭ نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سورىدى. سەرۋىناز ئەھۋالنى بايان قىلدى. فەرھەڭ بۇنى ئاڭلاپ:

— غەم يېمەڭ، مەن بۇ ۋاقىتچە ئەھۋالنى ئېيتمىغانىدىم. مەن رۇستەم دېۋىنىڭ نەۋرىسى، مېنى فەرھەڭ دېۋزاد فەرىدۇن دەپ ئاتايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كۆرگۈلىكىنى كۆرسىتىمەن. ئەگەر ئات بولسا بۇيرۇڭ، ھازىر قىلسۇن، — دېدى.

شۇ تاپتا قىز ئۇ يىگىتنىڭ رۇستەمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇشلۇقىدىن ئات ئېلىپ كېلىشكە مۇلازىمنى بۇيرۇدى. فەرھەڭ تۆمۈر بىلەن پولات دەرياسىغا چۆمۈپ، ئاتقا مىنىپ باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۈچ ئەلەمنى كۆردى. بۇ ئۈچ مىڭ كىشىنىڭ نىشانى ئىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا بىر يىگىت ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ فەرھەڭنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. فەرھەڭمۇ ئەردەشىرنىڭ ئالدىنى توستى. فەرھەڭ ئەردەشىرغا دىققەت قىلدى. ئەردەشىرمۇ فەرھەڭنى كۆرۈپ دىلىدا بىر خىل مۇھەببەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بۇ دەل «مەرد - مەردنى تونۇيدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. ئەردەشىر فەرھەڭگە يېقىن كېلىپ فەرھەڭگە سالام قىلدى ۋە:

— ئەي دىلاۋوز، سېنىڭدىن بىر خىسلەت چىقىپ تۇرىدۇكى، پادىشاھلارنىڭ ھەرىمىگە قەدەم قويغىن، مۇنداق ئىشنى قىلىش ئەخمەقلىقتۇر، — دېدى. فەرھەتگە ئەردەشىرنىڭ تەنبىھى خۇش كەلدى. ۋە:

— ئەي دىلاۋەز، مەن مەرد غېرىبمەن، قايسى تەرەپكە مېڭىشىمنى بىلەلمەي بۇ يەردە تېڭىرقاپ قالدىم، ئەگەر بىر يىل سىزنىڭ ھەرىمىڭىزدە بولغان بولسام، مەندىن ھەرگىز خۇسۇمەتلىك ئۆتمەيدۇ. بانۇنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى رازى بولمىغىچە، ئەھدى - نىكاھ بولمىغىچە ئوتتۇرىمىزدا ناشايان ئىش ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ، — دېدى. ئەردەشىر فەرھەتنىڭ بۇ ئەھدىسىدىن خۇشۋاق بولۇپ:

— پالۋان، ئاپىرىن سىزنىڭ ساپ ئېتىقادىڭىزغا، قالتىس ئوبدان يول تۇتۇپسىز. ئەمدى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ، قايسى مەزھەبتە سىز ۋە كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسىز؟ — دېدى. فەرھەت:

— مەن ساپ ئېتىقادلىق ئادەم، رۇستەم دېۋىزادنىڭ قىزىنىڭ بالىسىدۇرمەن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ مۇلازىمىدۇرمەن، ئىسمىم فەرىدۇن، — دېدى. ئەردەشىر:

— ئەي پالۋان، بايا سېنى كۆرۈپلا مۇھەببىتىڭ مېنىڭ دىلىمغا نەقىش باغلىدى. ئەگەر مېنى يەڭگەن بولساڭ، مەن سېنىڭ ئېتىقادىڭدا بولىمەن، ھەمشىرەم سېنىڭ كېنىزىكىڭ بولىدۇ. ئاتامۇ ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقىمۇ سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلاردا بولىدۇ. ئەگەر مەن غالىب كەلسەم ئۆزۈڭ نېمە قىلىشىمنى بىلىسەن، — دېدى. فەرھەت:

— ئەي باتۇر، مەرھەمەت، — دېدى. ئەردەشىر:

— بىر شەرت باركى، جەڭنىڭ قۇراللىرىنى لازىم قىلمىساق، سوبوي (قۇرۇق قول) ئېلىشساق، — دېگەندى، فەرھەت بۇنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر

ئىككىلىسى پىيادە بولۇپ مەيدانغا كېلىپ ئېلىشتى. بۇ چاغدا مەيداندا گوياكى ئىككى پىل چېلىشقاندەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، تۆتىنچى كۈنى فەرھەڭ ئەردەشىرنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەردە قويدى. ئەردەشىر بۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ ساپدىللىق بىلەن فەرھەڭنىڭ ئېتىقادىدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭ لەشكىرى ھەم ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئەردەشىر فەرھەڭگە:

— ھازىر مەن شەھەرگە بارىمەن، سىزمۇ شەھەرگە كىرىسىڭىز، ئاتام شەھەر خەلقى بىلەن سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزغا ئەگەشسۇن، — دېدى. فەرھەڭ ئاتقا مىنىپ شەھەرگە كىردى. شەھەر خەلقى سېپىل - ئۆگزىلەرگە چىقىپ فەرھەڭنى كۆرۈپ ئۇنى زىيارەت - تاماشا قىلدى. ئۇلار بارگاھقا كەلدى. فەرھەڭ سالام قىلدى. لەئىلان شاھ فەرھەڭنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ فەرھەڭنى ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن ئەردەشىر ئاتىسىغا قاراپ:

— ئاتا، مەن بۇ يىگىتنىڭ ئېتىقادىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىقادىغا كىردىم. سىزمۇ ساپ دىل، سەممىي - سادىقلىق بىلەن شۇنداق قىلىڭ، — دېگەنىدى. لەئىلان شاھ دەرھال تەزىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ فەرھەڭنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شەھەر ئەھلىمۇ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. بۇتخانىلارنى بۇزۇپ ئورنىغا مەكتەپ - مەدرىسە بىنا قىلدى. فەرھەڭ ئۇلار بىلەن ئۈچ كۈن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ ئولتۇردى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز غەۋغا كۆتۈرۈلدى. فەرھەڭ:

— نېمە ۋەقە بولدى؟ — دەپ سورىدى. ئەتراپتىكىلەر:

— بۇ ئەتراپتىكى يېقىن بىر تاغدا بىر دىۋە بار ئىدى، ئۇنى ئەملاق دەپ ئاتايتتى. ئۇ كېلىپ سەرۋىناز بانۇنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ تاغدا ئۆڭكۈر بار، بانۇنى شۇيەرگە ئېلىپ

كېتىپتۇ، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ فەرھەتنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن غەزەپ ـ نەپرىتى تاشتى. ئۇ ئاھ ئۇردى ۋە ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ ئېتىغا مىنىپ، بىر پىيادە نەۋكەر بىلەن تاغ تەرەپكە كەتتى. ئۇلار تاغقا كەلدى. نەۋكەر يىراقتىن فەرھەتكە ئۆڭكۈرنى كۆرسەتتى. فەرھەت ئېتىدىن چۈشۈپ تاغ ئۆڭكۈرى تەرەپكە ماڭدى. بۇ چاغدا ئەملاق دىۋە شىكاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۆڭكۈرگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر پىيادىنى كۆردى. ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ ئەي ئادەمزات، مېنىڭ ماكانىمغا كېلىشكە قانداق پېتىندىڭ؟ ھازىرلا ئەدىپىڭنى بېرەي، ــ دەپ ۋارقىراپ، قولىدىكى ئىككى ئولجىنى فەرھەتنىڭ ئالدىغا ئاتتى. فەرھەت ئۇنى رەت قىلدى، دىۋە كېلىپ فەرھەتكە قول سۇنۇپ فەرھەتنىڭ ياقىسىدىن تۇتماقچى بولدى. فەرھەت دىۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ، بىر قولى بىلەن قولىنى، يەنە بىر قولى بىلەن مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ قاتتىق ئېلىشتى. دىۋە ئۇنىڭ بىر زور شىر ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئېغىمۇ كۆچىدى. ئاخىرى پۇرسەت تېپىپ قاچماقچى بولدى. مۈڭگۈزىنى سىلكىۋىدى، مۈڭگۈزى سۇنۇپ فەرھەتنىڭ قولىدا قالدى. دىۋە پەرۋاز ئۇرۇپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. ئۇ قىزنى ئېلىپ:

ــ ئەي ئادەمزات، قىزنى تىلىسىمغا ئېلىپ كېتىمەن. ئەگەر قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتىشنى خالىساڭ، تىلسىم ئاسىپ ئىبنى خەياغا بارغىن، ــ دەپ ۋارقىراپ كېتىپ قالدى. فەرھەت ئاھ دەپ زارلاندى. ياقىسىنى يىرتىپ ھەسرەت ئىچىدە شەھەر تەرەپكە ماڭدى. لەئىلان شاھقا ئەھۋالنى بايان قىلدى. لەئىلان شاھ بۇنى ئاڭلاپ بەدماغ بولدى. فەرھەت:

ــ تىلسىم ئاسىپ قەيەردە؟ ـ دەپ سورىدى. شاھ لەئىلان:

ــ بۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئارقىسىدا بىر چۆللۈك بار. ئۇ

يەردىكى ياپپېشىل ھەرەم باغنىڭ ئىچىدە ئېرەمدەك قەلئەسى بار. ئۇ قەلئەنى تىلسىم ئاسىپ دەپ ئاتايدۇ، — دېدى. فەرھەڭ:

— مېنى ئۇ يەرگە بىرسى باشلاپ بارسۇن، مەن قىزنى قۇتقۇزۇپ كېلەي، — دېدى. لەئىلان شاھ:

— ئەي باتۇر، ھەرقانداق كىشى ئۇ تىلسىمغا بارسا قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر يۈز كىشى كىرگەن بولسا، قايتىپ چىققاندىن كېيىن زۇۋانى تۇتۇلۇپ سۆز قىلالمايدۇ. بەدىنى قارا بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى. فەرھەڭ:

— مەن بېرىشىم كېرەك، — دېدى. ئەردەشىر، فەرھەڭ ۋە لەئىلان شاھ ئاسىپ تىلسىمغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار تاغدىن ئۆتۈپ سەھراغا كەلدى. فەرھەڭ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپپېشىل بىر قەلئەنى كۆردى. قەلئەنىڭ تاملىرى يىراقتىنلا كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. تاملىرىغا ھەرخىل رەڭلەردە، ھەرخىل نەقىشلەر قىلىنغانىدى. قەلئەنىڭ ئۈستىلىرىدە چىرايلىق گۈللەر ئۈنگەن بولۇپ، سېپىلنىڭ ھەربىر بۇرجىكى، روجەك-پوتەيلىرىنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇللار تۇرۇشاتتى. ئۇلار بويىنىغا بىنەپشە رەڭلىك لىباس كىيگەن، قوللىرىدا نەيزە، قالقان تۇتقانىدى. يەنە سۇناي - كانايلىرىمۇ بار بولۇپ، چالماي تۇراتتى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز بىر پوتەي بولۇپ، قەلئەدىن يىراقراق يەردىكى بىر تۈۋرۈككە بىر تال زەنجىر باغلاپ قويۇپتۇ. بىر زەنگى پوتەينىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، كانايىنى زەنجىرگە ئېسىپ قويغانىدى. تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدە بىر خەۋەرچى قۇش ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقى بىنەپشەرەڭ ئىدى. يەنە ئوتتۇز نەپەر بىنەپشەرەڭ نىقابلىق سېپىلنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەمما ئۇلار سۆز قىلمايتتى. فەرھەڭ تىلسىمغا يېقىن كەلدى. لەئىلان شاھ:

— بىر كىشى بېرىپ تىلسىمنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئەردەشىر ئاتمىسىدىن رۇخسەتسىز شەھەر تەرەپكە ماڭدى. لېكىن ھەممە تەرەپ پۇختا قورشالغان بولۇپ بېرىشقا مۇمكىن بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئامال قىلىپ تۇۋرۇككە يېقىن كەلدى. قۇش ئۇنى كۆرۈپ قانات قېقىپ ئاۋاز چىقاردى. زەنجىر تىلسىم قوڭغۇراققا تېگىپ كاناي - سۇنايلار چېلىندى. لېكىن شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلمىدى. ئەردەشىر ئامال قىلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. بىنەپشەرەڭ گۇللەر شەھەرنىڭ پوتەيلىرىدىن چۇشۇشكە باشلىدى. بەزىلەر پەردىدىن چۇشسە، بەزىلىرى نىقابدارلارنىڭ قوللىرى تىترەپ چۇشۇپ كەتكەنىدى. بەزىسى ناغرا چوكىسىنى ناغرىنىڭ ئۇستىدە قويغان بولۇپ، ئۇلار ناغرىنىڭ تىترىشىدىن چۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. فەرھەڭ:

— بۇ ئاجايىپ تىلسىم ئىكەن، — دېدى. ئەمما لەئىلان شاھ ياقىسىنى يىرتىپ پەرزەنتىنىڭ پىراقىدا ماتەمدار بولدى. فەرھەڭ بۇيرۇۋىدى، فەرھەڭ ئۇچۇن ئالاھىدە چېدىر تىكتى. فەرھەڭ چېدىردا غەۋغا - زارى قىلدى. ئىككىنچى كۇنى كېچىسى ئۇيقۇ ئالەمىدە ئاسىب ئىبنى خەيانى كۆردى. ئۇ:

— ئەي فەرھەڭ، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇش ساڭا ئانچە ئاسان ئەمەس، چۇنكى بۇ تىلسىمات سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باغلانغان. ئۇ تىلسىمنىڭ ئىچىدە بىر لەۋھە بار. ئالدى بىلەن ئۇنى تاپقىن، سەن چېدىر تىككەن جاينى كولىغىن، ئۇ يەردىن چوڭ بىر تاش چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەققىدە دۇئا ئوقۇغىن، تاش يېرىلىدۇ. تاشنىڭ ئىچىدىن بىر ساندۇق چىقىدۇ، ئۇ ساندۇقنى ئالغىن، ساندۇقنىڭ ئاغزى يوق، ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇساڭ ئۇنىڭ بەرىكىتىدە ساندۇقنىڭ ئىشىكى نامايان بولىدۇ. بۇ ئاچقۇچنى ئېلىپ ساندۇقنى ئاچقىن، ئۇ ساندۇقتا بىر لەۋھە بار. لەۋھەنى ئالغىن، ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەر ھەققىدە

مەلۇماتلار يېزىلغان. ئۇنىڭدا دېيىلگەنلەرگە ئەمەل قىلغىن، — دەپ غايىب بېشارەت بولدى. فەرھەد شېرىن ئۇيقۇ ئالىمىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ قەغەزگە پۈتۈكلۈك ئاچقۇچنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى. لەئىلان شاھ بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولۇپ، چېدىردىن چىقىپ فەرھەدنىڭ قېشىغا كەلدى. فەرھەد ئەھۋالاتنى لەئىلان شاھقا نەقىل قىلدى. فەرھەد شۇ هامان يەرنى كولىدى. چۇشىدە كۆرگىنى بويىچە لەۋھەنى قولغا كەلتۇردى. تىلسىمنى سۇندۇرۇشنىڭ قورالىنى قولغا ئېلىپ، لەئىلان شاھقا قاراپ:

— بۇ جايدا ئۈچ كۈن ساقلاپ تۇرۇڭ، ئەگەر ئۈچىنچى كۈنىگىچە چىقمىسام، ئۆز شەھىرىڭىزگە بېرىپ خەۋىرىمنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈڭ، — دەپ، لەئىلان شاھ بىلەن خوشلىشىپ تىلسىمغا قەدەم قويدى. فەرھەد تۆۋرۈكنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ بىنەپشەرەڭ قوش ئاۋاز چىقارغانىدى، زەڭگى زەنجىرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كانايىنى تارتتى. يەنە بىرى ناغرىنى چېلىپ، يەنە بىرى ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى. بىر چاغدا قەلئەنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. بىر شىر قەلئەدىن چىقتى. فەرھەد دەرھال لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە: «ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، لەۋھەنى ئېلىپ شىرنىڭ ئۇدۇلىدا قويغىن، بۇ چاغدا شىر سەندىن قاچىدۇ. شىرنى زىنھار ئۆلتۈرمىگىن، ئۇ كېتىۋەرسۇن، ئەگەر ئۆلتۈرسەڭ ساڭا دىشۋارچىلىق بولىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە لەۋھەگە قارىغىن» دەپ يېزىلغانىدى. فەرھەد لەۋھەنى شىرنىڭ ئالدىغا قويدى. شىر بۇنى كۆرۈپ قاچتى، فەرھەد ئۇ يەردىن ئۆتۈپ دەرۋازىغا يېتىپ كەلدى. دەرۋازىۋەن ئولتۇرغانىدى، فەرھەد ئۇنىڭغا سالام قىلدى. دەرۋازىۋەن بىر پارچە قەغەزنى ئالدىغا قويۇپ پۈتۈكچىلىك قىلىۋاتقانىدى. ئۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېدى. فەرھەد تەئەججۈپ قىلىپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى.

ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ئاجايىپ رەتلىك ئىكەنلىكىنى؛ كوچىدا خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئەر - ئايال دەپ ئايرىمايلا ھەر بىرى ئىش - ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بېشىدىن - ئايىغىغىچە بىنەپشەرەڭ كىيىم كىيىشكەنلىكىنى؛ ئۆي، رەستە بازارلارنىڭ ئۈستى - ئۆگزىلىرىمۇ بىنەپشەرەڭ ئىكەنلىكىنى كۆردى. فەرھەڭ بازارنىڭ باش قىسمىغا كەلدى. دۇكانلار نەپىس ماتالار بىلەن بېزەلگەندى. ھەرخىل ماللار تولۇق ئىدى. ئۇلار ھەرگىز سۆز قىلماي ئىشارەت قىلىشاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ فەرھەڭنىڭ تاقىتى زىيادە بولدى. ئۇ بىر ئاشپەز دۇكىنىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. تائامنىڭ مەكرۇ ياكى مەكرۇ ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خورۇچىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئاشخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ كۆردىكى، تائام ئادەمنىڭ بېشى، پۇتى ۋە قولىدىن تەييارلىنىدىكەن. فەرھەڭ بۇنى كۆرۈپ تائام يېمەي، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ئەتتارى① نىڭ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئەتتار دۇكاندا ئولتۇراتتى. بىر لەۋھەنى دۇكىنىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئىككى - ئۈچ مىڭ قەندىھانى دۇكانغا قويۇپتۇ. شاگىرتلار خىزمىتىدە ھازىر ئىدى. خېرىدارلار كەلسە ئۇلارغا خەت يېزىپ بېرەتتى. خېرىدارلار قەنت ۋە لازىملارنى ئېلىپ كېتىپ باراتتى. فەرھەڭ بۇلارنى كۆرۈپ سەۋر قىلىپ تۇردى. كىشىنى خۇش قىلىدىغان ئېسىل دۇكانغا كېلىدىغان خالايىقلارنىڭ ئايىغى ئاخىر ئۈزۈلدى. فەرھەڭ ئەتتارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدى. ئەتتارى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كوزا گۈلقەنتنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ پۈتكەندى. ئۇ فەرھەڭنى كۆپ ئىززەت قىلدى. فەرھەڭ ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم: ئەي بۇرادەر، بۇ شەھەرنىڭ

---

① ئەتتارى — ئەتىر، ئەتىر ساتقۇچى، ئەتىر دۇكىنى.

خەلقى نېمە ئۈچۈن زۇۋاندار ئەمەس؟ دېگەننى. ئەتتارى ئۇن سۇرمەي يەنە بىر كوزا گۈلقەنتنى ئېلىپ فەرھەتنىڭ ئالدىغا قويىدى. فەرھەتنىڭ ئۇنىڭغا: «بۇ شەھەرنىڭ خەلقىنىڭ زۇۋانىنى سۆزدىن باغلىغان، ھەرگىز سۆز قىلمايدۇ» دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى. فەرھەتنىڭ ئۈچىنچى قېتىم:

— بۇ شەھەرنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەتتارى يەنە بىر كوزا گۈلقەنتنى فەرھەتنىڭ ئالدىغا تۇتتى. ئۇنىڭغا: «ئەي بۇرادەر، بۇ شەھەرنى شەھىرى خامۇشان دەپ ئاتايدۇ. ئەمدى تولا زۇۋاندارلىق قىلماي بۇ يەردىن كەتكىن» دەپ يېزىلىپتۇ. فەرھەتنىڭ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ شەھەرنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر مەنزىلگە كەلدى. ئۇ يەردە بىر توپ جامائەتنى كۆردى. بىر ئەر كىشى مۇنچىدىن چىقىپ لوڭگىنى قۇرۇتۇپ قاتلاۋاتاتتى. فەرھەتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. ئۇ:

— ئوبدان كەپسىز؟ — دېدى. فەرھەتنىڭ خۇشال بولۇپ:

— ئەي بۇرادەر، مەن بۇ شەھەردە كۆپ كىشىلەرنى كۆردۈم. ئەمما ئۇلار سۆز قىلمايدىكەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى. ھامماچى:

— سەن غېرىبمۇ؟ — دەپ سورىدى. يەنە:

— بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسى شۇكى، ھەرقانداق كىشى بۇ شەھەرگە كەلسە بۇ ھاممامغا كېلىشى ھەم غۇسلى قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا خالايىق ئۇنىڭغا سۆز قىلماي- دۇ، — دېدى. فەرھەتنىڭ بۇنى ئىشىتىپ، خۇشال بولۇپ دەرھال مۇنچىغا كىردى. قېرىن ياغلىقنى بېلىگە ئورىدى. بۇ چاغدا لەۋھە ئىسىگە كەلدى. لەۋھەنى ئېلىپ بويىنىغا ئېسىۋالدى ۋە لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە: «ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، بىنەپشە مۇنچىغا بارساڭ، مۇنچا خوجايىنى مۇنچا لوڭگىسىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭغا سۆز قىلمىغىن، ئەگەر سۆز قىلساڭ مۇنچىغا

كىرمىگىن، چۈنكى مۇنچا خوجايىنى تىلسىمنىڭ خوجىسىدۇر
ۋە ئۇ ھامامچى ھېلىقى شىرنىڭ ئۆزى شۇ. ئەگەر مۇنچىغا
كىرىپ قالغان بولساڭ يالىڭاچ بولمىغىن، يالىڭاچ بولساڭ،
كىيىملىرىڭنى تاپالمايسەن. مۇنچىغا كىرىپ قالغان بولساڭ،
ئۈۋۈلىغۇچىلار ساڭا تولا تەزىم قىلىدۇ، سەن ئۇلارغا ئىلتىپات
قىلمىغىن، ئەگەر ئۇلارنىڭ قولى ساڭا تەگسە، سەن تاشقا
ئايلىنىپ قالىسەن» دەپ پۈتۈلگەنىدى. فەرھەڭ ھەيۋە ئۇردى
ۋە ئۆزىگە ئۆزى: «ئەگەر لەۋھەدىن بىردەم ئايرىلىپ قالساڭ
ھالاك بولاتتىڭ» دېدى. فەرھەڭ لەۋھەگە قاراپ ھەۋەسلەندى.
ئۇ يەنە لەۋھەدىن: «ھەرقانداق تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى بولسا
لەۋھەدىن ئايرىلىپ قالمىسۇن» دېگەن مەزمۇننى كۆرۈپ،
ئۆزىنىڭ بار- يوقىنى قوينىغا سېلىپ مۇنچىغا كىردى. ئەتراپقا
قاراپ ئۈۋۈلىغۇچىلارنىڭ لۆڭگىلەرنى تاشلاپ قىپيالىڭاچ
بولۇپ، تۆگە(ئادەمنىڭ لەقىمى)نى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چاچ
- ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ كۇسا قىلىۋاتقانلىقىنى، بەزى
ئۈۋۈلىغۇچىلارنىڭ مۇنچىدىكى خېرىدارلارنىڭ دۈمبىلىرىنى
چېكىۋاتقانلىقىنى، بەزى ئۈۋۈلىغۇچىلارنىڭ بىكار
ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر داس فەرھەڭنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.
فەرھەڭ گىرىمخانىغا كىردى. ئۈۋۈلىغۇچىلار ئورنىدىن تۇرۇپ
تەزىم قىلدى. سۇنى فەرھەڭنىڭ ئايىغىغا چاچتى، لۆڭگىنى
ئېلىپ كېلىپ فەرھەڭگە خۇش كېلىپسىز، دېدى. فەرھەڭ
ئۇلارغا مەيۈس بىلەن قارىدى. ئۈۋۈلىغۇچىلارنىڭ خوجايىنى
كىرىپ قولىنى داسقا ئۇردى. سۇ مۇنچىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
تامغىلى تۇردى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە مۇنچىنىڭ سۈيى پارغا
ئايلاندى. سۇ فەرھەڭنىڭ بېلىگىچە يەتتى. فەرھەڭ يەنە
لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە:

«ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، ئەگەر ئۈۋۈلىغۇچى
قولىنى داسقا ئۇرۇپ سۇ قايناپ چىقسا، ئۇ يەردە زىنھار

تۇرمىغىن، سۇ سېنى هالاك قىلىدۇ. ئۆزۈڭنى سۇ كۆلچىكىگە
سالغىن، بېشىڭغىچە سۇغا چۆمۈلگىن» دەپ پۈتۈلۈپتۇ.
فەرھەڭ ئۆزىنى سۇ خەزىنىگە تاشلىدى. سۇ بەك ئىسسىق ئىدى.
فەرھەڭ، سۇغا چۈشۈپ كۆيدۈم، سۇ بەك ئىسسىقكەن دەپ
ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ جان - تېنى بىھوش بولدى. بىردەمدىن
كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىر باغدا كۆردى. ياپيېشىل
دەرەخلەردە مەي باغلاپ كەتكەن ھەرخىل مېۋىلەر جىلۋىلىنىپ
تۇراتتى. يول - يول كەبى ھەرخىل قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا
تىنىماي زىكرىسى بىلەن مەشغۇل ئىدى. فەرھەڭ ئۆزىگە
قارىدى. ئۇ ئۆزىنى يالىڭاچ ھالدا كۆردى. ئۇ لۆڭگىسىنىڭ
بېلىگە باغلاقلىق، لەۋھەنىڭ بويىندا ئىسقىلىق تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. لېكىن ئاچلىقتىن ھالى خاراب
ئىدى. ئۇ قولىنى ئۇزارتىپ دەرەختىكى مېۋىنى ئۈزۈپ يېمەكچى
بولدى. لېكىن دەرەخ شېخى ئېگىز بولغانلىقتىن قولى
يەتمىدى، تاش ئەكىلىپ ئاتقانىدى، تاش ئىككى پارچە بولۇپ
ئۆزىنىڭ بېشىغا تەگدى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە لەۋھەگە قارىدى.
لەۋھەگە:
«ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، ئەگەر باغدىكى دەرەختىن
مېۋىنى ئۈزۈپ يېمەكچى بولساڭ مېۋىنى يېيەلمەيسەن، ئۇ يەردە
بىر قەسىر بار. كېچىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىغىن، كېچىدە
مۇزلىغىن، ئاندىن سەن لەۋھەنىڭ قۇدرىتىنى بىلىسەن.
بۇنىڭدىن كېيىن تىلسىمغا كىرسەڭ، ئۆزۈڭ ئىش قىلغايسەن،
لەۋھەگە قارىغانچە كېچىنى ئۆتكۈز. تاڭ ئاتقاندا قەسىرنىڭ
پەنجىرىسى ئېچىلىپ بىر مويسىپىت كىشى بېشىنى پەنجىرىدىن
چىقىرىپ: قەسىرگە چىقىپ تەرەت ئالغىن، دەيدۇ. سەن بېرىپ
ئۇنىڭغا سالام قىلغىن، ئۇ سېنى ئىززەت - ئىكرام قىلىپ سەن
ئۈچۈن تائام ئېلىپ كېلىدۇ، سەن ئۇنى يېمىگىن. ئۇ يەنە:
نېمىشقا تائام يېمەيسەن؟ دەپ سورايدۇ، سەن سەۋەبىنى

ئېيتمىغىن. سەن، بىر شەرتىم بار، ئەگەر ئۇ شەرتىمنى ئورۇنلىساڭ، ئاندىن كېيىن تائام يەيمەن، دېگىن. بۇ چاغدا ئۇ كىشى: شەرتىڭنى ئورۇنلاي، نېمە شەرتىڭ بار، ئېيتقىن، دەيدۇ، سەن، شەرتىمىزنى ئورۇنلاش ھەققىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلغىن، ئاندىن كېيىن تائام يەيمەن، دېگىن. ئۇ كىشى قەسەم قىلسا ئاندىن كېيىن تائام يېگىن. شۇندىلا مۇرادىڭ ھاسىل بولىدۇ. ئۇ چاغدا لەۋھەگە قارىغىن، نېمە بولغانلىقىنى بىلىسەن» دەپ يېزىلغانىدى. فەرھەڭ لەۋھەنى سۆيۈپ بويىنىغا ئېسىپ قەسرىنىڭ ئۇستۇنكى قەۋىتىگە چىقىپ ئۇخلىدى. ئۇ كېچىسى شۇنداق سوغۇق بولدىكى، فەرھەڭ چىشىنى چىشىغا ئۇرۇپ چاكىلداپ كەتتى. تاڭ ئاتتى. بىر پەنجىرىدىن پىر مويسىپىت كىشى بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ تەرەت ئالماقچى بولۇپ ئىشارەت قىلدى. فەرھەڭ ئۇنى كۆردى. ئۇ كىشى فەرھەڭنى قەسرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. فەرھەڭ ئۇنى ئەگىشىپ يۇقىرى چىقتى. ئۇ كىشى نامازغا ئولتۇردى.

فەرھەڭ يېنىدا قاراپ ئولتۇردى. ئۇ مويسىپىت ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن فەرھەڭ سالام قىلدى. مويسىپىت كىشى جاۋاب سالام بەردى ۋە:

— ئەي فەرھەڭ، خۇش كەپسەن. تىلسىمنى سۇندۇرغىنىڭغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ۋە يەنە:

— قارىغاندا قورسىقىڭ ئاچ ئىكەن، — دەپ تائام ئېلىپ كەلدى. فەرھەڭ يېمىدى. مويسىپىت:

— نېمە ئۈچۈن يېمەيسەن؟ — دېدى. فەرھەڭ:

— بىر شەرت بار، شۇنى ئورۇنلىساڭ تائام يەيمەن — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئورۇنلاي، قېنى ئېيتقىن، نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دېدى. فەرھەڭ: ئالدى بىلەن تەلىپىمنى ئورۇنلاشقا قەسەم

قىل، ئاندىن كېيىن ئېيتسەمەن ۋە تائام يەيمەن، دېدى. ئۇ كىشى قەسەم قىلدى. فەرھەك تائام يېدى. تائامدىن كېيىن ئۇ كىشى:
— نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دېدى. فەرھەك ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ:
— تەلىپىم شۇكى، شىر تىلسىمى مۇنچا خوجايىنى سۇرىتىدە بولۇۋېلىپ مېنىڭ كىيىملىرىمنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ قالدى. شۇ كىيىملىرىمنى ئېلىپ بەرسەڭ، — دېدى. ئۇ كىشى ئاھ ئۇرۇپ:
— مەن نېمە دەپ قەسەم قىلىمەن؟ قەسەمنى ياندۇرغىلى بولمىسا قانداق قىلىمەن؟ بىلگىنكى، مېنى ئاسىب ئىبىن پەرخەيا دەيدۇ. بۇ تىلسىمنى مېنىڭ نامىمدا قويغان. مەن ئەسلى توغرا ئېتىقادلىق كىشىدۇرمەن. ئۇ شىر بولسا ئازغۇندۇر. ئۇ تىلسىمنىڭ ساھىب ئىگىلىرىدىن بىرىدۇر. مەن لىباسىڭنى ئەكىلىپ بېرەي، سەن بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرگىن، مەنمۇ بۇ دىياردىن كېتەي. ئەمما ساڭا شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى، ئۇنى (شىرنى) ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئۆيدە تەييار كېپەن بار، ئۇنى كېپەنگە ئوراپ دەپنە قىلغىن، ئاندىن كېيىن قەسىرنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارغىن، كىيىملىرىڭ شۇ يەردە، شۇ يەردىن ئېلىپ كىيگىن، ئاندىن كېيىن كەلسەڭ مەن ساڭا تەلىسىم بېرەي، — دېدى. فەرھەك ئورنىدىن تۇرۇپ قەسىرنىڭ ئارقىسىغا باردى. كىيىمى قۇرۇق تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئېلىپ كىيدى. ئاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقتى. بۇ چاغدا ھېلىقى مويسىپىت كىشى:
— قەسىردىن باغقا كىرگىن، ئۇ يەردە سەۋرچان بولغىن، ئۇ يەردە بىر قاغا دەرەختە ماكان تۇتقان بولۇپ، ئۇ كۆپ قۇشلار ئارىسىدا ھەممىدىن ئېگىز ئۇچۇپ يۈرىدۇ. سەن ئوقيانى ئېلىپ ئۇنى ئاتقىن، ئۇ ھالاك بولىدۇ. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، ھاۋا ئۆزگىرىپ، باغنى ئىمارەتلەر بىنا بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زەنگىلەر بۇ يەردە قاغىدەك پەيدا بولىدۇ. ئۇلار كېلىپ ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر دېۋە سۈپەت بار، ئۇنى ئەملاق دېۋە دەپ ئاتايدۇ. شۇ دېۋە — سەرۋىناز بانۇنى تىلىسىمغا ئەكىلىپ، سېنى ئۇ يەردە سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە سەۋەبچى بولدى. سەن ئۇنى ئۆلتۈرگىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن زەنگىلەر بار، ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كېلىپ مېنىڭ بىلەن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ ئېتىقادىڭنى ئادا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ دەپنە نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ دەپنە قىلغىن. بۇ چاغدا لەۋھەگە قارىغىن، — دېدى. فەرھەڭ بۇ تەلىملەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ ئوقيانى ئېلىپ قەسىردىن چىقتى. قاغىنى بىر ئوق بىلەن يىقىتتى. قالغان قۇشلار پاراكەندە بولدى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ بۇلۇت پەيدا بولۇپ ئالەم قاراڭغۇلاشتى. فەرھەڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن چۇقان - سۈرەن چۇڭقۇلداشلار پەيدا بولدى. فەرھەڭ قارىغانىدى، ئەتراپىنى قاغىدەك زەنگىلەر قورشاپتۇ. ئۇلاردىن قامەتلىكرەك بىرى:

— ئەي ئادەمزات، جىناز جادۇنى ئۆلتۈردۈڭ، ئۇ شۇبۇ تىلىسىمنىڭ ساھىبى ئىدى. ئەمدى ساڭا نېمە كارامەتلەرنى كۆرسىتەي، — دېدى. فەرھەڭ سادا چىققان تەرەپكە قارىدى. دەشت تەرەپتە زەنگى لەشكەرلىرى مىغ - مىغ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى فەرھەڭگە قاراپ كەلدى. فەرھەڭ قولىغا تىغ ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئۆلۈكتىن تاغ ياسىدى. فەرھەڭنىڭ بىلىكىنىڭ مادارى قالمىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئەملاق دېۋىنى ئۆلتۈرۈش كەلدى. ئۇنى ئىزدىدى. ئۇ ئەملاق دېۋىنى كۆرۈپ ئۇ تەرەپكە يۈگۈردى. بۇ چاغدا ئەملاق دېۋە:

— ئەي ئادەمزات، سېنىڭ قورقۇنچۇڭدىن ئۆزۈمنى تىلىسىمغا تاشلىدىم، يەنە مېنىڭ جېنىمدىن نېمىنى خالايسەن،

ھازىر ئەجەل سېنى بۇ جايغا باشلاپ كەپتۇ، ــ دەپ ۋارقىراپ شەمشادتەك قېلىچىنى فەرھەتكە ئۇردى. فەرھەتمۇ قولىنى ئۇزارتىپ دىۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، شەمشاد قېلىچىنى قولىدىن تارتىۋېلىپ دىۋىنىڭ بېشىغا ئۇردى. دىۋىنىڭ بېشى يېرىم بولۇپ قالدى. زەڭگىلەر ئۇنىڭ بېشىغا كەلدى. فەرھەت قايتىپ مويسىپىتنىڭ قېشىغا كەلدى. مويسىپىت كىشى دىۋىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى كېپەنلەپ نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلدى. ئاندىن كېيىن فەرھەت ئەتراپقا قاراپ ئۆزىنىڭ بىر باياۋانغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ قان ـ تومۇرى سوقۇۋاتقاندىن باشقا ھېچقانداق تىنلىق مەۋجۇدات يوق ئىدى. ئۇ يەنە لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە:

«ئەي فەرھەت، تىلسىمنىڭ ئىشى ئەمدى تامام بولدى، لېكىن تېزرەك شەھەرگە بېرىش كېرەك، سول تەرەپتىكى يولدا ماڭغىن، شۇ يولدا ماڭساڭ شەھەرگە يېتىسەن. ئۇ يەردە دۆلەتنىڭ قارچۇغىسى بېشىڭغا قونىدۇ، سېنى پادىشاھلىق كۇتۇپ تۇرىدۇ. تاجى ـ دۆلەت بېشىڭغا كىيگۈزۈلىدۇ. ۋەزىر ئالدىڭدا ھازىر بولۇپ: بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ قىرىق خوتۇنى بار ئىدى. سەن بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن، دەيدۇ. سەن ئۇنىڭغا تەھسىن ئېيتقىن ۋە ئۇلارغا: ئۇلارنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىڭلار، دېگىن. ۋەزىر ئۇلارنى سېنىڭ ئالدىڭدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاخىرىدا بىر مەزلۇم خوتۇنلارنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قاراپ تۇرغانلىقىڭنى كۆرۈپ، سەندىن ئەتەي: ئېتىڭ نېمە؟ دەپ سورايدۇ، ئۇ، خوتۇنلارنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۆتىۋەرىدۇر. سەن ئۇنى قوبۇل قىلغىن. ئەمما زىنھار مىڭ مەرتىۋە سانا ـ دۇئا قىلساڭ بىنەپشىرەڭگە يېتەلەيسەن ۋە بىنەپشىرەڭ بولىسەن. ئۇنىڭغا كۆپ مېھرىبانلىق قىلغان بولۇپ، قولۇڭنى بويىنىغا سالغىن، ئاندىن كېكىردىكىگە قول سېلىپ، سىققىن، ئۇ تىلسىمنىڭ خوجايىنىدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا تىلسىم سۇنۇپ

بىر تەرەپ بولىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. فەرھەتنىڭ لەۋھەنى قويىنىغا سېلىپ پىشىن ۋاقتىدا شۇ شەھەرگە يەتتى. شەھەر خەلقى دۆلەت قارچۇغىسىنى قويۇپ بەردى. قارچۇغا كېلىپ فەرھەتنىڭ بېشىغا قوندى. شەھەر ئەھلى فەرھەتنى پادشاھ قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى. قىرىق خوتۇننى فەرھەتنىڭ نەزەرىدىن ئۆتكۈزدى. لەۋھەدىكى بېشارەت بويىچە ھېلىقى خوتۇننى قوبۇل قىلدى. كېچە بولدى. فەرھەت ئۇنى قۇچىقىغا تارتىپ لەۋھەدىكى بېشارەت بويىچە كېكىردىكىنى سىقىپ ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، ھاۋا ئۆزگەردى. بىر ئازدىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ تىلسىمنىڭ ئالامىتى بىر تەرەپ بولدى. فەرھەت كۆزىنى ئېچىپ بىر كارۋان سارىيىنى كۆردى. سارايىنىڭ بىر ھۇجرىسىدا گەردەشىرنى كۆردى. يەنە بىر ھۇجرىدا سەرۋناز بانۇنى كۆردى. ئۇلارنى ئۇ يەردىن قۇتقۇزۇپ ۋە باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇلارنىمۇ بەنتتىن خالاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىنسلار ئاسايىش تاپتى. قىرىق خوتۇن قىرىق مىڭ مال - دۇنيا ۋە لەئلە - ياقۇت بىلەن نامايان بولدى. ئۇلار كۆزلەرنى خىرە، ئەقلىنى تىرە قىلدى. بۇ چاغدا لەئلان شاھ يېتىپ كېلىپ، بېشىنى فەرھەتنىڭ قەدىمىگە قويدى.

ئەلقىسسە، شەھەرنىڭ مۇلۇك - دۆلەتلىرىنى ئېلىپ شەھىرى لەئلانغا باشلاپ كەلدى. شەھەرنى بېزەپ، سەرۋناز بانۇنى فەرھەتكە نىكاھ قىلىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي بەزمىسىنى قىلدى. ئۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنىڭ ۋىسال جامىدا شاراب ئىچتى. فەرھەتنىڭ شەھۋەت مەنىسىدىن بىر ھامىلە ئۇ زىبانىگەرنىڭ رىجىمىدە قارار ئالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن يۈز مىڭ يىگىت شەھىرى ئەندۇلۇستىن سەرخىللىنىپ، ئۇلار ياقۇت ۋە لەئلدىن كىيىم كىيدۈرۈپ، قىزنى تەختىراۋاندا ئولتۇرغۇزۇپ، گەردەشىر، لەئلان شاھ

بىلەن خوشلىشىپ، سەھلىنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ ئاتمىش مىڭ كىشىنى ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## سەكسەن توققۇزىنچى قىسسە، نەۋزەر ھارامزادىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى، قارا كىيىملىك نىقابدارنىڭ يۈز مىڭ كىشى بىلەن كەلگەنلىكى، ئىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ فەرھەڭ ئىكەنلىكىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەت مەيدانلىرىنىڭ قەھرىمانلىرى رۇستەم داستانلىرىنى بوستان جىلۋىسىگە كەلتۈرۈپ شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سام دىلاۋەر مەيداندىن ياندى. ئەمىر ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى ئېلىپ پالۋاننىڭ بېشىدىن چاچقۇ قىلدى. ئۇ كېچىسى قارشى تەرەپ ئوردىسىنىڭ جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. ئەمىر ناغرىسىنى شادىيانىگە چېلىشقا بۇيرۇدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى دەريا لەشكەرلىرى جۇش ئۇرۇپ دولقۇن ھاسىل قىلدى. سەپلەر تۈزۈلدى. دىلغۇللار مەيدانغا كىم كىرەركىن دەپ كۆز تىكىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. بەلاش بەمۇئاش قوشۇنىنىڭ ئىچىدە نەۋزەر ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى. ئۇ بەلاشتىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ:

— باتۇر - پالۋان بولسا مەيدانغا كەلسۇن، — دەپ جار سالغىلى تۇردى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ھاۋارەڭ كىيىم كىيگەن نىقابدار بەھرام ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ ئېتىنى مىنىپ

مەيدانغا كىرىپ نەۋزەرنىڭ ئالدىغا باردى. لات بىلەن پەيغەمبەرنىڭ سەردارلىرى قولىغا نەيزە ئېلىپ، نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. بەھرام سىپاھگەرلىك ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ نەۋزەر ھارامزادىنىڭ قولىدىن نەيزىنى ئېلىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا نەۋزەر قولىغا شەمشەر ئېلىپ بەھرامغا ھەملە قىلدى. بەھرام قالقان تۇتتى. ئۇ مەيداننىڭ بېشىدىن هاي - هۇي، دەپ كېلىپ، بەھرامنىڭ قالقىنىنىڭ قۇببىسىگە شەمشەر ئۇرغانىدى، قالقانىنى پارە - پارە قىلىپ، بەھرامنىڭ بېشىغا ئىككىلىك ئۇردى. ئەييارلار بەھرامنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا تەمھالخان شەرۋانى مەيدانغا كىردى. ئۇمۇ زەخىمدار بولدى. ئۇنى ھەم مەيداندىن ئېلىپ چىقتى.

ئەلقىسسە، ئۇ ناپاك كۈن ئولتۇرغىچە ئون سەككىز دىلاۋەرنى زەخىمدار قىلدى. كۈن ئولتۇردى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭدىن يېنىپ ئۆز ئارامگاھىغا باردى. ئارستو يارىدارلارنىڭ يارىسىغا مەلھەم قويدى. يەنە جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئىككى تەرەپتىن ياڭرىدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. نەۋزەر يەنە ئاۋۋالقى قائىدىسى بويىچە مەيدانغا كىردى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇرۇش قوراللىرىنى مەيدانغا ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى يىراقتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانغا قاراشتى. چاڭ - توزان ئارىسىدا يۈز ئەلەم نىشان بەردى. بۇ يۈز مىڭ كىشىنىڭ نىشانى ئىدى. بىر باتۇر ئەلەمنىڭ ئارىسىدا كەركىدانغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئەلەملەر بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى يېتىپ كەلدى. ئوغلانلارنىڭ ھەممىسى قىزىل تون تارتىشقانىدى. ئارقىسىدىن زەڭگى لەشكىرى ئارىسىدا ساتور تۇتقان ئاق پىلغا مىنگەن ئەلەمدار يېتىپ كەلدى.

بۇ دەشتنى ئۈچ تەرەپنىڭ لەشكىرى قاپلىدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ نەۋزەر

بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بۇ چاغدا نىقابدار:
— ئەي مادا تۈلكە، مەيداننى شىر - مەردانىلەردىن خالىي دەپ قاراپ باشقىلارنى بوزەك قىپسەن، — دېدى. نەۋزەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:
— ئەي نىقابدار، نام - نىشانىڭ مەلۇم ئەمەس، نام - نىشانەڭنى مەلۇم قىلغىن. ئۇنىڭدىن قورقساڭ، خوتۇن كىشىمۇ سەن ياكى ئەركەكمۇ، ئۇنداق بولمىسا لاپچىلىق شامىلى دىمىقىڭغا كىرگەن ئوخشايدۇ. مېنىڭدىن مۇنداق خەۋەر ئالغىن — دەپ ساتورنى ئېلىپ نىقابدارغا ئۇردى. نىقابدار قول ئۇزارتىپ نەۋزەرنىڭ قولىدىن ساتورنى تارتىۋېلىپ، نەۋزەرنىڭ بېشىغا ئۇردى. نەۋزەر بېشىغا قالقان تۇتتى. نىقابدار ساتور بىلەن قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇرغانىدى، ساتور قالقاننى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىدىن تەھسىن - ئاپىرىن ساداسى ياڭرىدى. بۇ چاغدا نىقابدار پالۋان تەلەپ قىلدى. يەنە بىر پالۋان مەيدانغا كىردى. نىقابدار ئۇنى ھەم چېدىردا يېتىشقا يولغا سالدى. كۈن ئولتۇرغىچە نىقابدار بەلاشنىڭ ئالتە باتۇرىنى ھالاك قىلدى ياكى كاردىن چىقاردى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپ قوشۇنى جەڭدىن قول يىغىش ناغرىسىنى چالدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارامگاھلىرىغا كېلىپ چۈشتى. نىقابدار:
— ئەي ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى، بۈگۈن بەلاشنىڭ نۆۋىتى ئىدى. ئەتىلا سىلەرنىڭ نۆۋىتىڭلار، — دەپ چۇقان سېلىپ ئارامگاھىغا ياندى. ئىسكەندەر بىلەن سەردار بۇ نىقابدارنىڭ تەرىپىنى قىلىشتى. تاڭ ئاتتى. كۈن چىقىپ ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى يەنە بۇرۇنقى قائىدە بويىچە سەپ تۈزدى. ئىسكەندەر ئەلەم ئاستىدىكى تەختىدە مەيدانغا قاراپ ئولتۇردى. بەلاش ھەم سەپنىڭ ئالدىدا قارار ئالدى. نىقابدار سەھل زەڭگى ۋە ئەردەشىر بىلەن ئەلەمنىڭ ئاستىدا قارار ئالدى. نىقابدار

ئېتىنى يۈگۈرتۈپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى:
— ئەي ئىسكەندەر، باتۇرلىرىڭنى ئەۋەتمەمسەن؟ — دېدى. ئىسكەندەر ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قاراپ:
— بىر پالۋان مەيدانغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. كىيابانۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمىردىن ئىجازەت سورىدى. ئەمىر ئىجازەت بەردى. كىيابانۇ مەيدانغا داخىل بولدى. نىقابدارنىڭ ئالدىنى توستى. نىقابدار كېلىۋاتقان كىشى ئانىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:
— ئاپىرىن ساڭا، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا باتۇر يوقتەك، مەيدانىمىغا بىر ئايال كىشىنى، يەنى ئانامنى ئەۋەتىپتۇ، — دەپ چۇقان سالدى. بانۇ:
— ئۇ مېنى قانداقسىگە تونۇۋالغاندۇ، — دەپ ھەسرەت قىلدى ۋە مەيداندىن يېنىپ چىقىپ، ئەھۋالنى ئەمىرگە بايان قىلدى. نىقابدار:
— ئەي ئىسكەندەر، ئەگەر باتۇرۇڭ بولمىسا ئۆزۈڭ مەيدانىمغا كەلگىن، — دەپ جار سالدى. بۇنى ئاڭلاپ تۇر دەرغەزەپ بولۇپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىجازەت ئېلىپ ئېتىنى مەيدانغا قاراپ چاپتۇرۇپ نىقابدارغا ھەيۋە قىلىپ:
— ئەي قاراقچى، نىمانچە لاپ ئۇرىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. فەرھەڭ تۇرغا قارىدى. ھاسىلكالام شۇكى، ئۇلار نەيزىۋازلىق قىلىشىپ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. تۇر ئۇمۇت ئېلىپ نىقابدارنىڭ مەيدىسىگە ئۇردى. ئەگەر تاغقا ئۇرسا تاغنى تالقان قىلغان بولاتتى. ئەمما فەرھەڭ كۈچتۈڭگۈر بىلىكىگە تايىنىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئۇمۇتنى ئۈستى يېنىدىن ئۆتكۈزىۋەتتى ھەم چاققانلىق بىلەن ئەسلىگە كېلىپ ئۇمۇتنى تۇتۇۋېلىپ:
— بۇ ئۇمۇتنى ئالغىن، — دەپ تۇرغا ئۇمۇت ئۇردى. تۇر بېشىغا قالقان تۇتتى. نىقابدار مەيدانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئېتىنى

چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇمۇتنى پۇتۇن كۈچى بىلەن تۇرنىڭ قالقىنىغا ئۇردى. ئۇمۇت قالقانىنى تېشىپ ئۆتۈپ تۇرنىڭ تىزىغا تېگىپ پۇتىنى سۇندۇردى. تۇر ھوشىدىن كەتتى. نىقابدارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ياقىسىنى يىرتىپ:

— قاملاشمىغان ئىش بولدى، — دەپ يىغلىغۇدەك بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي بەلاش شاھنىڭ لەشكىرىگە قاراپ:

— ئەي سەرگەردان قاراقچى، سېنىڭدەك ئىتلار ئۈچۈن قېرىنداشلاردىن بىر پالۋاننى نابۇت قىلدىم. ئەمدى باتۇرلۇق بولسا مەيدانغا سەن ئەۋەتكىن، — دېدى.

بەلاشنىڭ سىپاھلىرى ئىچىدە خىسرەۋشىر ئەفكەن ئاتلىق بىر دىلاۋەر بار ئىدى. ئۇ بەلاش شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ فەرھەڭنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ تەرەپتە ساھىبقىران نەسىمنى قىچقىرىپ:

— بوۋاجان، سەن بېرىپ بۇ نىقابدارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كەلگىن، — دېدى.

نەسىم مەيداننىڭ خالىي جايىغا كېلىپ تۇردى. نىقابدار خىسرەۋشىر ئەفكەننى كۆرۈپ غەزىپى قايناپ تاشتى. ئۇ ئۇمۇتنى كۆتۈرۈپ، ئېتى بىلەن ئەفكەننى بىراقلا ئۇرۇپ يىقىتتى، ئۆزىمۇ يىقىلدى. بۇ چاغدا نەسىم بىر چەتتە تۇرغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، نىقابدارنىڭ نىقابىنىڭ بوغقۇچىسىدىن تۇتۇپ كۈچى بىلەن تارتىپ ئۈزدى. ئالدىدا ياتقان فەرھەڭنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە:

— ئەي ئاداۋەتچى كاززاپ، مۇشۇنچىلىك ئىشتا مۇشۇ ھالدا پەردە ياتقان بولساڭ ئىشىڭنىڭ كارى قانداق بولۇپ كەتتى؟ — دېگەنىدى، فەرھەڭ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ پەردە يېتىپ ئاشكارا بولغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋا، مېنى كەچۈرگىن، مېنى ئاشكارا قىلمىغىن، ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى بىلەن بىر جەڭ قىلاي، —

دېدى. بوۋاي:
— ئەگەر پۇل بەرسەڭ، ھېچ كىشىگە ئېيتمايمەن، — دېدى. فەرھەڭ:
— جان بوۋا، ئاتمىش مىڭ زەنگىنىڭ يەتتە ۋەزىرىنى سېنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. بوۋاي:
— ئۇنداق بولسا، كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا شۇنى قىلغىن. بۇ رۇمزادە (ئىسكەندەرنى دېمەكچى) سېنىڭ قۇدرىتىڭنى تېخى بىلمەيدۇ. ھازىر ئوردىدا ھېچكىم سېنى ياد قىلمايۋاتىدۇ، — دېدى.
ئەلقىسسە، فەرھەڭ ئۇ كۈنى ناپاكلاردىن بەش كىشىنى ھالاك قىلدى. كۈن ئولتۇردى. ئۈچ تەرەپ لەشكىرى جەڭدىن قول يىغىپ ئۆز ئارامگاھىغا قايتتى. ساھىبقىران بارگاھقا كېلىپ:
— ئەي پالۋانلار، بۈگۈن تۇرنىڭ قولى گاللىق قىلدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا نىقابدار ھەرگىز ئۇنداق قىلماس ئىدى. تۇرنى زەخىمدار قىلغان نىقابداردا ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئۇنىڭ خىسرەۋشىر ئەفكەننى ئۆمۈت بىلەن ئۇرۇپ بىراقلا يىقىتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. لېكىن تۇرغا كەلگەندە سەۋەنلىك تۇردىن بولدى. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، نىقابدار بىزنىڭ دوستلىرىمىزدىن ئىكەن، — دېدى.
پالۋانلار ھەممىسى گۇۋاھلىق بەردى ھەم ئۇلار:
— نىقابدار دوستلار جۈملىسىدىن ئىكەن، — دېيىشتى. ساھىبقىران نەسىم بوۋاينى چاقىرىپ:
— نىقابدار كىم ئىكەن؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:
— بىلمىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:
— ئەي كاززاپ، ئۇنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم سۆزلەشتىڭ، ھالا ئەمدى بىلمەيمەن دەيسەن، — دېگەندى، بوۋاي:

— ئۇ نىقابدارنىڭ بىلىنى تۇتقانىدىم. ئۇنىڭ پۇلى بەك كۆپ ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن قورقۇپ قويۇپ بەردىم، — دېدى.

ئەمىر نەپسانىيەتچىلەرنىڭ راست سۆز قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ:

— بۇۋا، ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارىغا قەسەم قىلىمەنكى، بەلاشنىڭ خەزىنىسىنى ساڭا بەردىم، — دېدى.

— رۇمزادە، مەن بۇ ئىشتا سېنى خىجىل بولۇپ قالمىسۇن دەپتىمەن، ئەگەر خالىساڭ بىلگىنىكى، ئۇ فەرھەڭ دۋنزادتۇر، — دېدى نەسىم.

ئىسكەندەر فەرھەڭنىڭ نامىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقى تېنىمگە پاتماي قالدى. كىيابانۇ دۋنزاد فەرھەڭنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن بىھوش بولدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ فەرھەڭنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتە فەرھەڭگە بانۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يەتكەندە، ئۇ نەسىمنىڭ بۇ ئىشنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئەھدىسىزلىك قىلغانلىقىنى بىلدى. فەرھەڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. بانۇ ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇ كېچىسى ئۇلار مۇڭدىشىپ تۈنلىدى. ئەتىسى، فەرھەڭ كۆچۈپ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەمىر فەرھەڭنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئەردەشىر، سەھل زەڭگىلەر بىلەن ھەمراھلىرىغا ئورۇنباسارلىق مەنسىپى بەردى. ئەردەشىرگە قەھرۇش بېنىنى مۇلۇك سۇكيارنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئورۇن تەيىن قىلدى. سەھل زەنگىگە فەرھەڭنىڭ تۆۋەن يېنىدىن ئورۇن تەيىن قىلدى. ئەمىر بۇلار ئۈچۈن زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. فەرھەڭنىڭ ئوردىسى ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا قوشۇلدى. بۇ چاغدا جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى بەلاش شاھنىڭ ئوردىسىدىن

باشلاندى. ئەمىر ئۇنىڭغا جاۋابەن جەڭ دۇمبىقىنى سوقۇشنى بۇيرۇدى. تاڭ ئاتتى. ئاپتاپ چىقىپ ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تۈزۈشتى. بەلاشنىڭ قوشۇنىدىن قۇتران ئاتلىق پالۋان ئېتىنى مىنىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ چۇقان سېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سەردارلارنىڭ دىلىغا جەڭ تەشۋىشى چۈشتى. بۇ چاغدا ھىندىستان تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. چاڭ - توزان بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن سۇلتان فەرۇز ئەتلەس كىيىملىك لەشكەردىن ئاتمىش مىڭ كىشىنى باشلاپ شەھرى ئاپتاپ تەمامەدىن چىقىپ كەلدى. ئەمىر يىراقتىنلا پەرزەنتىنى كۆرۈپ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. شاھزادە فەرۇز قۇتراننىڭ مەيداندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ قۇتراننىڭ ساراسىمىنى ئالدى. قۇتران:

— سەن كىم؟ — دېدى. فەرۇز ھەيۋەت بىلەن:

— ئەي سەرگەردان، مەندەك باتۇرنىڭ ئېتى بىلەن نېمە كارىڭ. ئۆز بېشىڭنىڭ غېمىنى يېگىنە بۇ يەردە تولا سۆزلىمەي، — دېگەندى. قۇتران دەرغەزەپ بولۇپ قەھرى بىلەن قولىغا شەمشەر ئېلىپ شاھزادىگە ئۇردى. شاھزادە قالقان تۇتقانىدى، شەمشەر سۇنۇپ كەتتى. شاھزادە يېنىدىن شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ قۇتراننىڭ بېشىغا راسا كەلتۈرۈپ ئۇردى. شەمشەر قالقاننىڭ قۇببىسىگە تېگىپ، قالقاننى پارە - پارە قىلىپ، ئۇ ناپاكنىڭ ئېتىنىڭ تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. بەلاش شاھ ئۇنى كۆرۈپ ئۇلۇغ بىر تىنىدى. ئۇ ئوڭ تەرىپىدىكى سەردارىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، پۈتۈن لەشكەر جايىدىن قوزغىلىپ شاھزادىگە قاراپ تۆكۈلدى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرمۇ ئىشارەت قىلدى. لەشكەرلەر دەريا دولقۇنىدەك ھەرىكەتكە كېلىپ، سۇلتان شەرۋاننىڭ باشچىلىقىدا جايىدىن قوزغىلىپ بەلاشنىڭ لەشكەرلىرىگە

تۆكۈلدى. ئەمىر لەشكەرلىرىگە:

— ئەي باتۇرلار، سىلەرگە بۈگۈن نېمە لازىم. بىز بۈگۈن بۇ شەھەرنى ئالىمىز، — دېگەنىدى. باتۇرلار قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇر - چاپ، ئۆلتۈر، دەپ چۇرقۇرۇشۇپ جەڭگە كىردى. ئەجەلنىڭ بۇلۇتى چېدىرنىڭ ئىشىكىنى يىرتىپ، ئەجەلنىڭ يامغۇرىنى تۆكتى. دىلاۋەرلەرنىڭ ئۇر - چاپلىرى پەلەكنى لەرزىگە كەلتۈردى. زەخىم بولۇۋاتقانلارنىڭ نالە - پەريادى، يۈرەكلەرنىڭ قاچ - قاچلىرى، باتۇرلارنىڭ قىيا - چىيالىرى پەلەكتىكى پەرىزاتلارنىڭ قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋەتتى. ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى ئۆزىنىڭ مەردانىلىقىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ھەر بىر كىشى شەمشەر سالسا بەلاشنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كاللىسى پارە - پارە بولۇپ يەرگە چۈشەر ئىدى. بۇ چاغدا ساھىبقىراننىڭ كۆزى بەلاش شاھقا چۈشتى. ئۇمۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ جان - قۇشىنى ساتورىنىڭ زەربىسى بىلەن روھىي قەپىزىدىن چىقىرىپ، شىھىتلىك يولىغا سىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر:

— ئەي نامەرد بەختسىز، توختا، — دەپ ۋارقىرىدى. بەلاش گۈلدۈرماممەدەك بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قاراپ ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئىككى قولىدا شەمشەرنى تۇتۇپ ئەجدىھادەك يېتىپ كەلدى. بەلاش نائىلاج ئېتىنىڭ بېشىنى ياندۇرۇپ شەمئىي ئالەمنىڭ ساراسىمىنى ئالدى. بەلاش ساتورنى ئەمىر تەرەپكە ئاتتى. ئەمىر ئۇنى رەت قىلدى. ئاندىن بەلاشقا قول ئۇزارتىپ، ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ ئات ئۈستىدىن خۇددى ئالمىنى شېخىدىن ئۈزۈۋالغاندەك ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. بۇ چاغدا نەسىم يېتىپ كېلىپ بەلاشنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ تۇرۇشىغا، فەرىدۇن سانى ئەلەمدارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەلەمنى ئەلەمدار بىلەن ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئازغۇنلارنىڭ

لەشكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بەلاش شەھىرىگە قەدەم قويدى. شەھەرگە كىرىپ شەھەرنىڭ سېپىل ۋە تۇرالىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. شەھەر خەلقى ئۇلار تەرەپتە بولدى. نەسىم بەلاش شاھنى ئېلىپ كەلدى. بەلاش شاھنىڭ كۆزى ئەمىرگە چۈشۈپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئەمىر ئۇنىڭغا قاراپ:

— نېمە ئۈچۈن ئېتىقادىڭنى توغرىلىمايسەن، — دەپ ئۆزىنىڭ ئېتىقاد يولىنى بايان قىلدى. بەلاش زەڭگى پەرۋەردىگارنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەلچىسى نەبىيۇللا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئېتىقادىنى توغرىلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. پۈتكۈل شەھەر ئەھلى ئېتىقادىنى توغرىلاپ ئىسكەندەرگە بەيئەت قىلدى. شەھىرى بەلاشنىڭ تامام پۇل تىللالىرىغا نەسىم ئىگە بولۇپ ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى. ساھىبقىران بەلاش شاھنىڭ قىزى مېھرى بانۇنى ئۆز ئەقدىسىگە ئېلىپ، توي - تاماشا قىلدى. كېچىدە ئۇ قوشماقلار بىر - بىرىنىڭ شەھۋەت ۋىساللىرىدىن لەززەت ئېلىشتى. بىر كۈنى ئەمىر بارگاھتا ئولتۇرۇپ نەسىمگە قاراپ:

— بوۋاجان، بېشىڭىزدىن ئۆرگىلەي، خۇددى شامالدەك بېرىپ، ئىسكەندەرىيىدىكى[96] ھىكلاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلەلەمسىز؟ ئاڭلىشىمچە، ئۇ هارامزادە مەندىن مەنپەئەت دەۋاسى قىلىۋېتىپتىمىش، ئۆزىنىڭ بالا نەپسىنى قاندۇرۇپ، مېنىڭ ئالىي پەرمانلىرىمنى، تەخت - ماكانلىرىمنىڭ ساھىب - ئىگىسى بولماقچىمىش. ئۇ ھۆكۈمىنىڭ تەختىدە بەھۇزۇر ئولتۇرارمىش. تەخت - زېمىندا دۇراج، ئاسمان - پەلەكتە بېھىش، سەير - تاماشالىق ئىبرەمباغلار بەرپا قىپتۇمىش. ئۇن سەككىز مىڭ فەرسەڭ مەغرىب زېمىنى ئۇنىڭ پەرمانىدا بوپتۇمىش، — دېدى. بوۋاي بالايى تەلىپىنى قاندۇرۇپ، بارماق كۆتۈرۈپ، بەلاش شەھىرىدىن چىقىپ ئىسكەندەرىيىگە

راۋان بولدى. بۇۋاي كەتكەندىن كېيىن مۇھتەر رەيھاننىڭ قىزى سەمەن بانۇنى مۇھتەر نەسىمنىڭ ئوغلى چالاكقا نىكاھ قىلىپ بەردى. چالاكنىڭ ۋىسال جامىدىكى مەيزاب سەمەننىڭ جىسمىغا قۇيۇلدى.

ساھىبقىران كۆڭۈل رىشتىسىنى بەلاش شەھىرىدىن ئۈزۈپ، بەلاش شاھتىن:

— ئەمدى سىلەر قانداق قىلىسىلەر ۋە ئىسكەندەرىيىگە قايسى يول بىلەن بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. بەلاش شاھ:

— بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر چوڭ شەھەر بار، ئۇنى كىدانىيە دەپ ئاتايدۇ. پادىشاھىنى كىدان شاھ دەپ ئاتايدۇ. ئۇ شۇنداق پادىشاھكى، دۆلىتى ئاۋات، خەلقى باياشات، لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىتى زىيادە، سەردار - سالارلىرى ئىلىم - ھېكمەتتە ئالىم، تەخت ئالىمى بىر سەيلى - ساياھەت باغچىسىدۇر، شەھىرى ئالەمدىكى گۈلبوستاندۇر. بۇ ئۇنىڭ مەمۇرلۇقىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇنىڭ تەخت ئۆمرى ئۈچ يىلدىن ئاشتى. پادىشاھنىڭ يېنىدا بىر ھېكىم بار بولۇپ، ئۇنى بەھرام پەيلاسوپ دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادا تەڭدىشى يوقتۇر، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ، ئارستوغا كىدان پادىشاھىغا نامە پۈتۈپ ئەۋەتىڭ، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى، دەپ بۇيرۇدى. ئارستو شۇ زامان نامە پۈتتى. نامىنىڭ مەزمۇنى ئۆز نۆۋىتىدە مەلۇم بولغۇسى. نامە پۈتۈلۈپ بولدى. ئارستو ئىسكەندەرگە نامىنى تاپشۇردى. ئىسكەندەر نامىنى كۆرۈپ چىقىپ:

— باتۇرلاردىن بىرى بۇ نامىنى كىدانىيىگە ئېلىپ بېرىپ، كىدان شاھقا تاپشۇرۇپ جاۋابىنى ئېلىپ كەلسۇن، — دېگەندى، سەئدان دىۋزاد ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرسەم، نامىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلسەم، — دېدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، سەئىداننى ئىككى مىڭ نىقابلىق يىگىت بىلەن ھەمراھ قىلىپ، ئۇلۇغلۇق ۋە سەلتەنەتنىڭ لازىمەتلىرىنى بېرىپ، بېشىدىن ئالتۇن چاچقۇ قىلىپ، كىدان شاھتىن دوستلۇق رىشتىسىنى ئەكەلسە بىر سورۇندا دوستلۇق شارابىنى ئىچىشكە ئىنتىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يولغا سالدى. سەئىدان كىدان تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ ئەلچىلەر توپى كىدانىيىگە كەلدى. كىدان شاھقا ئىسكەندەر تەرەپتىن ئەلچى كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر يەتتى. كىدان شاھى شەھەرنى ئەينەكتەك تازاقىلىشقا بۇيرۇدى. شەھەرنىڭ مەرد مۇلازىملىرى بىلەن پۈتۈن شەھەر ئەھلىنى ئەلچىنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. سەئىدان ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە كىردى. سەئىدان شەھەرنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى ئاۋات، خەلقى ئاۋام ئىكەنلىكىنى كۆردى. دۇكانلارنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىلىرىغا ئاتلار باغلانغان بولۇپ، بۇلار ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن خېرىدارلارنىڭ بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. شاھزادە قەسرى - ھەرەم باغلىرى ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن ئىككى مىڭ نەپەر پۇختا جابدۇنغان ئوغلانلار بىرلىكتە كىدان شاھىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. قەدەمنى بارگاھقا قويدى. كىدان شاھ شاھزادە سەئىدانغا تەخت كۆرسىتىپ ئۆزى ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. شاھزادە ئۆز رەسىم قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. ئاندىن تەختنى كىدان شاھىنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇپ ئۇنىڭدا ئولتۇردى. كىدان شاھ شاھزادىگە كۆپ ئىززەت - ئىكرام قىلدى ۋە:

— ئەلچىخان، شەھرىيارنىڭ نامىسىنى بەرگىن، — دېدى. شاھزادە نامىنى سۆيۈپ بېشىدىن ئۇستۇن قىلىپ كىدان شاھىنىڭ قولىغا بەردى. كىدان شاھ تەختتىن چۈشۈپ ئىككى

قولى بىلەن نامىنى تۇتۇپ، بېشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ تۆھپە - چاچقۇسى چېچىپ ئاندىن كېلىپ ئولتۇردى. نامىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ ۋەزىرگە:

— نامىنى ئوقۇڭ، ئاڭلايلى، — دەپ بۇيرۇدى. نامە مۇنداق پۈتۈلگەنىدى:

## نامە

ھەممىدىن مېھرىبان، شەپقەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. بارلىق ماختاشلار ۋە مەدھىيىلەر پەقەت شۇ پەرۋەردىگارغىلا خاستۇر. ئاندىن قالسا پەيغەمبەرلەرگە ۋە رەسۇلۇللاغا سالاملار بولسۇن. ئۇلار ئاجىزلارنى قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ئازغۇنلارنى توغرا يولغا سالغۇچىدۇر. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ۋە پەرۋەردىگارغا ساپ ئېتىقادىمىز بىلەن چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇن. ئاندىن كېيىنكىسى مېنىڭ ئېتىم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندۇر. ئەي كىدان شاھ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئالدى بىلەن نامە ئەۋەتتىم. نامە ئەۋەتكەن كىشىم بىلەن دەرھال مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىڭ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن سىزنىڭ ھەققىڭىزدە ياخشى سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. خالايمەنكى، مېنىڭ بىلەن سىزنىڭ ئارىمىزدا دوستلۇق رىشتىسى بولغۇسى، ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، بىزنىڭ غەزىپىمىزدىن ئەندىشە قىلغاچ تۇرۇڭ. سىز ھىندىستان ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ تولىراقىنى يەنى سەبۇكتېگىن، سەلسال، سۇلتان كۇھ ۋە بەلاش شاھتىن كۆپ قۇدرەتلىك ئەمەسسىز، نامە تامام ۋەسسالام.

كىدان شاھ سەئدانىنى بەك ئىززەتلەپ، ئىسكەندەرگە دۇئا ۋە سانا قىلىپ، سەئدان بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى مىڭ يىگىتكە ۋە ئىسكەندەر ئەھلىگە ناھايىتى كۆپ سوۋغاتلار بېرىپ،

نامىنىڭ جاۋابىغا مۇنداق نامە پۈتتى:

## نامە

مېنىڭ خەزىنەمدە بىرنەچچە نەرسە بار ئىدى. ئۇنداق نەرسە ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە بولمىغاندۇر. ئۇنىڭ بىرى پەرىدە ئىززەتتۇر، ئۇ مېنىڭ قىزىمدۇر. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىدىن ئاپتاپ خىجىل تارتار. ئىككىنچى نەرسە ھېكىم مۇلازىمدۇر. ئۇنىڭ سۆھبىتىدە مەزمۇن كۆپ ھەم رەڭداردۇر. ئۈچىنچى بىر تۆھپە قەدەھ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنس - جىن سۇ ئىچسىمۇ ئەسلا كەملىمەيدۇ. بۇ نەرسىلەر ساھىبقىرانغا لايىقتۇر. يەتتە ئىقلىم پادىشاھىدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمەنكى، بۇ كەمىنە قېرى، زەئىپنى ھەرىكىتىگە تارتمىسا، مەن پۈتكۈل دۆلەت - ئىقبالىم بىلەن كېلىپ خىزمەت كەمىرىمنى باغلاپ، خىزمىتىدە تۇرىمەن، ۋەسسالام.

نامىنى ئوراپ سەئىدانىنىڭ قولىغا بەردى. سەئىدان نامىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ماڭدى. سەئىدان بارگاھقا يېتىپ كېلىپ دۇئا - سالامدىن كېيىن نامىنى ساھىبقىراننىڭ قولىغا بەردى. ساھىبقىران نامىنىڭ مەزمۇنىنى مۇتالىئە قىلىپ:

— ئۇلار نامىگە ئەنقادەك① نەرسىلەرنى پۈتۈپتۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئالەمدىكىلەردىن ھەممىنى بىزگە يېقىن دەپ پۈتۈپتۇ. بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، ھەقىقەتەن ئېيتقىنىچىلىك ئىشلار مەۋجۇتمۇ ياكى ئېيتقان سۆزىگە مۇخالىپمۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا كىدان شاھىنى بۇ يەرگە كېلىشكە تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ تۆھپىلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار، بىرەر ھىيلە - مىكىر

---

① ئەنقا — قاپ تېغىدا يېتىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان بىرخىل قۇش، سۇمۇرغ.

بولسا بىلىمىز، — دېدى.

يارەنلەر تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ، كىدان شاھنىڭ تەختىگاھىغا ماڭدى. ئۇلار بارگاھقا يەتتى. كىدان شاھقا:

— ئىسكەندەرنىڭ خەزىنىچىسى ۋە ئۆلىمالىرى سىزنى كۆرۈش ئۈچۈن يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. شاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەتىسى مەجلىس قىلىپ، مەسلىھەت شۇ بولدىكى، كىدان شاھ:

— بىزنىڭ دىيارىمىزنىڭ پەيلاسوپلىرى كەلسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى. پەيلاسوپلار ھازىر بولدى. رۇم بىلەن يۇنان پەيلاسوپلىرىنى ئوڭ قول تەرەپكە ئولتۇرغۇزدى. مەغرىب زېمىنىنىڭ ھۆكۈمالىرىنى سول قول تەرەپتە ئولتۇرغۇزدى. مەجلىس — ئەنجۇمەن ئەۋجىگە يەتتى. ھۆكۈمالار ئېغىز ئېچىپ پەيلاسوپىيلىك ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەس - مۇنازىرە ئۇزاققا سوزۇلدى. ئاخىرىدا رەسۇلۇللانىڭ سۆزى ھەر ئىككى تەرەپكە مۇۋاپىق بولدى. دەۋالار بېسىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەنلەرگە تاۋار - دۇردۇنلار بېرىپ ھەممىنى تاپشۇردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت بەردى. ئۇلار قايتىپ بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ساھىبقىران ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ خۇشاللاندى. ئاندىن كېيىن قىزنىڭ جامالىنى مۇلاھىزە قىلىشتى. ئۇ نازىنىنغا ئوخشاش يەنە بىرنى تاپقىلى بولماس. ساھىبقىران ئۇنىڭدىنمۇ رازى بولۇپ خۇشاللاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيلاسوپنى سىنىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى. بىر قەدەھتە ياغنى قويۇپ، ئۇنى پەرق قىلىش ئۈچۈن پەيلاسوپنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. پەيلاسوپ ئۇ قەدەھنى كۆرۈپ كۆپ ئارىلاشتۇردى. مۇلاھىزە قىلدى. ئاندىن كېيىن يىڭنىنى قەدەھكە سېلىپ، قەدەھنى ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتتى.

ئىسكەندەر:
— يىگىتنى قەدەھتىن ئېلىپ كۆسەي قىلدۇرۇپ پەيلاسوپقا ئەۋەتىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ھېكىم ئۇ كۆسەينى ئەينەكتەك پارقىرىتىپ ئىسكەندەرگە قايتۇردى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى بۇ يورۇق ئەينەككە چۈشتى. ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئىسكەندەر بىر تەشتەكنى سۇدىن ئېلىپ ئەينەكنى ئۇ تەشتەككە سېلىپ پەيلاسوپقا ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. پەيلاسوپنىڭ كۆزى ئۇ ئەينەككە چۈشتى. پەيلاسوپ مەشرۇب[①] نى ئەكىلىپ ئەينەكنىڭ ئۈستىدە قويدى. ئاندىن ئۇنى ئىسكەندەرگە ئەۋەتتى. شاھىنشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تەئەججۈپلەندى. بۇنىڭغا ھېچقانداق ھۆكۈما ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمىدى. ئۇ مەشرۇبەنى يەردىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە ھېكىمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ھېكىم ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب ئېيتمىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر ئۆلىما ۋە پەيلاسوپلارغا:
— پەيلاسوپنى مالال كۆرمەي قېشىمغا ئېھتىرام بىلەن ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ ھېكىم كېلىپ دۇئا-سانا بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا قارىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ قەددى-قامەتلىك، ئېگىز بويلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خىيالىغا مۇنداق ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولماسلىقى مۇمكىن. قارىغاندا، بۇ كىشى ماڭا زېھنىنىڭ سۆزىنى قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھېكىمدىن سورىماقچى بولۇپ ئىشارەت قىلدى.

پەيلاسوپ:
— مەن بۇنىڭدىن ئەقىل ۋە ۋەسىيەتنىڭ مەنىسىنى

---

① مەشرۇب — ئىچىلىدىغان نەرسە، ئىچىملىك.

بىلدىم، — دېدى. ئىسكەندەر ھېكىمدىن:

— بۇنى ماڭا نىسبەت قىلىپ خاتىرىڭىزگە كەلتۈرگەنلىكىڭىزنى ئەمدى بىلدىم ۋە تاپتىم. ئۇنىڭ بېشارىتى شۇكى، مەن مەغرىب زېمىنىنى سەير قىلىش ئارزۇسىدا بولغانمۇ ئەمەس، — دەپ پەيلاسوپقا تەختتىن ئورۇن كۆرسىتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. پەيلاسوپ ئولتۇردى. ئارستو بۇ مەجلىسكە ھەيران قالدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ھېكىم، مېنىڭ قەدەھنى ياغدىن پەرقلەندۈرۈپ چىققىن دېيىشتىكى مەقسىتىم نېمە ئىكەن؟ — دېدى. ھېكىم:

— مەن ئەقلىنىڭ ۋە ئەسۋابلارنىڭ تۈرتكىسى نەتىجىسىدە، شەھرىيارنىڭ مېنى سىناپ بېقىشنى خاتىرىسىگە پۈككەنلىكىنى بىلىپ، بۇنى شەرەپ ھېس قىلىپ شۇنداق قىلدىم. ئالەم پادىشاھىنىڭ مەقسەتلىك بېشارىتى شۇدۇر، — دېدى. شەھرىيار:

— مېنىڭ دىلىم ھېكمەتتىن يىراقتۇر. باشقا مەسىلىلەر كاللامدا يوق. ئۇنداق ئىشلار كاللامغا سىغمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قەدەھكە ھېچنەرسە سىغمايدۇ، — دېدى. پەيلاسوپ:

— مېنىڭ سۆزۈم شۇ قەدەھنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭغا شاھىت بولىدۇكى، بۇنىڭدىن باشقا مەلۇمات مەملىكەتنىڭ باياشاتلىقىدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى شۇكى، بىر قەدەھكە مەشرۇب سىغدى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مېنىڭ مۇرادىم كۆسەيدە ئىدى. ئۇنى ئەينەك قىلىشنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى. ھېكىم:

— كۆسەينى ئەۋەتىشتىكى مەقسەت، شەھرىيارنىڭ دەۋاگەر ئىكەنلىكىنى يەنى دەۋا قىلغانلىقىنى، مېنىڭ دىلىمغا بولسا مەملىكەتدارلىقنىڭ ئورنىغا بۇ كۆسەينى ئوخشاتقان ئىكەنلىكىڭىز يەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئەلەمدار ئىكەن، قەلەمدار ئەمەس ئىكەن دەپ بىلىپ ئەينەكنى ئەۋەتىش ئارقىلىق

يەتتە ئىقلىم پادىشاھىغا ئەلەمدارلىقتا ئۆزىگە ئاگاھ بولۇش ۋە ئۆزىنى ئەينەكتە كۆرگەندەك ھۆكۈمالار ئارقىلىق، ئەقىل - پىكىرگە ئىگە بولۇشقا ئۈندىگەنىدىم. چۈنكى ئادەم تەبىئەتكە ئوخشاش تەبىئىي مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ھىيلە - مىكىر بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىكى جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇنى يەنە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق پەدەز قىلىپ كۆرگىلى بولىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مېنىڭ ئەينەكنى تەشتەكنىڭ ئۈستىگە قويۇشتىكى مەقسىتىم نېمىدۇر؟ — دەپ سورىدى. پەيلاسوپ:

— ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىدىكى مىساللاردىن ئۆگىنىپ ئاگاھ بولۇپ تۇرۇشنىڭ تىمسالىدۇر. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكۈم شۇكى، مەن بىر مۇتەخەسسىس ئىدىم. ھېچقانداق نەرسىگە نەيزىدەك باش ئەگمىگەنىدىم. كۆپ ئىشلارغا باشقىلارنى باشلىدىم، دېگەن مەنىدە، — دېدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خۇرسەنلىك ۋە پەخىرلىك ھېس قىلىپ ئۇنى پەخرى نام بىلەن ئاتاپ، ھەممىدىن ئىمتىيازلىق قىلىپ تەختتىن ئورۇن بەردى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر قەدەھتىن سۇ ئىچىشكە بۇيرۇق قىلدى، خالايىقنىڭ ھەممىسى ئۇ قەدەھتە سۇ ئىچتى، لېكىن قەدەھتىكى سۇ ھەرگىز كەملىمىدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر كىدان، شاھلارنى ئۆز ئېتىقادىغا كىرگۈزدى. كىدان شەھرىنى كىدان شاھقا ئىنايەت① قىلىپ قالدۇردى. ئاندىن ئۇ جايدىن مەغرىب تەرەپكە راۋان بولدى. ئىسكەندەر ھېكىمدىن تولا خۇشال بولۇپ، ھېكىمنى ئۆز خىزمىتىدە قويدى. ئىسكەندەر بۇ جايدىن خاتىرجەم بولۇپ،

① ئىنايەت — مەرھەمەت، ئىلتىپات، ياردەم، ھەدىيە.

كۆچۈش ناغرىسىنى سوقۇپ ماڭغىلى تەييار بولدى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن ئون بىر ئەلەمنىڭ نىشانى كۆرۈندى. بۇ ئون بىر مىڭ كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. ئىسكەندەر بەرقنى بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بەرق ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭدى. بەرق ئۇ قوشۇنغا يېقىنلىشىپ باردى. بەرقنىڭ كۆزى فەرھەڭگە چۈشتى. ئۇ ئون مىڭ كىشى بىلەن بىر ئادىنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئەلقىسسە، كىيابانۇ پەرزەنتىنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇپ، ئېتىغا مىنىپ بارگاھقا يېقىن كەلدى. بۇ چاغدا فەرھەڭ ئاتتىن چۈشۈپ ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ چېدىرغا كىردى. ئاندىن شەھرىيارنىڭ ئالدىغا كېلىپ شەھرىيارنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئاندىن كېيىن يېنىدىكى ئادىنى ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. شەھرىيار فەرھەڭگە پەخرى نام بەردى. ئۇ ئادىغا ئورۇنباسارلىق شەرىپىنى بەردى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن فەرھەڭ بارگاھنى يۆتكەپ مەرۋانىيە تەرەپكە قاراپ يۈردى. ئىسكەندەر مەرۋانىيە شەھىرىنىڭ ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆردى. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا خالايىقلار قاراپ تۇرغانىدى. لېكىن ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ ھاكىمىنى كۆرمىدى. بۇ يەردە قەبرىلەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىگىسىز (ئىچىگە جەسەت قويمىغان) تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكىلەردىن بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ بۇ دۇنيادا مال ۋە ئاستانىمىز يوق. بىزنىڭ سىلەر بىلەن ھېچقانداق جەڭگە - جېدىلىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر - بىرىمىزگە قەبرىلەرنى تەييارلاپ قويىمىز. ھەرۋاقىت ئۆلۈمنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئالەم بىز

ئۇچۇن بىر ساراي، بەش كۈنلۈك يېتىپ - قوپىدىغان ئۆتەڭ، شۇنىڭ ئۇچۇن بۇلارنى تەييارلاپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. دۇنياخورلۇق شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى. بىزگە تاجى - دۆلەت ھاجەت ئەمەس، ئەي ئىسكەندەر، سىلەر ئۇچۇن بۇ يەردىن باشقا ئوبدانراق جاي يوقتۇر. بۇ جاينى ئۆزۈڭلەرگە ئەڭ بەختەر جاي دەپ بىلىڭلار. بىزنىڭ ئىلتىماسىمىز شۇكى، ئۆلۈمنى بىزلەردىن دەفئى[①] قىلسىڭىز، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر ئەجەلنى دەفئى قىلىش ئىنساننىڭ قۇدرىتىدە بولىدىغان بولسا، ھېچقانداق كىشىنى دەفئى قىلىشقا مېنىڭدىن قادىرراق كىشى بولماس ئىدى، — دېدى. ئۇلار:

— ئەگەر پادىشاھ بولۇپ قالسىڭىز، باشقىلارغا ئوخشاش ئاجىز پادىشاھ ئىكەنسىز. بىزنىڭ مۇددىئايىمىز شۇكى، بىزنى ئۆز جايىمىزدا قويۇڭ . بىز بۇ يەردە تۇرۇپ قالايلى، باشقا جايغا بارمايلى، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. ئەمما ئۇ قوۋم سىخىي قولىرىنى پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈپ ئۆز ئېتىقادىنى بىلدۈردى ۋە:

— ئەي پەرۋەردىگار، سېنىڭ دەرگاھىڭنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى بىزنىڭ ھۆرلىكىمىز ئۇچۇن يول كۆرسىتىپ بەردى. بىزنىڭ خالايىقىمىزنى بىرەرسى بۇ يولدىن ئازدۇرۇپ چىقارسا ۋە ياكى باشقا قوۋم يولدىن ئېزىپ بۇ دىيارغا كەلسە، پەرۋەردىگار ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئۇنى قوۋمىمىزدىن يىراق قىلىپ ئايرىپ تاشلىغىن. ئۇ دىيارىمىزنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرسۇن، ۋەللاھۇ ئەئلەم (تەڭرى بىلگۈچىدۇر)، — دېدى.

ئەمدى بۇ قىسسىمىزنى كېيىنكى جىلددا ئىشىتكەيسىز.

---

① دەفئى — كەتكۈزمەك، يوقاتماق، قايتۇرماق، يېنتۇرمەك.

## ئىزاھاتلار

[80] ھۇشەڭ (ھەۋشەڭ) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 2 - پادشاھى.

[81] تۇرك — ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدە ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى يافەسنىڭ ئوغلى بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللاردا بولسا ئۇلار ئەسلىدە خوازىم دەرياسىنىڭ شىمالىي، موڭغۇل يايلاقلىرى، سىبىرىيىنىڭ جەنۇبىي، ھازىرقى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى بىرمۇنچە قەبىلە ۋە ئۇلۇسلارنىڭ ئورتاق نامى. مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى دۆلەتمىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە ئۇلار تۇرا، تۇكيۇ، تۇرك دەپ تىلغا ئېلىنغان. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۇرك ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قوۋملەرنى كۆرسىتىدۇ.

[82] سەبۇكتېگىن — سەبۇكتېگىن (سەبۇكتېگىن دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) مىلادىنىڭ 977 - يىلى غەزنەۋىلەر تەختتە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادىنىڭ 961- يىلىدىن 1187 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) كۈچىيىشكە باشلىدى. سەبۇكتېگىن (ئەسلى كېلىپ چىقىشى قارلۇق قەبىلىسىدىن) ئالىپ تېگىننىڭ كۈيئوغلى بولۇپ، مىلادىنىڭ 977 - يىلى ئالىپ تېگىننىڭ ۋارىسلىرىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. سەبۇكتېگىن كابۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز دۆلىتى تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. ئۇ ھۆكۈمران بولغان مەزگىللەردە (مىلادىدىن 977 - يىلدىن 997 - يىلىغىچە) غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە پىشاۋۇرغىچە (ھازىرقى پاكىستان تېررىتورىيىسىدە)، غەربتە خوراسانغىچە سوزۇلغان. مىلادىنىڭ 977 - يىلى سەبۇكتېگىن

ئالەمدىن ئۆتىدۇ. 27 ياشلىق ئوغلى مەھمۇد غەزنەۋى تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئاپتور بۇ تارىخنى مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يەنى ئالىكساندىر ماكىدۇنىيىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش تارىخى بىلەن باغلاپ قويغان.

[83] قىتا (خىتاي) — چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان كلاسسىك ئەسەرلەردە، بۇ سۆزنىڭ مۇنداق بىر قانچە مەنىلىرى بار: بىرىنچىدىن، بۇ ئەسلىدە ئالتاي تىل سىستېمىسى مانجۇ-تۇنغۇس تىللىرى ئائىلىسىدىكى (بەزىلەر تۈركىي تىللار ئائىلىسىدە دەپ قارايدۇ) قەدىمكى بىر ئۇلۇسنىڭ نامى بولۇپ، مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھازىرقى دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدا باش كۆتۈرۈپ، زور قىتان خاندانلىقىنى (يەنى قارا خىتاي خاندانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قۇرغان، مىلادى 12 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قىتان خاندانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى يوقىتىپ «قارا قىتان» خاندانلىقىنى قۇرغان. دېمەك، «خىتاي» سۆزى ئەنە شۇ ئۇلۇسنىڭ ئۆز نامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى، بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە (جۈملىدىن ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەردە) مىلادى 13 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى چىڭگىز ئىستىلاسىدىن بۇرۇنقى ۋە چىڭگىز ئىستىلاسى دەۋرىدىكى شىمالىي جۇڭگو رايونى، بولۇپمۇ خۋاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى «خىتاي»، خۋاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي، بولۇپمۇ چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىدىكى خەنزۇ رايونلىرى «چىن» ياكى «چىنى» «سىنى» دېگەن جۇغراپىيىلىكناملار بىلەن ئاتالغان. ئۈچىنچى، بۇ دەۋردە يەنە «قىتا» — (خىتاي) سۆزى شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدا ياشايدىغان مانجۇ-تۇنغۇس تىلىدىكى بىرمۇنچە ئاز سانلىق مىللەتلەر (موڭغۇللار

بۇنىڭ تېشىدا) «قىتا» — (خىتاي) ۋە جەنۇبىي جۇڭگودىكى خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر «چىن،» «چىنى»، «سىنى» دېگەن ئېتنىك ناملار بىلەن ئاتالغان. تۆتىنچى، بەزى ئەسەرلەردە مىلادى 14 - ئەسىردىن كېيىنكى چاغاتاي ئەۋلادى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىن باشقا بارلىق جۇڭگو زېمىنى، بولۇپمۇ مىڭ سۇلالىسى (مىلادى 1368 — 1644 - يىلى) ھۆكۈمرانلىقىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى ۋە بۇ جايدا ياشايدىغان خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى (موڭغۇللار بۇنىڭ تېشىدا) ئومۇمەن «خىتاي» ياكى «چىنى» دېگەن جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنىك نامى بىلەن ئاتالغان. «ئىسكەندەرنامە» دە بولسا «قىتا» (خىتاي) سۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەيرىي ئىسلام دىنىدا بولغان ئەللەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس.

[84] سۇلتان مەھمۇد (غەزنەۋى) — يەنى سۇلتان مەھمۇد بىننى سەبۇكتېگىن غەزنەۋى. ھىجرى 357 - يىلى (مىلادى 968 - يىلى) غەزنە شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرى 387 - يىلى (مىلادى 997 - يىلى) ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلىپ غەزنە سۇلالىسىنى قۇرغان. بىر مەزگىل غەربتە ئىراق، شەرقتە ماۋارەئۇننەھرگىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىگەن. ئۇ قاراخانىلار سۇلالىسى (850 — 1212 - يىللار) نىڭ ئىلىك خان (مىلادى 992 — 1012 - يىلى) ۋە يۈسۈپ قادىرخان (مىلادى 1031 - يىلى ۋاپات بولغان) لار بىلەن بەزى جەڭ - جېدەللەرنىمۇ قىلىشقان. ھىجرى 421 - يىلى (مىلادى 1030 - يىلى) غەزنە شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئاپتور سۇلتان مەھمۇدتىن ئىبارەت تارىخىي شەخسنى بۇنىڭدىن Ⅳ مىڭ نەچچە يۈز ئىلگىرىكى، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى ئەسىردىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — ئالېكساندىر ماكېدۇ-نىسكىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىش تارىخى بىلەن باغلاپ قويغان.

[85] ئالتۇنتاغ — ئالتۇنتاغ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا، يەنى تارىم ئويمانلىقى بىلەن سەيدام ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمى چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئالتۇنتاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 320 كىلومېتىر، شەرقى قىسمىنىڭ كەڭلىكى 40 كىلومېتىر، غەربىي قىسمىنىڭ كەڭلىكى 100 كىلومېتىر بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 3000 مېتىر كېلىدۇ. بەزى جايلىرى 4000 مېتىرغا يېتىدۇ. ئالتۇنتاغ رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 45 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ رايون بۇنىڭدىن 200 مىليون يىل بۇرۇن چوڭ دېڭىز بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار تازا كۆپەيگەنىكەن. كېيىنچە بۇ جاي «تاغ ھاسىل بولۇش» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن بارغانسېرى ئېگىزلەپ، تۆت ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان ئويمانلىققا ئايلىنىپ قالغان. ئالتۇنتاغ تىزمىسىدا ئالتۇن، كۆمۈر، قاشتېشى، تاشپاختا، چىرىمتال، ھەرخىل تۇز ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار بار. ئالتۇنتاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى — «مۇز تاغ چوققىسى» دېڭىز يۈزىدىن 6973 مېتىر ئېگىز، ياز كۈنلىرى قار- مۇزلار ئېرىپ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئاقىدۇ. بۇ سۇلاردىن ئون نەچچە كۆل ھاسىل بولغان. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1139 كۋادرات كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاياغقۇم كۆلى» (كۆلىمى 510 كۋادرات كىلومېتىر) بىرقەدەر چوڭ، بۇ كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا ئوت - چۆپ خېلى مول. ئويمانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چوڭ يايلاقنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئالتۇنتاغ رايونىدا ئىپتىدائىي ھالەتتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە تىپىك قۇرغاق رايون قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان، بۇ

جاي سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول ۋە ئىنسانلار پائالىيىتىدىن خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتىۋارلىق هايۋانلارنىڭ «راھەت ماكان»ىغا ئايلانغان. بۇ كەڭ رايوندا قوتاز، قۇلان، بۆكەن، قوڭۇر ئېيىق، قىزىل ۋە سېرىق تۈلكە، بۆرە، سۈلەيسۈن، قارا تايغان، ئارقار، بۇغا، جەرەن، ئۇلا، سېرىق بۇركۇت، ئالا قۇيرۇق بۇركۇت، ساقاللىق بۇركۇت، قىزىل لاچىن، قوڭۇر بۆكتارگا، غۇرتۇك، ئالاباش غاز، هاڭگىرت، كىچىك چۇمگەك ئۆردەك، قوڭۇر باش بېلىقچى چايكا، كۆك قاقىر، چىخچىق، قىزىل پۇتلۇق قىرغاۋۇل، قۇماي، غېچىر سالۋا، ئالا قۇيرۇق سار، سارقۇش، كىچىك سېرىق قۇشقاچ قاتارلىق هەرخىل جانلىقلار ياشايدۇ.

[86] نىشاپور — پېرسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تۇس شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر. خوراسان ئۆلكىسىنىڭ جۈملىدىن قەدىمكى باكتىرىيانىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى.

[87] تاجىكەند (تاشكەنت) — ئوتتۇرا ئاسىيادا، هازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى. سىر دەريا (سەيھۇن) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىنىڭ شىمالىي ساھىلىغا جايلاشقان قەدىمكى «شاش» شەھىرى، «تەركەند» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

[88] ئەزرائىل — ئىسلام دىنىدا تۆت چوڭ پەرىشتە (جەبرائىل، ئىسراپىل، مىكائىل بىلەن بىللە) نىڭ بىرى. دىن ئەقىدىلەرگە كۆرە، جان ئالغۇچى پەرىشتە. دىنىي ئەقىدە بويىچە ئەزرائىل دەسلەپتە ئاددىي پەرىشتە بولغان، لېكىن يەرنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ، ئۇنىڭدىن ئادەمئاتىنى يارىتىش ئۈچۈن توپا ئېلىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلى، ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى پەرىشتە دەپ تونۇلغان. ئۇ كۆپ ئاياغلىق، كۆپ قاناتلىق، تۆت يۈزى بار ۋە بەدىنىدە يەردە ياشىغۇچىلار قانچە بولسا شۇنچە كۆزى هەم تىلى بار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆلۈش

ۋاقتىنى بىلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئۆلۈش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئاللا ئولتۇرغان تەخت ئالدىدىكى دەرەختىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان كىشىنىڭ نامى يېزىلغان بىر يوپۇرماق ئۈزۈلۈپ چۈشىدۇ، ئەزرائىل شۇنىڭدىن كېيىنكى قىرىق كۈن ئىچىدە شۇ ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدۇ.

[89] ئەيسا ئەلەيھىسسالام — ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى. يەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئاخىرقىسى. ئەيسا ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن 600 يىلدىن كۆپرەك ئىلگىرى قەيسەر ئۇغۇستۇسنىڭ زامانىسىدا 12-ئاينىڭ 24 - كۈنى (سەيشەنبە) دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تەڭرىنىڭ ھەزرىتى مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان روھىدۇر. ھەزرىتى ئەيساغا 30 يېشىدا پەيغەمبەرلىك كېلىپ، تەڭرى تەرىپىدىن تۆت ساماۋى كىتابنىڭ بىرى بولغان «ئىنجىل» نازىل قىلىنغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىبى مەسىھدۇر. مەسىھ ئىبرانىچە سۆز بولۇپ، مەنىسى مۇبارەكتۇر دېگەنلىكتۇر. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئىنجىلدا يەسۇئ دېيىلىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى بولۇپ، ئاللا تەرىپىدىن بۇۋى مەريەمگە ئىلقا قىلىنغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ناسىرە شەھرىدە ئۆتكۈزگەن. ئاللا ئۇنىڭغا تەۋرات، ئىنجىل ۋە ھېكمەتنى بىلدۈرگەن. ئىنجىل نۇسخىلىرىنىڭ ئىبارىلىرىدىن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 30 يېشىدا پەيغەمبەر بولغانلىقى مەلۇم. ئاللا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەرنى ئاللانىڭ توغرا يولىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋتى يەھۇدىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ھەۋارىيۇنلاردىن بولغان يەھۇدا ئىسىملىك شاگىرتى خائىنلىق قىلىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى يەھۇدىلارنىڭ ھاكىمىغا ئېيتىپ قويىدۇ.

ئۇلار ئەيسا ئەلەيھىسسالام بار جايغا كىرگەن چاغدا ئاللا يەھۇدانىڭ شەكلىنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. ئۇلار يەھۇدانى ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەپ ئىبىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاللا ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ 12 شاگىرتى بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆپچىلىك ئىسلام ئۆلىمالىرى «قۇرئان» نىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى قىيامەت قايىم بولۇشىنىڭ ئالدىدا ئاسماندىن چۈشۈپ دەۋىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

[90] ئىنجىل — (ئەرەبچە ـ گىرىكچە ئىلاھى خەۋەر) خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئەيسانىڭ ھاياتى، پائالىيىتىنى بايان قىلغان، II ئەسىرنىڭ يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن.

[91] مەشرىق — ئەرەبلەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

[92] شافۇر — ئىراننىڭ ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ (مىلادى 240 ـ يىلىدىن 275ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) پادشاھىنىڭ نامى. يەنە پېرسىيىنىڭ كىرمان ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە، بەسرە قولتۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا، ئەۋاز رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەرمۇ شافۇر دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ شەرقىدە ئىسراز دېگەن شەھەرمۇ بار.

[93] داۋۇت ئەلەيھىسسالام — سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى، 30 ياشتا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە پادشاھ بولغان، خەلق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، تەۋراتنىڭ ئەھكامىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن. 40 يېشىدا پەيغەمبەر بولغان، ئاللا ئۇنىڭغا تۆت ساماۋى كىتابنىڭ بىرى بولغان «زەبۇر» نى نازىل قىلغان. ئاللا داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا

تۆمۈر تاۋلاشنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇ تۆمۈر سوقۇپ جەڭ كىيىملىرىنى ياسىغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، داۋۇت ئەلەيھىسسالام مىلادىدىن 1086 يىل ياكى 1071 يىل بۇرۇن دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئاساسىنى ئورناتقان. مىلادىدىن 1016 يىل ياكى 1001 يىل بۇرۇن ۋاپات بولغانىكەن. ئۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى دەپ قارىلىدۇ.

[94] خوزىستان — خوز مەملىكىتى، قەدىمكى خوزىستان دىجلە بىلەن فرات دەريالىرى ئارىلىقىدا، مىسسوپوتامىيە ۋادىسى ۋە جەنۇبىي زاگرۇس تاغلىرىغىچە سوزۇلۇپ، ئىران قولتۇقىغا ئېچىلىدۇ. ئىراننىڭ قەدىمكى سوسىۋانا ۋە ئاقباتانا دۆلەتلىرى ئارىلىقىدىكى رايون. قەدىمكى چاغلاردا ئەرەب قوۋملىرىدىن «كەئب» (بەدەۋىلەر تەلەپپۇزىدە «جەلب») ۋە «بەنى لام» كۆچمەنلىرى ياشىغانلىقى ئۈچۈن «ئىراق - ئەرەب» دەپمۇ ئاتالغان. شىمالىي زاگرۇس تاغلىرى، غەربىي كەرىما، شەرقتە كوردىستان، جەنۇبتا شەتتۇل ئەرەبنىڭ جەرداھى ياكى تاب تارمىقى باشلانغان رايون. ئاساسىي شەھەرلىرى دىزفول، ھەۋىزە (سۇك - ئەل ئەھۋاز)، رام - ھۇرمۇر، مۇھەممەدا، بەھبەھان.

[95] ئەندۇلۇس — ھازىرقى ئىسپانىيە. بۇ يەردە ئەمەۋى خەلىپىلىكى قۇرۇلغانىدى.

[96] ئىسكەندەرىيە — مىسىرنىڭ شىمالىدا، نىل دەريا دېلتىسىدا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى پورت - شەھەر. بۇ يەرنى ئىسكەندەر ئىشغال قىلغاندىن كېيىن «ئىسكەندەرىيە» دەپ ئۆز نامىدا ئاتىغان.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدىن

# ئىسكەندەرنامە (2)

قېيۇم تۇردى تۇرپانى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
ئابدۇللا رېشىت

ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلان-
لاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە ئۇيۇشتۇردى

---

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100-قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى 1168×850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 17.75
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
سانى: 1 — 5,000

---

ISBN7—5371—3180—5/I·1066 باھاسى: 21.50 يۈەن